# مۆئمىنلەر ئەقىدىسى

# ھەدىس كۆزنىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرگە چۈشكەن ۋە ئۆزىدىن ئايرىلىپ
يۈتۈپ كەتكەن بىر بالىلىق ئايالنى كۆردى. ئۇ ئايال بالىسىنى ئىزدەپ
يۈرۈپ، ئەسىرگە چۈشكەن كىچىك بالىلار ئارىسىدىن ئاخىرى ئۆز
بالىسىنى تاپتى-دە، ئۇنىڭغا باغرىنى چىڭ بېسىپ ئېمىتمەكچى بولغاندا،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۇ ئايال ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆز
بالىسىنى ئوتقا تاشلارمۇ؟» ساھابىلەر: ياق، رەسۇلۇللاھ! دەپ جاۋاب بەردى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم
قىلىمەنكى، ئاللاتائالا بەندىلىرىگە بۇ ئايال بالىسىغا مېھرىبان بولغاندىن
بەكرەك مېھرىباندۇر»...

پەرۋەر لايىھەسى

Copyright © 2005 www.Butterfly-A.com

# عقدة المؤمن

## مؤمن المقدسي

مۇندەرىجە


بسم الله الرحمن الرحيم........................................................................ 1
لاالەالاالله محمد رسول الله........................................................................ 4
ئىنساننىڭ ئەقىدىگە مۇھتاجلىقى ۋە ئەقىدىنىڭ ئىنسانغا زۆرۈرلىكى ........................ 4
سېلىشتۇرما........................................................................................ 11
ئەقىدە ھەققىدە..................................................................................... 12
ئىنساننىڭ ئەقىدىگە ئېھتىياجى.................................................................. 12
پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە تەربىيە قىلغۇچىسى بولغان الله تائالاغا ئىشىنىش .......... 18
تەبىئەت دېگەن نېمە ؟.......................................................................... 21
زۆرۈرىيەت دېگەن نېمە؟........................................................................ 24
الله جەللە جالالۇھۇنى تونۇش ۋە تونۇشتىكى مۆمىنلەرنىڭ دەرىجىلىرى..................... 26
الله تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى ....................................................... 48
خۇلاسە ........................................................................................... 51
بىزار بولۇش ۋە ئۆزرە ئېيتىش ................................................................. 51
تەۋھىد ............................................................................................. 52
**توحيدالربوبية**.................................................................................. 53
الله تائالانىڭ يالغۇز تەربىيەتچى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى .... 54
كوممۇنىزمچە دىنسىزلىق......................................................................... 55
دۇنيادا دىنسىزلىق پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ............................................. 55
خۇداسىزلىقتا بىرىنچى قۇربان بولىدىغىنى ياۋروپا ........................................... 57
الله تائالانىڭ «رەب» سۈپىتىگە شېرىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ئۇممەتلىرىدىكى ئەمەلى كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە........................................................................... 59
اللهغا ئىبادەت قىلىشتا مەخلۇقنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى ........................................................... 66
1.الله تائالانىڭ مۇقەددەس زاتى توغرىسىدا...................................................... 68
2.الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىسىملىرى توغرىسىدا.......................................... 69
3. الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش توغرىسىدا......................................................... 70
1.قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر............................................................. 71
2. پۈت، قول ئەزا بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر ................................................. 75
ۋەسىلە ............................................................................................. 80
توغرا ۋەسىلە ۋە مەنئىي قىلىنغان ۋەسىلە ..................................................... 81
الله تائالاغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى ۋەسىلە................................................. 83
شەرىئەت كۆرسەتكەن توغرا ۋەسىلىلەر......................................................... 83
ئىسلامدا ھارام قىلىنغان (مەنئى قىلىنغان) ۋەسىلىلەر بايان.................................. 91
مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش ........................................................................... 94
شاپائەت تىلەش .................................................................................. 97
خاتا ئوخشۇتۇش................................................................................... 98
ئاخىرەتتە شاپائەت مەسىلىسى .................................................................. 100
تەۋەررۇك مەسىلىسى............................................................................. 105
«ۋەلىي»لىق ۋە «كارامەت»...................................................................... 108

الله تائالانىڭ ۋەلىيسى بولۇش ئۈچۈن ئاساسىي شەرت ........................ 109
ئىككى يېقىنلىقنىڭ پەرقى ........................ 110
ۋەلىي ........................ 110
كارامەت........................ 111
ۋەلىيلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى........................ 113
مۇقىم بىكىتىلىدىغان ھۆكۈملەر ........................ 114
شەيتاننىڭ ۋەلىيلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بولۇش........................ 115
مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئىككىنچى ئاساس پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتۇر ........................ 116
ئەسەرلەر........................ 121
پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر ........................ 122
پەرىشتىلەرنىڭ يارتىلىشى........................ 123
پەرىشتىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئەۋزەللىكى ........................ 123
پەرىشتىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ........................ 124
پەرىشتىلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى........................ 127
جىن ۋە شەيتانلار ........................ 130
جىن – شەيتانلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر ........................ 130
رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسەللەمنىڭ خەۋەرلىرى ........................ 135
جىن - شەيتاننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش لازىملىقى ........................ 136
جىنلار، شەيتانلار ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات........................ 136
جىن، شەيتانلار ھەرخىل شەكىلدە بولالامدۇ؟ ........................ 139
چوڭ بىر پايدا ........................ 144
مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئۈچىنچى ئاساس الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن كىتاپلىرىغا ئىشىنىشتۇر........................ 145
كىتابلارغا ئىشىنىشنىڭ ھەقىقىتى ........................ 145
الله تائالانىڭ كىتابلىرىنىڭ تونۇلغانلىرى ۋە تونۇلمىغانلىرى........................ 145
مۆمىن ئادەم الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا قايسى دەلىلگە ئاساسلىنىپ ئىشىنىدۇ؟ ......... 148
خەۋەرنىڭ دەلىللىقى........................ 150
الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش لازىملىقى ۋە بۇنىڭ ئىمان ئاساسلىرىدىن بىر ئاساسلىقى ........................ 152
الله تائالانىڭ باشقا كىتابلىرى ئارىسىدا قۇرئاننىڭ تۇتقان ئورنى........................ 154
قۇرئاندىكى توغرا يول ۋە ياخشىلىقنى بايان قىلىش بىلەن يورۇتۇلغان بىر سەھنە ..... 156
قۇرئاندىكى ياخشىلىق ۋە توغرا يولدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ شەرتلىرى........................ 158
مۆمىننىڭ قۇرئان، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلدىن ئىبارەت تۆت كىتاب توغرىسىدىكى ئەقىدىسىنى ئاخىرقى مۇقەررەر قىلىش. ........................ 159
مۆمىن ئەقىسىدىن تۆتىنچى ئاساس پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشتۇر........................ 161
الله تائالانىڭ ۋەھيىسىنىڭ يوللىرى ........................ 162
ۋەھىي چۈشۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە خەلقلەرنىڭ ۋەھيىگە ئېھتىياجى بارلىقى توغرىسىدا ........................ 164
پەيغەمبەرلىك........................ 165
كىشىنى پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرغۇچى شارائىتلار ........................ 165

پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى ..... 167
پەيغەمبەرلەر (ئەلەيھىسسالام) ..... 168
پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ..... 169
ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ياشىغان زامانىسى ..... 170
پەيغەمبەرلەرنىڭ يۇرتلىرى ..... 170
پەيغەمبەرگە ئىشىنىشنىڭ ۋاجىپلىقى ..... 172
الله تائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرىسىدا ..... 174
الله تائالانىڭ رەسۇلۇللاغا قىلغان ئىلتىپاتى ..... 175
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىشى ..... 176
كىشىلەرنى دىن ئىسلامغا چاقىرىشى ..... 177
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەلەپ قىلغۇچى شارائىتلار ..... 178
رەسۇلۇللانىڭ ئەقلىنىڭ كۈچلۈكلىكى ..... 181
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شىجائىتى ..... 182
رەسۇلۇللانىڭ سىياسىتى ..... 183
رەسۇلۇللانىڭ رەھىم - شەپقىتى ..... 184
رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنىڭ كەڭ (سېخى)لىقى ..... 185
رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىللىقى ..... 186
رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقى ۋە ئغىر - بېسىقلىقى ..... 186
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىش لازىملىقى ..... 188
پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇش ..... 195
ئالەمنىڭ يوقۇلىشى (يەنى قىيامەت) ..... 198
قايتا تىرىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى ..... 199
قايتا تىرىلىشنىڭ دەلىللىرى ..... 199
يەنە باشقا دەلىللەر ..... 201
ئاخىرقى دەلىل ..... 202
ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ ھېكمىتى (سىرى ۋە سەۋەبى) ..... 202
كېيىنكى كۈنگە ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى ..... 203
ئالەمنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى ياكى قىيامەتنىڭ شەرتلىرى ..... 205
قىيامەت بولۇشقا بەك يېقىن قالغاندا بولىدىغان ئالامەتلەر ..... 210
ھەقىقي ئۆزگىرىشنىڭ بېشى ..... 211
بۇ دۇنيا ھاياتى تۈگىگەندىن كېيىن ئىككىنچى ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى ..... 212
قىيامەت مەيدانىدىكى بەك قىيىن بولغان توپلۇشۇپ تۇرۇش ..... 214
ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە شاپائەت مەسىلىسى ..... 215
ھېساب، مىزان ..... 216
سىرات (كۆۋرۈك) ..... 218
جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا يەنە بىر كۆۋرۈك بار ..... 219
تېنچ-ئامانلىق يۇرتى (جەننەت) ..... 219
رەھمەت يۇرتىنىڭ كەڭلىكى ۋە خۇشپۇراقلىقى ..... 220
جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدا نېمە بار؟ ..... 221
ئەھلى جەننەتنىڭ ئىستىقبالى ..... 221
تىنچلىق يۇرتىنىڭ مەخسۇس ئىمارەتلىرى ۋە بىنالىرىنىڭ پەرقلىرى ..... 222
جەننەت زېمىنىغا بىر قاراش ..... 223

جەننەتلەر ئارىسىدىكى ئەدنى جەننىتى........................ 224
ئامانلىق يۇرتىدىكى بازارلار، چېدىرلار .......................... 225
جەننەتتىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەر ................................ 226
ئەھلى جەننەتتە ھاسىل بولغان ئەڭ چوڭ روھانىي نىئمەت ........... 229
ھالاكەت ئورنى (دوزاخ) .......................................... 230
قىيامەت مەيدانىدا جەھەننەمنىڭ ئىنسانلارغا يېقىن قىلىنىشى ........ 230
جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى......................................... 231
دوزىخىلار ئۇنىڭغا قانداق كىرىدۇ؟ ................................. 232
دوزىخىلارنىڭ دوزاختىكى ئازابى ۋە مالامەت قىلىنىشلىرى ............ 232
دوزاخ ئىچىدە ئىبلىسنىڭ دوزاخ ئەھلىگە سۆزلىشى ...................... 234
جەھەننەمدىكى قىزىقلىقنىڭ دەرىجىسى ............................... 234
جەھەننەمنىڭ بەك چوڭقۇرلىقى........................................ 235
جەھەننەمدىكى جىلغا، باياۋانلار...................................... 236
جەھەننەمدىكى زەنجىرلەر ۋە بوينىغا سالىدىغان دەم كويزىلار .......... 236
جەھەننەمدىكى يىلان،چايانلار......................................... 237
دوزاخ ئەھلىنىڭ يىمەكلىكلىرى......................................... 237
دوزىخىلار يىمەكلىكنىڭ بەزى تۈرلىرى.................................. 238
دوزىخىلەرنىڭ بەزى ئىچىملىكلىرى ...................................... 238
دوزىخىلارنىڭ جىسىملىرىنىڭ بەك چوڭىيىپ كېتىشى ۋە چىرايىنىڭ بەك سەت بولۇپ كېتىشى........................................................ 240
دوزىخىلارنىڭ ئازابىنىڭ پەرقلىق بولۇشى................................ 241
ئوت (دوزاخ) ئەھلىنىڭ ئۈنلۈك يىغلىشى.................................. 241
بەرزەخ (دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئارىسىدىكى ئالەم) ........................ 242
مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئالتىنچى ئاساس قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش ....... 247
قازا ۋە قەدەر ......................................................... 254
قازاغا رازى بولۇشنىڭ پايدىسى ........................................ 257
جەبرىيىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى.................................. 259
مەجبۇرلىقمۇ يوق ، قەدەرنى ئىنكار قىلىشمۇ يوق........................ 261
يەنە بىرسى ئىبلىسلىق مەزھىپى........................................ 262
تېخىمۇ رۇشەنلەشتۈرۈش ................................................ 263
الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى ...................................... 267
توغرا يولغا باشلاش ۋە ئازدۇرۇش توغۇرسىدا.............................. 272
ساۋاب ۋە ئازابتىن ئىبارەت چارە رەھىم قىلىش ۋە ئەدلى قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگۈچىدۇر ........................................................ 275
ياخشىلىق ۋە يامانلىق الله تائالادىن ياكى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن.................. 276
خالاش توغرىسىدا مۇھىم بىر ئېنىقلاش..................................... 279
كىتابنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى ........................................... 280

## بسم الله الرحمن الرحيم

ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، قاراڭغۇلۇقنى ۋە يورۇقلۇقنى ياراتقان، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن ياراتقان ئادەم ئەۋلادىنى مەنى سۇدىن ياراتقان قۇدرەتلىك ﷲ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ( چەكسىز تەشەككۇر ) ئېيتىمەنكى: ئۇ ﷲ پۈتۈن ئىنسانىنىڭ ئاتىسى ئادەمنى ئۆز يېرى بىلەن ياراتتى، جان كىرگۈزدى. ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلەپ ئانىنىڭ رەھمىدىكى چاغدىلا چىرايلىق سۈرەتتە، چىرايلىق بەدەن قۇرۇلۇشىدا يارتتى.

ئۇلارغا ياخشى رىزىقلارنى بەردى. دۇنيادىكى نۇرغۇن مەخلۇقلاردىن ئىنسان بالىسىنى ئەۋزەل ياراتتى. ئىگىسنى تونۇسۇن دەپ ئەقىل بەردى، ئۇنى ئەسلىسۇن ۋە شۈكرى قىلسۇن ئۈچۈن تۈرلۈك نىمەتلەرنى بەردى.

كىتابلار چۈشۈردى، پەرىشتىلەر ئىچىدىن ئىنسانلار ئىچىدىن ئەلچىلەر تەيىنلىدى. بەندىلىرىگە دىن يوللىرىنى ئۆگەتسۇن، بەندىلەرشۇ يول بىلەن ئىگىسى اللاغا قۇلچىلىق قىلسۇن، يالغۇز ﷲ تائالاغا ئىشەنسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كامىل ئادەم بولسۇن، شەرەپلىك ئىنسانلار بولسۇن، ئاخىرەتتە ھۆرمەتلىنىشكە لايىق بولسۇن، ئاخىرەتتە ئەبەدى بەختكە ئىگە بولسۇن دەپ ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسان ئۈچۈن قىلدى. بۇنى تەقدىر قىلغان (ئالدىن مۇقەررەرلەشتۈرگەن) ئىدى. مېھرىبان ئىگىمىز بەك مۇقەددەستۇر، ئۇلۇغ مەئبۇدتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا مەئبۇد يوق. (ئىشىنىشكە، بويسۇنۇشقا، سۆيۈشكە بىرلا ﷲ تائالا ھەقلىقتۇر) باشقا تەربىيچى يوق.

تولۇق ۋە داۋاملىق بولغان رەھمەت ۋە سالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇنكى، ئۇ بولسا ﷲنىڭ سۆيۈملۈك قۇلى. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ سۇزۇك ۋە ياخشىسى. ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ رەھبىرى ۋە خوجىسى، ھەمدە بايرىقىنىڭ، يۈكسەك ماقامىنىڭ، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئىگىسى. دۇنياغا تۇغۇلغان پۈتۈن ئىنسانىنىڭ رەھبىرىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان پۈتۈن نەبى ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەرگە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەھلىلىرى، ئەۋلادى، يارەنلىرىگە رەھمەت ۋە سالام بولسۇنكى، ئۇلار ئېتىقاددا ساپ، ئەخلاقتا پاكىز، ھەر جەھەتتە ياخشى، يوغرا بولغان يىتەكچى ئىدى. قىيامەتكىچە ئۇلارغا ياخشى يولدا ئەگەشكەنلەرگە سالام بولسۇن.

ﷲ تائاللاغا شۈكرى ۋە رەسۇل ئەكرەمگە سالام يوللىغاندىن كېيىن: ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام كۆسەتكەندەك ئەقىدە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى، ئەقىدىنىڭ شەك ـ شۇبھىدىن ۋە شېرىك ئارلىشىشىدىن خالىي ۋە سالامەت بولۇشى، دەلىلسىز، ئويدۇرمىلارنىڭ ئەقىدىنى بۇزىشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆز ئالدىمغا ئالغاندا ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئەقىدىسىگە قارشى قوزغالغان ماددىچىلىق ئېقىمىنىڭ ۋە دۇنياۋى ماددا تەتقىقات دولقۇنىنىڭ نەزىرىيلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا ﷲ تائالانىڭ كىتابى (قۇرئان) ۋە رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتى (ھەدىس)نىڭ نۇرىنى ئاساس قىلىپ مۆمىن ئەقدىسى ھەققىدە بىر كىتاب يىزىشقا ئېھتىياج چۈشكەنلىكىنى بىگىنىم ئۈچۈن بۇ كىتابنى يازدىم. ئىبارىتى ئاسان، ئىشارىتى يېقىن، ھۆججەتلىرى كۈچلۈك، دەلىلى كەسكىن، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان دىنى دەلىللەر بىلەن ئىزاھلانغان ۋە ئەقلى، نەزرىيەۋى ھۆججەتلەر بىلەن نۇرلانغان بىر كىتاب بولدى.

قارىسام، ئۆمرۈم تۈگەشكە يېقىنلىشىپتۇ. ئۆلۈم ئالدىغا مېڭىۋېتىپتىمەن، رەببىمدىن

مەقسىدىمدىكىدەك بىر كىتاب يېزىپ، مەندىن كېيىنكىلەرگە ئۆچمەس ياخشىلىق، يادىكار قىلىپ بولغىچە ماڭا ئۆلۈم كەلمىسە، ئەگەر نىئمەتكە ئېرىشكۈچلەردىن بولغان بولسام، مۇشۇ كىتاب سەۋەبى بىلەن نىئمىتىم زىيادە بولسا، ئەگەر ئازابلانغۇچىلاردىن بولسام ئازابىم يېنىكلەشسە دەپ ئۈمىد قىلدىم. بۇ كىتابىمنىڭ كىشلەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بىر كىتاب بولىشى ئۈچۈن الله تائالادىن مەدەت، ياردەم تىلىگەن ھالدايېزىشقا باشلىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۆمىن ئەقىدىسى ھەققىدە، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن نۇرلانغان ۋە ئاززۇ قىلغىنىمدەك ئىبارىتى ئاسان، ھۆججىتى كۈچلۈك، دەللى قەتئىي بىر كىتاب بولۇپ يېزىلىپ تامام بولدى. لېكىن ئىشىم كۆپ، كۆڭلۈم بىئارام بولغاچ كىتابنى يېزىش داۋامىدا ئۆتۆلگەن خاتالىقلارنى تۈزەتكەن بولسامۇ ئىنچىكىلەپ، چوڭقۇر تەكشۈرەلمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانلاغا ئۆزرە ئېيتىمەنكى: سۆزلەر ئىلگىرى- كىيىن بولۇپ قالغان بولسا ياكى كەم، زىيادە بولۇپ قالغان بولسا، جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلىشى ۋە تىزىلىشى ياخشى بولماي قېلىپ سۆزلەر يېقىملىق، ئۇسلۇب ياخشى بولمىغان بولسا دىنداشلىرىم مەئزۇر تۇتقاي.

كىتابنىڭ مەسىللىرىنى ئۆزۈم توپلاپ، ئۆزۈم يىزىپ چىقمىغان بولسام، بۇ كىتابنى قولغا كەلتۈرۈشكە، سېتىۋېلىشقا كىشلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى ئالدىن ئېيتقان بولاتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، كىتابنى كۆككە كۆتۈرىدىغان ماختاش سۆزلىرىنى يازمىساممۇ، كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرستىغان، گۈزەللىكىنى ئۇچۇقلايدىغان سۆزلەرنى يېزىشىمدىن توسالغۇ بولمىسا كېرەك. مۆمىن بۇرادەرلىرىمنى بۇ كىتابنى ئوقۇشقا ۋە ئۇنىڭدىكى توغرا ۋە ھەقىقى مەسىلىلەرگە ئېتقاد قىلىشقا سەۋەب بولدىغان ۋە شۇنىڭغا قىزىقتۇرىدىغان بىر نەچچە ھەق گەپنى يازسام ھېچ گەپ بولماس.

خۇسۇسەن بۇ كىتابىمنى مۆمىن قېرىنداشلىرىمنىڭ كۈچلۈك ئېھتىياجى بارلىقىنى بىلگىنىم ئۈچۈنلا يازدىم. چۈنكى ئۇلار بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئېتقاد كىتابلىرىنى ئوقۇپ پايدىلىش قىيىن بولۇپ قالغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. قىيىن بولۇشقا بىر قانچە سەۋەبلەر بار :

1. ئوقوغۇچىلاردا ئوقۇغان كىتابلىرىنى چۈشەنگۈدەك ۋە ئۇ كىتابلاردىن پايدىلىنىپ ئەقىدىسنى توغرىلىيالىغىدەك، ھۆكۈملەرنى چۈشىنەلىگۈدەك، مەقسىتىنى ھەل قىلالىغىدەك قابىلىيەتنىڭ ئاجىزلىقى.

2. بۇرۇنقى كىتابلاردىن دەرىس بېرىدىغان، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلدىغان، مەخپي مەسىلەرنى بىلىشنى مەقسەت قىلغان، مۇشكۇل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدىغان كىشلەرنىڭ، مۇراجىئەت قىلدىغان يېتىشكەن ئالىملارنىڭ ئازلىقى.

3. ئالىي ھىممەتلەرنىڭ يوقلىقى الله تائالا ئالىي ھىممەت بېرىشنى خالىغانلاردىن باشقىلاردا ئىلىم تەلەپ قىلىشتىكى قىيىنچىلىققا چىدىغىدەك، ئىلىم ۋە مەرىپەت قۇياشنى ئاشكارە قىلغۇدەك ئالىي ھىممەتنىڭ يوقلىقى.

4. بۇگۈنكى زامانىنىڭ، كىشلەرنى نەق پايدىغا ئامراق بولۇشىغا، كېيىن كېلىدىغان پايدىنى خالىماسقا، ئىلىمنى ئۆز شارائىتى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشتىن يەنى چىداملىق بولۇش، ئېغىر - بېسىق بولۇش ۋە الله تالائانىڭ قېشىدىكى نىئمەتكە قىزىقىشتىن يۈز ئۆرۈشكە كۆندۈرۈپ قويغانلىقتۇر.

مانا مۇشۇلار بۇ كىتابنى يېزىشقا ۋە ئۇنى پايدىلىق، ياخشى ئىشلاردىن قىلىپ مەيدانغا چىقىرىشقا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىر قىسمى. ھازىر بۇ كىتابنىڭ ئەھمىيتىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئېيتىمەنكى: «مۆمىن ئەقىدىسى» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ كىتاب

ھەقىقەتەن مۆمىن كىشىنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقىدىنىڭ ئىگىزىنى ۋە تارماقلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەقىدە ئاساسلىرى ئىچىدىكى ئەقىدىسىنى بۇزىدىغان ئەرسىلەرنى چالا قويماي كۆرسىتىدۇ. ئەقىدىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان كىچىك مەسىلىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ كىتاب اللهغا ئىشىنىشنى ۋە دەلىللىرىنى ۋە مۆمىنلەرنىڭ اللهغا ئىشىنىشىدىكى مەرتىبىلىرىنى ۋە الله تائالانى بىر دەپ بىلىشنى ۋە تەۋھىدنىڭ تۈرلىرىنى بايان قىلىدۇ. شېرىكنى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايان قىلىدۇ، ۋەسىلىنى، ۋەسىلە قىلىش يولىنى، شاپائەتنى، شاپائەت تىلەش يولىنى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ ۋەلى (يىقىن) بەندىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ كارامىتى (خۇدا ئالدىدىكى ھۆرمىتىنى) بايان قىلىدۇ، شەيتاننىڭ يېقىنلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەسكەش قىلمىشلىرىنى بايان قىلىدۇ ۋە پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنى ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرى، قىلىدىغان ئىشلىرى، ئەھۋالى ۋە قايسى ماددىدىن يارىتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. جىن ھەققىدە ۋە ئۇلارنىڭ يارىتىلغان ماددا ھەققىدە ھەم ئۇلارنىڭ ئەھۋالى، قىلىدىغان ئىشلىرى، ئاقىۋىتى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. شەيتان توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ خۇي ئادىتى ۋە ئىنساننى شەيتاندىن ساقلايدىغان، ئۇنىڭ سۇيقەستىدىن قۇتقۇزىدىغان چارە ھەققىدە بايان بىرىلىدۇ.

الله تائالا تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلار ۋە كىتاب چۈشكەن پەيغەمبەرلەر ۋە شۇ كىتابلارنىڭ جەزمەن خۇدا تەرەپتىن چۈشكەنلىكى، كىتابلارنىڭ سانى ئۇلارنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىرى، ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىرىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ سانى، ئىسىملىرى، ئۇممەتلەرنىڭ ئىسىملىرى، يۇرتلىرى، زامانلىرى ۋە كاتتىلىرىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە الله تائالادىن ۋەھيي كەلگەننىڭ دەلىللىرى، ۋەھىينىڭ راستلىقىغا دىنى ۋە ئەقلى دەلىللەر ۋە خەلىقلەرنىڭ خۇدا تەرەپتىن ۋەھىلىشىشكە ھاجىتى بارلىقى، ھېچقاچان ۋەھىدىن بىھاجەت بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش كۈنى، بەندىلىرىنىڭ قىلمىشىغا لايىق چارە قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ راستلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشنىڭ ۋەجىپلىقى، ئۆلۈكلەرنىڭ قانداق تىرىلىشى ۋە خەلىقلەرنىڭ قانداق ئەھۋاللاردا بولۇشى، ئۇلارغا يۈزگۈزۈلىدىغان مۇئامىلىلەر، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ياخشى - يامان ئىشلىرىنىڭ ئۆلچىلىشى، دوزاخ ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى، قۇتۇلىشىغا تېگىشلىكلەرنىڭ تىنچ ئۆتۈپ دوزاختىن قۇتۇلىشى، ئوتقا تېگىشلىكلەرنىڭ ئوتقا يېقىلىشىنى بايان قىلىدۇ.

تىنىچ ئامانلىق يۇرتى بولغان جەننەتنى ۋە ئۇنىڭدىكى مەڭگۈلۈك نېمەتنى ۋە ھالاكەت يۇرتى بولغان دوزاخ ۋە ئۇنىڭدىكى ئوت ۋە قايناق سۇ ئازابىنى بايان قىلىدۇ.

قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋاجىپلىقىنىڭ دىن تەرەپتىن ئاڭلىغان ۋە ئەقىل بىلەن بىلگەن دەلىللىرى كۆرسىتىلىدۇ. مەجبۇرلۇق، ئىختىيارلىق، ئىرادە قىلىش، خالاش، توغرا يول كۆرسىتىش، ئازدۇرۇش، ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەسىلىلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئاخىردا بۇ ئەقىدىنىڭ نەتىجىسى ۋە پايدىسىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى :ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ھەممە تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئايرىم - ئايرىم سۆز ئاچىدۇ. ئەقىدە مەسىلىلىرىنى ئىسپاتلاشقا دىنى ۋە ئەقلى دەلىللەرنى بىرلىكتە كۆرسىتىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا يېزىلىپ چىقىلدى. بۇ كىتابنى ئوقۇغان، ئۇگەنگەن، ئۈگەتكەن كىشىلەرگە الله مەنپەت بەرسە ۋە مىنىڭ چەككەن جاپايىمغا ئەجىر بەرسە، قۇرۇق قويمىسا دەپ تىلەيمەن، بۇ ئەجرى اللهنىڭ ئىلتىپاتى ۋە مىنى ھۆرمەتلىشى بولىدۇ. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهغا تەشەككۇر ئېيتىمەن.

## لاالەالااللە محمد رسول اللە

## (بىر اللەدىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد اللەنىڭ ئەلچىسىدۇر.)

# ئىنساننىڭ ئەقىدىگە مۇھتاجلىقى ۋە ئەقىدىنىڭ ئىنسانغا زۆرۈرلىكى

ئىنسان قانداق نەرسە؟

ئىنسان بىر جانلىق مەۋجۇتلۇقكى تەن قۇرلۇشى تۈز، بەدىنى ئوچۇق (يۇڭسىز)، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى، بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، توغرا تۈيغۇلۇق، ساغلام سۆزلۈك، رۇشەن تىللىق بىر مەخلۇقتۇر. ئۇنى اللە تائالا دەسلەپتە لايدىن ياراتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى مەنى سۇدىن ياراتتى. اللە تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ خوتۇنى (ھەۋۋا)نى ياراتتى، ئادەمگە ئىسىملارنى بىلدۈردى. ئاسمان پەرىشتىلىرىنى ئادەمگە سەجدە قىلدۇردى. ھەممە پەرىشتىلەر سەجدە قىلدى. پەقەت شەيتانلا سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىدى. اللە تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىكى بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن توستى، ئادەم ئۇنى ئۇنۇتتى. شۇ مېۋىدىن يېدى، ئاسىي بولدى، يولدىن ئازدى، اللە تائالادىن (تۆۋبە قىلىش) سۆزلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى ئوقۇپ تۆۋبە قىلدى. اللە تائالا ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ توغرا يولغا باشلىدى. زېمىنگە خەلىپە قىلىپ چۈشۈردى، زېمىننى ئادەم ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئىدى، زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئادەمگە بويسۇندۇردى.

مان بۇ بىز نىڭ ئىنسان قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئېتىقادىدىمىز، بۇ ئېتىقادنى بىز ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىيدىن قولغا كەلتۈردۇق «ئادەم قانداق مەخلۇق؟» دېگەن ھەقتە قىياس بىلەن، پىكىرى قاراش بىلەن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا دەلىل كۆرسىتىش بىلەن باھا بېرىشكە ئامال يوق. سەۋەب، بۇنداق ئەھۋال پەقەت ۋەھىي ئارقىلىقلا بىلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ ھوقوقى بىرىنچىدە مۇنداق: ئىنسان ئۆز ھۆرمىتىنى ئۆزى يوقاتمىسىلا ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ مەنپەتىگە زىيانكەشلىك قىلمىسىلا، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھارام، ئىقتىسادى مۈلكىگە چېقىلىش ھارام، ئىززەت ئابرويىنى (ئىناۋىتىنى) تۆكۈش ھارام. ئىنساننىڭ ئەقلىگە، سەزگۈرلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئالاقە مۇناسىۋىتىگە ھۆرمەت قىلىش، شەخسىي ئەركىنلىكىگە ئېتراپ قىلىش لازىم.

ئىنسان توغۇرسىدىكى بىزنىڭ بۇ ئەقىدە ۋە تونۇشىمىز دەلىللىرى بولسا ئىنساننى ياراتقۇچى زاتنىڭ ئىنساننى قانداق ياراتقانلىقى ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئەقلى ئۇنى يالغان دېيىشكە، ئىنكار قىلىشقا  مۇمكىن بولمايدىغان يول بىلەن بىزگە يەتكەن خەۋەرلىرىدۇر. بۇ خەۋەرلەر بولسا اللەتائالا ئۆز كىتابىدا (قۇرئاندا) سۆزلىگەن تۆۋەندىكى ئايەتلەردۇر. ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسى: «شەك۔ شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق.» (سۇرە ھىجر 26 ـ ئايەت)

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: ⟨مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يەرتىپ سۇرەتكە كىرگۈزۈپ ئەزالىرىنى

تولۇق مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار〉.»دېگەن (سۈرە ساد 71-، 72- ئايەتلەر) «ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (ھېكمەتكە مۇۋاپىق جايدا) ياراتتى. دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنى) دىن ياراتتى.» (سۈرە سەجدە 7-، 8- ئايەت)

«شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.» (سۈرە ئىنسان 2- ئايەت)

«بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لاينىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان)دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق. ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇقاتقا ئايلاندۇردۇق، ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.» سۈرە مۇئمىنۇن 12،13،14- ئايەتلەر.)

الله تائالا ھەۋانى قانداق ياراتقانلىقى توغۇرسىدا مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر- ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر- بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللەدىن قورقۇڭلار، سىلە- رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.» (سۈرە نىسا 1- ئايەت.)

«ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۇنسى- ئۇلپەت ئېلىشى ئۈچۈن خوتۇننى (يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى» (سۈرە ئەئراف 189- ئايەت). «الله پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: 〈 (خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار〉 دېدى.» دېدى. (سۈرە بەقەرە 31- ئايەت.)

«مېھرىبان الله. قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى). ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىدىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى.» (سۈرە راھمان 1- ئايەتتىن 4- ئايەتكىچە)

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن لايدىن بىر ئادەم يارىتىمەن. ئۇنى مەن راۋۇرۇس ياراتقان (يەنى ئۇنى يەرىتىپ سۇرەتكە كىرگۈزۈپ ئەزالىرىنى تولۇق مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار».پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا بويۇنتاۋلىق قىلدى ئۇ كافىرلاردىن بولۇپ كەتتى. الله ئېيتتى: «ئى ئىبلىس! مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلدى (ئۇنىڭغا سەجدە قىلماسلىقىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقىڭدىنمۇ ياكى يۇقىرى

مەرتىۋىلىكلەردىن بولغانلىقىڭدىنمۇ)» ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق مېنى ئوتتىن ياراتتىڭ ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى.» (سۈرە ساد 71- ئايەتتىن 76- ئايەتكىچە.)

الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى مەلۇم دەرەخ مېۋىسىنى يېيىشتىن توسقانلىقى ۋە ئادەم شەيتاننىڭ گوللىشى بىلەن يەپ قويۇپ  ئاسىي بولغانلىقى، ئېزىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيىنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: ⟨ئادەمگە (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلىڭلار⟩ دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى. بىز دېدۇق: ⟨ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنۇڭنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن. (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا-مۇشەققەتتە قالىسىلەر. جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن. ھەمدە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتمەيسەن ئىسسىپ كەتمەيسەن⟩.شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: ⟨ئى ئادەم! ساڭا مەن (يېگەن ئادەم) ئۆلمەيدىغان دەرەخنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟⟩ دېدى. ئۇلار ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇلار جەننەت (دەرەخلىرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى بىلەن سەترى ئەۋرەت قىلىشقا كىرىشتى، ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ (ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى. ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى. الله (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: ⟨سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ.⟩» (سۈرە تاھا 115- ئايەتتىن 123-ئايەتكىچە.)

«ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى) الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (سۈرە بەقەرە 37- ئايەت)

الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بەرگەن تۆۋبە سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار: ⟨پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغفىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز⟩ دېدى .» (سۈرە ئەئراف 23- ئايەت.)

مانا يۇقۇرقى ئايەتلەردىن ئادەم دەسلەپتە نېمىدىن يارىتىلغانلىقى، ئەۋلادى نېمىدىن يارىتىلغانلىقى، ئادەم قانداق ھۆمەتلەنگەنلىكى ھەققىدە ئوچۇق دەلىل مەلۇماتلارنى ئالدۇق. بىزنىڭ ئادەم توغرۇسىدىكى ئېتىقادىمىزنىڭ يەنە بىردەلىلى رەسۇلۇللا سەلەھلاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىس (سۆزلىرى) دۇركى، رەسۇلۇللا ئۇنى الله تائالادىن كەلگەن ۋەھيىي بويىچە سۆزلىدى. ھەزرىتى ئىمامى مۇسلىم ئۆز سەھىھىدە رەسۇلۇللانىڭ شۇ  سۆزىنى رىۋايەت قىلدۇكى: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى. جاننى يەنى دادىسى بولغان ئىبلىس تۇتۇندىن ئايرىلغان ئوتتىن يارىتىلدى. ئادەم سىلەرگە تونۇتىلغان نەرسىدىن يەنى تۇپراقتىن يارىتىلدى» دېدى. ئادەم ئەلايھىسسالام لايدىن يارىتىلدى دېمەكچى، قۇرئان  كەرىمدە بايان قىلىنغاندەك يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: «مۆمىنلەر قىيامەت كۈنى يىغىلىپ بىر ـ بىرىگە پەرۋاردىگارىڭلار  قېشىدا  سىلەر ئۈچۈن شاپائەت قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ قاراڭلار! دېيىشىپ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىدۇ ۋە

دېيىشىدۇ: ئى ئادەم! سىز پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، سىزنى الله تائالا ئۆز قولى بىلەن يارىتىپ جان بەرگەن، پەرىشتىلەرنى سىزگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان، دەپ ئاخىرىغىچە گەپ سۆز قىلىدۇ.

بىزنىڭ دەلىل قىلماقچى بولغىنىمىز، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ سىزنى الله ئۆز قولى بىلەن ياراتتى دېگەن سۆزىدۇر. ئەگەر الله تائالا ئادەمنى ئۆزى بىۋاستە ياراتماي، باشقا ئادەملەرنى ياراتقاندەك ياراتقان بولسىدى، ئۆزى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى دېيىشىنىڭ پەرقى بولمايتتى ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئادەملەردىن ئارتۇقچىلىقى بولمايتتى. يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام تەگەشتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام دېدى، ئى ئادەم! سىزنى الله ئۆز قولى بىلەن ياراتقان. سىزگە ئۆزىنىڭ روھىدىن كىرگۈزۈپ تىرىلدۈرگەن، سىز خەلقنى ئازدۇرۇپ جەننەتتىن چىقاردىڭىز، ئادەم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: سېنىمۇ الله تائالا ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشكە تاللىغان ئىدى. سەن ماڭا الله تائالا ئاسمان زېمىننى يارىتىشتىن 40 يىل بۇرۇن توختام قىلىپ يېزىۋاتقان بىر ئىشنى قىلغىنىمغا تاپا مالامەت قىلامسەن؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھىۋەسسەللەم ئېيتتى: ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنى داۋالىدا يېڭىپ كەتتى.

يەنە ئىمامى ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇتلار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىن يىغىۋېلىنغان بىر چاڭگال توپىدىن ياراتتى، شۇڭا ئادەم باللىرىنىڭ ئىچىدە ئاق ۋە قىزىل، قارا ۋە ئوتتۇرھال، مىجەزى سىلىق ۋە ئىچى پۇشۇق ۋە ئوتتۇرھال، نىيىتى بۇزۇق ۋە كۆڭلى ياخشى ۋە ئوتتۇر ھاللىرى بار.»

يەنە ئىمامى بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى:الله تائالا بارلىق ئىنسانلارنى دەسلەپتە ئادەم ئەلەيھىسسالام شەكلىدە ياراتتى. ئېگىزلىكىنى 60 گەز ياراتتى. ئاندىن كېيىن الله تائالا ئادەمگە، بارغىن، مۇشۇ بىر بۆلۈك پەرىشتىلەرگە سالام قىلغىن، ئۇلارنىڭ ساڭا بەرگەن جاۋابىنى ئوبدان ئاڭلا، پەرىشتىلەرنىڭ ساڭا جاۋابەن قىلغان سالامى كەلگۈسىدە سېنىڭ ۋە ئەۋلادىڭنىڭ سالامى بولىدۇ، دېدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرگە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يەنى سىلەرگە سالام بولسۇن دېۋىدى، پەرىشتىلەر ساڭىمۇ تېنىچ ئامانلىق ۋە رەھمەت بولسۇن دېگەن مەزمۇندىكى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمۇتۇللاھ» دېدى. دېمەك؛ «رەھمۇتۇللا»نى زىيادە قىلدى. كەلگۈسىدە جەننەتكە كىرىدىغان كىشلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كىرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئادەملەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشى بارغانسىرى كىچىكلەشمەكتە.

يەنە ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قۇياش چىقىدىغان كۈنلەرنىڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر. ھەزرىتى ئادەممۇ جۈمە كۈنلۈكتە يارىتىلغان، جۈمە كۈنلۈكتە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، جۈمە كۈنلۈكتە جەننەتتىن چىقىرىلغان، قىيامەتمۇ باشقا كۈندە بولماي جۈمە كۈنلۈكتە بولىدۇ.»

مانا يۇقىرىقى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر ھەممىسى ھۆكۈم قىلدۇكى، ئادەمنى الله تائالا ئۆزى بىۋاستە، بىراقلا مۇكەممەل ئادەم قىلىپ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان. ئۆزى جان كىرگۈزگەن، بويىنى 60 گەز ياراتقان، جەننەتتە ئورۇنلاشتۇرغان، توسقان دەرەختىن يەپ ئاسىي بولۇپ ئېزىپ كەتكەندىن كېيىن جەننەتتىن چىقىرىپ زېمىنغا چۈشۈرگەن ۋە ئايالى ھەۋۋەنىمۇ الله تائالا ئۆز بۇيرۇقى بىلەن ئادەمدىن ياراتقان، اللهنىڭ قۇدرىتى شۇنداق ئۇلۇغكى، الله تائالا بىر نەرسە ياراتماقچى بولسا ئۇنىڭغا بول! دەيدۇ، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئادەم بىلەن ھەۋادىن نەسىللىنىش ئارقىلىق ۋە تەدرىجى يول بىلەن ئادەم ئەۋلادىنى كامىل

ۋە چىرايلىق، ئوچۇق سۆزلۈك، ئەقىللىق يارىتىپ، زېمىنغا خوجايىن قىلدى. زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانلار دۇنيادا ھاياتىدا پايدىلانسۇن دەپ بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئىنسانلارنىڭ ئادەملىكىنى كامىل قىلىش، ھاياتىدا بەختلىك قىلىش ۋە ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن اللەنىڭ ئالىي مۈلكى بولغان جەننەتتە ئۆلارنى بەختلىك قىلىشقا لايىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ روھلىرىنى پاكلاشقا، نەپسىنى سۈزۈكلەشتۈرۈشكە پەيغەمبەرلەرنى تەيىنلىدى ۋە كىتابلارنى چۈشۈردى.

مانا: پۈتۈن مۆمىنلەر ئېتقاد قىلغان، چۈشكەن ھۆرمەتلىك ئىنسان مۇشۇنداق ئىنساندۇر، ئەمما «دىن»دىن چىققان كاپىرلارنىڭ ئېتقاد قىلىشچە ئىنسان بولسا، بەزى يۈلتۇزدىن چۈشكەن ھۇجەيرىدىن ئىبارەت ئاددىي بىر ماددىدىن ئۆزگەرگەن نەرسە بولۇپ، ئۇ زېمىندا ئۆسۈپ، چوڭىيىپ، ئاددىي شەكىلدىكى ناچار جانلىق بولغان، ئاندىن كېيىن زېمىندىكى تەبىئى تەسىر بەرگۈچى نەرسىلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگەرگەندە بۇ ھايۋانمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان ھەم ئۇنىڭ سۈپىتىمۇ ئۆزگەرگەن. ئاندىن كېيىن ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتىشى ۋە خىلمۇ خىل تەسىر كۆرسەتكۈچى نەرسىلەر سەۋەبىدىن بۇرۇنقى جىنىستىن باشقا بىر جىنىسقا ئۆزگەرگەن. ئاندىن كېيىن تەرەققى قىلىپ مايمۇن بولغان دەيدۇ. بۇلارنىڭ گۇمانىچە ئۆسۈش، تەرەققى قىلىشتىن ئىبارەت. پىرىنسىپقا ئاساسەن شۇنداق بولغانمىش. مىليون يىللار ئۆتكەندىن كېيىن مايمۇندىن ئۇستۇنرەك ئىنساندىن تۆۋەنرەك بىر خىل مەخلۇققا (ئادەمسىمان مايمۇنغا) ئۆزگەرگەنمىش، ئاندىن كېيىن بۇ مەخلۇق مۇنقەرز بولۇپ دۇنيادىن تۈگەپكەتكەنمىش، تۈگەپ كەتكەننىڭ دەلىلى: دۇنيادا بار مەخلۇقلار قاتارىدا ئۇنىڭ بىرەر ئەسىرى تېپىلمىغانلىقمىش، بۇنىڭ تۈگەپ كېتىشى تەبىئى ھالدا ياخشىنى قالدۇرۇش ئوبدانىنى تاللاش پىرىنسىپى بويىچە تۈگەپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىماللىمىش ۋە مۇنقەرز بولۇپ، تۈگەپ كەتكەن ھايۋاندىن ئىنسان ھازىرقى ئىنسانلىققا تەرەققىي قىلغانمىش.

بۇ دىنسىزلار ئۆزىنىڭ يارلىشىدىكى بۇ ئېتقادىنى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دېگەن قارىشىنى بىر ئۈچۈم نەزىرىيىلەرگە ئاساسەن قۇراشتۇرغان بولۇپ، ئۇ نەزىرىيە تەبىئى تاللاش، ياخشىنى قالدۇرۇش، پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، تاساددىپى ئۇدۇل كېلىپ قىلىش، ئاتىدىن بالىغا مىراس قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتىمىش. بۇ نەزىرىيىنىڭ بەزى قىسمى توغرا ۋە ئەقىل بىلەن ئويلاپ ھىسسىي ئەزالار بىلەن بىلگىلى بولىشى مۇمكىن. ئۇ بولسا: الله تائالا كۆپىنچە مەخلۇقلارنى پەيدا قىلىشى، يارىتىشىدىكى قانۇنىدۇر ۋە يولىدۇر. مەسلەن: ئىنسان دەسلەپتە ئەر كىشى بىلەن ئايالنىڭ مەنىسىدە بىر ھۇجەيرە بولۇپ ئېجاد قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىنى مەقسەت قىلغان بىر جانلىق مەخلۇق بولىدۇ. ئاندىن ئەر ـ ئايالنىڭ مەنىسى بالا ياتقۇدا چاڭلىشىدۇ. مەخلۇقلارنىڭ ئەركەك، چىشى ماددىسىنى چاڭلاشتۇرۇشىدىكى الله تائالانىڭ قانۇنى شۇنداقتۇر. ئاندىن كېيىن بالىنىڭ ۋەجۇدى بىر ھالدىن بىر ھالغا يۆتكۈلۈپ تولۇقلىنىپ كامىل ئىنسان قىلىنىپ ئاندىن تۇغدۇرلىدۇ. بۇ ئەھۋال الله تائالانىڭ قۇرئاندىكى: «ئاندىن ئۇنى بىر پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان)دا (جايلاشقان) ئابىمەنى قىلدۇق. ئاندىن ئابىمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇقاتقا ئايلاندۇردۇق. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى الله (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.» دېگەن سۆزى بايان قىلىدۇ. (سۈرە مۇئمىنۇن 13 ـ، 14 ـ ئايەتلەر)

شۇنىڭدەك بۇنى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىز ئىنسانلارنىڭ ھەر بىرڭلارنىڭ

ۋۇجۇدى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قىرىق كۈن مەنىلىقدا تۇرىدۇ. ئاندىن قويۇق قانغا ئۆزگەرتىلىپ قىرىق كۈن تۇرىدۇ. زىرە گۆشكە ئۆزگىرىپ 40 كۈن تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ بالا قېشىغا بىر پەرىشتە كېلىدۇ ۋە جان كىر گۈزىدۇ. پەرىشتىنى تۆت جۈملە سۆز يېزىشقا بۇيرۇلىدۇ. يەنى بالىنىڭ رىزىقىنى، ئۆلىدىغان ۋاقتىنى، قىلىدىغان ئىشىنى، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنى يېزىشقا بۇيرۇلدۇ» دېگەن سۆزى تەسىقلايدۇ.

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن: «ئىمىشقا بالا ئانىسىغا ياكى دادىسىغا ئوخشايدۇ، دەپ سورالغاندى. رەسۇلۇللا ئەرنىڭ مەنىيسى رەھىمگە بۇرۇن تۆكۈلسە بالا دادىنى تارتىدۇ. ئەگەر ئانىنىڭ مەنىيسى بۇرۇن تۆكۈلسە بالىسى ئانىنى تارتىدۇ (ئانىغا ئوخشايدۇ)» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمامى بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

بۇ ھەدىس بەزى خۇي ــ مىجەزلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىدىن بالىغا مىراس قىلىشىغا ئىشارەتتۇر.

خورمىنىڭ ئۇرۇقى يەرگە جانسىز ھالدا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ يېرىلىپ ئۇنىڭدىن يېشىل دەرەخ مايسىسى ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاندىن تەدرىجىي ھالدائۆسۈپ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىدىغان چوڭ دەرەخ بولىدۇ. خۇدانىڭ بەندىلىرىگە رىزىقى بولسۇن ئۈچۈن، ئومۇمەن ئېيىتقاندا: «اللہ تائالانىڭ ئىنسانىنى، ھايۋانلارنى،ئۆسۈملۈكلەرنى تەدرىجىي ھالدا يارىتىش يولى راستتۇر. ئىنكار قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەسلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرى كېيىنكى ھالەتكە يۆتكۈلۈشتىكى اللہ تائالانىڭ قانۇنىمۇ راستتۇر. اللہ تائالانىڭ ياخشىنى قالدۇرۇش قانۇنىمۇ نۇرغۇن مەخلۇقتا ئاشكارىدۇر.

لېكىن بۇ قانۇنلارنىمۇ اللہ تائالا ئۆزى ياراتقان ۋە بەلگىلىگەن بولغاچقا، بۇ قانۇنلار اللہ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارىغا باش ئەگىدۇ. شۇڭا بۇ قانۇنلارنى اللہ تائالا پەيغەمبەرلەرگە بەرگەن مۆجىزىلىرى ئارقىلىق ئۆزگەرتىدىغان، ئەسلىدىكى قانۇنىيەتكىمۇ ئوخشايدىغان ھالەتتىمۇ قىلىدۇ. ئۇ مۆجىزلەرنى ئۇلارنىڭ «بىز پەيغەمبەر» دېگەن ئېلانىنىڭ راسلىقىغا دەلىل قىلىپ بېرىدۇ. مەسلەن: اللہ تائالانىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشى باشقا ئادەملەرنى يارىتىشدىكى قانۇنىغا ئوخشىمىدى. اللہ تائالا قۇرئاندا: «شۈبھىسىزكى، اللہنىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى اللہ (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس).» دېدى. (سۈرە ئال ئىمران 59 ـ ئايەت)

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ھەپتىسىدە گەپ قىلىشىمۇ اللہ تائالانىڭ باشقا بالىلارنى سۆزلىتىشىدىكى قانۇنىغا ئوخشىمىدى. چۈنكى باشقا بالىنى بىر مەزگىل ياشاپ بوۋاقلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۆزلىتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنى ئوتتا كۆيۈشنى قوبۇل قىلىدىغان جىسىم تۇرۇپ، كۆيمەي سالامەت چىقىشىمۇ باشقا ئىنسانلاردىكى قانۇنغا خىلاپتۇر.

اللہ تائالا مەخلۇقلاردا قويغان قانۇننى يەنە ئۆزى خالىغاندا بىكار قىلىدىغانلىقىنىڭ مىساللىرى كۆپ، بۇنى سۆزلەشتىن مەقسەت: دىنسىزلارنىڭ تەبىئەت قانۇنى دەپ ئۆزنىڭ اللہ تائالانى ئىنكار قىلىشىغا دەلىل قىلغان نەرسىسى باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ پەقەتلا اللہ تائالانىڭ پۈتۈن كائىناتتا قويغان قانۇن ـ تۈزۈم بولۇپ، شۇ تۈزۈم بويىچە ئۆزى خالىغاننى يارىتىدۇ. ئۇ قانۇن اللہغا باش ئەگىدۇ. خالىسا جارى قىلىدۇ، داۋام قىلىدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ. اللہتائالا قۇرئاندا: «اللہنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، اللہ يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن

باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن.»(سۈرە فاتىر 43- ئايەت) دېگىنىدەك ۋە يەنە ئۆزى خالىغاندا ئۇ قانۇننى توختۇتۇپ قويىدۇ، بىكار قىلىدۇ، ئۆزى بىلىدىغان بىرەر سىر ـ ھېكمەت بولغىنى ئۈچۈن. چۈنكى الله ھەممىگە قادىردۇر ۋە ھەر نەرسىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىدۇر.

لېكىن ئادەم بىلەن ھەۋۋانى الله تائالا ئۆزى بىۋاستە ۋە بىراقلا كامىل ئادەم قىلىپ ياراتتى. دىنسىزلار خىيال قىلغاندەك ياكى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئەمەس. بەلكى بۇ يالغان دېيىشكە مۇمكىن بولمايدىغان دەلىللەر بىلەن الله تائالا ۋە رەسۇلۇللا خەۋەر قىلغىنى ئۈچۈن بۇنى ھېچقانداق ئىنسان ئىنكار قىلالمايدۇ. مانا بۇ مۆمىنلەرنىڭ دارۋىن نەزىرىيىسىگە قارىتا مۇنازىرىسى بولۇپ، بۇ ئۆلىمالار ئاخىردا بۇ نەزىرىيىنى دارۋىنچىلار ئوتتۇرغا قويغان تەبىئەت نەزىرىيىسىنىڭ ئۆز ئۆلچىمى بىلەن بىكار قىلىپ تاشلىدى.

تۆۋەندە دارۋىن نەزىرىيىسىگە قويۇلىدىغان ۋە ئۇنى بىكار قىلىدىغان بەزى سۇئال ۋە مۇنازىرىمىزنى بايان قىلىمىز .

1. ئۆسۈش ـ تەرەققى قىلىش نەزىرىيىسى ھەممە نەرسىگە ئومۇملىشىدىغان بولسا تۆگە، كالا قويلاردىن ئىبارەت ھايۋانلارنىڭ ئەسلى نېمە ئىدى؟ نېمىدىن تەرەققى قىلدى؟ ئات، قېچىر، ئېشەك، يولۋاس، پىل ، بۆرە، ئىتتەك تۆپۈتلۇق ھايۋانلار نىمىدىن تەرەققى قىلدى؟

2. تەرەققىياتنىڭ كامىل بولۇشىغا چەكلىمە يوقتۇرۇپ بۇ ھايۋانلار ئۆزۈن ئەسىرلەردىن بېرى بۇرۇنقى ھالىتىدىن تەرەققى قىلدىمۇ؟ ئىت يەنىلا ئىت، يولۋاس يەنە يولۋاس، بۆرە يەنە بۆرە. ئىنسان يەنە ئىنسانلىق ھالىتى بىلەن ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىۋاتىدىغۇ؟ ئۇزۇن ئەسىرلەردىن تارتىپ ھېچ ئۆزگەرگىنى يوققۇ؟

3. نېمىشقا ئىپتىدائىي مايمۇن يوقالماي ساقلىنىۋاتىدۇ؟ نېمىشقا ئىپتىدائىي مايمۇندىن تەرەققى قىلغان ۋە ئىنسانىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كۆرۈكلۈك رولنى ئوينىغان ئادەمسىمان مايمۇننىڭ نەسلى قۇرۇپ تۈگەپكەتكەن؟ ئەگەر «ياخشى نەرسىنىڭ قېپقېلىشى ۋە تەبئى تاللاش» دېگەن نەزىرىيە ھەممىگە ئومۇمىي بولسا، ئىپتىدائىي مايمۇن يوقۇلۇپ تۈگەپ، ئىپتىدائىي مايمۇندىن تەرەققى قىلغان ۋاستە ھايۋان (ئادەمسىمان مايمۇن)نىڭ يوقالماسلىقى لازىم ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەسلىدە مايمۇندىن كامىل ۋە ياخشى ئىدى. نەزىرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياخشى نەرسە يوقالماي تۇرماقچىدىغۇ؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا بۇ يەردە يارىماس مايمۇن يوقالماي قىلىپ قالدى؟ تەبىئىي تاللىنىش قانۇنى نىمىشقا بۇ يەردە ئىجرا قىلىنمىدى؟ نېمىشقا ناچار ۋە كىرەكسىز مايمۇننى تەبىئىي تاللاش قانۇنى ساقلاپ قالدى؟ نېمىشقا كامىل ۋە يارامىلىق مەخلۇقنى يوقۇتۇپ مۇنقەرز قىلدى؟

4. سىلەرنىڭ ماددىغا ئىشىنىش يولۇڭلار قىياسقا، نەزىرىيىگە ئىنكار قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ھېس بىلەن بىلىنمىگەنگە ئىشەنمەيمىز دەيسىلەر، ئۇنداق بولسا ئادەم ۋە مايمۇن مەسىلىسىدە كۆرمىگەن، ھېس بىلەن بىلىنمىگەن نەرسىگە نېمىشقا ئىشەندىڭلار! نېمىشقا ئۆز يولۇڭلارغا خىلاپلىق قىلدىڭلار؟ نېمىشقا نەزىرىيىگە، قىياسقا ۋە بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەنە بىر نەرسىگە دەلىل قىلىشقا ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ قايىل بولدۇڭلار؟ چۈنكى سىلەر بۇرۇنقى بەزى يۈلتۈزدىن چۈشكەن دەپ گۇمان قىلغان ھۇجەيرە ماددىنى كۆرمىگەن ئىدىڭلارغۇ؟ سىلەر ئىپتىدائىي ھايۋاننى ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان تەبىئى تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر دېگەن نەرسەڭلارنى كۆرمىگەنغۇ؟ مايمۇندىن تەرەققى قىلغان ۋە ئادەمگە ۋاستە بولغان ئادەمسىمان مايمۇننىمۇ كۆرمىگەن ئىدىڭلارغۇ؟ بۇ توغرىدا نەزىرىيە، قىياس ۋە دەلىل ئىزدەشكە قايىل بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟ شۇنداق قىلىپ ئۆز يولۇڭلارنى ئۆزۈڭلار بۇزدىڭلار!

يولۇڭلاردىن چىقىپ كەتتىڭلار. ئاجىزلىقىڭلار ئىسپاتلاندى، دارۋىن نەزىرىيىسىنىڭ دادىسى ھەقىقەتنى يوّگەشتۇر، ئانىسى گەندىدىن ئىبارەت.
ئەڭ ئاخىرىدا دارۋىن نەزىرىيىچىلىرىنىڭ چوڭلىرى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئىقرار قىلىپ بىر ئىغىز دېيىشتىكى: «ئۆسۈش، تەرەققى قىلىش نەزىرىيىسى پاكىت ئۈستىدە تۇرغان ئەمەس، ئۇنى ھەم دەلىل پاكىت بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. راستىنى ئېيتقاندا بۇ نەزىرىيىگە الله تائالاغا ئىشىنىشنىڭ ئورنىدا تۇرسۇن دەپلا ئىشەندۇق.» بۇلارنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئوينىغان ئويۇنلىرى رەسۋا بولدى، جىنايەتلىرى ئاشكارە بولدى، خۇداغا شۈكرى.

# سىلىشتۇرما

تۆۋەندىكى سىلىشتۇرمىلار بىلەن ئىنسان توغۇرسىدىكى سۆزىمىزنى ئاياغلاشتۇرىمىز. مۆمىنلەرنىڭ تونۇشىدىكى ئىنسان بىلەن دارۋىنچى دىنسىزلارنىڭ قارىشىدىكى ئىنساننىڭ سىلىشتۇرمىسى مۇنداق:
مۆمىنلەرنىڭ تونۇشىدا ئىنساننى الله تائالا ئاسماندا ئۆزى بىۋاستە تۇپراقتىن ياراتقان، جان كىرگۈزگەن، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرگەن، ئاسمان پەرىشتىلىرىنى سەجدە قىلدۇرغان، چىرايلىق قەددى ـ قامەتتە ياراتقان، ئالەمدىكى مەخلۇقلار ئارىسىدىن ئىنساننى ھۆرمەتكە خاس قىلغان. ئۇنىڭ قىنىغا، مىلىغا يولسىز چىقىلىشنى ھارام قىلغان. ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەۋەتكەن، كىتابلارنى چۈشۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇنى كامىللىقتا، ھازىرقى ۋە ئاخىرەتتىكى بەختكە لايىق يېتىشتۈرگەن، ئۇنى ياراتقان، ھۆرمەتلىگەن سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى، ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلىرى ۋە ئۇنىڭ دۇنيادا قىلدىغان ئىشلىرىنى توغۇرسىدا ئېنىق مەلۇماتلارنى بەرگەن مەخلۇقتۇر.
دىنسىزلارنىڭ تونۇشىدىكى ئىنسان بولسا، ئۆسۈش، تەرەققى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ قەبىھ شەكىلدە يارىتىلغان. ئاندىن كېيىن مىليون يىللار ئۆتۈشى بىلەن پەللىمۇ پەللە مايمۇنغا ئۆزگەرگەن، ئاندىن كېيىن يەنە مىليون يىللار ئىچىدە مايمۇندىن ئۈستۈنرەك بىرھايۋانغا ئۆزگەرگەن يەنە مىليون يىللاردىن كېيىن ئىنسانغا ئۆزگەرگەن.
ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقى، قانداق ئۆسۈپ تەرەققى قىلغىنى توغۇرسىدا دىنسىزلارنىڭ كاتتىباشلىرى، ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ئەسكىلىرى، بۇزۇقلىرى، زوراۋانلىرى خەۋەر قىلدۇكى ئۇلارنىڭچە ئىنساننىڭ ئاقىۋىتى يوقۇلۇپ تۈگەرمىش، ئاخىرەتتە داۋاملىق ياشاش يوقمىش.
ئەمدى ئى ئەقىللىقلار! ئىككى ئىنساننىڭ قايسى ھۆرمەتكە لايىق؟ قايسى ئىنساننى كىشلەر ئىتراپ قىلىشى لازىم؟ مۆمىنلەر دېگەن (يەنى مۆمىنلەرنىڭ قارشىدىكى )ئىنساننى ئېتراپ قىلامدۇ؟ ياكى دىنسىز دارۋىنچىلار دېگەن ئىنساننىمۇ؟ (ئاتىزىمچىلارنىڭ ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىش توغۇرسىدىكى نوقتىئىنەزىرىنى قوبۇل قىلىش لازىممۇ؟ ياكى مۆمىنلەرنىڭ ئىنساننىڭ يارىتىلىش توغۇرسىدىكى نوقتىئىنەزىرىنى قوبۇل قىلىش لازىممۇ؟) ئىنساننىڭ بارلىققا كىلىش توغۇرسىدىكى دارۋىن نەزىرىيىسىگە قايىل بولۇش بولسا، ئەقلىدىن ئازغانلىق، ئىنسانلىق خىسلىتىنى يوقاتقانلىق بولۇپ، بۇ نەزىرىيىنىڭ دادىسى كۇفرى، ئانىسى نجاسەت بولغان بۇزۇق، پاسكىنا نەزىرىيىدۇر.

## ئەقىدە ھەققىدە

ئەقىدە دېگەن نىمە ؟

ئەقىدە بولسا: ئەقىل بىلەن ۋە ئاڭلاش بىلەن ۋە ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قابىلىيەت بىلەن قايىل بولۇنغان ۋە تەسلىم بولۇنغان ئاشكارە ۋە ھەقىقى مەسىلىلەر مەجمۇئەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسان ئۆز قەلبىنى باغلايدۇ. ئۇنىڭ توغرۇلىقىغا جەزىم قىلىپ مەۋجۇت ۋە سابىتلىقىغا قەتئىي ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئىگىلىدۇ. ئۇنىڭغا خىلاپ بولغىنىنى توغرا كۆرمەيدۇ. مۇنداق ئېتىقاد خۇددى ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى (الله)نىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىنى، قۇدرىتىگە ئېتىقاد قىلغاندەك ۋە ئۆلگەندىن كېيىن يەنە تىرىلىپ، الله تائالاغا مۇلاقات بولۇشىغا ۋە ئىنسانىنىڭ ئۆزئىختىيارى بىلەن كەسپىنى قىلغان، ياخشى ئىشلىرىغا ئەجرى ۋە يامان ئىشلىرىغا يامان جازا بېرىشىگە ئېتىقاد قىلغاندەك، ئىنسانغا الله تائالانىڭ كىتابلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق يەتكەن بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە بويسۇنۇشى، ۋاجىپلىقىغا ئېتىقاد قىلغىنىغا ئوخشاشكى، ئۇ بويسۇنۇش بىلەن ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى پاكىز ۋە ياخشى بولىدۇ، تۇيغۇسى تۈزۈك ۋە سۆزۈك بولىدۇ، ئەخلاقى مۇكەممەل بولىدۇ.

الله تائالانىڭ مەخلۇقاتقا ھاجىتى يوقلۇقىغا، بەلكى ئىنسانىنىڭ الله تائالاغا مۇھتاجلىقىغا، ھەتتا ھەربىر تېنىق ئېلىشىدا مۇھتاجلىقىغا ئېتىقاد قىلغاندەك. چۈنكى ئىنسانىنىڭ تىرىكلىكى الله تائالا بىلەندۇر. ئىنسانىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە يۆلىنىشى يالغۇز الله تائالادۇر. ئىنسان تاما قىلغان ئۈمىدى الله تائالاغا باغلىنىدۇ. قورۇققاندا الله تائالا بىلەن خاتىرجەم بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان الله تائالا ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىدۇ. الله يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدۇ. الله بولسا ئىنسانىنىڭ ئىگىسى، اللهدىن باشقا ئىگىسى يوق. الله ئىنسانىنىڭ مەئبۇدى، اللهدىن باشقا مەئبۇد يوق (باشقىغا ئىتائەت قىلمايدۇ، باشقىغا ئۆزىنى بېغىشلىمايدۇ) باشقىسىنىڭ تەربىيە قىلىشىنى ئويلىمايدۇ، باشقىسىغا بويسۇنمايدۇ.

## ئىنسانىنىڭ ئەقىدىگە ئېھتىياجى

ئىنسان ئەقىدىدىن بىھاجەت دېگەن دەۋا بولسا ئاساسسىز باتىل دەۋادۇر. ئۇ دەۋانى ئەمىلىيەت ھەم ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن تارىخى يالغان دەيدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ئەمىلىيتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى: ئىنسان قەيەردە بولسا ۋە قاچان مەۋجۇت بولسا ۋە ئوخشاشمىغان ئەھۋال بولۇپ تۇرۇپ ۋە ياشىغان زامانىسى باشقا ـ باشقا بولۇپ تۇرۇپ ئەقىدىدىن ھەرگىز خالىي بولمىغان. راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن، توغرا ياكى خاتا بولسۇن دىنغا ئەقىدە قىلغان، ھەتتا بۇگۈنكى كۈندە: «ئىلىم ئەقىدىن بىھاجەت قىلدۇ» دەپ داۋا قىلغۇچىلارمۇ ئەقىدىن خالىي ئەمەس، ئۇلار: «ئىنسان ئاتوم زامانىدا ۋە ھاۋا ئۇرۇشى زامانىدا ياشىماقتا. شۇڭا اللهغا ئىشىنىشكەھاجەت يوق» دەپ داۋا قىلدۇ. ئۇلار كاپىرلىقتا ۋە ئىنكار قىلىشىدا ھەددىن ئاشۇرۇپ: «ئىنسانىنى مەئبۇد ياراتمىدى. ئىنسان مەبۇتنى ياراتتى، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئىنسان ئۆزى ياشىغان قىيىنچىلىق زامانلاردا، ئىنسانىنى ئەتراپىدىن قورشىغان دۇنيا قورقۇنچلىرى ئارىسىدا قالغاندا، كېسەلدىن، پېقىرچىلىقتىن، ھاۋا گۇلدۇرلەشتىن، چاقماق چاققاندىن، يامغۇر ياققاندىن، بوراندىن، يەر تەۋرىگەندىن، ھەتتا ھايۋاناتلاردىن قورۇققاندا ھېچنىمىدىن ئاجىز كەلمەيدىغان غايىب كۈچكە، مەغلۇپ بولمايدىغان قۇۋۋەتكە ئىشىنىشكە

مەجبۇر بولغان ۋە ئۇنى مەئبۇد دەپ ئاتىغان. بىشىغا خاپىلىق كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىشقا ئالدىرغان. ئۆزىدىن يامانلىقنى توسۇش ۋە ھالاكەت ئورۇنلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئىبادەتلار بىلەن يېقىنلاشقان» دەيدۇ.

شۇڭا بۇ كاپىرلار مەئبۇدنى ئىنسان ياراتتى، ئىنسانى مەئبۇد ياراتمىدى، دەيدۇ. بۇ سۆز كۆلكىلىك سۆز، رەسۋا بولغان بىلىمسىزلىك، ئاشكارە ھەقىقەتتىن تانغانلىق، ئېچىلىپ قالغان ساختىپەزلىك ۋە ئەقىلسىزلىكتۇر.

بۇ بۇزۇق نەزىرىيىنىڭ ئىزاھاتى شۇكى، ئەگەر ئۇلار مەئبۇدنى ئىنسان ياراتقان دېگەن سۆزىدىن بۇت پەرەسلەرنىڭ ئۆزى تاشتىن، ياغاچتىن يوناپ ياساپ مەئبۇد قىلىۋالغان ۋە ئىبادەت قىلغان بۇتلىرىنى دېمەكچى بولسا ئۇ توغرا، چۈنكى ئۇ بۇتلارنى ئىنسان ياسايدۇ، ئۇ بۇتلار ئىنساننى ياراتمىغان، ئەمما ئەگەر ئۇلار مەئبۇدتىن ئاسمان، زېمىنى ياراتقان. ئىنساننى ياراتقان ۋە زېمىنى ۋە ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ئىنساننى ھۆرمەتلەپ كىتابلارنى چۈشۈرگەن، پەيغەمبەرلەر تەيىنلىگەن، ئۆزىنى تونۇتقان ۋە ئۆزىنىڭ يولىنى ئىنسانغا تونۇتۇپ شۇ يول بىلەن ئىنساننى كامىل قىلغان بەخىت ـ سائادىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان الله تائالانى دىمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى كىشلەرنى ھەقىقەتتىن خاتالاشتۇرىدىغان سۆز. بىلىنىسىزلىكتۇر، ئەقىلسىزلىكتۇر، يالغانچىلىقتۇر. چۈنكى ئىنسان باشقا نەرسىنى ئەمەس ئۆزىنىمۇ يارىتالمىدى. قانداقمۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقان، ھەممىنىڭ تەربىيىچىسى ۋە ئىگىسى بولغان الله تائالانى يارىتالىسۇن؟ الله تائالا بۇنداق بۆھتانلاردىن پۈتۈنلەي پاكتۇر. الله ھەممىگە قادىردۇر.

ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىنسان تەبىئەتنى تونۇدى، دۇنيانىڭ مەخپى سىرلىرىنى كەشىپ قىلدى. شۇڭا كىسەلدىنمۇ پېقىرلىقتىنمۇ قورۇقمايدىغان بولدى. كەلكىندىنمۇ، يەر تەۋرەشتىنمۇ، ۋابادىنمۇ، ئاپەتتىنمۇ قورۇقمايدىغان بولدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ئىشىنىشكە ھاجىتى يوق، دېگەن داۋاسى باتىل (ئورۇنسىز، دەلىلسىز) بولۇپ ئۇ داۋانىڭ ھېچنىمىگە ئېتىبارى يوق. قىممىتى يوق، چۈنكى ئىنسان يۇقىرقىلاردىن ھەمىشە قورقۇپ كىلۋاتىدۇ ۋە ئۆزىنى قوغداشقا كۈچى يەتكەنلا ۋاستىنى قوللانسىمۇ خاتىرجەم بولغىنى يوق، ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايدۇ. قانداقمۇ ئامان بولالىسۇن؟ ھالبۇكى بۈگۈن ئىنساننىڭ تارتىۋاتقان جىسمانى ۋە روھى خاپىلىقى كۈندىن كۈنگە ھەممە يەردە زىيادە بولماقتا. مەسلەن: خولىرا ۋاباسى، راك كىسەللىرى، ئاق كىسەل، ھوشىنى يوقىتىش كېسىلى ۋە باشقا ھەمىشە ھەر يىلى مىڭلارچە ئادەمنى يوقۇتۇپ كەلمەكتە. ئاچارچىلىق ھادىسى دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، كەلكۈنلەر نۇرغۇن شەھەر ۋە يىزىلارنى ۋەيران قىلىپ كەلدى. مىڭلارچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يۇرتىدىن قوغلاپ كەلدى، يەر تەۋرەش ئىشى بىر ۋاقىتتىن يەنە بىر ۋاقىتقىچە شەھەر ۋە يىزىلارنى يۇقۇتۇپ مىڭلارچە ئىنساننى ھالاك قىلىپ كەلدى. اللەنى ئىنكار قىلغان ۋە مەئبۇدنى ئىنسان ياراتتى دەپ دەۋا قىلغان ئىنسان بۇ ھالاكەتلەردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقىمۇ كۈچى يەتمىدى. بۇ ھادىسلەرنىڭ ئالدىنى ئىلىش ياكى ئۇنىڭ پەيدا بولۇشنى توختۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن! بەلكى ئۆز رەببىگە تانغىنى، ئۆز دىنىگە تانغىنى ئۈچۈن بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ جاپا مۇشەققىتى ھەسسىلەپ ئاشماقتا. ھادىسلەر يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى ۋە قاتتىقلاشتى. شەخسى پاراكەندىچىلىك، روھى چۈشكۈنلۈك، ئەخلاقى چۈشكۈنلۈككە دۇچار بولۇپ ئۆز ھاياتىنىڭ تەمىنى، بارلىقىنىڭ لەززىتىنى يوقاتقىلى يىقىنلاشتى. يۈزىدىن ھايا سۈيى سىڭىپ كىتىپ يۈزى قىلىن، بەد ئەخلاق ئاغزى يامان سەت قىلىق بولۇشتى، ئىنسانلىق ھۆرمىتى يوقالدى. غەيرەتمۇ يوق، قەلبىدە سەزگۈرلۈك، ھوشيارلىق يوق، ئادەمگەرچىلىك يوق

بولدى. يالغان سۆزلەشكە، ساختىلىق قىلىشقا، خائىنلىقتا كۆنۈپ كەتتى. جىنايەتكە، مۇناپىقلىققا، كىشلەرنى ئازدۇرۇشقا، پەسكەشلىككە ئادەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتى بۇزۇلۇپ، ناچارلىشىپ، هايات ناهايىتى تۆۋەنلەشتى. هەتتاكى ئەقىلىلىق ئالىملار الله تائالانى ئىنكار قىلىشتىن، دىنسىزلىقتىن سەسكەنگەنلىكىنى جاكارلاپ، دىنغا، ئىمانغا قايتىشنى تەلەپ قىلىشتى، هەتتا دىنسىزلارنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ بىشى چۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ئوچۇق سۆزلەپ: «دىندىن بىهاجەت بولغىلى بولمايدىكەن» دېيىشتى. ئىنسانلار هاياتى ۋە جەمىيئەت ئەهۋالىغا تەئەللۇق ئىلىملارنى بىلگۈچىلار، ئىنسانلارغا بىر دىن پەيدا قىلىپ بىرىشنى تەلەپ قىلىشتى، لېكىن اللهغا ئىشەنمەيدىغان دىننى ئىزدىمەكچى، سەۋەب: الله تائالا ئىنسانلارنى ئادالەتكە، بىر ـ بىرگە ياخشىلىق قىلىشقا، يېقىنلارغا ياردەم بىرىشكە بۇيرىدۇ. سەت قىلىقتىن، يامان ئىشلاردىن، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشتىن توستى. ئۇلار ئادالەتنى خالىمايدۇ. ياخشى ئىش ۋە بىر ـ بىرگە ياخشىلىق قىلىشنى خالىمايدۇ. زۇلۇمدىن قول يىغىشنى، سەت قىلىقتىن، يامان ئىشلاردىن قول يىغىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر سۇنئى (ياسالما) دىن پەيدا قىلىپ شۇ ئارقىلىق ئىنساننى تۈزەشنى، ئەخلاقىنى كامىل قىلىشنى خالايدۇكى، ئۇ دىندا اللهنى ئەسلەشنى الله بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلارنى ئەسلەشنى ۋە تىلغا ئىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنداق ياسالما دىننىڭ ئىنسان ئەخلاقىنى تۈزىشى، ۋۇجۇدىنى ئىسلاھ قلىشى، سەزگۈرلۈكلىرىنى ياخشىلىشى، روھىنى پاكىز قىلىشى ئېهتىمالدىن يىراق، بەلكى مۇمكىن ئەمەس. بۇلار ئالدىنىۋاتىدۇ. مەغرەر بولىۋاتىدۇ. بۇلار بىلىمسىز، ئازغۇن هەم خەلقنى ئازدۇرغۇچى. بۇلارغا الله تائالا لەنەت قىلسۇن، هەقنى ئاڭلاشتىن گاس، هەقنى كۆرۈشتىن قارىغۇ قىلسۇن.

بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشىمىزدىكى مەقسەت، ئەقلى ۋە شەرئىي قانۇنلار بىلەن ئىسپاتلانغان بىر ئىلمىي هەقىقەتنى مۇقەررەرلەشتۇرۇشتۇر. ئۇ هەقىقەت بولسا، ئىنسانلارنىڭ داۋاملىق ئىمانغا (اللهنىڭ دىنىغا ئىشىنىشكە) مۇهتاج، دىن تۇتۇشقا، ئەقىدە قىلىشقا مۇهتاج، دىن ئىنساننىڭ زۆرۈر نەرسىلىرىدىن بىرى، ئۆز ئېهتىياجلىرىدىن بىرى. ئىنسان هېچ قاچان ئۆز ئىگىسى اللهدىن بىهاجەت بولالمايدۇ. هېچقانداق هالەتتە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن بىهاجەت بولالمايدۇ، ئىنساننىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ۋە ئانىسى هەۋۋا جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈشى بىلەن زېمىنغا ئادەم پەيدا بولغاندىن تارتىپ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەبىئى خۇيىنى ئادالەت بىلەن تۈزىدىغان، ماڭىدىغان يولنى تەرتىپلەيدىغان، سۆز هەركىتىگە چەكلىمە توختۇتۇپ بېرىدىغان، ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى هاياتىدا كامىل ياشاشقا تەييارلانغان قانۇنلارغا مۇهتاج بولۇپ كەلدى. دۇنيادىكى قىسقا مۇددەتلىلىك هاياتىمۇ ۋە بۇ زېمىندىن باشقا ئالەمدىكى يەنى پاكلىق ۋە سۇزۇكلۇك ئالىمىدەك، ئالىي دۇنيادا مۇكەممەل ياشاشقا ئىنساننى لايىقلاشتۇرىدىغان بىر قانۇنغا مۇهتاجدۇر. زېمىندىن باشقا بىر ئالىي ئالەم بارلىقىنى ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالا ئۆزى چۈشۈرگەن كىتابلار ۋە ئۆزى تەيىنلىگەن پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق خەۋەر قىلدى. لېكىن ئىنساننىڭ ئىگىسى يولغا قويغان شەرىئەتتىن باشقا ئىنساننىڭ خۇي ـ ئادىتىنى تۈزىدىغان، يولنى مۇنتىزىملەشتۇرىدىغان، نىشاننى كۆرسىتىدىغان بىر قانۇن هاياتىدا تېپىلمايدۇ. تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

الله تۈزۈپ بەرگەن قانۇننى تۈزۈپ چىقىشتا، يولغا قويۇشتا دۇنيا خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، چۈنكى ئىنسانغا ئۆزىنىڭ مېرى ـ شەپقىتى، ئىشتىياقى، كۆڭۈل ئارزۇسى، پىكىرلىرى، ئارزۇلىرى، تەلپۈنۈشلىرىنى الله تائالادىن باشقا هېچ بىر زات تونۇيالمايدۇ. بۇلاردىن ئىنسان ئۆز تەلىپىنى تولۇق قولغا كەلتۈرۈشكە الله تائالدىن باشقىسى كۈچ ـ قۇۋۋەت بىرەلمايدۇ. پەقەت

ئىنساننى ياراتقان الله ئۆزى قادىردۇر. شۇڭا ئىنسانغا قانۇن تۈزۈپ بېرىشكە، يول كۆرسىتىشكە الله تائالا ئۆزى ھەقلىق، الله كۆرسەتكەن يول ۋە قانۇنلا ئىنساننى مۇكاممەل قىلىدۇ. ئىنساننى كامىللىققا ۋە مەڭگۈلۈك بەختكە لايىقلاشتۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا دىن زۆرۈربولىدى. سەۋەب: ئىنسان يەيدۇ، ئىچىدۇ، قىزىق ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ، بۇنىڭ تەبىيارلىقى ئۈچۈن الله تائالا يولغا قويغان قانۇن بىلەن يېمەكلىكنى، ئىچىملىكنى، كىيىمنى، تۇرالغۇ جاينى، ئۆينى ۋە شۇنداقلا قاتناش ۋاستىسىنى ھەل قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىنساننى ئۆز ھاياتىغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ـ بىرگە ياردەملىشىشكە چاقىرىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى سىزىدۇ. ئۆز رەببىنىڭ ياردەم قىلىشىغا، مۇۋاپىقيەت ئاتا قىلىشىغا، ئاسرىشىغا، ساقلىشىغا مۇھتاجلىقىنى سىزىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆز پەرۋەردىگارىنى تونۇشىنى خالايدۇ. ئىگىسىگە يېقىن بولۇشىنىڭ ھەرخىل يوللىرى بىلەن تائەت ـ ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىشىشنى خالايدۇ.

ئىنسان داۋاملىق ئۆزىگە بىرىلگەن پىكىر، تۇيغۇ، ھېسسىياتلىرىنىڭ ئۆسۈشى، تەرەققى قىلىشىنى ئىزدەيدۇ. پىكىر ۋە تۇيغۇ جەھەتتە بىر يەرگە بېرىپ توختاشنىمۇ خالىمايدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ يۇقىرقى ئۈچ ئەھۋالىدىن دىنى يولغا مېڭىشقا مۇھتاج، الله كۆرسەتكەن يولغا مېڭىشقا مۇھتاجكى، ئۇ يول ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن بىر زاماندا ياشىغان ۋە ياردەملىشىشكە ئېھتىياجى بولغان باشقا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىسىنى رەتلىك قىلىدۇ. ھاياتنىڭ ۋاستىلىرى بولغان يەنى بۇ دۇنيادا ياخشى ياشاش ئۈچۈن سەۋەب بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئولتۇراق جاي، قاتناش ۋاستىلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدىغان، باشقا ئادەملەر ئارىسىدىكى ئالاقىسى دىنى يول ئارقىلىق رەتلىك ۋە ياخشى بولىدۇ. ھەم دىن يولى ئىنسانغا ئۆز رەببىنى ۋە ئۇ رەببى بىلەن ئۇچرىشىش، تونۇشۇش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ياردەم قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىغا قانداق قۇل بولۇش، ئۇنى قاندق چاقىرىش، قانداق زىكرى قىلىش، بويسۇنۇش ئارقىلىق ياخشى كۆرگەن ئىشلىرىنى ئورۇنداش يامان كۆرگەننى تاشلاش، غەزىپىدىن ساقلىنىش ئارقىلىق رەببىگە يېقىنلىششىنى ئۆگىتىش ۋە تونۇش بىلەن ياردەم قىلىدۇ. ھاياتىنى، دۇنيانى بىلىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇكى، ئۇ بىلىم بىلەن مەۋجۇت ئالەمنىڭ تېگىنى چۈشۈنىدۇ. دۇنياغا پەيدا قىلىنىشى ھەم ياشىشىنىڭ سەۋەبىنى، دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

يۇقىرقى دەلىللەرگە ۋە ئەمىلىيەتكە ئاساسەن ئېيتىمىز: ئىنسانغا ئۆز ھاياتىنى ساقلاشنىڭ بىرىنچى مادىسى بولغان سۇ، غىزا، ھاۋادىنمۇ الله تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن توغرا يول تېخىمۇ زۆرۈردۇر. بۇ ھەقىقەتنى ھەقتىن باش تارتىدىغان تەكەببۇردىن باشقا ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. ھەقىقەتكە قارشى تۇرغۇچىنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ماجراسىغا قاراپمۇ قويۇلمايدۇ.

ئىنساننى تۈزەش، ياخشىلاش ۋە بەختلىك قىلىشنىڭ يولنى كۆرسىتىشكە، ئىنساننىڭ ئەقلى مۇستەقىل ھالدا كۇپايە قىلىدۇ، دەپ دەۋا قىلىش باتىل، ئېتىبارسىز ۋە ئەمىليەتكە خىلاپ بولغۇنىدەك، دىنغا ھاجەت يوق دېگەن دەۋامۇ باتىل ۋە ئەمىليەتكە خىلاپتۇر. چۈنكى بىز نۇرغۇن خەلىقلەر ۋە ئۇممەتلەرنى كۆردۇقكى ئۇلار الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيي باشلىغان يولىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەقلى باشلىغان يول ھېچ نىمىگە دال بولماي يولدىن ئازدى، يوقالدى، بۇ توغرىدا قۇرئان سۆزلىگەن سۆزلەرنىڭ بىرسى الله تائالانىڭ: «بىز ئۇلارنى (يەنى ئاد قەۋمىنى) (پۇل- مال كۈچ- قۇۋۋەت جەھەتتە) سىلەرنى قادىر قىلمىغان نەرسىلەرگە قادىر

قىلدۇق. (ئۇلارنىڭ شۇ نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ، بۇ ئارقىلىق نېئمەتلەرنى بەرگۈچى اﷲنى تونۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا قۇلاق كۆز قەلبلەرنى بەردۇق، ئۇلار اﷲنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى، كۆزلىرى، دىللىرى ئۇلاردىن (اﷲنىڭ ئازابىدىن) ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلمىدى، ئۇلار مەسخىرە قىلغان ئازاب ئۇلارغا نازىل بولدى.» دېگەن كالامىدۇر. (سۈرە ئەھقاف 26ـ ئايەت)

ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا: ئىنساننى ئەقلى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىككىلا ھاياتىدا ئىنسانغا پايدىلىق بولغان نەرسىنى تونۇشقا ۋە ئىككىلى ھاياتىدا ئىنسانغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى تونۇشقا يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ. پەقەت اﷲ تائالا كۆرسىتىپ بەرگەن يولنىڭ ۋە اﷲ تائالانىڭ ۋەھىسىنىڭ نۇرى ۋە يورۇقلىقى بىلەنلا ئىنسان زىيانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنالايدۇ ۋە قۇتۇلالايدۇ. چۈنكى ئەقىللەر بىلىم قۇرالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. كۆز بولسا كۆرۈش قۇرالى بولۇپ، ئۇ ھەرقانچە كۈچلۈك ۋە ساق بولسىمۇ يورۇق چۈشمىگەن نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ. قاراڭغۇدا بىر نەرسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەقىلمۇ كۆز بىلەن باراۋەر بىر قۇرال بولۇپ، يورۇق چۈشمىگەن كۆز ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمىگەندەك ئەقىلمۇ اﷲ تائالانىڭ يولىدىن ئىبارەت يورۇقلۇق بولماي بىرنەرسىنى بىلەلمەيدۇ. اﷲ تائالا پەيغەمبەرگە ۋەھيي قىلغان «دىن» يولىدىن ئىبارەت نۇر بىلەنلا بىر نەرسىنى تاپالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقىچە تونىغان كىشى ئۆزىنى ئۆزى ئازدۇرىدۇ. چوڭ خاتالىق ۋە چوڭ ئازغۇنلۇققا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقىقەت كۆز بىلەن كۆرۈلگەن ھېس بىلەن بىلىنگەن ھەقىقەتتۇر. شۇنىڭدەك ئىلىممۇ ئىسلام دىنىدەك ئۆزگەرمىگەن، كەم ـ زىيادە بولمىغان، يەڭگۈشلەنمىگەن، توغرا يولىنى كۆرسەتكەن ۋەھيي ئىلاھىدىنمۇ بىھاجەت، دېگەن دەۋامۇ قەتئىي باتىلدۇر، خاتادۇر، مۇنداق ئىككى تەرەپتىن باتىل:

1.خەلىقتىكى بەزى پەننى ئىلىم ۋە تونۇشلار ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدىكى ئىلىملار جەزمەن اﷲنىڭ ۋەھىسىدىن (قۇرئاندىن ۋە ھەدىستىن) ئىلىنغان ئىلىمدۇر. ياكى ۋەھىنىڭ ئوچۇق ئىبارىتىدىن ئېلىنغان ۋە ياكى ۋەھىنىڭ رەھيي مەزمۇندىن چىقىرىلغان ئىلىم بولۇپ ئۇنى بەزى شەخسلەرگە دۆڭگەپ قويۇپ خەلقنى ئازدۇرۇشنى ۋە ئېزىقتۇرۇشنىلا مەقسەت قىلغان.

2. ماددى ئىلىم (پەننى، ئىجابى ئىلىملار) ئىنساننىڭ ماددى مەنپەتى ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك بولالمىدى. ئىنساننىڭ بەدىنى ۋە ئۇنىڭ تەلىپىنىمۇ ھەل قىلالمىدى. بولۇپمۇ ئىنسانغا ئەڭ مۇھىم بولغان رەھيي تەرەپكە قىلچىمۇ خىزمەت قىلالمىدى. بىرمۇ پايدا كەلتۈرمىدى. چۈنكى ماددى بىلىم دېگەن روھيي بولمىغاچ ۋە شۇنداقلا روھقا ئۇيغۇن بولمىغاچ روھنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بىر نەرسە تەقدىم قىلالمىدى. ئىنسانىيەتنىڭ اﷲ تائالانىڭ ۋەھىسىدىن خالىي بولغان ئىلىملىرى دۇنيانىڭ ماددى ۋە ئاشكارە تۇرغان نەرسىلىرىنىڭ بەزىسىنىلا كەشىپ قىلىشتىن باشقا ئالغا باسالمىدى. اﷲ تائالا قۇرئاندا دېگەن: «ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنىشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر.» (سۈرە رۇم 7ـ ئايەت)

شۇنداق بولغاچ ماددى دۇنيانىڭ سىرىنى ئاچالمىغان تۇرۇپ روھقا بىرەر خىزمەت تەقدىم قىلىشقا قانداق كۈچى يېتىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلار تېخى دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھېچ بىر سىرىنى باتىلىنىڭ سەۋەبىدىن تونۇيالمىدى.

ماددى ئىلىم ئالىملىرى مۇشۇ دۇنيادىكى ئاشكارە مەخلۇقلاردىن قانداق بىر مەخلۇقنىڭ سىرىنى ۋە ئۇنىڭ يارىتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى تونۇشتىن ئاجىز كەلگىنىگە ئىقرار قىلدى. ئۇلار: «بىزدىن دۇنيادىكى نەرسىلەر قانداق يارىتىلدى، دەپ سوراڭلار! نېمە سەۋەبتىن يارىتىلدى دەپ

سورىماڭلار!» دېدى. دېمەكچى بولغىنى: پالانى نەرسە قانداق ۋۇجۇدقا كەلدى دەپ سورىساڭلار جاۋاب بېرەلەيمىز، ئەمما نېمىشقا بارلىققا كەلدە دەپ سورىساڭلار جاۋاب بېرەلمەيمىز دېدى. ئۇلار الله تائالا ۋەھىسىنىڭ ئىلىملىرىدىن مەھرۇم بولغاچقا جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

يەنە بىر نەسە بار، ئۇ بولسا: دۇنيا ئىلىملىرى نۇرغۇن باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، مۇمكىن بولغان ساھالەرگە كىرىپ كامىللىقتا چېكىگە يېتىش بىلەن ئىنسانلار بەختىسىزلىكىگە سەۋەب بولماقتا. ماددى ئىلىم بىر قەدەم ئالغا باسسا، ئىنسانلار بەختسىزلىككە قەدەم باسىدۇ. ئەمەلىيەت بۇنىڭغا گۇۋاھ، شۇڭا ھەقىقەتكە ئىقرار قىلماي ۋە تەسلىم بولماي چارە يوق. ئۇ ھەقىقەت بولسا دىن ئىنسانغا بەك زۆرۈر، ئىنسان ھېچ قاچان دىندىن بىھاجەت بولالمايدۇ، ئىنساننىڭ مۆكەممەل بولۇشى، بەختلىك بولۇشى دىنغا ئىشىنىشكە مۇھتاج، خۇددى يارىتىلغۇچى يارتقۇچىغا مۇھتاج بولغاندەك، ھەر ئىش بىر سەۋەبكە مۇھتاج بولغاندەك.

ئاخىردا شۇنى بىلىش لازىمكى: ئىنسانغا زۆرۈر بولغان ئىنساننىڭ بەختى ۋە مۆكەممەللىكى ئۇنىڭغا باغلىق بولغان نەرسە راست ۋە توغرا بولغان دىندۇر. الله تائالا ئۆزى يولغا قويغان دىندۇر. ئەمما يالغان ۋە توقۇلما ۋە ھۆججەتسىز بولغان بۇددا دىنى، مەجۇسى دىنى ۋە بۇزۇلغان ئۆزگەرتىلگەن ئىسرائىلىيە دىنى، خرىستىيان دىنى، گەرچە بۇلار «دىن» دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇ دىنلار الله تائالانىڭ ۋەھىسىدىن خالى دىندۇر. اللەنىڭ يولىنى ئۇلگە قىلمايدىغان، ئىنساننىڭ جىسمى ۋە روھىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن مۇھتاج بولىدىغان ئىشلارنى ئىنسانغا تەقدىم قىلالمايدىغان، دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ ئىنساننى بەختكە يەتكۈزەلمەيدىغان دىنلاردۇر. بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلى شۇكى خرىستىيان دىنىنى تۇتقان ياۋروپا ئەللىرى، ئۇزۇن زامان باغلىنىپ، ئېتقاد قىلىپ ياشىغان خرىستىيان دىنىنى ئىنكار قىلىپ، باش تارتىپ، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۇنىڭ يوللىرىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتمىگىچە مەدىنيەتكە، تەرەققىياتقا يېتەلمىدى. خرىستىئان دىنىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن ئۇلار مەلۇم جەھەتتىكى ئازغۇنلۇقتىن، باتىللىقتىن قۇتۇلدى. ئەگەر ئىنسانلار! توغرا يول كۆرسىتىدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق، توغرا ۋە راست بولغان يەككە ـ يىگانە الله تائالانىڭ دىنىنى ئىزدىمەكچى بولسا، ئۇنداق دىن شەكسىز ۋە جەزمەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىدۇر. ئۇ دىنىنى ئۇنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ئۆزئىچىگە ئالغان. قۇرئان الله تائال تەرەپتىن چۈشكەندىن تارتىپ بىرەر ھەرپى كېمەيتىۋېتىلمىگەن، بىرەر ھەرپ قوشۇلۇپ قالمىغان، بىرەر سۆز ئۆزجايىدىن يۆتكەلمىگەن. بىرەر ئىبارىتى ئۆزى ئىپادىلەيدىغان مەنىدىن چىقىپ كەتمىگەن، بىر مىڭ تۆت يۈز يىل ئۆتكىنىگە قارىماي ھازىر ھۆشكەندەك ساقلانغان قۇرئاننى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنىدۇر.

بۈگۈنكى ئىنسانىيەت دۇنياسىنى قۇتقۇزىشقا، ئۇنى خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا، ئىنساننىڭ ئېسىل ئادەملىكىنى، پەزىلەتلىك ئىنسانلىقىنى يوقاتقان، ماددى يولىنىڭ مىھنىتىدىن خالاس قىلىشقا پەقەت ئىسلام دىنى كېپىللىك قىلىدۇ. ماددىغا ئىشىنىش يولى ئىنسانىيەتنى بىر نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان، ئاچچىق ـ تاتلىقنى بايقىيالمايدىغان، قەدىرسىز، ھۆرمەتسىز بىر سايمان ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئىسلام ئىنسانلارنى ئەنە شۇنداق تۆۋەن ئورۇندىن كۆتۈرۈپ ئىلىپ چىقىپ ھۆرمەتكە، قەدىر ـ قىممەتكە، بەختكە ئىگە قىلىدۇ.

شۇڭا ئېيتىمىزكى: ئى ئەقىللىق ئىنسانلار! ئىسلام دىنغا كىلىڭلار! ئۇ سىلەرنىڭ دەردىڭلارغا دەۋا بولىدۇ. سىلەرنى ئازغان يىرىڭلاردىن قۇتقۇزۇپ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئىسلامغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلىڭلار. ئۇنىڭ تۈزۈمىگە بويسۇنۇڭلار، ئۇ سىلەرنى قۇتقۇزىدۇ، بەختكە يەتكۈزىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار تەجرىبە قىلىپ بىقىڭلار، تەجرىبە چوڭ ھۆججەتتۇر.

# پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە تەربىيە قىلغۇچىسى بولغان اللہ تائالاغا ئىشىنىش

اللہ تائالانىڭ بارلىقى ۋە مەئبۇدلىقى، تەربىيە قىلغۇچى ئىكەنلىكى توغۇرسىدا دەلىل سورۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاسان ۋە توغرا يول بولسا ئىنساننىڭ ئۆز ئەقلىگە ھۆرمەت قىلىش يولىدۇر. شەئىيلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ يوقۇلۇشى ھەققىدە ئەقىل چىقارغان ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىش يولىدۇر.

ئالەمنى ياراتقان اللہ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنى تونۇش، بويسۇنۇش، يېقىنلىشىش، اللہ تائالا باشلىغان يولنى چىڭ تۇتۇش، اللہنىڭ ياخشى بەندىلىرى ماڭغان يولدا مېڭىش لازىملىقىغا ئەقىلنىڭ ئوچۇق ئاشكارە چىقارغان ھۆكمىمۇ ئاشۇ قوبۇل قىلىنىدىغان توغرا ھۆكۈمدىندۇر. ئەقىلنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالايلى، ئەقىل ئۆزىنىڭ دەلىللىرىنى ئوتتۇرغا قويسۇن. مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلسۇن، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ اللہغا ۋە ئىسىملىرىگە، سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ۋە اللہغا بويسۇنۇش، قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق باشلىغان يولنى تۇتۇش ۋە ئەگىشىش لازىملىقى توغۇرسىدىكى ئاخىرقى ھۆكۈمىنى چىقارسۇن، قىنى!

ئەقىل ئۆزىنىڭ ئېنىق سۆزى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: بىزگە سايە سېلىۋاتقان ۋە كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقان ۋە ئۇنى بىز ساناپ بولالمايدىغان بىزگە يىراقلىقى ۋە ئېگىزلىكىنىڭ چېكى بولمىغان مۇشۇ ئاسمان ئەمىلىيەتتە بار، ئۇنى ئىنكار قىلىش ھېچ قاچان مۇمكىن ئەمەس. شۇ ئاسماننى كىم پەيدا قىلدى؟

يەنە ئەقىل ئېيتىدۇ: بىز ئۇنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقان زېمىن ئەمىلىيەتتە كۆز ئالدىمىزدا بار. ئۇنى ئىنكار قىلىشنىڭ مەنىسى يوق. زېمىننى كىم پەيدا قىلدى؟ ئەقىل يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئالەمدە بار بولغان جانلىق مەخلۇقلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ۋە تۈرلىرى باشقا ـ باشقا، ئەڭ يۇقىرىسى بولغان ئىنساندىن تارتىپ ئەڭ تۆۋىنى بولغان ھېرى، چۈمۈلە، ئۆمۈچۈككە قەدەر ھەممىسى ئەمىلىيەتتە دۇنيادا بار، ھەر قايسىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزى ۋە سەزگۈرلۈك ۋە تەرتىپلىك ھايات تۈرمۇش يوللىرى ۋە ئۆز نەسلىنى ساقلاش يولى بار، بۇنى ئىنكار قىلىشقا ئامال يوق. بۇلارنى كىم پەيدا قىلدى؟ بۇلارغا ھاياتنى كىم بەردى؟ رىزقىنى كىم ياراتتى؟ رىزىق ئىزدەشنىڭ يولىغا كىم باشلىدى؟ رىزىقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەسلىنى، ئۆز ۋۇجۇدىنى ساقلاشنى كىم ئۆگەتتى؟

ئەقىل ئېيتىدۇ: پەيدا قىلغۇچى كىم، ياراتقۇچى كىم؟ رىزىق بەرگۈچى كىم؟ پىلانلىق باشقۇرغۇچى كىم؟ تەرتىپلىك ئىدارە قىلغۇچى كىم؟ ئۆز ھۆكۈمىگە بويسۇندۇرغۇچى كىم؟ ئالەمنى ياراتقان كىم؟ ھەر جانلىققا جان بەرگۈچى كىم؟ جان بەرگەندىن كېيىن، جان بىلەن قىسقا مۇددەت پايدىلاندۇرغاندىن كېيىن، جاننى قايتۇرۇپ ئالغان كىم؟ بۇنى سورۇشتۇرۇڭلار، تەپتىش قىلىڭلار، بۇ توغۇرسىدا ئىزدىنىڭلار، بار كۈچۈڭلار بىلەن تەكشۈرۈڭلار، شۇنى بىلىشىڭلاركى: ئالەمدە ھەرگىز ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلدىغان بىرەر نەرسە تېپىلمايدۇ.

ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، رىزىق بەرگۈچىسىنى، پىلانلىق باشقۇرغۇچىسنى ئىزدەڭلاركى: ئۇ

زات ئىرادە ئىگىسى، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى، قۇدرەت ئىگىسى، بىلىم بىلەن قۇدرەت بىلەن يارىتىدۇ. ئىرادە ۋە ھېكمەت بىلەن پەيدا قىلىدۇ. ئىنتىزاملاشتۇرىدۇ. تەدبىر قىلىدۇ. شۇنداق زاتنى سۈرۈشتۈرۈشلەركى ئەقلىڭلارنى ئاددى كۆرمەڭلار، ھەقىر كۆرمەڭلار. سىلەر بىلىسىلەركى، كىم ئەقلىنى يوقاتسا ساراڭ بولىدۇ. بىر نەرسىنى پىكىر قىلالمايدۇ. ئۆز لايىقىدا باھا بېرەلمەيدۇ. ئىرادىسى ۋە تەدبىرى يوقىلىدۇ. نىشانغا ئالماي ئاتىدۇ. سىلەر ئەگەر ئالەمدىكى مەۋجۇت نەرسىلەرنى ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلىدۇ، دېسەڭلار ياكى ياراتقۇچىسىز ئۆزىچە بارلىققا كەلدى دېسەڭلار، بۇ گېپىڭلار سىلەرگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. ھۆرمىتىڭلارنى يوقىتىدۇ، سىلەرنى ئاقىل ئىنسانلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. چۈنكى ھەممە ئەقىللەر ھېچنەرسە ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلالمايدۇ ۋە ياراتقۇچىسىز تاساددىپى پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، دەپ بىرلىكتە قارار چىقىرىدۇ، اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟» دېدى. (سۈرە تۇر 35ـ ئايەت)

كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە سەزگۈ ئەزالار بىلەن بىلىنگەن نەرسىلەر ماددا، ماددا دېگەن قەتئى ھالدا ئۆلۈك، ئۆلۈك نەرسە دېگەن تىرىكنى يارىتالمايدۇ، ئۆلۈك دېگەن بىر كىمگە ھايات بېرەلمەيدۇ، ئۆزۈڭلار ئىقرار قىلىسىلەر.

دەرھەقىقەت ھېچنەرسە ئۆزىنى ئۆزى يارىتالمايدۇ. ئالەمدە بار قانداق مەخلۇققا بىر ياراتقۇچى بولماي بولمايدۇ دېگەن ھەقىقەتنى تېخىمۇ رۇشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىمىزكى: ئالەمدە بار نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدىن ياراتقۇچى تاپالمىغانلىقىمىزدىن چەكسىز بىلىملىك، ھېكمەت ئىگىسى، ھەر نەرسىگە كۈچ يەتكۈچى بىر مەئبۇد اللە تائالانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەي مۇمكىن بولمىدى. ئۇ مەئبۇد بولسا اللە تائالادۇر. ئۇ ئۆزى چۈشۈرگەن كىتابلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بىزگە ئۆزىنىڭ پۈتۈن شەئىيلەرنى ياراتقان ئىگىسى، ئاسمانلارنى، زېمىننى يوقتىن پەيدا قىلغۇچى، ئاسمان زېمىندىكى ھەممە ئىشنى پىلانلىق باشقۇرغۇچى ئىكەنلىكى ۋە ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىنى، ھەر نەرسىگە كۈچى يېتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ مۇقەررەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىز ياشاۋاتقان زېمىنغا نەزەر سالىمىز. زېمىندا بار نەرسىلەرگە قارايمىز، ئۇلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. ئەجىبا بۇلار ئارىسىدا ئۆزىنى ئۆزى ياراتقان ياكى باشقىسىنى ياراتقان بىرەر شەيئى بارمۇ؟ زېمىندىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆزىنىڭ شۇنچە كۆپلىكى ۋە جىنىسلىرى ۋە تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئومۇمىي قانۇننىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ قانۇن بولسا ياخشى تۇپراقنىڭ بولىشى، يېتەرلىك سۇ بولىشى ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى ھاۋا بولىشى ۋە بۇلاردىن بۇرۇن مۇنبەت يەرگە كۆمۈلگەن ئۇرۇق بولۇشىدىن ئىبارەت، دېمەك ئۆسۈملۈكلەر نۇرغۇن ماددىلارغا مۇھتاج. ئۇلار ئۇرۇق، تۇپراق، ھاۋا، سۇدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر بۇ نەرسىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى پەيدا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسا ئۆسۈملۈكلەر ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلدى دېسەك قانداق توغرا بولىدۇ؟ بۇنداق سۆزنى ساراڭدىن باشقا كىشى ياكى ئاشكارە ئەمەلىي ھەقىقەتكە قەستەن كۆز يۇمۇپ ئىنكار قىلىدىغان ئازغۇندىن باشقا كىشى سۆزلىمەيدۇ. زېمىندىكى جانلىق مەخلۇقلارغا قارايلى، ئۇلار بىر ـ بىرگە ئوخشىمىغان ۋە شۇنچە كۆپ بولغان تۇرۇپ، مەۋجۇتلۇق ئالەمدە ئەڭ ئۈستۈن بولغانلىرىدىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەنلىرىگىچە ھېچ قايسى ئۆزىنى ئۆزى يارىتالمايدۇ. ھەممىسى ۋە ھەر قايسى ئۆزىدىكى يارىتىلىش قانۇنىغا بويسۇندۇرۇلغان ھالدا يارىتىلدۇ. پۈتۈن جانلىق مەخلۇقنىڭ ئۇلۇغى ۋە يۈكسەلگەنرەكى بولغان ئىنسانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنى

يارىتىشتىكى قانۇنىيەت بولسا ئاتا ۋە ئانىنىڭ مەنىيسى بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئانا رەھمىدە ئورۇن ئېلىشى، مەنىينىڭ بىر قانچە ھالەتكە ۋە باسقۇچلارغا يۆتكىلىشى، ئەڭ ئاخىردا تۇغۇلۇپ بوۋاقلىق ھالەتتىن ئورتا ياش بولۇپ، قېرىپ ئۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان يارىتىلىشىدا نەچچە باسقۇچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىشتە، چوڭىيىشىدا، ئۆسۈشتە، ئاندىن ئارقىغا چېكىنىپ، قېرىپ، ئۆلۈپ دۇنيادىن يوقۇلىشىدا، ھېچ قايسىنى ئۆزى خالاپ قىلالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى ياراتتى دېمەك ئەقىلگە سىغامدۇ؟ بۇ گەپ ئىنسانغا سىغمىسا ئىنساندىن تۆۋەن ھايۋانلارنى ئۆزىنى ئۆزى ياراتتى دېمەك توغرا بولامدۇ؟ ھەرگىز توغرا بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا ياراتقۇچى ۋە ئىجات قىلغۇچى بولمىسىمۇ يارىتىلىش، بارلىققا كېلىش مۇمكىن دېيىش ئەقىلغا سىغامدۇ؟ ھەرگىز سىغمايدۇ، ھەتتا يارالغان نەرسە ھېرى بولسىمۇ ياكى چاي پىيالىسى بولسىمۇ ئۆزىچە پەيدا بولدى دېيىشكە بولامدۇ؟ ئىنسانلار دۇنياسىدا بىر چوڭ ئىمارەتتەك نەرسىنى كۆرگەن ياكى بىر گىردە نان چاغلىق كىچىك بىر نەرسىنى كۆزگەن، ئاندىن كېيىن بۇنى پەيدا قىلغۇچى يوق. ئۆزىچە بارلىققا كەلدى دەيدىغان ۋە بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈچى ئۇستىنى كۆزى بىلەن كۆرمىگەننى دەلىل قىلىدىغان بىر ئەقلى بار ئادەم بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق. ئۇنداق بولسا الله تائالا ياراتقان كائىناتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، الله تائالانى كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم دەپلا اللهنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ھەر قانداق ئىنسان ئۆزىدە جان بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، ھالبۇكى جاننى كۆرگەن ئادەم يوق. ئادەمدە ئەقىل بارلىقىغا ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما ئەقىلنى كۆرگەن ئادەم يوق. ئىنساندا ئەقىل بارلىقىغا ۋە جان بارلىقىغا ئىشىنىشتە ئەقىل بىلەن جاننىڭ تەسىرىگە، ئالامەتلىرىگە ئاساسەن ئىشىنىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇن نەرسىلەر بار، ئۇ نەرسىلەرنى ياسىغان ھۈنەرۋەننى كۆرمىسىمۇ شۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپلا ئۇنى بىرەر ئۇستامنىڭ ياسىغىنىغا كىشىلەر ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئاشۇ نەرسىلەر ئۆزىنى ئىشلىگۈچى ئۇستامنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. بىرەر نەرسىنىڭ پەيدا قىلغۇچىسىز ئۆزىچە پەيدا بولۇشىنى ئەقىل توغرا دەپ قارىمايدۇ.

الله تائالا قۇرئاندا: «ئىنسان بىر ياراتقۇچىسىز يارالغانمۇ؟ياكى ئۇلار ئۆزى ياراتقۇچىمۇ؟» (سۇرە تۇر 35- ئايەت)دەيدۇ.

تېخىمۇ كۈلكىلىك بىر نەرسە: دىنسىزلار الله تائالانىڭ بەزى مەخلۇقلارنى يارىتىشتىكى قائىدىسىنى تونۇپ قىلىشى ۋە شۇ قائىدىگە ئاساسلىنىپ بەزى مەۋجۇد بار نەرسىلەرنى ئىجاد قىلالىشى بىلەنلا خۇش بولۇپ ئۇچۇپ كېتىشتى. ھەم شۇنى الله تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلالىشىغا دەلىل قىلىشتى. ئۇلار بولۇتلارنىڭ قانداق پەيدا بولۇشىنى، يامغۇرنىڭ قانداق مەۋجۇد بولۇشى، چۈجىنىڭ قانداق رەۋىشتە تۇخۇمدىن چىقىشىنى تونۇدۇق، ئەمدى اللهنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشكە ھاجەت يوق، دېيىشتى. بۇنداق دېيىش ئاجايىپ ئەقىلسىزلىق، ناھايتى ئەخمەقلىق. بۇ بولسا الله تائالانىڭ شەئىيلەرنى يارىتىشتىكى، ئىجاد قىلىشتىكى قانۇنىيىتىدۇر. ئۇنى تونۇش قانداقسىگە اللهنىڭ بار ئەمەسلىكىگە دەلىل بولىدۇ؟ بەلكى ئەكسىچە اللهنىڭ بارلىقىغا ۋە چەكسىز بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ھەر قانداق ئىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئەگەر بۇلاردا بىر ئاز ئەقىل بولسىدى ئۇنداق تونۇمايتتى. بۇلارنىڭ مۇشۇ ئەمەلى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش ۋە تېنىشىدىكى ئەھۋالى خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا مېۋە قويۇلسا ئۇنىڭدىن تويغۇچە يېسە، ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم بۇ مېۋىنى كىم ئەتتى؟ دەپ سورىسا، ئۇ ئادەمگە الله تائالا ياراتتى، دەپ جاۋاب بېرىلسە، ئۇ ئادەم الله تائالانىڭ ياراتقان مېۋىسىدىن ئىبارەت تەسىرىگە قاراپ اللهنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسە، ئاندىن ئۇ ئادەم بىر ۋاقىتتا مېۋىلىك باققا كىرىپ، مېۋە كۆچىتىنى قانداق تىكىشنى، قانداق ئۆستۈرۈلۈشىنى، قانداق نەسىللەندۈرۈشنى كۆرۈپ

بىلىۋېلىپلا مېۋىنى الله ياراتمايدىكەن دەپ ئىنكار قىلغاندەك ۋە اللەنىڭ مېۋىنىڭ ئۇرۇقىنى ۋە مېۋە ئۇرۇقى ئۇنگۇدەك تۇپرىقنى، سۇيى ۋە ھاۋانى پەيدا قىلغىنىنى ۋە باغۋەننى ياراتقىنىنى، ئۇنىڭغا قابىلىيەت بەرگىنىنى، باغۋەنچىلىك ئىلمىنى بىلدۈرگىنىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن باغۋەن ئۇنى تىكىپ، سۇغۇرۇپ، ئۆستۈرۈپ، نەسىللەندۈرۈپ، مېۋە پىششىقلاشنى ئۆگەنگىنىنى ئۇنۇتقاندەك ئىشتۇر. بۇ مىسال دۇنيادىكى شەئىيلەرنىڭ يارىتىلىشىدىكى بەزى ئۇسۇللارنى تونۇشى بىلەنلا اللەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ مىسالىدۇر.

ئۇلارغا سوئال قويۇپ، سىلەر دۇنيادىكى شەيئىلەرنى يارىتىلىشتىكى قانۇنلارنى تونۇيالاپسىلەر، شۇ قانۇننى كىم تۈزگەن؟ شۇ ئۇسۇلنى كىم ئىشقا ئاشۇرغان؟ شەيئىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ۋاستە بولغان ماددىلارنى كىم پەيدا قىلغان؟ دېيىلسە، ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئىشى دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن الله تائالاغا ئىشىنىشتىن ۋە الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن قاچماقچى بولىدۇ. ئەگەر تەبىئەت سۆزلىيەلىگەن بولسا، سىلەر ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار دېگەن بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇ چاغدا تەبىئەتنى ئىنكار قىلاتتى. اللەنى ئېتراپ قىلمىغاندەك تەبىئەتنىمۇ ئېتراپ قىلمايتتى. الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئاندا ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.» دەيدۇ. (سۈرە بەقەرە 21-ئايەت.)

دىنسىزلار الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن، الله كۆرسەتكەن يول ئىچىدە مېڭىشتىن قاچقانلىقى ئۈچۈنلا اللەنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. الله تائالا ئالەمنى ياراتقۇچى، ئالەمنى ئىرادە قىلغۇچى دەپ ئىشىنىش بولسا، ئۆلۈك ھەم قارىغۇ ھەم پاڭ تەبىئەتنى ئالەمنى ياراتقۇچى دەپ ئىشىنىشتىن قىيىن ئەمەس، ئەقىلدىن يىراق ئەمەس. ماددى ئالەمنىڭ ئىلمىنى بىلگەن بىر ئالىم شۇنداق دېگەن «ئەگەر دۇنيا ئۆزىنى ئۆزى يارىتىش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ياراتقۇچىنىڭ خۇسۇسىي سۈپەتلىرىدىن پايدىلىنىپ (ئۆزىگە شۇ سۈپەتنى ئىگىلەپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆزى يارىتىشى لازىم بولاتتى. شۇنداق بولغاندا ئالەم ئۆزى خۇدا دېيىشكە مەجبۇر بولاتتۇق. ئالەمنى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا تەسلىم بولماي بولمايدۇ. ئالەم ئۆزىگە ئۆزى خۇدا بولار بولسا، ئۇ بىر تەرەپتىن ماددى نەرسە بولغان ئاجايىپ بىر خۇدا بولىشى توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ماددى ئالەمنى ياراتقان ۋە ئۆزى ماددى ئالەمدىن بولمىغان بەلكى ئالەمدە ھاكىم بولغان، پىلانلىق ياراتقان، باشقۇرغان بىر اللەغا ئىشىنىشنى ئەلا كۆرىمەن. دارۋىنچىلار دېگەندەك ئالدامچىلىق گەپكە ئىشىنىشنى خالىمايمەن» دەيدۇ. يەنى دىنسىزلارنىڭ «تەبىئەت، زۆرۈرىيەت ۋە تاسادىبى پەيدا بولۇش بۇ ئۈچ نەرسە دۇنيانى ياراتتى، شەيئىلەرگە ھاياتلىق بەردى، قانۇن ئىنتىزامنى تۈزۈپ چىقتى» دېگەن ئالدامچىلىق سۆزلىرىگە ئىشەنمەيمەن، چۈنكى بۇ تونۇش «كۆپ تەرەپلىمىلىك، بىلمىسىزلىك ۋە ئەقىلنىڭ بۇزۇلغانلىقىدۇر» دېدى. ھازىر بىز دىنسىزلارنىڭ تەبىئەت، زۆرۈرىيەت ۋە تاسادىبى پەيدا بولۇش قاتارلىقلار ئالەمنى ياراتقان، ئىدارە قىلغان، تەدبىر قىلغان دېگەن سۆزلىرى ئۈستىدە ئىلمى دەلىل- پاكىتلارنى ئوتتۇرغا قويۇپ مۇنازىرە قىلىمىز.

## تەبىئەت دېگەن نېمە ؟

تەبىئەت دېگەن نۇرغۇن ماددىلاردىن تۈزۈلگەن ئومۇمىي كائىناتنىڭ بىردەك ئاتىلىشى

بولۇپ، ئۇ سوغۇقلۇق، ئىسسىقلىق، ھۆللۈك، قۇرۇقلۇق ۋە بۇلاردىن مۇرەككەپ بولغان ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ماددا نۇرغۇن ئاتوم پارچىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ پىروتۇن، نېترون، ئېلېكترون پارچىلىرىدىن ھاسىل بولغاندۇر. ھۆجەيرە ۋە ئاتومدىن ئىبارەت بۇ نەرسىلەر، بۇ ماددىلار ئۆزىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزى پەيدا قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن تەبىئەت پەيدا بولدىمۇ ؟ ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ نەزىرىيىنى ئەقىل قوبۇل قىلمايدۇ ۋە مۇمكىن دېمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بويالغان، ئەپسانە نەزىيىنىڭ مەقسىتى: تەبىئەت ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆزى پەيدا قىلدى، ئاندىن كېيىن باشقامەۋجۇدادلارنى پەيدا قىلدى، دېمەكچى.

بىر قانچە ئۇششاق زەررىلەردىن مۇرەككەپ بولغان ۋە بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ھەممىگە مەلۇملۇق تەبىئەت ئەنە شۇنداق بىر نەرسە، ئەلۋەتتە، ئۇ ئۇنىڭ ئەسلى ئانىسى بولغان زەررىنى ۋە ھۈجەيرىنى پەيدا قىلغۇچىغا مۇھتاجدۇر ۋە ئۇنىڭغا خۇسۇسىيەتلەرنى قويغان بىر قۇدرەتكە مۇھتاجدۇر. ئۇنداق بولغاندىن كېيىن تەبىئەت دېگەن نەرسە يېڭى پەيدا قىلىنغان ۋە يارىتىلغان نەرسىدۇر. ئۇ ھالدا قانداقمۇ ئالەمنى ياراتقۇچى «ئىلاھ» بولالايدۇ؟ بۇ نەزەرىيە ئوچۇق ئاشكارا ئەقىلدىن ئازغانلىقتۇر. ساق ـ سالامەت بولغان ئەقىللەر ھۆكۈم قىلىدۇكى، نۇرغۇن ھۈجەيرىدىن قوراشتۇرۇلغان ماددا دېگەن ھامان يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان بولىدۇ. چۈنكى، كۆپ نەرسىدىن قوراشتۇرۇلغان نەرسە يېڭىدىن پەيدا قىلىنىدۇ. يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان نەرسىنىڭ پەيدا قىلغۇچىغا مۇھتاجلىقىدا گەپ يوق. پۈتۈن ئەقىللىق كىشىلەر سەۋەپ قانۇنىغا تەسلىم بولغاندۇر. ماددىنىڭ بارلىقىقا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ھەركىتىمۇ سەۋەپسىز ئەمەس. ماددىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەلەپ قىلغان سەۋەپ بولسا، ئەزەلدىن بار بولغان اللهدۇركى، ئۇ الله ماددا ئەمەستۇر. ئەگەر الله ئەزەلدىن بار بولمىسا ئىدى، ئۇمۇ يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ ماددا بولاتتى. ماددا دېگەن نەرسە ئۆلۈكتۇر. ئۆلۈك نەرسە تىرىك نەرسىنى قانداق يارىتالايدۇ؟

ئەقىلگە ئوچۇق مەلۇمكى، ئۆزىدە يوق نەرسىنى كىشىگە بەرگىلى بولمايدۇ. مەيلى ھاياتتەك ئەتىۋار نەرسە بولسۇن، مەيلى يوقۇلۇشتەك ئېتىۋارسىز نەرسە بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆزىدە بولمىسا باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ.

اللهتالانى ئەسلەشتىن ۋە اللهنىڭ كىتابى (قۇرئان)نى مۇلاھىزە قىلىشتىن خەۋەرسىز قالغانلىقتىن كۆڭلى ۋە پىكرى ئىككىلىنىپ قالغان بىر بۆلۈك ئادەملەر ئالدىنىپ كەتكەن بۇ ئويدۇرمىنى (يەنى ياراتقۇچى، ئىجاد قىلغۇچى ماددى دېگەن ئويدۇرمىنى) ۋە ھەق ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان تۇقۇلما نەزەرىيىسىنى بىكار قىلىدىغان ئەمەلىي پاكىت شۇكى، ئاسمان، زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقلار، زەررىدىن سەييارىلەرگە قەدىر شەيئىلەردىكى ئاجايىپ يارىتىلىش ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى، بۇلارنىڭ قەتئىي ھالدا ئۆلۈك، قارىغۇ تەبىئەت تەرەپتىن يارىتىلمىغانلىقىغا ياكى ئىلمىدىن، پىلان، تەدبىردىن خالىي ھالدا تاسادىپە (ئۆزىچىلا، ئۇشتۇمتۇت) يارىتىلماستىن بەلكى ئىلمىلىك، پىلانلىق، ھېكمەتلىك الله تائالانىڭ توغرا بىر مەقسەتتە ياراتقانلىقىغا، ھۆجەيرە زەررىلەرنى يارىتىپ، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ چوڭ ۋە كىچىك مەخلۇقلارنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئىنتىزاملىق يارىتىپ، كەسكىن قۇدرەت بىلەن باشقۇرۇۋاتقىنىغا دەلىلدۇر.

## تاساددىبىي پەيدا بولۇش دېگەن نېمە؟

دارۋىنچىلار، ئاسمان، زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەر ئۆزىدىكى شۇ گۈزەللىك ئاجايىپلىق ۋە تەرتىپلىك ھالىتى بىلەن ئۆشتۇمتۇتلا پەيدا بولۇپ قالغان، بۇ مەخلۇقلارنىڭ مۇنداق پەيدا بولۇشىدا بىرەر مەقسەت، ئىرادە، پىلان يوق، دېمەكچى بولىدۇ.

بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلەشتىن ئادەم خىجىل بولىدۇ. بۇنىڭغا نەزەر سېلىپ يۈرۈشمۇ بىكار بىھۇدە ئىش.

بۇ كۈلكىلىك، ئاجايىپ نەزەرىيىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى شۇكى:

«مىلىيون يىللار بەلكى مىليارت يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زەررىلەرنىڭ ئەسلى بولغان ھۈجەيرىلەر ئۆزىچىلا بىر ـ بىرى بىلەن ئەپلىشىپ قېلىپ، يەر يۈزىدە ھايات ھۈجەيرىلەر پەيدا بولغانمىش، يەنە مىليون يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھايات ھازىرقىدەك گۈزەل ۋە مۇكەممەللىشىپ قالغانمىش، بۇندىن باشقا بىرەر ئىرادە ۋە نىشان بولماستىن، ھۈجەيرىلەر ئۆشتۇمتۇت بىر ـ بىرىگە ئۇچىرىشىپ، ئەپلىشىپ، قۇرۇشۇپ قېلىش بىلەن ئالەم ۋە ھايات پەيدا بولغانمىش». خۇداسىزلار بۇ كۆز قاراشنى، ۋەھىمى پەرەزلەرگە ۋە بۇزۇق قىياسلارغا ئاساسلىنىپ ئويلاپ چىققانكى بۇ گەپلەرنى ئەگەر باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، خۇداسىزلار ئۆزى ھەرگىز ئىشەنمەس ئىدى. سەۋەپ: خۇداسىزلار «كۆز بىلەن كۆرمەيدىغان ھېس بىلەن بىلىنمەيدىغان نەرسىگە ئىشەنمەيمىز » دەپ ئۆزى دەۋا قىلىدۇ يۇ، يەنە ئۆزلىرى ئۆز پىرىنسىپىدىن چىقىپ پەرەز ۋە تەخمىنەن، مۆلچەرلەرگە ئىشىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئەپسانە، باتىل سۆزلىرىنى راۋاجلاندۇرماقچى. ئۇلار ئەقلىدىن ئازغانلىقتىن، شەئىيلەر ئۆشتۇمتۇت پەيدا بولغان، ئۆشتۇمتۇت ئۆزىچىلا پەيدا بولغانلىق تۈپەيلىدىن ھايات ۋە كائىنات پەيدا بولغان دېيىشىدۇ. بۇ كۈلكىلىك ئەخمىقانە سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشنىڭ سەۋەبى، الله تائالاغا ئىشىنىشتىن قېچىشتۇر. اللهغا بويسۇنۇش ۋە ئىسانىيەت ئىنتىزامغا كىرىپ قېلىشتىن قېچىش ئۈچۈن (باشباشتاق ياۋايى بىر مەخلۇق بولۇۋېلىش ئۈچۈن) اللهنى ئىنكار قىلىشتۇر.

ئۆلىمالار، ئالەمدىكى مەخلۇقلارنىڭ تاسادىپى پەيدا بولۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئويدۇرما، بۆھتاننى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بىر مىسال بايان قىلىپ، بۇ مىساللار ئارقىلىق بۇ ئۆلۈك، قارىغۇ، ۋەھىمى، خىيال ئاساسىدىكى نەزەرىيىنى بىكار قىلىپ تاشلىدى.

1. ئالەمدىكى ئاجايىپ مەخلۇقلار ھېچكىمنىڭ ئىرادە، تەدبىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىچىلا ماددىلىرى ئۇچىرىشىپ، كېلىشىپ قېلىپ پەيدا بولغان، دېگۈچىلەرنىڭ ھالى بولسا بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەم ئېيتىدۇ : «بىر يەردە بىر باسما زاۋۇتى بار ئىدى. بىر ساندۇققا كىتاب بېسىشقا يەتكۇدەك ھەرىپ قاچىلانغان ئىدى. تۇيۇقسىزلا يەر تەۋرەپ ساندۇقتىكى ھەرىپلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپتۇ. ئۆزىچىلا ھەرپلەر قۇرۇشۇپ قېلىپ، ئىلمى بابلارغا، پەسىللەرگە بۆلۈنگەن بىر كىتاپ بېسىلىپ مەيدانغا چېقىپ قالدى»دېگەندەك. ياكى «بىر قارىغۇ ئادەم بارىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر تاختىغا بىر دانە يىڭنە قويۇلدى. ھىلىقى قارىغۇئادەمنىڭ قولىغا مىڭ دانە يىڭنە تۇتقۇزۇلدى ۋە قارىغۇ ئادەمگە تاختىغا چۇقۇپ قويغان يىڭنىگە قولىڭىزدىكى يىڭنىلەرنى بىردىن ئېتىڭ. بىرىنچىسى ئىككىنچىسىنىڭ كۆزىگە كىرىپ، رەتلىك تىزىلىپ قالسۇن »دېگەن ئىدى. قارىغۇ ئادەم ھېچنىمىنى كۆرمەي قارسىغىلا يىڭنىلارنى ئاتقىلى تۇردى. يىڭنە ئۆزىچىلا بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە كىرىپ رەتلىك تىزىلىپ قالدى» دېگەنگە ئوخشاشلا كۈلىلىك ئەخمىقانە گەپتۇر . بۇ ئىككىلى تۈرلۈك ئىشقا ئەقلى بار ئادەم ئىشىنەمدۇ؟ بۇنى ئەقىل قوبۇل قىلمىسا «ئالەمدىكى ئاسمان، زېمىن، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئىنسان، ھايۋان، ھاشارەت، دەرەخ، تاغ، مەئدەن، ئۇچار قۇش قاتارلىق سانساناقسىز مەخلۇقلار ۋە ئۇلاردىكى ئايرىم ـ ئايرىم شەكىل، خۇسۇسىيەت، ئىنتىزاملارنى ئۆشتۇمتۇت ئۆزىچە پەيدا بولۇپ

تەرتىپلىك ھالدا ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ» دېمەك ئەقىلگە ئۇيغۇنمۇ؟ مۇنداق ئەپسانە ۋە ئەخمىقانە گەپلەرگە ئەقىلدىن ئازغان ساراڭ ئادەم ئىشەنسە كېرەك. دارۋىنچىلارنىڭ كۆز قارشىدا زۆرۈرىيەت (ئېھتىياج) دېگەن نەزەرىيىسىمۇ تاساددىپىيلىقتا ئوخشاش نەزەرىيىدۇر.

## زۆرۈرىيەت دېگەن نېمە؟

دىنسىزلارنىڭ «شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولغان نەرسىنىڭ بىرسى زۆرۈرىيەت (ئېھتىياج). بۇسۆزنىڭ مەنىسى: ئالەمدىكى شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بولغان، مەسىلەن، زىراپە دېگەن ھايۋاننىڭ بوينىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۇنىڭ ئېگىز دەرەخلەردىن ئوزۇقلىنىشى زۆرۈر بولغانمىش، بېلىقنىڭ سۇ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرۈشكە بولغان ھاجىتى ئۇنىڭغا سۇ ئۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان، قانات قىلتىرىقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولغانمىش» ۋەھاكازا.

بۇلارنىڭ مۇنداق باتىل قالايمىقان گەپلەرنى قىلىپ جۆيلىشىنىڭ سەۋەبى، ئالەمنى ياراتقان الله تائالاغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتكە دۈچ كېلىشتىن قېچىشتۇر. ئۇنداق بولماي راست، ئەمەلىيەتنى سۆزلىگەن بولسا ئىدى. زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئەمەس، الله تائالانىڭ مەخلۇقلىرىغا قىلغان ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتى سەۋەبىدىن دېيىشى كېرەك ئىدى.

مەسىلەن: بالا تۇغقان ئانىنىڭ بالىسى تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ ئەمچىكىدىن سۈت بېرىۋاتقىنىغا قارىمامدۇ؟ بالىنىڭ سۈتكە بولغان ئېھتىياجى سۈتنى پەيدا قىلدىمۇ؟ ياكى ئانىسى ئۆزى پەيدا قىلدىمۇ؟ ياكى بالىغا بولغان اللهنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمىتى قىزىل قاننى ئاق سۈتكە ئايلاندۇرۇپ بەردىمۇ؟ كېيىن پەيدا بولىدىغان زۆرۈرىيەت ئۆزىدىن بۇرۇن ئەمچەكنى ۋە سۈتنى ياراتقانمۇ؟

تېخى تۇغۇلمىغان بالىنىڭ قورساقتا تۇرۇپ كىندىككە تۇتاشقان نوكەش نەيچە ئارقىلىق ئوزۇقلانغىنىنى ئويلاپ كۆرمەمدۇ؟

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىسى ئۇنىڭ غىزاسىنى ئەمچەكتە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ۋە بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى شورىشى ئۈچۈن الله تائالانىڭ يول كۆرسەتكىنىگە، تاماق، مېۋە، كۆكتات بىلەن ئوزۇقلىنىش ھالىتىگە يەتكەنگە باقمامدۇ؟

ئەركەك ھايۋانلارنىڭ الله ئورناتقان جىنسىي ئالاقە قىلىش تەبىئىتىنىڭ تۈرتكۈسى بىلەن چىشى ھايۋانلارنى مەلۇم چاغدا قوغلاپ بوغاز قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنى گۆش، سۈت، قايماق، سېرىق ماي بىلەن تەمىنلىشى، ئىنسان ھاياتى داۋامىدا ئېھتىياجلىق بولغان ئاساسىي غىزاسىنى تولۇقلاپ بېرىشىدىكى الله تائالانىڭ ئىلتىپاتىنى ئويلاپ كۆرمەمدۇ؟

دۇنياغا ئەڭ كېيىن يارىتىلغان ئىنساننىڭ ئېھتىياجى ئۆزىدىن بۇرۇن ئەركەك ھايۋانلارغا تەبىئەت. چىشى ھايۋانلارغا ئەمچەك، سۈت ياراتقاچ تۇرغانمۇ؟ ياكى، ھايۋانلار ئۆز تەبىئىتىنى ۋە ئۆز خىسلىتىنى ئۆزى ياراتقانمۇ؟ ياق، ئىلىم پىلان، تەدبىر ۋە مەرھەمەت ئىگىسى الله تائالا ئىنسان ئۈچۈن ئالدىن پىلانلاپ ياراتقان دېسەك ئەمەلىي ھەقىقەت بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەنجۈر مېۋىسىنى چاڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئەنجۈر مېۋىسىدىن يەنە بىرىگە ئۇچۇپ كىرىپ ئىنسان ئۈچۈن تاتلىق ئەنجۈر مېۋىسى يېتىشتۈرۈشكە خىزمەت قىلىۋاتقان، بىر خىل چىۋىنغا قاراپ باقمامدۇ؟ بۇ كىمنىڭ ئىلتىپاتى؟

ھاۋادىكى شامالغا قاراپ باقمامدۇ؟ بۇلۇتنى شامال قانداق ھەيدەپ يۈرۈيدۇ؟ بۇلۇت دېگەن يەر

يۇزىدىكى ھۆل نەرسىلەردىن، دېڭىزلاردىن ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەن قويۇق بۇس بولۇپ بۇنى الله تائالا ھاۋا بوشلۇقىغا تارقاتقان. ھاۋادا مەلۇم مىقدار قويۇقلىشىپ، بىر مىقتار سۇزۇك، تاتلىق سۇنى كۆتۈرۈپ، الله بۇيرۇغان يەرگە ياغدۇرىدۇ. بۇ سۇ بىلەن قۇرۇق زېمىنلار كۆكلەپ ئادەم ۋە ھايۋان يېمىلىكلىرى ئۇنىدۇ. ئادەملەر ئۇچۇن دانلىق، مايلىق زىرائەتلەر، كىيىم ـ كېچەك خام ئەشيالىرى، مېۋە، كۆكتاتلار چىقىدۇ.

ئېيتىڭلارچۇ! ئەمچەككە سۇتنى قايسى زۆرۈرىيەت پەيدا قىلدى؟ ھايۋانلارنىڭ نەسىللىنىشىدە قايسى زۆرۈرىيەت بار؟

بىر خىل چىۋىن پەيدا بولۇپ، ئەنجۇرنىڭ ئەركەك ماددىسىنى چىشى ماددىسىغا قوشۇپ، نەسىلەندۇرۇپ ئەنجۇر بولدۇرشىدا قايسى زۆرۈرىيەت بار؟ دېڭىزلاردىن ئۆرلىگەن پارلارنى بۇلۇتقا سىڭدۇرۇپ، قويۇقلىشىپ، سۇ تامچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، شاماللارغا بۇلۇتنى ھەيدىتىپ، ئېھتىياجلىق زېمىنلارغا پايدىلىق مىقتاردا، مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ياغدۇرۇپ، يەرنى كۆكلىتىپ خىلمۇ ـ خىل مېۋە، غىزالارنى چىقىرىشنى قايسى زۆرۈرىيەت پىلانلىغان؟ بۇلار زۆرۈرىيەتنىڭ ئىشى ئەمەس. پەقەت الله تائالانىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان مەرھەمىتىدۇر. الله ھە نەرسىگە ئۆزىگە لايىق جىسىم ۋە شەكىل بەرگەن ۋە ھەممىگە ھايات يولى كۆرسەتكەندۇر. بۇ بەھسىمىزنى (تەتقىقاتىمىزنى) تۆۋەندىكى ئەقلى پاكىت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز:

ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار، ئىنسانلاردىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل نەرسىنىڭ «ئەزەلدىن بار ئەمەس، يىڭىدىن پەيدا قىلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىگە ماددىچىلارمۇ تەسلىم بولغان ۋە ئىنسان بۇ ئۈچ تۈرلۈك مەخلۇقنىڭ ئىچىدە ئەڭ كېيىن پەيدا قىلىنغانلىقىغىمۇ قايىلدۇر. بۇلارنى كىم پەيدا قىلغان؟ دەپ سوئال قىلىنىدۇ، بۇسوئالغا ئۈچ تۈرلۈك جاۋابنىڭ بىرىنى بەرمەي مۇمكىن ئەمەس.

1. بۇلارنى الله تائالا پەيدا قىغان دەپ جاۋاب بېرىش.

2. بۇ نەرسىلەر ئۆزىگە خاس ھۇجەيرە، زەررە، ماددىلاردىن مەلۇم ئىرادە، مەقسەت ۋە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق پەيدا بولغان دەپ جاۋاب بېرىش، يەنى ماددىلار، سۇجەيرىلەر ئۆزى پىكىر قىلىش، پىلان قىلىشىپ بىرلىككە كېلىپ، شەيئىلەرنى ئۆزىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن ياساپ چىققان، دەپ جاۋاپ بېرىش.»

3. شەيئىلەر ئۇشتۇمتۇت، ئۆزىچىلا مۇشۇنداق پەيدا بولغان، زەررىلەردىن تاساددىيى، تۇيۇقسىز بىر ـ بىرىگە ئۇچرىشىپ مۇئەييەن مىقتاردا، مەخسۇس ۋەزىيەتتە توپلىشىپ قېلىپلا، ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە باشقىلار پەيدا بولۇپ قالغان، دەپ جاۋاپ بېرىش.

ئاقىللار ئويلاپ كۆرۈڭلار! بۇ ئۈچ جاۋابنىڭ قايسى توغرا؟ 2ـجاۋابنى دىنسىزلار ئۆزىمۇ رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قايىل بولمايدۇ. چۈنكى بۇ جاۋاب ماددىغا مەقسەت، ئىرادە ئىسپاتلاپ قويىدۇ. ھالبۇكى دىنسىزلار ماددىدا مەقسەت، ئىرادە دېگەن نەرسە يوق، دەيدۇ. 3ـجاۋابنى بېرىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شەيئىلەرنىڭ غەرەزسىز، پىلانسىز، ئۇشتۇمتۇت، ئۆزىچىلا پەيدا بولۇش نەزەرىيىسىنىڭ باتىل ۋە بۇزۇق خىيال ئىكەنلىكى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتتۇلدى.

پەقەت بىرىنچى جاۋاب قالدى، ئۇ بولسا ھەممە شەيئىنى الله تائالا ئۆزىنىڭ ئومۇمىي قانۇنى بويىچە ياراتتى، دېگەن جاۋابدۇر. بۇنىڭ بىلەن دارۋىنچى دىنسىزلارنىڭ خۇداسى بولغان تەبىئەت، تاساددىبىيلىق ۋە زۆرۈرىيەت دېگەن نەرسىلىرىنى ئىنكار قىلىپ (يوققا چىقىرىپ) ئالەمنى ئىلىم، تەدبىر، ھېكمەت (پەلسەپە)گە ئۇيغۇن ياراتقان بىر اللهغا ئىشىنىش لازىم بولدى.

ھازىر الله تائالانىڭ بارلىقى ئەقلى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، اللهغا ھەممە مەخلۇقنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرگۈچى ۋە ھەممىنىڭ ئىتائەت قىلىشىغا تېگىشلىك مەئبود دەپ

ئىشىنىش كېرەك بولغاندىن كېيىن، شۇ ﷲ تائالانى قەتئىي تونۇپ ئۇنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە كەسكىن ئىشىنىشىمىز كېرەك!

## ﷲ جەللە جالالۇھۇنى تونۇش ۋە تونۇشتىكى مۆمىنلەرنىڭ دەرىجىلىرى

ﷲ تائالانى تونۇشنىڭ بىر قانچە مەرتىۋىسى بار، مۆمىنلەر ﷲ تائالانى تونۇشتا مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ﷲنى تونۇشتا قانچىكى تەرەققىي قىلسا، ﷲ تائالادىن شۇنچە قورقىدىغان، ئەيمىنىدىغان، سۆيىدىغان، بويسۇنىدىغان، يېقىنلىشىدىغان، يېقىنلىق ئىزدەيدىغان بولىدۇ.

ﷲ تائالانى تونۇشنىڭ بىرىنچى تۆۋەن دەرىجىسىدە ﷲ تائالاغا ئىشەنگەن پەننى بىلىم ئىگىلىرى بولۇپ، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ﷲغا ئىشىنىشى ۋە ئۇنى تونۇشى ئاسمان زېمىندىكى مەخلۇقلارنىڭ قانداق مۇكەممەللىكىدە ۋە ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە يارىتىلغانلىقىغا نەزەر سېلىش ۋە دەلىلنى ئاساس قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇدرەتلىك ۋە بىلىملىك، ئىرادىلىك بىر ياراتقۇچىغا ئىشىنىدۇ. ﷲ تائالانى ئىلىم، قۇدرەت، ئىرادە، ھېكمەت ۋە تەدبىر ئىگىسى دېگەن سۈپىتى بىلەن تونۇيدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ﷲغا بولغان مەھەببىتىنى ۋە قورقۇشىنى ۋە يېقىنلىق ئىزدىشىنى ﷲ ئالدىدا مەرتىۋە تېپىشنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئىسىم، سۈپەتلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ﷲنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ﷲ تائالانى لايىقىدا تونۇيالمايدۇ. بۇلار ﷲ تائالاغا تەزىم قىلغىنى ۋە مۇھەببەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنىڭ بۇ دۇنيادا پايدىسىنى كۆرىدۇ. ئاخىرەتتە ئازابى يەڭگىلراق بولۇشقا پايدىسى بولىدۇ.

ﷲ تائالانى تونۇشنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسى بولسا: كىشىلەرگە ئەگىشىپ، ئىشەنگەنلەرنىڭ مەرتىۋىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزىدىكى تەبىئىي ھالىدىكى ئىشىنىش ۋە ﷲ تائالانىڭ بارلىقىغا دالالەت قىلغان مەشھۇر خەۋەرلەرگە ئاساسەن ئىشىنىش بىلەن مۆمىن بولغانلاردۇر. بۇلارنىڭ ﷲنى تونۇشىدىكى دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدۇر. بۇنداق كىشىلەردە ﷲدىن قورقۇش بەك ئاز بولىدۇ. ﷲغا مۇھەببەت قىلىشمۇ، ئەيمىنىشمۇ ئاز بولىدۇ. بۇلار بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىدىن ئاممىۋى كىشىلەردۇر.

ئۈچىنچى مەرتىۋە ﷲنىڭ شەرىئىتىگە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تونۇشى بولۇپ، ئۇلار ﷲنى تونۇش ۋە ئىشىنىشتە ئەڭ ئۈستۈن مەرتىۋىدىدۇر. چۈنكى شەرىئەتكە ئىشەنگۈچىلەر ﷲ تائالانى ﷲنىڭ ئۆز خەۋىرى بىلەن ﷲنى تونۇغۇچى ۋە ﷲنىڭ ئەمرىنى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن تونۇيدۇ. ﷲ ئۆزىنى تونۇتۇش ئۈچۈن تۇرغۇزغان دەلىل، ئىسپات بىلەن تونۇيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ﷲنى بەك سۆيىدىغان، ئۇنىڭدىن بەك ئەيمىنىدىغان، ئۇنىڭغا ئىزچىل ھالدا بەك بويسۇنىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنى ﷲ تائالا قۇرئاندا «ﷲ تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن ئۆلىما (بىلىملىك) لەرلا اللادىن بەك قورقىدۇ» دەپ بايان قىلدى. (سۇرە فاتىر 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

تۆتىنچى مەرتىۋە نەبى ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ ﷲنى تونۇش مەرتىۋىسى بولۇپ، اللاغا ئىشىنىش، سۆيۈش، قورقۇش، باش ئېگىش، ﷲنىڭ يولىدا ئۇدۇل مېڭىشىدا يۇقىرىقى مەرتىۋىلەردىن تولۇق ۋە مۇكەممەل مەرتىۋىدۇر. ﷲغا ھەقىقىي قۇل بولۇش ﷲنىڭ تەربىيەت

قىلغۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچى ئىكەنلىكىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشىدا كامىل مەرتىۋىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئەخلاقى ساپ ۋە ﷲغا ئەلچى بولۇشتىنمۇ بۇرۇن گۇناھقا بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش، ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ﷲنىڭ ئەمرىنى (يولىنى) كىشىلەرگە يەتكۈزۈش شەرىپىگە ئىگە قىلىنغاندىن كېيىنمۇ گۇناھ ۋە خاتالىقتىن ساقلىنىشنى قولغا كەلتۈرگەن ھەم ئەقلى دەلىل ۋە ئويلاش، چۈشىنىشتىن ھاسىل قىلغان تونۇشنى ۋە شەكسىز بىلىشنى قولغا كەلتۈرگەن زاتلاردۇر. ئۇلارغا ﷲ تائالادىن كەلگەن ۋەھيي ۋە بېرىلگەن مۆجىزىلەر ﷲنىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنى تونۇشتىن ئىبارەت كۆپ خۇسۇسىيەتلەر ھاسىل بولغاچقا، ئۇلار ئىشىنىشىدە بەك كامىل، جەزمىيىتى كۈچلۈك، ﷲغا بەك مۇھەببەتلىك ۋە ئىتائەتچان، بەك قورقۇدىغان ۋە ئەيمىنىدىغان زاتلار بولغان. ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ رەھبىرى ۋە ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: ئىشنى ئەڭ مۇكەممەل، تونۇشى ئەڭ يۇقىرى بولغان ۋە پەيغەمبەرلەردىن قالسا پۈتۈن خەلقدىن ئىمان ۋە مەرىپەتتە مۇكەممەل بولغان ئەسھابلىرىگە قاراپ «ﷲغا قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى: مەن ﷲنى ھەممىڭلاردىن بەك بىلىمەن ۋە ئۇنىڭدىن بەك قورقىمەن» دېگەن ئىدى. بۇخارى ۋە مۇسىم رىۋايىتى.

ﷲ تائالانى تونۇشنىڭ ئالدىنقى يولى ئەقىل بىلەن توغرا يول تېپىشتۇر.

ساق ـ سالامەت بولغان ئەقىل، تۈيغۇ ئەزالار بىلەن بىلىنىدىغان ياكى ئەقىل بىلەن بىلىنىدىغان بىرەر نەرسىگە ھۆكۈم چىقارسا ئۇنىڭ ھۆكمى ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ. ھېس بىلەن ياكى ئادەت بىلەن ۋە ياكى ئىستىقرا (تەكشۈرۈش) بىلەن قىلىنغان بەزى ھۆكۈملەر بۇزۇلۇپمۇ كېتىدۇ. مەسىلەن، كۆز بىر نەرسىنى كۆرۈپ ئۇنى بار دەپ ياكى ھەركەتلىنىۋاتىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلسا خاتا ھۆكۈم قىلىپمۇ سالىدۇ. قۇلاق بىرەر ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇ ئىنسان ئاۋازى ياكى ھايۋان ئاۋازى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ـ يۇ، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە چىقىپ قالىدۇ. تېتىش، پۇراشمۇ ئاشۇنداق. ئېغىز بىر نەرسىنى، ئاچچىق، تاتلىق دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەكسىچە چىقىپ قالىدۇ. پۇراش قۇۋۋىتى بىر نەرسىنى «خۇشپۇراق ياكى سېسىق» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ھۆكۈم خاتا چىقىپ قالىدۇ. تەجرىبىنى ئاساس قىلغان ئادەملەرنىڭ قىلغان ھۆكىمىدىمۇ خاتالىق يۈز بېرىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق قىلغان ھۆكۈمدە تېخىمۇ كۆپ خاتالىق بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانغا ھەرقانچە كۆپ ئىلمىي قۇۋۋەت بېرىلسىمۇ ھەممە نەرسىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا تەجرىبە مۇلاھىزە، سېلىشتۇرۇش ۋە تەخمىنىگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلغان كىشىلەرنىڭ ھۆكمىدە خاتالىق كۆپ بولىدۇ.

ئەمما ئىنساندا ئەقىل ساق ـ سالامەت بولسا، ئۇ ئەقىلنىڭ قىلغان ھۆكۈمى بۇزۇلمايدۇ. بىر نەرسىگە بۇ نەرسە بار بولماي مۇمكىن ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلسۇن ياكى بولۇش بولماسلىقى مۇمكىن ياكى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلسۇن، شۇ ھۆكۈم توغرا چىقىدۇ. ئەقىلنىڭ «بۇ بار بولماي مۇمكىن ئەمەس» دەپ قىلغان ھۆكۈمىدىن بىرسى سەۋەب بىلەن ھاسىل بولىدىغان نەرسىگە سەۋەب بولماي بولمايدۇ، دىگەن ھۆكۈمدۇر.

ساغلام ئەقىلنىڭ خاتالىقىدىن ساقلىنىشى بولسا زۆرۈر بولغان ۋە نەزەرىيىۋى بولغان ھۆكۈملەردە باراۋەردۇر. ئەقىلنىڭ زۆرۈرى بولغان ھۆكۈملىرىدىن بىرى، بىر دىگەن ئىككىنىڭ يېرىمى، ئەر كىشى ئايال كىشى ئەمەس، توشقۇزۇلغان قاچا بىكار قاچىغا ئوخشىمايدۇ، دىگەن ھۆكۈملەر بولۇپ، بۇ ھۆكۈملەر ئويلانماستىن، دەلىل ئىزدىمەستىن بىلىنىدىغان ھۆكۈملەردۇر.

ئەقىلنىڭ نەزەرىيىۋى ھۆكۈملىرىدىن بىرى، ئۈچ دېگەن 24 نىڭ 8 دىن بىرى، 1 دېگەن 12 نىڭ 6 دىن بىرىنىڭ يېرىمى. ئالەم يېڭىدىن پەيدا بولغان نەرسە، سەۋەبتىن كېلىدىغان نەرسىگە سەۋەپ بولماي قالىدۇ دىگەن ھۆكۈملەر بولۇپ، ئەقىلنىڭ بۇ ھۆكۈملىرى ئوبدان ئويلاپ

بېقىش بىلەن مەلۇم بولىدۇ. لېكىن بۇ ھۆكۈمدە قەتئىي خاتالىق يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا ئەقىل تاپقان توغرا يول ﷲ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ﷲنى تونۇشقا ئەقىلنىڭ قانداق ھۆكۈم چىقارغانلىقى توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئىلمىي يەكۈنلەرنى بايان قىلىمىز.

**1ـ سەۋەب قانۇنى**

ئەقلى بار ئىنساندا ئورنىشىپ كەتكەن بىر تونۇش بار، ئۇ بولسا، قانداق بىر جىسىمنىڭ ياكى ھالەتنىڭ ياكى خۇسۇسىيەتنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن ئۆزگىرىشىگە بىر سەۋەب بولماي مۇمكىن ئەمەس. ھېچقاچان ھېچنەرسە بۇ قانۇندىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى ھەر كىم بىر يەردە قويۇلغان بىر قاچىنى ياكى ياسالغان بىر سايماننى ياسىغان كىشى چوقۇم بار دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. قاچىنىڭ ئۆزىچە قويۇلۇپ قېلىشىنى، سايماننىڭ ئۆزىچە ياسىلىپ قېلىشىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ تونۇيدۇ.

ھەر قانداق ئادەم جەزمەن شۇنداق ئىشىنىدۇ. ئۇنداق ئەمەس (ئۆزىچە بولغان) دەپ كىشىنى قانائەت قىلدۇرالمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق سايماننى ياسىغۇچى ئۇستا بار، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ياكى بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا ئۆزگەرتىلگەن ھەر نەرسىگە ئۆزگەرتكۈچى بىر سەۋەب بولماي مۇمكىن ئەمەس دەپ ئەقىل ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ قانۇن ياكى ئەقىلنىڭ ھۆكۈمى پۈتۈن ئالەمنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا ئوخشاش ئىجرا بولىدۇ. ماددا بولسۇن، ھەرىكەت بولسۇن، قايسى تۈرلۈك مەخلۇق بولسۇن پەيدا بولۇشىدا ۋە ئۆزگىرىشىدە بىر تەسىرلىك سەۋەبى بولماي بولمايدۇ. ئۇ سەۋەبنىڭ تولۇق يېتەرلىك بولۇشى لازىم. سەۋەبسىز ھېچنەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ.

ئاجايىپ، مەقسەتلىك، ئىنتىزاملىق يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىشتىكى پۇختا ـ مۇستەھكەملىك ۋە ئۆزگەرتىشتىكى پىلان تەدبىرنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرىدىن قارىغاندا پۈتۈن ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە مەخلۇقنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلغان سەۋەبنىڭ ئىرادە، قۇدرەت، بىلىم، پەلسەپە ئىگىسى بولۇش لازىمدۇر. چۈنكى ئالەمنى ياراتقۇچى سەۋەبتە مەزكۇر خۇسۇسىيەتلەر تولۇق بولمىغاندا مۇنداق مۇكەممەل يارىتىش، ئاجايىپ مۇنتىزىم، پۇختا، پىلانلىق يارىتىش ھاسىل بولمايتتى. ھەممە مەخلۇقنى يارىتىشقا يېتەرلىك بولغان سەۋەبنىڭ تەبىئەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى تەبىئەتتە ئىرادە مەقسەت، بىلىم، پەلسەپە يوق، تاسادىپىي پەيدا بولۇشمۇ سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەقىلنى ھەيران قىلارلىق تەرتىپلىك يارىتىشتا ئۆزىچە بولالمايدۇ. ماددىلارنىڭ بۇنداق مۇكەممەل ۋە ئاجايىپ تەرتىپلىك يارىتىشتا ئۆزىچە توپلىشىپ، كېلىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

زۆرۈرىيەت ئېھتىياجمۇ سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ سەپسەتىنى ھەر قانداق ئەقىللىق كىشى مازاق قىلىدۇ. تۈكۈرۈپ تاشلايدۇ. ئالەم خەلقىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى خىلمۇ خىل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان يېتەرلىك سەۋەب يالغۇز ﷲ تائالادۇر، ساغلام ئەقىل، گۈزەل ئىسىملىرى، ئالىي سۈپەتلىرى بولغان ﷲ تائالانىڭ بارلىقىغا ئۆزىنىڭ بۇزۇلمايدىغان توغرا ھۆكۈمىنى چىقاردى. ﷲنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگۈچىلەر ئەقىلنىڭ بۇ توغرا ھۆكۈمى ئارقىلىق ئىشەندى.

ئى يېڭى دەۋر كىشىلىرى، سىلەر ئەقلىڭلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار، ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلار ھەر قانچە تەرسالىق قىلسىمۇ ئۇنى ھەرگىز يوق قىلالمايدۇ، غەلبە ھامان ھەقىقەتكە مەنسۇپ!

**2ـ ۋاجىپلىق قانۇنى**

ۋاجىپلىق قانۇنى: ﷲ تائالانىڭ بارلىقىغا ئەقلىي دەلىل كۆرسىتىش، ئىشىنىش، تونۇش ۋە

بويسۇنۇش، يېقىنلىشىش لازىملىقىغا دەلىل كۆرسىتىشنىڭ يوللىرىدىن بىرىدۇر. بۇ قانۇننىڭ ھەقىقىتى توغرىسىدا مۇنداق ئېيتىلىدۇ: «پۈتۈن كائىنات ئاسمان ۋە زېمىن ۋە ئۇ ئىككىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە جانلىقلار ۋە جانسىز مەخلۇقلار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار، ئادەملەردىن ئىبارەت ھەممىنىڭ ئەزەلدىن بار بولۇشى لازىم ياكى ئەزەلدىن يوق بولۇشى لازىم. ياكى بار بولۇشىمۇ، يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ ئۈچ خىلنىڭ بىرى بولماي بولمايدۇ. ساغلام ئەقىلنىڭ ھۆكۈمى شۇ، بۇ ھەممە ئاقىللارمۇ تەسلىم بولغان ھەقىقەتتۇر. ئەزەلدىن بار بولۇشى لازىم بولغان نەرسىنىڭ ماھىيىتى شۇكى: ئۇنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماسلىق ئەقىلگە زىت كېلىدۇ.

بار بولۇشى، يوق بولۇشى ھەرئىككىسى مۇمكىن بولغان نەرسە شۇكى: ئۇنى بار دەپ خىيال قىلىشمۇ، يوق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ئەقىلگە زىت كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا: ئالامدە بار مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئۈچىنىڭ قايسى قىسمىدىن؟ جاۋاپ: كائىناتنىڭ ئەزەلدىن بار بولۇشى لازىم ئەمەس. چۈنكى بۇلار ئەسلىدە يوقلىقى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقىلگە زىت ئەمەس. كائىنات ئەزەلدىن ئەبەدكىچە يوق نەرسىمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇ مانا كۆز ئالدىمىزدا ئەمەلىي مەۋجۇت تۇرۇپتۇ، ئالەمدىكى كائىناتنىڭ ئەزەلدىن بولۇشى ياكى ئەبەدى يوق بولۇشى لازىم ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ بار بولۇشىمۇ، يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن نەرسىلەردىن ئىكەنلىكى ئېنىق.

بىز ئېيتىمىزكى: كائىناتلار بار بولۇشىمۇ، يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن بولغان نەرسىلەردىن ئىكەن ۋە ئەمەلىيەتتە بار ئىكەن. ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كىم تەلەپ قىلدى ۋە قوللىدى؟

جاۋاب بېرىمىزكى: كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلغان سەۋەب بار ئەلۋەتتە. چۈنكى سەۋەبكە باغلىق بولغان نەرسىنىڭ سەۋەبسىز بار بولۇشى ئەقىلگە زىتتۇر. ئۇنداقتا، كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلغان سەۋەب نېمە؟ تەبىئەتنىڭ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنى قوللىغۇچىدا مەقسەت ۋە ئىرادە بولۇشى كېرەك. تەبىئەتچىلەر ئۆزىمۇ تەبىئەتتە ئىرادە، مەقسەت دېگەن نەرسە يوق دەيدۇ. شۇنداق، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشىمۇ سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپەن پەيدا بولۇپ قالغان نەرسىدە مۇنداق گۈزەللىك، كېلىشەلمەسلىك، تەرتىپ ۋە ئىنچىكە ئۆلچەم، مۇستەھكەملىك بولمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ بار بولۇشىنىڭ ھەممە شارائىتىنىڭ مۇۋاپىق كېلىشى ئۆتكۈر ئەقىل، كاتتا ئىرادە، پىلان تەدبىر، پەلسەپە بولۇشىغا باغلىق، كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زۆرۈرىيەت سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن  ئەمەس. بۇ بەك ئورۇنسىز سۆز، چۈنكى زۆرۈرىيەتنى كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبى دېيىش بىر خىيالىي گۇماندۇر خالاس. زۆرۈرىيەت دېيىلگەن نەرسىنىڭ الله تائالانىڭ مەخلۇقلارغا قىلغان ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتى ئىكەنلىكىنى باشتا سۆزلىدۇق. الله تائالانىڭ مەرھەمىتى بولسا، ھەر نەرسىگە ئۆزىگە لايىق تەن قۇرۇلۇش بەردى. ئۆز بارلىقىنى مۇكەممەل قىلىش، ھاياتىنى ئاخىرغىچە ساقلاش يولىنى كۆرسەتتى. ئۇنداق بولسا، كائىناتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە  قوللىغان سەۋەب پەقەت الله تائالادۇر، ئۇ ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە غالىبتۇر. كائىناتى بار بولغان الله تائالا بەك قۇدرەتلىك، ئىلىملىك، تەدبىرلىك، كەلگۈسىنى بىلگۈچى ھەممىگە غالىب بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ياراتقان بۇ ئالىمى ۋە مەخلۇقلىرى شۇنچە گۈزەل، رەتلىك، پىلانلىق، مۇستەھكەم، پۇختا، كام ـ كۈتسىز بارلىققا كەلگەن.

الله تائالانىڭ ئالىم، قادىر، تەدبىرلىك، ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ نەمۇنىسى ۋە ئەمەلىي پاكىتى بولغان مەخلۇقلارنى ئويلاپ كۆرگەن ئەقلى بار ئىنسان ئەلۋەتتە اللهنى تونۇيدۇ ۋە

ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلايدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا بېغىشلايدۇ.

**3- يېڭىدىن پەيدا بولۇش قانۇنى**

ئالەمدىكى بارلىق جانلىق مەخلۇقلارنىڭ يېڭى پەيدا بولغانلىقى، ئىنساننىڭ ھەممىدىن كېيىن پەيدا قىلىنغانلىقى بوگۈن شەكسىز ئىسپاتلاندى، ئالەم تەكشۈرۈش ئالىملىرى، يەر قاتلىمىنى تەكشۈرۈش ئالىملىرى بۇ قارارنى بېكىتتى. بۇ قارار بىلەن ئالەمدىكى ھەممە مەخلۇق ئەزەلدىن يوق ئىدى. كېيىن پەيدا قىلىندى، دېگەن سۆز مۇقىملاشتى. بىر شەيئى بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئەزەلدىن بار ھەم يېڭى پەيدا بولغان بولمايدۇ، بىر نەرسىنىڭ بىر بۆلىكى ئەزەلدە بار، بىر بۆلىكى يېڭى پەيدا بولغانمۇ بولمايدۇ، مۇنداق بولۇشى ئەقىلگە زىتتۇر. پۈتۈن كائىناتنىڭ يېڭى پەيدا بولغانلىقىغا قايىل بولغان ئىكەنمىز (قايىل بولماي بولمايدۇ، تەبىئەت پەرەسلەرمۇ قايىل)، ئۇ چاغدا ئالەمنى يوقتىن بار قىلغۇچى بىر يېتەرلىك سەۋەب بارلىقىغا تەسلىم بولۇشىمىز لازىم. يېڭىدىن پەيدا بولغانلا نەرسىنىڭ سەۋەبسىز پەيدا بولۇشى ئەقىلگە زىت كېلىدۇ. ئەقىل ئىگىسى بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن. بۇ ئالەمدىكى مىسلىسىز ئىنتىزام، پىلان يىراقنى ئويلاش، ھەممىگە ئۇيغۇنلۇق، ئالەمنى پەيدا قىلغان سەۋەبنىڭ ھەممىگە يېتەرلىك ۋە قۇدرەتلىك، ئىلىملىك، ئىرادە ۋە مەقسەتلىك، پەلسەپىلىك ۋە پىلانلىق بىر مۇكەممەل سەۋەب ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ سەۋەبنىڭ ئەزەلدىن بار بولغانلىقىنى، ئىككىنچى بىر سەۋەبكە مۇھتاج ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئىدى، سەۋەبلەرنىڭ سانى توختىلماسلىقى، ياكى كېيىنكى سەۋەب ئۆزىدىن بۇرۇنقى سەۋەبكە سەۋەب بولۇپ قېلىشى لازىم بولىدۇ. بۇنى ئەقىللەر راۋا كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەم مەخلۇقلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يېتەرلىك بولغان، ئەزەلدىن بار ۋە ئەبەدى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سەۋەب، الله تائالا ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى.

يېڭى پەيدا بولۇش قانۇنىدىن ئىبارەت مۇشۇ خاس قانۇن بىلەن الله تائالانىڭ بارلىقىنى ئەقىل ئىسپاتلىدى. شۇڭا اللاغا پۈتۈن كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە ئالەم خەلقىنىڭ باش ئىگىسىگە لايىق بولغۇچى زات دەپ ئىشىنىش لازىم بولدى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ۋە ئۇ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى تاشلاش بىلەن، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بەخت - سائادەت تېپىشنى، قىيامەت كۈنى مەرھەمىتىگە يېتىشنى ئىزدەپ ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم بولدى.

**4- تەرتىپ، تۈزۈم قانۇنى**

بۇ پۈتۈن كائىنات ئاسمان ۋە زېمىن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق شەيئىلەرگە تولۇق نەزەر سېلىپ ئويلىنىش ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ياكى كۆز يۇمۇش، بىلمەس بولۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان چوڭ بىر ھەقىقەتنى ئىزاھلاپ (چۈشۈندۈرۈپ) بېرىدۇ.

بۇ بولسا مۇشۇ ئىنچىكە ئىنتىزام بولۇپ، زەررىدىن ئاسمان پىلانىتلىرىغا قەدەر پۈتۈن ئالەم ئۇ ئىنتىزامغا باغلانغان. بۇنداق دەھشەتلىك ۋە ئەقىلنى ھەيران قىلىدىغان تەرتىپ - تۈزۈمنىڭ تاسادىپىي ئۆزىچە بولۇپ قېلىشىنى ياكى خىمىيۋى تەسىراتتىن ۋە ياكى دارۋىنچىلار خىيال قىلغاندەك مىليون يىللاردىن بېرى داۋام قىلغان ماددا ھەركىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇشىنى ئەقىل توغرا دەپ قارىمايدۇ.

پۈتۈن مەخلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تەرتىپ - تۈزۈمنىڭ ئىرادىسىز، مەقسەتسىز، بىلىمسىز، پىلانسىز، ئاقىۋەتنى ئويلىمايلا ئۆزىچە بولۇپ قېلىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ۋە باتىلدۇر.

ئاسماننىڭ يارىتىلغىنىغا، پۇختا، مەزمۇتلىقىغا، يەر يۈزىدىن قانچىلىك يىراقلىقتا

ئىكەنلىكىگە، كەڭلىكىگە، يۇلتۇزلارنىڭ سانىغا، ئورۇنلىرىغا، ھاۋا بوشلۇقىدا ئايلىنىۋاتقان پىلانىتلارغا، قۇياشنىڭ نۇرىغا، ئاينىڭ يورۇقلىقىغا چوڭقۇر نەزەر سېلىش، ئەقلى بار ئادەمگە ئۇلۇغ قۇدرەتنىڭ، ئىلىمنىڭ، ئىرادە، مەقسەت، كەسكىن پىلاننىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پاكىت بىلەن ماددىچىلارنىڭ قالايمىقان جۆيلىگەن ئەپسانىلىرى يوقۇلىدۇ. ئەقىللىق ئىنسان مەخلۇقلارنى تەربىيلەش سۈپىتىگە ۋە ئىلاھلىق سۈپىتىگە ئىگە الله تائالانىڭ بارلىقىغا تەسلىم بولىدۇ.

زېمىنغا دىققەت بىلەن قاراش، زېمىننىڭ قانداق يارىتىلغىنىغا، قۇرۇقلۇقنى قورشاپ تۇرغان دېڭىزلارغا، دەريالارغا ۋە ئۈنىگىدىكى تاغلارغا، چۆللەرگە، ئېگىز دۆڭلەرگە، تۈزلەڭلىكلەرگە، ئۆسۈملۈكلەرگە، دەرەخلەرگە، ھەر تۈرلۈك ھايۋانلارغا، ئادەملەرنىڭ جىنس، تىل، رەڭدە ئوخشاشماسلىقلىرىغا نەزەر سېلىپ ئويلاش، ئاقىل كىشىنى ئىنكار قىلىشقا، يوشۇرۇشقا، تېنىۋېلىشقا بولمايدىغان بىر ھەقىقەت ئالدىدا توختىتىدۇ. ئۇ ھەقىقەت بولسا، ئالەم خەلقى مۇشۇنداق ئاجايىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەردە ئەلۋەتتە ياراتقۇچى، بىلىملىك، ھەر نەرسىنىڭ كەلگۈسىنى بىلگۈچى بىر زات باردۇركى ئۇ زات الله تائالادۇر. جاھاندا ئۈنىگىدىن باشقا ئىلاھ يوق. ئۈنىگىدىن باشقا تەربىيە قىلغۇچى يوق. الله تائالا مۇشۇ مەزمۇندا: «ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا، ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە، ئۈنىگدا ھېچ قانداق يۇچۇق يوقلىقىغا قارىمامدۇ؟ يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۈنىگدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. اللهغا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (اللهنىڭ قۇدرىتىنى) كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋە (اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق).» سۈرە قاف 6-، 7-، 8-، ئايەتلەر) دېدى.

ئالەمدىكى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇققا نەزەر سېلىش، ھاۋاغا، ھاۋانىڭ يەر شارى ئۈستىدىكى خاسلىقىغا، سۇنىڭ ئەسلى ماددىلىرىغا، ھەر تۈرلۈك مەخلۇقلارغا، زېمىن يۈزىدىكى ۋە زېمىن ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئەركەك، چىشى ئىكەنلىكىگە پىكىر قىلىپ قاراش ئەقىللىق ئادەمنى مەقسەت، ئىرادىلىك، بىلىم، تەدبىرلىك، چەكسىز قۇدرەتلىك، بىپايان بىلىم ئىگىسى بولغان بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا قانائەت قىلدۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىلاھ بولسا ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىب ۋە ھاكىم الله تائالادۇركى، ساغلام ئەقىلنىڭ ئىگىلىرى ئۇ زاتنىڭ بار بولۇشىنى لازىم دەپ بىلىدۇ. جاھاندىكى ھەر بىر زەررە پارچىسى، ئۇ الله تائالانىڭ ئىلىمىنى، قۇدرىتىنى، تەدبىرىنى، ھېكمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**5- ئىنسانغا ئەھمىيەت بېرىش قانۇنى**

الله تائالاغا ئىشىنىش ۋە تونۇشنى لازىم تۇتىدىغان ئەقلى قانۇنلارنىڭ بىرى بولغان ئىنسانغا مەرھەمەت قىلىش قانۇننى ئوتتۇرىدا قويۇشتىن بۇرۇن پۈتۈن ئالەمدىكى ئومۇمىي قائىدىنى سۆزلەيمىزكى، بۇ قائىدە ئاسمان، زېمىن، ھەممە ئالەمگە پىكىر يۈرگۈزمىگەن ۋە تەتقىق قىلمىغانلارغا مەخپىي قالىدۇ. قائىدە شۇكى، جاھاندا ئاساسسىز، پايدىسىز بىر ئىش يوق، ئالەم ھەممىسى راستلىق، ئادىللىق، ئىنتىزام ۋە پۇختىلىق بىلەن تۈرغۇزۇلغان، ئالەم پارچىلىرىدىن بىرەر پارچىمۇ، بىرەر مەخلۇقمۇ مەقسەتلىك بىر پايدىدىن خالىي ئەمەس. مەنپەئەتلىك سىردىن خالىي ئەمەس، جاھاندىكى بۇ راست ئەمەلىيەت ئاسمان، زېمىن، جىمى نەرسىگە نەزەر سالغان، ئويلانغان كىشىگە ئاشكارىدۇر، بۇ ھەقىقەتنى الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم شۇنداق مۇقەررەرلەشتۈرگەن ۋە تەكىتلىگەن.

سۈرە دۇخان 38-،39- ئايەتتە: «ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى

ئويناپ (يەنى بىكارغا) ياراتقىنىمىز يوق. ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.». سۈرە ساد 27- ئايەتتە: «ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنى بىكار ياراتمىدۇق، ئۇ (يەنى ئۇلارنى بىكار يارىتىلغان دەپ قاراش) كافىرلارنىڭ گۇمانىدۇر، كافىرلارغا دوزاختىن ۋاي!» دېدى.

ھازىر بىز الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئەقلى ھۆججەت ۋە الله تائالانى تونۇشنىڭ يوللىرىدىن بىر يول قىلىپ ئوتتۇردا قويماقچى بولغان «ئىنسانغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش» قانۇنىمۇ، يۇقىردىكى ئومۇمىي ئالەم قانۇنىدەك روشەن ۋە مۇقەررەردۇر. «ئىنسانغا مەرھەمەت» قانۇنى ئىككى ھەقىقەتتىن تەركىپ تاپىدۇ.

1. پۈتۈن ئالەمنىڭ ھەر قانداق بىر بىھۇدلىقتىن خالىيلىقى.

2.پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسە، ئالەمدىكى مەخلۇقلار ئىچىدىن قايسى بىر مەخلۇقنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇلغاندۇر.

ئالەمدىكى ئەڭ چوڭ مەخلۇقتىن ئەڭ كىچىك مەخلۇقتا قەدەر ھەممىسى شۇ بىر تۈرلۈك مەخلۇقتا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ بولسا كىشىنى ھەيران قىلىدىغان بىر ئەمەلىيەتتۇر. شۇنچە چوڭ ئالەم ئۆز ئىچىدىكى ئاسمان جىسىملىرى بىلەن، زېمىن مەخلۇقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مەخسۇس بىر يول بىلەن ئالەم مەخلۇقلىرى ئىچىدىن، مەلۇم بىر تۈرلۈك مەخلۇقتا بويسۇندۇرۇلغان، بۇ تۈلۈك مەخلۇق بولسا ئىنساندۇر.

دەسلەپتە ئادەمگە باشقىچە بىر ئاڭلىنىدىغان بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇقلاشتۇرىدىغان بىر مىسال شۇكى: كاتتا پادىشاھلاردىن بىرى ئالىي ئىمارەت ياساشقا بۇيرۇغاي، ئىمارەت پۇختا ھەم گۈزەل ياسىلىپ چىرايلىق زىننەتلەنگەي، ئىمارەت ئىچىگە راھەتلىنىش ۋە پايدىلىنىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇقلانغاي. دۇنيادا پادىشاھلار قەسىرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە چىرايلىق ۋە قولايلىق قەسىر بولغاي، ئاندىن كېيىن قەسىرگە ھۆرمەتلىك بىر مېھماننى چۈشۈرۈپ، پادىشاھ مېھمانغا «بۇ ئىمارەتنى سىزگە پۈتۈن ئۆمرىڭىز داۋامىدا بۇ قەسىردىن ۋە نازۇ - نېمەت، ياخشىلىقلاردىن پايدىلىنىپ ياشىشىڭىز ئۈچۈن تەييارلاپ بەردىم» دېگەي. پادشاھ الله تائالادۇر، قەسىر بۇ ئالەمدۇر، مېھمان ئىنساندۇر.

بۇ ئەمەلىيەتنى قۇرئان كەرىم ھەم تەكىتلىگەن، سۈرە جاسىيە 12-، 13- ئايەتلەردە: «اللهنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ اللهنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (يەنى تىجارەت قىلىشىڭلار، بېلىق تۇتۇشۇڭلار، دېڭىز ئاستىدىن ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى سۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن) ۋە (اللهغا) شۈكرى قىلىشىڭلار ئۈچۈن، الله سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىينى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللهنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار.» دېدى.

ئەمدى ئالەمدە ئىنسانغا قىلىنغان ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرىنى بايان قىلىمىز:

**1. ئاسماندىكى ئىلتىپات**

ئاسماندا نۇرغۇن يۇلتۇزلار، قۇياش، ئاي بار، بىز ياشاۋاتقان زېمىننىڭ ئاي ۋە قۇياش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقا يۇلتۇزلارنىڭكىدىن كۆچلۈكرەك، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن زېمىن ئۆگزىسى بولغان ئاسمان زىننەتلەندى. ھاۋا بوشلۇقىدا ئايلىنىدىغان مۇئەييەن مېڭىش يوللىرى بولغان. ئىنچىكە ئۆلچەم بىلەن ئايلىنىدىغان نۇرلۇق ئاي بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆپ

كېچىلىرى ئايدىڭ بولىدۇ، ھەم ئاينىڭ يېڭىدىن چىقىشى، چوڭ - كىچىك بولۇشى بىلەن ئايلار، يىللار، مۇئەييەن ھېساۋاتلار ئايدىڭلىشىدۇ. ئۆتكۈر يورۇق بولغان كۈن بىلەن ئىنسانغا كۈندۈزى يورۇق بولىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز ئايرىلىدۇ، زېمىن كۈندىن ئىسسىقلىق ئالىدۇ، كۈچ قۇۋۋەت تاپىدۇ، قۇياش بولمىسا ئىدى زېمىن توڭلاپ قالاتتى. جانلىقلار ياشاش مۇمكىن بولمايتتى، ئاسماندىكى بوشلۇقتا بۇلۇتلار تۇپلۇشۇپ، كىرىشىپ، تاتلىق سۇلار قار، يامغۇر بولۇپ چۈشۈپ ئىنسانلارغا ھايات ۋە بەخت بەخش ئېتىدۇ. ئېگىز ئاسمانلار، سانساناقسىز يۇلتۇزلار، ئاسمان جىسىملىرى، ئاي ۋە قۇياش ئىنسانلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىنى تونۇشقا يول باشلايدىغان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ھەممىگە قادىر، نىئمىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلى ھۆججەتلەردۇر.

**2.زېمىندىكى ئىلتىپات**

زېمىندا دېڭىزلار، دەريالار، كان بايلىقلىرى، تاغلار، تۈزلەڭلىكلەر، دۆڭلەر باركى، بۇلاردا سۇ ھايۋانلىرى، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى بار. زېمىندا زىرائەتلەر، كۆكتاتلار باركى، بۇلار ئىنسانغا ئوزۇقلۇقتۇر. ھەممىسى ئىنسانغا بېغىشلانغان، ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلغان، زېمىندا ئىنساندىن باشقىسىغا بېغىشلانغان بىرەر نەرسە يوق، ئىنسانغا پايدىسىز بىر نەرسىمۇ يوق.

يۇقىردا ئاسمان، يەر، ھەممە مەخلۇق ئىنسانغا بويسۇندۇرۇلغان، ئىنسانغا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى يىغىندا قىلىپ بايان قىلدۇق، بۇ ئەلۋەتتە ئىنسانغا قىلىدىغان ئىلتىپاتلار ۋە جىمى ئالەمنى ياراتقۇچى الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. الله تائالا ئاۋۋال ئاسمان، زېمىن ۋە ھەممە مەخلۇقنى ياراتتى، (مېھمان كېلىشتىن بۇرۇن، زىياپەت تەييارلىدى) ئاندىن كېيىن ئىنساننى ياراتتى، ئىنسانغا ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قىلىپ ئالەمدىكى ھەممە مەخلۇقنى ئىنسانغا بويسۇندۇردى. ئىنساننى بەك ھۆرمەتلىدى.

بۇ يەردە الله تائالانىڭ ئىنسانغا قىلغان ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قانۇنىنى يەنە بىر قېتىم رۇشەنلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئالەمدىكى ئىنسانغا بولغان مەرھەمەتنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدىن بىرنى سۆزلەيمىز. ئۇ بولسا: ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلاردىكى نەسىللىنىش مەسىلىسىدۇر. بۇ ھەممە ئەقىللىق كىشىلەر قوبۇل قىلغان بىر ئەمەلىي دەلىلدۇر. ھەر بىر ئۆسۈملۈكنىڭ ئەركەك، چىشى بار، چاڭلىنىش ھەم بار. بۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئىلاھى قانۇندۇر. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەركەك چىشىلىرى بىر بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ نەسىللىنىش بىلەن ئىنسانغا دان، مېۋە، كۆكتات (ئوتياش) دىن ئىبارەت ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى بولغان غىزاسى ھاسىل بولىدۇ.

ھايۋانلارنىڭ نەسىللىنىشىدىكى الله تائالانىڭ ئىنسانغا مەرھەمىتى تېخىمۇ ئاشكارىراق. قوشقار بىلەن بۇقا، مەسىلەن: ئۆز چىشىسىنى ئىختىيارسىز ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈيدۇ. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئاجايىپ ئاۋازى بار، نەسىللىنىش تامام بولغاندىن كېيىن بىر - بىرىدىن بىر ئايرىلغانچە چىشى ھايۋان تۇغۇپ قوينىڭ قوزىسى، كالىنىڭ موزىيى سۈتتىن ئايرىلىپ قايتا نەسىللىنىش ۋاقتى كەلگەنگە قەدەر بىر - بىرىگە يېقىنلاشمايدۇ. ئىككىنچى قېتىم نەسىللىنىش ۋاقتى كەلگەندە ئەركەك ھايۋاندا بىر خىل ئىنتىلىش كۈچى پەيدا بولىدۇ. ئىختىيارسىز چىشى ھايۋاننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا باشلايدۇ. ئۆزگە ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. ئاخىرى نەسىللىنىپ توختايدۇ. سوراپ باقايلى: نېمىشقا ۋە كىمنىڭ پايدىسى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟

ئىنسان ئۈچۈن پەقەت ئىنسان پايدىسى ئۈچۈن شۇندان قىلىدۇ، چۈنكى بۇ (ھايۋانلارنىڭ نەسىللىنىشى) بىلەن ئىنسانغا سۈت، قايماق، سېرىق ماي، گۆش، كىيىم - كېچەك (يۇڭ) ئۆي بىساتلىرى ھاسىل بولىدۇ.

ئاخىرقى سۆز: ئاسمان، زېمىن ۋە ھەممە ئالەمدە ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىنسانغا شۇنچە نۇرغۇن ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەر ھەم ئالەمنى ياراتقان، ئىرادىلىك، ئىختىيارلىق، ئىلىملىك، قۇدرەتلىك، مەقسەت ۋە ھېكمەتلىك اللەنىڭ ۋە ئىنساننى ياراتقان، ھەممە ئالەمنى ئىنسان مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرغان الله تائالانىڭ بارلىقىغا دەلىل بولماس بولسا، ھاياتى دۇنيادا ھېچ نەرسە ھېچ نەرسىگە دەلىل بولالمايدۇ، گەپ (نۇتۇق) سۆزلىگۈچى ئادەمگە دەلىل بولالمايدۇ. ھەربىكەت قىلىش جاننىڭ بارلىقىغا دەلىل بولالمايدۇ، بۇ چاغدا ئەقىلنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئالەم خاراب بولۇپ تۈگەيدۇ.

الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالانى تونۇشنىڭ ئىككىنچى يولى «دىن»نىڭ يوليورۇقى بىلەن يول تېپىش

«دىن»نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يول تېپىش يولى ئەقلى، قىياس دەلىل بىلەن دىنىنىڭ شەرئىي دەلىللىرىنى بىرلەشتۈرىدىغان يول دەپ باشتا ئېيتقان ئىدۇق.

بۇ يول الله تائالانى تونۇش ۋە ئىشىنىشنىڭ ئىككى يولىنىڭ چوڭراقى، بۇ يول، يول تاپقۇچىنىڭ روھىنى پاكىز قىلىدىغان ۋە ئىككى ئالەملىك بەختىنى تېپىشقا لايىقلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى ئىشلەشكە تۈرتكە بولىدىغان يول، ئەقىل بىلەنلا يول تېپىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يول توغرا يول تېپىشنىڭ ئىككى يولىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، بۇ گەرچە يول تاپقۇچىنى شەخسى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە كۆڭۈل بىئاراملىقىدىن قۇتقازسىمۇ بۇ يول روھنى پاكلىيالمايدۇ. ئەخلاق (خۇي، ئادەت)نى تۈزەلمەيدۇ. ئىككى ئالەملىك بەختكە لايىقلىيالمايدۇ. شۇنىڭدەك كىشىنى ئاخىرەت ئازابىغا دۇچار قىلىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان كاپىرلىق دائىرىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىرالمايدۇ.

تۆۋەندە «دىن» ئارقىلىق ھىدايەت تېپىش يولىنى ئوتتۇردا قويىمىز. بۇ يول بىلەن ماڭغۇچىنى الله تائالانى توغرا تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ تونۇش كىشىنى ئەقىدىدە، سۆزدە، ھەربىكەتتە توغرا، تۈز بولۇشقا ئىنتىلدۇرىدۇ. بەخىت ـ سائادەتكە، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە مۇكەممەل بولۇشقا تەييارلايدۇ.

سۆز باشلاشتىن بۇرۇن بۇ يەردە ئىككى ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. بۇئىككى ھەقىقەت الله تائالانى تونۇش ۋە تونۇشنىڭ يولى بولۇشىغا تېگىشلىك .

1.الله تائالا ئۆزىنى ئۆزى تونۇغاندەك باشقا بەندىلەر تونۇيالمايدۇ . الله تائالا ئۆزىنى ئۆزى تونۇتقاندەك باشقا كىشى تونۇتالمايدۇ، الله بەك ئۇلۇغ ، قەھرى غەلبىسى كاتتىدۇر.

2.الله تائالانى تونۇشنىڭ مەنبىئى اللەنىڭ كىتابى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. الله تائالا ئۆزىنى ئۆزى كىتابىدا بەندىلىرىگە كەم قويماي تونۇتتى. رەسۇلۇللاھمۇ الله تائالانى تونۇتۇشتا ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزدى. اللەنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى سۆزلىدى. ئاخىرى مۆمىنلەرگە ئۆز رەببىنى تونۇتتى. نەتىجىدە ئۇلار رەببىگە مۇھەببەت باغلىدى، ئىتائەت قىلدى.

قۇرئاندا الله تائالانى تونۇتۇشتا ئوخشاشمىغان يوللار، تۈرلۈك ئۇسلۇبلار بار بولۇپ، بىز ئۇنى مۇشۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

ئۇسلۇبلارنىڭ بىرى شۇكى : الله تائالا مۆمىن ، كاپىر ھەممە بەندىلىرىگە قارىتىپ سۆزلەيدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ، توسىدۇ.

يەنە بىر ئۇسلۇپ : الله تائالا نەبى ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەرگە ئۆزىنى تونۇتۇپ سۆزلەيدۇ، ۋەھيى چۈشۈرىدۇ.

بىر ئۇسلۇپتا : اللەغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنگەن بەندىلىرىگە قارىتا سۆزلەيدۇ، بۇيرۇيدۇ،

تۇسىدۇ، خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئاگاھلاندۇرىدۇ، ھەزەر قىلدۇرىدۇ. پەيغەمبەرلەرنى ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدا ئەلچى قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابلار چۈشۈرۈشى، ئۇلارنى مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈشمۇ بىر تۈرلۈك ئۇسلۇبتۇر.

پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەردىن باشقا ئىنسانلار ئاجىز كېلىدۇ. مىسالنى كۆرسىتەلمەيدۇ، مۆجىزىلەر ئالەمدىكى قانۇن ـ ئىنتىزامغا بويسۇنمايدۇ.

الله تائالا ئۆزىنى تۈرلۈك ئۇسلۇبدا تونۇتۇشىنىڭ تەپسىلى مۇنداق :

1. الله تائالانىڭ ئومۇمىي بەندىلىرىگە قارىتا سۆزى . (سۈرە بەقەرە 21ـ، 22ـئايەت ) «ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. الله سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئەمدى اللهغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى سىلەر (اللهنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر.»

بۇ ئىككى ئايەت الله تائالانىڭ ھەممە بەندىلىرىگە بولغان چاقىرىقىدۇر، ئۇنىڭدا ئۆزىگىلا قۇل بولۇشىمىزنى بۇيرۇيدۇ. اللهغا قىلىدىغان ئىبادىتىمىزگە بىرەر مەخلۇقنى شېرىك قىلىشىمىزدىن تۇسۇشنى مەزمۇن قىلىدۇ. شۇنىڭدەك الله تائالانىڭ ھەممە مەخلۇقنى تەربىيە قىلغۇچى، ھەممىمىزنىڭ بويسۇنىشىمىزغا تېگىشلىك بولغۇچى، ياراتقۇچى تەدبىرلىك باشقۇرغۇچى، رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشنى ۋە پۈتۈن ئادەملەرنى ياراتقىنى، زېمىننى ياشىشىمىزغا مۇۋاپىق ئورۇن قىلىپ بەرگىنى، ئاسماننى مۇئەللەق توختاتقىنى، بۇلۇتتىن قار ياغدۇرۇپ بىزگە رىزىق ۋە ھاياتىمىز ئاساسىنى ئۇندۇرۇپ بەرگىنىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئىككى ئايەت ئىككى تۈرلۈك ئەقلى دەلىلنى ئۆختۇرىدۇ. ھەممە مەخلۇقلىرىنىڭ يېڭىدىن پەيدا قىلىنغانلىقى.

2. الله تائالانىڭ ئىنسانغا قانچىلىك ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەر قىلغانلىقى ، بۇ سۆزلەر باشتا ئىزاھلاندى.

يەنە الله تائالانىڭ ھەممە بەندىلىرىگە قاراتقان سۆزى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەرـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىرـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللهدىن قورقۇڭلار، سىلەـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.»(سۈرە نىسا 1ـ ئايەت )

بۇ چاقىرىقىدا الله تائالا پۈتۈن ئىنسانىنى اللهدىن قورقۇشقا بۇيرۇيدۇ. قورقۇش: اللهنىڭ بۇيرۇغىنىنى تاشلاپ قويۇش ياكى توسقانىنى قىلىش قاتارلىق ئىتائەتتىن چىقىدىغان ئىشنى قىلماسلىقتىن ئىبارەت.

الله تائالا ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلارنى ياراتقۇچى ئىگىسى، رىزىق بەرگۈچى، ھەممە ئىشنى باشقۇرغۇچى ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئىنسانلارغا ياراتقۇچىلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن بىرگە تونۇتىدۇ. ئالەمنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئەقلى دەلىلىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، دېدۇق .

الله تائالا: «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرىش ئۈستىدە قارار ئالدى، الله

كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر- بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)، الله قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى اللهنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر.» (سۈرە ئەئراف 54- ئايەت) دېدى.

بۇ ئىلاھى خەۋەردە الله سۇبهانەهۇ ۋە تائالانى ئۆزىنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئالەمنى ياراتقان، ئەرش ئۈستىدە ھەممىنى باشقۇرغان ئىگىلىك سۈپىتى بىلەن تونۇتۇش بار، يارىتىش ئىدارە قىلىش، ھوقۇقتا يالغۇزلۇق، بەندىلىرىنىڭ ئىبادىتىگە ھەقلىق بولۇشىدا، بەندىلىرىگە قانۇن بەلگۈلەشتە يالغۇزلۇقىنى تونۇتۇش مەزمۇنلىرى سۆزلەنگەن .

شۇنىڭدەك بۇ قۇرئان خەۋىرىدە الله تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئەقلى دەلىل بار. ئۇ بولسا الله تائالانىڭ جىمى مەخلۇقنى يارىتىشقا يېتەرلىك سەۋەپلىكىدۇر. چۈنكى الله تائالانىڭ ياراتقىنى ۋە پىلانلىق باشقۇرۇۋاتقىنى ئالەمدە ئىككى كۆزى بار ئادەمگە ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنداق بولسا، ئالەمنى ياراتقۇچى باشقۇرغۇچى بولماي بولمايدۇ، ياراتقۇچى باشقۇرغۇچى يوق دېيىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇنداق دېيىش ئەقىلغا زىتتۇر ۋە الله تائالانىڭ: «ئى ئىنسانلار! اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن نىئمىتىنى ياد ئېتىڭلار، اللهدىن باشقا سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن رىزق بېرىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچى بارمۇ؟ اللهدىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، (اللهنىڭ ئىبادىتىدىن) قانداقمۇ باش تارتىسىلەر؟» دېگەن سۆزىدۇر. (سۈرە فاتىر 3- ئايەت)

بۇ چاقىرىقىدا الله تائالا ئىنسانلارغا نېمەت بىرىشكە ئۆزى ئىگە (يارىتىش ۋە رىزىق بىرىش نىممىتىگە ئۆزى ئىگە) ئىكەنلىكىنى تونۇتتى ۋە ئۇلاردىن اللهنىڭ نېمىتىنى ئەسلەپ، يالغۇز اللهغا ئىتائەت قىلىش بىلەن شۈكرى قىلىشنى (نىئمەتنى قەدىرلەشنى) تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەت بىلەن ئىتائەت قىلىشغا اللهدىن باشقىسى ھەقلىق ئەمەس ۋە ئۇلارنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ئىگىسى تۇرۇقلۇق، باشقا ئىگىسى يوق تۇرۇقلۇق اللهنىڭ ئىبادىتىدىن يۈز ئۆرىگىنىدىن ئەجەبلەندۈردى.

بۇ چاقىرىق: ئالەمنىڭ يېڭى پەيدا بولغانلىقىنىڭ دەلىلى ۋە ئىنسانغا اللهنىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتىنىڭ دەلىلىدىن ئىبارەت ئىككى دەلىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە الله تائالانىڭ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز - ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» دېگەن سۆزىدە. (سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەت)

بۇ چاقىرىق: الله تائالانى ياراتقۇچى ، تەدبىر قىلغۇچى ، ئىلىم ئىگىسى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار دېگەن سۈپەتلىرى بىلەن تونۇتتى. الله تائالانىڭ ئىنسانلارنى تەدبىرلىك باشقۇرغىنىنىڭ ئەمەلىي پاكىتىدىن بىرى شۈكى: ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى توپلۇشۇپ ياشايدىغان قىلدى. الله خالىسا ئىدى، ئىنسانلار ئۆز بەختىنى تېپىش ئۈچۈن تارقاق، يالغۇز ياشايدىغان قىلىپ قوياتتى. ئۇچاغدا ئىنسانلاردا ئائىلە، جەمئىيەت، مىللەت بولمايتتى. ئۇ ھالدا ئىنسانلار ئىلىمسىز، مەدەنىيەتسىز بەلكى ھۆرمەتسىز، ئىنسانىيەتسىز ھايۋانلار تەقلىدىدە ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ ئايەتمۇ ئالەمنىڭ يېڭى پەيدا قىلىنغانلىقى ۋە

ئىنسانىيەتكە مەرھەمەتنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلدى. سۈرە لوقمان 10-، 11- ئايەتلەردە الله تائالا: «الله ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز ياراتتىكى، سىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەر تەۋرەپ سىلەرنى خاتىرجەمسىز قىلمىسۇن دەپ، يەردە تاغلارنى ئورناتتى، زېمىندا تۈرلۈك جاندارلارنى تاراتتى، بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن زېمىندا تۈرلۈك پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. مانا بۇلار اللهنىڭ (ياراتقان) مەخلۇقاتلىرىدۇر، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭلاركى، اللهدىن باشقا مەئبۇدلىرىڭلار زادى نېمىلەرنى ياراتتى؟ بەلكى زالىملار ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر.» دېدى.

بۇ ئىلاھىي خەۋەردە الله تائالانى ئۆزىگە يالغۇز بولغان مۇكەممەللىك سۈپەتلىرى بىلەن تونۇتۇش بار، ئۇ سۈپەتلەر بولسا، ئاسمانلارنى مەزمۇت ۋە ۋە تارتىشىش قۇۋۋىتى بىلەن ياراتقىنى، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بىر - بىرنى تارتىپ، تۇتۇشۇپ تۇرغىنى، ئادەتتە تونۇلغان تۈگۈرۈك ياكى دىرەكتەك بىر نەرسىگە مۇھتاج بولمىغىنى، زېمىن ئەتىراپىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى تەڭشەپ بېسىپ تۇرسۇن، زېمىن ئەھلى بىئارام بولمىسۇن، زېمىن سىڭايان بولۇپ كېتىپ يەر شارى ئاھالىسى ھالاك بولمىسۇن ئۈچۈن تاغلار بىلەن بېسىپ قويغىنى، يەر يۈزىگە مىڭلارچە تۈرلۈك شەكلى، خۇسۇسىيىتى، پايدىسى ئوخشاش بولمىغان ھايۋانلاردىن پايدىلانغىنى ۋە ئېگىز ھاۋا قاتلىمىدىن سۇ چۈشۈرۈپ زېمىن ئۈستىدىكى پۈتۈن جانلىق مەخلۇقلارنىڭ ئەسلى غىزاسى بولغان ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇندۇرۇپ بەرگىنىدىن ئىبارەت.

بۇ ئىلاھىي خەۋەر الله تائالادىن باشقا مەخلۇقلارنى ئۆزىگە ئىلاھ تىكلىگەنلەرگە: «سىلەرنىڭ چوقۇنغانلىرىڭلار نېمىنى يارىتالىدى؟» دېگەن مۇنازىرىنى مەزمۇن قىلىدۇ ھەم بۇ خەۋەردە ئالەمنىڭ يېڭىدىن پەيدا قىلىنغانلىقى، ئىنسانغا مەرھەمەت، ئالەمنىڭ تەرتىپلىك ئىدارە قىلىنىۋاتقىنى ۋە اللهنىڭ ئەزەلدىن بارلىقىنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. سۈرە زۇمەر 5-، 6- ئايەتتە الله تائالا: «الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەق ئاساسىدا ياراتتى. الله كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ، الله كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، بىلىڭلاركى، ئۇ (يەنى الله ئۆز ئىشىدا) غالىبتۇر. (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) تولىمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر. الله سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى ۋە ھايۋانلاردىن سەككىزنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، الله سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققى قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنى ئاندىن لەختە قان ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ) ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ، ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق اللهغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇنىڭدىن غەيرىيگە چوقۇنۇشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر.» دېدى.

الله تائالا ئۆز كىتابى (قۇرئان)دىكى بۇ ئىككى ئايەتتە بەندىلىرىگە ئۆزىنى ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر بولسا، ھەممە ئالەمنى يوقتىن بار قىلغۇچى، ھەر ئىش، ھەر نەرسىگە كۈچى يەتكۈچى، پىلانلىق ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە غالىپ ۋە مەغپىرەت قىلغۇچى دېگەن سۈپەتلەر شۇنىڭدەك ئىنسانلارغا باشقا مەخلۇقلىرى ئارىسىدا بەرگەن نېمەتلىرىنى، كېچە - كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش بىلەن ئاي، كۈننى زېمىن ئۈستىدە مۇناسىپ ئايلاندۇرۇپ، ئاي بىلەن زېمىننى نۇرلاندۇرۇپ، ئاي بىلەن يىل، ئايلارنى بەلگىلىك بولىدىغان قىلىپ، كۈن بىلەن زېمىننى يورۇتۇپ ئىسسىتىپ، ھاياتقا يارايدىغان قىلىپ بېرىش بىلەن قىلغان مەرھەمىتىنى تونۇتىدۇ ھەم ئىنسانلار سۈت، قايماقلىرىنى ئىچىدىغان، سەپەرلەردە ئۈستىگە

مىنىدىغان، ئىغىر يۈكلىرىنى ئارتىدىغان، گۆشلىرىنى يەيدىغان، يۇڭلىرىدا رەخت ۋە بىسات توقۇپ پايدىلىنىدىغان تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنى يارىتىپ بەرگەن نېمەتنى تونۇتىدۇ.
مۇشۇنداق بۈيۈك سۈپەتلىرى ۋە كاتتا نېمەتلىرى بىلەن ئىنسانلارغا الله ئۆزىنى تونۇتىدۇ ۋە الله ئىنسانلارنىڭ باقىدىغان ئىگىسى، باش ئىگىدىغان مەئبۇدى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارغا اللهدىن باشقا تەربىيىچى، اللهدىن باشقا مەئبۇد يوقلۇقىنى خەۋەر قىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ اللهنى تونۇش، بويسۇنۇش، سۆيۈشتىن يۈز ئۆرۈگىنىدىن، اللهدىن باشقىسىنى سۆيۈپ باش ئىگىپ چوقۇنغىنىدىن ئەجەپلەندۈرىدۇ. بۇ ئىككى ئايەتتە اللهنىڭ ئەزەلدىن بارلىقى، ۋاجىبلىقى، پۈتۈن ئالەمنىڭ يېڭىدىن پەيدا قىلىنغانلىقى، ئالەمدىكى ئىنتىزام، تەرتىپ، ئىنسانلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق، ئالەمنىڭ سەۋەبسىز ئۆزىگە پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئەقلى دەلىللەر ئويلاپ كۆرگەن كىشىگە ئاشكارىدۇر.
سۈرە بەقەردىكى الله تائالانىڭ سۆزىدە: «اللهنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، الله سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) الله جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن اللهنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر. الله يەريۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.» (28ـ، 29ـ ئايەتلەر)
الله تائالا ئۆز كىتابى قۇرئانىنىڭ بۇ ئىككى ئايىتىدە، بەندىلىرىنىڭ اللهنى ئىنكار قىلغىنى ۋە تانغىنىغا ئەجەبلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدە يوقلۇقى، كېيىن نەسىللەندۈرۈش يولى ئارقىلىق تىرىلدۈرگەنلىكى، كېيىن يەنە ئۆلىدىغان، قىيامەت كۈنى يەنە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى، الله ئالدىدا تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى، رەھمىتى بىلەن ياكى ئەدلى بىلەن چارە قىلىنىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.
الله تائالا ئۆزىنىڭ ئىنسانلارغا قانچىلىك غەمخورلۇق قىلغىنى، ئۇلارغا نۇرغۇن نېمەتلەرنى بېرىش بىلەن ياردەم قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشنى دەلىل قىلىپ، ئۆزىنى تونۇتىدۇ.
الله تائالانىڭ خاس بەندىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەرگە قارىتا سۆزلەپ ئۆزىنى تونۇتۇشى، ئۇلارغا ۋەھىي قىلىشى، ئۇلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈرۈشى، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسان ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىشى سۈرە بەقەرەدە: «بىز (ئادەمگە): ⟨ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ ــ ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار(يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزەڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر⟩ دېدۇق.» (35ـ ئايەت) ۋە سۈرە تاھادىكى الله تائالانىڭ سۆزى: «بىز ئىلگىرى ئادەمگە (دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى) تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ (بۇ تەۋسىيىنى) يادىدىن چىقاردى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق چىڭ ئىرادە كۆرمىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: ⟨ئادەمگە (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلىڭلار⟩ دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى، ئۇ (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى. بىز دېدۇق: ⟨ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنۇڭنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپاـ مۇشەققەتتە قالىسىلەر. جەننەتتە سەن ھەقىقەتەن ئاچ قالمايسەن ۋە يالىڭاچ قالمايسەن⟩.» (115ـ ئايەتتىن 118ـ ئايەتكىچە)

الله تائالا بىرىنچى ئايىتىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سۆز قىلىپ: ئادەمنى ئەر، خوتۇن جەننەتتە ئورۇنلۇشۇشقا بۇيرۇدى. جەننەتنىڭ ھەممە يېمەكلىكلىرىنى يەپ ـ ئىچىشكە رۇخسەت قىلدى. پەقەت بىر خىل دەرەختىن توساپ ھەزەر قىلدۇردى. ئىككىنچى ئايەتتە پەرىشتىلەرنى ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، پەرىشتىلەر سەجدە قىلغان، ئىبلىس سەجدە قىلمىغان، باش تارتقانلىقىنى ئاندىن الله تائالا ئادەمگە شەيتاننىڭ دۈشمەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەگەر ئادەم شەيتاننىڭ گېپىگە ئۇنۇسا، ئادەم بىلەن ھەۋۋانى شەيتان جەننەتتىن چىقىرۋېتىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى، لېكىن ئادەم بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۇنتۇپ، چەكلەنگەن دەرەختىن يەپ قويغانلىقىنى بايان قىلدى.

الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان چاقىرىقىدىن بىرسى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا قىلغان چاقىرىقى ۋە چۈشەندۈرگەن ۋەھىيسىدۇر. سۈرە ھۇددا الله تائالا ئېيتتى: «نۇھقا (مۇنداق) ۋەھى قىلىندى: «قەۋمىڭدىن ئىلگىرى ساڭا ئىمان ئېيتقانلاردىن باشقا يەنە ئىمان ئېيتقۇچىلار بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قايغۇرمىغىن.» (36ـ ئايەت) يەنە الله تائالا ئېيتتى: «بىزنىڭ كۆز ئوڭىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن (يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن) ئۇلار چوقۇم (توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ» (37ـ ئايەت) يەنە اللهنىڭ سۆزى: «ئېيتىلدى (يەنى الله ئېيتتى): 〈ئى نۇھ! ساڭا سەن بىلەن (كېمىدە) بىللە بولغانلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىغا بىز تەرەپتىن نازىل بولغان ئامانلىق ۋە بەركەتلەر بىلەن (كېمىدىن) چۈشكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەۋلادىنى (ھاياتى دۇنيادىن) بەھرىمەن قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ قاتتىق ئازابىمىزغا دۇچار بولىدۇ〉» (48ـ ئايەت)

پەيغەمبەرلەرگە قىلغان چاقىرىقلاردىن بىرسى الله تائالانىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قىلغان چاقىرىقى، ئىبراھىمغا ۋە ئوغلى ئىسمائىلغا بەيتۇللانى ياساشنى تاپشۇرۇشى ۋە بەيتۇللانى تاۋاپچىلارغا ۋە دائىم ئىبادەت قىلغۇچىلارغا پاكىز تۇتۇشنى تاپشۇرۇشى، ئىبراھىمغا نىدا قىلىشى، ۋەھيى قىلىشى، سۈرە بەقەرە 124ـ ئايەتتە: «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمىرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى، الله (ئۇنىڭغا): 〈سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشىۋا قىلىمەن〉 دېدى، ئىبراھىم: 〈مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشىۋا قىلساڭ〉 دېدى. الله: 〈مېنىڭ (پېشىۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كافىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ〉 دېدى.»

ۋە الله تائالانىڭ « ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەھيي قىلدۇق» دېگەن سۆزى. (سۈرە بەقەرە 140ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ۋە شۇ چاقىرىقلارنىڭ بىرسى الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چاقىرىقى ۋە ئۇنىڭغا: «مۇسانىڭ رەببى اللهدىن باشقا مەئبۇد يوق» دەپ بىلدۈرۈشى ۋە مۇسانى اللهغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇشى، اللهنى ئەسلەپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشى ۋە الله تائالانى مۇسادىن «ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە؟» دەپ سوئال سورىشى ۋە مۇسانىڭ جاۋاب بېرىشى ۋە الله تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قولىدىكى ھاسىنى تاشلاشقا بۇيرۇشى، بۇ سۆزلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالا بىلەن تۇر تاغ يېنىدا سۆزلەشكەنلىرى ئىچىدە بايان قىلىنغان.

سۈرە تاھادا الله تائالا مۇنداق دېدى: «مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى 〈ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن. مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھىگە قولاق سالغىن. مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) اللهدۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوق، (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن، مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن〉.» (11ـ

ئايەتتىن 14ـ ئايەتكىچە)

ۋە الله تائالانىڭ سۆزىدە: «ئى مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟». مۇسا ئېيتتى: «ئۇ مېنىڭ هاسام ئۇنىڭغا تايىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن قويلىرىمغا غازاڭ قېقىپ بېرىمەن، ئۇنىڭغا مېنىڭ يەنە باشقا ئېهتىياجلىرىممۇ بار».الله: «ئى مۇسا! ئۇنى (يەرگە) تاشلىغىن» دېدى. مۇسا ئۇنى تاشلىۋىدى، ئۇ ناگاهان مېڭىۋاتقان بىر يىلانغا ئايلاندى. الله ئېيتتى: «ئۇنى تۇتىۋالغىن، قورقمىغىن، ئۇنى دەسلەپكى (يەنى هاسىلىق) هالىتىگە قايتۇرىمىز. قولۇڭنى قولتۇقۇڭنىڭ ئاستىغا سالغىن(ئاندىن چىقارغىن)، ئۇ هېچقانداق ئەيىپ ـ نۇقسانسىز هالدا ئاپئاق (نۇرلۇق) بولۇپ چىقىدۇ، (بۇ) ئىككىنچى مۆجىزىدۇر. ساڭا چوڭ مۆجىزىلىرىمىزدىن بەزىسىنى كۆرسىتىمىز. فىرئەۋنگە بارغىن، ئۇ هەقىقەتەن هەددىدىن ئاشتى».مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن). مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن. ماڭا ئائىلەمدىن قېرىندىشىم هارۇننى ياردەمچى قىلىپ بەرگىن. ئۇنىڭ بىلەن مېنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. مېنىڭ ئىشىمغا ئۇنى شېرىك قىلغىن. بۇنىڭ بىلەن بىز ساڭا كۆپ تەسبىه ئېيتقايمىز. ساڭا كۆپ زىكرى ئېيتقايمىز. سەن هەقىقەتەن بىزنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن».الله ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى. (بۇنىڭدىن باشقا) ساڭا يەنە بىر قېتىم ئىنئام قىلغان ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە پەقەت ۋەهى ئارقىلىق بىلىنىدىغان نەرسىلەرنى سالدۇق».(ئېيتتۇقكى) «ئۇنى (يەنى بالىنى) ساندۇققا سالغىن، ئاندىن ئۇنى (ساندۇق بىلەن) دەرياغا تاشلىغىن، دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن، ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىم ۋە ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان (فىرئەۋن) ئېلىپ (باقسۇن)». مېنىڭ قوغدىشىم ئاستىدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان مۇهەببەتنى سالدىم. ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ هەمشىرەڭ (فىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە) بېرىپ: «سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېدى. بىز سېنىڭ ئاناڭ خوش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ، سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ. سېنى مەن مېنىڭ مۇهەببىتىمگە (يەنى پەيغەمبەر قىلىپ ۋەهى نازىل قىلىشىمغا) تاللىدىم. (ئى مۇسا!) سەن ۋە سېنىڭ قېرىندىشىڭ (هارۇن) مېنىڭ مۆجىزىلىرىمدىن ئېلىپ بېرىڭلار، مېنىڭ زىكرىمگە سۇسلۇق قىلىپ قالماڭلار. فىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىڭلار، ئۇ هەقىقەتەن هەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەزـ نەسىهەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (هەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز هەقىقەتەن ئۇنىڭ بىزنى ئالدىراپ جازالىشىدىن ياكى تېخىمۇ هەددىدىن ئېشىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى. الله ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار، مەن هەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن. سىلەر فىرئەۋننىڭ يېنىغا بېرىپ: ’بىز ئىككىمىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسى بولىمىز، ئىسرائىل ئەۋلادىنى قويۇۋەتكىن، بىز بىلەن كەتسۇن، ئۇلارنى قىينىمىغىن. ساڭا بىز هەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ مۆجىزىسىنى ئېلىپ كەلدۇق، توغرا يولغا ئەگەشكەن ئادەم (اللەنىڭ ئازابىدىن) ئامان قالىدۇ.» (سۈرە تاها 17ـ ئايەتتىن 47ـ ئايەتكىچە)

پەيغەمبەرلەرگە خاس بولغان چاقىرىقلاردىن بىرسى الله تائالانىڭ داۋۇت ئەلەيهىسسالامغا قىلغان چاقىرىقى ۋە داۋۇدنى خەلىپە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىشى، داۋۇدنى ئەدلى قىلىشقا،

توغرا، راستلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇشى، كۆڭۈل ئارزۇسىنىڭ كەينىگە كىرىشتىن توسۇشى، الله تائالانىڭ سۈرە ساددىكى سۆزى: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەفسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، اللەنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» (26۔ ئايەت)

پەيغەمبەرلەرگە خاس چاقىرىقلارنىڭ بىرسى: ئەييۇپ ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا ئۆزىدىكى زەرەرنى (خاپىلىقنى) يوق قىلىشقا دۇئا قىلغاندا، الله ئىجابەت قىلىپ زەرەرنى يوق قىلغىنى، يوقالغان بالا ـ چاقا ۋە مال ـ مۈلۈكىنى بەرگىنى، كېسەلدىن شىپا تېپىش ئۈچۈن سۇ ئىشلىتىشكە، ئىچىشكە يول كۆرسەتكەنلىكىنى، قەسىمىنى بۇزماسلىقىغا پەتىۋا يول كۆرسەتكىنى، الله تائالانىڭ سۈرە ساددىكى سۆزىدە بايان قىلىنغان: «بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ): 〈شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا۔ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى〉 دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭغا: 〈پۇتۇڭ بىلەن يەرنى تەپكىن〉 دېدۇق، ئۇ پۇتى بىلەن يەرنى تېپىۋىدى، سۈزۈك بىر بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. (بىز ئۇنىڭغا) 〈بۇ يۇيۇنسىمۇ بولىدىغان ئىچسىمۇ بولىدىغان سوغۇق سۇدۇر〉 (دېدۇق). بىز ئۇنىڭ (كېسەل ۋاقتىدا ھادىسىگە ئۇچراپ يوق بولغان) ئەھلى ـ ئەۋلادىنى (يېڭىدىن) بەردۇق، ئۇلار بىلەن بىللە بىر باراۋەر ئارتۇق بەردۇق، (بۇ) بىزنىڭ نازىل قىلغان رەھمىتىمىزدۇر، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ۋەز۔ نەسىھەتتۇر. (ئۇنىڭغا) 〈قولۇڭ بىلەن بىر باغلام چۆپنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن (ئايالىڭنى) ئۇرغىن. قەسىمىڭنى بۇزمىغىن〉 (دېدۇق). بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمە دېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (اللەغا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر.» (41۔ ئايەتتىن 44۔ ئايەتكىچە)

پەيغەمبەرلەرگە خاس بولغان نىدالار ئىچىدىن الله تائالانىڭ زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان چاقىرىقى ۋە بالا تىلىگەندە يەھيا ئىسىملىك پەرزەنت بېرىشكە خۇش خەۋەر قىلىشى ۋە بالىنىڭ تۇغۇلۇشىغا بەلگە كۆرسىتىپ بېرىشى، الله تائالانىڭ سۈرە مەريەمدىكى سۆزىدە شۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «(الله ئېيتتىكى) 〈ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇشخەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئىسىمداش قىلمىدۇق〉.زەكەرىيا ئېيتتى: 〈ئايالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن؟〉.(نىدا قىلغان پەرىشتە) ئېيتتى: 〈ئىش ئەنە شۇنداقتۇر، پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: بۇ مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، سېنى مەن ياراتتىم، ھالبۇكى، سەن بۇرۇن يوق ئىدىڭ (يەنى سېنى يوقتىن بار قىلغاندەك يەھيانى ئىككىڭلاردىن تۆرەلدۈرۈشكە قادىرمەن)〉. زەكەرىيا ئېيتتى: 〈پەرۋەردىگارىم! (ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا) ماڭا بىر ئالامەت قىلىپ بەرسەڭ〉. الله ئېيتتى: 〈سېنىڭ ئالامىتىڭ (شۇكى) ساق تۇرۇپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن〉. (سۈرە مەريەم 7۔ ئايەتتىن 10۔ ئايەتكىچە)

خاس نىدادىن بىرسى: الله تائانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغان نىداسى ۋە سۆز قىلىشى، ئۇنىڭغا ۋە ئانىسىغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ئەسلىتىشى ۋە ئىسانى روھۇلقۇددۇس (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام)نى ھەمراھ قىلىپ بېرىپ كۈچەيتىشى ۋە ئىسانى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆزى تەرەپكە كۆتۈرۈپ ئەچىقىپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىشى.

سۈرە مائىدەدە: «ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى :ئى مەريەم ئوغلى ئىسا!ساڭا ۋە سېنىڭ ئاناڭغا بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلىگىن، ئەينى زاماندا ساڭا روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن

مەدەت بەردىم». (110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

«ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: 〈ئى مۇسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتىرىمەن، (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن) ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كافىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش (يەنى ئىسانىڭ ئىشى) ئۈستىدە ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن〉.» (سۇرە ئىمران 55- ئايەت)

پەيغەمبەرلەرگە خاس بولغان نىدالاردىن بىرسى الله تائالانىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان نىداسى ۋە خىتابى ۋە ئۇنى پەيغەمبەر قىلىشى. ئۇنى بىر بۆلۈك ئىشلارغا بۇيرۇشى، بىر بۆلۈك ئىشلاردىن توسۇشى، ئۇنىڭغا توغرا يول كۆرسىتىشى، قۇرئاننىڭ كۆپ جايلىرىدا ئۇنىڭغا تەلىمات بىرىشىدۇر. قۇرئان الله تائالانىڭ مۇھەممەد سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسسالامغا چۈشۈرۈپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىگە ئاساسىي قانۇن قىلىپ بەرگەن كىتابدۇر.

سۇرە مائىدەدە الله تائالا: «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ، الله ھەقىقەتەن كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ .»دېدى. (67- ئايەت)

سۇرە ئەھزابتا الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە تائەت - ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق.» (46- ئايەت)

يەنە سۇرە ئەھزابتا الله تائالا ئېيتتى: «ئى پەيغەمبەر! اللهغا تەقۋادارلىق قىلىشنى (داۋاملاشتۇرغىن)، كافىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھى قىلىنغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشكىن. الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ھەممە ئىشىڭدا) اللهغا يۆلەنگىن، الله (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.» (1- ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا سۇرە جاسىيەدە مۇنداق دېدى: «ئاندىن سېنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (رۇشەن) بىر يولدا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. شۈبھىسىزكى، (ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىغا ماسلىشىدىغان بولساڭ) ئۇلار سەندىن اللهنىڭ (ئازابى) دىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ، شۈبھىسىزكى، (دۇنيادا) زالىملارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە دوستتۇر، الله تەقۋادارلارنىڭ دوستىدۇر.» (18-، 19- ئايەتلەر)

3.الله تائالانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قىلغان چاقىرىقى، ئۇلارنى بەزى ئىشلارغا بۇيرۇشى، بەزى ئىشلاردىن توسۇشى، بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىشىدۇر.

سۇرە ئال ئىمراندا الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۇئمىنلەر! اللهغا مۇۋاپىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار. ھەممىڭلار اللهنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى اللهنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)، اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز- ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، الله دىللىڭلارنى بىرلەشتۈردى، اللهنىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆز- ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، الله سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ». (102-، 103- ئايەتلەر)

سۈرە ھەجدە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار.» (77 ـ ئايەت)

سۈرە زۇخرۇفدە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «(ئۇلارغا) ⟨بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم ـ قايغۇمۇ يوق⟩ (دېيىلىدۇ). ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. (ئۇلارغا) ⟨سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار⟩ (دېيىلىدۇ).» (68 ـ ئايەتتىن 70 ـ ئايەتكىچە)

4. اللە تائالا پەيغەمبەرلەرنى تاللىشى ۋە ئۇلارنى خەلقلەرگە اللە تائالا تەرەپتىن اللەنىڭ بۇيرۇق قانۇنلىرىنى يەتكۈزۈشكە، اللەنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۇقتۇرۇشقا، خۇدانىڭ دوستلىرى بولغان بەندىلەرگە خۇدانىڭ رەھمىتى بار دەپ خۇش خەۋەر قىلىشقا، خۇدانىڭ دۈشمەنلىرىگە خۇدانىڭ ئازابى بار دەپ ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا.

جۈملىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچى قىلىنغىنى، سۈرە نۇھتا اللە تائالا مۇنداق دېدى: «بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە: ⟨قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب (يەنى دۇنيادىكى چاغلىرىدا توپان بالاسى ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابى) كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن⟩ دەپ ئەۋەتتۇق. نۇھ ئېيتتى: ⟨ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئەۋەتىلگەن) ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن قورقۇڭلار ۋە اللەغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئۇ بەزى گۇناھكارلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە كېچىكتۈرىدۇ (يەنى ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار اللەنىڭ (ئىنسانغا بېكىتكەن) ئەجىلى كەلگەن چاغدا (ئەجەل) كېچىكتۈرۈلمەيدۇ⟩.» (1 ـ ئايەتتىن 4 ـ ئايەتكىچە)

جۈملىدىن اللە تائالانىڭ ھۇد ۋە سالىھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە سەمۇد گۇروھىغا ئەلچى قىلىپ تەيىنلىگىنى، سۈرە ھۇدتا اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق ھۇد ئېيتتى: ⟨ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سىلەر (اللەدىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن) پەقەت (اللەغا) يالغاننى توقۇغۇچىلار سىلەر⟩. ⟨ئى قەۋمىم! مەن تەبلىغ ئۈچۈن سىلەردىن ئەجىر سورىمايمەن، ماڭا ئەجىر بېرىشنى پەقەت مېنى ياراتقان اللە ئۈستىگە ئالغان، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟⟩.» (50 ـ، 51 ـ ئايەتلەر)

يەنە اللە تائالانىڭ سۆزىدە: «سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق ئۇ ئېيتتى: ⟨ئى قەۋمىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن) ياراتتى، سىلەرنى زېمىندا تۇرغۇزدى، اللەدىن مەغفىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن يېقىندۇر، (دۇئانى) ئىجابەت قىلغۇچىدۇر⟩.» (سۈرە ھۇد 61 ـ ئايەت)

شۇ جۈملىدىن اللە تائالانىڭ ئىبراھىم، لۇت، شۇئەييىپ، مۇسا، ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنى ئەلچى قىلىشى، سۈرە ھەدىددا اللە تائالا مۇنداق دېگەن: «بىز ھەقىقەتەن نۇھنى، ئىبراھىمنى، پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا (ئاتا) قىلدۇق، ئۇلاردىن ھىدايەت تاپقانلىرى بار، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.» (26 ـ ئايەت)

اللە تائالا سۈرە سافقاتتا: «لۇت ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا لۇتنى ۋە ئۇنىڭ

تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇتقۇزدۇق. پەقەت موماي (يەنى لۇتنىڭ ئايالى) نى قالدۇرۇپ ھالاك قىلدۇق. ئاندىن قالغانلارنى (يەنى ئۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان كۇففارلارنى) ھالاك قىلدۇق. (ئى ئەھلى مەككە!) سىلەر ئۇلارنىڭ يەرلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۆتۈپ تۇرىسىلەر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟» (133ـ ئايەتتىن 137ـ ئايەتكىچە)

سۈرە ئەئرافتىكى الله تائالانىڭ سۆزىدە تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنىدۇ: «مەديەن (خەلقىگە) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيىپنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۇ (ئۆز قەۋمىگە) ئېيتتى: ⟨ئى قەۋمىم! اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهدىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەقىقەتەن (مېنىڭ راستلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە كەلدى، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار. (الله پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ) زېمىننى تۈزىگەندىن كېيىن، زېمىندا (گۇناھلار قىلىپ) بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئەنە شۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر⟩.» (85ـ ئايەت)

يەنە الله تائالانىڭ سۆزىدە: «بىز مۇسانى ھەقىقەتەن ئايەتلىرىمىز (يەنى اللهدىن نازىل بولغان دىنىي ئەھكاملار) ۋە رۇشەن دەلىللەر (يەنى مۆجىزىلەر) بىلەن فىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار فىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، فىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى. فىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان!.» (سۈرە ھۇد 97ـ، 98ـ ئايەتلەر)

شۇنىڭدەك مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز مىللىتى بەنى ئىسرائىلغىمۇ ئەلچى قىلدى. سۈرە سەپتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدا مۇسا قەۋمىگە: ⟨ئى قەۋمىم! مىنىڭ اللهنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ، سىلەر ماڭا نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟⟩ دېدى ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: ⟨ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن الله ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كىلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن⟩ دېدى. ئىسا ئۇلارغا رۇشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر» دېدى.» (سۈرە سەپ 5 ـ، 6 ـ ئايەت)

الله تائالانىڭ پەيغەمبەر تاللىشى جۈملىدىن پەيغەمبەرلەر ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلىشى، الله تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالامى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگەبولسۇن، الله تائالانىڭ سۈرە ئەئرافدىكى سۆزى: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى ⟨ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشالىقى اللهغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، اللهغا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى، ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار⟩دېدى.» (158ـ ئايەت)

الله تائالا سۈرە ئەھزابتا مۇنداق دېگەن: «ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە تائەت ـ ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ اللهنىڭ بۈيۈك ئېھسانىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن. كافىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ (ساڭا قىلغان) ئازار- كۈلپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن (اللهغا تەۋەككۇل

قىلغىن)، الله (ئۇنىڭغا) تەۋەككۇل قىلغانلارغا يېتەرلىكتۇر.» (46- ئايەتتىن 48- ئايەتكىچە)

يۇقىرقى ھەممە پەيغەمبەرلەر (ئۇلاردىن باشقىمۇ كۆپ) ئۇلارغا الله تائالا ۋەھيي قىلىپ ئۆزىنى تونۇتتى. ئۇلارمۇ تونۇدى. ئۇلارنى ئۇممەتلىرگەئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار الله تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى الله نامىدىن يەتكۈزدى. اللهنىڭ ئىزنى بىلەن خەلقنى الله يولىغا چاقىردى. اللهدىن غەلىبە سورىدى. غەلىبە بەردى، اللهدىن كاتتا مۆجىزىلەر بېرشىنى تىلىدى، الله بەردى. يۇقىرقى ھۆججەت، پاكىتلاردىن كېيىنمۇ يەنە ئەقلى بار ئادەم اللهنىڭ بارلىقىغا دەلىل ئىزدەمدۇ؟ اللهغا ئىشنىشكە، تونۇشقا، ئىبادەت قىلىشقا، يېقىنلىششقا يەنە باشقا دەلىل كېرەك بولامدۇ؟ ئى خۇدا! ھەرگىزمۇ ھەرگىزمۇ كېرەك ئەمەس.

الله تائالانىڭ ئۆزىنى تونۇتۇشنىڭ بەشىنچى يولى الله تائالا چۈشۈرگەن كىتابلار بولۇپ، بۇ كىتابلارنى بىۋاستە ۋەھيي ئارقىلىق چۈشۈرگەن. بۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتى، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زەبۇرى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئانىدۇر. ھەممىگە الله تائالا رەھىم قىلسۇن!

بۇ كىتابلارنى پەيغەمبەرلەر اللهنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغان، پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكۈچى ئۇممەتلەر بۇ كىتابلارنى ئۆز پەيغەمبەرلەردىن تاپشۇرۇۋالغان. ئەگەشكەنلەردىن ھېچكىم بۇ كىتابلارنىڭ اللهدىن كەلگەن ۋەھيىلىكىگە، پەيغەمبەرلەرگەچۈشۈرگەن الله تائالانىڭ كىتابلىرى ئىكەنلىكىگە، ئۇ كىتابلاردا الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە چەكلىمىلىرى، خەۋەرلىرى، ياخشى ۋەدىلىرى، قورقۇتۇشلىرى، قانۇن بەلگۈلىمىلىرى، دىنىي ھۆكۈملىرى بارلىقىغا شەك شۈبھە قىلمايدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە ئۆزگەرتىش، كەم - زىيادە قىلىنىش بىلەن ئۇممەتلەر تەرەپتىن بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن قۇرئان كەرىم ئەڭ كېيىن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ھازىر چۈشكەندەك ساق سالامەت چىرايلىق تۇرماقتا. قۇرئاندىن بىر ھەرىپىمۇ كۆپەيمىدى، بىرەر ھەرىپىمۇ قوشۇلمىدى، بۇ قۇرئان ئوقۇمىغان، خەت يېزىپ باقمىغان، ئۇستاز ئالدىدا ئولتۇرمىغان، ساۋاتسىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغاچۈشۈرۈلگەن قۇرئان ئەقىللەرنى ھەيران قىلىدىغان، يۈرەك ۋە سېزىملارنى تارتىپ كېتىدىغان، ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ئىلاھى ئىلىملەر ۋە ئىنسانىي ئىلىملەرنىڭ بىر تەرىپى قۇرئاندا بار، ئىلىملەرنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە باي رۇشەن ۋە چوڭ تەرەپلىرىگە قۇرئاندا ئىشارەت قىلىنغان، قۇرئان تۇرلۇك ئىلىملەرگە ۋە زامانىۋى يېڭى ئىجادىيەتلەرگە ئىشارەت قىلىش بىلەن دەۋردىن ئىلگىرلەپ كەتكەن، مەسلەن، قۇرئاندا ئاتوم پارچىلىرى ۋە شەيئىلەردىكى جۈپلۈك ئىنتىزامى توغرىسىدا نۇرغۇن بايانلار ئېيتىلغان. شۇنىڭدەك قۇرئان ئالەمنىڭ كەڭرىلىكىگە، زېمىننىڭ يۇمۇلاقلىقىغا، تەن سالامەتلىك قائىدىلىرىگە دائىر ئىشارەتلەر ۋە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگەئالغان. قۇرئان ھۆكۈم قىلىشتا ئادالەت قانۇننى ۋە ئالىي ئەدەپ - ئەخلاق ئاساسلىرىنى، ئىنسانىيەت دۇنياسى باشقا كىتابلاردا كۆرمىگەن ئىنسانلىق پەزىلەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ ئۇلۇغ كىتاب،ئىلاھى ئىلىملەرنى، دۇنياۋى (سانائى) ئىلىملەرنى، قانۇنى ئىلىملەرنى ئۆز ئىچگە ئالدىكى، خەلقلەردىن ھېچكىم بۇ قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز سۆزى دېيىشكە، ئۆزى قوراشتۇرۇپ توپلىغان كىتاب دېيىشكە ئېغىز ئاچالمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئەڭ يارقىن ۋە رۇشەن دەلىل پاكىتلار بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئەڭ مۇكەممەل، توغرا ۋە ئىشەنچىلىك كىتاب بولۇپ، ئۇ دۇنيادا ئادالەتنى بەرپا قىلىش، ئىنسانلار ئۆزئارا كۆيۈمچان بولۇش، ھەممە بىردەك اللهنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا اللهنىڭ

مۇكاپاتىغا ئېرىشىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىدىغان كىتابدۇر.

بۇ كىتان قايسى يەردە چىققان؟ كىم چۈشۈرگەن؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋېلىشقا بولامدۇ؟ ياكى يالغان سۆزلەپ، ئازغۇنلار دېگەندەك، ساۋاتسىز مۇھەممەدنىڭ ۋىجدانى قابىلىتىدىن چىققان دېيىشكە بولامدۇ؟ ياكى ئەقىللىق ئىنسانىنىڭ «بۇ كىتاب الله تائالادىن چۈشكەن، اللهنىڭ كىتابى، اللهنىڭ ۋەھيىسى» دەپ ئىقرار قىلىش كېرەكمۇ؟ كېسىپ ئېيتىش كېرەككى قۇرئاننى الله چۈشۈرگەن، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى، ھەممىگە غالىپ، ھەممىنىڭ كەلگۈسىنى بىلگۈچى. قۇرئان چۈشۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ ئەلچىسى، بۇ كىتابتا كەلگەن بارلىق مەزمۇنلار ھەق، راست، توغرا، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ توغرا يول تېپىشى مۇشۇ كىتابقا قاراشلىق، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادەتكە يېتىشى، بۇ كىتابقا ئىشىنىشكە ۋە كۆرسەتمىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىشقا باغلىق، دەپ ئىقرار قىلىش لازىم كېلىدۇ.

6. الله تائالا پەيغەمبەرلىرگە بەرگەن مۆجىزە ۋە دەلىل ـ پاكىتلار ئالەمدىكى قائىدە يوللارغا، ھايات قانۇنلىرىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ راستىللىقىغا، ئۇلارنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ جەزىمەنلىكىگە دەلىل قىلىپ بېرىلگەن، شۇ جۈملىدىن پەيغەمبەرلەر ئاتىسى ۋە ئەھلى تەۋھىدنىڭ باش رەھبىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ھەقنىڭ، تەۋھىدنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئاچچىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوتقا تاشلىغاندا بەرگەن مۆجىزىسى، شۇ مۆجىزە بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتتىن سالامەت چىقتى. پۈت، قولىنى باغلىغان ئاغامچىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆيمىدى. بۇ ئوتقا تاشلانسا ياكى ئوت تۇتاشتۇرۇلسا كۆيۈش تەبىئىتى بار. بۇ نەرسىلەردىكى قانۇنغا خىلاپ بىر مۆجىزە بولدى.

شۇ جۈملىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزە، بۇ مۆجىزىنى سەپسەتچى ۋە ئەمەلىيەتكە قەستەن قارشى چىققۇچىدىن باشقا ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر ئارىسىدا مۇنداق ئىنكارنىڭ ئېتىبارى يوق، چۈنكى پۈتۈن بىر ئۈممەتنىڭ تامامەن ئۆتۈشى ئۈچۈن دەريانىڭ سۈيى ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ يول ئېچىپ بېرىشى ھەر كىم باش ئەگىپ ھۆرمەتلەپ، تەرىپلىشكە لايىق بىر مۆجىزىدۇر. تاشتىن 12 بۇلاق چىقىپ، ھەر بىر بۇلاقتىن بىر قەبىلە ئادەم تولۇق سۇ ئىچىشىمۇ ئەقىللەر تەسلىم بولماي تۇرالمايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالام يەرگە تاشلىسا يوغۇرىدىغان، ئەجدىھاغا ئايلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ئالدىدا بار نەرسىلەرنى يۇتۇپ كېتىدىغان ھاسىمۇ يۇقۇرقى ئىككى مۆجىزىگە ئوخشاشلا ئۇلۇغ مۆجىزىدۇر.

شۇ جۈملىدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرلگەن قارىغۇنى، ئاق كېسەلنى ساقايتىشتەك، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇشتەك ۋە دەسلەپ تۇغۇلغان كۈنلەردە بۆشۈكتە سۆزلەشتەك مۆجىزىلەر ۋە شۇ جۈملىدىن مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا (اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد)گە بېرلگەن يۇقىرى ئاسمانلارغا ئەپچىقىلغاندەك ۋە قەتادەنىڭ كۆزى ئىنىكىگە ساڭگىلاپ چۈشكەندىن كېيىن ئەسلىگە ياندۇرغاندەك ۋە خورمىنىڭ كۆتىكى سۆزلىگەن ۋە رەسۇلۇللادىن ئايرلغىنىغا ئىشتىياق تارتىپ يىغلىغاندەك ۋە شېغىل تاشلار ۋە دەرەخلەرنىڭ رەسۇلۇللاغا سالام قىلغىنىدەك ۋە قاقاس، قۇرۇق چۆلدە رەسۇلۇللانىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىپ 1400نەپەر ئەسكەر ئىچىپ، تاھارەت ئالغىنىدەك مۆجىزىلەر ۋە باشقا مىڭلارچە ئادەم كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن مۆجىزىلەر باردۇر.

بۇ مۆجىزىلەرنىڭ ھەر بىرى ئالەمدىكى تۈزۈم، قائىدىدىن باشقىچىدۇر. بۇلار الله تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ھەممە مەخلۇقنى ياراتقۇچى، تەربىيە قىلغۇچى، ھەممىنىڭ مەنبۇدى، كاملىلىقىدا

چېكى يوق سۈپەتلەر ئىگىسى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلمامدۇ؟!

ئى اللە! يۇقىرىقى مۆجىزىلەر سەندىن باشقىغا دالالەت قىلمايدۇ، سەندىن باشقىنى تونۇتمايدۇ. ئى پۈتكۈل كائىنات ئىگىسى! بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەخلۇقلارنىڭ باش ئېگىپ سەجدە قىلىدىغان مەئبۇدى! سەن ھەقىقەتكە تانغۇچىلارنىڭ يۆگىۋېلىشىدىن پاكسەن، (سېنى ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسە يۆگىۋالالمايدۇ، يۇشۇرالمايدۇ.)

ئەمدى، ئىنساپلىق ئىنسانلار ئېيتىپ باقسۇن! ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ كىمگە ئىشىنىشى لازىم ئىكەن. ھەممىنى ياراتقان ۋە پۈتۈن مەخلۇقلارغا رىزىق بېرىدىغان، ئالەمنى پىلانلىق باشقۇرىدىغان، تىرىلدۈرىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان، زەرەر يەتكۈزەلەيدىغان، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ پەيغەمبەرلەرنى ئەلچى قىلغان، شەرىئەت ۋە قانۇنلارنى بەلگىلەپ بېرىدىغان، توغرا يولغا باشلايدىغان، ئازدۇرۇۋېتىشكىمۇ قادىر بولغان، بەختلىك قىلىدىغان، بەختسىز قىلالايدىغان، دوست تۇتۇدىغان، دۈشمەن تۇتۇدىغان، مۆجىزىلەر بېرىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان، يامان كۆرىدىغان، كارامەتلەر بېرىدىغان 99 چىرايلىق ئىسىم سۈپەتلىرى بار، سۆزلەيدىغان، ھەممە ئەھۋالنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ئىجابەت قىلىدىغان، ئۈستۈن قىلىدىغان، پەس قىلىدىغان، ئەزىز قىلىدىغان، خار قىلىدىغان، ئادالەت ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقتىن توسىدىغان اللە تائالاغا ئىشىنىشى لازىممۇ؟!

ياكى ئۆلۈك، قارىغۇ، پاڭ، گاچا، ئىرادىسى يوق، ئىختىيارى يوق تەبىئەتكىمۇ؟ دۇئانى ئاڭلىمىغان، قىچقىرسا جاۋاپ بېرەلمەيدىغان، ياخشى كۆرەلمەيدىغان، يامان كۆرەلمەيدىغان، كىشىگە پايدىمۇ زىيانمۇ يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچ نېمىنى بىلمەيدىغان، سۆزلىيەلمەيدىغان، كىتاب چۈشۈرەلمەيدىغان، ئەلچى ئەۋەتەلمەيدىغان، يول كۆرسىتەلمەيدىغان، قانۇن تۈزۈپ بېرەلمەيدىغان توغرا يولغا باشلاپ قويالمايدىغان، يولدىن ئازدۇرالمايدىغان، ئىسمى يوق، خۇسۇسىيىتى يوق، يېڭىدىن پەيدا بولغانلىقتىن ۋە ئۆلۈكلىكىدىن باشقا ئىسمى يوق، پاڭ، گاچا، قارىغۇلىقىدىن باشقا خۇسۇسىيىتى يوق تەبىئەتكە ئىشىنىش لازىممۇ؟ ! !

بىزگە جاۋاپ بېرىڭلار!

ئەمما بىز اللە تائالاغا ئىشەندۇق. اللە بولسا، ئەرشى ئۈستىدە بولۇپ پۈتۈن كائىناتقا پادىشاھلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، ئاسمان ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان. ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپ ئىنسان قىلغان، ئۇنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادىنى مەنى ئىسپىرمىدىن ياراتقان. ھەممە نەرسىنى بار قىلغان ۋە ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان، ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەممە مەخلۇقنى ياراتقان. كەلگۈسىنى بىلىپ، تەدبىر بىلەن ئىدارە قىلىۋاتقان، كىتابلار چۈشۈرگەن، پەيغەمبەرلەرنى ئەلچى قىلغان، اللە دەپ قىچقىرىلسا مانا مەن دەپ جاۋاپ بېرىدىغان، بەندىلەر نېمە سورىسا شۇنى بېرەلەيدىغان، ياردەم سورىسا ياردەم ۋە غەلبە بېرىدىغان ئۆزى خالىغان كىشىنى رەھمىتى بىلەن ئىسلام يولىغا باشلايدىغان، ئۆز ئادالىتى بىلەن خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدىغان (ئېزىشىغا ئىختىيار بېرىدىغان) زاتتۇر.

اللەنى تونۇش ۋە دوست تۇتۇش بىلەن دىللار ئاقىرىدۇ، كۆڭۈللەرگە بەخت ۋە خۇشلۇق توشۇپ كېتىدۇ. اللەنى ئەسلەشتىن باشقىسى بىلەن يۈرەك خۇشال - خۇرام ۋە خاتىرجەم بولمايدۇ. اللەغا ئىتائەت قىلىشتىن باشقىسىدا سائادەت يوق. اللەغا ئىشەنمەي ياشىغان ھاياتلىق ئۆلۈمدۇر. اللەغا ئىبادەت قىلماي دۇنيادا بار تۇرۇش يوقلۇقتۇر. اللە ئۈمىد قىلغۇچىلارنىڭ ئۈمىدىنىڭ رىزاسىدۇر. اللەغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ نىشان غايىسىدۇر. اللەنىڭ ئورنىغا باشقىسىغا ئىشىنىشكە، بويسۇنۇشقا رازى بولمايمىز، اللەنىڭ ئىتائىتىدىن يۈز ئۆرۈشنى تەلەپ قىلمايمىز. اللەنى تونۇش ۋە سۆيۈش يۈرەكلەرنىڭ جەننىتىدۇر. جاپا - مۇشەققىتى يوق بوستاندۇر. ئى اللە! بىزگە ساڭا

ئىشىنىشنى ئىلتىپات قىلىپ بەرگىنىڭدەك ۋە سېنى تونۇشقا يول كۆرسەتكىنىڭدەك، بىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا كۆندۈرگىن! سېنى دوست تۇتۇشقا نىسىپ قىلغىن! ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرۇپ ھۆرمەت قىلغىن! تىنىچ - ئامانلىقتىن ئىبارەت كېيىمنى بىزگە كەيگۈزگىن! رازىلىقىڭ زىننىتى بىلەن بىزنى زىننەتلىگىن! ئامىن! (بۇ تەلەپلىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن! )

## الله تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى

الله تائالاغا ئىشەنگۈچىلەر الله تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنى تونۇشتا ھەممىسى بىر دەرجىدە ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە الله تائالا ياراتقۇچى، تەدبىر قىلغۇچى، ھەر ئىش ۋە ھەر نەرسىنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتىنى بىلگۈچى، ئىرادە ۋە ئىختىيار ئىگىسى، كامىللىقتا ۋە ئۇلۇغلۇقتا ۋە جامالدا چېكىگە يەتكۈچى دەپ تونۇيدىغانلارمۇ بار، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار الله تائالاغا ئەقلى بىلەن ئۇيلاش، الله تائالانىڭ بارلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىشەنگەن ۋە تونۇغان، بۇ ئىشىنىش، دىن شەرىئەت كۆرسەتمىسىدىن خالىي بولغان خاس ئەقىل ئارقىلىق يول تېپىپ ئىشىنىشتۇر ۋە يەنە ئىنسانلار ئىچىدىن الله تائالا ياراتقۇچى، ئۆز ئىرادىسى بىلەن باشقۇرغۇچى، ھېكمەت ئىگىسى، كامىللىق، ئۇلۇغلۇق ۋە جامالدا ھەممىدىن ئۈستۈن زات، دەپ تونۇشتىن تاشقىرى، الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئارقىلىق بىلدۈرگەن گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن تونۇپ ئىشەنگەنلەرمۇ بار. بۇ كىشىلەر ھەم ئەقلى ھەم «دىن»دىن ئىبارەت ئىككى رەھبەرنىڭ توغرا يول باشلىشى بىلەن ھىدايەت تاپقانلاردۇر. چۈنكى الله تائالانىڭ توغرا يولغا باشلىشى بىلەن ھىدايەت تاپقانلاردۇر. چۈنكى الله تائالانىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرى ئىچىدىن اللهنىڭ ۋەھيي قىلىشى بىلەنلا بىلىنىدىغان (ئەقىل بىلەن بىلمەيدىغان)لىرىمۇ بار، الله تائالا ئۆزىنىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرىنى ئۆزى ھەر كىمدىن بەك بىلىدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ اللهنىڭ ۋەھيىسى بىلەن توغرا يول تاپمىغان باشقا ئادەملەردىن اللهنىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرىنى بەكراق بىلىدۇ.

الله تائالا نامىدىن يالغان گەپ قىلىپ سېلىشتىن ساقلىنىش ۋە الله تائالانىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن اللهنىڭ ۋەھيىسىگە ئىشەنگۈچى ۋە اللهنىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرىنى تونۇغۇچى مۆمىنلەر اللهنىڭ ئىسىملىرى توغرىسىدا ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا ئىككى پىرىنسىپنى چىڭ تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچقاچان چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى قائىدىگە رىئايە قىلماسلىق اللهنىڭ سۆزىنى يالغان قىلىشقا اللهغا قارىتا يالغان گەپ توقۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. الله ساقلىسۇن، الله تائالا سۈرە زۇمەردە: «اللهغا يالغاننى چاپلىغان، نازىل بولغان راست سۆزنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ جەھەننەمدە كافىرلارغا ئورۇن يوقمۇ؟» دېگەن. (32- ئايەت)

1.پىرىنسىپ شۇكى: الله تائالا ئۆز كىتابىدا ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى بىلەن ئات قويمىغان ئىسىم بىلەن الله تائالاغا ئىسىم قويمايدۇ. مۆمىنلەر الله تائالانى قىچقىرماقچى بولسا، الله تائالانىڭ (قۇرئان ۋە ھەدىستىكى) چىرايلىق ئىسىملىرى بىلەن قىچقىرىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۆمىنلەرنى شۇنداق قىلىشقا چاقىردى. سۈرە ئەئرافتا الله تائالا مۇنداق دېدى:«اللهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللهنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، اللهنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە - كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى

تارتىدۇ.» (180ـ ئايەت)
مۆمىنلەر اﷲ تائالانى سۈپەتلىمەكچى بولسا ۋە تونىماقچى بولسا، اﷲ تائالانىڭ ياخشى سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەيدۇ ۋە اﷲ تائالانىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە ئايەتلىرى بىلەن تونۇيدۇ.
2. پىرىنسىپ شۇكى: مۆمىنلەر اﷲ تائالانى زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە ۋە قىلغان ئىشلىرىدا مەخلۇقلارنىڭ ھۆجۇدىغا ياكى مەخلۇقلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ياكى قىلىقىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئەقىل تەرەپتىنمۇ، شەرىئەتتىمۇ اﷲ تائالا بىر نەرسىنىڭ ئوخشىمىقى مۇمكىن ئەمەس، اﷲ تائالاغا ھېچ قانداق نەرسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ھېچكىمنىڭ اﷲغا تەڭ كېلەلمەسلىكى توغىرسىدا شەرىئەت اﷲنىڭ كىتابىدا بىر قانچە يەردە خەۋەر قىلدى، سۈرە شۇرادا: «ھېچ شەيئى اﷲغا ئوخشاش ئەمەستۇر، اﷲ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» دېدى. (11ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە اﷲ تائالا سۈرە ئىخلاستا مۇنداق دېدى:«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى ئۇ اﷲ بىردۇر. ھەممە اﷲغا مۇھتاجدۇر. اﷲ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.»
ئەقلىنىڭ اﷲغا ئوخشاش يوق، تەڭداش يوق دەپ قارىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى: «ماددىنى ياراتقۇچى ئۆزى ماددا بولمايدۇ. ماددا بولمىغان زات قانداقمۇ ماددىغا ئوخشايدۇ؟ ماددا ئەمەس نەرسە ماددا بولغان نەرسىگە ئوخشامدۇ؟ ياق، شۇڭا ئەقىل، ياراتقۇچىنىڭ يارىتىلغۇچىغا ئوخشاپ قېلىشنى مۇمكىن ئەمەس دەيدۇ.
شۇ تەرەپتىن، مۆمىنلەر ئۆزىنىڭ تەربىيەت قىلغۇچى ئىگىسى اﷲ تائالانى سۈپەتلەشتە اﷲ ئۆز كىتابىدا ۋە ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەيدۇ. مۇنداق سۈپەتلەشنى خاتا دەپ تونۇمايدۇ.
مۆمىنلەر ئېيتىدۇ: «اﷲ تائالا ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، دوست تۇتىدۇ، يامان كۆرىدۇ، ئۆزىنىڭ قولى بىلەن يارىتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەرشىگە مۇستەۋى بولدى، قىيامەت كۈنى بەندىلىرگە ھۆكۈم قىلىپ ئايرىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ھەر كېچىسى دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلدى دەپ تونۇيدۇ. مۇنداق تونۇشى بىر قانچە سەۋەب ئۈچۈندۇر. بىرسى: اﷲ تائالا ئۆزىنى مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەندىن كېيىن ۋە اﷲنىڭ پەيغەمبىرى ھەممە ئادەمدىن بەكراق بىلىپ تۇرۇپ شۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەندىن كېيىن، اﷲ تائالانى بۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتە ھېچ بىر قىيىنلىش يوق. ئەگەر بۇنداق سۈپەتلەش جائىز ۋە شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە اﷲ تائالا ئۆز كىتابىدا بۇنداق سۈپەتلەشتىن توسقان ۋە رەسۇلۇللانىڭ تىلى بىلەن ھارام قىلغان بولاتتى. يەنى اﷲنىڭ سۆزىنى يالغان دېمەكتىن ۋە اﷲغا قارىتا يالغاننى سۆزلەشتىن ۋە اﷲ تائالانى لايىق ئەمەس سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتىن توسۇپ، اﷲنىڭ خوتۇنى بار، بالىسى بار ياكى شېرىكى بار دېگەندەك خاتا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتىن توسۇپ ھارام قىلغاندەك ھارام قىلاتتى.
ئىككىنچى تەرەپتىن: مۆمىنلەر پەرۋەردىگارى اﷲ تائالانى، اﷲ تائالا ئۆزى سۈپەتلىگەن ياكى رەسۇلۇللا سۈپەتلىگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتە شۇنى چوقۇم بىلىدۇكى، بۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرەرسى مەخلۇقلارنىڭ سۈپىتىگە ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى ئارىسىدا چوڭ پەرق ۋە يىراقلىق بار. قانچىكى اﷲ تائالا ئۆزىنى «اﷲ تائالانىڭ قولى بار» دەپ سۈپەتلىسە، مۆمىن بەندىمۇ «اﷲ تائالانىڭ قولى بار» دەپ سۈپەتلىسە، بۇنىڭ مەنىسى ھەرگىز اﷲ تائالانىڭ قولى ئىنسان قولىغا ئوخشايدۇ دېگەن بولمايدۇ ۋە اﷲ تائالا نامى بىلەن قەسەمكى مۆمىن بەندىنىڭ خىيالىغا ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ قولى ئارىسىدا بىر ئاز ئوخشاپ قېلىش بارمىكى دەپ كېلىپ قالمايدۇ، چۈنكى ياراتقۇچى اﷲ تائالانىڭ قولى بىلەن

يارىتلغۇچى مەخلۇق ئىنساننىڭ قولى ئارىسىدىكى پەرق، ياراتقۇچى الله تائالا بىلەن يارىتلغۇچى ئىنساننىڭ ھۆججەتلىرى پەرققە ئوخشاشلا، يەنى ئىنسان اللهغا ئوخشىمىغاندەك ئىنساننىڭ قولمۇ الله تائالانىڭ قولىغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا: ياراتقۇچى بىلەن يارىتلغۇچىنىڭ قولى ئارىسىدا ھەرگىز بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قېلىش يوق، ئەلۋەتتە. شۇ سەۋەپتىن مۆمىنلەر الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بۇرمىلىمايدۇ (ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنىگە ئۆرىمەيدۇ) ۋە ئۆزگەرتمەيدۇ. ياكى مەخلۇق سۈپىتىگە ئوخشاتقان بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، بەزى سۈپەتلەرنى يوققا چىقارمايدۇ، ئۇلار بىلىدۇكى، ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا ئوخشىشىپ قېلىش ئەقىل ئالدىدىمۇ، شەرىئەت ئالدىدىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتىمۇ ئوخشاشلىق پەقەت يوق. شۇڭا مۆمىنلەر بىرەر ئىنساننىڭ باراتقۇچى ئۇلۇغ اللهنى مەخلۇقلارغا ئوخشىتىشنى يالغان ۋە باتىل (ئاساسسىز) دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭدەك اللهنىڭ سۈپەتلىرىنى مەخلۇقلار سۈپەتلىرگە ئوخشىتىشنىمۇ يالغان ۋە باتىل ھېسابلايدۇ، مەسىلەن، بىر يالغانچى، بۆھتانچى «اللهنىڭ قولى ئىنساننىڭ قولىغا ئوخشايدۇ» دېسە ياكى «اللهنىڭ كۆزى ئىنسان كۆزىگە ئوخشايدۇ» دېسە ياكى اللهنىڭ ئەرشكە ئىستىۋا قىلىشنى ئىنساننىڭ شاھلىق تەختكە ئولتۇرغىنىغا ئوخشايدۇ دېسە، مۇنداق بۆھتانلار يالغان ۋە ئاساسسىز ۋە ئەمەلىيەتكە خىلاپتۇر، ئوپئوچۇق يالغاندۇر. توقۇلما سۆزدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىنساندىكى ئەقىلمۇ ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ مەيلى ۋۇجۇدىدا مەيلى سۈپەت ـ خۇسۇسىيەتلىرىدە، مەيلى قىلىدىغان ئىشلاردا بىردە بىر يېرى ئوخشىشىپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئۈچىنچى تەرەپتىن: باشقىلارنىڭ زەھەرلىك تەسىرگە ئۇچرىمىغان ئەركىن ئەقىللەر سۈپەتنى ئۇقتۇرىدىغان بىر سۆزنى بىر كىشىگە ئىشلەتكەندىن كېيىن شۇ سۆزنى يەنە باشقا بىر سۈپەتكە دالالەت قىلىدىغان مەنا بىلەن باشقا بىر كىشىگە ئىشلىتىشنى، ئىككى سۈپەتنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان بولۇشىنى ۋە شۇ ئىككى سۈپەت ئىگىسىنىڭمۇ بىر ـ بىرىدىن باشقا بولۇشىنى راۋا كۆرىدۇ. مەسىلەن، باش دېگەن سۆز. بۇ سۆز مالغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئادەمگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، مال بېشى (سەرمايە پۇل) ۋە ئادەمنىڭ بېشى دەيمىز. مال بېشى بىلەن ئادەم بېشى ئەلۋەتتە ئوخشاشمايدۇ چۈنكى مال بىلەن ئادەم ئوخشاشمايدۇ ـدە، «كۆز» دېگەن سۆز بىر قانچە مەنىگە ئىشلىتىلىدۇ. قۇياش كۆزى،سۇ كۆزى (بۇلاق)، ھايۋان كۆزى دېگەندەك. دېمەك، ئەيىن (كۆز) دېگەن سۆز بىر نەچچە نەرسىگە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ نەرسىلەر ئىسىمدا ئوخشاش بولغان بىلەن ماھىيەتتە پەقەت ئوخشاشمايدۇ.

ئاخىرقى سۆز: مۆمىنلەرنىڭ مۇشۇ ئەقىدە توغرىسىدا تاپقان توغرايولى ئەقىل ھەم «دىن» ئارقىلىق تاپقان يولىدۇر. چۈنكى الله تائالانىڭ نۇرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ۋە الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭمۇ ھەقىقى ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى الله تائالانىڭ زاتى ماددا ئەمەس. ماددا بولسا ئىدى بىلگىلى بولار ئىدى. اللهنىڭ سۈپەتلىرمۇ ماددا ئەمەس، ماددا بولسا ئىدى بىلگىلى بولار ئىدى، الله تائالانىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن بولمىغاندەك، سۈپەتلىرىنىڭمۇ ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يول تېپىش بولسا، اللهغا ئوخشايدىغان نەرسە يوق «اللهغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ» ، «مەخلۇقنىڭ ئىلمى اللهنىڭ زاتىنى بىلىشكە يېتىشمەيدۇ» دەپ الله تائالا خەۋەر قىلغان ھەم الله تائالا ئۆزىنى «ئاڭلاش، كۆرۈش سۈپىتىنىڭ بارلىقى، قولى، كۆزى بارلىقى، خۇشاللىقى ۋە ئاچچىقى بارلىقى، دوست تۇتۇش، يامان كۆرۈش سۈپىتى بارلىقىدەك

نەچچە تۈرلۈك زاتى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى ۋە «كېلىش»، «چۈشۈش»، «قولى» بىلەن يارىتىش، ئەرشكە مۇستەۋى بولۇشتەك پېئىلى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى. مانا ئاشۇ يۇقۇرىقىلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن.

# خۇلاسە

الله تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدىكى بۇ بىر ماۋزۇنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: توغرا يول تاپقان مۆمىنلەر الله تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىگە ئىشىنىدۇ، چۈنكى الله تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش ھاسىل بولىدۇ. الله تائالانى ئىسىملىرى بىلەن قىچقىرىدۇ. اللەنىڭ سۈپەتلىرنى ھېچ بىر مەخلۇقنىڭ سۈپىتىگە ئوخشاتمايدۇ. سۈپەتلەرنىڭ مەنىلىرنى باشقا مەنىلەرگە ئۆزگەرتمەيدۇ، يوققا چىقارمايدۇ. مۇستەھكەم ئېتىقادى بار يەنى اللەغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە يوق، اللەنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىشتىن تولۇق ئاجىز بىز، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مۆمىنلەر ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزىنى يالغان قىلىشتىن ۋە اللەغا قارىتا يالغان گەپ قىلىپ سېلىشتىن تىنچ ئامان قالىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ الله ئۆزىنى يالغان دېگۈچى ۋە اللەغا يالغان سۆزلىگۈچىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

سۇرە زۇمەردە الله تائالا مۇنداق دېدى: «اللەغا يالغاننى چاپلىغان، نازىل بولغان راست سۆزنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ جەھەننەمدە كافىرلارغا ئورۇن يوقمۇ؟ » (32ـ ئايەت)

# بىزار بولۇش ۋە ئۆزرە ئېيتىش

ئى الله! ساڭا تانغانلارنىڭ كاپىرلىقىدىن ۋە سېنىڭ ئىسىملىرىڭ، سۈپەتلىرىڭ توغرىسىدا خاتالاشقان، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئازغۇنلىقىدىن ۋە سېنىڭ ئالەم خەلقىنى تەربىيەت قىلىش ۋە مەئبۇدلۇق خۇسۇسىيىتىڭگە مەخلۇقنى شېرىك قىلىدىغان مۇشرىكلارنىڭ شېرىكىدىن بىزار بولۇپ، قېچىپ سېنىڭ تەرىپىڭگە بېرۋاتىمەن.

ئى الله، سېنىڭ بارلىقىڭغا بەزى ئىش ۋە بەزى نەرسىلەرنى دەلىل قىلىپ سالغىنىم ئۈچۈن ۋە سېنىڭ بارلىقىڭغا دەلىل قىلىپ بەزى قىياسلارنى سۆزلىگىنىمگە ئۆزرە تىلەيمەن. ھالبۇكى سەن ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى بار قىلغۇچى سەن. سېنى ۋە سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭنى، كامىللىقىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەكەلگەن دەلىل پاكىتلىرىم تەرەپتىن ئۆزرە تىلەيمەن. چۈنكى سەن ئەي رەببىم! ئۆزۈڭنىڭ بارلىقىغا ئۆزۈڭ دەلىل سەن، ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا ۋە كامىللىقىڭغا ئۆزۈڭ پاكىت سەن. دەلىلگە دەلىل ئىزدەش، ھۆججەتكە ھۆججەت كەلتۈرۈش توغرا بولامدۇ؟

ئى الله، سەن بىلىپ تۇرىسەن. بىز سېنى قىياس بىلەن تونۇمدۇق، پەقەت سەن بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا بىكتىكەن ئىشنىشىمىز بىلەن ۋە ساڭا مۇھتاجلىقىمىز بىلەن ساڭا ئىشەنچ

قىلىش، ساڭا يۆلىنىشنى بىزگە ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ بىلەنلا تونۇدۇق.
بىزنىڭ يارىتىلىشىمىز سېنىڭ بارلىقىڭنى ھەقىقەتەن ئىسپاتلايدۇ، بىزنىڭ ئۆزگىرىپ ئالمىشىپ تۇردىغان ئەھۋالىمىز سېنىڭ كامىللىقىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىدۇر. ئى رەببىمىز! سەن قىياس بىلەن تونۇلۇشتىن يىراق سەن، سەن پۈتۈن ئىنساننى يوقتىن بار قىلغان ئىگىمىز سەن، پۈتۈن خەلقىنىڭ پادىشاھىدۇرسەن. سەن ھەممە خەلقىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغان، باش ئېگىدىغان مەئبۇدىسەن، سەن دەلىلنى ۋە دەلىل كۆرسەتكۈچىنى ياراتقۇچى تۇرساڭ، ساڭا دەلىل كېرەك بولامدۇ؟

## تەۋھىد

( الله تائالانىڭ زاتىدا ۋە خۇسۇسىيىتىدە تەڭداشسىز، مىسلىسىز، يەككە-يېگانە ئىكەنلىكى)
تەۋھىد دېگەن نېمە؟

تەۋھىد دېگەن سۆز لۇغەتتە «يالغۇز دەپ تونۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەرئەتنىڭ بىلدۈرىشىدە تەۋھىد دېمەك: الله تائالانىڭ تەڭدىشى يوق ۋە ئوخشىشى يوق. اللهنىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە قىلىدىغان ئىشلىرىدىمۇ بار بىرى يوق، ئالەمنى بار قىلىشىدىمۇ شېرىكچى يوق. شۇڭا مەخلۇقلارنىڭ باش ئېگىپ سەجدە قىلىشىغا، مۇھەببەت بىلەن يۈرەكنى باغلىشىغا يالغۇز اللهلا ھەقلىق، باشقىسى ئاجىز مەخلۇق دەپ تونۇپ ئەقىدە قىلىشتۇر.

الله تائالاغا ھېچ قانداق تەرەپتىن تەڭ كەلگۈچى يوق دېگەن ھەقتە الله تائالا سۈرە ئىخلاستا مۇنداق دېدى:«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ الله بىردۇر. ھەممە اللهغا مۇھتاجدۇر. الله بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.»

ئالەمنى تەربىيەت قىلىشتا اللهنىڭ شېرىكى يوقلىقى توغرىسىدا سۈرە رەئىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنى مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا) ⟨ئاسمانلارنىڭ زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟⟩ دېگىن ⟨ (ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى) الله⟩ دېگىن.» (16- ئايەت)

يەنە الله سۈرە يۇنۇستا: «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ⟨سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزق بېرىدۇ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ⟩ ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): ⟨الله⟩ دەيدۇ. ئېيتقىنكى، ⟨(اللهدىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن اللهنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟⟩» (31- ئايەت)

الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتا شېرىك يوق دېگەن مەزمۇن توغرىسىدا سۈرە مۇھەممەددە الله تائالا ئېيتتى: «بىلگىنكى، الله دىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر» (19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). يەنە سۈرە ئەنئامدا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ⟨مېنىڭ نامىزىم قۇربانلىقىم ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت- ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. اللهنىڭ شېرىكى يوقتۇر مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللهغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن⟩». (162-، 163- ئايەتلەر) شۇ سەۋەبدىن تەۋھىد ئۈچ قىسىم بولدى.

1. الله تائالا زاتىدا بىر دەپ تونۇش. 2. ئىسىملار ۋە سۈپەتلەردە الله بىر (خۇدانىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى ئۆزىگە خاس، ھېچكىم اللهغا ئىسىم ۋە سۈپەتتە ئوخشىمايدۇ) دەپ تونۇش. 3. ئالەم

خەلقىنى يارتىش، رىزىق بىلەن تەمىن ئېتىش، ئىگىدارچىلىق قىلىشتا الله يالغۇز دەپ تونۇشتۇر، الله تائالا رەبلىكىدە يالغۇز دېگەننىڭ مەنىسى، الله تائالا ھەممە مەخلۇقنى يارتىشتا يالغۇز، رىزىق بېرىشتە يالغۇز، پۈتۈن خەلقنى، ھەممە مۈلۈكنى باشقۇرۇشتا يالغۇز، دېمەكتۇر. ئىلاھلىقدا يەنى ئىبادەتتە يالغۇز دېگەننىڭ مەنىسى: ھەممە مەخلۇقنىڭ ئىتائەت قىلىشىغا، ئىبادەت قىلىشىغا الله تائالالا ھەقلىق، باشقا كىشىگە (ھېچ قانداق مەخلۇقتا چوقۇنۇپ باش ئىگىشكە بولمايدۇ، مەيلى مالائىكىلەر، پەيغەمبەرلەر، سالىھلار، كامىل ۋە شەرەپلىك كىشى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىم ۋە نېمە بولسا بولسۇن ئۇنىڭغا) ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ دەپ تونۇش.

يۇقىردا الله تائالانى زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىسىملىرىدە يالغۇزلىقىنى يىغىندا قىلىپ بايان قىلدۇق. ئەمدى الله تائالانىڭ رەبلىكىدە ۋە ئىلاھلىقىدا يالغۇز ئىكەنلىكىنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ باياندا تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە مۆمىن ئادەمگە تەۋھىد توغرىسىدىن نېمىلەرنى بىلىش، نېمىلەرگە ئېتىقاد قىلىشى لايىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىمىز.

## توحيدالربوبيه

( ئالەمگە  ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە تەربىيە قىلىشتا الله تائالا ياالغۇز دەپ تونۇش ھەققىدە)

«تەۋھىدۇر رەبۇبىيەت» دېگەن نېمە؟

بۇ سۇئالغا مەقسەتنى ئوچۇق ئۇقتۇرغىدەك  يېتەرلىك جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن (رەب) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىش كېرەك. «رەبۇبىيەت» دېگەن سۆز «رب» دېگەن سۆزدىن تۈزۈلگەن. «رب» دېگەن سۆزنىڭ بىر قانچە مەنىسى بار. ئۇلار: غوجا (خوجايىن) ئىگە، پەرۋىش قىلغۇچى، تۈزەتكۈچى، ئىبادەت قىلىنغۇچى دېگەنلەردىن ئىبارەت. رەب دېگەن سۆز، الله تائالاغا قارىتىلسا، ھەقىقىي راست مەنىسى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. الله تائالادىن باشقىسى «رەب» دېيىلسە، ماجاز يولى بىلەن (بىر تەرەپلىمە مۇناسىۋەت ئېتىبارى بىلەن) ئىشلىتىلىدۇ.

رەبۇبىيەت دېگەن ئىسىممۇ ئاشۇ كۆپ مەنىلەردە كېلىدۇ. يەنى يارتىش، رىزىق بېرىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش، خوجىلىق، تەربىيىلەش، تۈزۈش، پىلانلىق باشقۇرۇش دېگەن مەنىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. الله تائالا پۈتۈن ئالەم خەلقنى ئەمەلىيەتتە راست ئۆزى ياراتقان ئىگىسى بولغانلىقتىن «رەبۇبىيەتكە» (تەربىيە قىلىش دېگەن خۇسۇسىيەتكە) الله ئۆزى يالغۇز ئىگە. يۇقىرىقى مەنىلەردىكى «رەبۇبىيەت»دە الله تائالا يالغۇز، شېرىكلەشكۈچى كىشى يوق دەپ تونۇش لازىم. (اللهدىن باشقا بىر كىمنى، ياكى كىشىنىڭ روھىنى، ئالەمنى باشقۇرىدۇ ياكى دۇنيانىڭ بەزى ئىشلىرغا تەسەررۇپ يۈرگۈزىدۇ ياكى ھەقىقىي مۇرەببى دەپ تونۇش خاتادۇر.)

يۇقىرىقى چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن «تەۋھىدۇر رەبۇبىيەت»نىڭ مەنىسى: ھەقىقىي تەربىيەت قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىدە اللهغا شېرىكلەشكۈچى يوق. يەنى يارتىش، رىزىق بېرىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش، تەدبىرلىك باشقۇرۇش ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تىرىكنى ئۆلتۈرۈش، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش، ئۆزى خالىغاننى بېرىش، خالىسا بەرمەسلىك، زەرەر يەتكۈزۈش، پايدا يەتكۈزۈش، ئەزىز قىلىش، خار قىلىشتەك سۈپەتلەردە اللهغا شېرىك يوق. بۇ ئىشلار اللهغا خاس، ھېچقانداق بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ دەپ ئىشىنىش «تەۋھىدۇر رەبۇبىيەت»دۇر.

ئەمما پالان كىشى پالان نەرسىنىڭ (ئۆيىنىڭ) ئىگىسى، پالانى ئۆز يۇرت خەلقىنىڭ

غوجىسى، ياكى پالان كىشى مۇنچە پۇلغا ئىگە بولالايدۇ ياكى پالانى مال باقىدۇ، بالا باقىدۇ، ياكى ئىسلاھ قىلىدۇ، ھۆكۈم قىلىدۇ دېگەن سۆزلەر تەۋھىدكە خىلاپ ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆزلەر بەندىنىڭ خۇداغا شېرىك بولۇپ قىلىشىنى ئىپادە قىلمايدۇ، بەلكى الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىنى باققۇچى بولغاچقا بۇ كىشىلەرگە شۇنچىلىك ئىگىلىك ياكى خوجىلىق ياكى تەربىيەتچىلىك، ئىسلاھ قىلىش خۇسۇسىيىتىنى بەرگەن. بۇلار بۇ خۇسۇسىيەتلەردىن پايدىلىنىدۇ دېگەن بولىدۇ. باشقىلارغا قارىغاندا بەندىلىك دائىرە ئىچىدە مۇنداق ئارتۇقچىلىقى بار دېگەنلىكتۇر. چۈنكى كۆز بىلەن كۆرۈلگەن ئەمەلىيەت، ئىنسانغا ھەقىقىي ئىگىلىك ئىسپاتلىمايدۇ ۋە ھەممە جەھەتتىن خوجىلىق ئىسپاتلانمايدۇ. الله باشلىغان يولدىن باشقا بىر يول بىلەن تەربىيەت ياكى ئىسلاھ قىلالمايدۇ. اللهنىڭ قانۇن ھۆكۈمنى يۈرگۈزۈشتىن باشقا، كىشىلەرگە ھۆكۈم ياكى ئىسلاھ يۈرگۈزەلمەيدۇ، اللهنىڭ يولغا باشلاشتىن باشقىسى تەربىيەت ئەمەس، اللهنىڭ ھۆكۈمىدىن باشقىسى توغرا ھۆكۈم ئەمەس.

## الله تائالانىڭ يالغۇز تەربىيەتچى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى

ئىنسانلارنىڭ ھەر يەردىكى ۋە ھەر زاماندىكى ئاقىللىرى تەربىيەت قىلىش ئىشىنى اللهدىن باشقىسىغا ئىسپاتلاشتىن ھەمىشە ساقلىنىدۇ. ھەقىقى تەربىيە قىلغۇچى (ھەممىنى باققۇچى) بىر اللهدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا «رەب» ۋە مەئبۇد يوق، دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى ئىنسانلىق خىسلىتىنى يوقاتمىغان ئەقلى ساق ئىنسان، مەخلۇقلارنى تەربىيەت قىلىشقا مەخلۇقنىڭ يارىماسلىقىنى ۋە ئاجىزلىقىنى بىلىدۇ. سەۋەب شۇكى: مەخلۇق بىر نەرسە يارىتالمايدۇ. باشقا بىر زاتنىڭ مۈلكى بولغان مەخلۇق بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. ھەممە مەخلۇقنى الله ئۆزى ياراتقانلىقتىن ھەممىنى ئۆزى تەربىيەت قىلىدۇ، ئۆزى باقىدۇ. ئۆزى ئىگە. بۇ ھەقىقەتكە قۇرئان چۈشكەن زاماندىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئىقرارى ھۆججەت بولىدۇ. ئۇلارنى رەسۇلۇللا ۋە ئەسھابلار تەرەپتىن يالغۇز اللهغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرلغاندا ئۇلار ئۆزىنىڭ باتىل مەئبودلىرىغا قاتتىق ئەقىدە قىلغان، ئۇلۇغ بىلگەن تۇرۇقلۇق، مەبودلىرىنىڭ بىرەر كىشىنى تەربىيەت قىلىشتىن ئاجىزلىقىغا، تەربىيەت قىلىشقا يارىمايدىغانلىقىغا ئىقرار قىلىشقان. مۇشرىكلار بۇت ۋە ھەيكەللەر ئەمەس ھەتتا ھېچقانداق تىرىك ئىنساننىڭ تەربىيەت قىلغۇچى بولۇشقا يارىماسلىقىغا ئىقرار قىلىشتا ئىككىلەنمىگەن. شۇڭا ھېچ قانداق كاتتا، ئۇلۇغ ئادەمنىمۇ ۋە ئۇنىڭ مەئبودلىرىنىمۇ «تەربىيەت قىلغۇچى» دەپ تونۇمىغان. چۈنكى ئىنسانىي خۇي - تەبىئەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە مەخلۇقلارنىڭ بىر نەرسە يارىتىشىدىن، رىزق بېرىشىدىن، پىلانلىق باشقۇرۇشتىن، ئىگە بولۇشتىن ئاجىزلىقى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئورۇنلىشىپ كەتكەن تونۇش ئىدى.

قۇرئان كەرىممۇ بىر قانچە ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە ئىقرارىنى مۇقەررەرلەشتۇردى، سۈرە يۇنۇستا الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ‹سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزق بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ، تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ، ئۆلۈك شەيئىلەرنى تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ، (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى

كىم ئىدارە قىلىدۇ؟〉 ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): 〈الله〉دەيدۇ. ئېيتقىنكى، 〈(اللهدىن غەيرىيگە چوقۇنۇش بىلەن اللهنىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟〉» (31- ئايەت). الله تائالا سۈرە زۇخرۇفتا يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن ئۇلاردىن: 〈ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى〉 دەپ سورىساڭ، ئۇلار: 〈ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (الله) ياراتتى〉 دەيدۇ.» (9- ئايەت). يەنە الله تائالا سۈرە مۇئمىنۇندا: «ئېيتقىنكى، 〈يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟〉 ئۇلار: 〈الله〉 دەيدۇ. ئېيتقىنكى، 〈ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟〉.» دەيدۇ. (86-، 87-ئايەت)

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئۇلارنى كىم خەلق ئەتكەنلىكىلىرىنى سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم 〈الله〉 دەيدۇ، ئۇلار قانداقمۇ (اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟» (سۈرە زۇخرۇف 87- ئايەت)

يۇقىرىقى ئايەتلەردە قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنىڭ ھېچ بىر ئىنسان بىر نەرسە يارىتالمايدىغانلىقىغا ئىقرار قىلغىنىنى، ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلدى.

## كوممۇنىزمچە دىنسىزلىق

يۇقىرىقى ئەمەلىيەتكە يەنە بىر ئەمەلىيەت قوشۇلىدۇ، ئۇ بولسا: 18-، 19- ئەسىردىن بۇرۇن ئالەمنى ياراتقۇچىغا تانىدىغان، خۇداسىزلىق ئىدىيىسى ھېچقايسى مىللەت تارىخىدا تونۇلمىغان ئىدى. خۇسۇسەن ماركسچە، لېنىنچە كومونىزم ۋە جاھاننى ۋەيران قىلغۇچى خۇداسىزلىق يولى پەيدا بولۇش بىلەن ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى ئىنسانلىق ئورنىدىن دىم يىقىلىشتىن بۇرۇن تارىختا خۇدانى ئىنكار قىلىش كۆرۈلمىگەن، گەرچە الله تائالانىڭ نېمەتلىرگە كۆز يۇمۇش ۋە اللهغا (مەخلۇقنى بەزى ئىشلاردا) شېرىك قىلىش ئىدىيىسى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن الله تائالادىن ئىبارەت بىر تەڭداشسىز غايىب كۈچنىڭ بارلىقىغا ئېتىراپ قىلىش ھەر كىمنىڭ جان تېنىگە سىڭگەن تەبىئىي سېزىمدۇر.

كىشىلەر الله تائالادىن ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە الله ۋاستىسى بىلەن يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك چارە بىلەن اللهغا يېقىنلىق ئىزدەپ كېلىۋاتاتتى.

ئىنسانلار ئاساسسىز، يالغان ئىلاھلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارغا ئوخشاشمىغان ئىبادەتلەر ۋە تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن يېقىنلىق ئىزدەشكەن بولسىمۇ، بۇنىڭدا ئەسلى سەۋەب ئالەمنى ياراتقۇچى، ھەممە مەخلۇقنى تەدبىرلىك باشقۇرغۇچى بىر اللهنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىش ھەر بىر ئىنساندا تەبىئىي بولغانلىقتىندۇر.

(ھەقىقىي ئىلاھنى تونۇيالماي، ھەر تۈرلۈك باتىل ئىلاھلارغا چوقۇنغان)

## دۇنيادا دىنسىزلىق پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى

دۇنياغا خۇداسىزلىق ئىدىيىسىنىڭ تارىلىشى، ياۋروپا ۋە باشقا يەرلەرگە ۋەيران قىلغۇچ خۇداسىزلىق، كوممۇنىستىك يولنىڭ يامرىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولسىمۇ، مېنىڭچە مۇھىم سەۋەبلىرى 5 تۈرلۈكتۇر.

1. خىرىستىئانلار ئىبادەتخانىسىدىكى («دىن» باشلىقلىرى)نىڭ خىرىستىئان دىنىدىكى

ئامما، خەلققە قىلىغان ناھەقچىلىقى ۋە ئۇ (دىن باشلىقلىرى)نىڭ خىرىستىئان ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلمىدىغان خەلقلەرنى قۇل قىلىشى، خارلىشى ۋە دىنى، روھىي كۈچ نامى بىلەن ئۇلارنىڭ بوينىغا كىشەن سېلىپ، بىچارە قىلىۋېتىشى (خىرىستىئان دىنىدىن ۋاز كېچىشىگە) سەۋەب بولغان.

2. خىرىستىئان دىنىنىڭ (ئىسا ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق الله تائالا تەلىم بەرگەن ھالىتىدە ساقلانماي) بۇزۇلىشى ۋە ئەقىلگە زىت ۋە ئىنسانلارنىڭ تەبىئى ئېھتىياجلىرىغا قارمۇ قارشى ھالدا باتىل، ئاساسىسىز بولۇپ كېتىشى، خىرىستىئان ئەللىرىنىڭ ئۇ دىننى ئىنكار قىلىشىنى ئاسانلاشتۇردى ۋە خىرىستىئان دىنىدىن باش تارتىدىغان ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىپ ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر كىم تېپىلسىلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، خەلىقلەر خىرىستىئان دىنىدىن تېنىشقا شارائىت تۇغدۇرىلدى.

3. دۇنياۋى (پەننى) ئىلىملەرنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى، سانائەت، تەجرىبە ئىلمى ۋە دۇنيالىق تۇرمۇش ۋاسىتىسى بولغان ئىلىملەرنىڭ ئەقىلنى ھەيران قىلارلىق دەرىجىدە يۇكسىلىشى، خەلق ئاممىسىنى ئىلىم نامى بىلەن ئوتتۇرغا چىققان ھەر قانداق نەزەرىيىگە ئاشكارا ئويدۇرما، يالغان نەزەرىيە بولسىمۇ، ئىشىنىپ كېتىدىغان قىلىپ قويدى. چۈنكى ئىنسان قانداق بىر ماددىي كۈچ، ياكى روھى كۈچ ئالدىدا يېڭىلسە، ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانى كۈچىنى يوقۇتۇپ، بېشى ئايلىنىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا (باشقىلار تەرەپتىن) ئاغزىغا نېمە سېلىپ بېرىلسە شۇنى سۆزلەيدۇ. نېمىگە چاقىرىلسا شۇنى قوبۇل قىلىدۇ، نېمە دېسە، قانداق خەۋەر قىلسا راست دەپ ئىشىنىدۇ. دېمەك، ئامما، خەلق بۇگۈنكى يېڭى كەشپىيات، يېڭى ئىجادىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ سىر ـ ئەسرارىتى، ئۇسۇل قائىدىلىرنى بىلمىگەچكە، پەننى بىلىم ئادەملەرنى ئاجايىپ سىرلىق مەخلۇق دەپ تونۇپ، ئۇلارنىڭ كەشپىيات، ئىجادىيەت جەھەتتىكى ئەمەلىي ئىشلىرىغا ئىشىنىشكە ئەگەشتۇرۇپ، دىن تەرەپتىن تارقاتقان پاكىتسىز، ئويدۇرما، ئەپسانە نەزەرىيىلەرگىمۇ ئىشىنىپ كەتكەن. ھالبۇكى پەننى ئىجادىيەت باشقا ئىش، دىن باشقا يول ئىدى. پەن ئىنسان تەجرىبىسى، دىن الله تەلىماتى ئىدى. خەلق بۇنى تونۇيالمىدى.

4. ئۆزى خالىغان، تەبىئىتى تارتقان ئىشلاردىن چەكلەيدىغان تۇزۇم ۋە مۇناسىۋەتلەردىن قېچىشى «دىن»دىن ۋاز كېچىشكە سەۋەب بولدى. خۇسۇسەن ئىنساننىڭ دىندىن ئۆزىنى تارتىپ «دىن»نىڭ چەكلىمىلىرىدىن ئۆزىنى خالى قويۇپ، ھەر قانداق قەبىھ قىلىق، يامان سۆز، ھارام يەمەكلىكنى ئۆزىگە راۋا كۆرىدىغان بولۇشىغا ۋە ئەخلاقى چەكلىمىلەردىن بوشۇنۇپ كېتىشكە، دىنىي ۋەزىپە، شەرىئەت مەسئۇلىيەتلىرىدىن ئاجراپ كېتىشكە ياردەم قىلغۇچى ۋە جۇرئەتلەندۇرگۈچى بىر كىم تېپىلسا ئاڭسىز ئىنساننىڭ تېخىمۇ «دىن» دىن ۋاز كەچكۈسى كېلىدۇ.

5. ئىسلام ھۆكۈملىرى (يولىيۇرۇقلىرى)نىڭ جەمىيەتتىن يوقۇلىشى، ئىسلام نۇرىنىڭ يۇشۇرىنىشى، ئىسلام روھى غەلىبىسىنىڭ ئاجىزلاپ ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرپىدە ئىنسانىيەتكە روھى قىممەت بەرگەن، پەزىلەت ۋە ئېسىل ئەخلاق بەرگەن دىنىي ئىسلامنىڭ دائىرسى تارىيىشقا باشلىغانلىقتۇر. چۈنكى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكرىلىرى ۋە ئىسلام پەرزەنتلىرىنىڭ بىخودلىقى نەتىجىسىدە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خۇراپات ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قارا داغلىرى چاپلاشقان. ئىسلام مەملىكەتلىرگە پاراكەندىلىك ۋە چېكىنىش يۈز بەرگەن. ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ، مائارىپلىرنىڭ بازىرى يېتىپ قالغان. (مۇسۇلمانلار سىياسى ئۇيقۇ، ئىقتىسادىي كىرزىس، ئەخلاقى چىرىكلىككە چۈشكەن.) بىر مەزگىلدە ماددىغا ئىشەنگۈچى كوممونىستلىق ئېقىم ئوتتۇرغا چىقتى. ئۆزىنىڭ خۇداسىزلىق يولىنى بازارغا سېلىشقا،

ئىنسانلارنى يولدىن چىقىرىشقا، بۇزۇق خاتا ئىدىيىلەرگە كىرگۈزۈپ، كېلىشتۈرۈپ دوم سېلىشقا كەڭ، ئازادە موھىتنى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دىنلارنى يوققا چىقاردى. خەلقتىكى بارلىق يېتەرسىزلىكنى، قالاقلىقنى دىنغا يۈكلىدى. دىنغا دۆڭگىدى، دىنغا قارشى ئۇرۇشتى. دىنلارنى قوپاللىق بىلەن تەنقىد قىلدى. ئاگاھ بولۇڭلار! ﷲغا قەسەمكى دىن ئىسلام ئەگەر يوقاتقان ھالىتىنى تاپقان بولسا، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت، كەشپىياتلىرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسا، تەبىئەت ئىلمى، تېخنىكا ۋە قانۇن تۈزۈش جەھەتتىكى ۋە روھىي جەھەتتىكى ئىلمىي ھايات مەيدانلىرىدىكى ئۈستۈنلۈكنى تاپقان بولسا ۋە ئىسلام خەلقى ئىچىدىكى ئادالەتنى ۋە پۈتۈن خەلققە بولغان رەھىم شەپقىتىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى چۆمدۈرگەن ھەتتا دۈشمەنلەرگىمۇ كەلتۈرگەن بەخت - سائادەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسا، دىنسىزلارنىڭ دىنغا ھۇجۇم قىلىشى ئەمەس، دىن ھەققىدە بىر نىمە دېيىشى مۇمكىن بولمايتتى. لېكىن ئىش ئۇيلىغاندەك بولماي قالدى.

يۇقىرقى بەش تۈرلۈك سەۋەبنىڭ ھەر قايسىسى بۈگۈن ئالەمنى قۇرۇتۇپ ۋەيران قىلىۋاتقان خۇداسىزلىق ئېقىمىنىڭ تارلىشىغا ياردەم قىلدى. بۇ ئىقىمغا ۋاقتىدا تىزلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇلمىسا، ئۆز دائىرىسىدە توختۇتۇلمىسا، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئەڭ تۆۋەن ھايۋانلىق ھالىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەن بۇ دىنسىزلىق ئېقىمىغا ئىسلام دىنىدىن باشقا بىر يول ياكى ئېقىم ئۇنى يوقۇتۇش ئەمەس تاقابىل تۇرىدۇ ياكى توختىتىدۇ، دەپ قارىمايمەن. قاچانكى ئىسلامغا راست ئىشىنىدىغان ۋە ئىسلامنى ئېتىياتچانلىق ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، ھاكىمىيەتنى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى دىن ئىسلامغا بېرىدىغان بىر چوڭ ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلسا، ئاندىن كېيىن بۇ دۆلەت دىنسىزلىق ئاسى ئېقىمىنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ پىچەك نەزەرىيىلىرنى ۋە ﷲ تائالانىڭ ھەق دىنىغا قارشى ھۆججەتسىز، باتىل دەۋالىرىنى خەلق ئاممىسىغا كۆرسىتىدۇ.

## خۇداسىزلىقتا بىرىنچى قۇربان بولىدىغىنى ياۋروپا

ئىنسانىيەت ئالىمىگە دىنسىزلىق بالايى ئاپىتىنى سۆرەپ ئەكىرگەن ياۋرۇپا پات يېقىندا دىنسىزلىق، كوممونىستلىق ئېقىمىغا قۇربان بولۇپ تۈگىشىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. بىز بۇ سۆزنى قىلساق ياۋرۇپاغا قارىتا جىنايەت قىلغان بولمايمىز. بىز ئېيتىمىزكى: دۇنيا، خۇسۇسەن ياۋرۇپا خەلقى دۇنياغا ئىسلام ئاشكارا بولغان بىلەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاشتا ۋە پەزىلەتلىك ھاياتقا لايىقلاشتۇرۇشقا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە يەتكۈزۈشكە يارامىلىق دىن ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ياخشىلىق ۋە بەخت يولى ۋە سائادەتكە يەتكۈزۈش يولى دەپ تونۇپ ئىسلامنىڭ قوينىغا كىرىشنىڭ ئورنىغا ئىسلامغا قارشى تۇردى، ئىسلامنىڭ ئىلگىرلىشىگە، دۇنياغا كېڭىيىشىگە توسالغۇ بولدى. ئىسا ۋە خىرىستىئان دىنى نامىدىن ئىسلام بىلەن ئۇرۇشقىنى ئاجايىپ بولدى. خۇددى ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن ﷲنىڭ ھەققانىي دىنى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەندەك، ھەققەتكە كۆز يۇمدى.

ئەمما خىرىستىئان دىنى بولسا پەقەت بىر ئىقلىم، بىر يۇرتقا خاس بولغان دىندۇر. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىغا خاس پەيغەمبەر بولغان ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى

مۇنداق دېگەن: «مەن ئازغان بەنى ئىسرائىل مىللىتىگىلا پەيغەمبەر قىلىندىم.»

ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا قۇرئان كەرىم مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: ⟨ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن اللە ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى ئەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كىلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن⟩ دېدى. ئىسا ئۇلارغا رۇشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن چاغدا ئۇلار: ⟨بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر⟩ دېدى.» (سۈرە سەپ 6ـ ئايەت)

ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە اللەنىڭ ئەلچىسىدۇر. بۇنىڭغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «بارچە پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاس پەيغەمبەر قىلىنغان ئىدى. مەن پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىندىم» دېگەن سۆزى دەلىل ۋە رەسۇلۇللاغا اللە تائالانىڭ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا اللە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن» دېگەن سۆزى (سۈرە ئەئراف 158ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ۋە اللە تائالانىڭ «سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كافىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.» دېگەن سۆزى. (سۈرە سەبەئ 28ـ ئايەت) ھەم اللە تائالانىڭ «پۈتۈن ئالەم خەلقىنى خۇدانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرسۇن ئۈچۈن، ئۆز بەندىسى (مۇھەممەد)كە قۇرئاننى (ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان كىتابنى) چۈشۈرۈپ بەرگەن زات بەك ئۇلۇغ» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.

بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراق بىر ئەھۋال شۇكى: ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقان ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرى بولغان ھاۋارىلارنى تاغ چوققىلىرىغا ۋە يىراق يەرلەرگە قېچىپ، دىنىنى قوغداشقا مەجبۇر قىلغان يەھۇدىلار باتىل خىرىستىئان دىنىنى ئويدۇرۇپ چىقتى. خىرىستىئانلار بۇ باتىل دىن ئۈچۈن ئىسلام بىلەن ئۇرۇشتى. يەھۇدىلار سەيىد ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى يوللىرىنىڭ شەرقى ياۋروپادا كېڭەيگىلى باشلىغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ دىننى سۈرگۈن قىلىش ئۈچۈن بىر بۆلۈك يەھۇدىلار ھىلە مىكرى قىلىپ يالغاندىن خىرىستىئان بولۇۋېلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى پاخاللاشتۇرۇپ بۇت پەرەسلىك دىنىغا ئۆزگەرتتى. ھالبۇكى ئىسا ئەلەيھىسسالام دىنىنى ئۇنداق ئۆزگەرتىشتىن بىزار ئىدى ۋە بۆشۈكىدە يېتىپ ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن اللە تائالانىڭ بەندىسى مەن» پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئىگىمىز بولغان اللەغا قۇلچىلىق قىلىڭلار! ھەر كىم اللە تائالاغا بىر كىمنى شېرىك قىلسا اللە ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدى. ئۇنىڭ جايى ئوت، بەندىنى خۇداغا شېرىك قىلىپ ئۆز جېنىغا ۋاپال قىلغان زالىملارغا ياردەمچى يوق» (ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خۇداغا قۇل ئىكەنلىكنى، خۇدانىڭ ئوغلى ئەمەسلىكىنى، خۇداغا شېرىك ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، تەۋھىد ئۆگەتكەن ئىدى. يەھۇدىلار خىرىستىئانلارنى ئازدۇرۇپ « ئىسا خۇدانىڭ ئوغلى، ئىسا 3ـخۇدا» دەيدىغان شېرىك ئەقىدىنى ئۆگىتىپ، تەۋھىد دىنىنى بۇت پەرەسلىك دىنىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ناسارالار (خىرىستىئانلار) بۇنى بىلمەي باتىل دىن ئۈچۈن ھەق ئىسلام دىنىغا قارشى ئۇرۇشتى.)

خىرىستىئانلارنىڭ دىنىنىڭ بۇزۇلغىنى، شېرىك دىن بولۇپ قالغىنىنىڭ دەلىلى شۇكى: ئىسا ئەلەيھىسسالامغا خۇدادىن چۈشكەن بىر ئىنجىلنى يەھۇدىلار گەپ قوشۇپ، ئۆزگەرتىپ بىر قانچە ئىنجىلغا كۆپەيتكەن. مەن ئېيتىمەنكى: ئىسلام دىنىنىڭ (دۇنيانى ئىسلاھ قىلىشقا) يارارلىق دىنلىقى، پۈتۈن ئىسانلارغا ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ۋە باشقا ئىرقتىكىلەرنىڭ

ھەممىسىگە اللهنىڭ رەھمىتى ئىكەنلىكى، خاس ئەرەبلەرنىڭ دىنى ئەمەسلىكى ياكى ئافرىقا ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ دىنى بولماي، خاس ئاسىيا ئەللىرىنىڭ دىنى ئەمەسلىكى بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ دىنى ئىكەنلىكى رۇشەن بىلىنگەندىن كېيىن يەنە ئېيتىمەنكى: ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە يارارلىق ئىكەنلىكىنى ياۋروپالىقلار ئوچۇق بىلگەندىن كېيىن ئىسلامغا يۈزلىنىپ قوبۇل قىلىشنىڭ، ئىسلام قويىنىغا كىرىشنىڭ، ئىسلام بىلەن ئۆزىنى ۋە باشقا خەلقلەرنى بەختتكە يەتكۈزۈشنىڭ ئورنىغا ئىسلامغا قارشى ۋە ئىسلامغا ئىشەنگۈچىلەرگە قارشى، ئىسلام يولىغا ئەگەشكۈچىلەرگەقارشى ئۇرۇشقىلى باشلىدى. نەتىجىدە، شەپقەتسىز سەلىپ ئۇرۇشىنى قوزغىدى. رەھىمسىز مۇستەملىكچىلىك ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. ئىسلام ئەقىدىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن يەھۇدىلارنىڭ ھىلە مىكرى، سۈيقەستچىلىك ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن كېيىن بۇ ئۇرۇش بىلەن ئىسلام خەلىپىلىك ھۆكۈمىتىنى يىقىتتى. مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى زىندىق (دىنسىز)لار، باتىنىيە تائىپى ۋە تەرىقەتچى سوپىلار ۋە دىن ئىسلامدىن چەتنەپ كەتكەن ئازغۇنلار بىلەن مەخپىي ۋە ئاشكارا ئۆزئارا ياردەملەشتى. بۇ تائىپە (گورۇھ)لار ئۆزىنى مۇسۇلمان ھىسابلاپ تۇرۇپ، ھالبۇكى، بۇلار دىنىنى بۇزۇش، تۈگىتىش، ۋەيران قىلىشتا ئىسلامنىڭ ئەڭ قاتتىق دۈشمەنلىرى بولدى.

ئاخىردا دەيدىغان سۆزۈم، ياۋروپالىقلار ئۆزلىرى مۇستەملىكە قىلغان ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ھېچ قانداق پايدا ئالالمىغاچ، مۇستەملىكلەرنى بىكارلاپ چىقىپ كېتىشنى قارار قىلىشقاندىن كېيىن، مۇستەملىكە قىلىنغان مۇسۇلمان ئەللەر ئىچىدىن ياۋروپالىقلارغا كۆز، قۇلاق، قول بولۇپ ئىشلەيدىغان بىر بۆلۈك خائىنلارنى يېتىشتۈرۈپ قويۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى دۈشمەنلىكى تىرىسىگە پاتمايلا قالدى. «ئىسلامنى ھاقارەتلەيدىغان، ئىسلام پىرىنسىپلىرى، قانۇنلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان قول چوماقلارغا ئايلاندى. بۇلارغا يەرلىك ھوقۇقلارنى تاپشۇردى. ياۋروپالىقلار دېرىزىدىن كىرىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. بۇ خائىنلار ياۋروپالىقلارغا بويسۇنۇپ ئىشلەشتە ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئىزباسارلىقنى داۋاملاشتۇردى، بۇلار شۇنداق بولدى ۋە شۇنداق ئىشلىدى. ئاخىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمىلا قالدى. ئىسلام دىنىنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قۇرئاننىڭ شەكلى ۋە خېتىلا قالدى (ئىسلامنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزدى، خۇراپاتلاشتۇردى). الله تائالانىڭ: «ھىيلە ـ مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ.» (سۈرە فاتىر 43ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە ئاساسەن ئېيتىمىزكى: ياۋروپالىقلار اللهنىڭ ھەق دىنى بولغان ئىسلام دىنىغا قارشى قىلغان جىنايىتى نەتىجىسىدە يىقىنقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەڭ ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتكە، تاقەتسىز خاپىلىققا دۇچار بولىدۇ. الله تائالا بۇلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.

## الله تائالانىڭ «رەب» سۈپىتىگە شېرىك قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىسلام ئۈممەتلىرىدىكى ئەمەلى كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە

بىز يۇقىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنغان زامانلاردىكى ئەرەبلەر الله تائالاغا تەربىيەت قىلىش سۈپىتىدە مەخلۇقتىن بىر كىمنى، يا بىر نەرسىنى شېرىك قىلمايتتى. شۇ

بىر زامانلاردىن كېيىن مۇسۇلمانلار جامائىتى ئىچىدە الله تائالاغا «تەربىيەت قىلغۇچى» لىق سۈپىتىدە مەخلۇقنى شېرىك قىلىدىغان ئەقىدە ۋە ھەركەتنىڭ ئاشكارا دەلىللىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ دېگىنىمىز ناھايىتى باشقىچە بىر گەپتەك كۆرۈنسىمۇ، ھەر بىر كىشى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىرىدا شېرىكلىكنىڭ ئەمەلىي پاكىتلىرى ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقتىن ۋاقتىپلانغاندىن كېيىن بۇخىل ئەھۋال يوقۇلۇشقا باشلىدى.

بىز بۇ يەردە الله تائالانىڭ تەربىيەتچىلىك خۇسۇسىيىتىگە مەخلۇقنى شېرىكلەشتۈرۈشتىن ھەزەر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋە مۆمىنىنىڭ ئەقىدىسى الله تائالانىڭ كىتابىنى( قۇرئاننى) ۋە رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتى (ھەدىسى)نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغاچقا، ئەقىدىنىڭ «شېرىك» تەسىرىدىن، شېرىك ئەمەلىيەتلىرىدىن خالىي بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر بۆلەك مۇسۇلمانلاردىن شېرىك ئالامەتلىرىدىن بىر قىسمىنى بايان قىلىمىز.

1. بىر بۆلەك بىلمىسىز ئاۋام مۇسۇلمانلار بار. ئۇلار: بۇ ئالەمدە قۇتۇبلەر، ئابداللار دەپ ئاتالغان ئەۋلىياھ، سالىھ بەندىلەر بار، بۇلاردا ئىنسان ھاياتىدا مەلۇم تەسەررۇپ قىلىش ئىشى بار. ئۇلار كىشلەرنى مۇلۇككە ئىگە قىلالايدۇ. ھوقوقتىن ئېلىپ تاشلىيالايدۇ، كىشلەرگە تىلىگەن ھاجەتلىرىنى بىرەلەيدۇ، مەنئى قىلالايدۇ. زىيانغا ئۇچۇرتىدۇ، پايدا يەتكۈزىدۇ دەپ ئېتىقات قىلىدۇ، يەنە مۇنداق ئەقىدە بار. شۇ قۇتبىلەردە، ئابداللاردا بىر دەپتەر بار. ئۇ دەپتەر سالىھلار دەپتىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەپتەردىن بەزى قارارلار (پالان كىشى پالان ئىشتا پايدا تاپىدۇ، غەلبە قىلىدۇ. پالان كىشى نائۈمىد بولىدۇ، زىيان تارتىدۇ) دەيدىغان بەلگۈلىمىلەر چىقىدۇ دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىنسانلارنىڭ  قەلبى سالىھ بەندىلەرگە باغلانغان. سالىھلارنى غائىبانە تىلغا ئېلىپ (داد پىرىم) دەيدىغان، قاتتىقچىلىق كەلگەندە، ئۇلارغا نالە پەريات قىلىدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قىچقىردىغان ئىشلار بار. بۇ ئىشلار شۇ سالىھ بەندىلەرنى اللهغا «رەب» سۈپىتىدە تەربىيەت قىلىشىدا شېرىك قىلغانلىقنىڭ ئەمەلىيى كۆرۈنۈشىدۇر.

2. ئۆزىنى ئەھلى ئىلىم (بىلىملىك) ئاتىۋالغان نۇرغۇن كىشلەر، ئەۋلىيالار، سالىھلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھلىرىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدا تەسەررۇپ قىلىشى بار دەپ ئەقىدە قىلىشى بولۇپ، بۇ يالغان، باتىل ئەقىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن. نەتىجىدە ئالىي قەۋرىلەر، گۇمبەزلەر، سۇمەلەر بىرەر ئىشتىن قورققان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى پاناھ ئالىدىغان جايى، كېسەللەرنىڭ شىپاخانىسى بولۇپ قالغان، ھەر كىمگە خاپىلىق يەتسە، زۇلۇمغا ئۇچرىسا، مۇسىبەت كەلسە دەرھال شۇ مازارلارغا، گۇمبەزلەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يوپۇغلىرغا ئېسىلىپ «داد غەۋسۇل ئەزەم!» دەپ قىچقىرىپ خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى، ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

نۇرغۇن كېسەللەر شۇ قەبرىلەرگە ئېلىپ بېرىلدى. كۆپلىگەن بالايى ـ ئاپەت ئىگىلىرى، ھاجەتمەنلەر قەبرىلەرنى مەقسەت قىلىپ باردى. قەبرە بېشىدا يېتىپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مازارلارنىڭ ئەرۋاھلىرىدىن مەدەت ـ مەنپەئەت ئۈمىد قىلغانلىقتىن بولدى. ھەتتا خەلق ئارىسىدا: «قىيىنچىلىق يۈز بەرسە، دەرھال قەبرىستانغا بېرڭلار» دېگەن سۆز تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاما خەلق قەبرىستانغا بېرىپ ئەرۋاھلادىن ياردەم تىلىدى. دۇئا قىلدى، مۇشۇنداق ئىشلار ۋە ئەقىدىلەرنىڭ ئاشكارە شېرىك ئىكەنلىكىگە ئەقىللىق كىشى شەك قىلمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا ئەۋلىيالارنىڭ، سالىھلارنىڭ بۇ دۇنيا ئىشلىرىغا ئارلىشىش، تەسەررۇپ قىلىش، كىشلەرنىڭ ھاجىتىنى بىجىرىپ بېرىش، پايدا ياكى زىيان كەتكۈزۈش ھوقۇقى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش بار. بۇ ئېتىقاد ئاشكارا شېرىكتۇر. بۇ ئىشلار الله تائالانىڭ «رەب» سۈپىتىگە

خاس ئىشتۇر. بۇ ئىشلار خەلقنى ئىدارە قىلىش ئىشى بولۇپ بۇ الله تائالاغا خاستۇر.

3. جىندىن قورقۇش، ئەيمىنىش ۋە جىنلاردىن دەردىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىش، جىنلار ئۈچۈن مال بوغۇزلاش، مەسىلەن، قۇدۇق باشىغا توخۇ، كەپتەر بوغۇزلىغاندەك، يېڭى ئۆي پۈتكەندە ۋە ئۆيدە ئولتۇرۇش ۋاختىدا مال بوغۇزلىغاندەك، ۋابا كېسىلى، ئاشقازان كېسىلى تارقالغاندا جىنلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن مال بوغۇزلىغاندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى شېرىكتۇر.

بۇ ئىشلار بىلىمسىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئىشلار بولۇپ، الله تائالانىڭ تەربىيەت قىلىش سۈپىتىگە جىنلارنى قوشۇپ ئالغان ئاشكارا شېرىكتۇر. بۇ ئىشلارنى قىلىشقا سەۋەب بولغان نەرسە : جىنلاردا اللهنىڭ ئىرادىسى ۋە باشقۇرۇشىدىن تاشقىرى تەسەررۇپ ۋە ھوقۇق بار دەپ تونۇپ ئەقىدە قىلغانلىقتۇر.

بۇ ئەقىدە شەيتاننىڭ ئۆز دوستلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە تاشلىغان يامان خىيالى بولۇپ، شەيتاننىڭ دوستلىرى بولغان ئىنسانلار بۇ ئەقىدىنى خەلققە يايدى. ئاخىرى جاھىل، بىلىمسىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئايلاندى. بۇ بولسا جىنلارنىڭ شەيتانلارنى اللهغا رەبلىكتە شېرىك قىلغانلىق ۋە ئۇلارغا ئىشەنگەنلىكتۇر. الله بۇنداق ئەقىدىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

4. الله تائالانىڭ رەبلىك سۈپىتىگە مەخلۇقنى شېرىك قىلىشنىڭ تۆتىنچى ئەمەلى كۆرۈنۈشى: تەسەررۇپ ماشايىخلىرىنى، تەرىقەتچىلەرنى، مەككار ساھىرلارنى بەك ئۇلۇغ مۇقەددەس بىلىپ كېتىپ، الله تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللانىڭ ئىتائىتىگە خىلاپ ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلار يولغا قويۇپ بەرگەن بىدئەت ئىشلارنى قوبۇل قىلىش، ئۇلار يولغا قويۇپ بەرگەن باتىل ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلىنىش، رەسۇلۇللانىڭ سۈننەتلىرىنى تەرك ئېتىشتە ئۇلارغا ئەگىشىش، سۈننەتنى، سۈننەت ئەھلىنى (ئالىمنى)، سۈننەت ئىشقا دەۋەت قىلغۇچىلانى يامان كۆرۈش، ئۇلار نېمە دېسە خۇش دەپ قوبۇل قىلىش، ئۆز ھاياتىغا، ئۆز جېنىغا ئۇلار ئىگە دەپ تونۇپ، ھەممەئىشىغا ئۇلارنى خەۋەردار تونۇپ، مەخپى ـ ئاشكارا ھەممە ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرىدۇ دەپ تونۇپ، ھەممە ئىشنى باشقۇرىدۇ، نازارەت قىلىدۇ دەپ ئۆزىنى ئۇلار ئالدىدا خار تۇتۇپ، جېنىغا، مال ـ مۈلكىگە، ئابرويلىرىغا، ئۇلارنى ئىگە قىلىش.

بۇ قەدەر باش ئىگىش، بويسۇنۇش، شەرتسىز بويسۇنۇش، تولۇق تەسلىم، ئېتىقات قىلىشنى اللهنىڭ تەربىيەت قىلغۇچى سۈپىتىگە ئۇلارنى شېرىك قىلغانلىق دەپ ھېسابلانامدۇ؟ بۇ سوپىلار ( مۇنچە قۇل بىچارە قىلىۋاتقانلار) غا بۇ بىچارىلەرگە مەئبود ۋە مۇرەببى بولۇۋالغانلىق ئەمەسمۇ؟

5. الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىشنىڭ يەنەبىر ئەمەلىي كۆرۈنىشى بولسا، مۇسۇلمان بولمىغان ھۆكۈمرانلارغا ھەقىقىي قەلبى بىلەن باش ئىگىپ ئۆزىنى خار تۇتۇپ تولۇق بويسۇنۇش، ئۇلار مەجبۇر قىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا خىلاپ بولغان باتىل ھۆكۈملىرىگە ئىختىيارى بىلەن بويسۇنۇش، كاپىرلارنىڭ سىياسىتى بويىچە باشقۇرۇشقا بويسۇنۇپ، ھارامنى ھالال دېسىمۇ، ھالالنى ھارام دېسىمۇ (دىن شەرىئەت چەكلىگىنىنى توغرا دېسىمۇ، دىن ئىسلام توغرا دېگەننى خاتا دىسىمۇ) خوش دەپ قوبۇل قىلىش ئۇلارنى ئىنكار قىلماي، نارازى بولماي، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتىنى ئۈزمەي، مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرىۋېرىش اللهغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتىن ئىبارەت.

مۇنداق ھالەتنى ئىگىلەش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش، رازى بولۇش، ئۇنى توغرا دەپ قانائەت قىلىش ئاشكارا شېرىكتۇر. ئاشۇ غەيرى مۇسۇلمان ھوقۇقدارلارنى الله تائالانىڭ رەبلىك (ئىگىلىك) ھوقوقىغا شېرىك قىلغانلىقتۇر. چۈنكى اللهغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا مەجبۇر

بولۇنماي تۇرۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش شۇ كىشىنىڭ كاپىرلىقىدۇر.

بۇ سۆزنىڭ دەلىلى ئەدى ئىبنى ھاتەم ئىسمىلىك ساھابىنىڭ نەقىل قىلغان ھەدىس شېرىپىدۇر. ئۇ كىشى مۇشرىك جاھىللار زامانىسىدا نەسرانىي (خىرىستىئان) ئىدى. كېيىن مۇسۇلمان بولغان. بۇ كىشى رەسۇلۇللانىڭ قۇرئاندىكى الله تائالانىڭ يەھۇدى، ناسارالار ھەققىدە سۆزلىگەن ئايىتىنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىدى، ئۇ ئايەت: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرلىرىنى راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى ئۆلمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەئبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهدىن باشقا) ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۇرگەنلىرىدىن پاكتۇر.» (سۈرە تەۋبە 31- ئايەت) ئەدى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاغا «بىز موللا، ئىشانلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە رەب (تەربىيەتچى) دەپ تونۇمىغان، ئۇلارنى خۇداغا شېرىك قىلمىغان ئىدۇق» دەپ سوئال قويىدى. رەسۇلۇللا جاۋاب بېرىپ: موللا، ئىنشانلىرىڭلار سىلەرگە ھارامنى ھالال دەپ بەرسە شۇنداق دەپ ئىشەنگەنغۇ؟ دېۋىدى. ئەدى راست شۇنداق، دېدى. شەرئىتى ئىسلامى ھۆكۈمنى قوبۇل قىلماي، كۇفرى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمىنى توغرا كۆرۈش كۇفرى دېمەكتۇر.

ئاخىرقى سۆز: يۇقىرقى ئەھۋاللار مۇسۇلمان ئەللەردە كۆرۈنۈپ كەلگەن شېرىكلىكنىڭ ئەمەلىي ھۆججىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەگەر بىر كىم بىزدىن مۇسۇلمانلاردىكى بۇ اللهنىڭ پەرۋەردىگارلىق سۈپىتىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىش نەدىن پەيدا بولغان دەپ سورىسا، جاۋابىمىز شۇكى؛ بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى اللهنىڭ كىتابى (قۇرئان)نى ۋە ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلايھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى (سۆزلىرى)نى بىلمىگەنلىكتىن، قۇرئان، ھەدىس مەنىلىرىنى ئۆگىنىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىنى ئىسلامغا دۈشمەن ۋە ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلارنىڭ ھىيلە مىكىر قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى، تەۋھىدىنى بۇزۇپ، بىلىش ۋە ئېتىقات قىلىشتىن ئىبارەت كۈچ قۇۋۋەت مەنبىيىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، بىدئەت، خوراپاتلىققا شۇڭغۇتقانلىقتىن كەلگەن بۇزغۇنچىلىق ۋە بالايى - ئاپەتتۇر. (قۇرئان، ھەدىس، شەرئىيەت كىتابلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، ئەقىدە، ئىبادەتنىڭ مەزمۇنىنى، سەۋەبىنى چۈشەنمىسىمۇ، شەكلى جەھەتتىن دىنىنى پائالىيەتلەرنى قىلسا، توغرا بىلەن ناتوغرىنى، سۈننەت بىلەن بىدئەتنى، تەۋھىد بىلەن شېرىكنى، ھالال بىلەن ھارامنى، گۇناھ بىلەن ساۋابنى ئايرىيالمىسىمۇ، سۈرىتى مۇسۇلمان بولۇپ، شەكلىي ئىبادەت ۋە ئايەتلەرنى ئادا قىلسا مۇسۇلمان شۇ، ئىسلام دىنى شۇ، دەپ چۈشەندۈرۈپ، دىنىنىڭ غازىڭىنى قالدۇرۇپ، يىلتىزىنى كېسىپ كەلگەنلىكىدىن بولدى.)

## الله تائالانى بەندىلەرنىڭ ئىبادىتىگە ھەقلىق بولۇشدا يالغۇز دەپ ئىشىنىش

الله تائالانى مەئبودلىقتا يالغۇز دەپ ئەقىدە قىلىش بولسا، مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ موھىم بىر قىسمىدۇر. چۈنكى ئۇ الله تائالا مەخلۇقلارنى تەربىيە قىلىشتا يالغۇز دەپ ئەقىدە قىلىشنىڭ ۋە

ئىسىملىرىدە، سۈپەتلىرىدە يالغۇز دەپ تونۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر. اللە تائالانى بەندىلىرىنىڭ ئىبادىتىگە ھەقلىق دەپ تونۇمىغان كىشىدە، رەبۇبىيەت ۋە ئىسىم سۈپەتلىرىدىكى تەۋھىدنىڭ مەنىسى يوق، پايدىسىمۇ يوق.

اللە تائالا مەخلۇقلارنى تەربىيە قىلىشتا يالغۇز، ئىگىدارچىلىقتا يالغۇز دەپ ئەقىدە قىلىش بولسا، اللە تائالانى تونۇشقا ۋە رەبلىكىنى تونۇشقا ۋە بۇنىڭدا شېرىكى يوق دەپ تونۇشقا باغلىق، خۇددى اللە تائالانىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى اللەنىڭ ئۆزىگە خاس دەپ تونۇش، اللە تائالانىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا ۋە اللەنىڭ ئىسىملىرى، سۈپەتلىرىگە ھېچكىم شېرىك ئەمەسلىكىنى ئەقىدە قىلىشقا ۋە اللەنىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرىنى مەخلۇقنىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرىگە ئوخشاتماسلىققا ۋە اللەنىڭ سۈپەتلىرىنى باشقا مەنىگە ئۆرىمەسلىككە ياكى سۈپەتلىرىنى يوققا چىقارماسلىققا باغلىق بولغاندەك، ئەمما مەئبۇدلىقتا (ھەممە مەخلۇقنىڭ ھۆرمەت بىلەن باش ئىگىپ ئىتائەت قىلىشىغا ھەقلىق كىشى ئىكەنلىكىدە) اللە تائالا يالغۇز دەپ ئەقىدە قىلىش بولسا اللە تائالا بىزگە ئىبادەت قىلىشىمىز ئۈچۈن يولغا قويۇپ بەرگەن قەلبىمىزدىكى تونۇشلىرىمىز ۋە تاشقىرى ئەزالىرىمىز بىلەن قىلىنغان ئەمەللىرىمىز بىلەن اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(ئىدىيىۋى مۇھەببەت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بويسۇنۇشتا اللە تائالاغا باشقىسىنى شېرىك قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، اللەدىن باشقىسىغا بۇنداق بويسۇنۇش تىگىشلىك ئەمەس دەپ ئىقرار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، مەئبۇدلىقتا اللە يالغۇز دەپ تونۇغانلىق بولسا اللە تائالادىن قورققان، ئەيمەنگەن، ئۈمىد قىلغان، تەمە قىلغانلىقتىن، يۈرەكنىڭ اللەغا باغلىنىشى، بارلىقىنى اللەغا تاپشۇرۇش، پۈتۈن ھاياتىنى اللەغا قۇربان قىلىش، بەندىنىڭ اللەدىن باشقا ھېچ نەرسىسى بولماسلىقى ۋە اللەدىن باشقىسى ئۈچۈن ھېچنىمىسى بولماسلىقىدىن ئىبارەت. بۇنىڭغا اللە تائالانىڭ شۇ سۆزى دەلىلكى: « (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ⟨مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللەغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن⟩.» (سۈرە ئەنئام 162ـ، 163ـ ئايەتلەر)

اللە تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاشۇ سۆزنى ئاشكارا، ئوئنلۇك سۆزلەشكە بۇيرۇدى، شۇنداق سۆزلەشكە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىمۇ بۇيرۇغانىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دېدىكى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەئبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.» (سۈرە ئەنئام 78ـ، 79ـ ئايەتلەر)

مۇشۇ تەۋھىدۇل ئۇلۇھىيەت (اللە تائالا بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا يالغۇز ھەقلىق دېگەن ئەقىدىنىڭ) ئالاھىدە دىن ۋە ئىنسانلار ھاياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئەھمىيىتى بار، اللە تائالا پۈتۈن مىللەتلەرگە ئەلچى قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئۈممىتىنى دىنغا چاقىرىشتا دەسلەپتە «ئى مىللىتىم! اللەغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللەدىن باشقا باش ئىگىپ ئىتائەت قىلىشىڭلارغا تىگىشلىك كىشى يوق.» دەپ باشلىشى يۇقىرىقى سۆزنىڭ راستلىقىدىن خەۋەر قىلىدۇ، ھەممە پەيغەمبەرنىڭ بۇ چاقىرىقى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن «لاالە الااللە» نىڭ مەزمۇنىدۇر. پەيغەمبىرىمىز ئۈممىتىنى (بىر اللەدىن باشقا مەئبۇد يوق دەپ) ئىقرار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى راست دەپ ئېتىقاد قىلىشقا چاقىردى. مەككىدە تۇرغان 10 يىل داۋامىدا مۇشۇ ئەقىدىدىن باشقىنى تەلەپ

قىلمىدى. اللهدىن باشقا مەئبۇد يوق (ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەت، ئىخلاس بىلەن باش ئېگىشكە، ئۇلۇغ دەپ تونۇپ ئىتائەت قىلىشىغا بىر اللهدىن باشقا بىر كىم يوق) دەڭلار دېگەن چاقىرىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۈشمەن تۇتۇلدى. دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇش ئېچىلدى، شۇنىڭغا ئوخشاشلا باشقا پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان تاۋابىئاتلىرى بىلەن كاپىرلار ئۇرۇشقان، دۈشمەن تۇتقان، ئازار بەرگەن ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ بۇنداق دۈشمەن تۇتۇشىنىڭ سەۋەبى: لاالەالاالله دېمەك ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن مۇشرىكلار چوقۇنغان پۈتۈن مەئبۇدلاردىن تېنىش لازىم كېلەتتى. پەيغەمبەرلەر ۋاپات بولۇپ، ئىلىملىكلەر تۈگەپ كېتىپ اللهنى تونۇيدىغان اللهنىڭ يوللىرىنى، قانۇنلىرىنى تونۇيدىغانلار ئۆلۈپ كېتىپ، خەلقلەر پەيغەمبەرلەر كۆرسەتكەن ھىدايەت يولىنى يوقۇتۇپ، يولدىن ئېزىش بىلەن ئىبادەت قىلىپ كەتكەن باتىل مەئبۇدلىرىدىن يۈز ئۆرۈشى لازىم كېلەتتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ «لاالە الاالله» دېگەن كەلىمە تەۋھىد (الله ئۇلۇغلۇقتا يالغۇز دېگەن سۆز) پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقتا ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلەردە باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خالايىق ئارىسىدا باشقىلاردىن ئالاھىدە، ئايرىم، ئالىي كۆرۈلىدىغان ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇدىغان، چوڭ كۆرىدىغان ياكى خەلقنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرىدىغان ئۆزى خالاپ ھۆكۈم قىلىدىغان ياكى خەلق ئارىسىدا الله تالانىڭ قانۇنىدىن باشقا بىر قانۇن تۈزۈپ ھۆكۈم قىلىدىغان بىر كىم قالمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ خۇلاسە مەزمۇنى رەسۇلۇللانىڭ روم پادىشاھى «ھىرەقلى»گە يازغان خېتىدە بايان قىلىنغان، «بىسمىللاھ» دەپ باشتا قىلىدىغان گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «ئى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلار) بىزنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئوخشاش بولغان بىر سۆزگە قايىل بولۇڭلار! بۇ بولسا بىر اللهدىن باشقىسىغا قۇل بولمايمىز. اللهغا ھېچكىم ۋە ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمايمىز. بەزىلىرىمىز بەزىلىرىمىزنى رەب قىلمايمىز (ئىنسان ئىنسانغا چوقۇنمايدۇ)، اللهغىلا چوقۇنۇنىمىز» دېگەندىن ئىبارەت.

اللهتالاغا يالغۇز ئىبادەت قىلىش اللهدىن باشقا مەئبۇدلارغا تېنىشقا، ئىبادەت قىلىشنى تاشلاشقا، بىزار بولۇشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۈممەتلىرى ئارىسىدا قاتتىق قارشىلىشىش بولدى. الله تائالا ئۆز كىتابى قۇرئاندا سۈرە مۇجادەلەدە شۇنداق دېدى: «اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ــ ئۇلارنىڭ ئاتىللىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئورۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ــ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)»» (22ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

الله تائالا ئۆزىنىڭ خەلىلى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىپ ھەم بىزنى شېرىككە ۋە مۇشرىكلارغا قارشى تۇرۇشتا ئۇلارغا ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: 〈ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ــ جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر اللهغا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر، ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ〉 دېدى.» (سۈرە مۇمتەھىنە 4ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

«لاالە الاالله» نىڭ مەزمۇنى بولسا: اللهغا يالغۇز ئىشىنىش، ئىبادەتنى اللهغا قىلىش،مەخلۇقتىن بىر كىمنى ياكى بىر نەرسىنى اللهغا شېرىك قىلماسلىق، اللهدىن باشقا، كىشىلەر چوقۇنۇپ كەلگەن ۋە كىشىلەرنى اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە رەسۇلۇللاغا ئىتائەت

قىلىشتىن توسقان مەئبۇدلاردىن تېنىشتىن ئىبارەت. الله تائالاسۇرە نەھلىدە ئېيتتى: «بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: ⟨اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا بۇتلارغا كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار⟩دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.» (36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

«تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار!» دېدى. تاغۇت نېمە؟ تاغۇت دېگەن، ئىنسانلار شەرتسىز بويسۇنۇپ، غايىب كۈچى بار دەپ ئەقىدە قىلىپ، ئىخلاس بىلەن باش ئەگكەن، بىر اللهدىن باشقا كىم ۋە نېمە بولسا ئۇ تاغۇتتۇر. كىشىلەرنى اللهغا ئىتائەت قىلىشتىن ياندۇرغان، ئۆزىگە چوقۇندۇرغان كىشى تاغۇتتۇر ھەم اللهغا ۋە رەسۇلۇللاغا ئىتائەت قىلىشقا خىلاپ بولغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىنغان ئەگەشكەن كىشى تاغۇتتۇر. دېمەك: الله تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللانىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىگە خىلاپ يولغا باشلىغان كىشىگە ئۆز ئىختىيارى بويسۇنۇپ كەتكەن كىشى تاغۇتقا ئىبادەت قىلغان كىشىدۇر. بويسۇنۇلغۇچى تاغۇتتۇر.

اللهتائالا بارلىق ئىنسانلارنىڭ باش ئېگىپ ئىبادەت قىلىشىغا يالغۇز ھەقلىق دېگەن ئەقىدىنىڭ ئورنى مۇھىم بولغىنى ئۈچۈن بۇنى يەنىمۇ ئوچۇقراق ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىم بولغاچقا ئېيتىمىز: تەۋھىدۇل ئۇلۇھىيەتنىڭ (ئىبادەتنى اللهغا يالغۇز قىلىشنىڭ) ئىككى تەرىپى ۋە بىر ۋاستە بار.

بۇ تەۋھىدنىڭ بىر تەرىپىدە مەخلۇق بار. ئۇ ئاجىز ۋە مۇھتاج، ئۇ ھەممىشە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرىدىغان، زىيان زەخمەتنى توسۇدىغان بىر كىمنى ئىزدەيدۇ. ئىككىنچى تەرىپى، بىر پەرۋەردىگاردۇر. ئۇ كۈچلۈك، ھېچكىمگە، ھېچنەرسىگە ھاجىتى يوق، ھەممىنى ئاڭلىغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى، غالىب، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى زاتتۇر، ئۇ ئىبادەت قىلىشىمىزغا ھەقىقىي ھەقلىق الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالادۇر.

ۋاستە بولسا: الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان سۆزلەر، ئىشلار ۋە ئېتىقادلاردۇر. بۇلار بەندىنىڭ الله تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىبادىتىدۇر.

بۇ چۈشەندۈرۈشكە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر مۇقەررەر بولىدۇ.

1.ئىنسان ئۆزىدە ئورۇن ئالغان ئاجىزلىق ۋە ھەممىشە مۇھتاجلىقى بىلەن ھېچقاچان قۇلچىلىق خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىي دەۋرلىرىدە ئىبادەتتىن ئايرىلالمىغانلىقى كۆرىنىدۇ. اللهنى تونۇغانلىرى اللهغا ئىبادەت قىلغان، اللهنى ئۆزىنىڭ مەئبۇدى ۋە ئىگىسى دەپ ئىشەنگەن، اللهنى تونۇيالمىغانلىرى اللهدىن باشقا، ئىنسانغا پايدا كەلتۈرۈشكە، زەرەرنى توسۇشقا يېتەرلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتى بار دەپ تونۇغان ھەر تۈرلۈك كائىناتتىكى نەرسىلەرگە چوقۇنغان، مەلۇم سەۋەبلەر ئۈچۈن ئىبادەت قىلغان.

2. الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى ئەقىلمۇ، شەرىئەتمۇ توغرا كۆرمەيدۇ، اللهدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش (شەرتسىز بويسۇنۇپ، باش ئۇرۇش) لايىق ئەمەس. سەۋەب شۇكى: ئالەمدە اللهدىن باشقا ئەزەلدىن كۈچلۈك، بىھاجەت، ئاڭلىغۇچى، بىلگۈچى، غالىپ، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى بولغان، بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى بىر كىمدىن ھاسىل قىلمىغان بىر كىم يوق. بۇ مەزمۇننى رۇشەنلەشتۇرۇپ ئېيتىمىزكى: «ئىنسان ھەممە مەخلۇقنىڭ خوجىسى، ھەممە مەخلۇقتىن شەرەپلىك ۋە ئەۋزەل، شۇنداق تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ئەخلاقى، جىسمانى، روھى جەھەتتىكى مۇكەممەللىكلىرى ئۇنىڭدا ئەزەلدىن يوق ئىدى. بەلكى ئىنسانغا بۇ مۇكەممەللىكلەر ياراتقان ئىگىسى ئۇلۇغ الله تائالا تەرەپتىن بېرىلگەن، ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي مەئبۇدى ۋە تەربىيچى ئىگىسى الله مەرھەمەت قىلىپ بەرگەن.»

ئىنسانغا ھەممە مۇكەممەللىكلەر الله تائالا تەرەپتىن بېرىلگەنلىكى ئۈنىڭ ئىنساندا ئەسلىدىن يوقلۇقىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىنسان دەسلەپ يارىتىلغاندا بۇ مۇكەممەللىكلەر ئۇنىڭدا يوق. كېيىن بېرىلىدۇ، بېرىلگەندىمۇ بەزى ئىنسانغا بېرىلىدۇ، بەزىسىگە بېرىلمەيدۇ، بەزىسىگە بېرىلىپ بولۇپ يەنە قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ، مەسىلەن: بەزى كىشى بۇرۇن ئەقىللىق، كېيىن ئەقىلسىز بولۇپ قالىدۇ. بەزى كىشى بۇرۇن كۈچلۈك قابىلىيەتلىك، كېيىن ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. بەزى كىشى بۇرۇن باي، كېيىن يوقسۇل بولۇپ قالىدۇ. بۇلار ئىنساننىڭ كامىللىقى ئەسلىدىن بار ئەمەسلىكىنىڭ كېيىن بېرىلگەنلىكىنىڭ دەلىلى. شۇڭا ئۇ ھەممىشە ئاجىز، بويسۇنغۇچى ۋە كامىللىقىنى بەرگەن ئىگىسىگە مۇھتاجدۇر. ئۇ ئىگىسى الله تائالادۇر. ئەمما الله تائالانىڭ كامىللىقى ئەزەلدىن بار. شۇڭا اللهدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشىمىز توغرا ئەمەس، لايىق ئەمەس.

3.ئىبادەتنىڭ بەندىنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىشى ۋە ئىبادەت قىلغان بەندە ئۇنى تولۇق ئوبدان ئادا قىلغاندا ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەت تېپىشىغا ۋاستە بولۇشىنىڭ شەرتى ئالدى بىلەن بەندە شۇ ئىبادەتنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئادا قىلىش ئۇسۇلىنى تونۇشى، شۇ ئىبادەتنى يالغۇز الله تائالاغا قىلىشتۇر. شۇڭا بىلگەن ۋە ئىشەنگەن ئادەمدىن پايدىلىق ئىبادەت ھاسىل بولىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ . بىلىم نەدە ھاسىل بولىدۇ؟ بىلىم اللهنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئەقىدە، ئىبادەت، ھۆكۈملەرنى تونۇغاندىن ھاسىل بولىدۇ.

ئىبادەتنى ئادا قىلىشنى تونۇش بولسا، رەسۇلۇللاغا ئىشىنىش، ئۇ كۆرسەتكەن يولنى تونۇش ۋە ئۇ يولغا ئەگىشىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. الله تائالانى ئىبادەتتىمىزگە يالغۇز قىلىش بولسا، شېرىكنى تونۇش، شېرىكتىن قېچىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەۋھىدۇل ئۇلۇھىيەتكە تەئەللۇق بولغان بۇ سۆزىمىزنى قۇشۇمچە بىر پەسلى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. بۇ پەسلىدە ئىبادەتتىكى شېرىكنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئەمەلىي ئىپادىسىنى، شەكلى كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلىمىز. مەقسىدىمىز، بۇ كىتاب ئۇقۇغۇچىلار ئەقىدىسىدە ئەقلىي قاراشقا ئىگە بولسۇن دىمەكتۇر. بۇ بولسا «ئەقىدە تۇل مۇئمىن» كىتابىمىزنى يېزىشتىكى ئاخىرقى غايىمىزدۇر. الله تائالا ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى ۋە تەۋپىق بەرگۈچىدۇر.

## اللهغا ئىبادەت قىلىشتا مەخلۇقنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىش مەسىلسى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى

شېرىكنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟

بىر كىمنى بىر كىمگە شېرىك قىلىش دېمەكتۇر. بىر كىشىنىڭ بىر كىشىنى باشقۇرۇش، سەرپ قىلىش ھوقۇقىغا يەنە بىر كىمنى شېرىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، خۇداغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىش دېگەن خۇداغا خاس بولغان غايىب ئىلىمنى پالان كىشى غايىبنى بىلىدۇ، دەپ خۇداغا شېرىك قىلماق، بەندىگە مەنىۋى زەرەر ياكى پايدا يەتكۈزۈش خۇداغا خاس تۇرسا، پالان كىشى نەپەس قىلىپ پالانىدىن بالا قازانى توسىدۇ ياكى كەلتۈرىدۇ، دېگەن تونۇشتا بولۇشتەك ئىشلار شېرىكتۇر. شېرىك دېگەن تەۋھىد بىلەن قارمۇ قارشىدۇر. كاپىرلىق مۆمىنلىق بىلەن زىت بولغاندەك، الله تائالانىڭ رەبلىك سۈپىتىگە ياكى اللهنىڭ ئىسىملىرىغا مەخلۇقنى شېرىك

قىلىش كۇفرى بولىدۇ. الله تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتنى مەخلۇققىمۇ بىللە قىلىشتا، ئەگەر شۇ ئىبادەت قىلغۇچى ئاشۇ ئىشنىڭ شېرىك بولۇشىنى بىلسىمۇ داۋاملىق قىلىۋەرسە كاپىر بولىدۇ. (خۇداغا قىلىدىغان ئىبادەتنى مەخلۇققىمۇ بىللە قىلىش دېگەن سۆز: الله تائالا ئىنساننى قۇرئاندا ياكى رەسۇلۇللانىڭ ۋاستىسى بىلەن پالانى ئىشنى قىلىش لازىم، بۇ ئىش پەرىز. كەسكىن قىلىشقا تېگىشلىك دەپ كۆرسەتسە، يەنە باشقا كىشى ئۇ پەرىز ئىشنى قىلمىغىن دېسە، ياكى شەرىئەتكە خىلاپ بىر ئىشنى قىلغىن دېسە، ئۇ كىشى قورقۇتۇپ مەجبۇر قىلمىسىمۇ، بەزى خۇدا بۇيرۇغاننى قىلىپ، بەزى ئۇ كىشى بۇيرۇغان دىنغا خىلاپ ئىشنى قىلىپ، ئۇ كىشىنى رازى قىلىشنى خۇدا رىزاسىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ كاتتا بىلىش ئىبادەتتە ئۇ كىشىنى خۇداغا شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ.)

الله تائالاغا ئالەمنى تەربىيىلەش سۈپىتىدە مەخلۇقنى شېرىك قىلىش ياكى الله تائالانىڭ 99 ئىسىم، سۈپەتلىرىدىن پالان سۈپىتى پالان ئىنساندىمۇ بار دەپ ئەقىدە قىلىش بولسا الله تائالانى يالغانچى دېگەنلىكتۇر ۋە خۇدايى تائالاغا يالغان سۆزلىگەنلىكتۇر ۋە الله تائالانى ئۆزىگە مەئبۇد قىلىدىغان يەرلەردە (ئىبادەتلەردە) اللهدىن باشقىسىنى ئۆزىگە مەئبۇد قىلغانلىقتۇر. اللهدىن باشقىسىنى ئۆزىگە مەئبۇد قىلىش كۇفرىدۇر ۋە الله تائالانىڭ (اللهدىن باشقا مەئبۇد يوق دەپ الله ئۆزى گۇۋاھلىق بەردى) دېگەن سۆزىنى يالغان دېگەنلىكتۇر ۋە (اللهدىن باشقا مەئبۇد يوقلىقىنى بىلگىن) دېگەن سۆزىنى يالغانغا چىقارغانلىقتۇر. اللهنىڭ سۆزىنى يالغان دېگەنلىك شەكسىز كاپىرلىقتۇر.

شېرىك بىلەن كۇفرىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى: شېرىكنىڭ ئىچىدىن ئادەم كاپىر بولمايدىغان شېرىك بار. كىچىك شېرىك ۋە مەخپى شېرىككە ئوخشاش. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە خەۋەر قىلغان ۋە كىچىك شېرىك بولىدىغان ئىشلارنى بەزى بەزى ساھابىنىڭ قىلىدىغىنىنى ئاڭلاپ ئۇنى كاپىر ھېسابلىمىغان، «دىن»دىن ياندى دەپ ھۆكۈم قىلمىغان. رەسۇلۇللا بۇ توغرىدا «سىلەرگە قارىتا بەك قورقىدىغىنىم كىچىك شېرىك دېگەنىدى، ئەسھابىلار : ئى رەسۇلۇللا كىچىك شېرىك نېمە؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللا جاۋاب بېرىپ: خۇدا ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى كىشىلەر كۆرسۇن دەپ ئويلاپ قىلىش كىچىك شېرىك دېدى، يەنە بىر كىشى رەسۇلۇللاغا: الله تائالا خالىغان ۋە سىلىمۇ خالىغان ئىش بولىدۇ، دېگەندە رەسۇلۇللا ئۇ كىشىگە مېنى اللهغا شېرىك قىلامسەن؟ يالغۇز الله تائالا خالىغان ئىشلا بولىدۇ، دېگىن دېدى. يەنە بىر قېتىم ئەسھابىلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە رەسۇلۇللا قېشىغا بىز بىلەن بىللە بېرىڭلار! مۇشۇ مۇناپىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللادىن دەردىمىزگە يېتىشنى تىلەيلى دەپ بارغاندا، رەسۇلۇللا مەندىن كىشىنىڭ مۇرادىغا يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ، يالغۇز الله تائالادىن تەلەپ قىلىنىدۇ، دېدى. يەنە رەسۇلۇللا ھەر كىم اللهدىن باشقا كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلسا ئۇ كىشىنى خۇداغا شېرىك قىلدى، دېدى. يەنە رەسۇلۇللا : ئى ئىنسانلار! مۇشۇ كىچىك شېرىكتىن ساقلىنىڭلار، كىچىك شېرىك چۈمۈلىنىڭ مىدىرلىشىدىنمۇ مەخپىي دېدى. بىر كىشى سوراپ: چۈمۈلىنىڭ مىدىرلىشىدىنمۇ مەخپىي بولغان شېرىكتىن قانداق ساقلىنالايمىز ئى رەسۇلۇللا؟ دېۋىدى، رەسۇلۇللا: ئى الله ساڭا بىر نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ شېرىك قىلىشىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز. (ساقلىنىشىڭنى تىلەيمىز) بىلمەي قىلىپ سالغان شېرىك ئىشلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمىز دەپ، دۇئا قىلىڭلار! دېدى.» رەسۇلۇللا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسىدا بۇنى قىلغۇچى مۇرتەد (دىنىدىن يانغۇچى) ياكى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلمىدى، شۇڭا بىز ئىبادەتتىكى شېرىك ئىشلارنى قىلغۇچىنىڭ كاپىر بولۇشىنى ئۇنىڭ شېرىكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىشقا ۋە داۋاملىق قىلىشقا، ھەقتىن باش تارتىپ،

قارشى تۇرۇپ قىلىشقا، دۇنيالىق مەنپەئەت بولغان پۇل - مال، يۈز - ئابروي، ھوقوق، مەنسەپنى ئەلا كۆرۈپ تۇرۇپ شېرىك ئىشنى قىلىشقا باغلىق، دېدۇق. بۇ مەزمۇننى كۆپرەك ئوچۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن الله تائالانىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرى (خۇسۇسىيەتلىرى) ۋە ئىشلىرى ۋە خۇداغا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىمىز ھەققىدە بىر بۆلەك خۇلاسە گەپلەرنى سۆزلەپ، بۇلاردىكى تەۋھىد شېرىك، كۇفرى قاتارلىقلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

## 1.الله تائالانىڭ مۇقەددەس زاتى توغرىسىدا

الله تائالانىڭ زاتى توغرىسىدا قىلىماقچى بولغان سۆزىمىزنىڭ مەنىسى: الله تائالانىڭ زاتى قانداقراقكىن دەپ پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش، الله تائالانىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنى، ھەقىقىتىنى تونۇشنى مەقسەت قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشتۇر. (الله تائالانىڭ تەن قۇرۇلۇشى نېمىدىن؟ ياكى قانچىلىك بار؟ نېمىگە ئوخشايدۇ؟ دېگەندەك خىياللارنى قىلىش ۋە بۇنى بىلىشنى قەست قىلىش توغرا ئەمەس دېمەكتۇر) ئىسلام شەرىئىتى بۇنداق پىكىر، خىيال قىلىشتىن چەكلىدى، ھەم الله تائالانىڭ زاتىنى بىلىشنى ئەقىلمۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ، چۈنكى الله تائالاغا ئوخشايدىغان ھېچ نەرسە يوق، الله تائالاغا ھېچكىم باراۋەر كېلەلمەيدۇ. بۇ جىسمانى كۆزلەر اللهنى كۆرەلمەيدۇ. اللهنىڭ زاتىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئەقىللەر بىلەلمەيدۇ. ئىنسان ئەقىللىرىنىڭ كۈچى يېتىدىغان نەرسىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرسى ماددا جۇملىسىدىن بولغان، ماددا دائىرىسىدىكى نەرسىلەردۇر. الله تائالا ماددا جۇملىسىدىن ئەمەس. ماددا دېگەن شەيئىدىن بار قىلىنغان ھېسسىي مەلۇم نەرسىدۇر. الله تائالاغا ھېچ نەرسە ئوخشىمايدۇ. ئىنسان تونۇيالىغان، بىلەلىگەن ماددىلار ھەممىسى الله تائالا ياراتقان نەرسىلەردۇر، ياراتقۇچى ھېچقاچان ئۆزى ياراتقان نەرسىنىڭ جۇملىسىدىن بولمايدۇ ۋە ئۆزى ياراتقان نەرسىدىن بىرەرسىگىمۇ ھېچقاچان ئوخشىمايدۇ، شۇڭا اللهغا ئىشەنگۈچىنىڭ الله تائالانىڭ زاتى توغرىسىدىكى ئەقىدىسى، اللهنىڭ زاتى مۇقەددەستۇر، باشقا ھېچ نەرسىنىڭ زاتىغا (تەن قۇرۇلۇشىغا) ئوخشىمايدۇ، اللهنىڭ زاتى بولسا، ھېچكىمنىڭ سۈپىتىگە ئوخشىمايدىغان ئالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەندۇر. الله تائالا ئۆزىنى بىر قانچە ئىسىم بىلەن ئاتىدى، بىر قانچە ئالى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىدى. بىزنى شۇ ئىسىملار بىلەن اللهنى قىچقىرىشقا ۋە شۇ سۈپەتلەر بىلەن اللهغا يېقىنلىشىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا مۇنداق دېدى: «اللهنىڭ ياخشى ئىسىملىرى بار، اللهنى شۇ ئىسىملار بىلەن ئاتاڭلار!» (سۇرە ئەئراف 180-ئايەت) شۇڭا بىز الله تائالانى شۇ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىمىز، شۇ ئىسىملىرى بىلەن خۇداغا يېقىنلىشىمىز، شۇ چاغدا الله بىزنىڭ چاقىرىقىمىزنى ئاڭلايدۇ، قوبۇل قىلىدۇ، مۆئمىننىڭ الله تائالانىڭ زاتى توغرىسىدىكى ئەقىدىسى مۇشۇ.

ھەر كىم الله تائالانىڭ زاتىنى بىرەر مەخلۇقنىڭ زاتىغا ئوخشاتسا ياكى الله تائالانىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىمەن دەپ دەۋا قىلسا ياكى الله تائالانىڭ زاتى توغرىسىدا قۇرئاندا ياكى رەسۇلۇللانىڭ راست ھەدىستە بىلىنمىگەن گەپلەرنى بىلدىم دەپ يۈرسە، چوقۇم كاپىر، مۇشرىك بولىدۇ.

# 2.الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىسملىرى توغرىسىدا

الله تائالا ئۆزىنى قۇرئاندا ۋە رەسۇلۇللا ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىدە ئالى سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىدى ۋە مۇسۇلمانلارنى شۇ سۈپەتلەرگە ئىشىنىش بىلەن الله تائالانى شۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش ئارقىلىق الله تائالاغا يېقىنلاشماق ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا ئۆزىنى چىرايلىق ئىسىملار بىلەن ئاتىدى.شۇ ئىسىملارغا ئىشىنىش، قوبۇل قىلىش ۋە شۇ ئىسىملار بىلەن الله تائالا قايسى مەنانى ئىرادە قىلغان بولسا شۇ مەنا بىلەن الله تائالانى تونۇش ۋاجىپ بولىدى. الله تائالا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەردىن بىرەرسىنى خۇدادىن يوق قىلغان كىشى ياكى الله تائالا ئۆزىنى ئاتىغان ئىسىملاردىن بىرەرسىنى يوق قىلغان كىشى چوقۇم كاپىر، مۇشرىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ياكى سۈپەتلىرىنى قانداق بىر مەخلۇقنىڭ سۈپىتىگە ياكى ئىسمىغا ئوخشاتسىمۇ چوقۇم كاپىر ۋە مۇشرىك بولىدۇ، چۈنكى بۇ كىشى بىر قېتىم الله تائالانىڭ سۆزىنى يالغان دېدى، يەنە بىر قېتىم الله تائالا سۆزلىمىگەن سۆزنى الله تائالا ئېيىتتى، دەپ يالغاننى توقۇدى. بۇ ھەر ئىككىسى كۇفرى ۋە چوڭ شېرىكتۇر.

الله تائالانى تەنزىھ قىلىش (كەمچىللىكتىن خالى تونۇش، مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ دەپ تونۇش) مەقسىتى بىلەن الله تائالانىڭ ئالى سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلسا (باشقا مەنىگە ئۆرۈسە) ئۇ كىشى خاتالاشتى ۋە ھەقنى تونۇمىدى، ئۇلار شەرىئەت بۇيرۇمىغان يولنى ئۆزىگە يۆكلىدى، بۇيرۇلمىغان ئىشنى قىلدى. تەئۋىل قىلغانلىق، مەسىلەن: الله تائالاغا قولى بار دېيىشتىن قېچىپ «قول»نى قۇدرەتكە ئۆرۈش، قىيامەت كۈنى بەندىلەرگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، دېگەن ئايەتنى تەئۋىل قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىۋالغان ئۆزگۈرۈش، يۆتكۈلۈشتەك خاتا مەنىدىن قېچىپ «اللهنىڭ ئەمرى كەلدى ياكى پەرىشتە كەلدى» دېگەن مەنىگە تەئۋىل قىلىش ۋە يەڭگۈشلەش. الله تائالانى ئەرش ئۈستىگە ئۆرلىدى، دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلەشتىن قېچىپ الله ئەرشكە ئىگە بولدى،دېگەن مەنىگە ئۆرۈش ۋە الله تائالانىڭ «علو» (ھەممىدىن ئالىيلىق) سۈپىتىنى الله تائالانى تەرەپتىن ۋە ئورۇن ئىگىسى دېگەندەك ۋەھىمىدىن قېچىپ قەھرى قىلغۇچىغا تەئۋىل قىلىش، كېيىنكى زامان ئۆلىمالىرى ئادەت قىلغان، سەلەپلەر (ئەسھابىلار ۋە تاۋابىئاتلار) تونۇمىغان يەنە باشقا بىر خىل مەنىگە تەئۋىل قىلىش، ئۆزگەرتىش ھەممىسى خاتالىقتۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش اللهغا تۇزۇتۇش بەرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭ ئىزاھاتى مۇنداق:

1. الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلغۇچى (باشقا مەنىگە ئۆرۈگۈچى)لەر الله تائالاغا پۈتۈن خەلقتىن الله تائالانى بەك تونۇغۇچى رەسۇلۇللا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رازى بولغان سۈپەتلەرگە رازى بولۇشمىدى.

2. بۇنداق تەئۋىلنى الله تائالا ئۆزى ئۈچۈن ئىرادە قىلغان بولسىدى، ئەلۋەتتە قۇرئان كەرىمدە مۇشۇنداق تەئۋىل قىلىشقا بۇيرۇغان بولار ئىدى ياكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تىلى بىلەن بۇيرۇغان بولار ئىدى. ئۇ چاغدا الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلىش (باشقا مەنىگە ئۆرۈش) ۋاجىپ بولاتتى. لېكىن الله تائالا تەئۋىلگە رۇخسەت بەرمىگەچكە، تەئۋىل قىلىش خاتالىق ۋە پايدىسىز، جاپا ۋە تەنقىدكە لايىق ۋە چەكلەنگەن ئىش بولدى. چۈنكى تەئۋىل قىلىش الله تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاغا تۇزۇتۇش بەرگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

3. الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى مەخلۇقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشۇتۇش ئېھتىمالىدىن قېچىپ ۋە قورقۇپ تەئۋىل قىلغۇچىلار چوڭ بىر ھەقىقەتنى بىلەلمىگەن، ئۇ بولسا: الله تائالانىڭ

سۈپەتلىرى بىلەن اللە تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا ئوخشۇشۇپ قېلىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت، چۈنكى اللە تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا پەقەت ئوخشاشلىق يوقتۇر. بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «اللەغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە يوق، اللە ئاڭلىغۇچى، كۆرگۈچى، اللە بىر، ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق.» شۇڭا بىر كىشى: اللە تائالانىڭ قولى پالانى ۋە پالانى ئىنسانىنىڭ قولىدەك دېسە ياكى اللە تائالانىڭ كېلىشى پالانى ۋە پالانىنىڭ كېلىشىگە ئوخشاش دېسە ۋە ياكى اللە تائالانىڭ ئەرشكە ئىستىۋاسى پالانى پادىشاھنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىغا ئوخشايدۇ دېسە، ئۇ ھالدا ياراتقۇچىنى يارىتىلغۇچىغا ئوخشاتقان بولىدۇ، يالغانچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئادەم ياراتقۇچىنى يارىتىلغۇچىغا ئوخشاتقان بولىدۇ، بۇ ئوپئوچۇق يالغانچىلىقتۇر، چۈنكى ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. (اللە تائالا ھېچقانداق تەرەپتىن مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ) ھەم ئۇنداق ئادەم اللە تائالانىڭ سۆزىنى يالغان دېگۈچى بولىدۇ. اللە تائالا: اللەغا ئوخشايدىغان ھېچ نەرسە يوق، دېدى. ئۇ ئادەم مۇشرىك ۋە كاپىر بولىدۇ، چۈنكى اللە تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىگە بەزى بەندىلەرنى شېرىك قىلغۇچى بولىدۇ.

4.ئوخشاتقان بولۇپ قېلىشتىن قېچىپ ۋە قورقۇپ اللە تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلغۇچىغا ئەڭ ئالىي ۋە ئۇلۇغ اللەنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن ئاجىز، بىچارە مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدىكى بەك چوڭ پەرىق مەخپىي بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ كىشى خالىق اللە تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن مەخلۇقنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ اللە تائالانىڭ زاتى بىلەن مەخلۇقنىڭ زاتى (تەن قۇرۇلۇشى) ئارىسىدىكى پەرقتەك ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ئۇنداق ئوخشاتقان بولۇپ قالارمەنمىكىن دېگەن ۋەھىمى خىيالنى ھەرگىز قىلمايتتى ۋە ھەرگىز تەئۋىلگە مەجبۇر بولمايتتى. شۇڭا بىز ئېيتىمىزكى: ئوخشۇتۇش خاتالىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، اللەنىڭ سۈپەتلىرىنى تەئۋىل قىلغۇچى ئېھتىمال ئۇلۇغ اللەنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن ئاجىز مەخلۇق ئارىسىدا بىر ئاز ئوخشاشلىق بارمىكىن، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، بۇ ئىنتايىن چوڭ خاتالىقتۇر.

ئەمما تەئۋىل قىلمىغۇچى كىشى اللە تائالانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن مەخلۇق سۈپەتلىرى ئارىسىدا بىرەر ئوخشاشلىق بارلىقىنى مۆلچەرلەشكە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ ۋە خىيالىغا يول قويمايدۇ، چۈنكى ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق بىر ئوخشاشلىق بولۇشى شەرئى جەھەتتىنمۇ، ئۆرپ ـ ئادەتتىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى خاتالىقتىن، پايدىسىز جاپادىن، نادانلىقتىن ساقلاندى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شېرىكتىن ۋە كۇفرىدىن ساقلاندى.

## 3. اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىش توغرىسىدا

اللە تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتلەر ۋە ئىبادەتتە اللە تائالانى يالغۇز دەپ تونۇش قانداق؟ بۇلارنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن شۇنى سۆزلەيمىز. اللە تائالا ئىنسان بىلەن جىننى باشقا بىر مەقسەتتە ئەمەس پەقەت ئۇلار اللەنى ئەسلەش، شۈكرى قىلىش، ياخشى ئىبادەت قىلىشى بىلەن قۇلچىلىق قىلسۇن ئۈچۈن ياراتتى. بۇنىڭغا اللە تائالانىڭ كىتابىدىكى تۆۋەندىكى سۆزلەر دەلىلدۇر: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئۇزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. اللە ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزق بەرگۈچىدۇر قۇدرەتلىكتۇر (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر.» (سۈرە زارىيات 56ـ ئايەتتىن

58-ئايەتكىچە)

ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىنى ۋە ئۇ ئىبادەتلەر بىلەن الله تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى ئوچۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن، كىتابلار چۈشۈردى. (كىتابلارنى شەرھىيلەش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن) پەيغەمبەرلەر بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئىشلىرى شەرىئەت تەرەپتىن توختۇتۇپ بېرىلدى، ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ شەكلى ۋەھىي ئارقىلىقلا بىلىدىغان ئىشلار بولدى. يەنى قۇرئان ۋە ھەدىس ئارقىلىقلا يولغا قويۇلدى. الله تائالا بەندىلىرىنى ئىبادەت قىلسۇن ئۈچۈن يولغا قويۇپ بەرگەن (قۇرئان ۋە ئىشەنچىلىك ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان) ئىشلاردىن باشقا ئىش بىلەن ئىبادەت قىلغان كىشى اللهغا ئىبادەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىغا ياكى ئۇ كىشىنى ئازدۇرغان شەيتانغا ئىبادەت قىلغان (ئەقىدە بىلەن ئىتائەت قىلغان) كىشىدۇر.

الله ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە ئىبادەت ئۈچۈن كۆرسىتىپ بەرگەن ئەمەللەر بىلەن ئىبادەت قىلسىمۇ، مەزكۇر ئىبادەتتە اللهغا بىرەر مەخلۇقنى شېرىك قىلغان (الله رازىلىقىنى تىپىش مەقسىتى بىلەن قىلماي، مەخلۇقنى رازى قىلىش مەقسىتى بىلەن قىلغان) كىشى چوقۇم الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلغان ۋە كاپىر بولغان كىشىدۇر.

ھازىر الله تائالا بەندىلىرىگە ئىبادەت ئۈچۈن كۆرسىتىپ بەرگەن ئىبادەتلەر ۋە ئۇ ئىبادەتلەردە اللهغا مەخلۇقنى شېرىك قىلماي يالغۇز اللهغىلا ئادا قىلسۇن ئۈچۈن يولغا قۇيۇپ بەرگەن ئىبادەتلەر قايسىلار؟ جاۋاب: بەندىلەرنىڭ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن الله تائالا يولغا قويۇپ بەرگەن ئىبادەتلەر قۇرئاندا ۋە ھەدىستە بار. شۇ ئىككىگە بىكىتىلگەن، شۇ ئىككىسىدە تەلەپ قىلىنىدۇ ۋە تونۇلىدۇ. بىز ئەمدى مۆئمىن ئەقىدىسىنى رۇشەنلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئىبادەتلەردىكى تەۋھىد بىلەن شېرىكنى بايان قىلغان ھالدا ئىبادەت تۈرلىرىدىن بېتەرلىك بىر بۆلۈكىنى سۆزلەيمىز. ئىبادەت ھەققىدىكى بەھسىمىزنى تولۇقلاش ئۈچۈن قەلبنىڭ ئەمەللىرى بولغان ئىبادەتتىن باشلاپ، پۇت، قول ئەزا بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

## 1.قەلب بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر

قەلب ئەمەللىرى دېمەك: بەندىنىڭ قەلبى (نىيىتى ۋە ئىدىيىسى بىلەن) ئورۇنلىنىدىغان ئىبادەتلەر بولۇپ، ئىمان (ئىشىنىش)، مۇھەببەت (اللهنى سۆيۈش)، اللهدىن قورقۇش، ئەيمىنىش، ئۈمۈد قىلىش، الله تەرەپكە قىزىقىش، دىل، ئىدىيە، ھەركەتتە اللهغا قايتىش، اللهغا ئىشەنچ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ تەپسىلى بايانى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىمان دېمەك: الله تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ھەممىنى تەربىيلىگۈچى ئىكەنلىكىگە ۋە بۈرۈنقى ۋە كېيىنكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەت بىلەن باش ئىگىپ ئىتائەت قىلىشىغا تېگىشلىك زات ئىكەنلىكىگە راست دەپ ئىشىنىش ۋە الله تائالا ئىشىنىشكە ۋە ئەقىدە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشلارغا يەنى پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارغا اللهدىن چۈشكەن كىتابلارغا، ھەممە مەخلۇق ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادىكى سۆز - ھەركەت، ئەقىدە (ئىدىيە) تونۇشلىرىغا چارە قىلىنىشىغا ئىشەنگەن ۋە بويسۇنغانلارنىڭ ئاخىرەتتە نىئمەتكە، راھەتكە نىسىپ بولۇشىغا، ئىشەنمىگەن ۋە بويسۇنمىغانلارنىڭ بەختسىز بولۇشىغا، ھەر نەرسە ۋە ھەر ھادىسە، اللهنىڭ ئالدىن توختاتقان توختامى ۋە ھۆكمى (قازا ۋە قەدەر) بويىچە

بولۇشقا ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە مەزكۇرلارغا ئىشىنىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇئمىنلەر! اللهغا اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللهنى اللهنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.» (سۈرە نىسا 136 ـ ئايەت)

شۇنىڭغا ئاساسەن قانداق بىر بەندە الله تائالادىن باشقا بىرەرسىنى رەب (تەربىيە قىلغۇچى) دەپ ئېتراپ قىلسا ياكى اللهدىن باشقا بىرەرسىنى مەئبۇد (ئەقىدە ئىخلاس بىلەن باش ئۇرۇلغۇچى) دەپ ئىقرار قىلسا، ئۇ كىشى چوقۇم كاپىر ياكى مۇشرىك بولىدۇ. ئەمما (ئاتا ـ ئانا ئۇستازلارنىڭ بىلىم ئۆگىتىشى، ئاش، نان بېرىپ بېقىشىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇرەببى يەنى تەربىيە قىلغۇچى، باققۇچى دېگەن سۆزلەر ئۇلارنىڭ سەۋەب ياكى ۋاستىلىقى تەرەپتىن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ سۆزلەر شېرىك ياكى كۇفرى بولمايدۇ. ماجاز ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر كىمنى ياكى بىر كىمنىڭ روھىنى، پەۋقۇلئادە غايىب قۇۋۋەتى بىلەن سەۋەب ۋە ۋاستىسىز تەربىيە قىلىدۇ، الله بىلەن ئوخشاش تەسەررۇپ قىلىدۇ، دېيىش شېرىك ۋە كۇفرى بولىدۇ.)

2) مۇھەببەت. الله تائالانى دوست تۇتۇش، الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن الله تائالا دوست تۇتقان بەندىنى دوست تۇتۇش، الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەقىدىلىرى ئىچىدىن الله تائالا ياخشى كۆرگەن ئەقىدىنى دوست تۇتۇپ، ئەقىدە قىلىش ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىشلىرى ئىچىدىن الله تائالا ياخشى كۆرگەن سۆز ۋە ئىشنى دوست تۇتۇپ ئەمەلى ھەركىتى بىلەن ئورۇنداشتىن ئىبارەت.

الله تائالا سۈرە بەقەرەدە: «مۆمىنلەر الله تائالانى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر» دېدى. (165ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە سۈرە ئال ئىمراندا: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، 〈ئەگەر سىلەر اللهنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر〉.» دېدى. (31ـ ئايەت)

ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: «ئى الله! ماڭا سېنى دوست تۇتۇشۇمنى نىسىپ قىلغىن! دوست تۇتقىنىم، ماڭا سېنىڭ ئالدىڭدا پايدىلىق بولغان كىشىنى دوست تۇتۇشۇمنى نىسىپ قىلغىن! ئى الله! مەن دوست تۇتقان نەرسىلەردىن نېمىنى ماڭا نىسىپ قىلساڭ، ئۇنى سەن ياخشى كۆرگەن ئىشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت قىلىپ بەرگىن! ئى الله! مەن ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن نېمىنى مەندىن يىراق قىلساڭ، ئۇنىڭدىن ماڭا پىكىر ـ خىيالىمنى خالىي قىلىپ، پىكرىمنى سەن ياخشى كۆرگەن نەرسىگە قاراتقىن!»

ئاشۇ ئايەت ۋە دۇئاغا ئاساسەن ئېيتىمىزكى: كىمكى الله تائالانى دوست تۇتسا ۋە الله دوست تۇتقان كىشىنى دوست تۇتسا ۋە بەندىلەرنىڭ ئېتىقادلىرى، سۆزلىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى ئىچىدىن الله تائالا ياخشى كۆرگەن ئەقىدە، سۆز ۋە ئىشلارنى ياخشى كۆرسە، بۇ دوست تۇتۇشتا ھېچكىمنى اللهغا شېرىك قىلمىسا، الله تائالانى مۇشۇ «مۇھەببەت» دېگەن ئىبادەتتە يالغۇز تونۇغان بولسا، ئۇ كىشى مۇۋەھھىد بولىدۇ ۋە ھەر كىم اللهدىن باشقىسىنى الله رۇخسەت قىلمىغان مۇھەببەت يولى بىلەن الله يولغا قويمىغان بەلكى توسقان يول بىلەن ياكى الله ھارام قىلغان مۇھەببەتتە دوست تۇتسا، مەسىلەن: اللهدىن باشقا مەئبۇدنى ۋە رەئىسلەرنى ۋە دۇنيانى دوست تۇتقاندەك تۇتۇش، بۇ مۇھەببەتلەر دوست تۇتۇلغۇچىنىڭ رىئايە ئوي ـ پىكىر خاتىرسى ئۈچۈن اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىشنى كەلتۈرىدۇ. شۇ دوست

تۇتۇلغۇچىلارنى تەزىم قىلىش، بەك كاتتا بىلىش، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خار تۇتۇش، باش ئېگىش، خۇشامەت قىلىشنى كەلتۈرىدۇ. مۇنداق مۇھەببەت بىلەن اللهدىن باشقىسىنى دوست تۇتقان ئادەم اللهنى دوست تۇتۇش ۋە الله ئۈچۈن دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت بولغان ئىبادەتتە اللهغا باشقىسىنى شېرىك قىلغان بولىدۇ.

3) خەشيەت ۋە خەۋف (اللهدىن ئەيمىنىش ۋە قورقۇش)

اللهتائالانىڭ بەگىلىگەن ئىبادەتلىرىدىن بىرى ئەيمىنىش ۋە قورقۇش بولسا مۆئمىن بەندىلەرنىڭ اللهغا قىلىدىغان ئىبادەتلەردىن بىر ئىبادەتتۇر. چۈنكى اللهتائالا سۈرە مائىدەدە: «كىشىلەردىن قورقماڭلار! مەندىنلا قورقۇڭلار!» (44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى بىلەن اللهدىنلا قورقۇشىمىزغا بۇيرۇدى، اللهدىن باشقىسىدىن قورقۇشتىن توستى.

اللهتائالا سۈرە ئال ئىمراندىكى «ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن (كاپىرلاردىن) قورقماڭلار، مەندىنلا قورقۇڭلار!» (175- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى بىلەن اللهدىن قورقۇشىمىزغا بۇيرۇدى، اللهدىن باشقىسىدىن قورقۇشىمىزدىن توستى.

الله تائالانى كۆزى بىلەن كۆرمىسىمۇ (غايىب بولسىمۇ) الله تائالادىن قورققان بەندىلەرگە بېرىدىغان ساۋاب ۋە ئەجرى بىلەن خۇش - خەۋەر قىلىپ الله تائالا سۈرە مۈلكتە: « پەرۋەردىگارىدىن كۆرمەي تۇرۇپ قورققانلار مەغفىرەتكە ۋە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.» دېدى. (12- ئايەت) شۇڭا ئېيتىمىزكى: اللهدىن ئەيمىنىش ۋە قورقۇش بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرەك ئىبادىتى بولۇپ، بۇ ئىبادەتلەرنى يالغۇز اللهغىلا قىلىشىمىز ۋاجىپ. الله تائالادىن باشقىسىنى چوڭ بىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خار، بىچارە تۇتۇپ، اللهغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ھېچ بىر مەجبۇرلىقسىز بويسۇنۇپ كەتكەن كىشى مۇشۇ ئىبادەتتە ئۇنى اللهغا شېرىك قىلغان بولىدۇ.

4) ئۈمىد قىلىش ۋە رىغبەتلىنىش. ئۈمىد دېمەك، ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ، ياخشىلىققا ئىگە بولغان، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قۇدرىتى يېتىدىغان كىشىدىن ئۇنىڭ قولغا كېلىشىنى كۈتۈش دېمەكتۇر.

رىغبەتلىنىش دېمەك: ياخشىلىقنى سۆيۈش ۋە ياخشىلىققا ئىگە بولغان ۋە ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىشكە قادىر بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشىنى تاما قىلىش دېمەكتۇر.

رىغبەتلىنىشمۇ ئۈمىدكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئىككىسىمۇ مۆئمىنلەرنىڭ الله تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان قەلب ئىبادىتىدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە كەھفتە: « (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، 〈مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابنى ئۈمىد قىلىپ ئازابتىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن〉.» دېدى. (110- ئايەت)

يەنە الله تائالا: «سىلەرگە ـ اللهنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللهنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» دېدى. (سۈرە ئەھزاب 21- ئايەت)

يەنە الله تائالا: «ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى.» دېدى. (سۈرە ئەنبىيا 90- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى تەرەپكە رىغبەت قىلىشقا بۇيرۇپ: «(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا ( اللهغا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن.» دېدى. (سۈرە ئىنشىراھ 7- ئايەت)

پۈتۈن ياخشىلىق الله تائالانىڭ ئىلكىدە بولغىنى ئۈچۈن، اللهدىن باشقا ھېچكىمدە پۈتۈن

ياخشىلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋە ھەرقانداق ياخشىلىقنى ئۆزى خالىغان بەندىسىگە بېرىشكە ياالغۇز الله تائاالال قادىر بولغىنى ئۈچۈن ۋە بۇ ھەقتە الله تائاال: «ئېيتقىنكى، ⟨پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى الله! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن، خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن، ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى ياالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن⟩.» (سۈرە ئال ئىمران 26- ئايەت) دېگىنى ئۈچۈن الله تائاالدىن باشقا ھەرقانداق كىشىدىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىش ۋە رىغبەتلىنىش توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىك ۋە باتىل ئىش قىلغانلىق بولىدۇ ۋە ئۇنداق قىلغۇچى مۇشۇ يۈرەك ئىبادىتىدە الله تائاالغا باشقىسىنى شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ.

5) ئىنابەت. ئىنابەت دېگەن: الله تائاالغا يۈزلىنىش، الله تەرەپكە قايتىش دېمەكتۇر. الله تائاالغا يۈزلىنىش بولسا، الله تائاال بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر. الله تائاال: «سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭالردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭالر تەرەپكە قايتىڭالر ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭالر.» دېدى. (سۈرە زۇمەر 54-ئايەت)

الله تائاالغا يۈزلەنگەن كىشىنى الله تائاال توغرا يولغا باشاليدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلدى ۋە باشقىالرنى اللهغا يۈزلەنگەن كىشىلەرنىڭ يولىدا مېڭىشقا بۇيرىدى، بۇ مەزمۇنالرنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنىدى.

پۈتۈن خەلق ئىچىدە الله تائاالدىن ئىزنىسىز بىر كىمگە ئۆزى خاالپ بىر نەرسە بېرەلەيدىغان ياكى توساپ قاالاليدىغان ياكى كىشىنى بەختلىك قىلااليدىغان بەختسىز قىلااليدىغان كىشى بولمىغاندىن كېيىن، ئىنسانىنىڭ الله تائاالدىن باشقا بىر كىمگە يۈزلىنىپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىشى، رىغبەت قىلىشى، قورقۇشى، تاما قىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، مەقبۇل ئەمەس، الله تائاالدىن باشقىسىغا يۈرىكى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن بېرىلىشى خاتادۇر، شېرىكتۇر. الله تائاالدىن باشقىسىغا ئالدىنى قىلىپ، ياخشىلىق ئۈمىد قىلغان، كايىشلىقتىن (تەقسىرات قىلىشتىن) ياكى ئازاب قىلىشتىن قورققان كىشى مەزكۇرنى الله تائاالغا شېرىك قىلغان بولىدۇ.

6) تەۋەككۇل. تەۋەككۇل قىلىش دېمەك: ئۆزىنى الله تائاالغا تاپشۇرۇش، ھەممە ئىشنى اللهغا تاپشۇرۇش، الله تائاالغا ئىشەنچ قىلىش ۋە اللهغا باغلىنىش دېمەكتۇر. الله تائاال ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئاندا بىر قانچە ئايەتتە تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنى ئىماننىڭ ئاالمىتى قىلىپ كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «كافىرالرغا ۋە مۇناپىقالرغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇالرنىڭ (ساڭا قىلغان) ئازار- كۈلپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن (اللهغا تەۋەككۇل قىلغىن)، الله (ئۇنىڭغا) تەۋەككۇل قىلغانالرغا يېتەرلىكتۇر.» (سۈرە ئەھزاب 48-ئايەت)

«ئەگەر اللهنىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە ئىشەنسەڭالر، اللهقا تەۋەككۇل قىلىڭالر!» (سۈرە مائىدە 23-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). الله تائاالغا ئىشەنچ قىلغۇچىالرنىڭ ھەممە ئىشىگە الله كۇپايە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ: «كىمكى اللهغا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ،» دېدى. (سۈرە تەالق 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئىنسانىنىڭ تەۋەككۇلى (ئىشەنچىسى) ياالغۇز الله تائاالغا بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە: «تەۋەككۇل قىلغۇچىالر پەقەت اللهغا تەۋەككۇل قىلسۇن» دېدى. (سۈرە ئىبراھىم 12-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دېمەك تەۋەككۇل قىلىش، ئېتىقاد قىلىش يۈرەكنىڭ ئىبادىتىدۇر. بۇ ئىبادەت بەندىنىڭ ھەرقانداق ھاجىتىگە الله كۇپايە قىلىدىغانلىقىغا كۆڭۈلنىڭ ئارام ئېلىشى ۋە الله تائاال ھەممىسىگە يېتەرلىك بولغاچقا، ھەممە ئىشنى اللهغا تاپشۇرۇش، الله ھەممىنى بىلىدىغان ۋە

ھەممىگە كۈچى يېتىدىغان بولغاچقا ئاللاھقا يۈلىنىشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالادىن باشقا كۈپايە قىلغۇچى بولمىغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى بولمىغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىشەنچ قىلىش، يۈلىنىش يولسىز، ئاساسسىز ئىش بولىدۇ ۋە مەخلۇقنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىق بولىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا كۆڭلى تىنغان ۋە ئىشەنچ قىلغان، يۆلەنگەن كىشى مۇشرىك بولىدۇ.

## 2. پۇت، قول ئەزا بىلەن قىلىنىدىغان ئىبادەتلەر

پۇت، قول ئەزا بىلەن ئادا قىلىنىدىغان تائەت ـ ئىبادەتلەر بەك كۆپ، بىز بۇ يەردە ئەسلىتىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر بۆلىكىنىلا سۆزلەيمىز، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا شېرىك ئارىلىشىپ قالغان ئىبادەتلەرنى ئاساسلىق سۆزلەيمىز، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. دۇئا. دېمەك: كۆڭلى تارتقان ئارزۇلىرىنى، تەلەپلىرىنى پايدا يەتكۈزۈشكىمۇ، زەرەر يەتكۈزۈشكىمۇ ئىگە ۋە قۇدرەتلىك بولغان زاتتىن سوراشتىن ئىبارەت. دۇئا بولسا ئىبادەتنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرىنىڭ چوڭى، ئىبادەتنىڭ ئۇچۇق شەكلى. ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى دۇئا. «دۇئا ھەم ئىبادەتتۇر» دېگەن ھەدىسمۇ بار. شۇڭا دۇئاسىز ئىبادەت ھېساب ئەمەس ياكى توغرا ۋە مۇكەممەل بولمايدۇ، چۈنكى دۇئا قىلىشتا، دۇئا قىلغۇچى ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنى خار تۇتۇپ، ھاجىتىنى ئوتتۇرغا قويۇپ باش ئېگىدۇ، تەزىم قىلىدۇ، دۇئا قىلىنغۇچىنىڭ ھەركىم ۋە ھەر نەرسىدىن ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئىمىنى تىلىسە شۇ نەرسىنى بېرىشكە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەقىدە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا (دۇئادىن باشقا) ئىبادەتتە كۆرۈنمەيدىغان نۇرغۇن قۇلچىلىق ئەسەرلىرى سەجدىدە ۋە دۇئادا كۆرىنىدۇ. شۇڭا ئىبادەتنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدىن چوڭ ئىككى تۈرلۈكى سەجدە قىلىپ تۇرۇپ قىلغان دۇئادا كۆرۈنگەچكە، سەجدىدە قىلغان دۇئا ئىجابەت قىلىنىدىغان بولغان.

ئىنسان ئارزۇ ــ ئارمانلىرىنىڭ قولغا كېلىشى، ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولىشى، دۇئا قىلىنغۇچىنىڭ، تەلەپ قىلغۇچىنىڭ شۇ ئارزۇ ــ تەلەپلەرنى ھەل قىلىشقا ئىگە ۋە قۇدرەتلىك بولىشىغا ۋە دۇئا قىلغۇچى ئىنساننىڭ ھەممە ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇشى، ئورنىنى كۆرۈپ تۇرىشىغا باغلىقتۇر. بۇ خۇسۇسىيەتلەر بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى چاقىرىش (پالانى، داد ..) شەرىئەتتىمۇ خاتا، ئەقىل ئالدىدىمۇ خاتا ( ئەمما سەۋەب بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى تىرىك ئادەمدىن تەلەپ قىلىش دۇئا قىلغانلىق ئەمەس. شېرىك ئەمەل قاتارىغا كىرمەيدۇ.) ئاللاھ تائالا سۈرە جىن 18ـ ئايەتتە: «مەسجىدلەر ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھقا قوشۇپ ھېچكىمگە ئىبادەت قىلماڭلار.» دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنى مەيلى پەيغەمبەر بولسۇن، مەيلى ۋەلى بولسۇن ھاجەت ــ راۋا قىلىشقا چاقىرىش شېرىكتۇر، ھارامدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن قانداق بىر كىشىنى چاقىرغان (غايىب كۈچ ـ قۇدرىتى بار دەپ ئەقىدە قىلىپ ھاجىتىنى تىلىگۈچى) كىشى مۇشرىك، كافىر، زالىم، بىلىمسىز، ئەخمەق كىشى بولىدۇ ياكى قەستەن ھەقتىن باش تارتقۇچى بولىدۇ.

2. دەردىگە يېتىشنى تىلەش

ئىستىغاسە. (دەردىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىش) بولسا: ئاچ، ئۇسسۇز قالغان ئادەمنىڭ بىر كىمدىن نان، سۇ تەلەپ قىلىشى ياكى دۈشمەنگە قارشى ياردەم ۋە قۇۋۋەت تەلەپ قىلىشى ياكى خاپىلىقتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئىستىغاسەمۇ دۇئا جۈملىسىدىندۇر. بىر كىم كەمبەغەل بولسا، ياردەم قىلىش كۈچى بولمىسا، چاقىرغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىسە، دەردىنى ئاڭلىمىسا، ئورنىنى بىلمىسە ئۇ كىشى چاقىرىلمىغاندەك بىراۋنىڭ دەردىگە يېتىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىنىڭ دەردىگە يېتىشكە كۈچى يەتمەيدىغان، سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان، ئورنىنى كۆرۈپ تۇرمايدىغان، ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان، يىراقتىكى تىرىك غايىب كىشىدىن ياكى دۇنيادىن ئۆزاپ كەتكەن، ۋاپات بولغان كىشىدىن مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بولسۇن، مەيلى سالىھ بولسۇن دەردىگە يېتىشنى تەلەپ قىلغان كىشى، دەردىگە يېتىشنى الله تائالادىن تىلەشتىن ئىبارەت ئىبادەتتە مەخلۇقاتنى خۇداغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ، مۇشرىك، كافىر بولىدۇ.

مۆمىن ئادەم شۇنىمۇ بىلىشى لازىمكى: ھاجەتمەن كىشىنىڭ يېنىدا نەخ بار، تىرىك ۋە دەردىنى، ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان، سۆزىنى ئاڭلايدىغان، ھاجىتىنىڭ جايىنى كۆرۈپ تۇرۇدىغان كىشىدىن ھاجىتىنى سوراش، دەرد ئەھۋال قىلىشقا الله تائالا رۇخسەت قىلدى. چۈنكى ھايات ئادەمدىن كۈچى يېتىدىغان نەرسىنى تىلەش الله قا قىلىدىغان ئىبادەت قاتارىدا ئەمەس، شۇڭا ئۇنداق قىلىش مەنئىي قىلىنمايدۇ. بۇ بولسا دىن ئىسلامنىڭ ئوچۇق كۆرسەتمىسى.

3. ياردەم تىلەش، ھاجىتىنى ھەل قىلىشقا ياكى خاپىلىقتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم تىلەشمۇ دۇئانىڭ بىر تۈرلىكى، شۇڭا ياردەمگە كۈچى يەتمەيدىغان كىشىدىن يەنى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ روھىدىن ياردەم تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ياردەم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلىيالمايدۇ، ئورنىنى كۆرمەيدۇ، ھاجىتىنى تونىمايدۇ، بىلمەيدۇ، ئەھۋالىنى ئۇقمايدۇ. شۇنىڭدەك ھايات بولسىمۇ، ھاجەتمەنىنىڭ قېشىدا ئەمەس غايىب ئادەمدىن ياردەم تىلەشكە بولمايدۇ (ئۆلمىگەن ئادەمنىڭ بەدىنى نەدە بولسا روھىمۇ شۇ يەردە بولىدۇ، ئۆلمەي تۇرۇپ روھ بەدەندىن ئايرىلىپ ھاجەتمەنىنىڭ دەردىنى ئاڭلىشى، ھاجىتىنى راۋا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۆلگەن ئۆلۈغلارنىڭ روھىدىنمۇ ياخشىلىق، يامانلىق كىلىشى مۇمكىن ئەمەس) الله تائالا مۆئمىن بەندىلىرىگە يالغۇز ئۆزىدىنلا ياردەم سوراش، باشقىدىن ياردەم سورىماسلىقنى كۆرسىتىپ: «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.» (سۈرە فاتىھە 5ـ ئايەت) دەپ تەلىم بەردى.

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاببباس ئوغلى ئابدۇللاھقا الله تائالادىنلا ياردەم سوراشنى، باشقا ھېچكىمدىن ياردەم سورىماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى.(تىرمىزى رىۋايەت قىلدى.)

شۇڭلاشقا ياردمگە كۈچى يەتمەيدىغان تىرىك ئادەمدىن ياكى غايىب تىرىك ئادەمدىن ياردەم تىلەش (مەنىۋي كۈچى بار دەپ ئەقىدە قىلىش)مۇ خۇددى ئۆلگەنلەردىن ياردەم سورىغاندەكلا ئىسلامغا خىلاپ بولۇپ، بۇنداق قىلغان كىشى ئىبادەتتە الله قا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلغان بولىدۇ.

4. نەزرە. نەزرە قىلىش دىگەن شەرىئەت بۇيرىمىغان ئەمما شەرىئەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرەر تائەتنى ئۆزىگە ئۆزى ۋاجىپ (ۋەزىپە) قىلىشتىن ئىبارەت، يەنى الله تائالاغا يېقىنلىشىش يۈزىسىدىن بىرەر نەپلە ئىبادەتنى ئادا قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلەش ياكى ئۆزى ھەل قىلىشى مۇمكىن بولمىغان بىرەر ھاجىتىنى الله تائالا ھەل قىلىپ بەرگەن تەقدىردە الله رازى بولىدىغان بىرەر ساۋابلىق ئىشنى قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئى الله!

كىسىلىمگە شىپالىق بەرسەڭ ياكى يوقالغان نەرسەمنى قولۇمغا كەلتۈرۈپ بەرسەڭ ياكى پالانى ھاجىتىمنى راۋا قىلساڭ، سىنىڭ ئۈچۈن مۇنچە پۇل سەدىقە قىلىش مىنىڭ ۋەزىپەم بولسۇن ياكى مۇنچىلىك ناماز ئوقۇيمەن، روزا تۇتىمەن دېگەندەك ئىبادەت شەكىللىرى نەزرە ھېسابلىنىدۇ.

نەزرە قىلىشمۇ مۆئمىنلەرنىڭ الله تائالاغا قىلغان بىر خىل ئىبادىتى ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا نەزرىدە ۋاپا قىلغۇچىلارنى مەدھىيلەپ: «ئۇلار اللهنىڭ ئەھدىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ.» دېدى. (سۈرە رەئىد 20ـ ئايەت) يەنە الله تائالا نەزرىگە رىغبەتلەندۈرۈپ: «نېمىنى خەيرى ـ ئېھسان قىلماڭلار ياكى (اللهنىڭ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار، الله ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ. زالىملار (يەنى زاكاتنى مەنئى قىلغۇچىلار ياكى پۇل ـ مېلىنى گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلغۇچىلار) غا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ.» (سۈرە بەقەرە 270ـئايەت.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرتلىك نەزرىنى ياخشى كۆرمىگەن ۋە: «نەزرە ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ، پەقەت ئۇنى بېخىلنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئايرىپ چىقىرىدۇ» دېگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشى شەرت قىلماي نەزرە قىلىش ياخشى، ھەر ھالدا نەزرىنى الله تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىش لازىم . شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالادىن باشقا ئادەمنىڭ ياكى ئۆلگەن كىشىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن نەزرە قىلغان كىشى الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. چۈنكى نەزرە دېگەن ئاشكارە ئىبادەت بولۇپ نەزرە قىلغۇچىنىڭ قېشىدىكى ياخشىلىقنى كۆزلەپ، ئۇ كىشىنىڭ قۇدرەتلىك ۋە بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ئەقىدە قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىگە مۇھتاجلىقىنى، ئاجىزلىقىنى تونۇپ تۇرۇپ، قەلبىنىڭ ئۇ كىشىگە يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت. ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن نەزرە قىلماقچى بولغان ئادەم كۆڭلىدە: بۇ نەزرەمنى الله تائالا قوبۇل قىلسا، مەندىن رازى بولسا، شۇ مېيىتنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلسا دېگەن ئۈمىد بىلەن الله تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ قىلسا بولىدۇ، ئەمما مېيىتنىڭ روھى خەۋەردار بولىدۇ، خۇشال بولىدۇ دەپ ئويلاپ نەزرە قىلسا شېرىك بولىدۇ، ھەقىقەتەن الله تائالادىن باشقىسى ئۈچۈن نەزرە قىلىش قەتئىي خاتا. مۇسۇلمانلاردىن ۋاپات بولغان ئەۋلىيالارنىڭ ياكى تىرىك سالىھلارنىڭ روھى خوش بولىدۇ دەپ قايناتقان نەزرىسىگە ۋاي ئىست! ئۇلار تۇيماي ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ، بىلمەستىن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا ۋە سالىھ بەندىلەرگە شېرىك قىلىدۇ.

5. قۇربانلىق مال بوغۇزلاش. قۇربانلىق دېمەك الله تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىتى بىلەن ھەجدە، قۇربان ھېيتتا، يىگى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يەتتىنچى كۈنىدە، تويدا، پېقىر، مىسكىنلەرگە گۆش سەدىقە قىلىش مەقسىتىدە مال بوغۇزلاشتىن ئىبارەت. بۇلار الله تائالا قۇرئاندا ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن يولغا قويغان زەبھىلەردۇر. بۇ زەبھىلەر الله تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئىبادەت بولغىنى ئۈچۈن الله تائالادىن باشقىنى مەقسەت قىلىپ بوغۇزلانمايدۇ. الله دىن باشقىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ياكى بالايى ئاپەتتىن قورقۇپ ياكى مەنپەئەت ئۈمىد قىلىپ مال بوغۇزلىسا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان ۋە خۇداغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

بەزى بىلىمسىز مۇسۇلمانلار بۇ كۈندە ئەۋلىيالارنىڭ، خوجايىنلارنىڭ قەبرىلىرىگە بەلگۈلۈك ۋاقىتلاردا مال ئېلىپ بېرىپ بوغۇزلاش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرۋاھىغا تەزىم بىلدۈرىشى، شاپائەت ۋە ھاجەت راۋا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش، بالا ـ قازانى دەپئى قىلىشىنى تىلەشىنىڭ قەتئىي خاتا ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇشىمىز ۋە ھەم قەتئىي ساقلىنىشىمىز لازىم.

شۇنىڭدەك پىرە ئويناپ، جىن ئۈچۈن مال بوغۇزلاش، سېھرى قايتۇرۇش، رەدنامە ئۈچۈن مال بوغۇزلاش، جىندىن قورقۇپ بۇلاق باشلىرىغا، يالغۇز دەرەخ تۈۋىگە، بوسۇغىغا مال بوغۇزلاش

قاتارلىقلار شېرىك ئەمەل ۋە كۇفرىدۇر، بۇ ماللارنىڭ گۆشىمۇ ھەم ھارامدۇر، الله پاناھ بەرسۇن.

6. روكۇ، سەجدە قىلىش

روكۇ، سەجدىنىڭ الله تائالا ئۈچۈن قىلىدىغان ئىبادەتلىكى ھەممىگە مەلۇم، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى الله قا روكۇ، سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى:«ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش- ئەقرىبالارغا سىلە- رەھىم قىلىش، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار.» دېدى (سۈرە ھەج77-ئايەت)

الله تائالا: «ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىل» دېدى. (سۈرە ئال ئىمران 43-ئايەت)

دېمەك، ئىگىلىش، يۈزىنى يەرگە قويۇپ تەزىم بىلدۈرۈش ئىبادەت بولۇپ، بۇ ئىشنى بىر الله تائالادىن باشقا ھەرقانداق كاتتا كىشىگىمۇ قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر كىم الله دىن باشقا بىر كىمگە ئۆلۈغلاپ ياكى تەمە قىلىپ ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن روكۇ قىلسا ياكى سەجدە قىلغاندەك ئايىغىغا يىقىلسا، ئۇ كىشى ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك قىلغان ۋە الله قا قوشۇپ ئۇ كىشىگىمۇ ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

بۇ قىلىق چوڭ شېرىك بولۇپ ئۆلۈشتىن بۇرۇن تۆۋبە قىلمىسا الله تائالا مەغفىرەت قىلمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «الله ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلىشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (الله ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغفىرەت قىلىدۇ، كىمكى، اللهغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ.» سۈرە نىسا 116-ئايەت.

7.ئىبادەت. بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ۋە ھەجرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش. بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش (ئەتراپىنى ئايلىنىش) بولسا، الله تائالا بەندىلەر ئۈچۈن يولغا قويۇپ بەرگەن ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، الله تائالا «قەدىمىي ئۆي بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىڭلار.» (سۈرە ھەج 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى بىلەن تاۋاپ قىلىشىمىزنى بۇيرىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بەيتۇللادىن باشقا بىر كىمنىڭ قەبرىسىنى يا قەدەم باسقان جايىنى شۇ بەندىگە يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن، يا شۇ كىشى ئارقىلىق باشقا كىشىگە يېقىنلىشىش، ھەتتا ئۇ كىشىنى الله قا يېقىنلىشىشنىڭ ۋەسىلى قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ تاۋاپ قىلىش بىدئەت ۋە شېرىك بولۇپ، ھەر قانداق مەقسەت بىلەن بەيتۇللادىن باشقىسىنى تاۋاپ قىلىش يولدىن ئازغانلىق ۋە چوڭ خاتالىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش يېڭىدىن ئىبادەت يولى پەيدا قىلغانلىقتۇر، ئىبادەتنى يولغا قويۇش يالغۇز الله تائالانىڭلا ھەققىدۇر.

رۇكنى يامانى (بەيتۇللانىڭ غەربىي – جەنۇبىي تەرىپىدىكى بۇرجىكى) سۆيۈشمۇ الله تائالا رەسۇلۇللانىڭ تىلى بىلەن يولغا قويۇپ بەرگەن ئىبادەتتۇر. الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە «ھەجرۇل ئەسۋەد، روكنى يامانى»دىن باشقا ھېچقانداق تاش، تام، قەبرە، گۈمبەز، مۇنار، جىنازا قاتارلىق نەرسىلەرنى سۆيۈشنى يولغا قويۇپ بەرمىدى. ساۋاپلىق ئىش دەپ كۆرسەتمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلىياھ، سالىھلارنىڭ قەبرىسىنى، بوسۇغۇلىرىنى، تاملىرىنى، دەرۋازىلىرىنى، گۈمبىزىنى، دەرىخىنى سۆيگەن ئادەم بىدئەت ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇلارنى ئۇلۇغ بىلىپ پايدا ئۈمىد قىلىپ، ھاجەت راۋا قىلىشنى ياكى بالا - قازا، خاپىلىقنى مۇداپىئە قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ سۆيسە شېرىك ئىش قىلغان بولىدۇ.

8. باشقا ھەر تۈرلۈك ئىبادەت

بەندىلەر اللہ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ يېقىنلىشىش ئۈچۈن اللہ تائالا بەندىلىرىگە يولغا قويۇپ بەرگەن ناماز، روزا، زاكات، ھەج، ئۆمرە، سەدىقە، ئىتىكاف، جىھاد ۋە جىھاد تەييارلىقى قاتارلىق تائەت ئىبادەتلەر ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقانلارنى يوقلاپ خەۋەر ئېلىش، اللہ تائالانى زىكرى قىلىش (ئەسلەش ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش) دۇئا قىلىش، باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش قاتارلىق ياخشى ئىشلار اللہ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ــ ھەدىس بىلەن يولغا قۇيۇپ بەرگەن ئىبادەتلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ قايسى بىرەسىنى اللہ تائالادىن باشقىسى ئۈچۈن قىلىش، باشقىسىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش بولسا، اللہ تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتتە اللہ غا شېرىك قىلغانلىق بولۇپ، لاالەالا اللہ (اللہ دىن باشقا ئىبادەت قىلغۇچى يوق) دېگەندىن ئىبارەت ئىخلاس سۆزىنى كۆرسىتىدىغان، تەۋھىد ئاساسىغا قۇرۇلىدىغان مۆمىن ئەقىدىسىگە زىت ۋە خىلاپتۇر.

9. قايسى بىر ئىنساندىن كىلىدىغان پايدىغا قىزىقىپ ياكى قورقۇپ اللہ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى تاشلاش شېرىكتۇر.

اللہ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگە ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇپ، سۈرە مۇھەممەد 33-ئايەتتە: «ئى مۇئمىنلەر! اللہغا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار.» دېدى.

شۇڭا اللہ تائالا بۇيرىغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردا اللہ تائالاغا ۋە اللہ نىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇش ئىبادەت بولۇپ، اللہ نىڭ ئىشەنگۈچى بەندىلىرى بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن اللہ غا ئىبادەت قىلىدۇ. كىمكى اللہ تائالادىن باشقا بىر كىمدىن كىلىدىغان پايدىنى كۆزلەپ ياكى زىيانكەشلىكتىن قورقۇپ ھېچ بىر مەجبۇرلىقسىز اللہ تائالا بۇيرىغان ئىشنى تاشلىسا، اللہ توسقان ئىشنى قىلسا، ئۇ كىشى ھەقىقەتەن اللہ تائالاغا شېرىك قىلغان بولىدۇ. بىر كىمدىن ئەيمىنىش ياكى ياخشى كۆرۈش سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ ھېچ بىر مەجبۇرلىقسىز ھالدا اللہ تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاغا ئىتائەت قىلىشنى تاشلاش شېرىكتۇر. دىن ئىسلامغا توغرا بولغان ئىشلاردىلا ئىنسانغا بويسۇنۇشقا بولىدۇ . اللہ غا ئاسىي بولۇش بىلەن بەندىگە ئىتائەت قىلىش يوق.

10. قەسەمنى اللہ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن قىلىش ئارقىلىق اللہ تائالاغا تەزىم قىلىش

اللہ تائالانى كاتتا بىلىش ۋە قەسەمنى اللہ نامىدا قىلىش بىلەن اللہ تائالاغا تازىم قىلىش بولسا، مۆمىن بەندىلەر اللہ تائالاغا قىلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ بىرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالادىن باشقىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش توغرا ئەمەس. ھەر كىم اللہ تائالادىن باشقىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلسا ئۇنى اللہ تائالاغا شېرىك قىلغان بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللہ دىن باشقىسىنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىشتىن توسقانلىقى ۋە ئۇنى شېرىك ئەمەلدىن سانىغانلىقى ئىشەنچىلىك ھەدىستىلا كۆرسىتىلگەن. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىسىدا: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، اللہ تائالا سىلەرنى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىشىڭلاردىن توستى، قەسەم قىلماقچى بولغان كىشى اللہ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن!» دېدى.(مۇتتەپەقۇن ئەلەيھ)

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى اللہ تائالادىن باشقىنىڭ ئىسمىغا قەسەم قىلسا، ئۇنى اللہ غا شېرىك قىلغان بولىدۇ.» دېدى. «يەنە بىر قېتىمدا كافىر بولىدۇ» دېدى.(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يەنە رەسۇلۇللا : «ھەر كىم لات ياكى ئۇززا نامى بىلەن قەسەم قىلسا، دەرھال

〈لاالەالاللە〉 دېسۇن !» دېگەن. (مۇتتەپەقۇن ئەلەيھ)

بۇگۈنكى كۈندە بەزى مۇسۇلمانلاردا يۈز بېرىدىغان كۆپۈنچە شېرىك ئىشلار، ۋەسىلە ئىزدەش، شاپائەت تىلەش، بەرىكەت ئىزدەش دېگەندەك نام بىلەن پەردىلەنگەن ئاساستا يۈز بەرگەچكە، مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ بۇ قىسمىنى «ۋەسىلە دېگەن نىمە ؟ ۋەسلىنى قاندەق ئىزدىش لازىم، شاپائەت دېگەن قانداق؟ شاپائەتنى قانداق تەلەپ قىلىش كېرەك، بەرىكەت دېگەنچۇ؟ ئۇنى قانداق ئىزدەش لازىم؟» دېگەن مەزمۇنلار ھەققىدە توختۇلۇپ، ھەقىقەتنى بايان قىلىش ۋە توغرا يول كۆرسىتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

## ۋەسىلە

ۋەسىلە دېگەن نىمە؟ ۋەسىلە دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «بىر كىمگە يېقىنلاشماق، بىر تەرەپكە قىزىقماق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ . ئەبۇ تالىپ شېئىر ئوقۇپ خالايىق ئۆز ئىشىنىڭ قەدرىنى بىلمەي كىتىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىمەن، بۇ توغرا ئەمەس، ھەر بىر دىندار كىشى الله تائالاغا يېقىنلاشقىچىدۇر.» دېگەن ئىدى. ئۇ بۇ شېئىرىدا «ۋەسىلە» سۆزىنى ئىشلەتكەن.

ۋەسىلە دېگەن سۆز پادىشاھتىكى مەرتىبە، دەرىجە ۋە يېقىنلىق دېگەن مەنىلەردىمۇ كىلىدۇ.

شۇنىڭدەك جەننەتتىكى ئالىي دەرىجىمۇ ۋەسىلە دىيىلىدۇ. رەسۇلۇللا بۇ ھەقتە : «مەن ئۈچۈن الله تائالادىن ۋەسىلە تىلەڭلار! ۋەسىلە بولسا جەننەتتىكى ئالىي مەرتىۋە بولۇپ، ئۇ جاي الله تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرلا كىشىگە تىگىشلىك ئورۇن. ئۇ بەندە مەن بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ ئۈمىد قىلىمەن. ھەر كىم مەن ئۈچۈن الله تائالادىن شۇ ۋەسلىنى تىلىسە، شۇ كىشى شاپائەت قىلىنىشقا تىگىشكىلىك بولىدۇ.» دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

شەرىئەتتە «ۋەسىلە» بولسا مۆمىن ئادەم الله تائالانىڭ بىرەر نىئمەت بېرىشىگە قىزىقىپ الله تائالاغا يېقىنلىشىش ۋاستىسى بىلەن مەقسىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئالدىن بىر ياخشى ئىش قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىنسان الله تائالاغا يېقىنلىشىش، الله ئالدىدا نىسىۋىگە ئىگە بولۇش، الله ئالدىدا ياكى زەرەر ـ زەخمەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشى ئۈچۈن الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان بىرەر ياخشى ئىش قىلىشتىن ئىبارەت بولغان شەرىئەتكە مۇۋاپىق توغرا ۋەسىلە بولسا تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتتىن ھاسىل بولىدۇ.

1. يېقىنلىق ئىزدەلگۈچى زات پەزلى ـ ئىنئام ئىگىسى بولغان الله تائالا بولىشى لازىم.

2. ئېھتىياجىنى راۋا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئاجىز بەندىنىڭ يالغۇز الله تائالاغىلا يېقىنلىق ئىزدىشى لازىم.

3. الله تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن ۋاستە قىلىدىغىنى پەقەت ئەمەلىي سالىھ (الله ياخشى كۆرىدىغان) ئىش بولىشى لازىم. ئىسلامغا مۇۋاپىق ۋەسىلە مانا مۇشۇلار.

ۋەسلىنىڭ پايدىلىق، نەتىجىلىك بولىشى، الله تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل بولىشى ياكى ھاجىتىنىڭ راۋا بولىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئاساسلىق شەرتلەر تولۇق ھازىر بولىشى لازىم.

1. الله تالاغا يېقىنلاشماقچى بولغان ئادەمنىڭ سالىھ مۆمىن بولىشى.

2. الله تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ۋاستە قىلىدىغىنى، الله تائالا يولغا قويغان سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى.

3. بەندىنىڭ اللە تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن، شەرىئەت كۆرسەتكەن ئەمەلىي سالىھنىڭ رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئادا قىلغان ئۇسۇل بويىچە بولۇشى، كەم ياكى زىيادە بولۇپ قالماسلىقى، رەسۇلۇللا يولغا قويغان ۋاقىتتا، رەسۇلۇللا كۆرسەتكەن ئورۇندا ئادا قىلىنىشى لازىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن دىن ئىسلامغا ئىشەنمەيدىغان ئادەمنىڭ ياخشى ئىشى اللە تائالاغا يېقىنلىشىش، ۋەسىلە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك بىدئەت ئەمەل (رەسۇلۇللا قىلمىغان ھەر قانداق ئىش) اللە غا يېقىنلىشىش بولمايدۇ.

شەرىئەتكە مۇۋاپىق، سۈننەتكە توغرا بولغان يول بىلەن ئەمەلىي سالىھنى قىلىشقا ھەر بەردە ھەر زامان تەكلىپ قىلىنىدۇ، ۋەسىلە ھەققىدە اللە تائالا: «ئى مۆئمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن اللە(نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار اللەغا (تائەت- ئىبادەت قىلىش گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن)يېقىنچىلىقنى تىلەڭلەر اللە يولىدا جىھاد قىلىڭلار.» دېدى. (سۈرە مائىدە 35-ئايەت) يەنە اللە تائالا سۈرە ئىسرا 57- ئايەتتە: «ئۇلار (اللەنى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ) پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.» دېدى.

ئالدىنقى ئايەتتە مۆمىنلەر پەرىز، ۋاجىپتىن تاشقىرى، نەپلى ئىبادەتلەر، نەپلى سەدىقىلەر قىلىش بىلەن اللە تائالاغا يېقىنلىشىشقا بۇيرۇش ۋە تەرغىپ قىلىش بار. چۈنكى اللە تائالادىن قورقۇش بولسا، اللە تائالا تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش، مەنئىي قىلغان ئىشلارنى تاشلاش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئازاپتىن قۇتۇلۇش ئەمەلگە ئاشىدۇ. ۋەسىلە يەنە اللە تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە اللە ئالدىدا نەسەبدار بولۇشنى تەلەپ قىلىش بولسا، نەپلى ناماز، نەپلى روزا، نەپلى سەدىقە، ھەج، ئۆمرە، جىھاد ۋە باشقا نەپلە ياخشىلىقلارنى قىلىش بىلەن، اللە تائالاغا بويسۇنۇش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئىككىنچى ئايەتتە بىر بۆلۈك جىنلارغا ئىبادەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەرەبلەر بولۇپ، مەزكۇر جىنلار مۇسۇلمان ئىدى. ئۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلغان ۋە ياخشى ئىشلارنى ئىشلەش بىلەن اللە تائالاغا يېقىنلاشقاندىن كېيىنمۇ مەزكۇر ئەرەبلەر ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىنى بىلمەي ئاشۇ جىنلارغا ئىبادەت قىلىشتا (قورقۇپ تەزىم قىلىش، مەنپەئەت ئۈمىد قىلىش، بالا كەلتۈرۈشتىن قورقۇشتا) چىڭ تۇرىۋەرگەن، اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىش بىلەن خاتالىقىغا ۋە توغرا يولدىن ئازغانلىقىغا ئاگاھلاندۇرۇپ، باشقىلارنى ھەزەر قىلدۇرىدۇ.

## توغرا ۋەسىلە ۋە مەنئىي قىلىنغان ۋەسىلە

ۋەسىلە ئىككى خىل بولىدۇ؛ توغرا ۋەسىلە ۋە چەكلەنگەن ۋەسىلە. شەرىئەت ئىگىسى (اللە تائالا ۋە رەسۇلۇللا) رۇخسەت قىلغان ۋە چاقىرىغان ۋەسىلە توغرا ۋەسىلىدۇر. شەرىئەت ئىگىسى يامان كۆرگەن ياكى مەنئىي قىلغانلىقتىن رۇخسەت بەرمىگەن ۋەسىلە خاتا ۋەسىلىدۇر.

خاتا ۋەسىلىنى ئاخىرەت ئىشلىرىغىمۇ، دۇنيا ئىشلىرىغىمۇ ۋەسىلە قىلىشقا بولمايدۇ. توغرا ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن شەرىئەت ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بولىشى كېرەك، بولمىسا مەنئىي قىلىنىدۇ.

دۇنيالىق مەقسەت ئۈچۈن خاتا ۋەسلە قوللۇنىشنىڭ مىساللىرى:

1) بىر ئادەمنىڭ پۇل - مالغا ئىگە بولغۇسى كېلىپ، بۇنىڭغا ۋەسلە ئىزدەيدۇ، ئاندىن كېيىن مىراسخورى يوق باي تۇغقىنىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇ ۋەسىلە بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا ئىگە بولماقچى بولىدۇ، پۇل - مالغا يېتىش ئۈچۈن بۇنداق يامان ئىشنى ۋەسلە قىلىش توغرىمۇ؟

- ناھايىتى ئىنىقكى بۇ پۈتۈنلەي خاتا ۋە ھارام ۋەسلىدۇر.

2) بىر ئادەم بىر خۇتۇننى نىكاھىغا ئالغۇسى كېلىپ خېرىدار بولىدۇ. خۇتۇن كىشى ئۇنىمايدۇ .ئاندىن ئۇ ئەر ساھىر قېشىغا ياكى يالغانچى جىن موللىسى قېشىغا بېرىپ شەكلى تۇما يازدۇرۇش، ئامراق قىلىش يولى بىلەن ئالماقچى بولۇپ، ساھىر ھەم جىنكەشنىڭ ھارام ئىشىنى ۋەسلە قىلماقچى بولىدۇ ...... بۇمۇ ئوخشاشلا شەرىئەتكە خىلاپ، ھارام ۋەسلىدۇر.

3) بىر ئادەمنىڭ پۇل - مېلىنى ئوغرى ئالىدۇ، ئۇ ئوغرىنى بىلەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇ ئادەمگە، پالانى چىراغچى قېشىغا بېرىڭ! جىننى كۆرىدۇ سىزگە ئوغرىنى ئېيتىپ بىرىدۇ، دەيدۇ. چىراغچى جىندىن سوراپ ئوغرىنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ، دەپ جىنكەش قېشىغا بېرىش توغرىمۇ؟..... ياق، بۇ بولسا شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان ۋاسىلىدۇر.

4) بىر ئادەم كېسەل بولدى، ھەر خىل دوار ـ دەۋا قىلدى، ساقايمىدى. بەزىلەر ئۇ ئادەمگە پالانى مازا غوجام قېشىغا بېرىپ، شۇ مازانىڭ ئىگىسىدىن شاپائەت تىلىگىن! ئى پادىشاھى ئالەم! دەپ چاقىرغىن، دەردىڭگە يېتىشىنى تىلىگىن! ئۇ مازار كېسەلنى بەك تىز ساقايتىدۇ دەيدۇ، كېسەلنىڭ ساقىيىشىغا مازارنىڭ روھىنى ۋەسىلە قىلىش توغرىمۇ؟

جاۋاب: قەتئىي خاتا! چۈنكى بۇ مازارنى خۇداغا شېرىك قىلغانلىقتۇر.

5) بىر كېسەل بار، داۋا پايدا بەرمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا، پالانى ھاراقنى يەتتە كۈن ئىچسىڭىز كېسىلىڭىز ساقىيدۇ دەيدۇ. كېسەل شىپاسى ئۈچۈن ھاراقتەك ھارام نەرسىنى ۋاستە قىلىشى توغرىمۇ؟ ـ ياق! مۇسۇلمانغا ھارام نەرسە دورا بولمايدۇ.

6) بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمەتنىڭ ساقچى ئىدارىسىغا، پالانى ئىت ئىشقا سېلىنسا، بىلىنمىگەن جىنايەتچىنى پاش قىلىپ بىرىدۇ، دىيىلسە، ھۆكۈمەت مەلۇم ئىتنى ۋەسلە قىلىپ، بىر كىمنى جىنايەتچى قىلسا توغرا بولامدۇ؟ توغرا بولمايدۇ، بۇمۇ ئوخشاشلا ھارام ۋەسلىدۇر. بىر كىمگە جىنايەت يۈكلەش ئۈچۈن راسچىل ئىككى ئادەم گۇۋاھلىق بىرىش ياكى جىنايەتچى ئۆزى ئىقرا قىلىشى كېرەك. شەرىئەت ئىتنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

7) بىر ئايال ئەرگە تەگمەكچى بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا: «پالانى قېشىغا بېرىڭ، جىن ئارقىلىق ھەر ئىشنى كۆرەلەيدۇ، شۇنىڭدىن سوراپ تىگىڭ، رۇخسەت بەرمىسە تەگمەڭ» دەيدۇ. تەگمەكچى بولغان ئەرنىڭ كەلگۈسىگە باھا بىرىش ئۈچۈن جىنكەش، يۇلتۇزلارنى ۋاستە قىلىش توغرا بۇلامدۇ؟ بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ۋەسلە شەرىئەتتە ھارام.

ئىقتىسادى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق ۋەسلە، چارىلارنى قوللىنىش توغرا بولىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئىسلام شەرىئىتى رۇخسەت قىلغان ۋەسلە، چارىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. تىجارەتنى، ھۈنەر - كەسپىنى، دېھقانچىلىقنى، كىراكەشلىكنى ۋەسلە قىلشقا بولىدۇ. جازانە قىلىش، ساختا قىلىش، ئوغۇرلاش، بۇلاش، تالان - تاراج قىلىشتەك يوللار بىلەن ئىقتىساد تېپىش خاتا ۋە جىنايەتتۇر.

كېسەللەرگە پايدىلىق دورىلار بىلەن داۋالاشقا رۇخسەت بار، لېكىن زەھەرلىك، پاسكىنا دورىلار، ھارام نەرسىلەر بىلەن داۋالاش توغرا ئەمەس.

## الله تائالاغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى ۋەسۋەسە

ئىككى مەقسەتنىڭ بىرى ئۈچۈن خۇداغا يېقىنلىشىشقا، ۋەسۋەسە ئىزدەشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى ھەم شەرەپلىكراقى بولسا، الله تائالاغا يېقىن بەندە بولۇش، الله تائالا ئالدىدا ئەجىر نەسىبىگە ئىگە بولۇش، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋەسۋەسە ئىزدە .

ئىككىنچىسى، پايدا ئېلىش ياكى زىياندىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن، الله تائالاغا يېقىنلىشىشقا ۋەسۋەسە ئىزدەش. ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيالىق ئارزۇسىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ياكى ئاخىرەتتىكى ئارزۇسىنى ھاسىل قىلىش ۋە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا يېتىش ئۈچۈن الله تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەش.

قانداق بولسا بولسۇن، الله تائالا مۆمىن بەندىلىرىگە الله غا ئىبادەت قىلىش ۋە يېقىنلىشىش ئۈچۈن رەسۇلۇللا ئارقىلىق يولغا قويۇپ بەرگەن ئىشلاردىن باشقا ئىشنى ۋەسۋەسە قىلىشقا بولمايدۇ، الله غا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ، الله تائالا يولغا قويۇپ بەرگەن ئىبادەت ۋە يېقىنلىشىش ئەمەللىرىدىن باشقا بىر ئىشنى ۋەسۋەسە قىلىش باتىل ۋە پايدىسىزدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان، ۋەسۋەسە قىلغۇچىلارغا پايدىلىق بولغان بىر بۆلەك ياخشى ۋەسىلىلەرنى كۆرسىتىمىز، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ شەرىئەتتە ھارام بولغان خاتا ۋەسىلىلەرنىمۇ ھەم كۆرسىتىپ، مۆمىن قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەنچە بېرىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەقىدىنىڭ بىر قىسمىنى تولۇق ئىزاھلىغان بولىمىز. توغرا ۋە ناتوغرا مەسىلىلەرنى تونۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن شۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرىمىزكى: الله تائالا بەندىلىرىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن يولغا قويۇپ بەرگەن تائەتلەر، ۋەسىلەر كۆپ، ئۇلار بولسا ئىمان ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدۇر، ھەممىدىن چوڭ ۋەسىلە الله تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە بولغان ئىمان ۋە ئىشەنچىدۇر. ئاندىن قالسا، الله تائالا بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ئىشلارنى ئادا قىلىشتۇر. ئاندىن قالسا نەپلە ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتۇر. شۇنىڭدەك الله تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن، نەرسىلەردىن ۋە شەرىئەتتە يامان سانىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلانماقتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئىمامى بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇددىستا مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دېدى: ⟨بەندەم مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ئىشتىن بەكرەك ماڭا ياخشى كۆرۈلىدىغان بىرەر ئىش بىلەن ماڭا يېقىنلىشالمايدۇ ، (ھەممىدىن بەك پەرز ئەمەلنى ياخشى كۆرىمەن) بەندەم پەرز ئەمەلدىن تاشقىرى نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن ماڭا يېقىنلىشىۋېرىدۇ .ھەتتا ئۇ بەندىمنى مەن دوست تۇتىمەن .⟩» (سەھىھۇل بۇخارى).

## شەرىئەت كۆرسەتكەن توغرا ۋەسىلەر

1. ئىمان. يەنى الله تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىشەنگىنى ۋە پەرىشتىلەرگە، الله نىڭ كىتابلىرىغا ، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىشىغا، قازا ۋە قەدىرگە ئىشىنىش قاتارلىق الله تائالا ئىشىنىشكە بۇيرىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگىنىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر.

ئىمان بولسا ھەممە ئەمەلنىڭ ئەۋزىلى ۋە مۇارد ــ مەقسەتنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ياكى قورقۇنۇشلۇق ئاقىۋەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن الله ئالدىدا ۋەسىلە قىلىدىغان ۋەسىلىلەرنىڭ شەرەپلىكراقىدۇر. چۈنكى الله تائالا ئىماننى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغان بەندىلىرىدىن رازى

بولۇپ ۋە مەدەھلەپ، سۈرە ئال ئىمران 18- ئايەتتە: « ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار): ⟨پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن⟩ دەيدۇ.» دەپ دۇئا قىلىدۇ، دېدى.

يەنە ئال ئىمران 193- ئايەتتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «مۆمىنلەر ⟨پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) ⟨رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار⟩ دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلار قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن.⟩ دەيدۇ» دېدى. دېمەك الله تائالا بۇ ئايەتلەردە ئىماننى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى .

ھەدىستە كەلدىكى: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىپ «ئى الله ! مەن سېنىڭ الله ئىكەنلىكىڭگە، سەندىن باشقا ئىبادەت قىلغۇچى يوقلىقىغا، سېنىڭ تەڭداشسىز ۋە بىرلىكىڭگە، ھەممە ھاجەتنى ئۆزۈڭلا راۋا قىلغۇچى ئىكەنلىكىڭگە، پەرزەنتىڭنىڭ يوقلىقىغا، بىر كىمدىن تۇغۇلمىغانلىقىڭغا (ئەزەلدىن بارلىقىڭغا) ئىشىنىمەن ۋە گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇشۇ ئىشىنىشىمنى ۋەسىلە قىلىپ سەندىن ھاجىتىمنى تىلەيمەن.» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ تۇرىۋاتاتتى. رەسۇلۇللا : «مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم الله تائالانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمىنى ۋەسىلە قىلدى. بۇ ئىسمىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىنسا الله تائالا ئىجابەت قىلىدۇ. بۇ ئىسمىنى ۋەسىلە قىلىپ ھاجەت تىلىسە، الله تائالا بېرىدۇ، دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن قايسى بىر مۆمىن ئەر كىشى، يا مۆمىن ئايال كىشى دۇنيالىق ھاجىتىگە ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋەسىلە قىلىپ: «ئى الله! ساڭا ئىشەنگىنىمنى ۋە پەيغەمبىرىڭگە ئىشەنگىنىمنى ۋە سەندىن باشقا مەئبۇد يوق، سەنلا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشىمىزغا ھەقلىق دەپ بەرگەن گۇۋاھلىقىمنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سېنىڭ بەندەڭ ۋە سېنىڭ ئەلچەڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ئىقرارىمنى ۋەسىلە (ۋاستە) قىلىپ گۇناھلىرىمنى كەچۈرىشىڭنى، رەھىم قىلىشىڭنى تىلەيمەن، ياكى پالان ھاجەتلىرىمنى ھەل قىلىشىڭنى، پالانى ئاپەتتىن ساقلىشىڭنى تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلىشى لازىم. ئىماننى ۋەسىلە قىلىش ئەڭ توغرا ۋە چوڭ ۋەسىلىدۇر.

2. ناماز

پەرز ناماز، نەپلى ناماز مۆمىنلەر قىلىدىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئەۋزىلى ۋە الله تائالاغا ياخشى كۆرۈلگۈچىراقتۇر . چۈنكى پەيغەمبەردىن بەندىلەرنىڭ قايسى ئىشى الله تائالاغا بەك سۆيۈملۈك دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللا جاۋاپ بېرىپ: «ھەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش» دېگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى مۆمىن ئەر ياكى ئايال الله تائالا ئالدىدا مەرتىۋە تاپاي دېسە، بەش ۋاق نامازنى ئاسراپ، ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلسا اللهنىڭ ئىزنى بىلەن مۇرادىغا يېتىدۇ. قايسى بىر مۆمىن ئەر ياكى ئايالنىڭ ھاجىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلسا، تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، الله تائالادىن ھاجىتىنى تىلىسە، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ھاجىتى ھەل بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۆزى ئاجىز ئادەمگە تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، كۆزىنىڭ ئېچىلىشىنى اللهدىن تىلەشنى بۇيرىغان ئىدى. ئۇ كىشى شۇنداق قىلدى ۋە رەسۇلۇللامۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى، الله تائالا كۆزىنى ئەسلىگە ياندۇرۇپ بەردى. (تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئىشەنچىلىك ھەدىستۇر.)

3. روزا

اﷲغا يېقىن بولۇشنى، اﷲ ئالدىدا مەرتىۋە تېپىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىماننى ۋە ياخشى ئىشلارنى ۋەسىلە قىلماقچى بولغان كىشى، روزا تۇتۇش لازىم. چۈنكى روزا مەزكۇر مەقسەتلىرىنىڭ ھەل بولۇشىغا ياخشى ۋەسىلىدۇر.

ئىمامى نەسەئى ئۆزىنىڭ ھەدىس توپلىمى كىتابىدا نەقلى قىلىدۇكى: ئەبۇ ئۇمامە ئىسىملىك بىر ساھابە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللا! ماڭا بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويغىن، ئۇنى قىلىپ جەننەتكە كىرىۋالاي» دېۋىدى. رەسۇلۇللا «روزىنى كۆپ تۇتقىن، روزا تەڭدىشى يوق ياخشى ئەمەل» دېدى. (ئىمامى بۇخارا بىلەن ئىمامى مۇسلىم) نەقل قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى: «اﷲ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن بىر كۈن روزا تۇتۇدىغان بەندە بولسا، اﷲ تائالا شۇ كۈنى ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يەتمىش يىللىق يىراق قىلىدۇ» يەنە مۇنداق دېدى: «روزا تۇتقان ئادەمنىڭ كالپۇكىدىكى پۇراق اﷲ ئالدىدا ئىپاردىن خۇش پۇراقتۇر (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ).» بۇ ھەدىسلار اﷲ تائالاغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن روزىنى ۋەسىلە قىلىش ھەققىدە سۆزلەنگەندۇر. ھاجەت راۋا قىلىش ئۈچۈن، دۇئا ئىجابەت بولۇش ئۈچۈن روزىنى ۋەسىلە قىلىش ھەققىدە ئىمامى تىرمىزى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقل قىلىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ. روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئىپتار قىلغاندا قىلغان دۇئاسى، ئادالەتلىك مۇسۇلمان رەھبەرنىڭ دۇئاسى، زۇلۇم قىلىنغان بىچارىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ.» يەنە بىر ھەدىستە: رەسۇلۇللا «روزا تۇتقۇچىنىڭ رەت قىلىنمايدىغان بىر دۇئاسى بار» دېدى.

4. سەدىقە قىلىش

اﷲ رازىلىقى ئۈچۈن كۆڭۈل قىزغىنلىقى بىلەن ھالال، پاكىز، مال مۈلكىدىن سەدىقە قىلىش، اﷲ تائالاغا يېقىنلىشىش تەلىپىگىمۇ، دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك مۇرادىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈنمۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولۇش تەلىپىگىمۇ بەك ياخشى ۋەسىلىدۇر. توۋەندىكى ھەدىسلەر بۇنى كۆرسىتىدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «يېرىم خورما سەدىقە قىلىش بىلەن بولسىمۇ ئوتتىن ساقلىنىڭلار!» يەنە: «سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك سەدىقە قىلىش خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ» دېدى. يەنە: «ئىنسانلارغا قىلغان ياخشىلىقلار، يامان كۈنلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ساقلاشقا سەۋەپ بولىدۇ. مەخپىي سەدىقە قىلىش پەرۋەردىگار اﷲ تائالانىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلاپ ياخشىلىق قىلىش ئۆمرىنى زىيادە قىلىدۇ» دېدى. ھەممىسى ئىشەنچلىك ھەدىسلەردۇر.

5.ھەج قىلىش

ھەج قىلىشمۇ بەندىنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنىڭ چوڭراقى ۋە شەرەپلىكراقىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئۈچۈن مەقبۇل ھەجنىڭ ئەجرى جەننەت بولىدىغانلىقىنى، ھەج داۋامىدا خوتۇنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتكە دائىر گەپ سۆز قىلمىغان، شەرىئەتكە خىلاپ چوڭ - كىچىك گۇناھ سادىر قىلمىغان ئادەم پۈتۈن گۇناھلىرىدىن، ئانىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىتىكىدەك پاك بولىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز يېتەرلىكتۇر. ئاخىرەتتە خاپىلىق تارتماسلىق ئۈچۈن ياكى دۇنيالىق مۇراد مەقسەت ئۈچۈن ھەجنى ۋەسىلە قىلسا، ئىجابەت بولىدۇ، اﷲ خالىسا.

6. ئۆمرە ( نەپلە ھەج ) قىلىش

ئۆمرە قىلىش دېمەك، پەرىز ھەجدىن باشقا بەيتۇللانى زىيارەت قىلىپ تاۋاپ قىلىش، سەفا تېغى بىلەن مەرۋە تېغى ئارىسىدا مېڭىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىشمۇ اﷲغا يېقىنلىشىش

ئۈچۈن، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن ۋەسىلىدۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەج بىلەن ئۆمرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئادا قىلىڭلار! چۈنكى بۇ ئىككىسى پېقىرلىقنىڭ يوقۇلۇشىغا، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ، خۇددى تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقى تۆمۈرنىڭ ۋە ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ دۇغىنى ئايرىپ چىقارغاندەك، بەندىنى گۇناھتىن ئايرىيدۇ» دېدى. (سەھىھ ھەدىستۇر.)

7 . جىھاد قىلىش ۋە جىھادنىڭ تەييارلىقى

الله تائالا يولىدا (دىن ئىسلام ئۈچۈن) جىھاد قىلىش ۋە جىھادقا تەييارلىق كۆرۈش بولسا، الله تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ۋەسىلىسىدۇر. بەك ئۇلۇغ ۋە ئەۋزەل (يۈكسەك) ئەمەلدۇر. سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالا يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار ئۈچۈن جەننەتتە الله تائالا تەييارلاپ قويغان 100 دەرىجە بار. ھەر ئىككى دەرىجە ئارىسى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدەك بار» يەنە رەسۇلۇللا: «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ الله يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن جەڭ سېپىدە تۇرىشى باشقا كىشىنىڭ 60 يىللىق ئىبادىتىدىن ئارتۇق» دېدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله يولىدا جەڭ قىلغۇچى ۋە بەيتۇللانى ھەج قىلغۇچى ۋە ئۆمرە قىلغۇچى الله تائالانىڭ مېھمانلىرى بولۇپ، الله ئۇلارنى چاقىردى، ئۇلار خوش دەپ كەلدى. شۇڭا ئۇلار اللهغا دۇئا قىلسا، ئىجابەت قىلىدۇ، گۇناھقا ئەپۇ تىلىسە، كەچۈرىدۇ» دېدى.

يەنە رەسۇلۇللا: «بىر كۈن جەڭگە تەييارلىق كۆرۈش، ئاخىرەتتە پۈتۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ بارلىق مەنپەئەتلىرىدىن ياخشى»،«جەننەتتىن بىر قامچا ئورنىدەك يەرگە ئىگە بولۇش، پۈتۈن دۇنيا نېمەتتىن ياخشى»، «كەچتە بىر قېتىم جەڭگە بىر قېتىم جەڭگە قاتنىشىش ياكى ئەتىگەندە بىر قېتىم جەڭگە قاتنىشىش بەندە ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا نېمىتىدىن ياخشى» دېدى. يەنە رەسۇلۇللا: «الله تائالادىن قورقۇپ يىغلاپ ياش ئېيىتقان كۆز دوزاخقا ھارام قىلىندى. خۇدا يولىدا (جەڭدە) دۈشمەنگە نازارەت قىلىپ ئۇخلىماي قاراپ تۇرغان كۆز دوزاخقا ھارام قىلىندى» دېدى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

8 . قۇرئان تىلاۋەت قىلىش

قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشمۇ شەرەپلىك ۋەسىلە. الله تائالاغا يېقىنلىشىش تەلەپ قىلىنىدىغان ياخشى ئىشلاردىن بىرسىدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىن بىر ھەرپ تىلاۋەت قىلىش ئون ياخشى ئەمەلگە تەڭدۇر. بۇ ھەقتە تىرمىزى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇددىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ئورۇندا ئاڭلاپ ئولتۇرۇش، قۇرئان مەنىسىنى ئۆگىنىش ئورۇنلىرىغا كۆڭۈل راھىتى چۈشىدۇ. مالائىكىلەر ئارىغا ئېلىپ ئورىۋالىدۇ. رەھمەت قورشايدۇ. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق مەزمۇن بار: قۇرئاننى ئۆگىنىش، ئۆگىتىشمۇ كىشىگە باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك بولىدىغان مەرتىۋە ۋە ياخشىلىق كەلتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەھلى ئىسلامنىڭ ئىچىدىن ياخشىراقىڭلار قۇرئاننى (لەفزى ۋە مەنىسىنى) ئۆگىنىپ باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشىدۇر.» شۇنىڭدەك قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش (مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىش) شۇ كىشىنى الله تائالانىڭ ياخشى ۋە ھۆرمەتلىك بەندىلىرى قاتارىغا قوشىدۇ. ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ماھىر كىشى ھۆرمەتلىك كاتىپ پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇ كىشىگە جەننەتكە كىرگەندە، قۇرئان ئوقۇ! تەرەققىي قىلغىن! دۇنيادا تىلاۋەت قىلغىنىڭدەك تىلاۋەت قىلغىن، سېنىڭ مەرتىۋەڭ سەن ئوقۇغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنىڭ قېشىدا بولىدۇ، دېيىلىدۇ» دېدى. تىرمىزى رىۋايەت قىلدى، سەھىھ ھەدىس.

9.زىكرى- تەسبىھ

الله تائالانى زىكرى قىلىش (ئەسلەش ۋە سۆزلەش) ۋە تەسبىھ ئېيتىش (پاك، مۇقەددەس تونۇپ تەئزىم قىلىش) رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن كەلىمە تەۋھىد، كەلىمە تەمجىدلەرنى ئوقۇش، مەنىسىنى ئويلاپ تەكرارلاش، بەندىنى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەۋزەل ۋەسىلىدۇر. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالا ئېيتىدۇ، مەن، بەندەم مېنى گۇمان قىلغان يەردە مەن بەندەم بىلەن بىللە، بەندەم مېنى كۆڭلىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ياد ئېتىمەن. بەندەم مېنى كۆپچىلىك ئارىسىدا ياد ئەتسە، مەن ئۇنى ياخشىراق كۆپچىلىك ئىچىدە يات ئېتىمەن» يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئىسلام يولغا قويغان ئىشلار كۆپ بولۇپ كەتتى، ماڭا چىڭ ئېسىلىپ ئەمەل قىلىشىمغا تېگىشلىك بىر ئىشنى خەۋەر قىلغىن، ئى رەسۇلۇللا!» دېگەن ئادەمگە جاۋاب بېرىپ: «تىلىڭ الله تائالانى زىكرى قىلىش بىلەن داۋاملىق ھۆل تۇرسۇن» دېدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم بالىسى، ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزۇشتا، اللهنى زىكرى قىلىشتىن بەكراق قۇتقۇزىدىغان بىر ئىش قىلالمايدۇ» دېدى.

رەسۇلۇللا ئۆگەتكەن، راست ھەدىسلەردە ۋە قۇرئاندا تەلىم بېرىلگەن زىكرىلارلا توغرا زىكرىدۇر. بىدئەت زىكرى (ھۆكمەتلەر، رەقسلەر) زىكرى ئەمەس. يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «اللهنى ئەسلەپ تۇرغۇچى ئادەم تىرىك ئادەمدۇر. اللهنى زىكرى قىلمايدىغان ئادەم ئۆلۈك ئادەم» دېدى.

10. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇش، يەنى الله تائالانىڭ سالام ۋە رەھمىتىنى تىلەش

رەسۇلۇللاغا دۇرۇت ئوقۇش (اللهنىڭ رەھمىتىنى تىلەش) بولسا، الله تائالا ئالدىدا ئۈستۈن دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن ۋە ھاجەت راۋا بولۇش ئۈچۈن چوڭ ۋە شەرەپلىك ۋەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىدا: «ھەركىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇد ئوقۇسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە ئون قېتىم رەھمەت ئېيتىدۇ .»

رەسۇلۇللا يەنە: «پۈتۈن سالام ۋە رەھمەت تىلىشىمنى ساڭىلا قارىتىمەن» دېگەن كىشىگە: «ئۇ چاغدا بارلىق مەقسىتىڭ ھەل قىلىنىدۇ، گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى. (ئىمامى ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى)

رەسۇلۇللانىڭ ساھابىلىرىدىن ئابدۇراھمان بىن ئەۋف ئېيتىدۇ: رەسۇلۇللا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم، خورمىلىق باغقا كىرىپ ئۇزۇن سەجدە قىلدى. سەجدىدە تۇرۇپ، الله روھىنى قەبزى قىلغانمىدۇ؟ دەپ قورقتىم. يېقىن كېلىپ قارىدىم، رەسۇلۇللا بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ساڭا نېمە بولدى، ئى ئابدۇرەھمان!» دېدى. مەن كۆڭلۈمگە كەلگەننى سۆزلىدىم. رەسۇلۇللا ماڭا: «قېشىمغا جىبرىئىل كېلىپ، ساڭا خۇش خەۋەر قىلغىلى كەلدىم، الله تائالا: «ھەركىم سەن مۇھەممەدكە بىر قېتىم مەندىن رەھمەت تىلىسە، ئۇ بەندىگە ئون رەھمەت قىلىمەن، ھەركىم ساڭا سالام قىلسا، مەنمۇ ئۇ بەندىگە سالام قىلىمەن» دېدى، دېگەن ئىدى. اللهغا شۈكرى قىلىپ سەجدە قىلدىم» دېدى.

11. ئىستىغپار ئوقۇش

يەنى الله تائالادىن گۇناھىغا ئەپۇ تىلەش، ئىستىغپار: الله تائالادىن كەچۈرۈم تىلەش دېمەكتۇر. (گۇناھلىرىمغا اللهدىن ئەپۇ تىلەيمەن)، (ئى خۇدا گۇناھىمنى كەچۈرگىن) دېگەندەك (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن) ئىستىغپارلارنى ئوقۇش شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان پەزىلەتلىك ۋەسىلىلەردۇر. الله تائالا ئىستىغپار ئوقۇغان (خۇدادىن ئەپۇ تىلىگەن) بەندىلىرىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغفىرەت تىلەيتتى.» (سۈرە

زارىيات 18-ئايەت). سۈرە ئال ئىمران 17-ئايەتتە: «ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر (اللەغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل- ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغفار ئېيتقۇچىلاردۇر.» دېدى.

يەنە الله تائالا: « تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا، اللەنى ياد ئېتىدۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان اللەدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ.» دېدى. (سۈرە ئال ئىمران 135-ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەنكى، ئۇ بىر اللەدىن باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچى يوق، ئۇ دائىم هايات، ئۇ پۈتۈن مەخلۇقنى ئىدارە قىلغۇچى، ئۇ اللەغا تۆۋبە قىلىمەن (جىنايىتىگە پۇشايمان قىلىپ قايتىمەن)، دېگەن كىشىنىڭ گۇناھى كەچۈرىلىدۇ. گەرچە جەڭدىن قاچقان جىنايىتى بولسىمۇ.»

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداق كىشى داۋاملىق ئىستىغپار ئېيتسا (داۋاملىق، خۇدادىن گۇناھىنى تىلىسە) الله تائالا ئۇ كىشىنى پۈتۈن غەمدىن خالاس قىلىدۇ. ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى بېرىدۇ. گۇمان قىلمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ» دېدى.ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى،سەھىھ ھەدىس.

مەزكۇر ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئېيتىمىزكى، خۇداغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن ياكى دۇنيالىق مۇراد - مەقسەت ھاسىل بولۇش ئۈچۈن خۇداغا ۋەسىلە قىلماقچى بولغان مۇسۇلمان ئادەم ئىستىغپار ئوقۇپ شۇنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلسا بولىدۇ. پالانى - پۇستانى ھەققى ھۆرمىتىدىن دېمەك سۈننەتكە مۇۋاپىق ئەمەس.

12.دۇئا

دۇئا قىلىش (ئى پەرۋەردىگارىم دەپ چاقىرىش) ۋە الله تائالادىن ھاجەتنىڭ ھەل بولۇشىنى تىلەش ئۈچۈن، خاپىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋەسىلىدۇر. دۇئا - تەلەپ قانداقمۇ ۋەسىلە بولمايدۇ؟ ھالبۇكى الله تائالا: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)» دېدى. (سۈرە غافىر 60-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). يەنە الله تائالا: «بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا، ئۇلارغا ئېيتىپ قويغىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن. (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن) قاچان ماڭا دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىمەن» دېدى. (سۈرە بەقەرە 186-ئايەت.)

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «دۇئا ئۆز ئەينى ئىبادەتتۇر»، دېدى ۋە الله تائالانىڭ: «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ:⟨ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ⟩.» (سۈرە غافىر 60- ئايەت) دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلدى.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە الله تائالانى چاقىرىپ دۇئا قىلسا، گۇناھ ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلمىسا ياكى تۇغقانلىرىدىن مۇناسىۋەت ئۈزۈشنى تىلىمىسىلا، الله ئۇنىڭ تىلىگەن مۇرادىنى بېرىدۇ»، دېدى. تىرمىزى رىۋايىتى.

يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان بەندە بارلىق ۋۇجۇدىنى الله تائالاغا بېغىشلاپ، بىرەر تىلەكنى تىلىسىلا، الله ئۇنى بېرىدۇ. يا دۇنيادا نەخ بېرىدۇ يا ئاخىرەتكە زاپاس ساقلاپ قويىدۇ»، دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە «الله ئۇ كىشىگە ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىنى بېرىدۇ. يەنى دۇئاسىنى نەخ ئىجابەت قىلىپ تىلىكىنى نەخ بېرىدۇ، ياكى ئاخىرەت ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ، يا ئۇ كىشىدىن تىلىكىگە تەڭ كەلگۈدەك بىر يامانلىقنى قايتۇرىدۇ، ئەسھابىلار: «ئۇنداق بولسا، دۇئا

بەك كۆپ قىلىنىپ كېتەر؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللا: «اللەنىڭ بېرىدىغىنى تېخىمۇ كۆپ» دېدى. يەنە رەسۇلۇللا: «الله تائالا ھايا قىلغۇچىدۇر، ئىلتىپاتى كەڭدۇر. بەندىسى قولىنى كۆتۈرۈپ ھاجىتىنى تىلىسە، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى قۇرۇق، نا ئۈمىد ياندۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ دېدى.»

13. مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسى

شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان ھەم دەرىجىلەر يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان، ھاجەتلەر راۋا قىلىنىدىغان ۋەسىلىنىڭ بىرسى مۆمىن ئادەمنىڭ يەنە بىر مۆمىن قېرىندىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتۇر. چۈنكى ئەسھابىلەر رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىزگە دۇئا قىلسىلا» دەپ تەلەپ قىلاتتى. رەسۇلۇللا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. الله تائالا ئىجابەت قىلاتتى. ھاجەتلىرىنى راۋا قىلاتتى. ئەسھابىلەر كۆپ قېتىم رەسۇلۇللانىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلىپ يامغۇر تەلەپ قىلغانىدى. الله تائالا ئىجابەت قىلىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەنىدى. بۇ ۋەقە سەھىھ ھەدىسلەردە شەكسىز ئىسپاتلانغان. بىر قارىغۇ كىشىنىڭ رەسۇلۇللانىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلغانلىقى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى، قارىغۇ كىشى رەسۇلۇللاغا: «ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام! كۆزۈمنى ساقلىققا ياندۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلىپ بەرسىلە!» دېۋىدى. رەسۇلۇللا دۇئا قىلدى، الله ئىجابەت قىلىپ كۆزىنى قايتۇرۇپ بەردى. پەقەت زىيان يەتمىگەن كۆزدەك ساقايدى. تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمرە قىلغىلى بەيتۇللاغا ماڭماقچى بولغاندا، رەسۇلۇللا ئۆمەرگە: «ئى قېرىندىشىم! دۇئايىڭدا بىزنى ئۇنۇتما، دۇئايىڭغا بىزنىمۇ شېرىك قىلغىن» دېدى. رەسۇلۇللانىڭ ئەسھابىلىرى، رەسۇلۇللا ۋاپات قىلىنغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللانىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ ناماز ئوقۇپ قىلغان دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلىۋېدى، الله تائالا ئىجابەت قىلىپ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى. (تىرىك كىشىنىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلىش توغرا، ۋاپات بولغان كىشىنى ۋەسىلە قىلىشقا بولمايدۇ، سەھىھۇل بۇخارى ھەدىس كىتابى شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ) مۇسۇلمانلار بۇ كۈنگىچە بىر-بىرىنىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلىپ كەلمەكتە. بىر-بىرگە: «ئى بۇرادەر ماڭا دۇئا قىلىڭ»، دېيىشىپ كەلمەكتە. بۇنداق قىلىشنىڭ شەرىئەتتە توغرىلىقىنى بىلگەچكە شۇنداق قىلىشسا كېرەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر كىم ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشى ئۈچۈن يوق يېرىدە دۇئا قىلسا، ئۇ كىشىگە مەسئۇل پەرىشتە: ئى خۇدا ئىجابەت قىل! دەيدۇ ۋە ساڭىمۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن تىلىگىنىڭنىڭ ئوخشىشى بولسۇن دەيدۇ»، دېدى. (ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتى)

14. الله تائالانىڭ ياخشى ئىسىم ، سۈپەتلىرى

الله تائالانىڭ ياخشى ئىسىملىرىنى، ئالىي سۈپەتلىرىنى اللەغا يېقىنلىشىشقا ۋەسىلە قىلىشمۇ ياخشى ۋە پايدىلىق ۋەسىلىدۇر. الله تاالله‌نىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغان مۇسۇلمان ئىنسان ئۈمىدسىز يانمايدۇ، گۇناھ ئىشنى ياكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تىلىمىسىلا، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ. الله تائالانىڭ ئىسىم، سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر مۇنداق:

1) «ياذالجلال والاكرام» دېگەن دۇئانى قىلىشتۇر، تىرمىزى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىدۇكى: «رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ ئى ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، ئى مۆمىن سالىھ بەندىلىرىنى ھۆرمەتلىگۈچى الله! دەپ دۇئا قىلغىنىنى ئاڭلاپ، دۇئايىڭ ئىجابەت قىلىندى، مۇرادىڭنى تىلىگىن»، دېدى.

2) «ياراحم الراحمين» (ئى رەھىملىكلەرنىڭ رەھىملىكراقى الله!) دېمەكتۇر. ئەبۇ ئۇمامە ئىسىملىك ساھابە نەقىل قىلدى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ياراحم الراحمين»

دەپ الله تائالانى چاقىرغۇچى بەندىگە الله تائالانىڭ مۇئەككەل (مەسئۇل) قىلغان پەرىشتىسى بار. ھەر كىم «ئى ھەممىدىن رەھىملىك ئىگەم»نى ئۈچ قېتىم ئېيتسا، مەزكۇر پەرىشتە: «الله تائالا ساڭا يۈزلەندى، مۇرادىڭنى تىلەپ ئال، دەيدۇ»، دېدى.

3) ئى الله! پۈتۈن ھەمدۇ سانا ساڭا خاس، سەندىن باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچى يوق، ئى مېھرىبان ئىگىمىز، ئى نىمەت بەرگۈچى، ئى ئاسمانلارنى زېمىننى ياراتقۇچى، ئى ئۇلۇغلۇق ئىگىسى ۋە ھۆرمەتلەش ئىگىسى، ھاجىتىمنى سەندىن تىلەيمەن، دېيىش ئەڭ گۈزەل ۋەسىلىدۇر. چۈنكى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ رىۋايەت قىلدىكى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئىياش ئىسىملىك ساھابىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئۇ كىشى نامازدا: ئى الله! دەپ يۇقىرىقى سۈپەتلەرنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىۋاتقان ئىكەن، رەسۇلۇللا ئۇ كىشىگە: «الله تائالانىڭ ئۇلۇغ ئىسمى ، سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلدىڭ. بۇ ئىسىم سۈپەتلەر ۋەسىلە قىلىنسا، ئىجابەت قىلىنىدۇ، الله تائالادىن نىمە تىلىسە شۇنى بېرىدۇ»، دېدى. ئىمامى ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.

4) «يارَب، يارَب، يارَب» (ئى مېھرىبان ئىگەم!) دەپ دۇئا قىلىشتۇر. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها رىۋايەت قىلىدۇكى: رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «مۆمىن بەندە ئى رەببىم ئى رەببىم، ئى رەببىم! دېسە، الله تائالا: قوبۇل قىلىمەن، ئى بەندەم، تىلىگىن! مەقسىتىڭ ھەل قىلىنىدۇ دەيدۇ» دېدى.

5) ئى الله سەندىن باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچى يوق، سېنى پاك، بارچە ئەيىپ ۋە نۇقساندىن مۇبەززەھ دەپ تونۇيمەن. مەن زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن (ئاسىيلاردىن) بولدۇم، دېيىش ئەڭ گۈزەل ۋەسىلىدۇر. چۈنكى سەئىد بىن ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ نەقىل قىلىدۇكى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ بېلىق قورسىقىدا قىلغان دۇئاسى «لااله الاانت سبحنك انى كنت من الظالمين» (تەرجىمىسى يۇقىرىقى دۇئا شۇدۇر). بۇ دۇئانى مۇسۇلمان ئادەم قانداق بىر ھاجىتى ئۈچۈن قىلسا، الله تائالا ئىجابەت قىلىدۇ»، دېدى.

اللهھ تائالانىڭ 99 ئىسمى، سۈپەتلىرىدىن يۇقىرىقىلارنى ياكى باشقا ھەر قايسى ئىسمى، سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ، دۇئا قىلىنسا بولىدۇ، الله تائالا دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ. ھاجەت تىلىگۈچىلەرگە تىلىگىنىنى بېرىدۇ. الله تائالا بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلغۇچى، رەھىم قىلغۇچى، سېخى ۋە مەرھەمەتلىك كەڭدۇر. يۇقىرىقىلارنى نەمۇنە ئۈچۈن كۆرسەتتۇق. الله تائالانىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىنىدۇ. الله تائالا بۇ توغرۇسىدا: «اللهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللهنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، اللهنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە- كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»، دېدى. (سۈرە ئەئراف 180-ئايەت)

15. ھەرقانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىش

مۆمىن ئادەمنىڭ الله تائالاغا ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا ئىشلىگەن شەرىئەتكە مۇۋاپىق ياخشى ئىبادىتى ياكى مۇسۇلمانلارغا قىلغان ياخشىلىقىنى الله تائالاغا ۋەسىلە قىلىشى توغرا بولىدۇ. ئۇنى ۋەسىلە قىلىپ ھاجىتىنى مېھرىبان ئىگىسى الله تائالادىن تىلىسۇن. الله ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ، ئۈمىدسىز قويمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا كەلگەن ھەدىس بولۇپ: «رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئۈچ مۇساپىر تاغنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ تۇرغانىدى، چوڭ بىر قۇرام تاش چۈشۈپ غارنىڭ ئاغزىنى ئەتتى. ئىككى كىشى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىنى ۋەسىلە قىلدى. بىر كىشى اللهدىن قورقۇپ گۇناھىدىن يانغىنىنى ۋەسىلە قىلدى. الله تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى

ئىجابەت قىلىپ، خاپىلىقتىن قۇتقۇزدى، غاردىن سالامەت چىقىپ كەتتى.»

شۇنىڭدەك بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ پۇتىغا كىرىپ كەتمىسۇن دەپ، يولدىن بىر تىكەنلىك شاخنى ئېلىپ تاشلىدى، الله تائالا بۇ كىشىنىڭ مۇشۇ ئاز ئىشىغىمۇ خۇرسەن بولۇپ، پۈتۈن گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزدى.

شۇنىڭدەك بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئەخلاقسىز پاھىشە ئايال، ئۇسسۇزلىقتىن ھۆل توپا يېگەن بىر ئىتنى الله رىزاسى بىلەن سۇغۇرۇپ قويىدى. الله تائالا بۇنىڭغا خۇرسەن بولۇپ، ئۇ ئايالنى جەننەتكە كىرگۈزدى، بۇ ھەدىسلەر سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمغا يېزىلغان سەھىھ ھەدىسلەردۇر. ئىنكار قىلىشقا ئورۇن يوق.

قەلبى مۇھەببىتى بىلەن الله تائالاغا قىلغان ئىبادەتنى ياكى الله رازى بولار دېگەن مەقسەت بىلەن ئىنسانلارغا، ھايۋانلارغا قىلغان ياخشىلىقنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلسا، ئىجابەت قىلىنىدۇ.

16.ھارامنى تاشلاشتۇر

الله تائالاغا يېقىنلىق ئۈچۈن الله تائالانىڭ رازى بولۇشىغا يېتىش ۋە دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولىشى، ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولىشى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان ۋەسىلىلەرنىڭ بىرى ـ ئىسلامدا مەنئىي قىلىنغان يامان ئىشنى تاشلاشتۇر. مۆمىن ئادەم الله تائالادىن ھايا قىلىپ ۋە قورقۇپ چوڭ گۇناھلاردىن بىرەر گۇناھنى تاشلىسا (كېيىن قايتا قىلمىسا)، بۇ ئىش ياخشى ۋاسىلىدۇر. ئۇنى ۋەسىلە (ۋاستە) قىلىپ، پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىشى لازىم. غارغا قامىلىپ قالغان مەزكۇر ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ئۆزى قىلغىلى تەييار بولغان بىر چوڭ گۇناھنى تاشلىغىنىنى ۋاسىلە قىلىپ دۇئا قىلىۋىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ قېلىپ ئۆلگىلى ئاز قالغاندا غاردىن الله تائالا قۇتقۇزدى.

ئۇ كىشى مۇنداق دېگەنىدى: «ئى الله! تاغامنىڭ بىر قىزى بارئىدى، ھەممە كىشىدىن ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنى نەپسىمگە تەكلىپ قىلدىم، ئۇ ئۇنىمىدى. بىر چاغدا ئۇلارغا ئاچارچىلىق يۈز بەردى. مېنىڭ تەلىپىمنى قۇبۇل قىلىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا بىر يۈز يىگىرمە ئالتۇن پۇل بەردىم، تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم ئاستىغا ئالغىنىمدىن كېيىن ئۇ ماڭا: ‹مېنىڭ پىچەتىمنى يولسىز بۇزۇشىڭنى راۋا كۆرمەيمەن›، دېدى. دەرھال بۇ گۇناھتىن يۈرىكىم سىقىلىپ ئۆزۈمنى تارتتىم، ھالبۇكى ئۇنى بەك سۆيەر ئىدىم، بەرگەن ئالتۇنۇمنى قايتۇرۇپ ئالمىدىم، ئى الله مۇشۇ جىنايەتتىن يېنىش ئىشىمنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام بىزنى بۇ غاردىن قۇتقۇزغىن! دېۋىدى، غار ئاغزىدىكى قورام تاش ئازراقىغا ياندى، ئۇلار غاردىن خالاس تاپتى» دېدى.

شۇنىڭدەك مۆمىن ئادەم بېشىغا ئېغىرچىلىق كەلگەندە، قىيىنچىلىقتا قالغاندا، الله تائالادىن قورقۇپ، ھايا قىلىپ، قىلىشنى قەست قىلغان گۇناھتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالغان ئىشنى ۋەسىلە قىلىپ (ئارىغا سېلىپ) دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىنىدۇ، الله ئىزنى بىلەن قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىدۇ ياكى ھاجىتى راۋا قىلىنىدۇ.

## ئىسلامدا ھارام قىلىنغان (مەنئى قىلىنغان) ۋەسىلىلەر بايان

يۇقىرىدا شەرىئەتكە مۇۋاپىق، پايدىلىق ۋاسىلىلەردىن بىر بۆلىكىنى سۆزلىگىنىمىزدىن كېيىن ئەمدى شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان، نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى توغرا ۋەسىلىلەردىن يۈز

ئۆرۈتكەن، خاتا ۋەسۋەسىلەرگە مەشغۇل بولۇش سەۋەبىدىن توغرا ۋەسۋەسىلەردىن مەھرۇم قېلىپ زىيان تارتقان، ئەمدى، قۇرۇق قالغان بىر بۆلۈك باتىل ۋەسۋەسىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز، مەقسىتىمىز، مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىش(مەنپەتىگە كۆيۈنۈش) ئىسلامنىڭ ئەلچىلىگىنى يەتكۈزۈش، بۇ ئەلچىلىكنى قوبۇل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار بىلەن قوبۇل قىلمايدىغان غەيرى مۇسۇلمانلارنى تونۇتۇپ قويۇشتىن ئىبارەت، شەرىئەتتە چەكلەنگەن باتىل ۋەسۋەسىلەر مۇنۇلار:

1. دۇئا قىلغاندا ئەۋلىياھ، سالىھ بەندىلەرنىڭ روھلىرىغا خىتاب قىلىپ، ئۇلاردىن ھاجىتىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ الله تائالا ئالدىدىكى مەرتىۋىسىنى ئارىسىغا سېلىپ دۇئا قىلىش بولسا الله تائالانىڭ دىنىدا ۋەسىلە ئەمەس. اللهغا يېقىنلىششمۇ بولمايدۇ، بەلكى بۇ ئىش اللهغا قىلىدىغان ئىبادەتتە شېرىك قىلغانلىق بولۇپ، ئۇئادەم دىندىن چىققان، دوززاختا مەڭگۇ قېلىشى لازىم بولغان ئادەمدۇر.

بۈگۈنكى بەزى بىلىمسىز مۇسۇلمانلارنىڭ: «ئى پالانى غوجام!يا غەۋسۇل ئەزەم! يا نەقشىبەندى پىرىم! قۇلۇمنى تۇتۇڭ، ماڭا مەدەت قىلىڭ! مۇنداق ھاجىتىمنى راۋا قىلىڭ، خۇدايىمدىن پالان ھاجىتىمنى تىلەپ بېرىڭ»، دېگەندەك دۇئالىرى باتىل، ھارام، ئازغۇنلۇق، شېرىكتۇر. ئىسلام دىنىمىز بۇنداق ئىشلاردىن بىزار، بۇنداق ئىشقا ئىسلام ھەرگىز رۇخسەت قىلمىدى، بەلكى چەكلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئازاب ۋەدە قىلىپ الله تائالا: « كىمكى اللهغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى اللهدىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ» دېدى. (سۇرە مائىدە 72ـئايەتنىڭ بىر قىسمى)

2. ئەۋلىياھ، سالىھلارنىڭ روھى خوش بولسۇن دەپ بىر نەرسە نەزرە قىلىش، بەزى بىلىمسىز مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئەۋلىياھ سالىھلار رازىلىقى ئۈچۈن نەزرە قىلىشى، شەرىئەت يول قويغان ۋەسىلە ئەمەس، اللهغا يېقىنلىشش ئەمەس، ھاجەت راۋا بولۇشقىمۇ، دۇئا ئىجابەت قىلىنىشقىمۇ ۋەسىلە بولالمايدۇ. بۇ پەقەت ھارام شېرىكتۇر. مۇسۇلمانلار الله تائالانىڭ كىتابى (قۇرئاننى) ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىش، چۈشۈنۈشتىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن مۇشۇنداق ئىشلارغا دۇچار بولۇشتى، ئۇلار شۇنى بىلمىدىكى نەزرە دېگەن پەقەت الله تائالا ئۈچۈن قىلىنىشى لازىم ئىدى.

قانداق بىر كىشىنىڭ: «پالانى غوجام مۇنداق ئىشىم ھەل بولسا، ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇنداق نەرسىنى نەزرە قىلدىم. بۇنداق مۇرادىم ھاسىل بولسا، سىلىگە بۇنى نەزرە قىلدىم» دېگەندەك نەزرىلىرى الله تائالادىن باشقىسى ئۈچۈن قىلىنغان نەزرە ۋە اللهدىن غەيرى ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەت بولۇپ، بۇنى قىلغۇچى ئادەم شېرىكنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگۈچى بولىدۇ، دىن ئىسلام بۇنداق ئىشتىن بىزار، چۈنكى الله تائالادىن باشقىغا يۈزلىنىش، باشقىسىنى قىچقىرىش، ئۇنىڭغا مال زەبھى قىلىشنى ۋەدە قىلىش، ياكى ئۇنىڭ قەبرىسىگە گۇمبەز قاتۇرۇشنى، يوپۇق يېپىشنى ۋەدە قىلىش، شۇ ئارقىلىق مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى كۈتۈش قاتارلىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ تەۋھىدكە زىت، مۇسۇلمانلار ھەمىشە سۆزلەيدىغان «لاالە الاالله» دىن ئىبارەت تەۋھىد سۆزىگە ۋە تەۋھىدتىن بولغان غەرەز ـ مەقسەتكە زىتتۇر. چۈنكى «لاالە الاالله» نىڭ مەزمۇنى الله تائالادىن باشقىسىغا يېلىنىشنى ۋە يۆلىنىشنى يوق قىلىش، بۇنى يالغۇز الله تائالاغا ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت.

3. ئەۋلىياھلار روھلىرىغا ئاتاپ مال، جانۋار بوغۇزلاش. بۇ كۈندە بىلىمسىز مۇسۇلمانلار تۇنۇغان ۋە كۆنۈپ قالغان بىر ئىش ئەۋلىياھ ماشايىخ، شەھىد ئىماملارنىڭ مازىرىغا بېرىپ، مەلۇم سەيلەـزىيارەت ۋاقىتلىرىدا كالا، قوي، توخۇ، كەپتەر ئاپىرىپ قەبرى بېشىدا بوغۇزلاش ئىشى بولۇپ، بۇ ئىشلارنى قىلىش ئىسلام دىنىدىن ئازغانلىقتۇر، باتىلدۇر. الله تائالا

بەندىلىرىنىڭ ۋەسىلە قىلىشى ئۈچۈن يولغا قويغان ئىشلاردىن ئەمەس، پەقەت بۇ ئىش ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىشلىرىدىن بولۇپ، ئىبادەتتە الله تائالاغا ئەۋلىيالارنى شېرىك قىلغانلىق ۋە اللهنىڭ بىرلىكىگە قارشى چىققانلىقتۇر. الله تائالامۇ مۇنداق ئىشلارنى مەنئي قىلىپ: «ئەمدى اللهغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى سىلەر (اللهنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر.» دېدى.

ساۋاب ئۈچۈن مال بوغۇزلاش، يالغۇز الله تائالا ئۈچۈن بولۇشى لازىم، بولمىسا شېرىك بولىدۇ، شۇ مالنىڭ گۆشى ھارامدۇر.

4. سالىھلارنىڭ قەبرىسى قېشىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇشتۇر. كېسەللەرنى ئەۋلىياھلار قەبرىسىگە ئاپىرىپ شىپالىق ئۈمۈد قىلىش شەرىئەت يولغا قويغان ۋەسىلىدىن ئەمەس، قەبرىلەر، سۇمەرلەر، گۇمبەزلەر ئەتراپىدا (دۇئاخانىدا) ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرۇش، قەبرى بېشىدا قونۇش، شۇنىڭدەك قەبرە ئىلگىرىدىن (روھلىرىدىن) شاپائەت تىلەش، ئۇلارغا خىتاپ قىلىپ چاقىرىش، ئۇلاردىن دۇئا تىلەش، داد پەرياد قىلىش ئىشلىرى شەرىئەتكە خىلاپتۇر. مەزكۇر ئىشلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قەبرى مازارلاردا قىلىنىغان ئىشلار ھارامدۇر، شېرىكتۇر. ئەقىلسىز ئادەملەر قىلىدىغان بۇزۇق ئىشلاردۇر. ئىبادەتنى (يەنى مۇھەببەت، ئىتائەت، ئۈمۈد، تەلەپلەرنى) بىر اللهدىن باشقىسىغا قىلماسلىقىدىن ئىبارەت تەۋھىددەك دىنىنىڭ چوڭ ئاساسىنى بىلمىگەنلىكتۇر. مۇنداق باتىل ئىشنى داۋاملىق قىلغان ياكى توغرا دەپ تونىغان كىشىلەر الله تائالاغا مەبلۇقنى شېرىك قىلغۇچى ۋە مومىن بولغاندىن كېيىن دىندىن يانغۇچى بولىدۇ، الله تائالا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

5. الله تائالادىن: «پالانى كىشىنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن مۇنداق ھاجىتىمنى راۋا قىلغىن» دەپ تىلەشتۇر، (يەنى ياخشى ئىشنى ۋەسىلە قىلماستىن ياخشى كىشىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر.)

الله تائالاغا تىلەش ياكى ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى تىلەشتە الله تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىر كىمنىڭ ھەققىدە ۋەسىلە قىلىشى توغرا ۋەسىلە ئەمەس. مەسىلەن: ئى الله! پالان پەيغەمبەرنىڭ يا پالان ۋەلى بەندىنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن مۇنداق ھاجىتىمنى ھەل قىلىپ بەرگىن، دېگەندەك ۋەسىلىنى دىني ئىسلام تونۇمايدۇ، قۇرئاندىمۇ، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى (ھەدىسلىرى)دىمۇ مۇنداق ۋەسىلە يوق. ئىسلام بۇيرىغان، ئىسلام تونۇغان ۋە تەكلىپ قىلغان توغرا ۋەسىلە بولسا: «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئى الله، ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىملىكراقى! ئى ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆرمەتلەش ئىگىسى! ئى داۋاملىق تىرىك ئىگەم!» دېگىنىدەك الله تائالانىڭ ياخشى ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر. ئۇ چاغدا الله تائالانىڭ: «اللهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللهنى شۇ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن ئاتاڭلار!» (سۈرە ئەئراف 180 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئەمرىنى ئىجرا قىلغان ۋە بويسۇنغان بولىدۇ.

ئەمما الله تائالادىن: «ئى خۇدا! پالانى بەندەڭنىڭ ھەققى ھۆرمىتىدىن دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن» دېمەك بىدئەتتۇر. مۇنداق ۋەسىلىنى رەسۇلۇللا تەلىم بەرمىگەن. ئەسھابىلار، تابىئىنلارمۇ تونۇمىغان يېڭى پەيدا قىلىنغان بىدئەت ئىشلار بولۇپ، بۇنداق ئىشلار ۋەسىلە بولالمايدۇ. مۇراد ـ مەقسەت ھاجەت راۋا بولمايدۇ، الله تائالا سۈرە ئەنئام 38ـئايەتتە: «لەۋھۇلمەھفۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)» دېدى.

رەسۇلۇللانىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدىمۇ ئۇنداق ۋەسىلە كەلمىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللا بىزگە ھەممىنى ئۆگەتتى. ھەتتا تاھارەت تازىلاشنىمۇ ئۆگەتتى» دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى) ئۇنداق بولسا، دۇئادا پالان ـ پۇستان بەندىنى ۋەسىلە قىلىش بولسا ئەسھابىلار توسقان بىدئەت، باتىل ۋەسىلىدىندۇر. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپە رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ

«پالانىنىڭ ھەققى ھۆرمىتى» دەپ دۇئا قىلغان ئادەمنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقى ۋە قارشى چىققانلىقى ۋە «ھېچكىمنىڭ اللهدا ھەققى يوق» دېگىنى نەقىل قىلىندى. الله تائالا بەندىلەرگە ئىلتىپات ئىگىسى بولغاچقا، «ئى الله! پەزلى، ئىلتىپاتىڭنى تىلەيمەن»، دەپ تىلەش لازىم. الله تائالا سۈرە نىسا 36ـ ئايەتتە: «اللهدىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار (الله بېرىدۇ). الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.» دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغان بەندە ئۆز پەرۋەردىگارىدىن بىدئەت تەلەپ، مەنئى قىلىنغان تىلەكنى، ھەل بولمايدىغان تىلەكنى تىلىگەننىڭ ئورنىغا شەرئەت رۇخسەت قىلغان تىلەكنى تىلىسە ئىجابەت قىلىنىدۇ، الله ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ، توغرا ۋەسىلە ۋە تىلەك مۇنداق: «ئى الله! ساڭا ئىشەنگىنىمنى ياكى پەيغەمبىرىڭگە ئىشەنگىنىمنى ياكى كىتابىڭ (قۇرئان)غا ئىشەنگىنىمنى ياكى ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى ياكى پالان پەيغەمبىرىڭگە بولغان مۇھەببىتىمنى ۋەسىلە قىلىپ مۇنداق ھاجىتىمنى ھەل قىلىشىڭنى تىلەيمەن ياكى خاپىلىقتىن خالاس قىلىشىڭنى تىلەيمەن» ياكى «ئى الله! سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىمنى ۋەسىلە قىلىپ تەلەپ قىلىمەنكى پالان خاپىلىقتىن مىنى قۇتقۇزغىن، پالان ھاجىتىمنى ھەل قىلىپ بەرگىن!» دېسە بولىدۇ. بۇلار شەرئەتكە مۇۋاپىق ۋەسىلە بولۇپ، مۇنداق تەلەپنى الله تائالا ھەل قىلىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئىسلامغا ئىشىنىشى ۋە بويسۇنىشى تۈپەيلىدىن دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ، الله تائالا مۆمىن بەندىنى قۇرئاندا يوق، ھەدىستە يوق يولسىز ۋەسىلىدىن بىھاجەت قىلىدۇ.

## مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش

ۋەسىلە توغرىسىدا سۆزلىگىنىمىزدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا دۇچ كىلىۋاتقان ئۈچ چوڭ گۇماننى رۇشەنلەشتۈرۈپ ئۆتۈشىمىزنى ئەھمىيەتلىك دەپ قارايمىز.

1. بىر ئەما ساھابە توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بولۇپ، كۆزى ئاجىز بىر ئادەم رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللا! الله تائالانىڭ كۆزۈمنى ساقايتىشى ئۈچۈن ماڭا دۇئا قىلسىلا!» دېدى، رەسۇلۇللا: «خالىساڭ دۇئا قىلىمەن، خالىساڭ سەبرى قىلغىن! سەبرى قىلغىنىڭ ياخشى.» دېدى. ئۇ كىشى: «دۇئا قىلىپ بەرسىلە!» دېۋىدى، رەسۇلۇللا ئۇنى ئوبدان تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مۇنداق دۇئا قىلىشقا بۇيرىدى: «ئى الله! سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ، يەنى رەھمەت پەيغەمبىرىنى ۋاستە قىلىپ تىلەيمەن ۋە ساڭا يۈزلىنىمەن، ئى مۇھەممەد سەن ئارقىلىق پەرۋەردىگارىمغا يۈزلىنىپ مۇنداق ھاجىتىمنى راۋا قىلىشنى تىلەيمەن. ئى الله! رەسۇلۇللانى ماڭا شاپائەتچى قىلىپ بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلغىن دېۋىدى، ئۇ كىشى شۇنداق قىلدى، كۆزى ساقايدى، (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى) بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللا مەزكۇر كىشىگە ئى الله پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ سەندىن ھاجىتىمنى تىلەيمەن دېگىن، دەپ رەسۇلۇللا تەلىم بەرگەن تۇرسا، بىز نېمىشقا رەسۇلۇللانى ۋەسىلە قىلمايدىكەنمىز؟ دېگەن گۇمان كېلىدۇ، بۇنىڭ جاۋابى شۇكى: بۇ ۋەسىلە بىر قانچە تەرەپتىن بىرلەشكەن بولۇپ، بۇ شەرتلەر تولۇق بولۇشى لازىم. بۇ شەرتلەرنىڭ بەزىسى رەسۇلۇللا ۋاپات قىلىنغانلىقتىن تېپىلمايدۇ، ئۇ بولسا بۇگۈنمۇ بىزگە رەسۇلۇللانىڭ بىللە دۇئا قىلىشىپ بېرىشىدۇر ۋە رەسۇلۇللا ھايات بولۇپ، دۇئا قىلغاندا شاپائەت قىلىشتۇر. بۇشەرتلەر رەسۇلۇللا ۋاپات بولغاندىن كىيىن مەۋجۇت ئەمەس.

ئەگەر بۇگۇن قايسى بىر كىشى، ئى رەسۇلۇللا مېنىڭ ھاجىتىم ئۇچۇن الله تائالاغا دۇئا قىلىپ بەرسىلە، دېسە بۇ سۆز بىكار گەپ ۋە خاتا بولىدۇ. چۇنكى، رەسۇلۇللا بۇسۆزنى ئاڭلىمايدۇ، ھەم ئۇكىشىنى كۆرمەيدۇ (رەسۇلۇللانىڭ روھى دۇنيا ئىشلىرى بىلەن ئالاقىدا ئەمەس) رەسۇلۇللا ئۇ كىشىگە دۇئا كىلىپ بەرمەيدۇ. ئەگەر بۇگۇن قايسى بىرىمىز: «ئى الله! پەيغەمبىرىڭنى ۋاستە قىلىپ سەندىن ھاجىتىمنى سورايمەن، ساڭا يۇزلىنىمەن» دېسە، ئۇ كىشى يالغانچى بولىدۇ، چۇنكى ئۇ كىشى دۇئا قىلىشتا رەسۇلۇللا ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىللە دۇئا قىلمايدۇ، رەسۇلۇللا ئالدىدا نەخ تۇرۇپ، دۇئا قىلىپ تۇرغاندا ئۇ كىشى ئى الله! پەيغەمبىرىڭنى ساڭا ۋاستە قىلىپ ساڭا يۇزلىنىمەن، رەسۇلۇللانىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلغىن دېسە، توغرا بولىدۇ، مەزكۇر ئەما كىشىنىڭ ۋەسىلىسىگە ئوخشاش بولىدۇ. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىشنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى بولغان رەسۇلۇللانىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىدىن ئىبارەت چوڭ شەرت ھازىر تېپىلمىغانلىقتىن بۇ كۇنده رەسۇلۇللانىڭ ھەققى ھۆرمىتى دەپ ۋەسىلە قىلىش، سۈننەتكە مۇۋاپىق ۋەسىلە بولماي بىدئەت بولىدۇ. ئەگەر بىر مۆمىن ئادەم رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىپ كىسىلىدىن ساقىيىپ قالغان ياكى ھاجىتى راۋا بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ۋەسىلىنىڭ توغرىلىقىغا ۋەسىلە بولمايدۇ، پەقەت الله تائالانىڭ ئىراده تەقدىرىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقىدىن بولىدۇ. مەسلەن: بەزەن ئادەملەر ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ روھىنى چاقىرىدۇ، ھاجىتىگە ۋەسىلە قىلىپ شاپائەت تىلەيدۇ. ھاجىتى راۋا بولۇپ قىلىدۇ، ئى غوجام ھاجىتىمنى راۋا قىلىپ بەرسىلە، دادا پادىشاھىم دەردىمگە يەتسىلە! دەيدۇ. تاساددىيىبى ھالدا ھاجىتى ھەل بولىدۇ، ھالبۇكى بۇنداق تەلەپلەر شەرىئەتتە ھارام ھەم شېرىكتۇر. ئۇنىڭ ھەل بولىشى پەقەت قەدەرگە ئۇدۇل كېلىپ قالغان. يەنى ئۇ كىشى ھېچ ئىش قىلماي جىم تۇرسىمۇ، الله ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىشنى ئىراده قىلغانلىقىدىندۇر. غوجامنىڭ ياكى پادىشاھنىڭ دۇئاسىنى ھەل قىلغانلىقىدىن ئەمەس. مۇسۇلمان ئادەم ئەگەر توغرا يول بىلەن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلاي دېسە، مۇنداق ۋەسىلە قىلىپ الله تائالاغا يېقىنلاشسا بولىدۇ، ئاۋۋال كامىل تاھارەت ئالىدۇ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ، ئاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ: «ئى الله! سەندىن ھاجىتىمنى تىلەيمەن ۋە ساڭا يۇزلىنىمەن، سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنگەن ئىمانىمنى ۋە مۇھەببىتىمنى ۋەسىلە قىلىمەن،» دەپ ھاجىتىنى الله تائالاغا ئېيتسا، الله تائالانىڭ ئىجابەت قىلىشىدىن ۋە راۋا قىلىشىدىن ئۇمۇد بار.

الله تائالانىڭ ماڭا بەرگەن نىمىتىنى سۆزلەش يۇزىسىدىن ئېيتىمەنكى، مەن بۇ كىتابنى يېزىپ مۇشۇ ماۋزۇغا كەلگەن كۇنلەرده مەغرىبىستاننىڭ ئاق بىناسىدا ئىدىم. رامىزان ئاخىرلىشاي دېگەندى. ئۆمرە ھەج قىلىش ئارزۇيۇم پەيدا بولۇپ، ئايروپىلاندىن ئورۇن تىزىملىتىشنى مەقسەت قىلىپ باردىم. ئۇلار مۇمكىن ئەمەس، سان توشۇپ بولدى، دېدى. بۇ قېتىملىق ئايروپىلاندىن قالسام رامىزان ئۆتۈپ كېتىپ، ئارزۇيۇمدىكىدەك ئۆمرە قىلالمايتتىم. دەرھال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم. ئاندىن الله تائالاغا دۇئا قىلىپ: «ئى الله! پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىمانىم ۋە مۇھەببىتىمنى ۋەسىلە قىلىپ ساڭا يۇزلىنىمەن، پالان ئايروپىلاندىن ئورۇن بېرىشىڭنى، رامىزان ئىچىدە ئۆمرە قىلىشىمنى تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلدىم، ئايروپىلان شىركىتىگە قايتىپ باردىم. ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بولغىچە قولۇمغا بېلەت تەگدى. ھاجىتىمنى الله تائالا ھەل قىلدى، ئەلھەمدۇلىللا.

2. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەزرىتى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋەسىلە قىلىپ يامغۇر تەلەپ قىلىشىدۇر. ھەدىسنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: مەدىنىدە ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە

ۋاقىتىدا بىر يىل يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئەسھابىلەر بىلەن دۇئا قىلىپ: «ئى الله! رەسۇلۇللا ھايات چاغدا رەسۇلۇللانى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلاتتۇق. ئىجابەت قىلىپ يامغۇر بېرەتتىڭ، ئەمدى رەسۇلۇللانىڭ تاغىسىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلدۇق، بىزنى سۇغارغىن» دېدى. الله تائالا يامغۇر ياغدۇردى.

بۇ ھەدىستىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنى ۋەسىلە قىلىشقا ئىقرارى ۋە ئەسھابىلارنىڭ رەسۇلۇللانى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۈگۈن بىز نېمىشقا رەسۇلۇللانى ۋەسىلە قىلمايمىز ؟ دېگەن گۇمان تۇغۇلىدۇ.

جاۋاپ: ئەسھابىلارنىڭ رەسۇلۇللانى ۋەسىلە قىلىشى رەسۇلۇللانىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلاتتى. الله تائالا ئىجابەت قىلىپ يامغۇرۇپ بېرەتتى. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم بولغانىدى، ئەسھابىلار الله تائالاغا رەسۇلۇللانىڭ ئورنىنى ۋەسىلە قىلمىغان ياكى رەسۇلۇللانىڭ ھۆرمىتىنى ۋەسىلە قىلمىغان، رەسۇلۇللا يوق يەردە، ئى الله ! رەسۇلۇللانىڭ ھۆرمىتىدىن پالان ھاجىتىمىزنى راۋا قىلغىن، دېمىگەن. پەقەت رەسۇلۇللانىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلغان، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، رەسۇلۇللا ۋاپات قىلغاندىن كېيىنمۇ ئاباسنى ۋەسىلە قىلماي رەسۇلۇللانى ۋەسىلە قىلغان بولاتتى.

ھايات كىشىنىڭ دۇئاسىنى ۋەسىلە قىلىش شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن ھازىرمۇ ھاجەتمەن مۇسۇلمان ئادەم سالىھ مۆمىن كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنىڭ مۇنداق مەقسىتىم ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بېرىڭ دېسە، ئۇ كىشى دۇئا قىلسا الله تائالا خالىسا ئىجابەت قىلىدۇ، ئەمما ۋاپات بولغان كىشى ياكى ئۇ يەردە يوق كىشىنى ۋەسىلە قىلىپ، ئى الله پالانى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنىڭ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن! دېيىش توغرا ئەمەس، يالغان، خاتا ۋەسىلە بولىدۇ. چۈنكى ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ياكى غايىب ئادەم ھاجەتمەننىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ، تەلىپىنى ئاڭلىمايدۇ، دۇئا قىلىپ بەرمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قىلمىغان دۇئاسى قانداق ئىجابەت قىلىنىدۇ ؟ !

3. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان : «ئى الله! سەندىن تىلىگۈچىلەر ھەققى بىلەن سەندىن ھاجىتىمنى تىلەيمەن» دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر دۇئانى قىلغاندىن كېيىن بىز نېمىشقا پالانىنىڭ ھەققىدە پالان ھاجىتىمنى سەندىن تىلەيمەن دېمەيمىز ؟ دېگەن گۇماندۇر. جاۋاپ: بۇ ھەدىس زەئىپ ھەدىس، زەئىپ ھەدىس ھېچ بىر ئىشقا دەلىل قىلىنمايدۇ. خۇسۇسەن ئەقىدىگە ئالاقىدار ھۆكۈمگە دەلىل بولمايدۇ. ئەگەر بۇ دۇئانى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغانلىقى راست بولغان تەقدىردىمۇ، پالان پالانىنىڭ ھەققىدە دەپ دۇئا قىلغانغا دالالەت قىلمايدۇ، چۈنكى، ئى الله ! باشقا دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغىنىڭدەك مېنىڭ دۇئايىمنىمۇ ئىجابەت قىلغىن، چۈنكى سەن: «دۇئا قىلىڭلار، ئىجابەت قىلىمەن دېدىڭ،» دېگەن بولىدۇ، سەۋەپ: الله تائالا بەندىلىرىنى دۇئا قىلىشقا بۇيرىدى. ئىجابەت قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلدى.

شۇڭا ھەر بىر بەندىنىڭ الله تائالا ۋەدە قىلغىنىغا ئاساسەن دۇئا قىلىش ھەققى بار، رەسۇلۇللامۇ ئۆيىدىن چىقىپ مەسجىدگە مېڭىۋېتىپ، ئى الله! سەندىن تىلىگۈچىلەرنىڭ تىلەش ھەققى بولغانغا ئاساسەن مەنمۇ تىلەيمەن، دەپ الله تائالادىن ۋەدىسىنى نەخ بېرىشنى تىلىدى.

دېمەك، رەسۇلۇللا بۇ دۇئاسىدا الله تائالانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچى، تائەت، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ساۋاپ بەرگۈچى دېگەن سۈپىتىنى ۋەسىلە قىلدى.

بۇ جاۋابىنى بىز گۇمان قىلغان مۆمىنلەرگە رىئايە، خاتىرە قىلىش يۈزىسىدىن بەردۇق، بولمىسا، بۇ ھەدىس زەئىپ بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويۇلمايدۇ، بۇنى ھۆججەت قىلغۇچىنىڭ سۆزىگىمۇ قۇلاق سېلىنمايدۇ، بۇ ھەدىس ئاجىزلىقتا، ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە خاتالىق سادىر قىلغاندا: «ئى رەببىم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مەغپىرەت تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلغان مەزمۇندىكى ھەدىستەك ئېتىبارسىز، ئىناۋەتسىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قەبرىسىگە كېلىپ رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامغا دۇئا قىلىپ، «ئى الله! سەن ھەممىنى تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچىسەن، ئۆزۈڭ دائىم ھايات سەن، ئۆلمەيسەن، ئانام پاتىمەنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ دەلىلىنى ئاغزىغا سېلىپ بەرگىن، ياتقان ئورنىنى كەڭرى قىلغىن، پەيغەمبىرىڭنىڭ ھەققى بىلەن ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققى بىلەن سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىملىكراقى» دەپ دۇئا قىلغان دېگەن رىۋايەتنى ۋە باشقا ئۆتكەن ھەدىسلەرنى ھەدىس تەكشۈرگۈچى ئالىملار زەئىپ، باتىل، بۇ ھەدىسلارغا قاراپ بېقىلمايدۇ، ئىشەنچى قىلىنمايدۇ، ھۆججەت قىلىنمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى، رەسۇلۇللادىن راست نەقىل قىلىنغان توغرا ۋەسىلە ھەدىسلىرى يېتەرلىكتۇر. زەئىپ ھەدىسنى دەستەك قىلىشقا ھاجەت يوق، سۆزۈكىنى تۇتۇشىمىز، دۇغىنى تاشلىشىمىز لازىم.

## شاپائەت تىلەش

نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشى قايمۇقۇپ چوڭ ۋە باتىل قاراشلارغا دۇچار بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى شاپائەت. شاپائەت تىلەش، شاپائەتنى قوبۇل قىلىنىش مەسىلىسىدۇر. شۇڭا بەزى مۇسۇلمانلار الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغانلىق دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئىبادەتتە الله تائالاغا باشقىسىنى شېرىك قىلغانلىق دەپ ھېساپلىمايدۇ. بۇ توغرىدا بىر كىم تەنقىدىي پىكىر قىلسا، بۇ ئىش اللهنىڭ غەيرىنى چاقىرغانلىق ئەمەس، شېرىكمۇ ئەمەس، بۇ پەقەت شاپائەت تىلىگەنلىكتۇر، دەيدۇ.

شۇڭا بۇ مەسىلىنى شەرھىيلەپ، راست ياكى خاتاسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ، توغرىسىنى ئۆگىتىپ خاتاسىدىن ھەزەر قىلدۇرۇپ ئۆتۈش لازىم، دەپ قارىدۇق.

شاپائەت تەلەپ قىلىش دېمەك: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن پادىشاھ ياكى ھوقۇقدار ئالدىدا ئارىغا چۈشۈپ ھاجىتىنى ھەل قىلىشنى، ياكى گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىشىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتىن ئىبارەت. شاپائەت سۆزى «شفع» نىڭ تۈرلەنمىسى بولۇپ، «جۈپلىمەك» مەنىسىدە، يەنى ھاجەتمەن ئادەم ئارىغا چۈشكۈچىنى ئۆزىگە جۈپلەپ مەھكىمىگە بارىدۇ، ھاجەت ئىگىسى بىلەن ئارىغا چۈشكۈچى بىر جۈپ بولۇپ بىر مەقسەتكە بېرىلىشىدۇ.

شاپائەت تەلەپ قىلىش توغرىمۇ؟

بىر كىم بىر كىمدىن باينىڭ ياكى ئەمەلدارنىڭ ياكى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىللە بېرىپ، ھاجىتىنى ئوتتۇرىدا قويۇشۇپ، ئۆزى ئېيتالمىغان ئەرز - دادىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى توغرا. چۈنكى الله تائالا سۈرە نىسا 85-ئايەتتە: «كىمكى (كىشىلەر ئارىسىدا) ياخشى (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى ياخشى ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ؛ كىمكى بىر يامان (ئىش ئۈچۈن) شاپائەت قىلسا، ئۇنىڭدىن (يەنى يامان ئىشتىن) ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولىدۇ. الله ھەممە ئىشقا قادىردۇر.» دېدى.

شاپائەت قىلىنغۇچىنىڭ ھاجىتى ھەل بولمىسىمۇ ياخشى ئىشقا شاپائەت قىلغۇچىغا ئەجرى بېرىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى نەقىل قىلغان ھەدىستە: «مېنىڭ ئالدىمدا شاپائەت قىلىڭلار! (كىشىلەرنىڭ ھاجىتىگە ياردەملىشىڭلار) ئەجرى بېرىسىلەر، الله تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۆزى خالىغان ھۆكۈمنى قىلىدۇ،» دېدى. شاپائەت تەلەپ قىلىشنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن، كىشىنىڭ يوقالغان ھەققى قولىغا كېلىشى ئۈچۈن بولۇشى، ياكى ھەققى يوقۇلۇشىدىن قورققان كىشىگە شاپائەت قىلىشى ياكى پايدىلىنىشقا شەرىئەت رۇخسەت قىلغان بىر ئىشقا شاپائەت قىلىشى شەرت. ئەمما بىر كىمنىڭ بىر كىمدىكى ھەققىنى يوق قىلىش ئۈچۈن شاپائەت قىلىش ياكى شەرىئەتتە مەلۇم جازاغا تېگىشلىك جىنايەت قىلغان كىشىنىڭ جازالانماسلىقى ئۈچۈن شاپائەت قىلىش توغرا ئەمەس، جىنايەتتۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە مائىدە 2ـئايەتتە: «...ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، اللهنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق.» دېدى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر بىر كىمنىڭ شەرىئەتتە جازا كېلىدىغان جىنايىتىنىڭ خەۋىرى مۇسۇلمان پادىشاھقا يەتسە، پادىشاھ ئالدىدا شاپائەت قىلغۇچىغىمۇ، شاپائەت قىلىنغۇچى جىنايەتچىگىمۇ الله تائالا لەنەت قىلىدۇ» دېدى.

## خاتا ئوخشۇتۇش

نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ياراتقان ئىگىسىنى ھەقىقى بىلمەيدۇ، تونۇمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالانى بەزى بەندىلەرگە قىياس قىلىپ (پۇقرانىڭ پادىشاھقا ئەرزى بولسا ۋاستە بولغىلى كىشى لازىم بولغاندەك اللهغىمۇ ۋاستە لازىم دەپ خىيال قىلىپ) ۋاپات بولغان ئەۋلىيا ـ سالىھلارنىڭ روھلىرىنى الله تائالاغا ۋاستە قىلىپ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۇلاردىن شاپائەت تىلەپ: «ئى غوجام پىرىم! مۇنداق ھاجىتىم ئۈچۈن الله ئالدىدا شاپائەت قىلسىلا!» دەپ غوجىنى قىچقىرىدۇ، «ئى مۆلايىم پالانى! خۇدايىمغا سىزنى ۋەسىلە (ۋاستە) قىلدىم، مۇنداق ھاجىتىم ئۈچۈن اللهغا دۇئا قىلىپ بېرىڭ!» دەپ روھقا خىتاپ قىلىدۇ.

تەۋھىدى ساغلام بىر كىم ئۇنىڭغا تۈزۈتۈش پىكرى بېرىپ، بۇنداق قىلىشىڭىز خاتا بولىدۇ، دېسە ئۇ ئادەم قوبۇل قىلماي: «پادىشاھ قېشىغا كىرەلمىگەن ئادەم ۋاستە ئىزدەيدۇ، ئەمەسمۇ؟» دەپ الله تائالانى ئىنسان يەنى پادىشاھقا ئوخشىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى چوڭ خاتالىقنى بىرلا سادىر قىلىدۇ،

1. الله تائالادىن باشقىسىنى (خۇدانىڭ غەيرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ھاجىتىگە) چاقىرىش بولۇپ، بۇ چوڭ شېرىكتۇر.

2. ياراتقۇچىنى يارىتىلغۇچىغا ئوخشۇتۇش، مەخلۇق پادىشاھقا ۋاستە ئىزدىگەندەك الله تائالاغىمۇ ۋاستە ئىزدەشتۇر.

مەخلۇق پادىشاھ غەيبىنى بىلمىگەچكە، كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن خەۋەرچىگە مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى، پەرۋەردىگارى الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭدىن مەخپىي بولمىغاچقا ۋاستە كەتمەيدىغانلىقىنى بەزى ھاماقەت كىشىلەر بىلمەيدۇ.

بەزى ئادەملەر ئۆز ھاجىتىنى دەرد ـ ئەھۋالىنى ھوقۇقدارغا بىۋاستە يەتكۈزەلمەي، ئارىغا چۈشكىلى ۋاستە ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان بىلەن الله تائالا پۈتۈنلەي باشقىچە، الله تائالا ھەمىشە

بەندە بىلەن بىللە، الله تائالا بەندىگە بەك يېقىن ۋە ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچى بولغاچقا، ئىنسان الله تائالاغا ئۆز ئارزۇسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ۋاستىغا مۇھتاج بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىنساننىڭ (پاسىق ياكى كاپىرنىڭمۇ) ئەرزىنى ئوخشاش ئاڭلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە قانۇنى بويىچە ئىنسانلارنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ھاجىتىنى ھەل قىلىدۇ. ئەمما مەخلۇق ھەرقانچە ھوقۇقدار بولۇپ كەتسۇن خەلقنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلمىگەچ ۋە يېتەرلىك ھەل قىلىپ بېرەلمىگەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ۋاستە قىلىپ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال الله تائالادا ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىنىڭ ئۆز ھاجىتىنى اللهدىن تىلەش ئۈچۈن بىرەر مەخلۇقنى ۋاستە قىلىشى قەبىھ ئىشتۇر. ئەڭ ياخشىسى ئەرۋاھنى ۋاستە قىلماي بىۋاستە دۇئا قىلىشى كېرەك. الله تائالا سۈرە بەقەرەنىڭ 186-ئايىتىدە: « مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).» دېگەن تۇرسا، بىر كىمنى ۋاستە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

يەنە الله تائالا سۈرە غافىر 60-ئايەتتە: « پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: 〈ماڭا دۇئا قىلىڭلار مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ〉.» دېدى.

ئەگەر بىر كىم تىرىك ئادەمگە: «ئى پالانى! مەن ئۈچۈن اللهغا دۇئا قىلىپ بېرىڭ، دېسە بولىدىكەن. روھنى ۋاستە قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟» دەپ سورىسا، جاۋابىمىز شۇكى: بۇ ئۇنىڭغا ئىككى تەرەپتىن ئوخشىمايدۇ.

1. تىرىك ئادەمدىن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا رەسۇلۇللا رۇخسەت قىلدى. چۈنكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن ئەسھابىلار دۇئا قىلسىلا، دەپ تەلەپ قىلغانلىقى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلغانلىقى چوقۇم راست، شۇنىڭدەك رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۆمەر ئىبنى خەتتابدىن: «ئى قېرىندىشىم بىزنى دۇئايىڭدىن ئۇنۇتۇپ قالما!» دەپ تەلەپ قىلغىنى راست، شۇنىڭ بىلەن ئەسھابىلار بىر - بىرىدىن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىشتا ئىككىلەنمىگەن ھەم الله تائالا قۇرئاندا شۇنداق قىلىشنى كۆرسىتىپ: «ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: 〈پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغفىرەت قىلغىن دىلىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن پەرۋەردىگارىمىز سەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىسەن مېھرىبانسەن〉دەيدۇ.» دەپ مۇسۇلمانلار بىر - بىرىگە دۇئا قىلىشنى تەلىم بەردى. (سۈرە ھەشر 10-ئايەت)

2. بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلايدىغان، بىزنى كۆرىدىغان، بىز ئۈچۈن اللهغا دۇئا قىلىشقا كۈچ يېتىدىغان تىرىك ئادەمدىن دۇئا تىلەپ قىلغىنىمىز بولسا پالانى نەرسىنى سۇنۇپ بېرىڭ ياكى پالانى نېمىنى ماڭا بېرىڭ، دېگەن بىلەن ئوخشاش، مۇنداق تەلەپلەر نېمىشقا توغرا بولمايدۇ؟ شەكسىز توغرا بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ئۆزى تىرىك بار، مۆمىن سالىھ ناماز ئوقۇيدىغان، سۆزىمىزنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرىدىغان بىزگە دۇئا قىلىپ بېرەلەيدىغان ئادەمگە: «ئى قېرىندىشىم! مېنىڭ مۇنداق ھاجىتىم ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلىڭ دېسەك، الله تائالادىن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشنى ئۈمىد قىلساق نېمە توسالغۇ بار؟ ئەلۋەتتە توغرا، چۈنكى ئۇلار ۋاپات بولۇپ، دۇنيا ئىشلىرىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ئادەملەردۇر. ئۇلار ئىبادەتتە، دۇئاغا تەكلىپ قىلىنمايدۇ. قىچقىرغان كىشىنىڭ ھاجىتىنى ئاڭلىمايدۇ، شاپائەت تىلىگۈچىنىڭ

كىملىكىنى تونۇمايدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى چاقىرىش، ئۇنىڭدىن دۇئا تىلەش، شاپائەت تىلەش ئەقلىدىن ئازغانلىقتۇر، خاتا پىكىر قىلىپ قالغانلىقتۇر، دىندا بۇزۇلغانلىقتۇر. ئىسلام دىنى مۇنداق ئىش ۋە مۇنداق ئادەملەردىن بىزار. ئەڭ كىچىك بولغاندا شۇنداق. بولمىسا بۇ ئىشلار الله تائالاغا ئىبادەتتە مەخلۇقنى شېرىك قىلغانلىقتۇر. ئۇنى قىلغۇچى مۇشرىكتۇر. الله تائالا بىزنى شېرىكتىن ۋە مۇشرىكلاردىن ساقلىسۇن. ئامىن!

## ئاخىرەتتە شاپائەت مەسلىسى

يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن شاپائەت قىلىش ۋە شاپائەت تىلەش مەسىلىسى دۇنيادىكى شاپائەتنىڭ مەسىلىسىدۇر. ئەمما ئاخىرەتتىكى شاپائەت دۇنيادىكى شاپائەتتىن باشقىچىدۇر. چۈنكى قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئىش ۋە ئىختىيار الله تائالادىلا بولىدۇ. اللهدىن باشقا ھېچكىمدە قىلچىلىك ئىختىيار ۋە ئەركىنلىك بولمايدۇ. الله تائالا بۇ توغرىدا سۈرە ئىنفىتار 17، 18، 19-ئايەتتە: «قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ قىيامەت كۈنىنىڭ (دەھشەتلىكلىكىنىڭ) قانداقلىقىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ كۈندە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى قولىدىن كەلمەيدۇ، بۇ كۈندە ھۆكۈم اللهغا خاستۇر.» دېدى.

قىيامەت كۈنى كۆپ شاپائەت قىلىشلار بولىدۇ. لېكىن ئۇ بۈگۈن دۇنيادا بولۇۋاتقان شاپائەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، باياني مۇنداق:

قىيامەت كۈنى شاپائەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى پۈتۈنلەي يوق ۋە ئەمەلىيەتسىز شاپائەتتۇر. يەنە بىرى ئەمەلىيەتتە راست بار شاپائەتتۇر. يوق شاپائەتلەر مۇنداق:

1) ئىنسانلار باش ئەگكەن، ئۈمىد كۈتكەن بىر اللهدىن باشقا مەئبۇدلارنىڭ شاپائىتى. بۇنداق شاپائەت ئەسلىدىنلا مەۋجۇت ئەمەس. شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىنغان مەئبۇد پەرىشتە بولسۇن، ياكى پەيغەمبەر بولسۇن، ياكى ئەۋلىياھ، سالىھ بولسۇن، باشقا جىن-شەيتان بولسۇن، ھايۋان ياكى جانسىز جىسىم بولسۇن، ھېچ قايسى مۇشرىكلارغا شاپائەت قىلمايدۇ ھەم قىلالمايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئۇلار پىكىر يۈرگۈزمىدى) بەلكى اللهنى قويۇپ (بۇتلاردىن) شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى، 〈ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى) سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ)؟〉.» (سۈرە زۇمەر 43-ئايەت) ھەم الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان ئادەم مۇشرىك، كاپىر بولغاچقا كاپىرغا بىر كىمنىڭ شاپائەت قىلىشى يوق، الله تائالا بۇ ھەقتە: «شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ).» دېدى. (سۈرە مۇددەسسىر 48-ئايەت) يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: «كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (يەنى كافىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.» (سۈرە بەقەرە 48-ئايەت). بۇ ئايەتتىكىلەر مۇشرىكلار، كاپىرلاردۇر.

2) شاپائەت قىلغۇچىغا الله تائالا رۇخسەت بەرمىسە ياكى شاپائەت قىلىنغۇچىنىڭ شاپائەت قىلىنىشىغا الله رازى بولمىسا، ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ، الله تائالا بۇ ھەقتە: «اللهنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللهنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟» دېدى. (سۈرە بەقەرە

255-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە الله تائالا: «ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ» دېدى. (سۈرە ئەنبىيا 28-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

يەنە الله تائالا: «ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ.» دېدى. (سۈرە نەجم 26-ئايەت)

قىيامەت كۈنى چوقۇم بولىدىغان شاپائەتمۇ ئىككى تۈرلۈك.

1) قىيامەت كۈنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى.

2) باشقا پەيغەمبەر، ۋەلىلەر، سالىھلارنىڭ شاپائىتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى كۆپ، ئۇنىڭ بىرسى قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ بەندىلىرىدىن ھېساپ ئېلىپ ھۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن اللهغا ئىلتىجا قىلىدىغان شاپائىتى بولۇپ، بۇ شاپائەت مەرتىۋىسى قۇرئاندا «مەقامۇن مەھمۇدىيە (قەدىرلىك ئورۇن) دەپ ئېيتىلىدۇ»، سۈرە ئىسرا 79-ئايەتتە: «ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىندىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت مەقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەتتۇر.» دېدى.

بۇ چوڭ شاپائەت بايانى توغرىسىدا سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى رەسۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا گۆش كەلتۈردى. روسۇلۇللاغا بىر قول گۆش سونۇپ بېرىلدى. رەسۇلۇللا قول گۆشكە ئامراق ئىدى، گۆشتىن بىر چىشلەم يېگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «مەن قىيامەت كۈنى خەلقلەرنىڭ خوجىسى بولىمەن، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ، بىلەمسىلەر؟ الله تائالا قىيامەت كۈنى پۈتۈن بۇ دۇنياغا بالدۇر كەلگەنلەرنىمۇ، كېيىن كەلگەنلەرنىمۇ ھەممىنى بىر مەيدانغا توپلايدۇ، ئۇلارغا قىچقۇرغۇچى ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىتالايدۇ، ئۇلارنى كۆزلەر كۆرەلەيدۇ، قۇياش يېقىنلىشىدۇ، خەلقلەرگە تاقەت قىلالمايدىغان ئىچ پۇشۇقى ۋە خاپىلىق كېلىدۇ. بىر چاغدا ئىنسانلار بىر - بىرىگە سىلەر دۇچار بولغان بۇ خاپىلىقنى كۆرمەمسىلەر؟ سىلەرگە نېمە ئەھۋال يەتتى قارىمامسىلەر؟ دەيدۇ. ئاندىن بىر - بىرىگە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دېيىشىپ، ئادەم قېشىغا كېلىشىپ، ئى ئادەم! سىز پۈتۈن ئىنسانىنىڭ ئاتىسى، سىزنى الله تائالا بىۋاستە ياراتقان، سىزگە ئۆزىنىڭ روھىدىن كىرگۈزگەن پەرىشتىلەرنى سىزگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان، ئۇلار سىزگە سەجدە قىلغانىدى. (سىز الله ئالدىدا ھۆرمەتلىك) پەرۋەردىگار ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلىڭ! بىز نېمە ئەھۋالدا؟ بىزگە نېمە ھادىسىلەر كەلدى، قارىمامسىز؟ دېيىشىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام جاۋاپ بېرىپ: پەرۋەردىگارىم مېنى بىر تۈرلۈك دەرەختىن توسقانىدى. مەن ئاسىي بولدۇم، ھازىر ئۆزۈمنىڭ جېنىمدىن غەم قىلىپ قالدىم. مەندىن باشقىسىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! نۇھ ئەلەيھىسسالام قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ. ئىنسانلار نۇھ پەيغەمبەر قېشىغا كېلىپ ئى نۇھ ئەلەيھىسسالام! سىز زېمىن ئادەملىرىگە ئەلچى قىلىنغان پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچىسى سىزنى الله تائالا شۈكرى قىلغۇچى بەندە دېدى. پەرۋەردىگارىمىز قېشىغا بېرىپ بىزگە شاپائەت قىلىڭ. بىزدىكى ئەھۋالغا قارىمامسىز؟ بىزگە يەتكەن خاپىلىقنى كۆرمەمسىز؟ دېيىشىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: پەرۋەردىگارىمنىڭ بۈگۈن بۇندىن بۇرۇن كەلمىگەن غەزىپى كەلدى. مۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ. الله تائالا ئالدىدا ئىجابەت بىر دۇئايىم بار ئىدى. ئۇ دۇئانى مەن ئۆز قەۋمىمنى يوقۇتۇپ بېرىشى ئۈچۈن قىلغانىدىم، ئۆزۈمدىن غەم يەيمەن. ئۆزۈمدىن قورقىمەن، ئىبراھىم قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىپ: سەن الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە زېمىن

ئىنسانلىرى ئىچىدىن اللهنىڭ خالىس دوستى. رەببىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىل. بىزنىڭ ئىغىر ئەھۋالىمىزغا قارىمامسەن؟ بىزگە يەتكەن خاپىلىقىقا قارىمامسەن؟ دېيىشىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: پەرۋەردىگارىم بۇگۈن بەك غەزەبلەندى. بۇرۇن بۇنداق غەزەبلەنگەن ئەمەس. بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ، دەپ ئىبراھىم ئۆزىنىڭ بەزى شەكىلدە يالغان سۆزلەپ سالغان كەمچىلىكىنى سۆزلەيدۇ ۋە ئۆزۈم بىلەن قالدىم، ئۆزۈم قانداق بولارمەن، دەپ قورقىمەن. مەندىن باشقىسىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ. كىشىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىپ : ئى مۇسا ! سەن الله تائالانىڭ مۇرسەل پەيغەمبىرى، الله تائالانى سېنى ئۆزىنىڭ دىنىنى خەلققە يەتكۇزۇش ئۇچۇن ئەلچى قىلىشقا ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاستە سۆزلىشىگە باشقىلاردىن ئەۋزەل كۆرۈپ تاللىدى. پەرۋەردىگار ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلغىن! (بىزدىن ھېساب ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىشى ئۇچۇن اللهدىن تىلەپ بەرگىن) بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا ۋە بىزگە يەتكەن ئىغىرچىلىقىقا قارىمامسەن؟ دېيىشىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: پەرۋەردىگارىم بۇگۈن بەك غەزەپلەندى، بۇنىڭ ئالدىدا ئۇنداق غەزەپلەنمىگەن، مۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ، مەن ئۆلتۇرۇشكە بۇيرۇلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۇرگەن ئىدىم، ئۆزۈمنىڭ غېمىدە مەن، ئۆزۈمنىڭ ئاقىۋىتىمدىن قورقىمەن، ئىسا پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىپ: ئى ئىسا! سەن اللهنىڭ پەيغەمبىرى، بۆشۈكتىكى ۋاقتىڭدا كىشىلەرگە سۆزلىگەن كىشى سەن، الله تائالا «بارلىققا كەلگىن!» دېگەن بۇيرۇقنى ئاناڭ مەريەمگە تاشلاپ بېرىشى بىلەن ئاناڭنىڭ قۇرسىقىدا پەيدا بولغان بەندە سەن ۋە الله تەرەپتىن تاشلانغان روھ سەن. پەرۋەردىگار قېشىدا بىزگە شاپائەت قىلغىن، بىزدىكى ئەھۋالغا، بىزگە يەتكەن ئىغىر ھادىسىگە قارىمامسەن؟ دەيدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: پەرۋەردىگارىمىز، مۇندىن بۇرۇنمۇ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ قىلمايدىغان غەزىپىنى بۇگۈن قىلدى، دەيدۇ. باشقىلارنىڭ گۇناھى توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەستىن، ئۆزۈم بىلەن قالدىم، ئۆزۈمنىڭ غېمىدە مەن. باشقىسى قېشىغا بېرىڭلار، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ. ئاندىن خەلقلەرنىڭ قېشىمغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سەن اللهنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، الله تائالا سېنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن سادىر قىلغان گۇناھلىرىڭنى كەچۈردى. پەرۋەردىگارىمىز تەرەپكە بېرىپ بىزگە شاپائەت قىلغىن! ھازىر بىز نېمە ئەھۋالدا نېمىلەر بىزگە يەتتى، قارىمامسەن؟ دېيىشىدۇ. ئاندىن مەن ئەرشنىڭ ئاستىغا كېلىپ، پەرۋەردىگارىمغا يىقىلىپ سەجدە قىلىمەن، ئاندىن الله تائالا ماڭا بىر بۆلۈك ھەمدۇ-سانالىرىنى قەلبىمگە تاشلاپ، قەلبىمنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇنداق ھەمدۇ ـ سانانى مەندىن بۇرۇن ھېچكىمە ئىلھام قىلمىغان، ئاندىن الله تائالا: ئى مۇھەممەد! سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرگىن، تىلىكىڭنى تىلە! بېرىلىسەن، شاپائەت قىلغىن قوبۇل قىلىنىدۇ، دەيدۇ. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئى پەرۋەردىگارىم! ئۈممىتىمگە رەھىم قىلغىن! ئۈممىتىمگە رەھىم قىلغىن! دەيمەن. الله تائالا تەرەپتىن: «ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭ ئىچىدىن ھېساب ئېلىنماستىن جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەتنىڭ ئوڭ ئىشىكلىرىدىن جەننەتكە باشلا ! باشقا ئىشىكلىرىدىنمۇ كىرىشتە ئۇلار باشقىلار بىلەن شېرىك بولىدۇ،» دەيدۇ. مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات اللهغا قەسەم قىلىمەنكى، جەننەت ئىشىكىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىسى (يەنى ئىشىكنىڭ كەڭلىكى) مەككە شەھىرى بىلەن ھەجەر دېگەن يۇرتنىڭ ياكى مەككە بىلەن بۇسرا شەھىرىنىڭ ئارىسىدەك بار» دېدى. (مۇتتەپەقۇن ئەلەيھ ھەدىس)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك شاپائىتى ئۆز ئۈممىتىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەرگە بولۇپ، ئۇلار بۇ شاپائەت بىلەن ھېساب سورالماستىن جەننەتكە كىرىدۇ، بۇنىڭ

دىلىلى مەزكۇر چوڭ شاپائەت ھەدىستە ئۆتتى. يەنى الله تائالا: «رەسۇلۇللاغا سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ھېساپسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەتنىڭ ئوڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزگىن،» دېگەن سۆزىدۇر. يەنە بىر تۈرلۈك شاپائىتى، ئۆز ئۈممىتىدىن گۇناھى سەۋەبتىن دوزاخقا تېگىشلىك بولۇپ قالغانلارغا بولۇپ ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ شاپائىتى بىلەن دوزاخقا كىرمەيدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك شاپائىتى، ئۆز ئۈممىتىدىن (ئىمان بىلەن كەتكەن مۇسۇلمانلاردىن) گۇناھى سەۋەبىدىن دوزاخقا تاشلانغانلارغا بولۇپ، ئۇلار شاپائەت بىلەن دوزاختىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ئىككى سەھىھ ھەدىسلەر كىتابىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدىكى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىجابەت قىلىنىدىغان بىر دۇئاسى بولغان باشقا پەيغەمبەلەر ئالدىراپ ئۇ دۇئانى بۇ دۇنيادا تىلىگەن ئىدى، مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىشىم ئۈچۈن ساقلاپ قالدىم، ئۇ دۇئايىم (الله خالىسا) الله تائالاغا ھېچ بىر مەخلۇقنى شېرىك قىلمىغان ئەھلى تەۋھىد ئۈممەتلىرىمگە يېتىدۇ.

قىيامەت كۈنىدە چوقۇم شاپائەتنىڭ ئىككىنچىسى پەرىشتىلەرنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئالىملارنىڭ، شەھىدلەرنىڭ شاپائەت قىلىشى بولۇپ، بۇ شاپائەتلەر ھەقىقەتەن باردۇر. (شاپائەت قىلىشقا الله تائالا رۇخسەت قىلغان گۇناھكار مۆمىنلەرگە بۇلار شاپائەت قىلىدۇ) پەرىشتىلەرنىڭ شاپائەت قىلىشى ھەققىدە الله تائالا سۈرە نەجىم 26-ئايەتتە: « ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ.» دېدى.

دېمەك، شاپائەت قىلىنغۇچى بەندىنىڭ شاپائەت قىلىنىشىنى الله خالىغاندا ۋە رازى بولغاندا ھەم شاپائەت قىلغۇچىلارغا الله رۇخسەت بەرگەندە بولىدۇ.

يەنە الله تائالا پەرىشتىلەرنىڭ شاپائەت قىلىشى ھەققىدە مۇنداق دېدى : «الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللهنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 28-ئايەت)

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئىلمىگە ئەمەل قىلغان ياخشى ئالىملارنىڭ ۋە شەھىدلەرنىڭ شاپائەت قىلىدىغانلىقى قۇرئاننىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ۋە مەخسۇس كاپىرلارغا پايدىسى ئىسپاتلىنىدۇ، « شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ).» دېگەن سۈرە مۇددەسسىرنىڭ 48-ئايىتى شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە الله تائالا سۈرە مەريەم 87-ئايەتتە: «مەرھەمەتلىك اللهنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.» دېدى.

يەنە سۈرە بەقەرە 255-ئايەتتە: «اللهنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللهنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟» دېدى. بۇ ئايەتلەر اللهنىڭ ئىزنى بىلەن شاپائەت قىلىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى بەيھەتى، بەرازدىن، بەززازلار رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى ئۈچ تەبىقە كىشىلەر شاپائەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرلەر، ئاندىن كېيىن ئۆلىمالار، ئاندىن كېيىن شەھىدلەردۇر.»

يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «شەھىد ئۆز جەمەتىدىن يەتمىش كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ»

دېدى. ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى (ئىمان بىلەن دۇنيادىن كەتكەنلەردىن 70 كىشى) يەنە: «قۇرئان كەرىم ئۆز ئەمىلىگە (يەنى قۇرئانغا ئىشەنگەن قۇرئانغا ئەمەل قىلغانلارغا) شاپائەت قىلىدۇ» دېدى. خۇلاسە سۆز: پەيغەمبەرلەرنىڭ بولسۇن، ئۆلىمالارنىڭ بولسۇن، شەھىدلەرنىڭ بولسۇن ھەركىمنىڭ شاپائەت قىلىشى ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك شەرت بار، ئۈچ شەرت تولۇق بولماي تۇرۇپ، ﷲ تائالانىڭ ھېچ قانداق بەندىسىگە ھېچ قايسى بەندە شاپائەت قىلمايدۇ.

1. ﷲ تائالادىن ئىزنىسىز ھېچكىم ـ ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. سۈرە بەقەرە 255ـ ئايەتتە ﷲ تائالا: «ﷲنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ﷲنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛» دېدى. بۇ ﷲ تاﷲنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت يوق دېمەكتۇر.

2. ﷲ تائالا شاپائەت قىلىنغۇچى ئىنساننىڭ سۆز ۋە ھەركىتىگە رازى بولغان بولسا ئاندىن ئۇنىڭ شاپائەت قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇ چاغدا شاپائەت قىلغۇچى كىشى شاپائەت قىلالايدۇ. بۇ ھەقتە ﷲ تائالا سۈرە ئەنبىيا 28ـئايەتتە: «...ئۇلار ﷲ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ،...» دېدى . بۇ ئايەت ﷲ رازى بولمىغان كىشىگە شاپائەت يوق دېگەننى ئوچۇق سۆزلەيدۇ.

3. شېرىك ئەقىدە بىلەن ياكى كاپىرلىق بىلەن ئۆلگەن ئادەمگە ھېچكىم شاپائەت قىلمايدۇ. ﷲ تائالا مۇشرىك، كاپىرلارنىڭ دوزاختا ئەبەدىي قېلىشىغا ھۆكۈم قىلغانلىقى ئۈچۈن ﷲ تائالانىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپ بىر ئىشقا بىر كىمنىڭ جۈرئەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ﷲ تائالا سۈرە بەييىنە 6 ـ ئايەتتە: «ئەھلى كىتابتىن ۋە مۇشرىكلاردىن كاپىر بولغانلار ھەقىقەتەن دوزاخقا كىرىدۇ. دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ يامىنىدۇر.» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندە ﷲ تائالادىن باشقىسىدىن ئۈمىد ۋە تەمەلىرىنى ئۈزۈشى لازىم. ﷲ تائالادىن باشقا ھېچكىمدىن شاپائەت تىلىمەسلىكى لازىم. پۈتۈن شاپائەتلەر ﷲ تائالاغا خاستۇر. ﷲدىن سورىماي بىر كىمنىڭ بىر كىمگە شاپائەت قىلىشى يوق. ﷲ تائالا سۈرە زۇمەر 44ـ ئايەتتە: «شاپائەتنىڭ ھەممىسى ﷲنىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچ ئادەم ﷲنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ﷲغا خاستۇر. ئاندىن سىلەر ﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.» دېدى. يەنە سۈرە بەقەرە 255ـ ئايەتتە: « ﷲنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ﷲنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛» دېدى .

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى، ئۇنى ﷲ تائالادىن تىلىشى لازىم. «ئى ﷲ! پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماڭا شاپائەتچى قىلغىن» ياكى «ئى ﷲ! رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا شاپائەت قىلىشىنى نىسىپ قىلغىن!» ياكى «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى سەن رەسۇلۇللانى شاپائەت قىلدۇرغان كىشىلەردىن قىلغىن!» دەپ ﷲ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش بىلەن بىللە شاپائەتكە لايىقلاشتۇرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشى لازىم. كىشىنى شاپائەت قىلىنىشقا لايىقلاشتۇرىدىغان ياخشى ئىش ئۈچ ئىشنىڭ بىرلەشمىسىدۇر.

1.ئىبادەت، ئىتائەتنى ﷲ تائالاغا خالىس قىلىش، تەربىيىچى دەپ تونۇشتا، ئىسمىدا، سۈپەتلىرىدە، ئىبادەت قىلىشتا ﷲغا بىر كىمنى شېرىك قىلماسلىقتۇر. بۇ ھەقتە بىر ئىشەنچىلىك ھەدىس بار. رەسۇلۇللادىن: «سېنىڭ شاپائىتىڭ بىلەن بەختلىك بولغۇچى كىم ؟» دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللا: « خالىس يۈركى بىلەن ﷲدىن باشقا باش ئىگىپ ئىبادەت قىلىشىمغا ھەقلىق كىشى يوق، دېگەن ئەقىدە ۋە ئەمەلىيەت بىلەن بولغان كىشى» دېدى.

2. نامازنى كۆپ ئوقۇش، چۈنكى ئىشەنچىلىك ھەدىستە نەقىل قىلىنىدۇكى: «رەسۇلۇللانىڭ ئەسھابلىرىدىن بىرسى جەننەتتە رەسۇلۇللاغا ھەمراھ بولۇشنى تەلەپ قىلىۋىدى ، رەسۇلۇللا ئۇ كىشىگە سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ئۆزۈڭگە قارىتا ماڭا ياردەم قىلغىن» دېدى. (نەپلى

نامازنى كۆپ ئوقۇساڭ مېنىڭ شاپائەت قىلىشىمغا شەرت ھازىرلىيالايسەن، دېمەكتۇر.)

3. رەسۇلۇللاغا دۇرۇدنى كۆپ ئوقۇش (رەسۇلۇللاغا الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامىنى كۆپ تىلەش)دۇر ۋە رەسۇلۇللاغا يېقىنلىشىشنى خۇدادىن كۆپ تىلەشتۇر. ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتىدە ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللانىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىكى «مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندا، مۇئەززىن نېمە دېگەن بولسا شۇنى دەڭلار، ئاندىن كېيىن ماڭا دۇرۇد ئوقۇڭلار! (اللەنىڭ رەھمىتىنى تىلەڭلار) ھەر كىم ماڭا بىر قېتىم رەھمەت تىلىسە، الله تائالا ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن مەن ئۈچۈن الله تائالادىن ۋەسىلە تىلەڭلار. ئۇ ۋەسىلە بولسا جەننەتتە بىر ئورۇن بولۇپ، اللەنىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندىگىلا لايىق. مەن شۇ بەندە بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن، ھەر كىم مەن ئۈچۈن الله تائالادىن شۇ ۋەسىلىنى تىلىسە ئۇ كىشىگە شاپائەت لايىق بولىدۇ.» دېدى.

خۇلاسە: دۇنيادا دىن ئىسلامغا توغرا ئىشەنگەن ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت بار. كاپىر، مۇناپىقلارغا شاپائەت يوق.

## تەۋەررۇك مەسىلىسى

تەۋەررۇك مەسىلىسىنىمۇ شاپائەت، ۋەسىلە مەسىلىسىدەك كۆپ كىشىلەر خاتا چۈشەندى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇنىڭ راستىنى بىلمەسلىك سەۋەبىدىن ئىسلام ئەقىدىسىگە زىيانلىق خاتالىقلارغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىسلامى تۇرمۇشتا ئۇنى سۇي ئىستىمال قىلدى. دېمەك تەۋەررۇك (بەرىكەت تېپىش) دېگەن نام بىلەن دەرەخلەرگە، تاشلارغا ئىبادەت قىلىندى. ھارام ئىشلارنىڭ چەك ـ چېگرىسى بۇزۇپ تاشلاندى. پەرزلەر زايا قىلىندى. ۋاجىپلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. (يالغۇز دەرەخلەردىن، گۈمبەزلەردىن، تۇغ ئەلەملەردىن ئەيمىنىش، ھۆرمەتلەش، بەرىكەت ئىزدەپ ھاجەت تىلەش، مۇھەببەت، ئىخلاس كۆرسىتىشلەر شۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ) تىرىك ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان مەنىۋى مۇراد ـ مەقسەتلەرنى ئۇلاردىن كۈتۈش ھارام ھەم شېرىكتۇر. شۇنىڭدەك ۋەسىلە قىلىش، شاپائەت تىلەش نامى بىلەن الله تائالادىن باشقىسى ئۈچۈن مال بوغۇزلىنىپ يېقىنلىق ئىزدەلدى، ھاجەت سورالدى. (شېرىك ئىشلار ئىشلەندى)

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلاردىن ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابى (قۇرئان)نىڭ مەنە ۋە مەقسىدىنى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتكەن سۈننەت (ئەمەلىي يوللىرى)نى بىلمىگەن سەۋەب بىلەن يۈز بەرگەن شېرىك ئىشلار، شېرىك ئەقىدىلەرنىڭ تولاراقى ۋەسىلە ئىزدەش، شاپائەت تىلەش، بەرىكەت ئىزدەش يولىدىن سادىر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە بۇ ئېتقادلار ئۈستىدە توختۇلۇشىمىزغا توغرا كەلدى. ھەر بىر مۇسۇلمان قېرىنداش بۇ ئۈچ مەسىلىدە تولۇق بىلىم ئېگىسى، دەلىل ـ ئىسپات ئېگىسى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن بايان قىلىمىز. ۋەسىلە بىلەن شاپائەت ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى تەۋەررۇك ھەققىدە توختىلىمىز.

تەۋەررۇكنىڭ مەنىسى نېمە؟ تەۋەررۇك، كۆپ ياخشىلىق ئىزدەش، يوقالمايدىغان ياخشىلىق تەلەپ قىلىش دېمەكتۇر. دىن ئىسلام تىلىدا تەۋەررۇك: الله تائالانىڭ بىر نەرسىدە ئورناتقان بەرىكىتىنى (كۆپ ياخشىلىقىنى) قولغا كەلتۈرۈشنى قەست قىلىشتىن ئىبارەت. الله تائالا شام (ھازىرقى سۇرىيە) زېمىنىغا بەرىكەت (كۆپ ياخشىلىق) بەردۇق دەپ خەۋەر قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ كىتابى (قۇرئان)نى مۇبارەك (ياخشىلىقى كۆپ قىلىنغۇچى) كىتاب دەپ خەۋەر قىلدى. يەنى يوقالمايدىغان دائىملىق، مۇقىم ياخشىلىقى بار دېمەكتۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالام بۆشۈكتە يېتىپ (7 كۈنلۈك بوۋاق چاغدا) خەلقلەرگە سۆزلىگەندە الله تائالا ئۇنى قايسى يەردە بولسا

مۇبارەك قىلدى، دەپ خەۋەر قىلدى. الله تائالا سۈرە مەريەم 31 ـ ئايەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىپ: «قەيەردە بولاي مېنى بەركەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى.» دېدى.

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن ئەسەر قالدۇرۇلغان دۇئالاردىن بىرسى: «ئى الله! ماڭا بەرگەن نېمىتىڭدە بەرىكەت (كۆپ ياخشىلىق) بەرگىن» دېگەن مەنىدە كەلدى.

شۇ دەلىللەرگە ئاساسەن بەرىكەت تىلەش شەرىئەتتە ياخشى ئىش، ھېچكىم تەۋەررۇكتىن (بەرىكەت ياخشىلىق تىلەشتىن) اللهنىڭ بەرىكىتىدىن ھاجەتسىز بولالمايدۇ. لېكىن بەرىكەت تىلەش نېمە بىلەن ۋە قانداق بولىدۇ؟

بىر نەرسىدە بەرىكەت بارلىقى قۇرئان، ھەدىستىن بىلىنگەن ۋە شەرىئەت ئىگىسى رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىدىن بەرىكەت ئىزدەشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ھەرەم ـ بەيتۇللادەك، زەمزەمدەك. چۈنكى رەسۇلۇللا: «زەمزەم سۈيى تائام تەلەپ قىلغۇچىلارغا غىزا، كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ» دېگەن. (سەھىھ مۇسلىم رىۋايىتى)

ساۋاب ئۈمىدى بىلەن يۈك تاقىنى تېڭىپ، سەپەر قىلىپ بېرىشقا پەقەت ئۈچ مەسچىدگىلا بولىدۇ. دەپ ھەدىستە كۆرسىتىلگەنلىكى ئۈچۈن ، بەيتۇللا، رەسۇلۇللانىڭ مەدىنىدىكى مەسچىتى ۋە بەيتۇل مۇقەددەسلەردىن بەرىكەت ئىزدەشكە بولىدۇ. الله رازىلىقى ئۈچۈن ياسالغان پۈتۈن مەسچىدلەر، ئەرەبىستان، شامدەك مۇقەددەس يەرلەر، ئىلىم ئوقۇلغان، ئۆگۈتۈلگەن، اللهقا زىكرى ئېيتىلغان، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان يەرلەر، ياخشى سالىھ كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇشقان ۋە ئۇلاردىن دۇئا قىلىش تەلەپ قىلىنغان يەرلەردىن بەرىكەت ئىزدەش، ياخشىلىق ئۈمىد قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن قايسى يول ۋە قايسى ئۇسۇلدا بولىدۇ؟

بەيتۇللادىن بەرىكەت ئىزدەش بولسا ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن بەيتۇللاھنى تاۋاب قىلىش (ئەتىراپىدىن ئايلىنىش) بىلەن ۋە بەيتۇللانىڭ ئىككى بۇرجىكىنى (ھەجرۇل ئەسۋەد بىلە روكنى يامانىنى) سۆيۈش بىلەن ۋە بۇ يەردە اللهقا دۇئا قىلىش بىلەن بولىدۇ. بەيتۇللا، رەسۇلۇللانىڭ مەسجىدى، مەسجىدى ئەقسادىن ئىبارەت ئۈچ مەسجىتتىن بەرىكەت ئىزدەش بولسا، ئۇ يەرلەردە ناماز ئوقۇش، ئىتىكاپ قىلىش مەقسىتى بىلەن سەپەر قىلىش بىلەن بولىدۇ.

باشقا مەسجىتلەردىن تەۋەررۇك قىلىش بولسا مەسجىتلەردە ناماز ئوقۇش، ئىبادەت، زىكرى ـ تەسبىھ، قۇرئان تىلاۋەت، ئىلىم ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ.

مۇقەددەس يەرلەردىن بەرىكەت ئىزدەش بولسا شۇ يەردە ساغلام ئەقىدە، ياخشى سۆز ـ ھەرىكەت بىلەن، كامىل ئەدەب ئەخلاق بىلەن بولۇپ، شۇ يەردە ياشاش، شۇ يەردە ۋاپات بولۇش، شۇ يەرلەردە دەپنە قىلىنىش بىلەن بولىدۇ.

كامىل ئىمانلىق، ئىلىملىك، تەقۋادار (ئىسلام يولىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلانغۇچى) كىشىلەردىن بەرىكەت كۈتۈش بولسا، ئۇلاردىن ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش، باشلىغان يولىغا مېڭىپ، ئەمەل قىلىش ۋە ئۇلاردىن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

(يەنى مەسجىتلەرنىڭ تام تورۇسلىرى، مۇقەددەس تونۇلغان زېمىنلارنىڭ ئۆزى ياكى شەخسىي، ئالىم، سالىھ، ئەۋلىياھلارنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ ئەمەس. ئۇلاردا بەرىكەت يوق. پەقەت بەرىكەت (ياخشىلىق) شۇ جايلاردا قىلىنغان سۈننەتكە مۇۋاپىق ئىشلاردا ۋە شۇ كىشىلەرنىڭ ئىلىم ئۆگىتىشلىرىدە، نەسىھەتلىرىدە، دۇئالىرىدا، ئىبادەتلىرىدە بار.)

شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان تەۋەررۇك (ياخشىلىق ئىزدەش) ۋە نېمىلەر بىلەن تەۋەررۇك

قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، شۇنى بايان قىلىمىزكى:

1. بەرىكەت ئۈمىد قىلىش خاتا ئەمەس دېيىشكە بولىدىغان ئىشلار بىر ئىش ھەرقانچە چوڭ بولسا مۇستەھەب ئىش دېيىشكە بولىدىكى، ئۇنىڭدىن يۇقىرى بىر ئىش ئەمەس.

2. ئەگەر بىرەر ئورۇندىن ياكى بىرەر شەخستىن بەرىكەت ئۈمىد قىلىش شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلمەيدىغان بىر ئىشقا سەۋەب بولسا ياكى ھارام ئىش قىلىشقا سەۋەب بولسا، ئۇنداق تەۋەررۇكنى تاشلاش لازىم، قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى يامان ئىشنىڭ ئالدىنى توسۇش ياخشى ئىش قىلىشتىن مۇھىم ۋە بىرىنچى.

بۇ سۆزىمىزگە خۇلىفەئۇل راشىدىن (مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يىتەكلىگۈچى خەلىفىلەر)نىڭ بىرى بولغان ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغان ئىشى دەلىلدۇر. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بۇلارغا ئەگىشىشىمىزنى تاپشۇرغان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئەسھابىلارنىڭ مەدىنىدىن مەككىگە بېرىشىدا يولدا ھۇدەيبىيە ئىسىملىك يەردىكى (رەسۇلۇللا ساھابىلەردىن بەيئەت ئالغان يەردىكى) دەرەخنىڭ قېشىغا چۈشۈپ، تەۋەررۇك قىلىپ ئۆتكىنىنى كۆرۈپ، شۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرىغاندى. كەلگۈسىدە پەيدا بولىدىغان بۇزۇق ئىشنى توسۇش مەقسىتى بىلەن كەستۇرگەن، چۈنكى ئۇ دەرەخ تۇرىۋەرسە كېيىنكىلەردە مەئبۇد بولۇپ قىلىشىنىڭ قورقۇنچىسى بار ئىدى. (كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان، ئۈمىد كۈتىدىغان، ھاجەت تىلەيدىغان ئىلاھ قىلىۋالاتتى) بۈگۈنكى كۈندە ھەر يەر ۋە ھەر زاماندا نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانىدىن ھازىرغىچە نۇرغۇن يالغۇز دەرەخلەر، گۈمبەزلەر، قەبرىلەر «تەۋەررۇك» نامى بىلەن مەئبۇد بولۇپ قالماقتا.

3. بىلىمسىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە «پالانى پادىشاھىمنى، پالانى غوجامنىڭ قەبرىسىنى، پالانى ئەۋلىياھنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىمەن» دەپ سەپەر قىلىپ بېرىشى، مازار ئەترابىدا تۈپلۈشۈپ تۈنەك ئۆتكۈزۈشى، تەۋەررۇك ئىزدەيمەن دەپ دۇئاخانلاردا ئىتكاپ قىلىپ ئولتۇرۇشى شەرىئەتتە باتىل ئىش ۋە دىن ئىسلام مەنئىي قىلغان ئىشتۇر. ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمانلارغا ئۇنداق ئىشلارنى يولغا قويۇپ بەرمىگەنلىكىدىن، ئۇ ئىشلار يولدىن ئازدۇرىدىغان بىدئەتتۇر. بۇ ئىشلار بەزەن كىشىلەرنى شېرىككە ئېلىپ بارىدۇ. الله تائالا ساقلىسۇن! چۈنكى بەزى بىر بۆلۈك كىشىلەر شۇ قەۋرىدىكى ئەۋلىياھدىن، غوجىدىن دەردىگە يېتىشنى تىلەپ، نالە - پەرياد قىلىدۇ. مىنى بالايى - ئاپەتتىن ساقلايدۇ، دەپ تونۇيدۇ، يالۋۇرىدۇ، باش ئىگىدۇ، ھاجەت سورايدۇ. كالا، قوي، توخۇ، كەپتەرلەر بوغۇزلاپ، مازار غوجامنى خوش قىلماقچى بولىدۇ. ئاغزىدا بۇنى تەۋەررۇك دەيدۇ. ۋەسىلە دەيدۇ. شاپائەت تىلەش دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شېرىك قىلغانلىقتۇر. شۇڭا يىراق مازارغا زىيارەت ئۈچۈن بېرىش بىدئەتتۇر. ھاجەت ۋە مەدەت تىلەش شېرىكتۇر، كۇفرىدۇر. يېقىنىدىكى قەبرىستانغا ئۆلۈمنى ئەسلەپ، ئىبرەت ئىلىش ئۈچۈن زىيارەت قىلىش سۈننەتتۇر. پەرقىنى ئايرىش كېرەك. پاشىشىملارغا، غازىلارغا، شەھىدلەرگە، سالىھلارغا مۇھەببىتى بار كىشى مەسجىدتىن، يا ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ئىبارەت شەرىئەت ئىبادەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئورۇندا دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى خۇدادىن تىلەش، خۇدادىن ئۇلارغا دەرىجە تىلەشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىدىن ياخشىلىق - يامانلىق كۈتۈشكە بولمايدۇ. سەپەر قىلىپ زىيارەت قىلىش بىدئەت ئىش بولۇپ، ئۇنىڭدا ساۋاب يوق.

4. تەۋەررۇك ئۈچۈن يوقلاپ زىيارەت قىلىش شەرىئەتتە رۇخسەت، ئەمما ياخشى ئادەمنىڭ ھايات بار بولۇشى، ئىلىملىك، ئىمانى كامىل، گۇناھدىن ساقلىنىدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. ئۇ كىشىنى زىيارەت قىلىش بىلەن ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىش، توغرا يول سوراش، نەسىھەت ئاڭلاش، باشلىغان يولىغا مېڭىش ئىشلىرى بىلەن بەرىكەت ئىزدەشكە بولىدۇ، ئىلىمسىز،

بىدئەتچى، تەقۋاسى يوق كىشىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن بەرىكەت ئىزدەش (ياخشىلىق كۈتۈش) توغرا ئەمەس.

5. بىر ئادەم «مەن ۋەلى» دەپ دەۋا قىلسا، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەۋلىياھلىقىغا ئىقرار قىلىشقا چاقىرسا، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد تەرەپتىن ياكى شەرەپ، ئىناۋەت، ياكى باشقا تەرەپتىن پايدا ئالماقچى بولسا، بۇنداق ئادەم دەججال (ناھەقنى ھەق كۆرسەتكۈچى) بولۇپ، ئۇنداق ئادەم قېشىدا بەرىكەت يوق، ياخشىلىق يوق. شۇڭا ئۇنى زىيارەت قىلىشقا، قېشىدا ئولتۇرۇشقا، ھۆرمەتلەشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن بەرىكەت كۈتۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا دىنىي ئىلىم، توغرا ئىمان، ﷲدىن قورقۇشتىن ئىبارەت بەرىكەت ئامىللىرى يوق، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

## «ۋەلىي»لىق ۋە «كارامەت»

مۆمىن ئەقىدىسى مەسىلىسىگە مۇستەھكەم مۇناسىۋەتتى بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئەۋلىياھلىق ۋە كارامەت مەسىلىسىدۇر. چۈنكى ۋەلىيلىق (دوستلۇق، يېقىنلىق) ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، رەھمان تائالانىڭ ۋەلىيسى بولۇش ۋە شەيتاننىڭ ۋەلىيسى بولۇشتىن ئىبارەت. كارامەتمۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى راست كارامەت، ﷲ تائالا ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى تۈزۈك ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچى ۋەلىي (يېقىن) بەندىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتلىگەن راست كارامەتتۇر.

يەنە بىر تۈرلۈكى بەزى ناچار ئادەملەرگە بېرىلگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار بولۇپ، ئۇنى بېرىش بىلەن ئۇ ئادەملەرنى خەلقلەرنى ئازدۇرغۇچى قىلىپ، جىنايىتىنى پەيدىنپەي ئىغىرلاشتۇرۇپ ئاخىرى ئازابقا، خارلىققا دۇچار قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاقايىپ ئىشلاردۇر. سالىھ، مۆمىن بەندىگە بېرىلگەن راست كارامەت بىلەن، شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرىسىنى ئايرىيالماسلىق، كۆپ مۆمىنلەرنى باتىل ئىشلارغا ئەقىدە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ئېلىپ باردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە توختىلىش، بۇنىڭدىكى راست ۋە توغرىنى ئوچۇق كۆرسىتىش لازىم بولدى. ئۇ چاغدا مۆمىنلەر ئۆزىنىڭ دىنىي ھاياتى بولغان بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەختىنىڭ سەرمايىسى بولغان ئەقىدىدە كامىل، ئەقلى ھۆججەت، دەلىللىك ئىگە بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى سۇئال بىلەن باشلايمىز.

«ۋەلىي»لىق دېگەن نېمە؟

ۋەلىي (ئەۋلىياھ)لىق ئەرەب تىلىنىڭ ئادىتىدىن يېقىن بولۇش، بىللە تۇرۇش، بىر كىمنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ياردەم بېرىش، دوست تۇتۇش دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ۋەلىي بولۇشماق دېگەن سۆز: بىر ـ بىرىگە سادىق ۋە ياردەمچى بولۇشماق مەنىسىدە. ۋەلىي دېمەك دۈشمەن دېگەن سۆزنىڭ ئەكسىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئىشلىتىشىدىمۇ شۇ مەنىلەردە كېلىدۇ. يەنى يېقىنلىق، دوستلۇق، ياردەم بېرىش، دوستىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇش دېگەن مەنىلەردىدۇر. شۇ مەنىلەرگە ئاساسەن، ﷲ تائالانىڭ بىر بەندىگە ۋەلىي بولۇشى ئۇنى ئىمانغا ھىدايەت قىلىش، ﷲنى تونۇشقا، ئىتائەت قىلىشقا، مۇھەببەت باغلىشىغا، دىنغا ياردەم بېرىشكە باشلىشى، بەلكى دىلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ چاغدا بەندە يۇقۇرقىلارغا ئەمەل قىلىدۇ. پەرۋەردىگارىغا يېقىنلىشىدۇ. ئاخىرى ﷲ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ﷲ

ئۇنى ياخشى كۆرسە ئۇ بەندىگە يېقىنلىشىدۇ. ھەممە ئىشقا الله ئىگە بولىدۇ. ياردەم بېرىدۇ، ئاسرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندە اللەنىڭ ۋەلىيسى بولىدۇ. الله تائالا بۇ توغرىدا سۈرە بەقەرە 257 ـ ئايەتتە: «الله مۆئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتتىدىن (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ؛ كافىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىمانىنىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.» دېدى.

بەندىنىڭ الله تائالاغا ۋەلىي بولۇشى بولسا، الله تائالاغا ئىشىنىشى، الله تائالادىن قورقۇش (ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى) ئىتائەت ۋە ئىبادەت بىلەن يېقىنلىشى، الله تائالا ياخشى كۆرگەن كىشىلەر ۋە ئىشلارنى ياخشى كۆرۈش، الله تائالا يامان كۆرگەن كىشىلەرنى ۋە ئىشلارنى يامان كۆرۈش بىلەن اللەنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق كېلىشى، الله تائالانىڭ يېقىن دوست بەندىلىرىگە ياردەم بېرىشى بىلەن بولىدۇ. بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلىش بىلەن بەندە الله تائالانىڭ ۋەلىيسى بولىدۇ. الله تائالا سۈرە يۇنۇس 62، 63، 64 ـ ئايەتتە: «راستىلا اللەنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللەنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا اللەنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن ئاخىرەتتە نازۇ- نېئمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ) الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر.» دېدى.

## الله تائالانىڭ ۋەلىيسى بولۇش ئۈچۈن ئاساسىي شەرت

ئۇلۇغ الله تائالا بىلەن تەقۋادار مۆمىن بەندە ئارىسىدا بولۇشى لازىم بولغان ئاساسىي ئەھۋال بولسا، الله دوست تۇتقاننى دوست تۇتۇش، الله تائالا يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈش، ئىخلاس، ئىتائەت بىلەن الله تائالاغا يېقىنلىشىش، الله تائالانىڭ دىنىغا ۋە دوستلىرىغا ياردەم قىلىش، ئۆزئارا دوست بولۇش، يېقىن بولۇش، اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈشمەنلىشىشتىن ئىبارەت.

بەندىنىڭ ئەۋلىياھلاردىن بولۇشىنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە ئاساسىي شەرتى يۇقۇرقىلاردىن ئايدىڭلىشىدۇ. دېمەك، ۋەلىي بولۇشنىڭ تۈپ يىلتىزى ئىمان بىلەن تەقۋا، (ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتكىنىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشتىن، گۇناھدىن ساقلىنىشتۇر. ۋەلىي بولۇشنىڭ شەرتى بولسا، الله تائالا ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى ياخشى كۆرۈشتە، الله تائالا يامان كۆرىدىغان كىشىلەر ۋە ئىشلارنى يامان كۆرۈشتە، اللەنىڭ دوستلىرى بىلەن دوست بولۇشتا ۋە اللەنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشتە مۇۋاپىقلىشىش ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام الله تائالا تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن ئەقىدىلەر، ئىبادەتلەر، ئەدەب ـ قائىدىلەر، ئەخلاقلاردا رەسۇلۇللاغا ئەگىشىشتە الله تائالا ئۈچۈن خالىس نىيەت بىلەن ئەگىشىشتىن ئىبارەت. چۈنكى الله تائالانى دوست تۇتمىغان كىشى ۋەلىي بولالمايدۇ. الله تائالانى دوست تۇتۇش رەسۇلۇللاغا ئەگەشمەي ھاسىل بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ⟨ئەگەر سىلەر اللەنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر⟩ » . (سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەت)

الله تائالانى سۆيۈشكە رەسۇلۇللاغا ئەگىشىش شەرت بولۇشىنىڭ سەۋەبى: رەسۇلۇللاغا

ئەگەشىش روھنى پاكىزلاشنىڭ، ئۆزىنى تۈزۈشنىڭ يولىدۇر. ئىمان بىلەن ۋە ياخشى ئىشلار ئىشلەش بىلەن، شېرىكتىن يىراق بولۇش بىلەن گۇناھلاردىن ساقلىنىش بىلەن روھىي پاكىز بولغان، نەپسى تازلانغان كىشى الله تائالانىڭ ياخشى كۆرۈشىگە دوست بولۇشغا لايىق بولىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى الله تائالانىڭ ۋەلىي بەندىسى بولالايدۇ.

## ئىككى يېقىنلىقنىڭ پەرقى

الله تائالانىڭ بەندىگە يېقىن بولۇشىنىڭ ۋە بەندىنىڭ الله تائالاغا يېقىن بولۇشىنىڭ پەرقى بار، بۇنى مۇلاھىزە قىلىش لازىم. الله تائالا بەندىگە يېقىن بولسا، دوست تۇتسا، بەندىگە ھاجىتى چۈشكەنلىكىدىن ئەمەس. الله تائالانىڭ ھېچكىم ۋە ھېچنەرسىگە ھاجىتى بولمىغاچقا، بەندىنى پەقەت ھۆرمەتلەش، نېمەت بېرىش ئۈچۈنلا دوست تۇتىدۇ. يېقىنلىشىدۇ. الله تائالانىڭ «صمد» (سەمەد) سۈپىتى، الله تائالانىڭ ھېچكىمگە مۇھتاج ئەمەس، پۈتۈن مەخلۇق اللهقا مۇھتاج دېگەن مەنىدىدۇر.

الله تائالا بەندىنى دوست تۇتسا، ھاجەت سەۋەبىدىن ياكى بىچارىلىك سەۋەبىدىن دوست تۇتمايدۇ دېگەن مەزمۇندا سۈرە بەنى ئىسرائىل 111 ـ ئايەتتە مۇنداق دېدى: «ئېيتقىنكى، 〈جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا مۇھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان ياردەمچىگە مۇھتاج بولمىغان) اللهغا خاستۇر! اللهنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن〉». ئەمما، الله تائالا تەۋپىق بەرگەن بەندىنىڭ الله تائالانى دوست تۇتۇشى، يېقىنلىششى بولسا، بەندىنىڭ الله تائالاغا ھاجىتى بولغانلىقىدىندۇر. چۈنكى بەندە داۋاملىق پەرۋەردىگارىنىڭ غەلبە بېرىشىگە، ياردىمىگە، ياخشى كۆرىشىگە، رازى بولۇشىغا، ئۆزىگە يېقىن قىلىشىغا مۇھتاجدۇر. چۈنكى بەندە ئىگىسى الله تائالاغا يېقىنلاشماي بەختلىك بولالمايدۇ. الله تائالا رەھمىتى بىلەن قورشىمىسا، ئىلتىپاتى ۋە رازىلىقى بىلەن يۆگىمىسە، بەندە نېمەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. دېمەك، الله تائالانىڭ بەندىسىنى دوست تۇتۇشى، ۋەلىيلىققا قوبۇل قىلىشى بەندىگە قىلغان ئىلتىپاتى ۋە مەرھەمىتىدۇر. ئەمما بەندىنىڭ الله تائالاغا «مەن ۋەلىي بولدۇم، دوست تۇتتۇم» دەپ مىننەت قىلىشى، ئەكە دېيىشكە ھەققى يوق. ھەرقانچە اللهنىڭ تائىتى يولىدا ئىرىپ كەتسىمۇ، پۈتۈن ھاياتىنى قۇربان قىلسىمۇ، ھەتتا اللهدىن باشقا ئوي خىيالى قالمىسىمۇ تەمەننا قىلىش ھەققى بولمايدۇ. مانا بۇ الله تائالانىڭ بەندىنى ۋەلىي (دوست) تۇتۇشى بىلەن، بەندىنىڭ الله تائالانى ۋەلىي (دوست) تۇتۇشىنىڭ پەرقىدۇر. بۇنى ھەركىمنىڭ بىلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك.

## ۋەلىي

ۋەلىيلىقنى تونۇغىنىمىزدىن كېيىن ۋەلىينى تونۇشىمىزمۇ الله نىسىپ قىلسا ئاسان بولىدۇ. ئەۋلىيا ۋەلىينىڭ كۆپلىكى بولۇپ، ۋەلىي دېگەن سۆز ـ ئۆزىدىن باشقىسىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، باشقىسىنى ئۆزىگە يېقىن قىلغۇچى دېگەن مەنىدە كەلگەندەك، باشقا بىر كىم تەرەپتىن ئىگە بولغۇچى، بىر كىم ئۆزىگە يېقىن قىلغۇچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

الله تائالا مۆمىن بەندىنىڭ ۋەلىيسى دېمەك: بەندىنى ئىمان ـ ئىسلامغا باشلىغۇچى، ئىتائەت

قىلىش شارائىتىنى تۇغدۇرۇپ بەرگۈچى، مۆمىن بەندىسىنى ئۆزىگە يېقىن قىلغۇچى، ياخشى كۆرگۈچى، ياردەم بەرگۈچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭ مەۋلاسى ۋە ۋەلىيسىدۇر.

الله تائالا بۇ توغرىدا: «ھەقىقەتەن كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان الله مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.» دېدى. (سۈرە ئەئراف 196 ـ ئايەت)

مۆمىن ئادەم الله تائالانىڭ ۋەلىيسى دېمەك: الله تائالا ئۇنى ئىسلام يولىغا باشلىغان ۋە دوست تۇتقان كىشى دېمەكتۇر. شۇنىڭدەك ئۇ بەندە الله تائالاغا يېقىنلاشتى، ئىشەندى، قورقتى، دوست تۇتتى، ئىتائەت قىلدى. ھەم الله تائالا ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ۋە ئىشلارنى ياخشى كۆرۈشتە، الله تائالا يامان كۆرگەن كىشىلەر ۋە ئىشلارنى يامان كۆرۈشتە الله تائالاغا مۇۋاپىقلاشتى، يەنى الله تائالانىڭ دوستلىرىنى دوست بىلدى. دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن تۇتتى. الله تائالا ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى ياخشى كۆردى. الله تائالا يامان كۆرگەن ئىشلار ۋە كىشىلەرنى يامان كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى الله تائالانىڭ قۇلى، ۋەلىيسى (يېقىن دوستى) بولدى. الله تائالا مۇنداق ۋەلىيلىقنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى سۆزلەش توغرىسىدا مۇنداق دېدى: « راستىلا اللهنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە اللهنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا اللهنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن ئاخىرەتتە نازۇ- نېئمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ) الله ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر.» ( سۈرە يۇنۇس 62 ـ، 63 ـ، 64 ـ ئايەتلەر)

يىغىپ ئېيتقاندا: ئىنسانلار ئىچىدىن الله تائالانىڭ ۋەلىيسى (دوستى، يېقىنى) بولغان كىشى مۆمىن (ئىسلام دىنىغا يۈرىكىدە ئاڭلىق ئىشەنگۈچى) كىشى بولۇپ، الله تائالا ئۇ كىشىنى ئىسلام يولىغا باشلاش بىلەن ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن، ئۇ كىشى الله تائالاغا ئىشەنگەن ۋە الله تائالادىن قورقۇپ، خاتا ئەقىدە، يامان ئىشلاردىن ساقلانغان ۋە الله تائالاغا ياخشى ئىشلار ئىشلەش بىلەن يېقىنلاشقان، الله تائالا ياخشى كۆرگەن كىشىلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى ياخشى كۆرۈش بىلەن الله تائالاغا مۇۋاپىقلاشقان، اللهنىڭ دوستىنى دوست تۇتقان، اللهنىڭ دۈشمىنىنى دۈشمەن تۇتقان كىشىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشىنى الله تائالا دوست تۇتىدۇ. ئۆزىگە يېقىن قىلىدۇ، ھەر خىل كارامەتلەر بېرىپ ھۆرمەتلەيدۇ. دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدۇ، يامانلىقتىن ساقلاشنى تىلىسە ساقلاپ قالىدۇ، تىلىگەن ھاجىتىنى بېرىدۇ.

# كارامەت

كارامەت دېگەن نېمە؟

كارامەت دېمەك، ھۆرمەتلىك بولۇش دېگەن مەنىدە بولۇپ، قايسى بىر بەندىنى الله تائالا ھەر تۈرلۈك ئىلتىپاتلار بىلەن ھۆرمەتلىسە، شۇ ئىلتىپات شۇ بەندىگە بېرىلگەن كارامەتتۇر. كارامەت ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي بولىدۇ. ئومۇمىي كارامەت بولسا، الله تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتلىگەن، باشقا مەخلۇقلاردىن ئەۋزەل قىلغان نېمەتلىرى بولۇپ ئىنساننىڭ تەن قۇرۇلۇشىنى ئۆرە، تۈز، چىرايلىق، مۇكەممەل يارىتىپ ئەقىللىق، سۆزلۈك قىلىپ، تۇرمۇشىنى پىلانلىق ئىدارە قىلالايدىغان، بۇزۇلغان ئىشلىرىنى تۈزەيدىغان قابىلىيەت بەرگەن. دۇنيانىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئىنسانغا بېغىشلىغان، مەنپەئەتلىنەلەيدىغانلاردىن ئىبارەت. بۇ

توغرىدا الله تائالا مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۇستۇن قىلدۇق.» (سۈرە بەنى ئىسرائىل 70 ـ ئايەت) خۇسۇسىي بولغان كارامەت بولسا باشقا كىشىلەردىن ئۈستۈنرەك كارامەت بولۇپ، الله تائالا بەزى بەندىلىرىگە بەرگەن كارامەتتۇر. ئىمانغا ھىدايەت قىلىش، الله تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن، الله تائالا توسقان ئىشلارنى تاشلاش بىلەن الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا تەۋپىق بېرىش ئەنە شۇ كارامەتلەر جۈملىسىدىندۇر.

ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشتە ۋە الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا توغرا، رۇس بولغانلىق بولسا ئەڭ چوڭ كارامەتتۇر. بۇنداق كىشىلەر الله تائالا ئېيتقان نامى ـ ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان كىشىلەردۇر. يەنى قىيامەت كۈنى نامە ـ ئەمەل دەپتىرى ئوڭ قولىدىن تىگىدىغان بەختلىك كىشىلەردۇر. شۇنىڭدەك ئۇلار الله تائالانىڭ: «ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ). بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللهنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر.» (سۈرە فاتىر 32 ـ ئايەت) دېگەن سۆزىدىكى ئوتتۇرھالدۇر. ئۇلار يەنە الله تائالانىڭ: «〈پەرۋەردىگارىمىز اللهدۇر〉 دېگەن، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا، شۈبھىسىزكى، (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، (بۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈندۇر.» (سۈرە ئەھقاف 13 ـ، 14 ـ ئايەتلەر) دېگەن سۆزىدە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگۈچىلەردۇر.

مۆمىنلىق ۋە ئىسلام يولىدا توغرا مېڭىشتىنىمۇ مەخسۇسراق بىر تۈرلۈك كارامەت بار، ئۇ بولسا، الله تائالا بەزى بەندىلىرىگە ئىمان ۋە تەقۋالىق نىسىپ قىلغاندىن باشقا كىچىك كەمچىلىكلەردىنمۇ ئېھتىيات قىلىش، رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنىمۇ ئاز قىلىش (ئۇتتۇقلۇقلارنى كۆپ ئىشلەش) نەپلى ناماز، نەپلى روزا، نەپلى سەدىقە، جىھادقا تەييارلىق كۆرۈش، جىھادقا قاتنىشىش، ھەج قىلىشتەك ئىشلارنى قىلىش شارائىتىنى تۇغدۇرۇپ بېرىپ ئەمەل قىلدۇرۇشتەك الله تائالا بەزى بەندىلىرىنى ھۆرمەتلەپ نىسىپ قىلغان ئىشلاردۇر. بۇ كىشىلەر الله تائالانىڭ «ۋالسابقون اسابقون» دېگەن سۆزىدىكى الله تائالاغا يېقىن قىلىنغۇچى ۋە ياخشىلىقىدا ئىلگىرلەپ كەتكۈچىلەر دەپ سۈپەتلەنگۈچىلەردۇر.

سەھىھۇل بۇخارىدىكى ھەدىس قۇدسىدا الله تائالا: «ھەر كىم مېنىڭ ۋەلىي (يېقىن) بەندەمگە ئازار قىلسا، ئۇنىڭغا مەن ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن، بەندەم ماڭا، مەن پەرز قىلغان ئەمەلنى ئادا قىلىشتەك باشقا بىر ئۇلۇغ ئىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. (پەرزنى ئادا قىلىش بىلەن ماڭا بەك يېقىنلىشىدۇ) بەندەم ماڭا نەپلى ئىبادەتلەر بىلەن داۋاملىق يېقىنلىشىۋېرىدۇ. ئاخىرى مەن ئۇ بەندەمنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. (ئۇ بەندىنىڭ بارلىقى مەن ئۈچۈن بولىدۇ) ئۇ بەندەم تىلىگەننى بېرىمەن، پاناھ تەلەپ قىلسا پاناھ بېرىمەن، مەن قىلماقچى بولغان ئىشتىن مۆمىن بەندەمنىڭ جېنىنى ئىلىشتا تەرەددۇت قىلغىنىمدەك تەرەددۇت قىلمايمەن، بەندەم ئۆلۈمنى خالىمايدۇ. مەن ئۇ بەندەمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىمايمەن. ھالبۇكى ئۇنىڭغا ئۆلمەي ئامال يوق» دېگەن سۆزىدىكى كۆرسىتىلگەنلەر مۇشۇلاردۇر.

بۇلار ۋەلىيلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىسلام يولىدا ئۇدۇل، توغرا مېڭىش بىلەن ۋە الله تائالا ئۇلارنىڭ تەلپىنى ئىجابەت قىلىشى بىلەن تونۇلغانلاردۇر. ئەگەر ئۇلار الله تائالادىن بىر تاغنىڭ جايىدىن يوقۇلىشىنى تىلىگەن تەقدىردە تاغ يوقۇلىدىغان، ئەگەر ئۇلار بىر ئىشقا قەسەم قىلسا، الله تائالا ئۇلارنى قەسەمدە تۇرغۇزىدىغان، الله تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكتى بىلەن ئۇلار قولىدىن ئاز نەرسىنى كۆپەيتىش، كېسەلگە شىپالىق بېرىش، يوقسۇلنى كەسىپكە ئىگە قىلىش، ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشتەك ئادەت سىرتىدىكى ئىشلارنى ئاشكارە قىلىدىغان كىشىلەردۇر. (بۇنداق ئىشلار تەۋھىدى خالىس مۆمىن، مۇتتەقى، سالىھ كىشىلەردىن كۆرۈنسە كارامەتتۇر. بولمىسا سېھرى تاكى تەدرىجى تۇتۇش (جىنايىتىنى پەيدىنپەي ئېغىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن خاتالاشتۇر)دىن ئىبارەتتۇر.)

# ۋەلىيلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى

يۇقۇرقى دەلىللەردىن قارىغاندا ئەۋلىياھلارنىڭ مەرتىۋىسى تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. يەنى، ئەڭ ئالىي، ئالىي، تۆۋەن، ئوتتۇرھالدۇر. ئەڭ ئالىي مەرتىۋە نەبىي ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەر مەرتىۋىسى ۋە ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ كارامەتلەرنى الله تائالا ئۈچۈن ئىشقا سالىدۇ. بۇ ئىشلار الله تائالانىڭ خەلقلەرگە تاقايدىغان ھۆججىتى بولغان مۆجىزىلەردۇر.

ئالي مەرتىۋە بولسا پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن مۆمىن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن توغرا ئەقىدىدە، ياخشى ئىشلارنى ئىشلەشتە باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن ۋە خۇداغا يېقىنلاشقانلار مەرتىۋىسى بولۇپ، بۇلار مەرتىۋىدە، دەرىجىدە، ئورنى ئۇستۇنلۈكتە پەيغەمبەرلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغاندەك ئۇلار ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ.

ئوتتۇرھاللار بولسا، ئىسلام يولىدا نورمال ماڭغان، نامە ئەمىلى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلىدىغان، ئىمان ۋە تەقۋا ئىگىسى بولغان كىشىلەردۇر. تۆۋەن دەرىجىدىكى ۋەلىيلەر بولسا ئىمانى، تەقۋاسى (ئىسلامغا ئىشىنىشى ۋە ئەمەل قىلىشى) ئاجىزراق بولغانلار بولۇپ، بۇلار ئاز تولا خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدىغان مۆمىنلەردۇر. يەنى الله تائالانىڭ: «ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ) بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى اللهنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر. ئۇلار ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى مەرۋايىتلارنى تاقايدۇ ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ. ئۇلار ئېيتتى: 〈جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن اللهغا مەنسۇپتۇر! بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر. الله مەرھەمىتىدىن بىزنى جەننەتتە تۇرغۇزدى. جەننەتتە بىز ھەرگىز جاپا تارتمايمىز،ھەرگىز چارچىمايمىز〉». (سۈرە فاتىر 32 ـ ئايەتتىن 35 ـ ئايەتكىچە) دېگەن سۆزىدىكى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار دەپ كۆرسەتكەن يەنە بەزى گۇناھلاردىن خالىي بولالمىغان مۆمىنلەردۇر. ئىمانى ۋە بىر بۆلۈك ياخشى ئەمەللىرى بولغىنى ئۈچۈن، مۇناپىق، خائىن بولمىغىنى ئۈچۈن مۇنداق كىشىلەرمۇ ۋەلىيلەر (اللهنىڭ دوستلىرى) قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايەت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار، ئوتتۇرھاللار، ياخشىلىقىدا ئىلگىرلەپ كەتكۈچىلەر دەپ مۆمىنلەرنى

ئۈچ تەبىقىگە بۆلدى ۋە ئۈچ تەبىقىنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ. ئالتۇن بىلەيزۈك، مەرۋايىتلار بىلەن جابدۇلىدۇ. يىپەك كىيىم بېرىلىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئايەت ئىمانى ۋە ئەمەل قىلىشى ئاقىزراق بولغان مۆمىنلەرنىڭمۇ ﷲ تائالانىڭ ۋەلىي بەندىلىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. لېكىن بۇلارنىڭ دەرىجىسى ئىمان ۋە ئەمەلدە ئىلگىرلەپ كەتكەنلەردىن تۆۋەندۇر. ئوتتۇرھاللار دەرىجىسىگىمۇ يېتەلمەيدۇ. ئىمانى تەقۋاسى (خاتالىقتىن ساقلىنىشى) يېتەرسىز بولغاچقا تۆۋەن مەرتىۋىدۇر. شۇنىمۇ ئويلاش كېرەككى: يۇقىرىقى ئۈچ خىل مەرتىۋىدىكى ۋەلىي بەندىلەر سان جەھەتتىمۇ پەرقلىق، ئەڭ ئالىي مەرتىۋىدىكىلەر ئالىي مەرتىۋىدىكىلەردىن ئاز، ئالىي مەرتىۋىدىكىلەر ئوتتۇرھال دەرىجىلەردىكىدىن ئاز، ئوتتۇرھال دەرىجىدىكىلەر تۆۋەن دەرىجىدىكىلەردىن ئازدۇر. بۇنى شەرھىيلەشنىڭ ھاجىتى يوق.

## مۇقىم بىكىتىلىدىغان ھۆكۈملەر

بىرىنچى: قايسى بىر ئىنساننىڭ ﷲ تائالانىڭ ۋەلىي بەندىسى بولۇشى، ئەۋلىياھلار قاتارىغا تىزىلىشى، پەقەت توغرا، راست ئىشەنچ بىلەن ﷲ تائالا بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىش، مەنئى قىلغان ئىشلارنى تاشلاش پىرىنسىپى ئاساسىدىكى تەقۋالىق بىلەنلا قولغا كېلىدۇ.

ئىككىنچى: ۋەلىي بەندىلەر ﷲ تائالاغا يېقىنلىقىدا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقتۇر. بەندىنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋاسىنىڭ تولۇق ۋە كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا قاراپ، مەرتىۋىدە ۋە كارامەت (ھۆرمەت)دە پەرقلىق بولىدۇ. ﷲ تائالا ۋە پەيغەمبىرى ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپ، يامان كۆرگەننى يامان كۆرۈشتە مۇۋاپىق كېلىشىدە پەرقلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى: ﷲ تائالا بەزى ۋەلىي بەندىلىرىنىڭ قولى بىلەن مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى (تەبىئىي قانۇنغا خىلاپ) ئىشلار كارامەت بولۇپ، بىر كىمنىڭ ﷲنىڭ ۋەلىي بەندىسى بولۇشى ئۈچۈن بۇنداق كارامەتنىڭ ئاشكارە بولۇشى شەرت ئەمەس. بەلكى ۋەلىيلەردىن مۇنداق كارامەتلەرنىڭ سادىر بولۇشى ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەن چۈشۈرىدىغان بولغاچقا، ئىمان، تەقۋانىڭ ئەجرى ـ ساۋابى بۇدۇنيادا قولىغا بېرىلگەننىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغاچقا، بەزى ئەۋلىياھلار ئاشۇنداق كارامەت سادىر بولۇپ قالغاندا قورقۇپ ﷲقا تەۋبە قىلغان، ئىستىغپار ئېيتقان.

تۆتىنچى: پەيغەمبەرلەردىن باشقا ۋەلىيلەر خاتالىقتىن پۈتۈنلەي خالىي دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلارمۇ خاتالىشىدۇ، غەلەت ئىش قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەلىيلىك شەرىپىگە داغ بولىدىغان خاتالىقلاردىن ساقلىنىشى كۆپرەك، ۋەلىيلەرمۇ خاتالىشىدىغان بولغاچقا، قاچانلا بىرەر خاتالىق سادىر قىلىپ سالسا، دەرھال تەۋبە قىلىپ، ئەپۇ تىلەپ ئۆزىنى تۈزىتىۋالىدۇ. ئاندىن ﷲ تائالا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەلىيلىق مەرتىۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

بەشىنچى: خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىدىن بىزگە بىلىنگەن ئەمەلىي ئەھۋالغا كۆرە مۆمىنلەرنىڭ يېرىمىنى ۋەلىي دەپ باھا بېرەلەيمىز. ئىمانىي ۋە ئەمەلىيىتى بار مۆمىن كىشىنى «بۇ كىشى ۋەلىي» دېيەلەيمىز. شۇڭا مۇتتەقىي مۆمىنلەرنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، كۆڭلىنى رەنجىتىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلغان سەھىھۇل بۇخارىدىكى ھەدىستە رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: «ﷲ تائالا ھەركىم مېنىڭ ۋەلىي بەندەمگە ئازار بەرسە، ئۇنىڭغا مەن ئۇرۇش ئېلان

قىلىمەن» دېدى.

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قايىل بولمايدىغانلارنىڭ دەلىلى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قاراپ باقمايمىز.

ئالتىنچى: نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇگۈنكى كۈندە ۋەلىيلىقنىڭ راستىنى بىلمىگەن، ۋەلىينى تونۇمىغانلىقتىن، ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان مۆمىن تەقۋادار كىشىلەرنىڭ ۋەلىيلىقىغا ئىقرار قىلمايدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى كارامەت كۆرۈنمىسە ياكى قەبرىسىگە ئالىي گۈمبەزلەر، تۇغ ئەلەملەر قادالمىسا بىر كىمنى ئەۋلىياھ دېمەيدۇ. بىر كىم «مېنى مۇشۇ يۇرتتا بىر ۋەلىينىڭ قېشىغا باشلاپ قويۇڭ» دېسە، ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان مۇتتەقى، مۆمىننى كۆرسىتىپ قويماي، گۈمبەزدىكى ياكى سۇمەدىكى ئۆلۈكنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. ھالبۇكى قەبرىدىكى ئۆلۈكنىڭ تارىخى تەرجىمىھالىنى بىلمەيدۇ. ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئالىي ئىشلەنگەن ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەرگە قاراپلا ئەۋلىياھ دەپ تونۇيدۇ.

يەتتىنچى: الله تائالا سۈرە رەئىد 16 ـ ئايەتتە ئىنساننىڭ الله تائالادىن باشقىسىنى ئۆزىگە «ۋەلىي» يېقىن دوست مەدەتكار قىلىشنى رەت قىلىپ ئېيتتى: «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارنى مات قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا) ⟨ئاسمانلارنىڭ زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟⟩ دېگىن، ⟨(ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى) الله⟩ دېگىن. (ئۇلارغا) ⟨سىلەراللەنى قويۇپ ئۆزەڭلارغا پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان مەئبۇدلارنى اللەغا شېرىك قىلىۋالدىڭلارمۇ؟⟩ دېگىن».

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ الله تائالادىن باشقىسىنى ئۆزىگە ۋەلىي (دوست مەدەتكار) قىلىشى، بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلگەندە ئۇنىڭغا نالە ـ پەرياد قىلىشى، يامان ھادىسىلەردىن ساقلاشنى ئۈمۈد قىلىشى، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشى، ئۇنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇشى توغرا ئەمەس. مۇنداق قىلىش الله تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغانلىق بولىدۇ. شېرىك بولىدۇ. بۇنداق شېرىك ئىشلاردىن ئىدللدھ ساقلىسۇن!

## شەيتاننىڭ ۋەلىيلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بولۇش

ئىنسان شەيتانلىرى بىلەن جىن شەيتانلىرى ئارىسىدا دوستلۇق بار. بۇنى الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ئىسپاتلىدى. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىدا يېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈردى.

الله تائالا سۈرە ئەنئام 128 ـ ئايەتتە: «الله (ئىنسانلارنى جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، (بۇ كۈندە الله ئېيتىدۇكى)⟨ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار⟩. ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: ⟨ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر ـ بىرىمىز دىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا(يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق⟩ دەيدۇ» دېدى.

يەنە الله تائالا سۈرە ئەنئامنىڭ 112 ـ ئايىتىدە: «شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر ـ بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ» دېدى.

يەنە الله تائالا سۈرە ئەئراف 30 ـ ئايەتتە: «الله (سىلەردىن) بىر گۇرۇھنى ھىدايەت قىلدى: يەنە بىر گۇرۇھقا گۇمراھلىق تېگىشلىك بولدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار اللەنى قويۇپ شەيتانلارنى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ.» دېدى. (مەزكۇر ئايەتلەر ئازغان ئىنسانلار بىلەن ئازدۇرغۇچى جىنلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل شەيتانلارنىڭ ئۆز ئارا

دوستلۇق ھەمكارلىقى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئىككى شەيتان ئوتتۇرسىدىكى دوستلۇق قانداق ھاسىل بولىدۇ؟ دېگەن بىر سۇئال چۈشۈشى مۇمكىن.)

جاۋاب: جىنسى بىر خىل بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرلىشىپ قىلىشى، بىر بىرىگە ئوخشۇشىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۇچرىشىشى، ھەر نەرسە ئۆزىگە ئوخشايدىغان نەرسە تەرەپكە ئۆزىچە كېتىپ قېلىشتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ قانۇنى بويىچە ئىنسان شەيتانلىرى بىلەن جىن شەيتانلىرى ئارىسىدا يېقىنلىق ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان الله تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىۋېرىش بىلەن گۇناھ ۋە بۇزۇق ئىشلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىش نەتىجىسىدە قەلبى ۋە قىلمىشى قەبىھ، پاسكىنىلىشىپ كەتسە، ئۇنىڭ جىن شەيتانلىرى بىلەن بىرلىشىشى، بىللە ھەرىكەت قىلىشى، دوست ـ ئاغىنە بولۇشى، مەنپەئەت ئالماشتۇرۇشى ۋە باشقا ئادەملەرنى ئازدۇرۇش، بۇزۇش، يامانلىقتا باشلاش ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىشى مۇمكىن بولىدۇ.

ئىنسان شەيتانلىرى بىلەن جىن شەيتانلىرى ئارىسىدىكى مۇقىم دوستلۇق بويىچە جىن شەيتانلىرى ئىنسان شەيتانلىرىدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرى ۋە دوستلىرىغا خىزمەت قىلىدۇ. جىنلارغا خەۋەردار بولۇش ۋە تونۇش مۇمكىن بولغان غايىب ئەھۋاللارنى ئىنسان شەيتانلىرىغا خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يىراق نەرسىلەرنى يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ياكى يىراق يەرگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قويىدۇ، شۇنىڭدەك جىن شەيتانلىرى ئىنسان شەيتانلىرى ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە يىراق ئىككى كىشىنى بىر يەرگە قوغلاپ بېرىدۇ. جىن شەيتانلىرى ئىنسان شەيتانلىرىغا گاھى چاغدا ئادەم شەكلىدە كۆرىنىدۇ. يىراقتىكى شەخسلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاۋازلارنى ئاڭلىتىدۇ، يىغىپ ئېيتقاندا، جىن شەيتانلىرى ئىنسان شەيتانلىرىغا ئادەتتىن تاشقىرى بەزى ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ تېگىنى بىلمىگەن ئادەم مۇنداق ئىشلارنى كارامەت گۇمانلاپ، الله تائالا بەزى ۋەلىي بەندىلىرىدىن كارامەت ئۈچۈن ئاشكارە قىلغان ئىشلارغا قىياس قىلىپ خاتالىشىدۇ. يامان نىيەت، يامان قىلىقلاردىن سادىر بولغان ئاجايىپ ئىشلار كارامەت بولمايدۇ، ئۇ بولسا جىنلارنىڭ ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت.

# مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئىككىنچى ئاساس پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتۇر

ئەقىدە ئاساسلىرىدىن بۇ ئاساس ئۈستىدە توختۇلۇشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى ئۈچ ھەقىقەتنى بايان قىلىمىز:

بىرىنچى: پۈتۈن ئالەم ــ غايىب ئالەم، ئاشكارە ئالەم دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. غايىب ئالەم دېمەك: ئالەمدە بار نەرسىلەردىن كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان قەلبىدە «بار» دەپ تونۇيدىغان، خىيالىدىن كەتمەيدىغان ھەم ئەمەلىيەتتە بار نەرسىلەرگە ئوخشاش.

ئاشكارە ئالەم غايىب ئالەمنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا بولغان، كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان مەۋجۇت نەرسىلەردۇر ياكى كۆزىدىن باشقا سەزگۈ ئەزا (ئاڭلاش، سىلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش) بىلەن بىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر.

ئىككىنچى: ھاياتتىكى تەبىئەتنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىنسانغا غايىبقا ئىشىنىش مۇقىم بولۇپ كەتكەن نەرسە بولۇپ، ئەقلى ساق ئىنسان غايىبقا ئىشىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. پەقەت

ئۆزىنى ئەقىلسىز ھېسابلىغان، ئادەملىك ھۆرمىتىدىن ئايرىلىشنى، ئىنسانلىق شەرىپىدىن ۋاز كېچىشنى خالىغان، ياخشىلىق كەلمەيدىغان، شەھۋانىي ھايۋان بولۇپ قالغان ياكى ئاڭسىز، بىلىمسىز سايماندەك بولۇپ قالغان ئادەم غايىبقا ئىشەنمەيدۇ. سەۋەب: ئىنسان بولسا قويۇق جىسىم بولۇپ، ئۇ قايسى يەردە بولسا، شۇ يەرنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. بىر يەردە بولغاندا يەنە بىر يەردىمۇ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۆزى بولمىغان باشقا يەرلەر ئۇنىڭغا غايىب بولىدۇ. ھالبۇكى ئۆزى تۇرغان يەردىن باشقا يەردە بار بولغان نەرسىلەرگە ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. باشقا يەردە بار بولغان، ئەمما ئۆزىنىڭ كۆزى كۆرمىگەن نەرسىلەرگە راست خەۋەر ئارقىلىق ياكى شۇ نەرسىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىشەنمەي بولمايدۇ. (مەسىلەن: جۇڭگونىڭ سىرتىغا چىقمىغان بىر ئاتىزىمچى خەۋەر ياكى ئەسەر ئارقىلىق ۋاشىنگتون شەھىرىنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلالمايدۇ، كۆزۈم كۆرمىدى، دەپ تانالمايدۇ.)

ئىنسانغا ئىلىم ھاسىل بولۇش قورالى بولغان سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ كۈچى چەكلىك، بىلىشى مەلۇم دائىرە ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. ئىنساننىڭ ئاڭلاش كۈچى ئۈنلۈك ئاۋازلارغا باغلىق بولۇپ، ئاۋاز مۇئەييەن مىقداردا پەس بولسا، ئۇنى ئاڭلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

ئىنساننىڭ كۆرۈشى چوڭ جىسىملارغا باغلىق بولۇپ، جىسىملار بەك كىچىك ئىنچىكە بولسا، ئۇنى كۆرۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ. تۇتۇپ بىلىش كۈچىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ قويۇق جىسىملارنى سېزەلەيدۇ. بەك يەڭگىل نەرسىنى سىلاپ سېزەلمەيدۇ. ھەتتا ئىنساننىڭ ئەقلىمۇ ئەقىل بىلەن بىلىنىدىغان بەزى نەرسىلەرنى بىلىشتىن ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىشتىنمۇ ئاجىز كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا كۆز كۆرمىگەن، سېزىم ئەزاسىنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن بىلەلمىگەن شەيئىلەرگە راست دەپ ئىشەنمەي ئامال يوق، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئازراق بولسىمۇ ساقلىماقچى بولسا، ئۇ شەيئىلەرگە ئىشەنمەسلىككە ئىنساندا ئىختىيارمۇ يوق.

بەزى ئادەم بىر شەھەردە ياشايدۇ. ئۇ شەھەردىن باشقا يۇرتقا چىقىپ باقمىغان تۇرۇپ، باشقا ئونلارچە يۇرتلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. باشقا شەھەرلەرنى كۆزى كۆرمىگەندىن تاشقىرى، ئۇ شەھەرلەرنى كۆرگەنلەرنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ ئىشىنىدۇ. ئۇ ھالدا بۇ ھەقىقەتكە قانداق تانالايمىز؟! بەزى كىشىلەر پۈتۈن ئۆمرىدە پىل دېگەن ھايۋاننى كۆرمەيدۇ. كۆرگەن كىشىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ، پىل دېگەن ھايۋان بار دەپ ئىشىنىدۇ.

بەزى كىشىلەر يەر شارى، قۇياش ۋە يۇلتۇزلاردا بىر - بىرىنى تارتىش كۈچى بار دەپ ئىشىنىدۇ. ھالبۇكى تارتىش كۈچىنى كۆرۈش، سېزىش مۇمكىن ئەمەس.

بەزى ئادەمنىڭ دادىسى ئۇ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ۋاپات بولغاچقا دادىسىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، دادام بار ئىدى، دەپ ئىشىنىدۇ، ھەرگىز تانالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ غەيىبكە ئىشەنمەسلىكى ياكى غەيىبكە ئىشەنمەستىن ياشىيالايمەن دېيىشى كۈلكىلىك ئىشتۇر.

ئۈچىنچى: ئىنسان ئۆز ئىلمىنى، ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە سېزىملىرى ئارقىلىق ئالەمدە بار نەرسىلەردىن ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، ئەقىل بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئەقىل بىلەن بىلىدۇ. كۆرىنىدىغان، ئاڭلىنىدىغان، پۇراش، تېتىش بىلەن سىلاش، تۇتۇش بىلەن بىلىنىدىغان پۈتۈن ماددىي نەرسىلەرنى سېزىم ئەزالىرى بىلەن بىلىدۇ. راستلىقنىڭ ئەۋزەللىكىنى، يالغانچىلىقنىڭ رەزىللىكىنى، ئەقىل بىلەن بىلىدۇ. مۇمكىن ئەمەس نەرسىلەرنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ ئەقىل بىلەن بىلىدۇ. بىر يەردە بولغان نەرسىنىڭ شۇ

يەردە تۇرۇقلۇق يەنە بىر يەردە بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەقىل بىلەن بىلىدۇ. قانداق بىر جىسىمنىڭ ئىشغال قىلىدىغان بىر ئورنى بولماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يىڭىدىن ياسالغان قانداقلا نەرسىنىڭ ياسىغۇچىسى بولماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەقىل بىلەن بىلىدۇ. كېسەلنىڭ ساقىيىشىمۇ، ساقايماسلىقىمۇ، يوقالغان كىشىنىڭ قايتىپ كېلىشىمۇ، قايتىپ كەلمەسلىكىمۇ ئېھتىمال بولغاندەك ئىككى ئېھتىماللىق نەرسىلەرنىمۇ ئەقىل بىلەن بىلىدۇ.

كۆزنىڭ سېزىم كۈچى بىلەن كۆز كۆرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، كەڭلىكىنى، سۈپەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىدۇ.

قۇلاقنىڭ سېزىم كۈچى بىلەن ئاۋازلارنى بىلىدۇ ۋە ھەرخىل ئاۋازنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. خەۋەرلەرنى، مەنىلەرنى بىلىدۇ.

تېتىش سېزىمى بىلەن پۈتۈن تەملەرنى، تاتلىقنى، ئاچچىقنى، چۈچىمەلنى، باغلاشنى بىلىدۇ.

پۇراش كۈچى بىلەن خۇشبۇينى، سېسىقنى بىلىدۇ.

سىلاش، تۇتۇش سېزىمى بىلەن جىسىملارنىڭ يىرىك ـ يۇمشاق، ئىسسىق ـ سوغۇقلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇلار ئىنساننىڭ ئىلىم ـ تونۇش ھاسىل قىلىشىنىڭ يوللىرىدۇر. ئەقىل ۋە سېزىم ئەزالىرى ئارقىلىق ئىنسان مەرىپەت ھاسىل قىلىشقا قابىلىيەتلىكتۇر. ئىنسان بىر نەرسىگە ئەقىل ئىشلەتكەندىن كېيىن، ئۇ نەرسىگە بار ياكى يوق ياكى بار بولماي مۇمكىن ئەمەس، ياكى بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ياكى ئىككىلىسى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلالايدۇ.

ئىنسان بىر نەرسىگە قارىغاندىن كېيىن ئۇ نەرسە ئۇزۇن ياكى قىسقا، ئاق ياكى قارا دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، بىرەر ئاۋاز ئاڭلىغاندا، بۇ پالان كىشى ياكى پالان نەرسىنىڭ ئاۋازى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئىنسان ئۆزىنىڭ تونۇشىنى، ئالەمدىكى غايىب ۋە ھازىردىن ئىبارەت ئىككى خىل مەۋجۇد نەرسىلەردىن ئەقىل ۋە سېزىم ئارقىلىق ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن مەۋجۇد نەرسىلەردىن خالىس غايىب بولغانلىرىنى تونۇشنىڭ ۋە ئىشىنىشنىڭ يولى، پەقەت ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ياكى ئىز ـ ئەسەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا بولىدۇ.

دېمەك، بىر ئادەمگە يەنە بىر ئادەم پالانى ۋاپات بولدى ياكى سەپەرگە كەتتى ياكى سەپەردىن كەلدى دەپ خەۋەر قىلسا، ئۇ پالانى يىراقتا بولۇپ ئۇنى كۆرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپات قىلغان ياكى سەپەرگە كەتكەن ۋە ياكى كەلگەن ئەھۋالىنى بىلىش ئۇ كىشىگە ئەقىللىق ئادەمنىڭ خەۋىرى بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ.

بەزى ئادەم كەلكۈن سۇ ئېقىتىپ كەتكەن يارلىقتىن ئۆتىدۇ ياكى تاغ جىلغىسىدا سۇ تولۇپ ئاققىنىنى كۆرىدۇ. شۇ يەرگە يامغۇر ياققانلىقىنى يامغۇرنى كۆرمىسىمۇ دەرھال بىلىدۇ. ئۇ كىشىگە بۇ بىلىم پەقەت جىلغىلاردا سۇ ئېقىشى، ئېقىنلارنىڭ يارلىق بولۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئەسەر ــ يامغۇر ئەسىرى بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

بەزى ئادەم بىر يەردىن ئۆتكەندە خۇش پۇراق بىر ھاۋانى پۇرايدۇ، دەرھال بۇ يەردە ئەتىر بار ئوخشايدۇ ياكى خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك بار ئىكەن دەپ ئۇ نەرسىلەرنى كۆزى كۆرمىسىمۇ، بىر كىم خەۋەر قىلمىسىمۇ بىلىدۇ.

شۇنىڭدەك ئىنسان نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ. ئىشەنچىلىك كىشىلەرنىڭ خەۋىرى بىلەن ياكى شەيئىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوقۇم ئىشىنىش ھاسىل بولىدۇ، ئەسەر ئارقىلىق ئۇنىڭ بارلىقىغا راست ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئەقىلگە سىغىدىغان بىر ئىش، ئاسان بىر مەقسەت بولۇپ قالدى. چۈنكى پەرىشتىلەر گەرچە غايىب

مەخلۇقلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارلىقىغا، ئىنسان ئالدىدا غايىب نەرسىلەرنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنىڭ ھەممىسى دالالەت قىلىدۇ. ئۇ دەلىللەر بولسا، ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خەۋىرى ۋە مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت.

بۇ ئەمەلىيەتنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئېيتىمىزكى: ئەقىللىق ئادەمگە راستچىل كىشىلەر مۇنداق ھادىسە پەيدا بولدى، دەپ خەۋەر قىلىدىغان ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنىپ شۇ ھادىسىنى راست دەپ ئەقىدە قىلىدىغان ئىش دۇنيادا يوقمۇ؟

ئەقىللىق ئادەم يىراق يەردىن ئاۋاز ئاڭلايدىغان، ئاۋاز چىققان يەرنى كۆرمەيدىغان، ئاندىن شۇ ئاۋاز ئىگىسىنىڭ بارلىقىغا راست دەپ كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ئىشىنىدىغان ئىش يوقمۇ؟

بىر ئەقىللىق ئادەم بىر ئۆيدە ئۈستەل، سافا قويۇلغىنىنى كۆرىدۇ. قويغان ئادەمنى كۆرمىسىمۇ بۇ ئۈستەل، سافالارنى بىر كىم قويغانلىقىنى، ئۆزىچە قويۇلۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ ۋە ئىشەنمەمدۇ؟

ئەقلى بار بىر ئادەم بىر كىتابنى كۆرسە، ئۇنى يازغان مۇئەللىپىنى، كىتاب باسقان مەتبەئەنى كۆرمىسىمۇ، بۇ كىتابنى بىر يازغۇچى يازغان. مەلۇم باسمىخانىدا بېسىلغان دەپ بىلمەيدىغان ياكى شەك قىلىپ ئىككىلىنىپ قالىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟

مۇنداق چوقۇم ئىشىنىشلەر ئادەمگە خەۋەر ياكى ئەسەردىن ھاسىل بولىدۇ، ئەلۋەتتە. خەۋەر بىلەن ئەسەر بولسا، ھەرقانداق غايىبقا ئىشىنىشنىڭ ئەقلىي دەلىلىدۇر. شۇڭا پەرىشتىلەر توغرىسىدا ئېغىزىمىزنى چوڭ ئېچىپ سۆزلەيمىز ۋە مۇقەررەر قىلىمىز. پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى چوقۇم مۇقۇملاشقان ئەمەلىيەت بولۇپ، ھېچ قانداق ئەقىللىق ئىنساننىڭ بۇ ھەقىقەتنى يالغان قىلىشقا، يوققا چىقىرىشقا كۈچى يەتمەيدۇ.

ئەمما ئۆزىنىڭ ئىگىسى الله تائالاغا تانغان ۋە ئۆزىدە ئەقىل بارلىقىغىمۇ تانغان، ئۆزىنىڭ ئادەملىك ئىززەت ھۆرمىتىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھەتتا ئۆزىنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنمىگەن ئىنسانلارنى مىسقال پوققا تەڭ قىلمايمىز. ئۇلار مەيلى ئىشەنسۇن، مەيلى تانسۇن، مەيلى راست، مەيلى يالغان دېسۇن پەرۋا قىلمايمىز.

مانا خەۋەر بىلەن ئەسەر پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ، ئەقىللىق كىشىلەر نەخ ھازىر بولغان نەرسىلەر قاتارىدا بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان بارلىق غايىب نەرسىلەرگە خەۋەر ياكى ئەسەر ئارقىلىق ئىشىنىپ كەلمەكتە.

خەۋەرلەر:

1. پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى پەرىشتىلەرنى، جىنلارنى، ئىنسانلارنى ھەممىنى ياراتقۇچى الله تائالانىڭ خەۋەرلىرىدۇر. الله تائالانىڭ خەۋىرى يېتەرلىك دەلىل. چۈنكى ياراتقۇچى ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى بەك ئوبدان بىلىدۇ. الله تائالانىڭ خەۋەرلىرىنىڭ بىرسى، سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەتتە الله تائالانىڭ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ⟨مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن⟩ دېدى. پەرىشتىلەر: ⟨يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز⟩ دېدى. الله: ⟨مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن⟩ دېدى.» دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ خەۋەر پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالا بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئايەت پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا قەتئىي دەلىلدۇر. يەنە الله تائالانىڭ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: ⟨ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار⟩ دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى تەكەببۇرلۇق قىلدى ئۇ كافىرلاردىن بولۇپ كەتتى.»

دېگەن سۆزىدۇر. (سۈرە بەقەرە 34 ـ ئايەت) ئۇ ئايەتتە الله تائالا پەرىشتىلەرنى ھەزرىتى ئادەمگە سەجدە قىلىشنى (ھۆرمەت قىلىپ ئېگىلىشنى) بۇيرۇغانلىقىنى ۋە شەيتاندىن باشقىسى سەجدە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پەرىشتە بولمىسا، ئالەمدە يوق نەرسە بىر ئىشقا بۇيرۇلامدۇ؟ يوق نەرسە بۇيرۇقنى ئورۇنلامدۇ؟

يەنە الله تائالا سۈرە نىسا 172 ـ ئايەتتە: «مەسىھمۇ، (اللهغا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ اللهغا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. بۇ خەۋەردە اللهقا يېقىن پەرىشتىلەر الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدىغانلىقى، ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. يوق نەرسە بىر ئىشتىن باش تارتامدۇ؟ بىر كىمگە چوڭلۇق قىلامدۇ؟

يەنە سۈرە زۇخرۇف 19 ـ ئايەتتە الله تائالا: «ئۇلار مەرھەمەتلىك اللهنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرگە قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى، الله پەرىشتىلەرنى ياراتقاندا، ئۇلار ئۇستىدە بارمىدى؟ (يەنى ئۇلار پەرىشتىلەرنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى قايەردىن بىلىدۇ؟) ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى (ئۇلارنىڭ نامە ـ ئەمالىغا) يېزىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ» دېدى.

بۇ خەۋەردە الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ «پەرىشتىلەر چىشى مەخلۇق ...» دېگەن يالغان ئويدۇرما سۆزىگە قارشى ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر پەرىشتىلەر مەۋجۇت بولمىسا، مۇشرىكلارنى بۇنداق ئەيىبلەش ئەقىلغا سىغامدۇ؟!

يەنە الله تائالا سۈرە نەجم 26 ـ ئايەتتە: «ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. پەقەت الله ئۆزى خالىغان ۋە رازى بولغان ئادەمگە شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شاپائىتى ئەسقاتىدۇ» دېدى. الله تائالا بۇ خەۋەردە الله تائالا رۇخسەت قىلمىغۇچە پەرىشتىلەرنىڭ بىر كىمگە شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېدى. پەرىشتىلەر مەۋجۇت بولمىسا، پەرىشتە شاپائەت قىلىدۇ ، قىلمايدۇ دەپ خەۋەر قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

الله تائالانىڭ پەرىشتىلەر توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرى بەك كۆپ، ھەممىسى پەرىشتىلەرنىڭ سۈپەتلىرى، ئەھۋالى، ئىبادەتلىرى، ئىش ۋەزىپىلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. مۇشۇنچە خەۋەرلەر پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا چوقۇم دالالەت قىلمامدۇ؟ ئەلۋەتتە دالالەت قىلىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەر توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرى، پەرىشتىلەر تەرەپتىن سۆزلەنگەنلىرى ئۇلارنى سۈپەتلىشى، ئۇلار ئارقىلىق ۋەھىي تاپشۇرۇۋېلىشى قاتارلىقلار بولۇپ، مۇنداق ۋەقەلەر كۆپتۇر. بۇنىڭدىن بىز مۇتەۋاتىر (گۇمانسىز قەتئىي راست) بولغانلىرىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە كاتتىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىپ ئوتتۇرىدا قويىمىز.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئىت بار ئۆيگە، سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ» دېدى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ، ئەللۇئلۇئۇۋەلمەرجان) يەنە رەسۇلۇللا: «ئادەم باللىرى ئازار يېگەن نەرسىدىن پەرىشتىلەرمۇ ئازار يەيدۇ» دېدى. (ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانىڭ يەر يۈزىدە ساياھەت قىلىپ يۈرۈيدىغان پەرىشتىلىرى بار، ماڭا ئۈممىتىمدىن سالام يەتكۈزىدۇ» دېدى. (ئىمامى ئەھمەد، نەسەئى رىۋايىتى)

يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئىمام ئامىن دېگەندە سىلەرمۇ ئامىن دەڭلار، پەرىشتىلەرمۇ ئامىن دەيدۇ. كىمنىڭ ئامىن دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ ئامىن دېيىشىگە ئۇدۇل كەلسە ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ» دېدى. (مۇتتەپەقۇن ئەلەيھ، ئەللۇئلۇئۇۋەلمەرجان)

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىپ: «ئى الله! ئى جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسرافىللارنىڭ

ياراتقۇچى ئىگىسى، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، ئى ھازىرنى ۋە غايىبنى بىلگۈچى، بەندىلىرىنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئۇلار ئارىسىدا ئۆزۈڭ ھۆكۈم قىلىسەن، بىزنى ئىختىلاپ قىلىنىمىغان ھەق يولغا باشلىغىن. ئىزنىڭ بىلەن، پەقەت سەن ئۆزۈڭ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايسەن» دەيتتى. (ئىمامى مۇسلىم ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلدى)

شۇنىڭدەك رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈم پەرىشتىسى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بولغان پەرىشتىلەر توغرىسىدىن، روھ توغرىسىدىن ۋە قەبرىدە سوراق قىلىدىغان ئىككى پەرىشتە تەرەپتىن ۋە ئىنسانلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى پەرىشتىلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ ياخشى، يامان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى خاتىرىلىگۈچى ئۇلۇغ پەرىشتىلەر توغرىسىدىن ۋە جەننەت ئىشلىرىغا مەسئۇل رىزۋان ئىسىملىك پەرىشتە توغرىسىدىن ۋە دوزاخ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان مالىك ئىسىملىك پەرىشتە تەرەپتىن ۋە باشقا پەرىشتىلەر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان راست، مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر سۆزلەندى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ، بىرەر ئىنسانغا اللە تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقىدەك خەۋەرلىرى يەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئالەمدە بۇلاردەك راست خەۋەرلەرمۇ يوق تۇرۇقلۇق ئۇ ئىنساننىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەسلىكى ئەقىلگە سىغامدۇ؟ قائىدىگە توغرا كېلەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز توغرا كەلمەيدۇ.

# ئەسەرلەر

پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا كەسكىن دالالەت قىلىدىغان ئەسەرلەر بەك كۆپ. ئۇنىڭ بىر قىسمىنىلا بايان قىلىمىز: كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان اللەنىڭ كىتابى قۇرئاننىڭ سۈرىلىرى، ئايەتلىرى، ئىلىملىرى، مەرىپەتلىرى، ھەر كىمنى تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز قىلىش كۈچى بولسا، پەرىشتىلەر ئەسەرلىرىدىن بىر ئەسەردۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى ۋاستە ئارقىلىق تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى. قۇرئان اللە تائالادىن رەسۇلۇللاغا چۈشۈشتە ۋاستىسىز چۈشمىگەن، ۋاستە نېمە؟ ۋاستىنىڭ جىبرىئىل پەرىشتە ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننى چۈشۈرگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلغان اللە تائالا ئۆزى خەۋەر قىلىپ سۈرە شۇئەرا 192 ـ ئايەتتىن 195 ـ ئايەتكىچە: «شۈبھىسىزكى قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلدا (نازىل بولدى).» دېدى.

ئۆلۈم پەرىشتىسى بىزنى ھەركۈنى تۈيۈقسىز تۇتىۋاتىدۇ. جېنىمىزنى بەدەندىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ھاياتىمىزنى تۈگىتىۋاتىدۇ. ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ جان ئېلىشىغا راست دەپ ئىشىنىشىمىز ئۈچۈن ئۇنى كۆز بىلەن كۆرۈش شەرتمۇ؟ ھالبۇكى ئۇنىڭ كۈندىلىك قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ تەسىرى بىزگە ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشلارغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئەزرائىلنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئۈچۈن ئۇنى كۆرۈش شەرت ئەمەس. ئەگەر بىز بىزنى ياراتقۇچى ئىگىمىزدىن بىزنىڭ جانلىرىمىزنى كىم تاپشۇرۇپ ئالىدۇ؟ دەپ سورىساق اللە تائالا بىزگە جاۋاب بېرىپ: «ئېيتقىنكى، 〈سىلەرنىڭ (جېنىڭلارنى ئېلىشقا) مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر〉.» (سۈرە سەجدە 11 ـ ئايەت)

مۇندىن باشقا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا بىر قانچە قېتىم كۆرۈنگەن، ھالبۇكى بۇ ئىككىسى كاتتا پەرىشتىلەردىندۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم مەدىنىدىكى رەسۇلۇللانىڭ مەسجىدىگە كىرگەن، شۇ چاغدا ئۇنلارچە كىشى ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ مەسجىدتە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تىزىنى رەسۇلۇللانىڭ تىزىغا تەككۈزۈپ، قولىنى يوتىسى ئۈستىدە قويۇپ (ھۆرمەت بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ) رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن سۇئال سورىدى، رەسۇلۇللا جاۋاب بەردى: يەنى ئىمان دېگەن نېمە؟ ئىسلام نېمە؟ ياخشىلىق قىلىش دېگەن نېمە؟ قىيامەتنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى نېمىلەر دەپ سورىدى، جىبرىئىل بۇ چاغدا ئادەم سۈرىتىدە ئىدى، شۇنىڭدەك ئەزرائىلنى كېسەلنىڭ جېنىنى ئالغىلى يېقىنلاشقاندا كېسەلنىڭ ئۇنى كۆرىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىرىلگەن گۇمانسىز، چوقۇم راست (مۇتەۋاتىر) خەۋەرلەر كۆپ. بەزى كېسەللەر ئۆلۈم پەرىشتىسىنى كۆرگەنلىكىنى قېشىدا تۇرغانلارغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن جان ئۈزگەن ئەھۋاللارمۇ كۆپ.

## پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر

پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا يۇقۇرقى دەلىللەرنى كۆرسىتىش بىلەن يەنە زىيادە دەلىللەرگە ھاجەت قالمىغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش مۇمىن ئەقىدە ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۇرۇشكە باشلاپ ئېيتىمىزكى، الله تائالا ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز كىتابىدا بىر قانچە ئايەتتە سۆزلىدى. جۈملىدىن پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئەقىدىسىنى سۆزلەپ سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەتتە مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۇرۇشۇڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۇرۇش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل- مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.»

يەنە الله تائالا سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەتتە: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللهغا ۋە اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) 〈اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)〉 دەيدۇ. ئۇلار: 〈بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر〉دەيدۇ.» دېدى.

يەنە الله تائالا سۈرە نىسا 136 ـ ئايەتتە: «ئى مۇئمىنلەر! اللهغا اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله

ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اﷲنى اﷲنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ» دېدى.

شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئىماننىڭ ئالتە ئاساسىنى سۆزلەپ بەرگەندە، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشنى ئالتە ئاساسنىڭ بىرى قىلىپ سۆزلەپ بەردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ راست ئېيتتىڭىز دېدى. چۈنكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن يۇزلەرچە ساھابە بار يەردە ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ كېلىپ سورىغان ئىدى. جىبرىئىل قايتقاندىن كېيىن رەسۇلۇللا ساھابىلارغا ھېلىقى سۇئال سورىغان كىشى جىبرىئىل ئىدى، دەپ خەۋەر بەردى.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش مۆمىن ئەقىدىسى ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس دەپ تونۇماي ئىمان تولۇق بولمايدۇ. پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا شەك بىلەن قارىغان ياكى كىشىگە شەك تاشلىغان ئادەم يالغانچى كاپىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسلامدىن بىر نەرسە يوق. ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئورۇن يوق، چۈنكى ئۇ اﷲ تائالانى، رەسۇلۇللانى، مۆمىنلەرنى يالغانچى قىلدى ھەم ئەقىلنىڭ ھۆكۈمىگە ۋە ئاشكارە قايىل بولىدىغان مەسىلىلەرگە قايىل بولمىدى.

## پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى

مالائىكە (پەرىشتىلەر) «مەلەك» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ئەسلى «الوكە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. الوكە (ئەلوكەت) ئەلچىلىك مەنىسىدە، پەرىشتە دېمەك ئەلچى دېمەكتۇر. پەرىشتىلەر بولسا چوڭ ھەم سانى كۆپ مەخلۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى اﷲ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. اﷲ تائالا ئۇلارنى نۇردىن ياراتقان. ياخشىلىققا تەبئىي خۇيلاندۇرغان، شۇڭا ئۇلار يامانلىق دېگەن نەرسىنى تونۇمايدۇ، يامانلىق قىلمايدۇ، يامانلىق قېشىغا يېقىن كەلمەيدۇ. كىشىنى يامانلىققا بۇيرۇمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ياراتقان ئىگىسىگە دائىم ئىتائەت قىلىدۇ. اﷲنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى قىلىدۇ. كېچە ۋە كۈندۈز بوشاشماي تەسبىھ ئېيتىدۇ. اﷲ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن زېرىكمەي قالمايدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يارىتىلىشى تەرەپتىن خەۋەر قىلىپ: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى. جىنلار ئوت يالقۇنىدىن يارىتىلدى. ئادەم بولسا سىلەرگە چۈشۈرۈلگەن نەرسىدىن (تۇپراقتىن) يارىتىلدى» دېدى. (ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتى)

## پەرىشتىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئەۋزەللىكى

پەرىشتىلەرنىڭ اﷲ تائالاغا يېقىنلىقىدا بىر - بىرىدىن ئىنسانلاردەك ياكى بەكراق پەرىقلىقتۇر. پەرىشتىلەر ئارىسىدىن مۇقەررەبلەر بار. اﷲ تائالا سۈرە نىسا 172 ـ ئايەتتە: «مەسىھمۇ، (اﷲغا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ اﷲغا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ،

كىملەركى اللهغا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ.» دېدى.

پەرىشتىلەر ئىچىدىن الله تائالانىڭ ئەرشىنى كۆتۈرىدىغانلىرىمۇ بار، الله تائالا بۇ ھەقتە: «پەرىشتىلەر ئاسمانىنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.» دېدى. (سۈرە ھاققە 17 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر ئىچىدىن پەيغەمبەرلەر بار ۋە باشقىلار بار، پەرىشتىلەرنىڭ ئەۋزىلى جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسرافىل، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملاردۇر. ھەممىدىن شەرەپلىكراقى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر.

## پەرىشتىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى

پەرىشتىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى بەك كۆپ ۋە كۆپ خىلدۇر. تۆۋەندىكىلەر قۇرئاندا ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان، پەرىشتىلەرنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە ئىشلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، الله تائالا ئۇلارغا ئىبادەتتە ۋە ئىتائەتتە بولۇش ئۈچۈن تەيىنلىگەن ئىشلاردۇر.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام. ئۇنى مۇقەددەس روھ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. الله تائالا بۇ پەرىشتىنى كۈچلۈك، ئىشەنچىلىك بەندە دەپ سۈپەتلەپ: «قۇرئان ھەقىقەتەن (اللهنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، اللهنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچىلىكتۇر.» (سۈرە تەكۋىر 19 ـ ئايەتتىن 21 ـ ئايەتكىچە) دېدى.

الله تائالا جىبرىئىلنى ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىگە خاس قىلدى. ئۇ بولسا، الله تائالا بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ئەلچىلىك، ۋاستىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. جىبرىئىل پەيغەمبەرلەرگە الله تائالادىن ۋەھيى ئېلىپ كېلەتتى. الله تائالا بۇ توغرىسىدا: «شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى.» دېدى. (سۈرە شۇئەرا 192 ـ ئايەتتىن 194 ـ ئايەتكىچە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىشەنچىلىك ھەدىستە: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بارلىق ئالەمدىكى سەپەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدا يەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىدە مەككىدىن بەيتۇل مۇقەددەسكە، ئۇ يەردىن ئاسمانلارغا ئېلىپ چىقىلغان مىئراج سەپىرىدە رەسۇلۇللاغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

2. مىكائىل. ئۇنىڭغا الله تائالا تاپشۇرغان ۋەزىپە يامغۇر بىلەن ئۆسۈملۈككە مەسئۇل بولۇشتۇر.

3. ئىسرافىل. ئۇنىڭغا الله تائالا تاپشۇرغان ۋەزىپە قىيامەت كۈنىدە سۇر تارتىشتۇر.

4. ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەزرائىل. ئۇ بولسا جانلارنى تاپشۇرۇۋېلىشقا مەسئۇلدۇر. ئۇنىڭغا ياردەمچى باشقا پەرىشتىلەرمۇ بار. بۇ توغرىدا الله تائالا: «الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ سىلەرگە ساقلىغۇچى پەرىشتىلەرنى (يەنى قىلغان- ئەتكەننى خاتىرلەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەرنى)ئەۋەتىدۇ، بىرىڭلارغا ئۆلۈم كەلسە، ئۇنى بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز قەبزى روھ قىلىدۇ.ئۇلار (اللهنىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتا) بىپەرۋالىق قىلمايدۇ .» دېدى. (سۈرە ئەنئام 61 ـ ئايەت)

5. ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ ياردەمچىلىرى. ئۇلار ئىككى تۈرلۈك. بىر بۆلۈكى رەھمەت پەرىشتىسى، يەنە بىر بۆلۈكى ئازاب پەرىشتىسى. بۇلار ئۆلۈم پەرىشتىسى بىلەن بىللە بولىدۇ. الله تائالانىڭ (ئەلچىلىرىمىز تاپشۇرۇۋالىدۇ) دېگەن سۆزىدىكى ئەلچىلەر بۇلاردۇر.

6. ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچىلاردۇر. بۇلار تۆت پەرىشتىدۇر. قىيامەت كۈنى بولغاندا بۇلارغا يەنە تۆت قوشۇلۇپ سەككىز بولىدۇ. الله تائالانىڭ: «ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ » (سۈرە غافىر 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. يەنە الله تائالانىڭ: «پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.» سۈرە ھاققە 17 ـ ئايەت). دېگەن سۆزى دەلىلدۇر.

7 رىزۋان. ئۇ بولسا جەننەتنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ھەم جەننەت خادىملىرىنىڭ باشلىقىدۇر.

8. جەننەتنىڭ رىزۋاندىن باشقا خادىملىرى. ئۇلارنىڭ سانىنى الله تائالادىن باشقىسى بىلمەيدىغان خادىم پەرىشتىلەر. الله تائالا بۇلار ھەققىدە: «ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) ⟨سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمدېگەن ئوبدان! ⟩دەيدۇ.» (سۈرە رەئىدە 23 ـ، 24ـ ئايەتلەر)

ھەدىستە كەلدى، جەننەتكە كىرگەن ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن خادىملار بار، سانى سەكسەن مىڭدىن ئاز ئەمەس» تىرمىزى رىۋايىتى. بۇ خادىملارنىڭ ۋەزىپىسى جەننەتتىكىلەرگە خىزمەت قىلىشتۇر.

9. زەبانىيە. بۇلار 19 پەرىشتە بولۇپ، ئۇلارنى الله تائالا دوزاخقا مەسئۇل قىلغان، دوزاخقا مەھكۇم بولغانلارنى ئازابلايدۇ.

الله تائالا: «ئۇنى مەن سەقەرگە (يەنى دوزاخقا) سالىمەن. سەقەرنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ ھېچ نەرسىنى قالدۇرمايدۇ، قويمايدۇ (بەلكى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ ). ئۇ (چوڭلۇقىدىن) ئىنسانلارنىڭ (كۆزلىرىگە يىراق مۇساپىلەردىن) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئون توققۇز پەرىشتە مۇئەككەلدۇر. بىز دوزاخ مۇئەككەللىرىنى پەقەت پەرىشتىلەردىن قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ سانىنى كاپىرلارغا سىناق قىلدۇق.» (سۈرە مۇدەسسىر 26 ـ ئايەتتىن 34 ـ ئايەتكىچە) دېدى. بۇ پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى «مالىك» دەپ ئاتىلىدۇ. الله تائالا دوزىخىلار توغرىسىدا سۆزلەپ: «ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): ⟨ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن⟩ دەپ تووۋلايدۇ. مالىك: ⟨سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر⟩ دەيدۇ. بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن)نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن)نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر.» دېدى. (سۈرە زۇخرۇف 77 ـ، 78 ـ ئايەتلەر)

10. يازغۇچى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر، بۇلارنىڭ ئىشى ئىنسانلارنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى يېزىپ خاتىرىگە بېكىتىشتۇر. دىن ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوڭ تەرەپتە بىر پەرىشتە بولۇپ، ياخشى ئىشلىرىنى يازىدۇ، سول تەرەپتە بىر پەرىشتە بولۇپ، يامان ئىشلىرىنى يازىدۇ، الله تائالا بۇ توغرىدا «ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (اللهنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ

تۇرىدۇ.» دېدى ( سۈرە ئىنفىتار 10 ـ ئايەتتىن 12 ـ ئايەتكىچە)

ئىشەنچىلىك ھەدىستە: «رەسۇلۇللا: قايسى بىرىڭلار نامازغا تۇرغاندا ئۇدۇلۇڭلارغا تۈكۈرمەڭلار، چۈنكى ناماز ئوقۇغۇچى ناماز ئورنىدا تۇرغان داۋامدا الله تائالا بىلەن سۆزلىشىدۇ. نامازدا ئوڭ تەرىپىڭلارغىمۇ تۈكۈرمەڭلار، ئوڭ تەرەپتە پەرىشتە بار، چەپ تەرەپكە ياكى تاپىنى ئاستىغا تۈكۈرۈشى كېرەك» دېگەن ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ، ئەللۇئلۇئۇۋەلمەرجان).

11. ساقلىغۇچىلار. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى جىن - شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلاشتۇر.

الله تائالا سۈرە رەئىد 11ـ ئايەتتە: «ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى، كەينىدە الله تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار» دېدى. ئاببباس ئوغلى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتكە تەپسىر قىلىپ، «ئۇلار ئىنساننى ئالدى ـ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان پەرىشتىلەر بولۇپ، ئىنسانغا الله تائالا قەدەردە بېكىتكەن بىر ھادىسە كەلگەندە ئۇلار ئىنساندىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.» دېدى. مۇجاھىد ئېيتتى: پەرىشتىلەر ئىنساننى ئۇيقۇدا ۋە ئويغاقلىقىدا جىندىن، ئىنسانلاردىن، زەھەرلىك ھاشارەتتىن ساقلايدۇ.

12. ئاياللارنىڭ رەھىمى (بالا ياتقۇسى)غا مەسئۇل قىلىنغان پەرىشتىلەر، ئىمامى بۇخارى بىلەن ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالام: «الله تائالا ئايال كىشىنىڭ رەھمىگە بىر پەرىشتىنى مەسئۇل قىلىدۇ، پەرىشتە الله تائالاغا: ئى رەببىم! بۇ بالا مەنىلىق ھالەتتە، دەيدۇ، مەنى قانغا ئايلانغاندا، ئى رەببىم! بۇ بالا قويۇق قان، دەيدۇ. ئاندىن ئى رەببىم! بۇ بالا رىزە گۆش، دەيدۇ (ئۆز ۋەزىپىسىدىن دوكلات بېرىپ تۇرىدۇ). الله تائالا ئۇ مەنى سۈنى رەسمى ئادەم سۈرىتىگە كەلتۈرمەكچى بولغاندا، پەرىشتە، ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ بالا ئوغۇل بولامدۇ ياكى قىز بولامدۇ؟ بۇ بالا شەقى (كاپىر) بولامدۇ ياكى سەئىد (مۆمىن، سالىھ) بولامدۇ؟ بۇنىڭ رىزقى قانداق بولىدۇ؟ ئۆلۈم قارارى قانچە يىل؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتە الله تائالا بۇيرۇغان بويىچە بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ھەممىنى يازىدۇ» دېدى (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ، ئەللۇئلۇئۇۋەل مەرجان).

13. تاغلارغا مەسئۇل پەرىشتىلەر. ئىمامى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللا ئېيتتى: «مەن تائىپتىن مەئيۇسگە قايتىپ كەلگەندە، تاغلارغا مەسئۇل قىلىنغان پەرىشتە مېنى قىچقىرىپ: ئى مۇھەممەد! بۇ تاغ سەن خالىغان ئىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر سەن ئىختىيار قىلساڭ مۇشۇ ئىككى تاغنى مەككىدىكى مۇشرىكلار ئۈستىگە باستۇرىمەن» دېدى.

14. يەر يۈزىدە ساياھەت قىلىپ يۈرىيدىغان پەرىشتىلەر بار. بۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىنىڭ رەسۇلۇللاغا ئېيتقان سالام ۋە رەھمەتلىرىنى رەسۇلۇللاغا يەتكۈزىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «الله تائالانىڭ يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرىيدىغان بىر بۆلۈك پەرىشتىلىرى بار، ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ سالامىنى ماڭا يەتكۈزىدۇ. (بۇ ھەدىسنى ئىمامى ئەھمەد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلدى)

15. مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان پەرىشتىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ الله تائالا تەرەپتىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىسى، بىر مۆمىن ئادەم يەنە بىر مۆمىن بۇرادىرىگە يوق يېرىدە دۇئا قىلسا، پەرىشتە ئېيتىدۇ: «ئى الله! بۇ بەندەڭنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغىن، ئى مۆمىن! ساڭىمۇ ئاشۇ تىلىكىڭنىڭ ئوخشىشى بولسۇن» دەپ، يەنە ئىمامى مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز بۇرادىرى ئۈچۈن يوق يېرىدە قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ. ھەر مۇسۇلمان قېشىدا دۇئاغا مۇئەككەل پەرىشتە بار. مۇسۇلمان ئادەم

مۇسۇلمان بۇرادىرىگە ياخشىلىققا دۇئا قىلسا، مەسئۇل پەرىشتە، ئى الله! ئىجابەت قىلغىن، ئى مۇسۇلمان ساڭىمۇ سەن ئۇنىڭغا تىلىگەندەك ياخشىلىق بولسۇن! دەيدۇ» دېدى.

16. ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن جانلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىدىغان پەرىشتىلەر، ئىمامى مۇسلىم ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «مۆمىن بەندىنىڭ روھىي بەدىنىدىن چىققاندا ئىككى پەرىشتە جېنىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىدۇ» دېدى ۋە رەسۇلۇللا مەزكۇر روھنى خۇش پۇراق ۋە ئىپار پۇراپ تۇرىدۇ، دېگەن ئىدى. ئاسمان پەرىشتىلىرى ئالقىشلاپ: زېمىندىن چىققان بۇ جان بەك ياخشى خۇش پۇراق ئىكەن. الله تائالا ساڭا ۋە سەن ياشاتقان بەدەنگە رەھمەت قىلسۇن! دەيدۇ. ئاندىن مەزكۇر پەرىشتە جاننى پەرۋەردىگارى تائالا تەرەپكە ئېلىپ ماڭىدۇ. الله تائالا: «بۇ جاننى ئۆز ئورنىغىچە ئېلىپ بېرىڭلار!» دەيدۇ. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام كاپىر ئىنساننىڭ روھى توغرىسىدا بۇنىڭ ئەكسىنى سۆزلىدى. (ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتى)

17. مۇنكەر، نەكىر ئىسىملىك پەرىشتىلەر. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋاپات بولغان ئادەملەردىن قەبرىدە سوئال سوراپ: «سېنى ياراتقان ئىگەڭ كىم؟ قايسى دىندا سەن؟ پەيغەمبىرىڭ كىم؟» دەپ سوراق قىلىشتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللا سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندا، ئۇنىڭغا قاپقارا، كۆك كۆز ئىككى پەرىشتە كېلىدۇ، بىرىنى مۇنكەر، بىرىنى نەكىر دېيىلىدۇ. بۇ مۇنكەر ــ نەكىر ئىككى پەرىشتە مۇنداق دەيدۇ: سەن بۇ كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ بەندە ئادىتى بويىچە ئۇ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئالچىسى. الله دىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد اللهنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ، پەرىشتىلەر : بىز سېنىڭ سۇنداق دېيىشىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتۇق، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قەبرىسى 70 گەزدە 70گەز كەڭرى قىلىنىپ نۇرلىنىدۇ. ئاندىن ئۇخلا! دېيىلىدۇ. ئۇ مەن قايتىپ ئەھلى باللىرىمغا خەۋەر قىلىمەن دەيدۇ. ئۇلار ئۇخلا دېگەندىكىن، يېڭىدىن توي قىلغان، بەختىلىك كىشى ئۇخلىغاندەك ئۇخلا!، ئۇنى پەقەت ئەھلىدىن ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان كىشى ئويغۇتىدۇ، الله سىنى بۇ جايىڭدىن تىرىلدۈرۈپ قوپۇرغانغا قەدەر شۇنداق، بەختىلىك ھالەتتە ئۇخلا! دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى مۇناپىق بولسا، مەن كىشىلەرنىڭ بىر سۆزنى دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ شۇنداق دەپ قويغان، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ. ئۇ ئىككى پەرىشتە: بىز سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭنى بىلەتتۇق، دەيدۇ. ئاندىن زېمىنغا تارايغىن، گىرەلەشكىن دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ قەبرىسىدىن ئىبارەت زىمىن شۇنداق تارىيدۇكى، قوۋۇرغىلىرى بىر ــ بىرىگە كىرىشىپ كېتىدۇ. الله ئۇنى شۇ جايىدىن تېرىلدۈرگەنگە، يەنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇ شۇنداق ئازابلىنىدۇ. (تىرمىزى توپلىغان)

پەرىشتىلەرنىڭ ئىشلىرى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى تەكشۈرسەك ۋە پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە ئىشلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەرنى ئويلاپ كۆرسەك، چوقۇم ئېيتالايمىزكى، پۈتۈن ئالەم، ئاسمان جىسىملىرى ۋە يەر شارى مەخلۇقلىرىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملىق باشقۇرۇش الله تائالانىڭ رۇخسىتى ۋە ئىختىيارى بىلەن پەرىشتىلەرگە تاپشۇرۇلغان.

رەسۇلۇللا ئېيتتى: «ئاسمان ئىنجىقلاپ كەتتى ۋە شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئاسماندا ھەر تۆت بارماق ئورنى مىقتاردا يەردە بىر پەرىشتە بېشىنى قويۇپ الله تائالاغا سەجدە قىلىدۇ.»

## پەرىشتىلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرى

پەرىشتىلەر تەن قۇرۇلۇشى تەرەپتىنمۇ، سۈپەت، خۇسۇسىيەت تەرەپتىنمۇ خاس غايىب (سىزىم ئەزالىرى بىلگىلى بولمايدىغان مەخلۇق) جۈملىسىدىن بولۇپ، ئەقلىي دەلىل ۋە شەيئى دەلىللەر ئۇلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ۋە ئەھۋالىغا راست دەپ ئىشىنىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەقلىي دەلىل، شەرئىي دەلىل دېگىنىمىز، باشتا ئېيتقان راست خەۋەرلەر ۋە ئەسەرلەردىن ئىبارەت. شەرئىي دەلىلدىن ئىبارەت راست خەۋەرلەر ئارقىلىق پەرىشتىلەرنىڭ كۆپ سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋالىنى بىلىۋالدۇق، ئۇنى بۇ يەردە مۇقەررەرلەشتۈرۈپ ئېيتىمىزكى:

1. پەرىشتىلەر ئىنتايىن ھايالىق مەخلۇقلاردۇر. دېمەك پەرىشتىلەر ئۆز ئەھۋالىغا لايىق ھايا قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرىشتىلەر ھايا قىلغان ئادەمدىن مەن ھايا قىلمايمەنمۇ؟!» دېدى، ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى ئىدى. بۇ راست خەۋەر پەرىشتىلەردە ھايا قىلىش سۈپىتى بارلىقىغا دەلىلدۇر.

2. پەرىشتىلەرنىڭ رەنجىشى. پەرىشتىلەرمۇ ئىنسانلاردەك يامان سۆز، يامان ئىشتىن رەنجىيدۇ. ئىمامى مۇسلىمنىڭ ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ھەر كىم سامساق، پىياز، كۈدە قاتارلىق ناچار پۇراقلىق كۆتاتنى يېسە، بىزنىڭ مەسجىدىمىزگە ھەرگىز يېقىن كەلمىسۇن! چۈنكى پەرىشتىلەر ئادەم بالىلىرى سەسكەنگەن نەرسىدىن سەسكىنىدۇ» دېدى. يەنە سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئىت بار ئۆيگە، سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ» دېدى. پەرىشتىلەرنىڭ ئىت بار، سۈرەت بار ئۆيگە يامان كۆرۈپ كىرمەسلىكى ئۇلارنىڭ مۇشۇ يامان كۆرۈلىدىغان نەرسىلەردىن ئازار يەيدىغان، سەسكىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئادەمگە پەيدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ پەرىشتىلەردە يوقلىقى. ئادەمگە پەيدا بولىدىغان ئاچلىق، كېسەل، تاماق يېيىش، ئۇخلاش، چارچاپ قىلىشتەك ئىشلار پەرىشتىلەردە يوق. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭغا لازىم كېلىش يولى بىلەن دالالەت قىلىدىغان دەلىللەر بار. ئۇ بولسا، اللہ تائالانىڭ «ئۇلار كېچە- كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىدۇ، بوشاشمايدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 20 ــ ئايەت)

كېچە ــ كۈندۈز بوشاشماي تەسبىھ ئېيتىش ئۇچۇن ئۇخلىماسلىق، يېمەسلىك، ھېرىپ قالماسلىق لازىم.

4. پەرىشتىلەرنىڭ اللہ تائالادىن قورقۇشى. پەرىشتىلەر اللہ تائالادىن قورقىدۇ. بۇنى قۇرئان كەرىم: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھايۋاناتلار، پەرىشتىلەر اللہغا سەجدە قىلىدۇ، ئۇلار (اللہغا سەجدە قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ.» (سۈرە نەھل 49 ـ، 50 ــ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتتە ئىسپاتلايدۇ. يەنە اللہ تائالانىڭ: «اللہ ئۇلار (پەرىشتىلەر)نىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار اللہ رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللہنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 28 ــ ئايەت) دېگەن سۆزى ئىسپاتلايدۇ.

5. پەرىشتىلەرنىڭ اللہ تائالاغا بويسۇنۇشى. پەرىشتىلەر اللہ تائالاغا دائىم بويسۇنىدۇ، ھېچ ھالەتتە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. اللہ تائالاغا ئاسىي بولمايدۇ. بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ. يەنە اللہ تائالا: «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار): ⟨اللہنىڭ (پەرىشتىلەردىن) بالىسى بار⟩ دېيىشتى ئۇنداق ئەمەس. اللہ (بۇنىڭدىن) پاكتۇر، (پەرىشتىلەر اللہنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار اللہغا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللہنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 26ـ، 27ـ ئايەتلەر) دېدى.

6. پەرىشتىلەرنىڭ ﷲ تائالا ياخشى كۆرگەن بەندىلەرنى ياخشى كۆرۈشى. پەرىشتىلەر ﷲ تائالا ياخشى كۆرگەن بەندىلەرنى ۋە ئىشلارنى ئۆز ھالىغا لايىق ۋە ئۆز ۋۇجۇدىغا لايىق ياخشى كۆرىدۇ. ﷲ تائالا ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى پەرىشتىلەرنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقى سەھىھۇل بۇخارى ۋە مۇسلىمدا نەقىل قىلىنغان ئىشەنچلىك ھەدىستە بايان قىلىنغان. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ﷲ تائالا بىر بەندىسىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ، ﷲ تائالا پالانى بەندىنى دوست تۇتتى. سەنمۇ ئۇنى دوست تۇتقىن، دەيدۇ. جىبرىئىلمۇ دوست تۇتىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل پۈتۈن ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنى چاقىرىپ ﷲ تائالا پالانى بەندىسىنى دوست تۇتتى، سىلەرمۇ دوست تۇتۇڭلار! دەيدۇ. پۈتۈن ئاسماندىكىلەر ئۇ بەندىنى دوست تۇتىدۇ. ئۇ كىشىگە يەر يۈزىدىمۇ مەقبۇللۇق بېرىلىدۇ. (يەنى ئۇ بەندىنى دۇنيادىكى مۆمىن سالىھلار ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ) (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ، ئەللۇئلۇئو ۋەلمەرجان)

7. پەرىشتىلەرنىڭ دۇئا قىلىشى ۋە لەنەت ئوقۇشى. پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى ﷲ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ ۋە تىلەيدۇ. بۇ ھەقتە ﷲ تائالا: «ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) ‹پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن›.» (سۈرە غافىر 7-ئايەت) دېدى.

پەرۋەردىگارىمىز ﷲ تائالا لەنەت قىلغانلارغا پەرىشتىلەرمۇ لەنەت قىلىدۇ، ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، كافىر بولۇپ كافىر پېتى ئۆلگەنلەر بار، ئەنە شۇلار چوقۇم ﷲنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 161-، 162- ئايەتلەر)

8. پەرىشتىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭلىقى ۋە پەرىقلىقلىقى. پەرىشتىلەرنىڭ يارىتىلىشى چوڭ مەخلۇق. ئۇلار بىر - بىرىدىن بەك چوڭ پەرىقلىق يارىتىلغان. ئىشەنچلىك ھەدىستە كەلدىكى: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بار. پەرىشتىلەردىن ئىككى قاناتلىقلارمۇ بار.» ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: «جىمى ھەمدۇسانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى، پەرىشتىلەرنى ئىككى قاناتلىق، ئۈچ قاناتلىق، تۆت قاناتلىق ئەلچىلەر قىلغۇچى ﷲغا خاستۇر! ﷲ يارىتىشتا خالىغىنىنى زىيادە قىلىدۇ، ﷲ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر» (سۈرە فاتىر 1- ئايەت). ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلدىكى: رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ماڭا ئەرشنى كۆتۈرىدىغان پەرىشتىلەردىن بىر پەرىشتە توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت بېرىلدى. ئۇ پەرىشتىنىڭ ئىككى پۇتى زېمىندا، ئۇنىڭ چوقۇسىدا ئەرش بار، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن ئىككى مۆرىسىنىڭ ئارىسىنى تىز ئۇچار جانىۋار يەتتە يۈز يىلدىمۇ ئۇچۇپ بولالمايدۇ. شۇ پەرىشتە، ئى ﷲ! قەيەردە بولساڭ سىنى پاك مۇقەددەس دەپ تونۇيمەن» دەيدۇ.

ھاكىم ۋە زەھەبىي ئىسمىلىك ئالىملار نەقىل قىلغان راست ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ﷲ تائالا ماڭا بىر خورازنىڭ ئەھۋالىدىن سۆزلەشكە رۇخسەت قىلدىكى: ئۇ خوراز (خوراز سۈرەتلىك پەرىشتە)نىڭ ئىككى پۇتى يەرنى تېشىپ كىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بوينى ئەرش ئاستىدا ئىگىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ پەرىشتە: «پاك – مۇنەززەھ دەپ تونۇيمەن

سېنى ئى الله! ھەممىدىن ئۇلۇغ سەن ئى الله!» دەپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىدۇ. الله تائالا ئۇ: «پەرىشتىگە مېنىڭ ئىسمىم بىلەن يالغان قەسەم قىلغان ئادەم مېنىڭ ئۇلۇغلىقىمنى بىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

## جىن ۋە شەيتانلار

مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدىكى بەھس مۇناسىۋىتى بىلەن جىن ۋە شەيتان مەسىلىسىگىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز. چۈنكى جىن ۋە ۋە شەيتاننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشمۇ مۆمىن ئادەم ئەقىدە قىلىش لازىم بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. سوئال: جىن بىلەن شەيتان بولسا مۆمىن ئادەم ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان ۋە ئۇنىڭ توغرىسىدا الله تائالا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقانلىرى راست دەپ ئىشىنىشكە بۇيرۇلغان غايىب ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. ئەگەر مۆمىن ئەقىدىسىنى تېخىمۇ رۇشەنلەشتۈرۈشكە قىزغىنلىقىمىز بولمىسا ئىدى، بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە بەھس قىلىشقا ئېھتىياج چۈشمەيتتى. ئىككى تۈرلۈك سەۋەبتىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالدۇق:

1. الله تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى، ئىلمى، قۇدرىتى، ھېكمىتىگە ئىشەنگەن كىشى الله تائالانىڭ غايىب نەرسە ياكى ھازىر بار نەرسە توغرىسىدا بەرگەن خەۋىرىگە ئىككىلەنمەي ئىشىنىدۇ. بولۇپمۇ جىن، شەيتان مەسىلىسىدەك قۇرئاننىڭ ئونلارچە ئايەتلىرىدە ئىسپاتلانغان مەسىلىگە ئەلۋەتتە راست دەپ ئىشىنىدۇ.

2. پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ئۈچۈن ئوتتۇرىدا قويغان ئەقلىي دەلىل ھۆججەتلەرنىڭ ئۆز ئەينىنى جىن شەيتانلارنىڭ بارلىقىغا دەلىل قىلىپ كەلتۈرىلىدۇ.

خۇلاسە شۇكى: ئالەمدە بار نەرسىنىڭ ھەممىسى يا غايىب، يا كۆزگە كۆرۈنىدىغان نەرسىلەر تەركىبىگە كىرىدۇ. ئىنسان بىر يەردە بولسا، ئىنسان تۇرغان يەردىن باشقا يەرلەر ئۇ ئىنساندىن خالىي بولىدۇ. يىراق بولغىنى ئۈچۈن ئىنسان كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان، سەزمىگەن، يىراق يەردىكى نەرسىلەرگە راست دەپ ئىشەنسە، غايىپقا ئىشەنگەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ غايىبقا ئىشىنىشىنىڭ يولى شۇ غايىبنىڭ ئەسەرلىرى ياكى راست خەۋەرلىرىدۇر. قانداق بىر نەرسىنىڭ ئەسىرى تېپىلسا، ئىنسان ئۇنى كۆرمىسىمۇ، ئاڭلىمىسىمۇ ياكى ئىلىم ـ مەرىپەت ھاسىل قىلىشنىڭ قورالى بولغان سېزىم ئەزالىرىنىڭ بىرسى بىلەن سەزمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسانغا ئىشەنچلىك بىر ئادەم مۇمكىن ئىشلاردىن بىرەر ئىشتىن خەۋەر قىلسا، ئۇ خەۋەرگە ئىشىنىدۇ. بىرلىشىپ يالغان سۆزلىشى مۇمكىن بولمايدىغان كۆپ كىشىلەر بىر ئىشتىن خەۋەر قىلسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي ئامال يوق. ئۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا ھەرگىز ئىككىلەنمەيدۇ. بەلكى ئۇنداق خەۋەرنى يالغان دېگەن كىشىنى ئەقلى ئاجىز، ئىنسانىيەت مەرتىۋىسىدىن تۆۋەن چۈشكەن، ئادەملىك ھۆرمىتىنى يوقاتقان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

ئەسەر ۋە راست خەۋەردىن ئىبارەت ئىككى دەلىل ئارقىلىق خالىس غايىب بولغان پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن ئادەم ئەلۋەتتە غايىب مەخلۇقلىقىدا پەرىشتىلەرگە يېقىنلىشىدىغان جىن ـ شەيتانلارنىڭ دۇنياسىغا ئىشىنىدۇ.

## جىن ـ شەيتانلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر

پەرسىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسەتكىنىمىزدەك، جىن ـ شەيتانلارنىڭ بارلىقىغىمۇ خەۋەر ۋە ئەسەردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك دەلىلنى ئوتتۇرغا قويىمىز.

1. ئەسەرلەر. جىن شەيتانلارنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولىدىغان ئەسەرلەر بەك تولا. ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىمىز:

1) ھوشسىزلىنىش كېسەللىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كىشىلەر ھېچ بىر زامان ۋە ماكان ئۇنىڭدىن خالىي بولماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ بىر تۈرلۈكى شەيتانلارنىڭ روھلىرىدىن بولغان پاسكىنا روھلار سەۋەبىدىن بولىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ قالايمىقان ناچار يېمەكلىكلەر سەۋەبىدىن بولىدىغانلىرى بار. ئۇ باشقا بولۇپ ماددىي دورىلار بىلەن ساقىيىدۇ، ياكى ساقايمايدۇ. بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز پاسكىنا ئەرۋاھلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن بولۇپ، شۇ ئادەمگە جىن، شەيتانلار ئارلىشىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھوشسىزلىنىشتۇر. بۇنىڭغا ھېچ قانداق تىۋىپ، دوختۇر ئىلاج قىلالماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ كىسەل چوقۇم جىن شەيتانلارنىڭ تەسىرى بولۇپ، جىن شەيتاننىڭ بارلىقىغا كەسكىن دەلىلدۇر.

2. جىننىڭ ئادەم ئىچىگە كىرىۋېلىپ، شۇ ئادەمنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىشى ۋە ئۇ ئادەم بىلمەيدىغان ئىشلار بىلەن خەۋەر قىلىشىدۇر. ھەتتا ساق ۋاقتىدا بىرەر ھەرپىنىمۇ بىلمەيدىغان بەزى ئادەملەر جىن ئولىشىۋالغاندا ئۆزى بىلمەيدىغان ھەرخىل تىلدا سۆزلەپ كېتىدۇ.

3. ئىچىگە جىن كىرىۋالغان جىنلىق ئادەمگە پاكىزە روھلۇق سالىھ كىشىنىڭ دۇئا ئوقۇشى بىلەن ياكى جىن شەيتان بىلەن دوست بولۇشقان پاسكىنا روھلۇق كىشى (جىنكەش، ساھىرلار)نىڭ سۈپكۈشلىشى بىلەن جىننىڭ ئۇ ئادەمدىن چىقىپ كېتىشى ۋە جىن ئۆزىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قايتا چىقىلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىشىدۇر. چىقىپ كېتىشى دۇئا ئوقۇغۇچىنىڭ قورقۇتۇشى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئىشنى بەزى ئالىملار يات سانايدۇ. ھەتتا ئىنكارمۇ قىلىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەت بۇنىڭ شەكسىز راستلىقىنى ئىسپاتلىدى.

4. جىننىڭ بەزى ئادەمگە كۆرۈنىشى ۋە سۆزلىششىدۇر. بۇمۇ ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان راست خەۋەر بولۇپ، بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك بولسا بىلمەسلىك، گالۋاڭلىق ياكى قەستەن ئەمەلىي ھەقىقەتكە قارشى تۇرغانلىق بولۇپ، ئەقىل ئۇنىڭغا رازى بولمايدۇ.

5. بەزى ئادەملەر خەلق ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان زىنا ـ پاھىشە، بەچچىۋازلىق، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغۇرلۇق قىلىش، ھاراق ئىچىش، دىن ئىسلامغا ئىنكار قىلىش، ئاتا ـ ئانىنى رەنجىتىش، يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئەھدى توختامنى بۇزۇشتەك قەبىھ جىنايەتلەرنى ئىنساننىڭ خۇي تەبىئىتى (پىسخولوگىيىسى)گە زىت بولغان ۋە الله تائالانىڭ قانۇنىي يولىغا خىلاپ، دۆلەتلەر قانۇنلىرىغىمۇ خىلاپ بولۇپ تۇرۇپ ئىنساندىن سادىر بولۇشى، شەك ـ شۈبھىسىز شەيتانلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدۇر.

چۈنكى شەيتانلار مەزكۇر قەبىھ قىلمىقلارنى ئىنسانغا چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. قىزىقتۇرىدۇ. مەقسىدى: ئىنساننىڭ ئاخىرەتتە بەختلىك (ئەھلى جەننىتى) بولۇشى، ياكى بەختسىز (دوزىخى) بولۇشىنىڭ تۈتقۇسى بولغان ئىنسان روھىنى بۇزۇشتۇر. شەيتانلار ئىنسان روھىنى بۇزۇشتا ئىنساننىڭ تەن ساقلىقىنى بۇزىدىغان مىكروبلارغا ئوخشاش رول ئويناپ ئىنسانلارنىڭ روھىنى چىرىكلەشتۈرىدۇ.

بۇ يەردە ئىنسانلاردىن ئەجەبلىنىپ، سۇبھانە الله دەيمىزكى: بىر كېسەل ئادەمگە بىز: «سىزنىڭ كېسەللىكىڭىز پالانى مىكروب سەۋەبىدىن بولۇپتۇ، پالانى دورىنى ئىشلىتىڭ، الله خالىسا

شىپا تاپىسىز» دېسەك، سۆزىمىزگە ئىككىلەنمەي ئىشىنىدۇ، شۇ دورىنى ئىشلىتىشكە ئالدىرايدۇ. ئۇنى تەجرىبە قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ كېسەل مەزكۇر مىكروبنى كۆرمەيدۇ ۋە سېزىم ئەزاسىنىڭ ھېچ قايسى بىلەن ھېس قىلالمايدۇ. پەقەت مىكروبنىڭ ئۆز بەدىنىدە بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت كېسەل ۋە دەرد - ئەلەمگە ئاساسەن بىزنىڭ سۆزىمىزگە ئىشىنىدۇ. ئەگەر بىز بىر ئادەمگە سىزنىڭ روھىڭىز كېسەل، شۇڭا يالغان سۆزلەشنى خىيانەت قىلىشنى خالايسىز، جىنايەتكە قىزىقىسىز، پاسكىنا قىلىقلارغا بېرىلىسىز، سىزنىڭ بۇ روھىي كېسىلىڭىزنىڭ سەۋەبى شەيتان، شۇڭا سىز بۇ روھىي كىسەلدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنداق چارە داۋالارنى ئىشقا سېلىڭ، الله خالىسا ساقىيىسىز، دېسەك كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇ سۆزىمىزگە ئىشەنمەيدۇ. قارشى چىقىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ دەلىلى بىر. بۇ بولسا جىسمانىي كېسەلنىمۇ، روھىي كېسەلنىمۇ ئۇچۇق كۆرسىتىدىغان تەسىردۇر. ئادەملەرنىڭ روھىي كېسەللىرى شەيتاننىڭ تەسىرىدىن بارلىقىقا كېلىشىگە ئىشەنمەسلىكىمۇ، شۇ ئادەمدە شەيتان بارلىقىغا دەلىل، چۈنكى شەيتان ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە شەك گۇمان تاشلاپ، ئىشىنىشتىن توسۇپ تۇرىۋالغان، ئۇنداق بولمىغان بولسا ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە ئىشىنەتتى. ئىنكار قىلمايتتى. دېمەك، بەدەندە مىكروب بارلىقىنى ئىسپاتلىغان نەرسىمۇ، مىكروبنىڭ ئەسىرى بولغان كېسەل بولغاندەك ئادەمدە شەيتان بارلىقىنىڭ دەلىلىمۇ ئەسەردۇر، يەنى ئىنساننىڭ خاتالىقىقا بېرىلىپ كېتىشتىن ئىبارەت تەسىرىدۇر.

2. خەۋەرلەر.

جىن شەيتانلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان الله تائالانىڭ خەۋەرلىرى ۋە رەسۇلۇللانىڭ راست سۆزلىرى بەك كۆپ. ئۇنىڭدىن بىر بۆلۈكىنى سۆزلەيمىز، ئاۋۋال الله تائالانىڭ خەۋەرلىرىنى ئوتتۇردا قويىمىز.

الله تائالانىڭ خەۋەرلىرى

الله تائالانىڭ جىن شەيتانلارنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق سۆزلەيدىغان خەۋەرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى اللەنىڭ ئىنساننى، جىننى ياراتقانلىقى ھەققىدە: «(الله) ئىنساننى (يەنى ئاتاڭلار ئادەمنى) (چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتتى. جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى.» (سۈرە راھمان 14-، 15 ـ ئايەتلەر) دېگەن سۆزىدۇر. يەنە : «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (اللەنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر.» (سۈرە زارىيات 56- دىن 58- ئايەتكىچە) دېگەن.

يەنە بىرى، الله تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ الله تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقى، ئىبلىسنىڭ الله تائالانىڭ ئەمرىدىن باش تارتقانلىقىدىن خەۋەر قىلىش توغرىسىدا ۋە ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا يېقىن بولۇش، دوست تۇتۇشتىن توسقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە:«ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار»دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى. مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمدېگەن يامان بەدەل! (يەنى اللەغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمدېگەن يامان!).» (سۈرە كەھف 50 ـ ئايەت) دېدى.

يەنە الله تائالانىڭ ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقانلىقى، ئىنساننى گۈزەل سۈرەتتە ياراتقانلىقى، پەرىشتىلەرنى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، ئىبلىسنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقى، سەجدە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ كايىغانلىقى،

ئىبلىسنىڭ ئادەمگە سەجدە قىلماسلىقتا سەۋەب كۆرسەتكەنلىكى، ئۇنىڭ سەۋەب كۆرسىتىشى گۇناھىدىنمۇ قەبىھراق ئىش ئىكەنلىكى، الله تائالانىڭ ئىبلىسنى جەننەتتىن قوغلاپ، رەھمەت نەزىرىدىن ساقىت قىلغانلىقى، شەيتانغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئادەملەرگە دوزاخنى تەييارلاپ قويغىنىنى خەۋەر قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇندىق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىللەندۈردۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: ⟨سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار⟩ دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى.ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى. الله (ئىبلىسقا): ⟨سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟⟩ دېدى.ئىبلىس: ⟨مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق مېنى ئوتتىن ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ⟩ دېدى. الله (ئىبلىسقا) ئېيتتى : ⟨سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزەڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن⟩ . ئىبلىس: ⟨ماڭا كىشلەر قايتا تىرىلدۈرۈلدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنگىچە) مۆھلەت بەرگىن⟩ دېدى. الله: ⟨ساڭا مۆھلەت بېرىلدى⟩ دېدى. ئىبلىس ئېيتتى: ⟨سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن ئارقىسىدىن ئوڭدىن سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكرى قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن⟩. الله ئېيتتى: ⟨جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان ھالدا چىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قوشۇپ ھەممىڭلار بىلەن چوقۇم جەھەننەمنى تولدۇرىمەن⟩.» (سۈرە ئەئراف 11ـ ئايەتتىن 18 ـ ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالانىڭ جىن شەيتانلىرى (توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن ئازدۇرغۇچىلىرى) ۋە ئىنسانلارنىڭ شەيتانلىرى (ئازغۇن، بۇزۇقلىرى) بىر ـ بىرىگە ئاساسسىز، يالغان تونۇش ۋە قىلىقلارنى، ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ خاتالاشتۇرۇش، يامانلىقتا باشلاش ئۈچۈن ئىلھام ۋە ئىشارەت قىلىدىغان (كۈشكۈرتىدىغان)لىقىنى خەۋەر قىلىپ: «شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر- بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى تۇزگەن ھىيلە- مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (الله ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ).» (سۈرە ئەنئام 112ـ ئايەت) دېدى.

يەنە الله تائالا ئىكز بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن نېمەتلىرى، جىن شەيتانلارنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرغانلىقى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جىن شەيتانلارنى ھەر تۈرلۈك ئىشلارغا ئىشلەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ: «سۇلايمانغا شامالنى (بويسۇندۇرۇپ بەردۇق)، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باساتتى، ئۇنىڭغا مىس (چىقىدىغان) بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلايماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز. ئۇلار سۇلايمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، (مىستىن- ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى، (چوڭلۇقتىن) مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، (ئېيتتۇقكى) ⟨ئى داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر! (اللەنىڭ بۇ چوڭ نېمەتلىرىگە) شۈكرى قىلىڭلار⟩، مېنىڭ بەندىلىرىمدىن (اللەنىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكرى قىلغۇچى بەك ئاز.» (سۈرە سەبەئ 12 ـ، 13ـ ئايەتلەر) دېگەن.

يەنە بىر ئايەتتە الله تائالا ئېيتىدۇ: «ھەمدە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى

ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە- مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. يەنە نۇرغۇن شەيتانلارغا ئىشكەل سېلىنغاندۇر. (بىز سۇلەيمانغا ئېيتتۇقكى) «بۇ بىزنىڭ (ساڭا بەرگەن كەڭ) ئاتايىمىز، (ئۇنىڭدىن سەن خالىغان كىشىگە) بەرگىن، ياكى بەرمىگىن، (بۇ ھەقتە سەندىن) ھېساب ئېلىنمايدۇ». (سۈرە ساد 37- دىن 39 ـ ئايەتكىچە)

يەنە «نىحيىبين» دېگەن جايدىن كېلىپ رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بىلەن بامدات نامىزىنى بىللە ئوقۇپ، ئاندىن ئۆز قەۋمى قېشىغا قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىككە ئىشىنىشكە چاقىرغان، ئىشەنمىگەن تەقدىردە دەرتلىك ئازابقا (دوزاخقا) دۇچار بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان جىنلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىپ الله تائالا: «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر- بىرىگە): ⟨جىم تۇرۇڭلار⟩ دېيىشتى قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى. ئۇلار ئېيتتى: ⟨ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىركى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق⟩.⟨ئى قەۋمىمىز! اللهغا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە اللهغا ئىمان ئېيتىڭلار. الله بەزى گۇناھلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ⟩. دېدى» دېگەن. (سۈرە ئەھقاف 29- ئايەتتىن 31- ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا جىنلارنىڭ رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىپ قىرائەتنى تىڭشىغانلىقىنى ۋە جىنلار ئۆزئارا ئۆزىنىڭ ئەقىدىلىرى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى توغرىسىدا سۆزلەشكەن سۆزلىرىنى رەسۇلۇللاغا ۋەھيي قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا رەسۇلۇللانى بۇيرۇپ: «(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى «بىر قانچە نەپەر جىننىڭ (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.» (سۈرە جىن1ـ،2- ئايەت) دېدى.

يەنە الله تائالانىڭ ئۈچ ئايەتتە الله تائالانىڭ شەيتاندىن ساقلاپ قېلىشىنى تىلەشكە بۇيرۇپ: «سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) اللهغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شۈبھىسىزكى مۇئمىنلەرنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار (يەنى يۆلەنگۈچىلەر) نىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ (يەنى پەرۋەردىگارىغا چىن يۆلەنگەن مۇئمىنلەرگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تەسىر قىلالمايدۇ). شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.» (سۈرە نەھل 98- ئايەتتىن 100- ئايەتكىچە)

2. سۈرە ئەئراف 200- ئايەتتە: «ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) اللهغا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» دېگەن سۆزىدۇر.

3. «⟨ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (الله)غا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن⟩ دېگىن.» (سۈرە ناس)

يۇقىرىقى ئايەتلەر جىن ـ شەيتانلارنىڭ بارلىقىدىن اللە تائالانىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىدۇر.

## رەسۇلۇللا ئەلەيھسسالاتۇۋەسەللەمنىڭ خەۋەرلىرى

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى بولسا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: ھەر بىر ئادەمگە ھەمراھ قىلىنغان جىن ھەمراھى بارلىقىدىن خەۋەر قىلىپ: «ھەر بىر ئادەمگە جىندىن بىرسى ھەمراھ قىلىندى» دېدى. ئەسھابىلار: ساڭىمۇ ھەمراھمۇ يا رەسۇلۇللا! دېۋىدى. رەسۇلۇللا: «ماڭىمۇ بىر جىن ھەمراھ، لېكىن اللە تائالا ماڭا جىنغا قارشى ياردەم قىلدى. جىن ماڭا تەسلىم بولدى. شۇڭا مېنى ياخشىلىقتىن باشقا ئىشقا بۇيرۇيالمايدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام، ھەركىم ئۆيىگە كىرسە شەيتان بىللە كىرىدىغانلىقى ۋە ئادەمنىڭ يېمەكلىك، ئىچمىلىكلىرىگە شېرىك بولۇپ يەپ ـ ئىچىدىغانلىقىدىن خەۋەر قىلىپ ئېيتتى: ھەر بىر ئادەم تاشقىرىدىن ئۆيىگە كىرەر چاغدا، اللە تائالانى تىلغا ئالسا، تاماق يەيدىغان چېغىدىمۇ تىلغا ئالسا (اللە تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، دىسە)، شەيتان ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ۋە بىللە بولغان شەيتانلارغا سىلەرگە بۇ يەردە قونىدىغان يەرمۇ يوق، كەچلىك تاماقمۇ يوق (قايتىڭلار!) دەيدۇ. ئەگەر ئادەم ئۆيىگە كىرگەندە، تاماق يېگىلى باشلىغاندا، اللە تائالانى ئەسلىمىسە، شەيتان ئۆزىنىڭ تاۋابىئاتلىرىغا سىلەرگە قونغىلى يەرمۇ بار، كەچلىك تاماقمۇ بار» دەيدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سول قول بىلەن تاماق يېيىشتىن، ئىچىشتىن توسۇپ ۋە شەيتاننىڭ سول قول بىلەن يەيدىغان ۋە ئىچىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئېيتتى: «ھېچ قايسىڭلار سول قولۇڭلار بىلەن يېمەڭلار، ئىچمەڭلار! چۈنكى شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ، ئىچىدۇ.» ئىمامى مۇسلىم رىۋايەتى.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنى قولىدا تاماقنىڭ يۇقىسى بار ھالەتتە ئۇخلاپ قالسا، شەيتان كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ قولىنى يالاپ زەھەرلەپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلدۇرۇپ ئېيتتى: «شەيتان بەك سەزگۈر، بەك يالىغۇچى نەرسىدۇر. ئۆزۈڭلەرگە ئېھتىيات قىلىڭلار! ھەر كىم قولىدا تاماق يۇقى بار ھالەتتە ئۇخلاپ قىلىپ ئاپەتكە يولۇقسا، ئۆزىگە مالامەت قىلسۇن.» تىرمىزى رىۋايەت قىلدى.

يەنە بىرى، جىنلار ئۆزىنىڭ يېمەكلىكى توغرىسىدىن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللا جاۋاب بېرىپ: «ئىنسانلار يېگەن گۆشكە ‹بىسمىللا› دەپ يېگەن بولسا، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى جىنلارنىڭ قولىغا كامىل گۆش بولۇپ چۈشىدۇ. ھايۋانلارنىڭ تېزەكلىرى جىننىڭ ئۇلاغلىرىغا يېمەكلىكتۇر.» دېگەن سۆزىدۇر. بۇ ھەدىسنى ئىمامى بۇخارى رىۋايەت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆڭەك بىلەن تېزەك بىلەن تاھارەت تازلاشتىن توستى ۋە توسۇشقا سەۋەب بايان قىلىپ: «سۆڭەك بولسا سىلەرنىڭ جىن بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ ئوزۇقلۇقى. » دېدى.

يەنە بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۆتكەن كېچىدە بىر باشتوڭ جىن نامىزىمنى بۇزۇش ئۈچۈن قېشىمغا كەلدى. اللە تائالا ماڭا ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردى. مەسجىدنىڭ تۈرۈكلىرىدىن بىرىگە باغلاپ قويااي، تاڭ ئاتقاندا سىلەرنى ئۇنى كۆرسۇن دەپمۇ قەست قىلدىم، لېكىن بۇرادىرىم سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئەسلەپ قويۇپ

بەردىم» دېگەن. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، الله تائالادىن ھاجىتىنى تىلەشنى، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىغاندا، الله تائالادىن شەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداشنى تىلەشنى تەلىم بېرىپ: «خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، الله تائالادىن ئىلتىپات، مەرھەمەت تىلەڭلار، چۈنكى خوراز پەرىشتىنى كۆرىدۇ. ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنىنى ئاڭلىغاندا، الله تائالانىڭ شەيتاندىن پاناھ بېرىشىنى تىلەڭلار! چۈنكى ئېشەك شەيتاننى كۆرىدۇ» دېگەن. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

يەنە بىرى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق يولىنى كۆرسىتىپ: «ھا ... دەپ ئەسنەش شەيتاندىن (ئاۋاز چىقىرىپ ئەسنىمەڭلار).» دېگەن سۆزىدۇر. (ئىمامى بۇخارى رىۋايىتى).

يەنە بىرى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە شەيتاننىڭ ئادەم كۆڭلىگە تاشلىغان يامان ئوي ـ پىكىر، گۇمانى، قاراشلىرىغا قارشى قانداق كۈرەش قىلىش ۋە ئۇنى قايتۇرۇش توغرىسىدا يول كۆرسىتىپ: «ھەر قايسىڭلار قېشىغا شەيتان كېلىدۇ. پالانى نەرسىنى كىم ياراتتى؟ مۇنداق نېمىنى كىم ياراتتى؟ دېگەن ئويلارنى كۆڭۈلگە تاشلاپ ئاخىرىدا سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭنى كىم ياراتتى؟ دېگەن ئوينى ئەكىلىدۇ، شۇ خىيالنى تاشلىغان زامان ئۇ كىشى الله تائالادىن پاناھ تىلىسۇن ۋە ئۇنداق پىكىردىن يانسۇن» دېگەن سۆزىدۇر. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

يەنە بىرى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كۈن كەچ بولۇپ كېچىنىڭ قاراڭغۇسى كەلگەندە، ئۇششاق باللىرىڭلارنى ئۆيگە يىغىڭلار! چۈنكى شۇ چاغدا جىن شەيتانلار سىرتتا تارايدۇ.» دېگەن (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

## جىن ـ شەيتاننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش لازىملىقى

بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئەقلى ۋە ئەمەلىي دەلىللەر سەۋەبىدىن جىن ـ شەيتانلانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش لازىم بولىدى. بەلكى، بۇ ئىشىنىش مۆمىن ئادەمنىڭ ئەقىدىسىنىڭ ئايرىلماس پارچىسى بولىدى. جىنلار، شەيتانلاردىن ئىبارەت ئىككى ئالەمنىڭ بارلىقىغا راست دەپ ئىشىنىشتىن ئىسلام ئەقىدىسىنى خالىي قىلىشنى ئىرادە قىلىش ئوچۇق كاپىرلىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا ئەقىلغا تىنىش، ئەقىلنىڭ ئاشكارا مەلۇماتلىرىنى تاشلاش ۋە الله تائالانىڭ ھەم رەسۇللانىڭ خەۋەرلىرىنى يالغان قىلىش بار. الله تائالانىڭ خەۋىرىنى يالغان چىقىرىشمۇ كاپىرلىقتۇر، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى يالغان دېمەكمۇ كاپىرلىقتۇر. ئاساسسىز يالغاندۇر.

## جىنلار، شەيتانلار ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات

تۆۋەندە جىنلارنىڭ، شەيتانلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش پرىنسىپىنى مۇقەررەر قىلىش ئۈچۈن الله تائالانىڭ كىتابىدىن، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن يىراقلىشىپ ياشىغانلارغا يىپىق بولغان مۇشۇ غايىب ئالەمنىڭ بەلگىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوچۇقلاش ئۈچۈن، جىن ۋە شەيتاندىن ئىبارەت ئىككى ئالەمنىڭ بەزى مەلۇماتلىرىنى ئوتتۇرىدا قويىمىز.

1.جىنلارنىڭ يارىتىلىش ماددىسى

جان ئىسىملىك مەخلۇق پۈتۈن جىنلارنىڭ دادىسىدۇر. بۇ مەخلۇق ئوت ماددىسىدىن يارىتىلغان. بۇنى الله تائالا ئادەمدىن بۇرۇن ياراتقان. الله تائالا بۇ توغرىسىدا: «شەك ـ شۈبھىسىزكى بىز ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام) نى قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىللەندۈرۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق. جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس) نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق.»دېدى.(سۈرە ھىجر 26ـ، 27ـ ئايەت).

جىنلارنىڭ دادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى يارىتىش ئۇسۇلى ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى يارىتىش ئۇسۇلىغا ئوخشاشمۇ؟ يەنى ئادەمنى تۇپراقتىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى نەسىللىنىش يولى بىلەن مەنى سۇدىن ياراتقان، جاننى ئوتتىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى نەسىللىنىش يولى بىلەن باشقا ماددىدىن ياراتقانمۇ؟ بۇ بىر ئېھتىماللىق ئىشتۇر. الله تائالا ھەقىقەتەن ھەممىنى يېگانە بىلگۈچىدۇر.

2.جىن نېمىشقا جىن دەپ ئاتالدى؟

جىن دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا يوشۇرۇن دېمەكتۇر. جىنلار ئىنسانلارغا يوشۇرۇن مەخلۇق بولغاچقا جىن دەپ ئاتالغان. ئەرەبلەر جەنىنلەر بېشىغا كەيگەن قالقاننى، باشنى دۈشمەندىن يوشۇرغانلىقتىن «جۇننەتۇن» دەپ ئاتايدۇ.

ئاخىرەتتىكى«جەننەت»نى جەننەت دېمەك، جەننەتتىكىلەرنىڭ دەرەخلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن دەرەخ دالدىسىدا يىراقتىن كۆرۈنمىگەنلىكىدىندۇر. ئەرەبلەر ئايال قورسىقىدىكى بالىنى، كىشىلەردىن يېپىق بولغاچقا «جىنىن» دەيدۇ.الله تائالا جىن ۋە شەيتان توغرىسىدا ئېيتتى: «شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر سىلەرنى كۆرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر.» (سۈرە ئەئراف 27ـئايەتنىڭ بىر قىسمى).

3.جىنلارنىڭ ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجى بارلىقى

دۇنيادىكى ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر ئۆزىگە مۇناسىپ غىزا(ئوزۇقلۇق)قا موھتاج بولغاندەك، جىن ـ شەيتانلارمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ئوزۇقلۇققا موھتاج. بىر تۈركۈم جىنلار رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە يېمەكلىك سورىدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «بىسمىللا، دەپ يېيىلگەن گۆشلەرنىڭ سۆڭەكلىرى جىنلارغا كامىل گۆش بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا مۇسۇلمانلارنى سۆڭەكتە تاھارەت تازىلاشتىن توستى ۋە سۆڭەكلەر سىلەرنىڭ جىن بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ ئوزۇقلۇقى» دېدى ھەم: «شەيتان چەپ قولى بىلەن يەيدۇ، ئىچىدۇ. سىلەر چەپ قول بىلەن يەپ ـ ئىچمەڭلار!» دېدى.

ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىم نەقىل قىلغان مەزكۇر ئىشەنچلىك ھەدىسلەر ئىسپاتلىدىكى جىنلار ئۆزىنىڭ الله تائالا ياراتقان تەن قۇرۇلۇشىغا لايىق غىزا بىلەن ئوزۇقلىنىشقا ئېھتىياجى بار بولغانلىقى ئۈچۈن يەيدۇ، ئىچىدۇ.

4 . جىنلارمۇ بىر ـ بىرىدىن تۇغۇلىدۇ

جىن، شەيتانلار ئارىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ يارىتىلغان تەبىئىتىگە لايىق تۇغۇش، تۇغۇلۇش ئەمەلىيىتى ھاسىل بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ باشقا جانلىقلاردەك ئۇرۇق ئەۋلاد بارلىققا كېلىش قانۇنى بارلىقىغا شەك ـ شۈبھە يوق. ھەر بىر تۈرلۈك مەخلۇقتا الله تائالا بېكىتكەن بىر تۈرلۈك يول ۋە قانۇن بار. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىم گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە مۇقەررەر قىلىدۇ. بۇ توغرىدا الله تائالا سۈرە كەھف 50ـئايەتتە: «ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: ⟨ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار⟩دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقتى. مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى

دوسـت قـىلـىۋالامـسـىلـەر، ھـالـبـۇكـى، ئـۇلار سـىلـەرگـە دۈشـمـەنـدۇر، ئـىبـلـىس زالـىـمـلار ئـۈچـۈن نـېـمـدېـگـەن يامـان بـەدەل! (يەنـى اللهغا ئـىبـادەت قـىلـىشـنـىڭ ئـورنـىغا شـەيتانغا چـوقـۇنـۇش نـېـمـدېـگـەن يامـان!).» دېـدى.

شـۇنـىڭـدەك ئـىمامـى مۇسـلـىـم نـەقـىـل قـىـلـغان ئـىشـەنـچـلـىـك ھـەدىس كـىـتابـىدا كـەلـدىـكـى رەسـۇلـۇلـلا ئـەلـەيـھـىـسسالام: «ئـادەم تـائـام يـەيـدىـغان، ئـىـچـىـدىـغان چـاغدا ۋە خـوتـۇنـى بـىـلـەن مـۇنـاسـىـۋەتـلـىـشـىـدىـغان چـاغـدا الله تـائـالانـى ئـەسـلـەپ، الله نـىـڭ ئـىـسـمـىـنـى تـىـلـغـا ئـالـمـىـسـا (بـىـسـمـىـلـلا، دېـمـىـسـە) شـەيـتـان ئـۇنـىـڭ يـېـمـەك - ئـىـچـمـىـكـىـگـىـمـۇ، ئـائـىـلـىـسـىـگـىـمـۇ شـېـرىـكـلـىـشـىـدۇ.» دېـدى.سـەھـىـھـۇل مـۇسـلـىـم.

شـۇنـىـڭ ئـۈچـۈن رەسـۇلـۇلـلا ئـەلـەيـھـىـسسالام دېـدىـكـى: «ئـەگـەر مـۇسـۇلـمانـلارنـىـڭ ھـەر قايـىـسـى ئـۆز خـوتـۇنـى بـىـلـەن مـۇنـاسـىـۋەتـلـىـشـىـدىـغان چـاغدا ⟨نـاھـايـىـتـى شـەپـقـەتـلـىـك ۋە مـېـھـرىـبـان الله تـائـالانـىـڭ ئـىـسـمـى بـىـلـەن باشـلايـمـەن، ئـى الله مـېـنـى شـەيـتـانـدىـن يـىـراق قـىـلـغـىـن، شـەيـتـانـنـى بـىـزگـە رىـزق قـىـلـغـان (پـەرزەنـت ۋە باشـقـىـلار)دىـن يـىـراق قـىـلـغـىـن!⟩ دەپ دۇئـا قـىـلـسـا، ئـانـدىـن ئـەر - ئـايـال ئـارىـسـىـدىـكـى شـۇ مـۇنـاسـىـۋەتـتـە، الله تـائـالا پـەرزەنـت نـېـسـىـپ قـىـلـسـا، ئـۇ بـالـىـغـا شـەيـتـان ھـەرگـىـز زىـيـانـكـەشـلـىـك قـىـلالـمـايـدۇ.»

5. جـىـن بـىـلـەن شـەيـتـان ئـارىـسـىـدا پـەرق بـارمـۇ؟

ئـەلـۋەتـتـە، جـىـن بـىـلـەن شـەيـتـان ئـارىـسـىـدا چـوڭ پـەرق بـار، مـۇشـۇ ھـەقـىـقـەت رۇشـەن ئـايـدىـڭـلاشـسـۇن ئـۈچـۈن شـۇنـى سـۆزلـەيـمـىـزكـى، ئـالـىـي دەرىـجـىـلـىـك مـەخـلـۇق تـۆت تـۈرلـۈكـتـۇر، پـەرىـشـتـىـلـەر، ئـىـنـسـانـلار، جـىـنـلار ۋە شـەيـتـانـلاردۇر.

پـەرىـشـتـىـلـەر بـولـسـا روھـانـىـي ئـالـەم بـولـۇپ، ئـۇلارنـىـڭ ئـۆز ئـالـدىـغـا خـۇسـۇسـىـيـەتـلـىـرى، سـۈپـەتـلـىـرى، ئـەھـۋالـىـرى بـار. بـۇ ھـۆرمـەتـلـىـك يـۇقـىـرى ئـالـەم بـەنـدىـلـىـرى بـولـغـان پـەرىـشـتـىـلـەرنـىـڭ ھـەقـىـقـىـتـىـنـى بـايـان قـىـلـىـش تـوغـۇرلـۇق بـاشـتـا كـەڭـتـاشـا تـەتـقـىـق ئـېـلـىـپ بـېـرىـلـدى. جـىـن ئـىـكـكـى تـۈرلـۈك بـولـۇپ، بـىـر بـۆلـۇكـى شـەيـتـان، بـۇلاردا قـەتـئـىـي يـاخـشـىـلـىـق يـوق. بـىـر تـۈركـۈم جـىـنـلار بـولـۇپ، ئـۇلارنـىـڭ يـاخـشـىـلـىـرىـمـۇ بـار، بـۇزۇلـغـانـلـىـرىـمـۇ بـار، بـۇلارنـىـڭ ئـەھـۋالـى ئـىـنـسـانـلارنـىـڭ ئـەھـۋالـىـدەك بـولـۇپ، يـاخـشـى ئـىـش قـىـلـغـۇچـىـلـىـرىـمـۇ بـار. لـېـكـىـن شـەيـتـانـلارنـىـڭ ئـەسـلـى جـىـنـدۇر. چـۈنـكـى ئـىـبـلـىـس جـىـن جـۈمـلـىـسـىـدىـن ئـىـدى. قـۇرئـان كـەرىـم بـۇ ھـەقـتـە: «ئـۆز ۋاقـتـىـدا بـىـز پـەرىـشـتـىـلـەرگـە: ⟨ئـادەمـگـە سـەجـدە قـىـلـىـڭـلار⟩ دېـدۇق، ئـىـبـلـىـسـتـىـن بـاشـقـا ھـەمـمـىـسـى سـەجـدە قـىـلـدى، ئـىـبـلـىـس جـىـنـلاردىـن ئـىـدى. ئـۇ پـەرۋەردىـگـارىـنـىـڭ ئـىـتـائـىـتـىـدىـن چـىـقـتـى.» دەپ خـەۋەر قـىـلـدى. (سـۈرە كـەھـف 50-ئـايـەتـنـىـڭ بـىـر قـىـسـمـى).

شـەيـتـان ئـۆمـىـدسـىـزلـەنـدۈرۈلـگـەن ۋە الله تـائـالانـىـڭ رەھـمـىـتـىـدىـن قـوغـلانـغـان ۋە يـاخـشـىـلـىـقـىـدىـن پـۈتـۈنـلـەي ئـۈزۈلـگـەنـدىـن كـېـيـىـن ئـۇنـىـڭ ئـەۋلادىـمـۇ مـىـراس ھـۆكـمـى بـىـلـەن شـەيـتـان بـىـلـەن ئـوخـشـاش بـولـدى. ئـۇلاردىـمـۇ ھـەرگـىـز يـاخـشـىـلـىـق يـوق. شـۇڭـا ئـۇلار يـامـانـلـىـقـتـىـن بـاشـقـىـسـىـنـى تـونـۇمـايـدۇ. يـامـانـلـىـقـتـىـن بـاشـقـىـسـىـغـا كـىـشـىـنـى چـاقـىـرمـايـدۇ. بـۇنـىـڭـغـا يـېـقـىـن بـىـر مـىـسـال يـىـلان دائـىـم يـىـلان تـۇغـىـدۇ. دۇنـيـاغـا يـىـلان يـارىـتـىـلـغـانـدىـن تـارتـىـپ ھـازىـرغـىـچـە ئـۇنـىـڭ ئـەۋلادىـغـا ئـۆزگـىـرىـش بـولـغـىـنـى يـوق، زەھـىـرى يـوق، يـامـانـلـىـقـى يـوق يـىـلان تـۇغـۇلـغـىـنـى يـوق.

جـانـنـىـڭ ئـەۋلادىـدىـن بـولـسـۇن، ئـادەم ئـەۋلادىـدىـن بـولـسـۇن. ھـەر كـىـمـنـىـڭ ئـىـچـكـى دۇنـيـاسـى نـىـجـىـس، قـىـلـىـقـى بـاشـتـوڭ (ئـىـسـلام يـولـىـدىـن چـىـقـقـان) يـاخـشـىـلـىـقـتـىـن ئـۈزۈلـگـەن بـولـسـا، شـەيـتـانـغـا ئـايـلـىـنـىـدۇ. ھـەمـمـىـشـە بـاشـتـوڭـلـۇق قـىـلـسـا، مـارىـد دېـيـىـلـىـدۇ، بـاشـتـوڭـلـىـقـى ۋە ھـەددىـدىـن ئـېـشـىـشـى زىـيـادە بـولـسـا، ئـۇ ئـىـپـرىـت دېـيـىـلـىـدۇ.

قـۇرئـان كـەرىـم بـۇ ھـەقـىـقـەتـلـەرنـىـڭ ھـەمـمـىـسـىـنـى ئـىـسـپـاتـلـىـدى. قـۇرئـانـدا جـىـنـدىـن بـولـغـان

شەيتانلار بار، ئادەمدىن بولغان شەيتانلارمۇ بار دېيىلگەن. الله تائالا سۈرە ئەننامىنىڭ 112-ئايىتىدە: «شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق. ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (الله ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ).» دېدى.

شۇنىڭدەك قۇرئاندا:«جىننىڭ ياخشى ئىش قىلىدىغانلىرىمۇ بار» دېيىلگەن. الله تائالا سۈرە جىندا جىنلارنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ: «بىزدىن مۇسۇلمان ۋە ھەق يولدىن چىققۇچىلارمۇ بار، مۇسۇلمان بولغانلار توغرا يولنى ئىزدىگەن بولىدۇ.» (14- ئايەت) دېدى. شۇنىڭدەك الله تائالا ئىنسانىنىمۇ، جىننىمۇ الله غا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، سۈرە زارىياتتا: «جىنلارنى ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر (اللهنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر.» دېدى. (56- ئايەتتىن 58- ئايەتكىچە)

شۇنىڭدەك الله تائالا شەيتاننىڭ ھەمىشە قەبىھ قىلىقلارغا بۇيرۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ، سۈرە بەقەر 268- ئايەتتە: «شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ، الله سىلەرگە ئۆز مەغفىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. اللهنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» دېدى.

شۇنىڭدەك، الله تائالا شەيتانغا ئەگەشكەنلەرنى شەيتان يولدىن ئازدۇرىغانلىقىنى ۋە دوزاخ ئازابى تەرەپكە باشلاپ بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ سۈرە ھەج 3-، 4- ئايەتتە: «بەزى كىشىلەر الله (نىڭ قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى) ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىلسىز مۇنازىرىلىشىدۇ، ھەر بىر سەركەش شەيتانغا (يەنى ھەقتىن توسقۇچى كۇففارلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا) ئەگىشىدۇ. الله ھۆكۈم قىلىدۇكى، كىمكى شەيتانغا ئەگىشىدىكەن، شەيتان ئۇنى ئازدۇرىدۇ ۋە جەھەننەمنىڭ ئازابىغا سۆرەيدۇ.» دېدى.

بۇ بىر تۈرلۈكى جىننىڭ شەيتانلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەرگىز ياخشىلىق يوق، ئۇ بولسا الله تائالانىڭ لەنەتلىرىگە يولۇققان ئىبلىستۇر.

## جىن، شەيتانلار ھەرخىل شەكىلدە بولالامدۇ؟

جىن، شەيتانلارنىڭ ئوخشاشمايدىغان شەكىل ۋە ھەر تۈرلۈك رەڭدە بولالىشى بىر ھەقىقەتتۇر. بۇنىڭغا قۇلاق ئاڭلىغان، كۆز كۆرگەن دەلىللەر بار، ئەقىل ئالدىدىمۇ مۇمكىن ئىش، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئەقىل ئالدىدا زىت كېلىدىغان بىر نەرسە يوق.

جىننىڭ ھەرخىل شەكىلدە بولىدىغانلىقىغا خەۋەر، دەلىللەر تۆۋەندىكىلەر:

1.شەيتاننىڭ (ئىبلىسنىڭ) مەككىدە مۇشرىكلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئاچقان سىياسىي كېڭەش مەجلىسىگە قاتناشقانلىقى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامغا چاقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، رەسۇلۇللانى قاماش ياكى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ياكى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ھەرخىل پىكىرلەر ئوتتۇرىدا

قويۇلىۋاتقاندا ئىبلىس ئۇلار قېشىغا نەجدى ئۆلكىسىنىڭ ھۆرمەتلىك ئادەملىرىدىن بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ كىرىپ، يىغىنغا ۋە گەپ ـ سۆزگە ئارلىشىپ، كۆپرەك ئادەمنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىشىپ بەرگەن، ئۇ ئاخىرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەڭ قەبىھ ۋە بۇزۇق پىكىرگە باشقىلارنى كۆندۈرگەن.

بۇ ئىش شۇنچە مەشھۇركى، ئۇنى يالغانغا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا گۇمانلىق قاراشقىمۇ ئورۇن يوق.

2. مەدىنە شەھرىنىڭ جىنلىرىدىن بىر جىنىنىڭ يىلان سۈرىتى بولغانلىقىنى ئىمامى مۇسلىم ئەبۇ سەئىد خۇدەرى رەزىيەللاھۇ ئەبھۇدىن رىۋايەت قىلدى. بۇ كىشى دېدىكى: «بىز ئەسھابىلاردىن يېگىدىن ئۆيلەنگەن بىر ياش يىگىت بار ئىدى. بىز رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بىلەن خەندەككە (مەدىنىنى دۈشمەندىن قوغداش ئۈچۈن مەدىنە ئەتراپىغا خەندەك كولاشقا) مەشغۇل بولغان كۈنلەردە، مەزگۇر ياش ساھابە چۈش ۋاقتىدا رەسۇلۇللادىن رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە بېرىپ كېلەتتى. بىر كۈنى يەنە رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا: «قورالىڭنى ئېلىۋالغىن. قۇرەيزە كاپىرلىرىنىڭ ساڭا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېدى. ئۇ يىگىت قورالىنى ئېلىپ ئۆيىگە كەتتى. بارسا، خوتۇنى تاشقىرى ئىشىكىدە ئۆرە تۇرغان ئىكەن. خوتۇنىنىڭ يات ئادەملەرگە كۆرۈنگىنىگە غەزەپلىنىپ خوتۇنىغا نەيزە تىقماقچى بولدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا: ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال! ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ باق. مېنى سىرتقا چىقىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسىگە قارىغىن! دېدى. ئۇ يىگىت ئۆيىگە كىردى. چوڭ بىر يىلان كۆرپە ئۈستىگە يۇمۇلاق بولۇپ ياتقان ئىكەن. يىلانغا نەيزە تىقتى. يىلان نەيزىگە قاتار تىزىلدى. ئاندىن سىرتقا چىقىپ نەيزىنى يىلان بىلەن  بىللە يەرگە چوقۇپ قويدى. يىلان چاچراپ يىگىتكە ئۆزىنى ئاتتى، يىگىتمۇ، يىلانمۇ ئۆلدى. قايسى بۇرۇن ئۆلگىنىنى بىلگلى بولمىدى». سەھىھۇل مۇسلىم ھەدىسى.

3. شەيتاننىڭ ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ، سەدىقە خورمىدىن ئوغۇرلىغانلىقى. ئىمامى بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلدىكى: رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالام ئەبۇ ھۇرەيرىنى زاكاتقا يىغىلغان خورمىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلغان ئىدى. بىر جىن (شەيتان) ئادەم  سۈرىتىدە بولۇپ كېلىپ سەدىقە خورمىنى ئالغىلى تۇردى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇۋېدى. ئۇ ئۆزى ۋە باللىرىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئۇنى قويۇپ بەردى. ئىككىنجى قېتىم يەنە ئوغۇرلىدى. يەنە قويۇپ بەردى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە كېلىپ خورما ئالغىلى تۇرغاندا ئەبۇ ھۇرەيرە تۇتىۋېلىپ، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى. لېكىن شەيتان ئۆزرە ئېيتىپ يالۋۇردى ۋە ئەپۇ قىلىشنى تىلىدى ۋە «ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرئاندىن بىر ئايەت ئۆگىتىپ قوياي، ئۇنى ئوقۇغان كىشىگە شەيتان يېقىن كىلەلمەيدۇ» دەپ ئەبۇ ھۇرەيرەگە ۋەدە قىلدى. ئايەتۇل كۇرسىنى ئۆگىتىپ قويدى. ئەبۇ ھۇرەيرە ئەپۇ قىلىپ قويۇپ بەردى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامغا ئۇچرۇشۇپ قالدى. ئەبۇ ھۇرەيرە گەپ قىلىشتىن بۇرۇن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئۆتكەن كىچە قولۇڭغا چۈشكەن ئوغرى نېمە ئىش قىلدى؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە يۈز بەرگەن ئەھۋالنى سۆزلىدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «شەيتان دائىم يالغانچى تۇرۇپ، بىر قېتىم ساڭا راست گەپ قىلىپتۇ.» دېدى. (ئايەتۇل كۇرسى ھەققىدىكى سۆزى راست، دىمەكچى) سەھىھۇل بۇخارى ھەدىسى.

ئاگاھلاندۇرۇش

پەرىشتىلەر ھەرخىل شەكىلدە بولالىغاندەك جىن، شەيتانلارمۇ ھەرخىل شەكىلدە

بولالايدىغانلىقىنى مۇقەررەر قىلغىنىمىزغا ئەگەشتۇرۇپ، شۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرىمىزكى، پەرىشتىلەر، جىنلار، شەيتانلارنىڭ قايسى ئۇسۇلدا ھەر تۇرلۇك سۇرەتكە كىلىدىغانلىقى ھەققىدە (سۇرىتى ئۆزگۇرۇشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ھەققىدە) راست، ئېنىق بىر خەۋەرنى ئىسپاتلىيالىغىنىمىز يوق، لېكىن ئۇلارغا الله تائالا بىر قانچە ئىسىملىرىنى ئۆگىتىپ قويغان، ئۇلار شۇ ئىسىملارنى ئوقۇپ دۇئا قىلىدىغان، شۇ سەۋەپتىن ئۇلار الله رۇخسەت قىلغان دائىرە ئىچىدە خالىغان شەكىلدە بولالايدىغان بولۇشنى يىراق سانغىلى بولمايدۇ. شەيتاننىڭ رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇرىتىدە بولالماسلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ھەركىم مىنى چۈشىدە كۆرسە، راستلا مىنى كۆرىدۇ. چۈنكى شەيتان مىنىڭ سۇرىتىمدە بولالمايدۇ» دېدى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

7.جىنلار نەدە ئورۇنلىشىدۇ؟

جىن شەيتانلار كۆپىنچە يىقىلىپ ۋەيران بولغان ئۆيلەردە، پاسكىنا ئەخلەت چاۋار بار يەرلەردە، خالا جايلاردا، يۇندە ئازگاللىرىدا ماكانلىشىدۇ، چۈنكى ئىمامى ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «خالا جايلاردا ھەرخىل زىيانلىق مەخلۇق بار. ھەر قايسىڭلار خالاغا كىرەر چاغدا، نىجاسەتلەردىن ۋە پاسكىنا جىن شەيتانلاردىن الله تائالانىڭ ساقلاپ قېلىشىنى تىلەيمەن، دېگەن دۇئانى ئوقۇسۇن»

شەيتانلا يامان نىيەتلىك زەھەرلىك مەخلۇق بولۇپ، پاسكىنا يەرلەردە يۈرۈيدىغان بولغاچقا ھەمىشە جىنايەت ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، يالغان بوھتان توقۇيدىغان، گۇناھ بىلەن پاسكىنلاشقان، چوڭ جىنايەتلەرگەئادەتلەنگەن ئەر، ئايال ئادەملەرگە يېقىن كېلىدۇ. ھەمراھ بولىدۇ. الله تائالا سۇرە شۇ ئەرادا: «(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا ئېيتقىنكى) سىلەرگە مەن شەيتانلارنىڭ كىمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ھەر بىر ئىغۋا توقۇغۇچى گۇناھكارغا چۈشىدۇ. ئۇلار (پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە) ئاڭلايدۇ، ئۇلار (يەنى شەيتانلارنىڭ) تولىسى يالغانچىلاردۇر.» دېدى. (221- ئايەتتىن 223- ئايەتكىچە)

8.جىنلار يۇقىرى قاتلام پەرىشتىلەردىن ئوغۇرلۇقچە گەپ ئاڭلامدۇ؟ ھەئە، الله تائالا جىن، شەيتانلارغا ئاسمان تەرەپكە يۇقىرى چىقىشقا كۈچ، قابىلىيەت بەرگەن، شۇڭا ئۇلار پەرىشتىلەردەك يەردىن ئاسمانغا چىقىدۇ. پەرىشلەردىن گەپ ئوغۇرلايدۇ. يەردىكى ئادەمدىن بولغان يېقىن دوستلىرىغا يەتكۈزىدۇ. شەيتاننىڭ دوستلىرى بولغان جىنكەش ئېزىتقۇ ئىنسانلار ئۇ گەپنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ خەلقلەرگە سۆزلەپ بېرىپ خەلقنى ئازدۇرىدۇ، بۇ راست ئەمەلىيەتنى الله تائالا قۇرئاندا ئىسپاتلاپ جىننىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىپ سۇرە جىندا: «(جىنلار ئېيتتى) 〈بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق، ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق، كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇنى كۈزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ. بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىنىدىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ؟ بىلمەيمىز〉.» دېدى. (8- ئايەتتىن 10- ئايەتكىچە)

شۇنىڭدەك بۇ ھەقىقەتنى سەھىھۇل بۇخارىدىكى ھەدىس قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «پەرىشتىلەر بۇلۇتقا چۈشىدۇ. ئاسماندا ھۆكۈم قىلىنغان ئىشلارنىڭ پارىڭىنى قىلىشىدۇ، ئۇ گەپنى شەيتانلار ئوغۇرلىقچە ئاڭلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇنى يەردىكى جىنكەش چىراقچىلارغا يەتكۈزىدۇ. جىنكەشلەر بىر گەپكە يۈز يالغاننى قورىسقىدىن

قوشۇپ خەلقىگە سۆزلەيدۇ» (سەھىھۇل بۇخارى 4-جۇزئى).

9.جىننىڭ قەدرى قىممىتى، ھۆرمىتى ئادەمنىڭكىدىن تۆۋەن. جىنلار ھەتتا سالىھ، ياخشىللىرىمۇ ئادەمدىن قەدرى ئاز، ھۆرمىتى تۆۋەن شەرىپى ئازدۇر. چۈنكى ئالەمنى ياراتقۇچى اللە تائالا ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتىنى مۇقەررەر ئىسپاتلاپ سۈرە ئىسرا 70-ئايەتتە: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق. ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق. ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق. ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.» دېدى.

مۇنداق ھۆرمەتلەش جىنلارغا قۇرئاندىمۇ، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىمۇ يوق، بۇنىڭدىن ئىنسانىنىڭ جىندىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

جىنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنساندىن يىتەرسىز، ئاجىز ئىكەنلىكىنى سەزگەنلىكىمۇ، بۇنىڭغا دەلىل. ئىنسانلارنىڭ (بەزى قورقۇنۇشلۇق يەرلەردە) جىنلارنىڭ باشلىقلىرىدىن پاناھ (قوغداپ قىلىشنى تىلىگەندە ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، كۆرەڭلەپ كېتىپ كاپىرلىقىدا ھەددىدىن ئېشىپ كىتىدىغانلىقى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ.

اللە تائالا سۈرە جىندا جىنلار توغۇرلۇق سۆزلەپ: «ئىنسانلاردىن بولغان بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى.» دېدى. (6- ئايەت)

بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى: ئىنسان ئۇلارغا يىقىنلىشىشقا ۋاستە ئىزدىسە ياكى ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى ۋەسىلە قىلسا ياكى ئۇلارنىڭ شەرەپلىكلىرىنىڭ نامىغا قەسەم قىلسا، قوبۇل قىلىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى، جىنلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى سەزگەنلىكى، اللە تائالاغا ئىشىنىپ، يالغۇز اللە غا باش ئىگىپ، تەربىيە قىلىشقا ئاجىزلىقىنى سەزگەنلىكى، ئىبادەتكە ھەقلىقلىقىدا، ئىسىم سۈپەتلەردە اللە تائالا يالغۇز دەپ ئەقىدە قىلىش يۈزىدىن اللە تائالا ئالدىدا ھۆرمەتكە ئىگە بولغان (مۆمىن مۇسۇلمان) ئىنسان ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھەقىر، تۆۋەنلىكىنى بىلگەنلىكىدۇر. ئەمما ئىمان، ئىسلامدىن خالىي ئىنسان جىن بىلەن ئوخشاش، جىننىڭ سالىھ، ياخشىلىرى ئادەمنىڭ كاپىر مۇشرىكلىرىدىن ئەۋزەل.

10. جىننىڭ مۆمىن سالىھلىرى جەننەتكە كىرەمدۇ؟

يۇقىرىدا ئوچۇق بايان قىلدۇقكى، جىنلار ئىبلىسنىڭ ئەۋلادى ئەمەس (ئىبلىس جىن نەسلىدىن) جىنلارمۇ اللە تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش بويسۇنۇش ئۈچۈن يارىتىلغان، جىنلار بۇ تەرەپتە ئادەم بالىلىرى بىلەن ئوخشاش، جىننىڭ ياخشى سالىھلىرىمۇ بار، ئۇنىڭدىن تۆۋەنلىرىمۇ بار، ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن اللە تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان ياخشى جىنلار جەننەتكە كىرىدۇ. ئىمان ۋە تەۋھىد (اللە تائالا تەڭداشسىز ئۇلۇغ دېگەن ئەقىدە) بىلەن ۋە خۇدادىن قورقۇپ، ياخشى ئىشلار قىلىش بىلەن بولغان بولسا جەننەتكە كىرىپ، جەننەتتە نىمەت بىرىلىدۇ. اللە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىزكى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.» (سۈرە بۇرۇج 11-ئايەت) بۇ ئايەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بارلىق مۆكەللەپ بەندىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە اللە تائالانىڭ: «كىمكى مۆئمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ (ساۋابى) زايا كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىنى (يەنى نامە- ئەمالىنى) چوقۇم خاتىرىلەپ قويىمىز.» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. (سۈرە ئەنبىيا 94-ئايەت)

يەنە اللە تائالانىڭ: «اللە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغفىرەت ۋە كاتتا

ساۋاب ۋەدە قىلدى.» (سۈرە مائىدە 9- ئايەت) دېگەن سۆز ئىنسانغىمۇ، جىنغىمۇ ئومۇمىيدۇر. ئىمان ۋە ئەمەلىي سالىھ دېگەن شەرتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئىنسان بولسۇن مەيلى جىن بولسۇن، ئەجرى مەغپىرەت ۋە جەننەتكە تېگىشلىك بولىدۇ. سۈرە رەھماندىكى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ (ھېساب بېرىشتىن) قورققان ئادەمگە ئىككى جەننەت بار.» (46- ئايەت) دېگەن ئايەت تىخىمۇ ئوچۇقراق دەلىلدۇر.

11. جىنلار ئىنسانلارغا ئازار بېرەمدۇ؟ (زىيانكەشلىك قىلامدۇ؟)

جىننىڭ ئىنسانغا زىيانكەشلىك قىلىشى چوقۇم، كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەھۋال قۇلاق ئاڭلىغان ھەم سەزگەن دەلىل بىلەن سابىت. ئەقىلمۇ ئۇنى يىراق سانىمايدۇ بەلكى ئىقرار قىلىدۇ، ئەگەر الله تائالا ئىنسانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل قىلغان ۋە ئادەملەرگە ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان پەرىشتىلەر بولمىسا ئىدى. ھېچكىم جىن شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايتتى. ئىنسان ئۇلارنى كۆرەلمىگەچكە ھەم ئۇلار تېز ئۆزگىرىدىغان، يۈتكىلىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا ھەم ئۇلارنىڭ جىسمىنى بىز ھېس قىلىپ بولالمىغاچقا، بىزنىڭ قوغدىنىشىمىز مۇمكىن بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى جىننىڭ بەزى ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىشتا شەك يوق. چۈنكى ئادەملەر جىنلارغا كۆرمەي قايناق سۇ تۆككەن ياكى ئۈستىگە سىيگەن ياكى بىلمەستىن جىننىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالغاندەك ئىشلارنى قىلىپ سېلىپ رەنجىتكەنلىكتىن، ئۇلار ئادەمدىن ئىنتىقام ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ ياكى ئىنسانغا زۇلۇم قىلىپ، بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بۇرادىرىگە ناھەق زۇلۇم قىلغاندەك، سەۋەبسىز ئاپەت سالىدۇ. بۇ ھەقتە ھىلىقى ياش ساھابە توغرىسىدا ئىشەنچلىك ھەدىس باشتا ئۆتكەن. ساھابە يىلان شەكلىدە بولۇپ ئۆيىگە كىرگەن جىنغا نەيزە تىققاندا، جىن ئۇنىڭدىن ئىنتىقامىنى ئالماي ئۆلمىدى. ئەبۇ سەئىد: «ياش ساھابە بۇرۇن ئۆلدىمۇ ياكى جىن بۇرۇن ئۆلدىمۇ، بىلگىلى بولمىدى»دېدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەممىگە مەشھۇر بولغاچقا ۋە ھەممە كىشى ئۇنىڭغا قايىل بولغانلىقىدىن بۇنىڭغا باشقا دەلىل كەلتۈرمەيمىز ھەم ئۆز ئۆيىمىزدە يۈز بەرگەن ۋە بىز ئۇنىڭ دەردىنى تارتىپ ئۆتكەن، يامان تەسىرىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن يەنە بىر ھادىسىنى سۆزلەش بىلەن سۆزىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

مىنىڭ بىر ئاچام بولۇپ، ئىسمى سەئىدىيە ئىدى. بىزنىڭ ھويلىدا بىر تۈپ خورما بار ئىدى. بىز كىچىك بالىلار خورمىنىڭ بىر پۇتىقىغا ئارغامچىدىن يامىشىپ ئۆگزىگە چىقىپ چۈشۈپ ئوينايتتۇق. بىر كۈنى ئاچام ئۆگزىدە تۇرۇپ شاختا باغلانغان ۋە بىز ئېسىلغان ئاغامچىنى تارتتى. كۈچى يەتمەي ئارغامچا سۈرەپ كېتىپ، ئۆگزىدىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. نەخ جىننىڭ ئۈستىگە يىقىلغان ئىكەن. جىن ئونىڭدىن قاتتىق ئازار يەپتۇ. شۇڭا ئاچامدىن جىن ئىنتىقام ئېلىشقا باشلىدى. ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم يا ئۈچ قېتىم كېچىدە ئاچام ئۇخلىغاندا كېلىپ، گېلىنى سىققىلى تۇردى. جىن ئاچامنىڭ گېلىنى سىققاندا ئاچام پۇت، قولىنى يېغىپ سۇنۇپ، بوغۇزلانغان قويدەك جان تالىشاتتى. تاڭ ئاتقاندا ئاچامنى ئۆلۈك شەكلىدە تاشلاپ كېتەتتى. ئاچام بىر قېتىم: «جىن ماڭا شۇ ئازابىنى، ھېلىقى كۈنى خورما تۈۋىدە ماڭا ئازار بەردىڭ، دەپ ئىنتىقام ئۈچۈن قېلىۋاتىدۇ» دەپ ئۆز تىلى بىلەن ئوچۇق سۆزلىدى. مەزكۇر جىننىڭ ئاچام ئۇخلىغاندا كېلىپ، گېلىنى سىقىپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپ ئازابلىشى داۋام قىلىۋېرىپ، ئاخىرى ۋاپات بولدى. الله ئاچامنى كەچۈرسۇن ۋە رەھىم قىلسۇن، ئامىن! بۇ ھادىسە مەن بىللە ياشىغان، كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھادىسىدۇر. كۆرگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچى ئوخشاش ئەمەس ئەلۋەتتە.

# چوڭ بىر پايدا

جىن، شەيتانلار  ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنى چوڭ بىر پايدىلىق سۆزنى ئوتتۇرىدا قويۇش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. ئۇ بولسا: شەيتانلاردىن ساقلىنىش، ئۆزىنى قوغداش تۆۋەندىكى يەتتە چارىنىڭ بىرىنى ئىشلەش بىلەن مۇمكىن. 1-چارە، قوغلاندى قىلىنغان شەيتانىنىڭ شەررىدىن اللە قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇش.

اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقۇرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) اللەغا سېغىنىپ (شەيتانىنىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، اللە ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» دېدى (سۈرە فۇسسىلەت 36-ئايەت)

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «مەن بىر سۆزنى بېلىمەنكى، ئەگەر شۇ سۆزنى ھەر كىم ئېيتسا شەيتانىنىڭ زىيانكەشلىك يوقۇلىدۇ. ئۇ بولسا: «اعذبالله من الشيطان الرجيم» دېدى. سەھىھۇل بۇخارى، سەھىھۇل مۇسلىغا يېزىلغان ئىشەنچىلىك ھەدىستۇر.

2-چارە، «قل اعوذ برب الفلق» بىلەن « قل اعوذ برب الناس»نى ئوقۇش ئىمامى نەسەئى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان ئىشەنچىلىك ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالام ئاببىاس ئوغلىغا: «ئى ئىبنى ئاببىاس! پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان ۋەسىلە دۇئانىڭ ئەۋزىلىنى سىزگە خەۋەر قىلايمۇ؟» دېگەن ئىدى. ئىبنى ئاببىاس: «خەۋەر بەرسىلە، ئى رەسۇلۇللا!» دېدى.

3-چارە، ئايەتۇل كۇرسىنى ئوقۇش. (قۇرئانىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى سۈرە بەقەرە 255-ئايەتكە قارالسۇن)

يۇقىرىدا سەھىھۇل مۇسلىمدىكى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زاكات خورما ئوغۇرلىغان شەيتان توغرىسىدىكى ھەدىستە ئايەتۇل كۇرسى ئوقۇغۇچىغا جىن، شەيتان يېقىن كەلمەيدىغانلىقى سۆزلەندى.

4- چارە، سۈرە بەقەرەنى باشتىن ئايغىچە تولۇق ئوقۇش. ئىمامى مۇسلىم نەقىل قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئۆيۈڭلارنى قەبرىستاندەك (قۇرئان ئوقۇشتىن خالىي ئورۇن) قىلماڭلار! (يەنى ئۆيۈڭلاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىڭلار!) سۈرە بەقەرە تىلاۋەت قىلىنغان ئۆيدىن شەيتان قاچىدۇ.»

5-چارە، كەلىمە تەۋھىدنى ھەر كۈنى يۈز قېتىم ئوقۇش. (باش ئىگىپ ئىبادەت قىلىشقا اللە تائالادىن باشقا ھەقىلىق كىشى يوق. اللە تائالا تەڭداشسىز. يالغۇز، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، بارلىق ئالەم ئۇنىڭ ئىلكىدە، ھەمدۇ - سانا ئۇنىڭغا خاس. ئۇ اللە ھەر نەرسىگە كۈچى يەتكۈچى) رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ھەر كىم بۇ كەلىمىنى يۈز قېتىم ئوقۇسا، ئون قۇل ئازاد قىلغان بىلەن باراۋەر ھەم ئۇ كىشىگە يۈز ياخشى ئىشنىڭ ساۋابى بولىدۇ. يۈز كىچىك خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە بۇ كەلىمە شۇ كۈنى كەچكىچە شەيتاندىن قوغدىغۇچى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىدىن باشقا كىشى بۇنىڭدىن ئەۋزەل ئىشنى قىلالمايدۇ» دېدى.

6-چارە، اللە تائالاغا زىكرى ئېيتىش (دىلدا ياد قىلىپ، تىلدا قۇرئان تىلاۋەت، تەسبىھ، تەھلىل ئوقۇش)

ئىمامى تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام، ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالام خالايىقلارغا ئېيتتى: ‹سىلەرنى اللە تائالانى زىكرى

قىلىشقا بۇيرۇيمەن. زىكرى ئېيتقان كىشىنىڭ ئەھۋالى ئارقىسىدىن دۈشمەن قوغلاپ ماڭغان ئادەم مۇستەھكەم ئىگىز سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ دۈشمەندىن ئۆزىنى قوغداپ قالغان كىشىگە ئوخشايدۇ، بەندە الله تائالانى ئەسلەش، زىكرى ئېيتىشتىن باشقا چارە بىلەن ئۆزىنى شەيتاندىن ساقلىيالمايدۇ〉.» (بۇ ھەدىسنى ئىمامى تىرمىزى رىۋايەت قىلدى)

7-چارە، ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا تاھارەت ئېلىش.

ھەر كىم ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا تاھارەت ئالسا، شەيتاننىڭ جىنايەت قىلدۇرىشىدىن ياكى ياخشى ئەمەس سۆز - ھەرىكەتتىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاچچىقى كېلىش شەيتاندىن، شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان، ئوتنى سۇ بىلەن ئۆچۈرىدۇ. قايسى بىرىڭلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا تاھارەت ئالسۇن» دېدى. (ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى)

ئەسكەرتىش: دىنىنى، يۇرتىنى، ئېلىنى قوغداش يولىدىكى ئاچچىق شەيتاندىن ئەمەس. ئىماندىن، ۋىجداندىندۇر. ئۆزئارا تۇغقان، قوشنا، دوستلار ئارىسىدىكى تۇرمۇش مۇئامىلىرىدە ئاچچىقى يامان بولۇپ زىدىيەت، ئاداۋەت، ماجرا تۇغدۇرۇش شەيتاندىن، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇشۇ تەرەپنى دېمەكچى، غالىبەن ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئۈچىنچى ئاساس الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن كىتاپلىرىغا ئىشىنىشتۇر

كىتاب بىر قانچە تۇرلۇك مەقسەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەنىلىك يېزىلغان مەنىلىك سۆزلەر توپلىمىدۇر. الله تائالانىڭ ئىشىنىش لازىم بولغان كىتاپلىرى بولسا الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي قىلغان سۆزلىرىنىڭ توپلاملىرىدۇر. بەزىلىرى كىتاب شەكلىدە، بەزىلىرى توپلانمىغان پارچە ۋاراقلاردۇر. كىتاب بولۇپ توپلانغانلىرى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان كەرىمدۇر. توپلانمىغانلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا (تەۋراتتىن باشقا)چۈشۈرۈلگەن سەھىپىلەردۇر.

## كىتابلارغا ئىشىنىشنىڭ ھەقىقتى

مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولغان الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىشنىڭ مەنىسى: الله تائالا ئۆزى تاللاپ ئەلچى قىلغان پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھىي قىلىنغان، ئاندىن توپلاپ يېزىپ قالدۇرغان مەخسۇس كالامىغا كەسكىن راست دەپ ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

مەزكۇر كىتابلاردىن (ئىسمى، نۇسخىسى، تارىخى) تونۇلغانلىرىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا (الله نىڭ كىتابى)دەپ ئىشىنىش لازىم. تونۇلمىغانلىرىغا يىغىنىدى قىلىش يولى بىلەن (بىز الله تائالا قايسى پەيغەمبەرگە قانداق كىتاب چۈشۈرگەن بولسا، شۇ راست) دەپ يىغىنىدا قىلىپ ئىشىنىش لازىم.

## الله تائالانىڭ كىتابلىرىنىڭ تونۇلغانلىرى ۋە تونۇلمىغانلىرى

الله تائالانىڭ كىتابلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتا بىرلا ئاساسىي مەنبە قۇرئان كەرىمدۇر. چۈنكى الله تائالانىڭ كىتابلىرى ئىچىدە الله تائالادىن چۈشكەن ئەسلى ھالىتىدىن كەمەيمىگەن، زىيادە بولمىغان، سۆز ۋە ھەرپ ئالماشتۇرۇلماي ئۆز ئەينى ساقلانغىنى پەقەت بىرلا قۇرئان كەرىمدۇر. چۈنكى قۇرئاندىن قىسقا سۈرە ياكى بىر ئايەت چۈشكەندىن باشلاپ، ئاخىرىغىچە قۇرئاننى يېزىپ تۇرىدىغان، قەلبىدە يادلاپ تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەملەر تولۇق بولۇپ كەلگەن.

رەسۇلۇللا پەيغەمبەر قىلىنغان زاماندىن باشلاپ 23 يىل ئىچىدە قۇرئان كەرىم تولۇق چۈشۈپ بولۇش بىلەن تەڭ، قۇرئاننى يۈزلەرچە ھۆشيار ۋە ئىشەنچىلىك كىشلەر يادلاپ يۈرىكىگە ئورۇنلاشتۇرغان.

ئاندىن ئۇزۇن زامان ئۆتمەيلا قۇرئاننى قەلبىدە يادلاپ ئوقۇيدىغان ھاپىز ئەرلەر، ئاياللار بىر قانچە ئون مىڭغا يەتتى. ھازىرغا قەدەر قۇرئان دىللاردا ياد ئېلىنغان، كىتابلارغا يېزىلغان ھالدا دۆلەتلەر، مىللەتلەر، خەلقلەر، ھۆكۈمەتلەر مۇھاپىزەت قىلىۋاتىدۇ. ساقلاشقا، ئاسراشقا بىر - بىرىگە ۋارىس بولۇپ، ئەسىر داۋام قىلىپ بۇ كۈنگىچە كەلمەكتە. بۇنىڭ چوڭ بىر ئىسپاتى شۇكى، مەن (مۇشۇ كىتابنى يازغۇچى) قۇرئاننى قەلبىمدە تامام ياد بىلىمەن، دادامىمۇ، چوڭ دادامىمۇ، بوۋامىنىڭ دادىسىمۇ بىر تۇتاش قۇرئاننى تولۇق ياد ئوقۇيدىغان ھاپىزلار ئىدى. دۇنيا ھاياتى تۈگىگەنگە قەدەر قۇرئان الله تائالانىڭ ساقلىشى بىلەن شۇنداق ئاسراپ ساقلىنىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.» دېدى. (سۈرە ھىجر 9-ئايەت).

يەنە الله تائالا ئېيتتى: «شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.» (سۈرە فۇسسىلەت 41-، 42- ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم بۇرۇنقى كىتابلاردىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن سەھىپە (ۋاراق)لارنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن سەھىپىلەرنى ۋە ئۈچ كىتابنى سۆزلەپ بەردى. ئۈچ كىتاب بولسا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن تەۋرات، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن زەبۇر، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ئىنجىل بولۇپ، قۇرئاندا بىر قانچە يەردە تىلغا ئېلىنىدى، سۈرە فۇرقان 35-ئايەتتىكى الله تائالانىڭ: «شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ بىرسىدۇر. يەنە الله تائالانىڭ يەھۇدىلار ھەققىدە: «بىزھەقىقەتەن مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللهنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللا (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلارتەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى.(ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار، مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل- مال مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئۇلار كافىرلاردۇر.» دېگەن سۆزىدۇر. (سۈرە مائىدە 44-ئايەت)

يەنى الله تائالانىڭ: «پەرۋەردىگارىڭ ئاسمانلاردىكى زېمىندىكى بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىنى)

ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ، بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.» دېگەن سۆزىدۇر. (سۈرە ئىسرا 55- ئايەت)

يەنە اللە تائالا: «ئۇلاردىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى داۋاملىق ئەۋەتتۇق. ئارقىدىن مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق.» دېگەن. (سۈرە ھەدىد 27- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

يەنە اللە تائالا: «بۇ (يەنى بۇ سۈرىدىكى ۋەزلەر) شەك- شۈبھىسىز بۇرۇنقى كىتابلاردا- ئىبراھىم ۋە مۇسالارنىڭ كىتابلىرىدا باردۇر.» (سۈرە ئەئلا 18- ئايەت) دېگەن.

بۇ ئايەتلاردە ئىبراھىم، مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سەھىپىلىرى بىلەن بىرلىكتە اللە تائالانىڭ ئۈچ كىتابى سۆزلەندى. شۇنىڭدەك قۇرئاننى باشقا ئورۇنلىرىدا شۇ كىتابلاردا كەلگەن بەزى خەۋەرلەر سۆزلەندى.مەسىلەن، تەۋرات ھەققىدە اللە تائالانىڭ: «ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى)غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ)، ۋە كىمكى(جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ، اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشلەر زالىملاردۇر.» دېگەن (سۈرە مائىدە 45- ئايەت). بۇ يەردە اللە تائالا پۈت، قول ئەزالارغا قىساس ئېلىش ھەققىدىكى ھۆكۈمنى بايان قىلدى. شۇنىڭدەك اللە تائالا: «مۇھەممەد اللەنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر. ئۆز - ئارا كۆيۈمچاندۇر. ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار اللەنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار. ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان بولۇقلىقى ۋە كۆركەم كۆرۈنىشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر. اللە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغفىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.»دېگەن. (سۈرە فەتھ 29- ئايەت)

بۇ ئايەت شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇكى: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىنىڭ تەۋراتقا ۋە ئىنجىلدا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرى، قۇرئاننىڭ مۇشۇ ئايىتىدە بايان قىلىنغاننىڭ ئۆزىدۇر.

شۇنىڭدەك اللە تائالا سۈرە نەجمدە: «ئۇ مۇسانىڭ ۋە ئىبراھىمنىڭ سەھىپىلىرىدىكى سۆزدىن خەۋەردار بولمىدىمۇ؟ ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى، بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتۈرمەيدۇ (يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ). ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرىلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ). ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ.» دېگەن سۆزىدۇر. (36- ئايەتتىن 41- ئايەتكىچە)

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايەتلىرىنىڭ ئوچۇق كۆرسۈتىشىچە: ئىبراھىم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرىدىمۇ قىيامەت كۈنى بىر گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى يەنە بىر كىم كۆتۈرۈشۈپ بەرمەيدۇ. ھەر ئادەمگە ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا ساۋاب ياكى جازا

يوق. ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى، يامان ئىشلىرىنى قىيامەت كۈنى كۆرسىتىپ ئىقرار قىلدۇرىلىدۇ. ئەجىر ـ مۇكاپاتقا تېگىشلىك بولسا تولۇق بېرىلىدۇ. جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولسا تولۇق بېرىلىدۇ، دېگەن خەۋەر بار.

قۇرئان كەرىمدە ئىسىملىرى بىلەن چۈشۈرۈلگەن، ئىلگىرى بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن سۆزلەنگەن مەزكۇر كىتابلار بولسا، هەر بىر مۆمىن بۇ كىتابلارغا قۇرئاندا كۆرسىتىلگەندەك ئايرىم ـ ئايرىم ئىشىنىدۇ. الله تائالانىڭ قۇرئاندا سۆزلەنمىگەن كىتابلىرىغا ئومۇمەن يىغىپ ( هەممىسى الله نىڭ كىتابى دەپ) ئىشىنىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا ئۇ كىتابلارمۇ ۋە ئۇلار چۈشۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىسمى بىلەن سۆزلەنمىدى. يىغىندى قىلىپ سۆزلەندى. الله تائالا سۈرە هەدىد 25ـئايەتتە: «بىز هەقىقەتەن پەيغەمبىرىمىزنى رۇشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى قانۇننى چۈشۈردۇق» دېگەن ۋە سۈرە بەقەرە 213ـ ئايەتتە الله تائالا: «ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۇممەت (يەنى هەق دىندا) ئىدى. (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى). الله (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوزاختىن) ئاگاهلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، (الله) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە هۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا هەق كىتابنى نازىل قىلدى» دېدى.

دېمەك بۇ ئىككى ئايەتتە پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلار ئىنچام هالدا (پەيغەمبەر ئىسمى، كىتاب ئىسمى كۆرسىتىلمەستىن، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە كىتابلار چۈشۈرۈلگەنلىكى يىغىندا هالدا) سۆزلەندى. شۇڭا مۆمىنلەر ئۇ كىتابلارنىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىمۇ ئىسمىنى بىلمىسىمۇ مۇجمەل (يىغىندا) هالدا ئىمان ئېيتىدۇ.

مۆمىنلەرنىڭ الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىشىدىكى ئەقىدىسى شۇنداق خۇلاسە قىلىنىدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىگە، الله تاپشۇرغان ئەلچىلىكنى ئۈستىگە ئالسۇن ۋە ئۇنى بەندىلىرىگە يەتكۈزسۇن ئۈچۈن چۈشۈرگەن هەممە كىتابلىرىغا ئىشىنىدۇ. قۇرئاندىن تونۇلغانلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ئىشىنىدۇ. يىغىپ سۆزلەنگەنلىرىگە يىغىپ ئىشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە كىتابىغا تەرەپبازلىق قىلىش يۈزىسىدىن بەزى پەيغەمبەر، بەزى كىتابقا ئىشىنىپ، بەزىسىگە تانىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

ئۆزگەرتىلگەن تەۋراتقا، سۆزلىرى ئالماشتۇرۇلغان ئىنجىلغا ئىشىنىپ، ساق ـ سالامەت ساقلانغان قۇرئانغا تانغان يەھۇدىلاردەك، خىرىستىئانلاردەك ئىش قىلمايدۇ. يەھۇدىلار، خىرىستىئانلار شۇڭا يالغانغا ئىشىنىپ، راستقا تانغان ئادەملەر بولدى، الله تائالا ئۇلارنىڭ شۇنداقلىقىنى بىلىدۇ.

## مۆمىن ئادەم الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا قايسى دەلىلگە ئاساسلىنىپ ئىشىنىدۇ؟

مۆمىن ئادەم الله تائالاغا ۋە الله تائالانىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىشىنىشىدە شەك ـ شۈبهە، گۇمان ۋە خىيالنىڭ قاتتىق بوران ـ چاپقۇنلىرىمۇ مىدىرلىتالمايدىغان تەرىقىدە مۇستەهكەم ئىشەنگەندىن كېيىن، الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش ئۈچۈن ئەقلىي دەلىللەرگىمۇ ياكى قۇلاق ئاڭلايدىغان هىسسىي دەلىللەرگىمۇ موهتاج بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى

بىلىش ۋە تونۇش، ئاڭلىق تونۇش، ئاڭلىق چۈشىنىش ئاساسىدا قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ ھەرگىز كىشلەرنى دوراش ۋە بىلمەي ئەگىشىش يولى بىلەن ئەقىدە قىلمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە مۆمىن ئادەم باشقا ئەقىدىلىرىدەك ئۆزىنىڭ الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا بولغان ئەقىدىسىنى توغرا قىلسۇن ئۈچۈن پۈتۈن دەلىللەرنىڭ يىلتىزىنى ۋە ھۆججەتلەرنىڭ مەنبىئىنى سۆزلەيمىز. چۈنكى بۇ ئەمەلدىن قالمايدىغان ۋە يىگىلمەيدىغان قالمايدىغان ئىككى دەلىلدۇر. بۇ ئىككىسى بولسا، ئەسەر دەلىلى بىلەن خەۋەر دەلىلى بولۇپ، بۇ ئىككىسى بىلەن ھەممە غايىب ئىسپاتلىنىدۇ ۋە بۇ ئىككى دەلىلگە ئەقلىلىق ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئىشىنىدۇ. ئەسەر دەلىلدىن بىر ئەسەرگە قانائەت قىلىمىز. ئۇ بولسا قۇرئان كەرىم بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىقى ئۇنى چۈشۈرگۈچى الله تائالانىڭ بارلىقىغا كۈچلۈك ۋە كەسكىن دەلىلدۇر ھەم ئۇ زاتىنىڭ ئىلمىگە، قۇدرىتىگە، ھىكمىتىگە، رەھمىتىگە دەلىلدۇر. ھەم قۇرئان چۈشۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە الله تائالانىڭ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلمىگە، ھېكمىتىگە، پەزىلىتىگە، شەرىپىگە، كامىللىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇرئان ئۆزىنىڭ الله تائالانىڭ كىتابى، الله تائالانىڭ ۋەھيىسى، الله چۈشۈرگەن كىتاب ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك قۇرئان ئۆزىدىن بۇرۇن چۈشۈرۈلگەن الله تائالانىڭ كىتابلىرىنىڭ الله تەرەپتىن چۈشكەنلىكىنى مۇقەررەر قىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتى، داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زەبۇرى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلى توغرىسىدا نۇرغۇن بايانلارنى سۆزلىدى. شۇنىڭدەك قۇرئان الله تائالانىڭ بۇ كۈندە خەلقلەر قولىدا ھېچ نەرسە قالماي يوقالغان كىتابلىرىمۇ بولغانلىقىنى كۆرسەتتى.

دېمەك، قۇرئان كەرىم الله تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى توغرىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىلدۇر ۋە ئەڭ مۇكەممەل قانۇندۇر.

چوقۇمكى، ئەقلىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغان، فىترەت(ئىنسانلىق تەبىئەت)نىڭ گۇۋاھلىقىنى تىڭشىغان، ئىنسانىي ۋىجدانىنىڭ دەلىللىرىنى ھۆكۈم قىلدۇرغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولغان كىشىگە الله تائالا پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقان ئىگىسى دەپ ئىشىنىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئىشىنىش، قۇرئاننى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرلۇق مەشئەل، ھەممىگە ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچى قانۇن دەپ ئىشىنىش، ئىسلامنى توغرا، راست دىن ۋە قانۇن دەپ ئىشىنىشتىن باشقىسى سىغمايدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بولۇپ، قۇرئاننىڭ دەلىللىرى ئوخشاش بولمىغان، بىر قانچە تۈرلۈك ئالاھىدە دەلىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ئۇ ھەر قانداق كىشىنى قايىل قىلىدۇ. چۈنكى، قۇرئان ھەر قانداق ئادەمنى ئاجىز قىلىپ، يەڭگۈچى مۆجىزە كىتاب بولغان ھالدا ھېچقانداق شەخسلەرگە، جامائەتلەرگە، مىللەتلەرگە، خەلقلەرگە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئىلىملەر ۋە مەرىپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابدۇر.

قۇرئان الله تائالانىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىگە گۇمانلىق قارىغۇچىلارنى قۇرئان داۋاملىق تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرىپ كەلمەكتە. بۇ توغرىسىدا الله تائالا سۈرە ئىسرا 88-ئايەتتە: «ئېيتقىنكى «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ، بىر- بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ».» دېدى.

ئەمەلىيەتتى مۇشۇنداق بولغان بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ الله تائالادىن پەيغەمبەر مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي بىلەن چۈشۈرۈلگەنلىكى چوقۇم ۋە مۇقەررەر. ئۇ ھەرگىز ئىنسان ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان كىتاب ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرى ئىجادىيىتى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەت تونۇمايدىغان، خەت يازالمايدىغان ساۋاتسىز كىشى ئىدى. ئىنسانلار ئادىتىگە ئۇنداق خەت ئوقۇيالمايدىغان، يازالمايدىغان بىر قېتىممۇ ئوقۇتقۇچى ئالدىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان كىشىنىڭ قۇرئاندەك ئىلىم مەرىپەت بۇلىقى، ئەدەب، ئەخلاق، تارىخ مەنبەئى بولغان كىتابنى ئۆز قورسىقىدىن ئويلاپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ قۇرئان سۆزىدەك ۋەھىيدىن بىر ئېغىز سۆزلەپ باقماي، قىرىق ياشنى ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ بىرلا قوپۇپ قۇرئاننى سۆزلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىمنىڭ بىز باشتا ئېيتقاندەك، الله تائالانىڭ بارلىقىغا، ئىلىملىك، ھېكمەتلىك، قۇدرەتلىك، رەھىم - شەپقەتلىك بىر زات ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىشى (دەلىل بىلەن ئىسپاتلىشى) ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكنى، الله تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى دەلىل بىلەن مۇقەررەر قىلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋزەللىكىگە، شەرىپىگە، كامىللىقىغا دالالەت قىلىشى ھەم قۇرئان ئۆزىنىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيي، الله تائالانىڭ كىتابى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىشى، قۇرئاندىن بۇرۇن پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلارنىڭمۇ الله تائالانىڭ كىتابلىرى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرگە الله تائالادىن چۈشكەنلىكىگە دالالەت قىلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ھەم ئەقلى بىلەن بىلىنىدىغان، ھەم قائىدىگە ئۇيغۇن دالالەت بولۇپ، ھېچكىم رەت قىلالمايدۇ ۋە يېڭىلمەس ئەقلىي ھۆججەتلەردۇر. قۇرئاننىڭ يۇقىرىقىلارنى دەلىل بىلەن ئىسپاتلىشىغا كۆز يۇمۇپ، يوققا چىقارماقچى بولغان ئادەم بولسا، پۈتۈن ئەقىللەر ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلغان ماھال نەرسىلەرنى ئىسپاتلايمەن دەپ پاتقاققا چۈشكەن ئادەم بولىدۇ. مۇمكىن ئەمەس نەرسىلەر:

1. سۆزلىگۈچى مەجۇت بولماستىن سۆز بارلىققا كېلىشى.
2. بىلگۈچى بولماستىن بىلىم بار بولۇشى.
3. ئەلچى قىلغۇچى ۋە ئەلچى قىلىنغۇچى بولماستىن ئەلچىلىك تېپىلىشى.
4. پەيغەمبەر قىلغۇچى ۋە پەيغەمبەر قىلىنغۇچى بولماستىن پەيغەمبەرلىك تېپىلىشى.
5. دالالەت قىلغۇچى بولماستىن دالالەت تېپىلىشى.
6. ئەسەر قالدۇرغۇچى بولماستىن ئەسەر تېپىلىشى.

بۇ مۇمكىن ئەمەس ئالتە نەرسىنى، بېشى ئايلىنىپ قالغان ئادەملا مۇمكىن ھېسابلايدۇ، ئاندىن قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر ئىسپاتلىرىنى يوققا چىقارماقچى بولىدۇ. ئەقلى بار ئادەمنىڭ مۇنداق ھاماقەتچىلىككە ئۇرۇنىشى لايىق بولامدۇ؟ مۇنداق مۇمكىن ئەمەس نەرسىلەرنى مۇمكىن ھېسابلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

## خەۋەرنىڭ دەلىللىقى

خەۋەرلەر بەك كۆپ ۋە بەك ئېنىق بولغان ھالدا بىز ئۇنىڭدىن قانچىلىكنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولالايمىز؟

ئەقلى بار تىرىك ئادەم ئەقىل ئالدىدا بارلىقى ئوچۇق بولغان ۋە بولۇشى زۆرۈر بولغان

نەرسىلەرگە قارشى چىقىپ يوق! دەپ تۇرۇشتىن ئەلۋەتتە خىجىل بولىدۇ.

ئېيتىپ بېقىڭ! ئەگەر بىر كىم نۇرغۇن ئادەم ئارىسىدا تۇرۇپ يۈرەكلىكلىك قىلىپ، ئالەمدە ئاي، كۈن، ئاسمان، زېمىن دېگەن نەرسىلەر يوق دېسە ياكى ئۇسسىغان ئادەمنىڭ سۇغا ھاجىتى بارلىقىغا، ئاچ قالغان كىشىنىڭ تاماققا مۇھتاجلىقىغا ياكى كېسەلنىڭ داۋاغا، قوقۇچىنىڭ ئامانلىققا ھاجىتى بارلىقىغا قارشى تۇرسا، بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى كىشىلەرگە يات ۋە ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلمامدۇ؟ ئۇنداق بولسا، بىر كىم ئەقىللىق ئادەملەرگە قارشىلىشىپ الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە كىتاب چۈشۈرگىنىگە كۆز يۇمسا، ھالبۇكى، ئۇ كىتابلارنى خەلقلەر ئوقۇۋاتسا، ئەمەل قىلىۋاتسا، ئۇ كىتابلار باشلىغان توغرا يول بىلەن مېڭىپ پايدىلىنىۋاتسا، ئۇ كىتابلارنى ئىنسانلارنى ئىنسانلىققا لايىق شەرەپكە كۆتۈرۈۋاتسا، ئۇنداق كىشىدىن ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟ ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئىشىدىمۇ ياتراق بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ ۋەللاھۇلمەستائان.

شۇنداق بولسىمۇ، ئىنسانلار دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ ئاڭلىغان خەۋەرلەر ئىچىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك بىر بۆلۈكىنى ئوتتۇرىدا قويىمىز. ئۇ بولسا، ھەممە ئالەمنى ياراتقان ھەممىنى بىلگۈچى الله تائالانىڭ خەۋەرلىرىدۇر.

كىم الله تائالادەك راست سۆزلەيدۇ؟

الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خەلق ئارىسىدا ھۆكۈم قىلسۇن ئۇچۇن قۇرئاننى چۈشۈرۈرۈپ بەرگىنىنى مۇقەررەر قىلىشى توغرىسىدا ئېيتتى: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اللهنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.» (سۈرە نىسا 105-ئايەت)

يەنە الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ئىنئام ۋە ئىلتىپاتنى بايان قىلىپ ئېيتتى: «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ساڭا اللهنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بولمىسا ئىدى، ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم چوقۇم سېنى ئازدۇرۇشنى قەستلەيتتى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئازدۇرىدۇ، ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى. ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيىب ئىشلارنى) بىلدۈردى. اللهنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر.» (سۈرە نىسا 113-ئايەت)

الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ مەئبۇدلىقىدا يالغۇز ئىكەنلىكىدىن خەۋەر قىلىش ۋە بەندىلىرىگە ئىلتىپات ۋە ئىنئام قىلىپ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئارقىلىق بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ ھەقىقەتەن اللهدىن چۈشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قۇرئان كەرىمنى ۋە تەۋرات، ئىنجىلنى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان يول كۆرسەتكىنىنى بايان قىلىش توغرىدىسىدا ئېيتتى: « ئەلىف، لام، مىم، اللهدىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. الله (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەسدىق قىلغۇچى ھەم كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (الله) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغان ئىدى. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلارنى) نازىل قىلدى. شۈبھىسىزكى اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. الله غالىبتۇر، (يامانلارنى) جازالىغۇچىدۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 1-ئايەتتىن 4- ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا ئۆزىنىڭ نەبى ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيي چۈشۈرۈلگەنلىكى ۋە داۋۇد

ئەلەيهىسسالامغا زەبۇرنى بەرگەنلىكى، مۇسا پەيغەمبەرگە بىۋاستە سۆز قىلغانلىقىنىڭ راس ۋە مۇقەرررلىكىنى ئۇقتۇرۇش ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئۆزگە ئەلچى قىلىپ ئىنسانلارغا دىن ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىشتىكى ھېكمەت ۋە سىرنى بايان قىلىش توغرىسىدا ئېيتتى: «(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھى قىلدۇق، ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاقتا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق. بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، الله مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى. ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن اللەنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خوشخەۋەر بەرگۈچى (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە نىسا 163-ئايەتتىن 165- ئايەتكىچە)

الله تائالانىڭ خەۋەرلىرىدىن مۇشۇنچىلىكىنىلا كۆرسىتىمىز. كۆپرەك خەۋەر ئاڭلىماقچى بولغان كىشىنى قۇرئان كەرىمدىن كۆرۈۋېلىشقا تەكلىپ قىلىمىز. چۈنكى قۇرئاندا الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغىنىنى، كىتابلار چۈشۈرگىنىنى، كىتابلارنىڭ ئىسىملىرىنى، كىتابلار چۈشۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەر ئىسىملىرىنى ئوچۇق سۆزلەيدىغان خەۋەرلەر بار.

ئۇ خەۋەرلەر ئىنسان كۆڭلىدە اللەنىڭ كىتابلىرى ھەققىدە، كىتابلارنىڭ اللەدىن چۈشكىنىگە ئىشىنىش ۋە كىتابلىرىدىكى خەۋەرلەر، ھۆكۈملەر، قانۇنلار، ئەدەبلەرگە ئىشىنىشىگە قارىتا گۇمانلىق قاراشقا ئورۇن قالدۇرمايدىغان دەلىل، ئىسپاتلىق خەۋەرلەردۇر.

## الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش لازىملىقى ۋە بۇنىڭ ئىمان ئاساسلىرىدىن بىر ئاساسلىقى

الله تائالانىڭ ئاسماندىن چۈشكەن كىتابلىرىغا ئىشىنىش ئىسلام قانۇنىدا لازىم. شۇنىڭدەك ئەقىل ئالدىدىمۇ لازىم. تۆۋەندىكى بۇنىڭ بايانى.

شەرىئەتتە الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش ۋاجىبلىقىنىڭ سەۋەبى، الله تائالا ئىنسانلارنى مەزكۇر كىتابلارغا ئىشىنىشكە كەسكىن بۇيرۇدى. بۇ بۇيرۇق الله تائالاغا بويسۇنۇپ، ئاسىيلىقتىن ساقلىنىپ مەزكۇر كىتابلارغا شەكسىز ئىشىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىتابلارغا ئىشىنىشكە بۇيرۇش توغرىسىدا الله ئېيتتى: «ئى مۇئمىنلەر! اللەغا اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.» (سۈرە نىسا 136-ئايەت)

الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئومۇميي يۈزلۈك ئىشىنىش، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كىتابى بولغان قۇرئانغا ئايرىماستىن ئىشىنىش لازىملىقىغا ۋە ئۇ كىتابلارنى يالغان دېيىش، ئۇلاردىكى الله تائالانىڭ ۋەھىيسى ۋە كالامغا راست دەپ ئىشەنمەسلىكنىڭ ھاراملىقىغا دەلىل

بولۇشقا مۇشۇ بىر ئايەت كۇپايىدۇر.

كىتابلارغا ئىشىنىش لازىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇ ئالتە ئاساسنىڭ بىرى بولۇپ، ئالتە ئاساسنىڭ ھەممىگە ئىشىنىشى تولۇق بولمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى ئىمان بولمايدۇ. كىتابلارغا ئىشىنىش ئالتە ئاساسنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئالتىگە ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ قۇرۇلىشىدۇر. قۇرئاندىمۇ، ھەدىستىمۇ شۇنداق بايان قىلىندى. قۇرئاندا كەلگىنى الله تائالىنىڭ سۈرە بەقەرە 177-ئايەتتىكى: «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا ئاخىرەت كۈنىگە پەرىشتىلەرگە كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا) پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىقا ئېرىشىشىگە پۇل - مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.» دېگەن سۆزىدۇر. يەنە الله تائالا ئېيىتتى: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى اللهغا ۋە اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) ⟨اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز) ⟩ دەيدۇ. ئۇلار: ⟨بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز ئاخىر يانىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر⟩ دەيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 285-ئايەت)

ھەدىستىكى بايان بولسا، ئىمامى مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىمان توغرىسىدىن سوئال سورىغىنى ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىمان بولسا الله تائالاغا، اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، كېيىنكى كۈنگە، قەدەرگە ياخشىلىق، يامانلىق اللهنىڭ قەدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىدۇر.

كىتابلارغا ئىشىنىش ئەقىل ئالدىدىمۇ لازىم بولۇشنىڭ سەۋەبى: بەندىلەرنىڭ كىتابلارغا ھاجىتى بارلىقىنى ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈش بىلەن بەندىلىرىگە ھۆججەت كۆرسىتىش لازىملىقى ئويلاپ كۆرگەن كىشىگە ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

چۈنكى الله تائالا تەرەپتىن چۈشكەن قانۇنلارنى، ھۆكۈملەرنى ئادەملەرگە يەتكۈزگۈچى پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ الله تائالا ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپىنچە، اللهدىن چۈشكەن كىتابقا موھتاج، كىتاب بولغاندا شۇ پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتىگە ھۆججەت كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەرگە ئىشىنىدۇ، ئەگىشىدۇ. ئېلىپ كەلگەن قانۇن شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىدۇ.

الله تائالا چۈشۈرگەن قانۇن شەرىئەت ئۆزىمۇ، شۇ قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئۇنى ئىسپاتلايدىغان كىتابقا موھتاج كىتاب بولغاندا، پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر تەلىم بەرگەن قانۇن شەرىئەت ئاشۇ كىتاب ئارقىلىق ساقلىنىدۇ. ھەر زامان ئادەملىرى ئۇنىڭغا يەنە بىر پەيغەمبەر كېلىپ، بۇرۇنقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىچە ياكى بۇرۇنقىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىچە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. تەۋرات بىلەن ئىنجىلدا شۇنداق بولدى. ئىنجىل نازىل بولغىچە ئىنسانلار تەۋراتقا ئەمەل قىلدى. ئىنجىل ئارقىلىق الله تائالا

تەۋراتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، قۇرئان چۈشۈرۈش بىلەن تەۋراتنىڭمۇ، ئىنجىلنىڭمۇ ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

پەيغەمبەر دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن، كىتاب قىلىپ قالدىغان ئىش بولمىسا ئىدى. پەيغەمبەرلەر تەلىم بەرگەن «دىن» يوقالغان بولاتتى ياكى كۆپ قىسمى يوقۇلاتتى. ئۇ چاغدا ئادەملەر الله تائالاغا نېمە ئىش بىلەن ئىبادەت قىلىمىز. قانداق ئۇسۇلدا ئىبادەت قىلىمىز، الله تائالانىڭ «دىن» شەرىئىتىدىن بىزدە اللهغا ئىبادەت قىلغىلى بىر نەرسە بولمىسا؟ دەيتتى. ھەم ئۇلارنىڭ الله تائالا ئالدىدا كۆرسىتىدىغان باھانە سەۋەبلىرى بولغان بولاتتى. الله تائالا مۇنداق بولۇشنى خالىمىغاچقا پەيغەمبىرىمىزگە قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەي، توغرا يول كۆرسىتىدىغان كىتاب چۈشۈردى. ئۇ بىزگە مەڭگۇ نۇرلۇق مەشئەلدۇر ۋە بىز دۇنيا خەلقلىرىنىڭ بىردىن بىر قانۇندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە: «ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن اللهنىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خوشخەۋەر بەرگۈچى (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» دېدى. (سۈرە نىسا 165ـ ئايەت)

مۇشۇ ئۈچ مەسىلە، يەنى 1. پەيغەمبەر قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ الله تائالاغا ئەلچىلىكىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۆز قەۋمىگە ھۆججەت كۆرسىتىش ئۈچۈن پەرۋاردىگارى تەرەپتىن چۈشكەن بىر كىتابقا مۇھتاجلىقى. 2ـ اللهنىڭ قانۇن ـ شەرىئىتىنىڭ ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئىسپاتلايدىغان بىر كىتابقا مۇھتاجلىقى. 3ـ الله تائالانىڭ قانۇن ـ شەرىئىتىنى كىتابقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دائىم ساقلاش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ الله تائالا ئالدىدا باھانە سەۋەب كۆرسىتىشىگە ئورۇن قالدۇرماسلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ سەۋەب اللهدىن كىتاب چۈشۈشنىڭ ئەقىل ئالدىدا بەك زۆررۈر لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىنسانلارنىڭ ئىككى ئالەمدە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشى، اللهدىن چۈشكەن كىتابقا ئىشىنىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا موھتاج ۋە باغلىق بولغاچقا، ئۇ كىتابلارغا راست دەپ ئىشىنىش، ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## الله تائالانىڭ باشقا كىتابلىرى ئارىسىدا قۇرئاننىڭ تۇتقان ئورنى

قۇرئان كەرىمنى دەرس قىلىپ ئۆگەنگەن، ئۇنىڭ مەخپىي مەنىلىرىدىن سىرلىق مەزمۇنلارنى بىلگەن، قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنى يول، ئۇسۇللىرىنى، قائىدىلەرنى چۈشەنگەن كىشىلەر ئالدىدا شەك ـشۈبھە يوق ئەمەلىيەت شۇكى، الله تائالا تەرەپتىن قۇرئاندىن بۇرۇن چۈشكەن كىتابلار ئارىسىدا قۇرئاننىڭ ئالاھىدە ئورنى بار. تۆۋەندىكى بەش نوقتىغا چوڭقۇر ئويلاپ نەزەر سالغاندا قۇرئاننىڭ ئاشۇ ئالىي مەرتىۋىسى ئاشكارا كۆرۈنىدۇ.

1. قۇرئاننىڭ باشقا كىتابلارنى ئىبادەت ۋە مەنىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى بولۇپ، قۇرئان چۈشكەندىن كېيىن باشقا كىتابلار ئىبادەت ئۈچۈن ئوقۇلمايدۇ ۋە ئۇلاردىكى قانۇن، ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى:

1) باشقا كىتابلار ئۆزگەرتىلگەن، بەزى ھۆكۈملىرى يوقۇتۇلغان، ئۇنۇتۇلغان، قۇرئاندىن باشقا كىتابلار ئىچىدە الله تائالادىن چۈشكىنىنىڭ ئۆز ئەينى ماۋۇ، دەپ جەزىم قىلغىلى بولىدىغىنى يوق. بۇ ئەمەلىي ھەقىقەتنى تەۋرات، ئىنجىلغا ئىشەنگۈچى (يەھۇدىلار، خىرىستىئانلار)نىڭ

ئىنساپلىق، راستچىل ئۆلىمالىرى ئىقرار قىلىدۇ.

2) ئۇ كىتابلارنىڭ قانۇن شەرىئەتلىرى ئىسرائىل بالىلىرىغا (يەھۇدىيلار، خىرىستىئانلارغا) خاس ئىدى ۋە مۇئەييەن ۋاقىتىدا كۈچكە ئىگە ئىدى. قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشكەن كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنىڭ چوڭ دەلىلى دۇنيا ئىنسانلىرى دىنىدا ئوخشاشمىغان تۇرۇپ، الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن خەلق ئارىسىدا قۇرئان ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىدۇر. بۇنى بايان قىلىپ الله تائالا سۈرە مائىدەدە: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن.» دېدى. (48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

يەنە الله تائالا ئېيىتتى: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اللهنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.» (سۈرە نىسا 105-ئايەت.)

2. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر كىتابلىرىغا قۇرئاننىڭ گۇۋاھ ۋە نازارەتچى بولغانلىقىدۇر. شۇڭا، ئۇ كىتابلارنىڭ ئايەتلىرى ۋە ھۆكۈملىرىدىن قۇرئان ئېتىراپ قىلغانلىرى ۋە مۇقەررەر قىلغانلىرى راست ۋە مۇقەررەر. قۇرئان يوققا چىقارغىنى ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ مەزكۇر كىتابلارغا كىيىن قوشۇلۇپ قالغانلىرىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى يۇقىرىقى سۈرە مائىد 48-ئايەتتە ئۆتتى.

3. قۇرئان ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي قانۇنلار ھەرقايسى زامان ۋە ھەر قايسى يەردىكى پۈتۈن كىشىلەرگە ئام بولغانلىقىدۇر. چۈنكى قۇرئان چۈشۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى پۈتۈن دۇنياغا ئامدۇر.

الله تائالا سۈرە فۇرقان 1- ئايەتتە: «پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (اللهنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان اللهنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.» دېدى. يەنە الله تائالا: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ⟨ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشالىقى اللهغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، اللهغا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار⟩.» دېدى. (سۈرە ئەئراف 158-ئايەت)

يەنە الله تائالا: «سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كافىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.» دېدى. (سۈرە سەبەئ 28-ئايەت.)

قۇرئاندىن بۇرۇنقى كىتابلار ئۇنداق ئەمەس. ئۇ كىتابلار مەلۇم ئورۇنغا ۋە مەلۇم ۋاقىتقا خاس. ئۇلاردا پەقەت ئومۇمىيلىق يوق.

4. قۇرئاننى قىيامەت باشلانغاندا، الله دەرگاھىغا كۆتۈرۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۆزگۈرۈشتىن ساقلاشنى الله تائالا ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقتۇر. بۇ توغرىدا الله تائالا: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.» دېدى. (سۈرە ھىجرى 9-ئايەت)

يەنە الله تائالا : «شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى، قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە

لايىق اللە تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.»دېدى. (سۈرە فۇسسىلەت 41-، 42- ئايەتلەر)

قۇرئاننى اللە تائالانىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بولسا، اللە تائالا ئۇنىڭغا ئىشەنچىلىك ئادەملەرنى مەسئۇل قىلدى. ئۇلار ئۇنى دىلىدا (يادلاپ) كىتابلارغا (يېزىپ) ساقلاپ كەلدى. زامان ئۆزىنىڭ شۇم قولىنى قۇرئانغا سوزۇپ، قۇرئانغا بىرەر ھەرپ قوشۇشقا ياكى بىرەر ھەرپ ئازايتىشقا، ئۆزگەرتىشكە كۈچى يەتمىدى. باشقا كىتابلار خۇسۇسەن تەۋرات ئۇنداق ئاسرالمىدى. بابىللىق بۇختى نەسسەر دېگەن ئادەم بەنى ئىسرائىل يۇرتىغا قارشى ئۇرۇشقاندا تەۋرات پۈرتۈنلەي يوقالغان ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە بارلىقى بىلىندى. ئاندىن كېيىن توپلاندى. (توپلانغىنىنىڭ راستى قايسى، ئۆزگەرتىلگىنى قايسى اللە بىلىدۇ.) دەرھال ئۇنىڭغا ماددىغا چوقۇنغۇچىلار ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۆز ئارزۇسىغا توغرىلاپ ئۆزگەرتتى، ئالماشتۇردى.

ئىنجىل اللە تائالادىن چۈشكەندە بىر كىتاب بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بەش ئىنجىل بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىدە ساقلانمىغانلىقىنىڭ يېتەرلىك دەلىلىدۇر.

5. قۇرئاننىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاشنىڭ ئاساسى تۈپكى مەسىلىلىرىنى ۋە كىڭەيتىلگەن تارماق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەم ئىنسانلار قۇرئانغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكىنىگە ئەمەل قىلسىلا دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلارنى بەخت - سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان اللە تائالا كۆرسەتكەن يول پروگراممىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدۇر. اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناساراالار) سىلەرگە سىلەر كىتابتا (ئىنجىلدا ۋە تەۋراتتا) يوشۇرغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە (يوشۇرغان نەرسىلەردىن) نۇرغۇننى كەچۈرىدىغان (ئاشكارلاپ سىلەرنى پاش قىلمايدىغان) رەسۇلىمىز كەلدى، سىلەرگە اللە تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە رۇشەن كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلدى. اللە شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (اللەنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ. ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ.» (سۈرە مائىدە 15-، 16-ئايەتلەر)

## قۇرئاندىكى توغرا يول ۋە ياخشىلىقنى بايان قىلىش بىلەن يورۇتۇلغان بىر سەھنە

پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىغا ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن توغرا يول ۋە ياخشىلىقنىڭ ئوندىن بىر قىسمىمۇ باشقا كىتابتا تېپىلمايدۇ. بۇنىڭ بايانى ۋە ئەمەلىيىتى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن ئىسپاتلىنىدۇ.

1. قۇرئان بولسا، ھەممە ياخشىلىققا يەتكۈزگۈچى، پۈتۈن كامىللىققا باشلىغۇچى، ئىككى ئالەمنىڭ بەختىگە يېتەكلىگۈچى كىتابدۇر. قۇرئاننى چۈشۈرگۈچى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئەلىف،لام، مىم، بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر.» (سۈرە بەقەرە 1-، 2-ئايەتلەر)

2. قۇرئان رەھمەتتۇر، تولۇق مەنىسى بىلەن رەھمەت، ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلارغا، چوڭغا، كىچىككە، كاپىرغا، مۆمىنگە، ئۆلۈككە، تىرىككە رەھمەتتۇر. اللە تائالا بۇ رەھمەتنى ئىسپاتلاپ مۇنداق دېدى: «ئەلىف، لام مىم. بۇ ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر. (ئۇ) (تەئدىل ئەركان

بىلەن) ناماز ئوقۇيدىغان (ﷲنىڭ رىزاسىنى تىلەش يۈزىسىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن)، زاكات بېرىدىغان ۋە ئاخىرەتكە جەزمەن ئىشىنىدىغان، ياخشى ئىش قىلغۇچى كىشىلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر.» (سۈرە لوقمان 1-ئايەت)

3. قۇرئان مۇكەممەل شىپادۇر. پۈتۈن ئەقلىي كېسەللەرگە روھىي كېسەللەرگە، يۈرەك (ئىدىيىۋى) كىسەللەرگە شىپا، كاپىرلىقتىن، مۇشرىكلىقتىن ساقايتقۇچى، بىئاراملىق، ھەيرانلىق، قورقۇنچ، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، ھورۇنلۇق، روھسىزلىق، بىخىللىق، زالىملىق، خۇراپاتلىق كىسەللەرگە شىپالىق بەگۈچىدۇر. ﷲ تائالا بۇ شىپالىقنى ئىسپاتلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز.»(سۈرە ئىسرا 82-ئايەت)

4. قۇرئان دىلنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى رۇشەنلەشتۈرگۈچى، روھىي جاھالەتلەرنى ساقايتقۇچى. پۈتۈن ھەقىقەتلەرنى ۋە ئالەمنىڭ سىرلىرىنى ئۇچۇقلاپ بەرگۈچى نۇردۇر. ﷲ تائالا قۇرئاننىڭ نۇرلىقىنى مۇقەررەر قىلىپ ئېيتىدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (شانلىق مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت) ئوچۇق دەلىل كەلدى. سىلەرگە رۇشەن نۇرنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.» (سۈرە نىسا 174-ئايەت)

5. قۇرئان ئىنسانلارنى پۈتۈن ئوتۇقلۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغۇچى، پۈتۈن پەسكەشلىكتىن توسقۇچى ۋەز-نەسىھەتتۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان دىللاردىكى دەردكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى.» (سۈرە يۇنۇس 57-ئايەت)

6. قۇرئان بۇ دۇنيانىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى ۋە بەختى بىلەن خوش خەۋەر بەرگۈچىدۇر. بۇ ھەقتە ﷲ تائالا ئېيتتى :«ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق.» (سۈرە نەھل 89- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

قۇرئان بولسا ﷲ تائالانىڭ ھەق سۆزى. ھەقلىقى ئۆزىدىن مەلۇم ۋە مۇقەررەر. ئۆزىدىن باشقىمۇ پۈتۈن ھەقنى راست قىلغۇچى، ئىسپاتلىغۇچى، دېمەك، ھەممە ھەقنى قوللايدۇ ۋە مۇقەررەر قىلىدۇ. ﷲ تائالا: «قۇرئاننى بىز ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى، سېنى بىز پەقەت خۇشخەۋەر بەرگۈچى ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق.» دېدى (سۈرە بەنى ئىسرائىل 105-ئايەت)

يەنە ﷲ تائالا: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق.»دېدى. (سۈرە مائىدە 48-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) (يەنى قۇرئان ھەقىقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان، ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەقىقەتنى قۇۋۋەتلەيدىغان، مۇقەررەر قىلىدىغان كىتاب، دېمەكتۇر)

8. قۇرئان ﷲ تائالانىڭ زىكرىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن يۈرەكلەر تىرىلىدۇ. ئۇنى ئوقۇش بىلەن ئىنسان روھى راھەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسەتكىنىگە ئەمەل قىلىش بىلەن ۋۇجۇد پاكىزلىنىدۇ. ئۇ كىشىگە شەرەپ كەلتۈرىدۇ. مۇقەددەس زات ھوزۇرىغا يەتكۈزىدۇ، ياخشى بەندىلەر جامائەسىگە قوشىدۇ. ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: « ساد. شانلىق قۇرئان بىلەن قەسەمكى (بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن مۆجىزىدۇر).» (سۈرە ساد 1- ئايەت). ﷲ تائالا قۇرئان ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: « قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە (ئۇلۇغ) شەرەپتۇر، سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نىئمەت ئۈستىدە )

سورىلىسىلەر.»(سۈرە زۇخرۇف 44- ئايەت)

9. قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلارغا ئومۇمى تەڭ ياخشىلىقتۇر. دېمەك، مۇشۇ دۇنيادا ھايات نېمە بولسا، ئۇنىڭغا قۇرئاننىڭ ياخشىلىقى قۇرئان چۈشكەندىن تارتىپ، الله تائالا تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ كەتكۈچە يېتىپ تۇرىدۇ. پەقەت جىننىڭ ۋە ئىنساننىڭ شەيتانلىرىدىن ئىبارەت قوغلاندى ۋە ھەر قانداق ياخشىلىقتىن ئۈمىتسىز قىلىنغانلارغىلا يەتمەيدۇ، الله تائالا مۇنداق دېدى: «تەقۋادارلارغا: 〈پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟〉 دېيىلسە ئۇلار: 〈ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى〉 دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستىلا نېمىدېگەن گۈزەل!» دېدى.(سۈرە نەھلى 30- ئايەت)

10. قۇرئان ئىنسان مۇھتاج بولىدىغان ۋە ئىنساننىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك بەختى ئۇنىڭغا باغلىق بولغان پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگۈچىدۇر. الله تائالا مۇنداق دېدى: «ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق.» (سۈرە نەھل 89-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

قۇرئان بولسا ئىنسان ئۇنىڭغا باغلىق بولغان روھدۇر، دېمەك، قۇرئان ئۇلۇغ ئەۋزەل ھاياتقا لازىملىق روھتۇر. ئىنسانلارغا قۇرئاندىن ئىبارەت جان كىرمىگۈچە ئىنسانلار ھەقىقەتەن ئۆلۈكتۇر، ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىدىن پايدا ئالالمايدۇ. ماددى ھاياتىدىنمۇ پايدا ئالالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە: «شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھى قىلدۇق، سەن (ۋەھىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بىز بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك- شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن.» دېدى.(سۈرە شۇرا 52- ئايەت)

# قۇرئاندىكى ياخشىلىق ۋە توغرا يولدىن تولۇق پايدىلىنىشنىڭ شەرتلىرى

قۇرئاننىڭ نۇرى ۋە ھىدايىتى بىلەن يورۇتۇلغان ئاشۇ سەھنىگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن بىزگە شۇ رۇشەنلىشىدۇكى، قۇرئاندا ئىنساننىڭ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك بەختى سائادىتىگە كېپىللىك قىلىدىغان توغرا يول ۋە ياخشىلىق بار.

لېكىن شۇ سەھنىگە قايتا - قايتا نەزەر سالساق، قۇرئاندىكى ياخشىلىق ۋە توغرا يولنىڭ ئىمان، ئىسلام، ئېھسان، تەقۋا (ئىشىنىش، بويسۇنۇش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، اللهغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلىنىش)دىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك سۈپەتنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن كىشىلەرگە خاس، بۇ تۆت سۈپەتنى ئۆزىگە توپلىغان كىشىلەر الله تائالانىڭ رەھمىتى تۆكۈلۈشىگە ئۆزىنى تەييارلىغان كىشىلەردۇر ۋە قۇرئاندىكى ياخشىلىق ھىدايەتنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىلەردۇر. بۇ تۆت سۈپەتتە يېتەرسىز بولغان، ئۇنى تولۇق ھاسىل قىلمىغان كىشىنىڭ نەسىۋىسى ھاسىل قىلغىنىغا چۈشلۇق بولىدۇ. تۆت سۈپەتنىڭ ئىزاھاتى:

1) ئىمان (ئىشىنىش) دېمەك، ئىنسان الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى الله تەرەپتىن يەتكۈگەن شەرىئەت ھۆكۈمىگە ئىشىنىش ۋە قۇرئاندىكى توغرا يول ۋە ياخشىلىقتا قۇرئاندىن تونۇغان، قۇرئاندىن ئىزدىگەن ئاساستا، ھېچ بىرسىنى ئايرىماستىن ئىشىنىشتىن ئىبارەت. مۇنداق

ئىشىنىش قۇرئان مەنىسىنى ئۆگىنىش ۋە قۇرئاندىكى ئەقىدە، قانۇن، ھۆكۈم، ئەدەب ـ ئەخلاقلارغا ئەمەل قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

2) ئىسلام (بويسۇنۇش) بولسا، ئىنسان ئۆز قەلبىنى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى الله تائالاغا تاپشۇرۇش، ئۆزىدىكى بارلىق ماددىۋە مەنىۋىي كۈچ قۇۋۋىتىنى الله تائالاغا بويسۇندۇرۇش، اللهدىن باشقا مەقسەت نىشان بولماسلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھالدا ئىنسان الله تائالا رازى بولىدىغان ئېتقاد، سۆز ۋە ئىش ھەرىكەت ئىزدىگەن، الله تائالانىڭ غەزىپىنى كىلىدىغان ئەقىدە، سۆز، ئىش ھەرىكەتلەردىن ساقلانغان ھالدا ياشايدۇ.

3) ئېھسان (ياخشى ئىش قىلىش) بولسا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىشىنىشىنى ۋە بويسۇنۇشىنى ياخشى قىلىش، يەنى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا، تاشلايدىغان ئىشلارنى تاشلاشتا، بۇرۇن قىلىدىغان كېيىن قىلىدىغان ئىشلاردا الله تائالانى كۆزدە تۇتۇش، گۇناھ ئالدىغا كەلگەندە الله تالانى كۆز ئالدىدا تۇتقاندەك، اللهغا ئىتائەت قىلىشتىمۇ الله تائالانى كۆز ئالدىدا تۇتۇش، يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىمۇ، الله تائالانى نەزەردە تۇتۇپ ئۇ ئىشلارنى راستىلىق بىلەن ئوبدان قىلىش. الله تائالا نارازى بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشتىمۇ الله تائالانى نەزەردە تۇتۇپ ئۇ ئىشلارنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق يىراق بولۇشتىن ئىبارەت.

4) تەقۋا (خاتالىقتىن ساقلىنىش) بولسا، الله تائالاغا ھەر قانداق بىر مەخلۇقنى ئۇلۇغلۇقتا باراۋەر كۆرۈش. مەخلۇقتىن ھاجەت سوراش، مەدەت تىلەشتەك ئىشلار بىلەن شېرىك قىلىشتىن ساقلىنىش، الله تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلماي قويۇش بىلەن ياكى الله تائالا مەنئىي قىلغان، يامان كۆرگەن ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئاسىي بولۇشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت.

ئاخىرقى سۆز شۇكى، بۇ تۆت سۈپەتنى كامىل قىلغان، باشتا ئىزاھلىغاندەك ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشى قۇرئاندىكى ياخشىلىق ۋە توغرا يولنى كامىل قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىگە يۈرىكىگە، بەدىنىگە شىپالىق، قەلبىگە رەھمەت، ئەقلىگە نۇر ھاسىل بولىدۇ. يۈرىكىگە ۋەز ـ نەسىھەت ھاسىل بولۇپ، تىلغا گۈزەللىك، ھۆكۈمگە توغرىلىق، بۇ ھاياتتا ھەم ئاخىرەتتە ھەم خۇش خەۋەر ھاسىل بولىدۇ.

ئەمما مەزكۇر تۆت سۈپەتنى تولۇق قولغا كەلتۈرەلمىگەن كىشى قۇرئاندىكى ياخشىلىق ۋە ھىدايەتتىن پايدا ئالالمىغان كىشىدۇر. بۇ بولسا قۇرئاننىڭ ياخشىلىقى ۋە توغرا يول كۆرسىتىشى تۈگەپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، پەقەت شۇ كىشىنىڭ قۇرئاندىن پايدىلىنىشقا لاياقىتى بولمىغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن، بىر كىشى كېسەل بولسا، ئۇنىڭغا پايدىلىق دورا چۈشەندۈرۈلسە، دورا ئالدىدا قويۇلسا، دورىنى ئىشلىتىشنى قىيىن كۆرۈپ، ئىستىمال قىلمىسا، كېسەل ئۇ كىشىدە تۈرىۋېرىدۇ. كېسەلنىڭ دەردىنى تارتىۋېرىدۇ. قاچان دورا مەجبۇرى ئىشلىتىلسە، كېسەلدىن ساقىيىدۇ. مەجبۇر قىلىنمىسا، دورىنى ئىشلەتمەيدۇ. كېسەلنىڭ دەردىنى تارتىۋېرىپ ئاخىرى ھالاك بولىدۇ. بۇ كىشى داۋالانماي ئۆلسە، گۇناھ دورىدا بولامدۇ؟ ياق! گۇناھ ئاشۇ دورا ئالدىدا تۇرۇپ ئىشلەتمىگەن كىشىدە. بۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى ئۇچىسىدا سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن كىشىگە ئوخشايدۇ.

## مۆمىننىڭ قۇرئان، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلدىن ئىبارەت تۆت كىتاب توغرىسىدىكى ئەقىدىسىنى ئاخىرقى مۇقەررەر قىلىش.

دىن ئىسلامغا ئىشەنگۈچى الله تائالادىن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردىن تونۇلمىغانلىرىغا يىغىندا ھالدا ئىشەندى. تونۇلغانلىرىغا تەپسىلىي ئىشەندى ۋە ئىشىنىدۇ. دېمەك ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىپىلىرىگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەۋھەلىرىگە ۋە تەۋراتقا، داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن زەبۇرغا، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ئىنجىلغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن قۇرئانغا (ھەقىقەتنى ئايرىپ كۆرسەتكۈچى قۇرئانغا) تەپسىلىي ئىشىنىدۇ.

شۇنىڭدەك قۇرئان الله تائالانىڭ كىتابى، ھەممە كىتابنىڭ كامىلراقى، قۇرئان بىلەن الله تائالا بۇرۇنقى كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. قۇرئان باشقا كىتابلاردىن كېيىن چۈشكەن. كېيىنكىسى بۇرۇنقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قانۇنىيەتتۇر. ھەم رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى دۇنيادىكى ئاق تەن، قىزىل تەن، سېرىق تەن، قارا تەنلىك پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي بولۇپ، بىرەر مىللەتكە خاس ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭدەك قۇرئان چۈشكەن زاماندا بار بولغان تەۋراتلار، زەبۇرلار، ئىنجىللارغا ئۆزگەرتىش، سۆز ئالماشتۇرۇش، قوشۇش، كەمەيتىش ئىشلىرى يۈز بەرگەنىدى. بۇ كىتابلارغا ئىشەنگۈچىلەر بۇ كىتابنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ئۇنۇتقان ئىدى. ھەم ئۇ كىتابلار چۈشۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەرگە بارغۇچە ئارىلىقىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا نەقىل قىلغۇچىلار بىر تۇتاش بولماي ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىرى ۋە ئىنساپلىقلىرىمۇ ئىقرار بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ كىتابلار الله تائالانىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمەيدىغان، پۈتۈن خالايىقلارغا ئەمەس، بەلكى شۇ كىتابلارغا ئىشەنگۈچىلەرگىمۇ توغرا يول كۆرسۈتۈپ بېرەلمەيدىغان، نۇر، ھېكمەت، ۋەز - نەسىھەت بولالمايدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم شەپقىتىنىڭ تەلىپى بويىچە، الله تائالا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئۈچۈپ كەتكەن زامانىسىنى يېڭىلىدى. دۇنيا ئەللىرى ئۇمىد بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنغا باي، ئەڭ مۇكەممەل كىتابنى چۈشۈرۈپ بەردى. شۇ كىتاب بىلەن باشقا كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاق تەن، قارا تەن، ئەرەب، ئەجەم پۈتۈن خەلقىگە ئىككى ئالەم بەختىنى تاپىدىغان توغرا يولنى قۇرئان ئىچىگە مەركەزلەشتۈردى. قۇرئان بولسا، ئۆزىدىن بۇرۇن چۈشۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ ئەسلىنى راست دەيدىغان ۋە ئۇ كىتابلارغا نازارەت قىلىدىغان (خاتا توغرىسىنى ئايرىپ بېرىدىغان) كىتاب بولۇپ، الله تائالا ئۆزىنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەممە خەلق ئارىسىدا قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بۇيىچە ھۆكۈم قىلغىن. ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەفسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن.» (سۈرە مائىدە 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

يەنە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا اللەنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.» (سۈرە نىسا 105-ئايەت) مۇشۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا دىنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى مۇئەييەن بولدى. الله تائالا: « كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى

تىلەيدىكەن ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.» دېدى. (سۈرە ئال ئىمران 85- ئايەت)

# مۆمىن ئەقىسىدىن تۆتىنچى ئاساس پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشتۇر

مۇقەددىمىلەر

1. ۋەھيي چۈشۈشىنىڭ مۇمكىنلىكى

ۋەھيي دىگەن نېمە؟

ۋەھيي دېمەك، ئۆز مەقسىتىنى بىر كىمگە مەخپىي ھالدا تېز بىلدۈرۈشتۇر. تېزلىكتە مەخپىي بىلدۈرۈش قايسى ۋاستە بىلەن بولسۇن ۋەھييدۇر. ۋەھيي قىلغۇچىنىڭ يېقىن بولۇشى ياكى سۆز ئارقىلىق بولۇشى، ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىر خىل بولۇشى شەرت ئەمەس. الله تائالا:« پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۇزگىن. ئاندىن كېيىن تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل- چېچەكلەر) دىن يېگىن. پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن». ئۇنىڭ (ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ ـ خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا (اللهنىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار.» (سۈرە نەھل 68-، 69- ئايەتلەر)

يەنە الله تائالا:«مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى «مۇسانى ئېمىتكىن، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقساڭ، ئۇنى (ساندۇققا سېلىپ) دەرياغا (يەنى نىل دەرياسىغا) تاشلىغىن. ئۇنى (ھالاك بولارمىكىن دەپ) قورقمىغىن. (ئۇنىڭ پىراقىدىن) قايغۇرمىغىن. ئۇنى ساڭا چوقۇم قايتۇرىمىز ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەردىن قىلىمىز».» دېدى. (سۈرە قەسەس 7- ئايەت) الله تائالا ھەسەل ھەرىسىگە ئۆز مەقسىدىنى بىلدۈردى. ھەرە چۈشەندى ۋە تولۇق ئىجرا قىلدى. ھەرە بىلەن الله تائالا ئارىسىدا يېقىنلىقمۇ يوق. بۇ ئارىدا سۆزمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدەك الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغىمۇ مەقسىدىنى بىلدۈردى.ئۇمۇ چۈشەندى ۋە كامىل ئىجرا قىلدى.

بۇ مەنا بىلەن ۋەھيي مۇمكىن. ئۇنى ئىنكار قىلىش مەنىسىز، بۇ سۆزنى شەك قىلغۇچىلارغا قارىتا مۇرەسسە يۈزىسىدىن سۆزلىدۇق، بولمىسا ۋەھيي دۇنيادا بىرىنچى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالام بارلىقتا كەلگەندىن تارتىپ ئەمەلىيەتتە بار نەرسە.

بۈگۈنكى زاماندا ۋەھيىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلىش چۈشۈنۈشكە زېھنى ئاجىز كەلگەن كىشىلەرنىڭمۇ، بۇ كۈندە سىملىق ۋە سىمسىز تېلېفون، تېلېگىراما، رادىئو، تېلېۋىزورلارنى كۆزى بىلەن كۆرگەن تۇرۇپ يەنە ۋەھيىنى چۈشۈنۈشكە ئەقلىم يەتمىدى دەيدىغان باھانىسى قالمىدى.

بۇ كۈندىكى ئىلمىي كەشپىياتلار بىز مۇقەررەر قىلغان مەنىدىكى ۋەھيىنىڭ، ھەتتا ھايۋان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا بەلكى، چۈمۈلە قاتارلىق ئۇششاق ھاشارەتلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇتلىقىنى، بىر ھايۋان يەنە بىر ھايۋانغا خېلى يىراقتا تۇرۇپ ئۆز مەخسىتىنى تىزلىكتە مەخپى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى شەكسىز ئىسپاتلىغانلىقىنىڭ خەۋىرى ئۇلارغا ئاڭلاندى.

شۇڭا ئېيتىمىزكى، ۋەھيي مۇمكىن ھەم مەۋجۇت، ۋەھيىنى ئىنكار قىلىش بولسا، كۆزى

كۆرگەننى ئىنكار قىلغان، ئەمەلىيەتتىكى نەرسىنى يالغان دېگەن بىلەن باراۋەر.

ۋەھىي كېلىشىنىڭ ۋاستىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، الله تائالادىن كېلىدىغان ۋەھىينىڭمۇ، ۋاستىلىرىمۇ بىرقانچە تۈرلۈك ۋە ئوخشاشمىغان ھالەتلەردە بولىدۇ. ئىزاھاتى تۆۋەندىكىچە:

## الله تائالانىڭ ۋەھيىسىنىڭ يوللىرى

الله تائالانىڭ ۋەھىيسى بولسا، الله تائالانىڭ خەۋەرلىرى راست، ھۆكۈملىرى ئادىل بولغان سۆزلىرى بولۇپ، ئۇنى الله تائالا خالايىق ئىچىدىن ئۆزىگە ئەلچى قىلىشقا تاللىغان بەندىسىگە ۋەھيي قىلىش يوللىرىنىڭ بىرى بىلەن ۋەھيي قىلىدۇ، ۋەھىينىڭ مۇمكىن ۋە مەۋجۇتلىقىغا بۈگۈنكى كۈنلەردە مۆمىنلەرنىڭ قولىدا تۇرغان، مۆمىنلەر ئادەم سۆزىنى ئارىلاشتۇرماي خالىس تىلاۋەت قىلىۋاتقان، اللهنىڭ كالامى قۇرئان كەرىمدىن چوڭ، كۈچلۈك گۇۋاھ، ئىسپات يوق. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئايەتلەر، سۈرىلەر بويىچە پارچە ـ پارچە چۈشۈپ يىگىرمە ئۈچ يىلدا تولۇقلانغان.

قۇرئاننىڭ نۇرى دۇنياغا چاقنىغاندىن باشلاپ قۇرئاننىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنى ئۆز ھەقىقىتىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى، ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز پەرۋەردىگارىدىن تاپشۇرۇپ ئالغان ۋەھيي ئىكەنلىكىدىن چىقىرىۋېتىشنى قەست قىلىپ كەلمەكتە. الله تائالا مۇنداق دېدى: «ساڭا قۇرئان ئەلۋەتتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى الله تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.» (سۈرە نەھل 6ـئايەت). دۈشمەنلەر قۇرئاننى ئۆزىنىڭ ھەقىقى ماھايىتىدىن چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ، «قۇرئان سېھرى»، «قۇرئان شېئىر» ۋە «قۇرئان بۇرۇنقىلاردىن قالغان چۆچەك» دېدى ۋە باشقا يالغانلارنىمۇ توقۇدى، لېكىن ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەقكە باش ئەگدى، قۇرئان الله تائالانىڭ سۆزلىرى، ۋەھىيسى بولۇپ، ئۇنى مەخلۇقلارنىڭ تاللانغىنى، نەبى ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلغانلىقىغا تەسلىم بولدى. ئاندىن قۇرئانغا (اللهنىڭ ۋەھىيسى دەپ) ئىشەندى. قۇرئان باشلىغان توغرا يول بىلەن ئىش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كامىل، مۇكەممەل ئىنسانلار بولدى، بەختلىك بولدى، ئازاد، ئەركىن بولدى.

الله تائالانىڭ ۋەھىيسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ بىرقانچە يولى بولۇپ، ئۇنى الله تائالا قۇرئاندا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: « الله ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان الله ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن)ئۈستۈندۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. » (سۈرە شۇرا 51ـئايەت).

دېمەك الله تائالادىن ۋەھىينى تاپشۇرىۋېلىشنىڭ يولى ئۈچ تۈرلۈك:

1. بىۋاستە ۋەھيي. ئۇ بولسا الله تائالا پەيغەمبەر قىلماقچى بولغان بەندىسىنىڭ قەلبىنى دۇغلىقتىن تازىلاپ، روھىي يىتەرسىزلىكتىن پاكىز قىلىش ئارقىلىق ۋەھيي تاپشۇرىۋېلىشقا لايىق تەييارلايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەكچى بولغان سۆزىنى تاشلاپ بېرىدۇ. قەلبى پاكىز بولغان ئۇ پەيغەمبەر ۋەھيىنى تاپشۇرىۋالىدۇ. توغرا ۋە مۇكەممەل ھالدا ئېسىدە تۇتۇپ قالىدۇ. ئۇ سۆزنىڭ الله تائالادىن چۈشكەن ۋەھيي ئىكەنلىكىنى جەزمەن بىلىدۇ. خۇددى تېرىك ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملەر ئارىسىدا تېرىك بارلىقىنى مۇقىملاشقا ياكى ئادەم ئۆز ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنىڭ ئاۋازىنى باشقىلارنىڭ ئاۋازىدىن ئايرىم بايقاشقا مەجبۇر بولغاندەك،

پەيغەمبەرمۇ ئۆزىگە كەلگەن ۋەھيىنىڭ اللە تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە چوقۇم ئىشىنىشكە ئۆزلىكىدىن مەجبۇر بولىدۇ.

2. اللە تائالا ۋەھيي چۈشۈرمەكچى بولغان پەيغەمبىرىگە سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلىتىدۇ. لېكىن پەردە سىرتىدا ئاڭلىتىدۇ. پەيغەمبەر بولغان كىشى سۆزىنى ئاڭلايدۇ. سۆزلىگۈچىنى كۆرمەيدۇ، بۇ ئىش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ مىئراج كېچىسى ئاسماندا ھاسىل بولغان. رەسۇلۇللا «سىدرەتۇل مۇنتەھا»غىچە يۇقىرى ئېلىپ چىقىلغان. اللە تائالا رەسۇلۇللاغا سۆز قىلغان. مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى ئوقۇۋاتقان بەش ناماز شۇ چاغدا پەرز قىلىنغان. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنى كۆرمىگەن.

ئەسھابىلارنىڭ بىرسى: «ئى رەسۇلۇللا، مىئراجغا چىققاندا اللە تائالانى كۆردىڭمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى.رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «اللە تائالا نۇردۇر. قانداقمۇ كۆرەلەيمەن؟» دەپ جاۋاب بەرگەن، بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدى.

ئەمما اللە تائالانىڭ سۈرە نەجمىدىكى «وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى عِندَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى» دىگەن كالامىدىكى «رَآهُ» ئالماش جىبرىئىلغا يانىدۇ، اللە تائالاغا يانمايدۇ. يەنى «ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.» دېگەن سۆزىدۇر. اللە تائالانى كۆردى دېگەنلىك ئەمەس. (سۈرە نەجىم 13ـ، 14ـ ئايەتلەر)

شۇنىڭدەك اللە تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ بىۋاستە سۆزلىگەن، يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالام سىنا چۆلى قېشىدىكى تۇر تېغىدا كىتىۋاتقاندا اللە تائالا مۇسانى چاقىردى. ئەلچىلىككە تەيىنلەندى ۋە ۋەھيي قىلدى، پىرئەۋىن ۋە ئۇنىڭ گوروھىنى توغرا يولغا چاقىرىشقا ئەۋەتتى، بۇ سۆزلەرنى مۇسا ئەلەيھىسسالام اللە تائالادىن بىۋاستە ئاڭلاپ تۇردى. اللە تائالانى كۆرمىدى. لېكىن كۆرۈشكە ئىشتىياقى تۇتۇپ كېتىپ، پەرۋەردىگارىدىن «پەرۋەردىگارىم ئۆزۈڭنى ماڭا كۆرسەتكىن،سېنى بىر كۆرىۋالاي!» دەپ تىلىدى. اللە تائالا: «ھەرگىز مېنى كۆرەلمەيسەن.» دەپ جاۋاپ بەردى. اللە تائالانى كۆرۈشكە ئاجىزلىقىغا مۇسانى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن تاغقا قاراشقا بۇيرىدى، اللە تائالانىڭ نۇرى تاغقا چۈشۈشى، تاغ پارتىلاپ كەتتى. مۇسا تاغقا قاراپ بەرداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن (ئى رەببىم) سېنى مەخلۇقاتلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن پاك دەپ تونۇيمەن، ساڭا تۆۋبە قىلىمەن، ساڭا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئەۋۋەلقىسىمەن» دەپ ئەپۇ تىلىدى.

3. اللە تائالا پەيغەمبەرلىككە تاللىغان كىشىگە پەرىشتە ئارقىلىق ۋەھيي چۈشۈرۈشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا اللە تائالادىن ۋەھيي ئەكىلىشكە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مەسئۇل ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەككىدە ئەقسا مەسجىدىگە ئېلىپ بېرىلغاندا ۋە مىئراجغا ئېلىپ چىقىلغاندا ھەمراھ بولغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانغا قەدەر جىبرىئىل داۋاملىق ۋەھيي ئېلىپ كېلەتتى. ئەلچى پەرىشتە (جىبرىئىل) رەسۇلۇللا قېشىغا بەزى چاغدا پەرىشتىلىك سۈرىتى بىلەن كېلەتتى. بەزى چاغدا ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ كېلەتتى. شۇنىڭدەك مەريەمگىمۇ ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنگەن ئىدى. مەريەم جىبرىئىلنى ئادەم خىيال قىلىپ قورقۇپ، اللە تائالانىڭ پاناھ بېرىشىنى تىلىگەندىن كېيىن، «جىبرىئىل ئېيتتى: ⟨مەن ساڭا بىر پاك ئوغۇل بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىمەن⟩. مەريەم ئېيتتى: ⟨ماڭا كىشى يېقىنلاشمىغان تۇرسا، مەن پاھىشە قىلمىغان تۇرسام قانداقمۇ مېنىڭ ئوغۇل بالام بولسۇن؟⟩. جىبرىئىل ئېيتتى: ⟨ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: ئۇ ماڭا ئاساندۇر، ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى

كۆرسىتىدىغان) دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر〉.» (سۇرە مەريەم 19-ئايەتتىن 21- ئايەتكىچە). دېمەك، جىبرىئىل بەزى چاغدا ئادەم سۇرىتىدە بولۇپ كەلگەن.

شۇنىڭدەك جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قېشىغا دىھيەتۇل كۇلبى ئىسىملىك ساھابەنىڭ سۇرىتىدە كەلەتتى، جىبرىئىل بىر قېتىم سەھرالىق ئادەم سۇرىتىدە كېلىپ، مەسچىتكە كىرىپ، رەسۇلۇللا قېشىغا كېلىپ، تىزىنى رەسۇلۇللانىڭ تىزىغا تەككۈزۈپ، قولىنى يوتىسى ئۈستىگە قويۇپ (ھۆرمەت بىلەن يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ) رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سورىغان، رەسۇلۇللا جاۋاب بەرگەن، جىبرىئىل رەسۇلۇللاغا «راست ئېيتتىڭىز» دېگەنلىكىدىن ئەسھابىلار «ئۆزى گەپ سورايدۇ، ئۆزى راست ئېيتتىڭىز» دەيدۇ، دېيىشىپ ئەجەبلىنىپ قالغان. جىبرىئىل قايتقاندىن كېيىن رەسۇلۇللا: «ئۇ كىشى جىبرىئىل، سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگىتىپ قويغىلى كەلگەن. » دېگەن. سەھىھۇل مۇسلىم ھەدىسى.

# ۋەھيي چۈشۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە خەلقلەرنىڭ ۋەھيىگە ئېھتىياجى بارلىقى توغرىسىدا

الله تائالادىن ۋەھيي چۈشۈش بىرقانچە زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرىسىدۇر. زېمىن يۈزىدە ئىنساننىڭ بار بولۇشى ئۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىنسان يەر يۈزىدە ئۇزۇن ھاياتىنىڭ جاپاسىنى تارتىدىغان. دۇنيا يوقالغانغا قەدەر ئىنسان تۆگىمەي داۋام قىلىدىغان، ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئالەمگە يۆتكىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ھاياتنا ئىنسان ھاياتىنى تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈشى، تۇرمۇش داۋامىدا توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن، ئىنسانغا پەرۋەردىگارى تەرتىپلىك تەلىمات بولۇشى لازىم. ۋەھيي ئارقىلىق تەلىم بېرىلمىسە ئىنسان قەيەردىن يول - يورۇق ئالىدۇ؟ شۇڭا ۋەھيي چۈشۈشى ئىنسان ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغان زۆرۈر نەرسىدۇر.

بۇ ئىنساننىڭ جان بىلەن تەندىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئالەمنىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىن ئىبارەت ئىككى ئالەملىكىنى، ھاياتنىڭمۇ ئىككى ئىكەنلىكىنى، بىرىنچىسى تۈگەيدىغان، ئىككىنچىسى دائىم بار تۇرىدىغان، يوقالمايدىغان، كەمەيمەيدىغانلىقىنى، ئىككى ھايات ئارىسىدا بىر مەزگىل بولۇپ، ئىنسان ئۆلۈپ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى ھايات ئۈچۈن تىرىلىشنىڭ ئارىسىدىكى بۇ بىر مەزگىلنى باشتىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى تونۇغان چېغىمىزدا، ئىنساننىڭ الله تائالادىن ۋەھيي چۈشۈشكە ئېھتىياجى بارلىقىنى، ۋەھيىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوچۇق بىلەلەيمىز.

بۇنىڭ بايانى شۇكى، ئىنساندا روھنىڭ بولۇشى الله تائالادىن روھنىڭ خەۋىرىنى قىلىش ۋە روھنىڭ سۈپەتلىرىنى، ھالەتلىرىنى، روھنىڭ كامىل بولۇشىنى، يېتەرسىز بولۇشىنى، بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ۋەھيي كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنساننىڭ جىسىم بولۇشىمۇ ئىنسانغا ئۆز جىسمىنى قوغداشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىش، ئىنساننىڭ دۇنيادىكى مۇئەييەن مۇددىتىنى يارامىلىق ھالدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ياردەم قىلىدىغان قانۇن كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ۋەھيي كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالەمنىڭ ئۈستۈن ئالەم، تۆۋەن ئالەمدىن ئىبارەت ئىككى ئالەم بولۇشىمۇ، ئۈستۈنكى ئالەم (ئاسمان)

ئەھۋالىدىن خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋاستە چارىلىرى بىلەن ئۇنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ۋە اللهدىن ۋەھىي چۈشمىگۈچە بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ۋەھىي چۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككى خىل ھاياتنىڭ بولۇشى ئىنسان ئىككىنجى ھاياتنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇ ھاياتتا ئىنسانغا نىمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى ۋەھىي ئارقىلىق بىلمەي مۇمكىن ئەمەسلىكى ۋەھىي چۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇ ھاياتنىڭ ئەھۋالىنى ۋەھىي ئارقىلىقلا بىلىشى مۇمكىنكى، ئۆز ئەقلى بىلەن ھەرگىز بىلەلمەيدۇ.

مانا بۇلار الله تائالادىن ۋەھىي چۈشۈشنى تەلەپ قىلىدىغان، ۋەھىي ئىنساننىڭ ئايرىلالمايدىغان ئېھتىياجلىرىدىن بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان زۆرۈرىيەتلەردۇر.

دىمەك، ۋەھىي چۈشۈش مۇمكىن بولۇپلا قالماي،بەلكى ئۇ ئىنسان ھاياتىغا زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ بىرسى. ئىنسان ھاجەتلىرىدىن بىرىدۇر. ۋەھيىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنى يالغان دەپ تونۇش چوڭ ئەقلى خاتالىق، بەك ئەيىپلىك بولغان پىكرىي ئاجىزلىق ۋە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتىنى خەتەرلىك ھالدا بۇزغانلىق ھىسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەتتە بار بەرسىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاياتقا زۆرۈر بولغان نەرسىگە تېنىشنى ئەقىل ئىتراپ قىلمايدۇ. ھەرگىز ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

## پەيغەمبەرلىك

نەبى دىگەن سۆز، الله تائالا مەرتىۋىسىنى ئۈستۈن قىلغان ۋە الله تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى خەۋەر قىلغان كىشى دىمەكتۇر.

پەيغەمبەر ئادەم ئەۋلادىدىن بولىدۇ. ئەر كىشى بولىدۇ، الله تائالا ئۇنىڭغا ۋەھىي چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن نەبى دىيىلىدۇ. الله تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلمىغان بولسا، نەبى بولىدۇ، رەسۇل بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەبى بىلەن رەسۇلنىڭ پەرقى ئايدىڭلىشىدۇ، شۇڭا ھەربىر رەسۇلنى نەبى دىيىشكە بولىدۇ، ھەربىر نەبىنى رەسۇل دىيىشكە بولمايدۇ.

ھەم نەبى ھەم رەسۇل بولغىنى بىزنىڭ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش، چۈنكى رەسۇلۇللا الله تائالانىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئەلچى قىلغان پەيغەمبىرى، شۇنىڭدەك قۇرئاندا سۆزلەنگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى نەبى ھەم رەسۇل. بۇ ھەقتە تۆۋەندە توختىلىمىز.

## كىشنى پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرغۇچى شارائىتلار

بۇ يەردە بېلىشكە تېگىشلىك نەرسە شۇكى، پەيغەمبەرلىك ھەرگىز كەسپى يول بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم باشقا مەشغۇلاتتىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ ئىبادەتكە بېرىلسە، نەپسىنىڭ نەسىبە مەنپەئەتلىرىدىن خالىي بولسا، قىزىقىدىغان، كۆڭلى تارتىدىغان ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچسە، ھاياتنىڭ پۈتۈن مەنپەئەت، لەززەتلىرىدىن ئايرىلسمۇ، بۇ ئىشلار ئۇ كىشىنى ھېچقاچان نەبى ياكى رەسۇل (اللهدىن ۋەھىي كەلگۈچى، اللهنىڭ ۋەھيىسىنى خەلققە يەتكۈزگۈچى) بولۇشقا لايىقلاشتۇرالمايدۇ. پەيغەمبەرلىك بولسا مەخسۇس ھەدىيە بولۇپ، الله تائالا كىمگە بېرىشنى

خالىسا شۇ كىشىنى پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بېرىدۇ.

الله تائالا بەندىلىرىدىن بىر كىمنى پەيغەمبەر قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى مەخسۇس پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرىدۇ. نەپسكە بېرىلىپ داغ تېگىشتىن ساقلايدۇ، ئەقىلدە ئېزىشتىن ساقلايدۇ، ئەخلاقتا، خۇي ئادىتىدە بۇزۇلۇشتىن ئاسرايدۇ. ئىنسانلىق تەبىئىتىدىن، قابىلىيىتىدىن چەتنەپ كېتىشتىن قوغدايدۇ. ئۇنىڭغا قوشۇپ روھىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي تەرەپتىن كامىللىق بېرىش بىلەن پەيغەمبەرلىك، شەرەپلىك ئورۇنغا لايىقلاشتۇرۇپ، ۋەھيي تاپشۇرۇۋېلىشقا ئىقتىدارلىق قىلىدۇ.

1) پەيغەمبەردىكى كامىللىقنىڭ بىرى ياخشىلىقتا ئۈلگە نەمۇنە بولۇش. بۇخىل ئۈلگىلىك بولسا، ئىنسانىي كامىللىق بولۇپ،ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىككە نىشانلانغان كىشىلا يېتەلەيدۇ. باشقا بىر كىم ئۇ مەرتىۋىگە يېتەلمەيدۇ.

2) ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ شەرەپلىك كىشىلەردىن بولۇشى.

ئېرسىيەت ئامىلىنى ئىنكار قىلالمايمىز، الله تائالا ئورناتقان ئېرسىيەت قانۇنى بويىچە نۇرغۇن سۈپەتلەر، خۇسۇسىيەتلەر، ئايرىم ئەھۋاللار ئاتا ـ ئانىدىن بالىغا يۆتكىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر شەرەپلىك كىشىلەردىن چىقىدۇ. ناچار ئەخلاقتىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدىغان، ئادەمگەرچىلىككە خىلاپ ئىشلاردىن يىراق بولغان، ئىنسانىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەن چۈشۈرىدىغان، ئىنسان تەبىئىتى ياقتۇرمايدىغان، پاك كۆڭۈللەر سەسكىنىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولغان كىشىلەردىن كېلىپ چىقىدۇ.

3) زامان ئامىلى.

زامان ئامىلى دېگىنىمىز، مۇئەييەن زاماندا پەيغەمبەر مەيدانغا چىقىشىنى تەلەپ قىلىدىغان سەۋەبلەر دېمەكتۇر. ئۇنىڭ بىرى بولسا، روھىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت خەلقىنىڭ چوڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر كېلىپ جەمئىيەتنى تۈزۈشنى، ھاياتنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەلچى قىلىشتىن بۇرۇنقى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىشتىن بۇرۇنقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋىر دەل ئەنە شۇنداق دەۋىر ئىدى. بۇ ئۈچ دەۋر ھۆكۈم سۈرگەن ناچار ئەھۋاللار پەيغەمبەر كېلىپ، يۇرتلار ۋە ئادەملەرنى ئىسلاھ قىلىپ، تۈزەشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ھۆكۈم سۈرگەن بۇزۇق ۋەزىيەتلەرنى ئۆزگەرتىپ تۈتىدىغان پەيغەمبەرگە قاتتىق ئېھتىياجى بارلىقىنى بىلگەن فىرئەۋىن زامانىسىدا، گەرچە ئىسرائىل ئەۋلادى فىرئەۋىن گوروھىغا قۇل قىلىنغان، تۇرمۇش قىيىن، ھوقۇقسىز، كۈچسىز، بىچارە بولسىمۇ، خەلقلەر جەمئىيەتنىڭ بەك بۇزۇلغانلىقىنى، زۇلۇم، ئىستىبدادنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىقىنى ۋە بۇ ئەھۋالنى تۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر كېلىشى زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىغانلىقىدىن، كىشىلەر فىرئەۋنگە: «سېنىڭ پادىشاھلىقىڭ پات يېقىندا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر ئادىمىنىڭ قولى بىلەن يوقۇلىدۇ» دېگەن. بۇ گەپ پالچىلار دېگەن سۆز ـ پاراڭلار بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە زامان ئامىلىدۇر. يەنى فىرئەۋنىنىڭ ھەددىدىن ئېشىشى، تەكەببۇرلىقى، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇشى، يامانلىقىنى چېكىدىن ئاشۇرۇش تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان يۇرتنى تۈزگۈچى بىر كىمنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا ئېھتىياج چۈشكەنلىكىنى ئومۇمى خەلقنىڭ سەزگەنلىكىدۇر.

شۇنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئالدىدىكى زامانمۇ، شۇ زاماننى تۈزەتكۈچى پەيغەمبەرلىكنىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. يەھۇدىلار،

خىرىستىئانلارنىڭ تولىسى پەيغەمبەر زامانىسىنى كۆتەتتى. بەلكى يېقىنلاشقانلىقىنى ئوچۇق سۆزلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەبى، مۇرسەل پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىشكە ئالدىرىدى. رەسۇلۇللانىڭ پەيغەمبەرلىكى ئاشكارا بولىشى بىلەنلا ئىككىلەنمەي مۆمىن بولدى. خىرىستىئانلاردىن نەجاشى (ھەبەشىستان پادىشاھى)، يەھۇدىلار ئالىملىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى سالام قاتارلىق بىرقانچە ئالىملار ۋە خىرىستىئان راھىبلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى بۇلار پۈتۈن دۇنيانى، خۇسۇسەن دۇنياغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەرەب يۇرتىنى، رۇم يۇرتىنى، پارىس يۇرتىنى قاپلىغان ئومۇمىي بۇزۇلۇشنى كۆزەتكەنلەر بولغاچقا، بىر تۈزگۈچىنىڭ مەيدانغا چىقىش ۋاقتى كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەتتى.

خۇلاسە گەپ: يەر يۈزىدە ئومۇمىي بۇزۇلۇش ھۆكۈم سۈرگەن ھەممە ئادەم اللهنىڭ رايىنلارنى، ئادەملەرنى تۈزەشكە باشلايدىغان بىر رەھبەر چىقىشىنى كۈتىدۇ. چۈنكى، الله تائالا پۈتۈن ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىغا اللهنىڭ رەھىملىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىنى بېكىتكەن ۋە الله تائالا يېقىندا ئۇنىڭدىن قۇتقۇزىدىغانلىقىنى سىزىش، ئىنسانلاردا ئۇسساپ قالغان ئادەم سۇغا ھاجىتى بارلىقىنى سەزگەندەك مەۋجۇتتۇر.

بۈگۈنكى ئىنسانلار دۇنياسىمۇ ئۆزىدىكى بۇزۇلۇشنى تۈزىدىغان ۋە بۈگۈنكى جاپاسىنى چېكىۋاتقان ماددىي ھاياتنىڭ بالايى ئاپىتىدىن قۇتقۇزىدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ يولىيورۇقىغا مۇھتاج. شۇنداق پەيغەمبەر يولى ھازىر كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. لېكىن بىز ھازىر شۇ پەيغەمبەر يولىغا بىزنى يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھازىرقى ھالاكىتىمىزدىن قۇتۇلىدىغان، ھاياتىمىزدا بەختكە ئېرىشىدىغان بىر مۇكەممەل رەھبەرگە مۇھتاج. بىز بۈگۈن مۇھتاج بولغان يول بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى (قانۇن يولى) بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇزۇلۇش، يالغان قوشۇلۇش يۈز بەرمىگەن. ناچار ئىشلار يېقىن كەلمىگەن ھالدا سالامەت ساقلانماقتا. الله تائالا ئالاھىدە بىر مەخسەت بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەرىئىتىنى سۈزۈك، پاكىز، ياراملىق ھالدا، ئۇزۇن زاماندىن بىرى قەتئىي ئۆزگەرمىگەن ھالدا ساقلاپ كەلگەن. بىلمەيمىزكى: الله تائالا بىزگە مۆمىن بەندىلىرى ئىچىدىن بىر بەندىنى ساقلاپ قويغان بولسا، يەر يۈزى بۇزۇقلۇق، يامانلىققا توشقاندىن كېيىن شۇ بەندىسىنىڭ قولى بىلەن ئىسلام يولىنى جارى قىلىش ئارقىلىق زېمىن يۈزىنى بۇزۇقلىقتىن تازىلاپ، ئادالەت ۋە پاكىزلىققا توشقۇزسا ئەجەپ ئەمەس.

# پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى

الله تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا لايىقلاستۇرغۇچى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھەممە جەھەتتە يېتىشكەن سۈپەت ئىگىسى بولۇشتۇر. بۇ سۈپەتلەر ھەرقايسى پەيغەمبەردە مەۋجۇت. چۈنكى، كامىل سۈپەتلىرىنىڭ ھەرقانداق پەيغەمبەردە بولىشى لازىم. كامىل سۈپەتلەر:

1ـ سۈپەت، راستچىللىق، يەنى نىيەت ئىرادە، سۆز ۋە ئىشتا راست ۋە توغرا بولىشىدۇر. چۈنكى الله تائالاغا ئەلچى بولۇشقا لايىق بولغان كىشىنىڭ راستچىللىقىنىڭ ئەكسى بولغان يالغانچىلىق، ئىككى يۈزلۈك، پايدىسىز يۈرۈش، پەرۋاسىزلىقتەك خۇسۇسىيەتلىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

2. سۈپەت، ئىشەنچىلىك بولۇشى، يەنى گەپ ـ سۆزىدە، ئىش ـ ھەركىتىدە، ھۆكمىدە، سۆز

نەقىل قىلىشتا، رىۋايەتتە، اﷲنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈشتە، ئىچكى، تاشقى ئەھۋالىدا ئىشەنچىلىك بولۇشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەرنىڭ خىيانەتچى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، پەيغەمبەردە قەتئىي خائىنلىق يوق. ئەڭ ئۇششاق ئاددى ئىشلاردىمۇ ئۇلاردىن خىلاپلىق سادىر بولمايدۇ، ئۇنداق ئىشلار پەيغەمبەرگە لايىق ئەمەس.

3. سۈپەت، اﷲ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈش. دېمەك، اﷲ تائالا خەلقلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرىغانىنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزىدۇ، بىرەر نەرسىنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايدۇ. بىر قانداق نەرسىگە قىزىقىپ قېلىش ياكى قورقۇش پەيغەمبەرنى ۋەھيي قىلىنغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر قىلالمايدۇ. پەيغەمبەرنىڭ اﷲ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى يوشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاردا ئۇنداق ئىش ھەرگىز سادىر بولمايدۇ. چۈنكى اﷲ تائالا ئۇلارنى بەندىلىرىگە يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان توغرا يول ۋە ياخشىلىقنى يەتكۈزۈشكە لايىق قىلدى. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەر ياخشى ئىشنى يوشۇرۇش يۈز بەرسە، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىكار بولىدۇ. اﷲنىڭ ئەلچىسى بولالمايدۇ.

4. سۈپەت،زېرەك، ھۇشيار بولىشى، گەپ - سۆزنى چۈشۈنىدىغان ھوشيار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەزگۈر، ئۆتكۈر،زېھنى سۇزۇك، ھېس قىلىشى توغرا، ئويلانماستىن تېز بىلىۋالىدىغان بولۇش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ.

ھەسسان ئىبنى سابىت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە:«ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە باشقا دەلىل بولمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئويلانماستىن توغرا سۆزلىشى دەلىل بولىدۇ»دىگەن مەزمۇندا شېئىر ئوقۇغان.

دېمەك، زېرەكلىك كىشىنى ۋەھيي تاپشۇرۇۋېلىشقا ۋە ئەمىن بولۇشقا لايىقلاشتۇرغۇچى شەرتلەرنىڭ بىرى. گالۋاڭلىق، زېھنى قۇيۇق بولۇش، تەسراق چۈشۈنىدىغان بولۇش پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىگە ۋە اﷲ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى تاپشۇرىۋېلىش شەرىپىگە زىتتۇر. تۆتتۆەندە بىز ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە، پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرىلىدىغان شەرتلەرنى ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئايدىڭلاشتۇرىمىز. دېمەكچىمىزكى، بۇ دەرسلەردىن ئاساسىي مەقسىتىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە توختىلىشتۇر. سەۋەب، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى (ئىسلام يولى) خەلق ئالدىدا بار ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بار.

# پەيغەمبەرلەر (ئەلەيھىسسالام)

تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر

بىز يوقىرىدا چۈشۈنۈپ ئۆتتۇقكى، شەرىئەت ئاتالغۇسىدا پەيغەمبەر ئادەم نەسلىدىن ئەر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا اﷲ تائالادىن شەرىئەت (قانۇن يولى) ۋەھيي قىلىنىدۇ. (مەخپىي بىلدۈرىلىدۇ) ۋە ئۇنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ. اﷲدىن ۋەھيي كېلىش بىلەن پەيغەمبەر بولىدۇ. كىشىلەرگە يەتكۈزۈش يولى بىلەن «رەسۇل» بولىدۇ.

ھازىر بىز پەيغەمبەرلەر تارىخىدىن خۇلاسىنى ئوتتۇرىدا قويۇپ ئېيتىمىزكى: ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخ ھەرقانچە ئىشەنچىلىك ۋە تارىخقا ئالىم كىشى يازغان بولسىمۇ، اﷲ تائالا پەيغەمبەرلەرگە بەرگەن كامىللىقنى تولۇق سۆزلەشتىن ناقىس ۋە ھەر بىر مىللەتكە

كەلگەن نەبى ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنى رۇشەن ئىزاھلاشتىن قىسقىدۇر. دۇنياغا ئادەم يارىتىلغاندىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگۈچە ھەر بىر مىللەتكە تەيىنلەنگەن پەيغەمبەرلەرنى تارىخ تولۇق، تەپسىلىي كۆرسۈتۈپ بېرەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر كەلمىگەن بىرمۇ مىللەت قالمىغانلىقى ھەققىدە الله تائالا ئېيتىدۇ: «ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۇئمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كافىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن.» (سۈرە فاتىر 24-ئايەت.)

تارىخ شۇنداق يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈستىگە، تارىخىي مەنبەلەرنىڭ ھېچبىرىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. خۇسۇسەن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ يارقىن نامايەندىلىرى، ئىنسانلار خۇلاسىسى بولغان پەيغەمبەرلەر تارىخىدىن ئىبارەت مۇھىم تارىخ توغرىسىدا بىرلا قۇرئان كەرىمدىن باشقا ئىشەنچىلىك مەنبە يوق. قۇرئان كەرىم بىرلا ئىشەنچىلىك مەنبە بولغاچقا، ئۇنى قويۇپ باشقا تارىخلارغا قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلغان الله تائالا بىلگەندەك باشقا بىر كىم بىلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم بىزگە يېتەرلىك ھۆججەتتۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى ۋە ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ياشاپ ئۆتكەن ۋاقتى، ئىسىملىرى ۋە ئىرادىلىك بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ، يۇرتلىرى، مىللەتلىرى ۋە باشقا ھاياتى تارىخىي ھەققىدە قۇرئاندا بايان قىلىنغانلىرىنىلا سۆزلەپ ئۆتىمىز.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى

پەيغەمبەرلەرنىڭ بەك كۆپ كىشى ئىكەنلىكىدە گۇمانىمىز يوق. الله تائالا مۇنداق دېدى: « بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۇممەتكە: 〈اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا بۇتلارغا كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار〉 دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» (سۈرە نەھل 36-ئايەت) يەنە الله تائالا: «قانداقلا بىر ئۇممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن.» دېدى. (سۈرە فاتىر 24-ئايەت) لېكىن بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ سانىنى مۇقىم بىر سانغا بېكىتەلمەيمىز، چۈنكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇقىم سانى توغرىسىدا قۇرئاندا ياكى ھەدىستە مۇقەررەر بىر ھۆججەت يوق. بىرلا ھەدىس بار. ئۇ بولسا: ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ كۈچلۈك بولمىغان رىۋايىتىدە ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مەن رەسۇلۇللاغا: 〈ئى رەسۇلۇللا! قايسى پەيغەمبەر ئىلگىرى؟〉 دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللا : 〈ئادەم〉 دېدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرمىدى؟ ھەئە، پەيغەمبەر ئىدى.

مۇرسەل پەيغەمبەر قانچە؟ ئۈچ يۈز ئونبەش نەپەر. ئومۇمىي پەيغەمبەر قانچە؟ بىر يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ. بۇلاردىن مۇرسەل پەيغەمبەر ئۈچ يۈز ئونبەش نەپەر، دېدى. »

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خەۋىرى شۇنداق بايان قىلىدۇكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئىدى. الله تائالا ئۇ كىشىگە سۆز قىلغانىدى. ۋەھىي قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرلەر سانى يۇقىرىقىدەك، بۇ خەۋەرنىڭ سەنىدى ئاجىز بولسىمۇ، راست خەۋەر بولىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. چۈنكى بۇ خەۋەردە پەيغەمبەر بەرگەن خەۋەرنىڭ پۇرىقى ۋە روھىي بار.

ئىسلام ئۆلىمالىرى پەيغەمبەرلەر سانى ھەققىدە بۇندىن باشقا دەلىل تاپالمىغاچقا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ھۆكۈم قىلىش بىلەن بىللە پەيغەمبەرلەر سانىنى 124000دېيىشتى. بۇ خەۋەردىن ھېچ بىر زىيان كېلىپ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى

ئەيىبلىمەيمىز. بۇمۇ بەنى ئىسرائىلىنىڭ رىۋايەتلىرىدەك، ئۇنى نەقىل قىلىشقا، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشقا بولىدۇ. ئىسلامدا بۇ خەۋەرگە زىت كېلىدىغان باشقا خەۋەر يوق. شۇنداقتىمۇ پەقەت شۇ بويىچىلا ئېتىقاد قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئېتىقاد مەسىلىسىدە غەيرىي سەھىھ بولغان ھەدىسكە ئاساسلىنىشقا بولمايدۇ.

## ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ياشىغان زامانىسى

پەيغەمبەرلەر تارىخى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلىنىدۇ، ئادەمنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇرۇق ـ ئەۋلەدلىرىنىڭ كۆپىيىشى، الله تائالادىن ۋەھىي چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى، ئادەمنىڭ كامىل ئادەم بولۇشى، شەرەپكە ئىگە بولۇشى، روھىي پاكىز بولۇشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت بەختىگە لايىق بولۇشى ۋەھىيگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز پۇشتىلىرىدىن بولغان پەرزەنتلىرىدىن پەيغەمبەر بولغىنى شىس ئەلەيھىسسالامدۇر. بىر رىۋايەتتە: شىس ئەلەيھىسسالام ئادەمنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن. شىسقا بىر قانچە سەھىپە ۋەھىي چۈشكەن، شىستىن كېيىن ئىدرىس ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنغان. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى قۇرئاندىمۇ بار. خەۋەرلەرنىڭ ئېيتىشىغا كۆرە ئىدرىس ئەلەيھىسسالام شىس ئەلەيھىسسالام ئەۋلادىدىن.

ئاندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنغان. نۇھ بولسا مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاۋالقىسى، بۇنى قۇرئان كەرىم ئوچۇق سۆزلىدى. الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھىي قىلغاندەك ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھىي قىلدۇق. ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھىي قىلدۇق. داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.» (سۈرە نىسا 163 ـ ئايەت.)

نۇھتىن كېيىن ھۇد ئەلەيھىسسالام، ئاندىن كېيىن سالىھ ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، لۇت ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، ياقۇب ئەلەيھىسسالام، يۇسۇب ئەلەيھىسسالام، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ھارۇن ئەلەيھىسسالام، داۋۇت ئەلەيھىسسالام، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، ئىلياس ئەلەيھىسسالام، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، ئىليەس ئەلەيھىسسالام، زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، زەكەريا ئەلەيھىسسالام، يەھيا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام، زۇلكىفىل ئەلەيھىسسالام، ئىليەسە ئەلەيھىسسالاملارنىڭ زامانىسى ھەققىدىكى مەخپىلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا يۇقىرىقى تەرتىب توغرا بولىشى غالىبراق. راستىنى ئېيتقاندا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ زامانىسى ۋە تەرتىپىنى بىلىش ئانچە زۆرۈر ئىشمۇ ئەمەس. بىلمەسلىكمۇ زىيان ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلارغا قويۇلغان تەلەپ، پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ئەگىشىش، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش، ئۇلار قايسى زاماندا ۋە قايسى ئورۇندا ئۆتكەن بولسۇن، ئۇلار باشلىغان يولغا ئەگىشىپ مېڭىشتىن ئىبارەت.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ يۇرتلىرى

قۇرئان كەرىمدە ئىسمى سۆزلەنگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يۇرتى ئوتتۇرا شەرقتە. ئۇلار ئوتتۇرا شەرقتە پەيغەمبەرلىككە تەيىنلەنگەن. شۇ يەردە ياشىغان. شۇيەردە ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىراقتا پەيغەمبەر قىلىنغان. ئىراقتىن كەنئان زېمىنىغا ھىجرەت قىلغان. ئەرەبىستان، سۇرىيە  پەلەستىن ئارىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ ۋاپات قىلغان. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام شامدا تۇغۇلۇپ پەيغەمبەر قىلىنىپ، ئەرەپ قەبىلىلىرىنى اللهغا  ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىپ مەككىدە ۋاپات بولغان. ئىسھاق ئەلەيھىسسالام  سەئاد زېمىنىدا بولغان، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامىمۇ شۇ زېمىندا تۇرغان. كېيىنراق مىسىرغا ھىجرەت قىلغان. بالىلىرى بىلەن مىسىردا ياشىغان. مىسىردا ۋاپات بولغان بولۇشى مۇمكىن. ياقۇپتىن كېيىن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنغان. مىسىردا ياشاپ مىسىردا ۋاپات بولغان. ئاندىن كېيىن الله تائالا مۇسا بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلدى. ئۇلار مىسىر بىلەن سىنا ئارىسىدا ياشىدى. ئۇلاردىن كېيىن داۋۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ، قۇددۇس زېمىنىدا ياشىغان. شام زېمىنىدا پەيغەمبەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇرغان، بۇلاردىن ئاخىرقىسى ئىسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ «بەيتى لەھمى» دېگەن يەردە تۇغۇلۇپ، الله تائالا ئۇ كىشىنى ئۆزى تەرەپكە كۆتۈرۈپ، ئاچىقىپ كەتكەنگە قەدەر قۇددۇس زېمىنىدا ياشىغان. ئاندىن كېيىن ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە پەيغەمبەر قىلىنغان. مەككىدە تۇغۇلۇپ 53يېشىغىچە مەككىدە تۇرغان، ئاندىن مەدىنىگە كۆچكەن، مەدىنىدە 10يىل  ياشاپ ۋاپات بولغان شەرەپلىك قەبرىسى مەدىنىدە.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ئوتتۇرا شەرق بىلەن شەرق ئارىسىدا ئۆتكەن بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ھۇد، سالىھ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالاملار ئەرەپ زېمىنىدا تۇرغان. ھۇد بولسا، ھەزرىۋەت شەھرى بىلەن «شەھر» ئارىسىدا جەنۇب تەرەپتە ئۆتكەن. سالىھ بولسا شىمالدا ئەرەبىستان بىلەن شام ئارىسىدا ئۆتكەن، شۇئەيب بولسا ئەرەب قۇرۇقلىقىنىڭ غەربىدە ئىوردانىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مەديەن يۇرتىدا ئۆتكەن. لۇت ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئىبراھىم ئەلەيسىسسالام بىلەن ئىراقنىڭ بابىل ئۆلكىسىدىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، الله تائالا ئۇنى «مۇئتەپكاپ» ئىسىملىك يەرگە پەيغەمبەر قىلغان. ئۇ يەر چوڭ بەش شەھەر بولۇپ، مەشھۇرراقى سەدۇم، ئەمۇرەلەر ئىدى. بۇ شەھەر خەلقى بەك بۇزۇلغان، پاسكىنا قىلىقلارغا كۆنۈپ كەتكەنلىكتىن، الله تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلدى. لۇت ئەلەيھىسسالام ۋە مۆمىنلەرنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالدى. كېيىن شام زېمىنىغا كېتىپ، شۇ يەردە ياشىدى.

ئۇلۇلئەزمى (ئۆتكۈر ئىرادە ئىگىلىرى) بولغان پەيغەمبەر

ئەزمى ئىگىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەنى تونۇش بولسا، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى الله تائالا قۇرئاندا: «(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن» دېدى. (سۈرە ئەھقاف 35ـئايەتنىڭ بىر قىسمى)

شۇڭا ئۇلارنى تونۇش لازىم بولىدى. سۈرە ئەھزاب 7ـئايەتتە الله تائالا بۇلارنىڭ سانى ۋە ئىسىملىرىنى بايان قىلىپ :« ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق. سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق.» دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەزكۇر تۆت پەيغەمبەردىن بۇرۇن سۆزلىشى رەسۇلۇللانىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىدۇ. قالغان تۆت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە زامانىسى ئاشۇ تەرتىپ

بويىچىدۇر. ئەزمى ئىگىلىرى بولغان بەش پەيغەمبەرنىڭ ئاۋۋاللىقىسى نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئاخىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!

## پەيغەمبەرگە ئىشىنىشنىڭ ۋاجىپلىقى

ۋەھيي چۈشۈشنىڭ مۇمكىنلىكىنى، ۋەھيىنىڭ نېمىلىكىنى، ۋەھيىنىڭ مەخسۇس يوللىرىنى، ۋەھيىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىنى تونۇپ ئۆتكىنىمىزدىن كېيىن، شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلىكنى ۋە ئۇنىڭغا لايىقلاشتۇرغۇچى شەرتلەرنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ئومۇمىي تارىخىنى تونۇغىنىمىزدىن كېيىن، بۇ ئەقىدە توغۇرسىدىكى ئەتقىقاتىمىزنى تولۇقلاش ئۈچۈن شۇنى سۆزلەيمىز. پەيغەمبەرلەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشىنىش ۋە ئايرىم ھالدا ئىشىنىش بولسا، مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۇ بولماي مۆمىن ئەقىدىسى توغرا بولمايدۇ. كامىل بولمايدۇ.

پەيغەمبەرلەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشىنىش دېمەك، مۆمىن ئادەمنىڭ الله تائالا كىمنى پەيغەمبەر قىلغان بولسا، مەيلى تونۇلغىنى بولسۇن، مەيلى تونۇلمىغىنى بولسۇن ھەممىسى راست پەيغەمبەر دەپ بىر پۈتۈن ئىشىنىشتۇر.

پەيغەمبەرلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ئىشىنىش دېمەك، قۇرئان ئارقىلىق ياكى ئىشەنچىلىك ھەدىس ئارقىلىق تونۇلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر قايسىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم ئىشىنىشتىن ئىبارەت. الله تائالانىڭ رەسۇلۇللاغا ۋەھيي قىلىشى بىلەن ئىسمىنى بىلگەنلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم ئىشىنىش لازىم. بۇلارنىڭ بەزىسىنى پەيغەمبەر دەپ ئىشىنىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، بۇلاردىن بىرسىنى ئىنكار قىلىش بولسا، ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بىلەن باراۋەر.

قۇرئاندا ئىسمى سۆزلەنگەن پەيغەمبەرلەر يىگىرمە بەش بولۇپ، بۇلاردىن ئون سەككىزى سۈرە ئەنئامدا سۆزلەنگەن. الله تائالا سۈرە ئەنئامدا مۇنداق دېدى: «ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر. خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. بىز ئىبراھىمغا ئىسھاقنى، يەئقۇپنى ئاتا قىلدۇق. (ئىبراھىمدىن) ئىلگىرى نۇھنى ھىدايەت قىلدۇق، ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن داۋۇد، سۇلايمان، ئەييۇب، يۈسۈف، مۇسا، ھارۇنلارنى ھىدايەت قىلدۇق. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە ئىلياسلارنى ھىدايەت قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلاردىندۇر. ئىسمائىل، ئىليەسە، يۇنۇس ۋە لۇتلارنى ھىدايەت قىلدۇق. ئۇلارنى (ئۆز زامانىدىكى) تامامى جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلدۇق.» (83ـ ئايەتتىن 86ـ ئايەتكىچە)

قالغان 7نى الله تائالا قۇرئاننىڭ بىرقانچە سۈرىلىرىدە ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلىدى. ئۇلار ئادەم، ئىدرىس، ھۇد، سالىھ، شۇئەيب، زۇلكىفىل (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن)لار بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش (ئىشىنىش) زۆرۈر بولۇپ، ئۇ الله تائالاغا ئىشەنگۈچىلەرگە قارىتا ئويلاش، دەلىل سۈرۈشتۈرۈشكە باغلىق ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنى الله تائالا ئۆزى پەيغەمبەر قىلدى، ئەلچى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى الله تائالا ئۆزى خەۋەر قىلدى. ئۇلارغا ئىشىنىشىمىزگە، ئۇلارنى راست دەپ ئەقىدە قىلىشىمىزغا الله ئۆزى بۇيرىدى. الله تائالا بىزنى

ئىشىنىشكە بۇيرىغانلارغا يەنى پەرىشتىلەرگە، اﷲ تائالانىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىشىمىزگە، دۇنيادىكى تونۇش ۋە سۆز ـ ھەركىتىمىزگە قارىتا چارە قىلىشىمىزغا، قەدەرگە، ھۆكۈمگە، اﷲ تائالا ئىشىنىشكە بۇيرىغان پۈتۈن غەيبلەرگە ئىشىنىش اﷲ تائالاغا ئىشىنىشتىن ئايرىلمايدۇ (اﷲغا ئىشەنگۈچى يۇقۇرقىلارغا ئىشەنمەي بولمايدۇ). شۇڭا ئى مۆمىنلەر! اﷲ تائالانىڭ خەۋىرى ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىڭلار! دېگەن بۇيرۇقى يېتىدۇ. باشقا دەلىل كېرەك ئەمەس. اﷲ تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۇئمىنلەر! اﷲغا، اﷲنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە اﷲ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اﷲنى، اﷲنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.» (سۈرە نىسا 136 ـ ئايەت.)

اﷲ تائالا يەنە مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى اﷲغا ۋە اﷲنىڭ پەرىشتىلىرىگە كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار)〈اﷲنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)〉 دەيدۇ. ئۇلار: 〈بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر〉 دەيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت.)

مۇشۇ ئىككى ئايەتنىڭ ۋە باشقا ئايەتلەر مەزمۇنىغا ئاساسەن مۆمىن ئادەم اﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشتە بىر پەيغەمبەر بىلەن يەنە بىر پەيغەمبەرنى پەرىقلەندۇرمەي ئوخشاش ئىشىنىدۇ. يەھۇدىلار، ناسارالاردەك قىلمايدۇ. يەھۇدىلار بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمەي ئىنكار قىلىدۇ. خىرىستىئانلار باشقا ھەممە پەيغەمبەرگە ئىشىنىدۇ.ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ.

پەيغەمبەرنىڭ بەزىسىگە ئىشىنىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلغۇچىنى اﷲ تائالا كاپىر دېدى ۋە ئۇنىڭغا خارلىغۇچى ئازاب بارلىقىدىن خەۋەر قىلدى. اﷲ تائالا سۈرە نىسادا: «شۈبھىسىزكى، اﷲنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، اﷲ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (اﷲغا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر، ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار، ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق.»دېدى. (150ـ، 151ـ ئايەتلەر)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى دۇنياغا كېلىشى بىلەن باشقا پەيغەمبەرلەر شەرىئىتى (قانۇن ئىجرا قىلىش يولى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن، باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىتا مۆمىن ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىش، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن پاكىز ۋە خالىي ئىكەنلىكىنى ۋە كامىللىقىنى ئەقىدە قىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش لازىم، دەپ تونۇشتىن ئىبارەت.

شۇڭا بىز مۆمىنلەرنى پەيغەمبەرلەرگە ئەقىدە قىلىش ھەققىدىكى بايانىمىزنى ئەمدى يۇقىرىقى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ پۈتۈن پەيغەمبەرلەر شەرىئىتىنى تولۇقلىغۇچى ۋە پۈتۈن دۇنيا

خەلقىگە ئام بولغان شەرىئەت ئىگىسى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مۇھەممەد مۇستەپا سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە مەخسۇس بولغان بايانىمىزغا كۆچىمىز.

## اللہ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم توغرىسىدا

رەسۇلۇللا ئەلەيهىسسالامنى تونۇشتۇرۇش

رەسۇلۇللانىڭ نەسەبى: مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام ئابدۇللانىڭ ئوغلى، ئۇ ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئوغلى، ئۇ هاشىمنىڭ ئوغلى، ئۇ ئابدۇمانابنىڭ ئوغلى، ئۇ قۇسەينىڭ ئوغلى، ئۇ كىلاپنىڭ ئوغلى، ئۇ كەئبنىڭ ئوغلى، مۇررەنىڭ، لۇئەينىڭ، غالىبنىڭ، فىهرىنىڭ، مالىكنىڭ، نەزرىنىڭ، مەئەدنىڭ، ئەدنانىڭ ئوغلى بولۇپ، ئەدنان بولسا، ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام ئەۋلادىدىندۇر.

راسۇلۇللا ئەلەيهىسسالام مەككە مۇكەررەمەدە ئەبۇ يۇسۇب هويلىسىدا تۇغۇلغان. رەسۇلۇللانىڭ ئانىسى ئامىنە ۋەھبىنىڭ قىزى. ئۇ زۆھرەنىڭ ئوغلى، ئۇ ئابدۇمانابنىڭ، ئۇ قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ ئوغلىدۇر. ئامىنە رەسۇللۇللا ئەلەيهىسسالامنى فىل ۋەقەسى بولغان يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12- كېچىسى تۇغقان. بۇ مىلادىنىڭ 570- يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. رەسۇلۇللانىڭ دادىسى ئابدۇللا رەسۇلۇللا ئانىسىنىڭ قورسىقى چېغىدا ۋاپات بولغان. رەسۇلۇللاغا چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەللىپ كېپىللىك قىلغان. رەسۇلۇللا ئالتە ياشقا كىرگەن چاغدا ئانىسى ئامىنە ۋاپات بولغان. رەسۇلۇللانى ئابدۇللانىڭ خادىمەسى ئۇممى ئەيمەن دىگەن ئايال باققان. ئاندىن كېيىن ئەبۇ تالىپ كېپىل بولغان.

## رەسۇلۇللانىڭ ئۆيلىنىشى ۋە بالىلىرى

رەسۇلۇللا ئەلەيهىسسالام 25 ياشقا كىرگەندە خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچىنى نىكاھىغا ئالدى.

خەدىچە بولسا، قۇرەيش ئاياللىرىدىن شەرەپلىك ئاياللىرىدىن بىرسى ئىدى. خەدىچە رەسۇلۇللادىن قاسىم، ئابدۇللا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغدى.پاتىمە، زەينەپ، رۇقىيە، ئوممۇ كولسۇم ئىسىملىك تۆت قىز تۇغدى. ئۇلاردىن الله تائالا رازى بولسۇن. رەسۇلۇللا ئەلەيهىسسالام بۇ هاياتتا قوي بېقىشتىن باشقا ئىشقا مەشغۇل بولمىغان. رەسۇلۇللا : «الله تائالا پەيغەمبەر قىلغان كىشىلەرنىڭ قوي باقمىغىنى يوق» دېگەن ئىدى. ئەسهابىلار: ئۆزلىرىمۇ قوي باققانمۇ؟ دەپ سورىغان.

رەسۇلۇللا: هەئە مەنمۇ قوي باققان، مەككىلىكلەرنىڭ قويىنى بىر قانچە قىرات پۇلغا بېقىپ بېرەتتىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن. پەقەت توققۇز يېشىدا تاغىسى بىلەن بىر قېتىم شامغا بارغان. 25 يېشىدا بىر قېتىم خەدىچىنىڭ خادىمى بىلەن تىجارەتكە بېرىپ كەلگەن، شۇ قېتىم خەدىچىگە كۆپ پايدا قىلغان.

رەسۇلۇللا ئەلەيهىسسالام بۇ هاياتتا ئەڭ ئەۋزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل خىسلەت بىلەن ئادەتلەنگەن.

ئېسىل ئەخلاقتا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىرەر ئىش سادىر بولمىغان، رەسۇلۇللا ئۆز قەۋمىنىڭ بالىلىرىدىن سادىر بولىدىغان ناچار ئىشلاردىن بىرەرىنى بىر قېتىممۇ قىلىپ سالمىغان. دېمەك، بۇتقا باش ئەگمىگەن. هاراق ئىچمىگەن، قىمار، قەرت ئوينىمىغان، تەلەي سىنايدىغان ئوقتىن بۇيرۇق تەلەپ قىلمىغان، بىر كىمنىڭ ئابروي ئىناۋىتىگە مال ـ مۈلكىگە زىيانكەشلىك قىلمىغان، ناهەق قان تۆكمىگەن. رەسۇلۇللانىڭ ئېسىل ئەخلاقىدا ئۈلگە، نەمۇنىلىكىگە دۈشمەنلىرىمۇ گۇۋاهلىق بېرەتتى.

پۈتۈن قۇرەيش جامەسى رەسۇلۇللاغا «ئەمىن» (ئىشەنچىلىك ئادەم) دېگەن نامنى بىرلىكتە بەرگەن. بۇ نامغا ئۆز يۇرتىدا هېچكىم يېتىشەلمىگەنتى. رەسۇلۇللا قەلبىدىمۇ ئىشەنچىلىك، تاشقىرىدىمۇ ئىشەنچىلىك، ئادەم بار يەردىمۇ ئىشەنچىلىك، كىشىلەر يوق يەردىمۇ ئىشەنچىلىك، هەممىگە، هەممىدە ئىشەنچىلىك ئىدى.

قۇرەيش جامەسى رەسۇلۇللاغا :«ئىشەنچىلىك كىشى» دىگەن نامنى بېرىشكە مەجبۇر بولغان بولسا، الله تائالا رەسۇلۇللا پەيغەمبەر قىلىنغان زامانىنىڭ بېشىدىلا رەسۇلۇللانىڭ بەك ئۇلۇغ ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىگىنى  قەسەم بىلەن تەكىتلەپ ئېلان قىلدى. الله تائالانىڭ بۇ گۇۋۇاهلىقىغا هېچكىمنىڭ گۇۋاهلىقى تەڭ كېلەلمەيدۇ.  الله تاالا سۈرە قەلەمدە: «نۇن، قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى. (ئى مۇهەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نىئمىتى بىلەن (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك مەجنۇن) ئەمەسسەن. مۇقەررەركى سەن ئەلۋەتتە ئۈكسىمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن. (ئى مۇهەممەد!) سەن هەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.» دېدى. (1ـ ئايەتتىن 4ـ ئايەتكىچە)

## الله تائالانىڭ رەسۇلۇللاغا قىلغان ئىلتىپاتى

مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ياشىغان ۋە تونۇلغان كامىللىق ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس ياكى ئۇستاز تەلىمىنىڭ، تەربىلىگۈچىنىڭ تەربىيىسىنىڭ تەسىرى ئەمەس ئىدى. پەقەت، ئۇ الله تائالانىڭ رەسۇلۇللاغا ئەهمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ تەسىرىدۇر. چۈكى، الله تائالا مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنى ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدا ۋاستە بولسۇن، شەرىئەت قانۇنىنى، دىنىنى بەندىلەرگە يەتكۈزسۇن دېگەن مەقسەت بېلەن ياراتقانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللانى الله تائالا ئۆزى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى پاسكىنا قىلىدىغان، سۈزۈك روهنى دۇغلاشتۇرىدىغان بارلىق يارىماس ئىش خۇيلاردىن ئاسراپ قوغدىغان.

الله تائالانىڭ مەخلۇقلارغا يەتكۈزىدىغان ئەلچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىشىغا لايىق يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى تەربىيىلىگەن، مۇنداق ئەلچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىش بولسا، ۋۇجۇدىدا كامىل بولۇشنى، باشقا خەلقلەرگە ئالىي ئۈلگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇلۇللا ئەلەيهىسسالام شۇنداق بولدى. الله تائالانىڭ رەسۇلۇللاغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەنلىكىگە، رەسۇلۇللانىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ يارىماس ئىشلاردىن قوغدىغىنىغا ئىككى تۆرلۈك هۆججەت كۆرسىتىمىز. ئونلارچە دەلىل ۋە مىسالغا موهتاج بولمايمىز.

1. هۆججەت. ئىمامى بەيهەقى مۇهەممەد ئىسهاقتىن، ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلدى. ئەلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئېيتتى: «رەسۇلۇللا ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىدىمكى: جاهىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر قىزىقىدىغان ئىشلاردىن

ھېچ بىر ئىشنى قىلىشنى خالىمىغان ئىدىم، پەقەت ئىككى قېتىم كىچىدە ئۆلارنىڭ ئويۇنلىرىغا ئىشتىراك ئېتىشنى ئويلارپ بارغان بولسامىۇ، الله تائالا مىنى ئۇنىڭدىن ساقلاپ قالدى. بىرسى: بىر ئاخشامدا مەن بىلەن قوي باقىدىغان مەككىلىك بالىغا، مېنىڭ قويلىرىمغا قاراپ قويۇڭ، مەن مەككىگە كىرىپ باللار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ چىقاي دېسەم، ئۇ بالا ماقۇل، دېدى، مەككە تەرەپكە ماڭدىم. دەسلەپ ئۇچرىغان بىر ئۆيلۈك قىشىغا بارسام داپ، سۇناي چېلىشىۋاتقان ئىكەن، بۇ نېمە ئىش؟ دەپ سورىسام، پالان ئوغۇل بىلەن پالان قىزنىڭ تويى بولدى، دېيىشتى، كۆرەي دەپ ئولتۇرسام، الله تائالا مېنى دەرھال ئۇخلۇتۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى يۈزۈمگە ئاپتاپ ئۇرغاندا ئويغىنىپتىمەن. (ئۆلارنىڭ ئويۇنلىرىدىن ھېچ نەمىنى كۆرمىدىم) ھەمرىيىم قېشىغا يېنىپ كەلدىم، ھەمرىيىم: نېمە ئىش قىلىپ كەلدىڭ؟ دەپ سورىدى. ھېچ ئىش قىلمىدىم، دېدىم كۆرگىنىمنى ئېيتىپ بەردىم، دېدى. رەسۇلۇللا ماڭا يەنە بىر قېتىممۇ ئاشۇنداق بولغىنىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: «اللهغا قەسەمكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلارنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچ بىر ئىشنى قىلىشنى خالىمىدىم، ئاخىرى الله مېنى ئۆزىگە ئەلچى قىلىپ ھۆرمەتلىدى».

2. ئىمامى بۇخارى. ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلدىكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مەككە خەلقى بىلەن بىللە كەئبىنى قايتا ياساش ئۈچۈن تاش يۆتكىگەن ئىدى. رەسۇلۇللادا ئىشتان (بەل ئاستىغا يۆگەيدىغان رەخت)لا بار ئىدى. تاغىسى ئابباس رەسۇلۇللاغا: ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئىشتىنىڭنى يېشىپ دولاڭغا قويۇپ تاش كۆتۈرگەن بولساڭ مۈرەڭ ئاغرىپ كەتمىگەن بولاتتى دېدى. رەسۇلۇللا بىلدىكى رەختنى يېشىپ ئېلىپ دولىسىغا قويغان ھامان ھۇشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللا بىر كىمگە يالىڭاچ كۆرۈنمىگەن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىنىشى

الله تالانىڭ پەيغەمبەرلەر تەيىنلەشتىكى ئادەت قىلغان يولى بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40ياشقا كىرگەندا ھېرا تېغىدىكى غاردا يالغۇز ئولتۇرغاندا الله تائالادىن ھەق كەلدى. جىبرىئىل كېلىپ، رەسۇلۇللانى قۇچاقلاپ ئۈچ قېتىم قىسىپ، ئۈچ قېتىم قويۇپ بەردى. ھەر قېتىمدا رەسۇلۇللاغا «ئوقۇ!» دېدى. رەسۇلۇللا: «مەن ئوقۇيالايدىغان ئادەم ئەمەسمەن» دېدى. تۆتىنچى قېتىمدا جىبرىئىل: «ئوقۇ! ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن! ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر.» (سۈرە ئەلەق 1- ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە)

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنى ئېسىدە تۇتىۋېلىپ يۈرىكى تىترىگەن ھالدا ئۆزىدىن ئەنسىرەپ ئايالى خەدىچە قېشىغا كەلدى. خەدىچە (ئەنسىرىمەڭ! قورقماڭ الا تائالا ھەرگىز سىزنى خارلىمايدۇ. چۈنكى سىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا سىلە رەھىم قىلىسىز، كىشىلەرنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرىسىز. يوقسۇلنى كەسبىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىسىز، مېھماننى زىياپەت قىلىسىز، توغرا بولغان ھادىسە چېقىملارغا ياردەم قىلىسىز.» دېدى. ئاندىن كېيىن خەدىچە رەسۇلۇللانى تاغىسى ۋەرەقە ئىبنى نەۋقىل قېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇ ئادەم جاھىلىيەت زامانىدا ناسارا دىنىغا كىرگەنىدى. ئىبرانى تىلدا كىتاب يازاتتى.

ئىنجىلدىن خۇدا خالىغاننى يازاتتى. قېرى ئادەم ئىدى، كېيىن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. خەدىچە ئۇنىڭغا ئى تاغا! بۇرادىرىڭنىڭ ئوغلىدىن سۆز ئاڭلا! دېدى. ۋەرەقە رەسۇلۇللاغا:

ئى بۇرادىرىم ئوغلى! نېمە ئەھۋال كۆردۈڭ؟ دېدى. رەسۇلۇللا كۆرگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ۋەرەقە مۇنداق دېدى: ئاشۇ سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلگەن كىشى الله تائالانىڭ دىنىنى، قانۇنىنى ئېلىپ كېلىدىغان زات بولۇپ، ئۇ قانۇننى الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ چۈشۈرگەن. كاشكى، مەن سىز پەيغەمبەرلىك ۋەزىپە ئۆتىگەن كۈنلەردە ياش بولسام، كاشكى سىزنى ئۆز جامائىڭىز يۇرتىدىن چىقارغاندا تىرىك بولسام ئىدىم، دېدى. رەسۇلۇللا ئۇ كىشىگە: «ئۇلار مېنى ئۆز يۇرتۇمدىن چىقىرىۋېتەرمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى؟ ھەئە سەن ئېلىپ كەلگەن ھەق دىننى كىم ئېلىپ كەلسە شۇ دۈشمەن تونۇلىدۇ. سېنىڭ شۇ كۈنلىرىڭدە مەن بولغان بولسام ساڭا كۈشلۈك ياردەم بېرەتتىم، دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولدى، رەسۇلۇللاغا ۋەھىي كېلىشمۇ توختاپ قالدى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

بىر مەزگىل ۋەھىي توختۇتۇلغاندىن كېيىن، جىبرىئىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىك سۈرىتى بىلەن دۇنيا ئەتراپىنى توسقان ھالدائالتە يۈز قانىتى بىلەن كۆرۈندى. ئاندىن كېيىن تەدرىجىي يېقىنلىشىپ ياچاق ئوقى يىراقلىقتا يېقىنلاشتى. ئاندىن ئاجايىب ئۇلۇغ ۋەھىي ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا ئەلچى بولۇپ كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە باشلىدى.

## كىشلەرنى دىن ئىسلامغا چاقىرىشى

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام خەلقلەرنى الله تائالاغا، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە، اللهنىڭ كىتابىغا، قىيامەت كۈنى الله بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىشىنىشكە ۋە ئىبادەت، ئىتائەتنى يالغۇز اللهغا قىلىشقا چاقىرىشنى باشلىدى. كىشلەرنى بىردىن - بىردىن ئىشىنىشكە چاقىردى. رەسۇلۇللا ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەر ھەر تۈرلۈك دىل - ئازار ۋە سىقىلىشلارغا ئۇچرىدى. بەزى ساھابىلار ھەبەشىستانغا ۋە مەدىنىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. رەسۇلۇللا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئەبۇ تالىب جىلغىسى ئىسىملىك تاغ جىلغىسىغا ئۈچ يىل قاماپ قويۇلدى. قاتتىق ئاچلىق تارتتى. دەرەخ غازاڭلىرىنى يېدى. بەك ئېچىنىشلىق زۇلۇملارغا ئۇچرىدى.

شۇ ئارىدا مۆمىنلەر ئانىسى خەدىچە ۋاپات بولدى ھەم رەسۇلۇللانى بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن قوغدىغان، دۈشمەنلەر سۈيقەستىدىن ئاسرىغان تاغىسى ئەبۇ تالىپمۇ ۋاپات بولدى. بۇ يىل ئىچى پۇشقى يىلى دەپ ئاتالدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ 10-يىلىنىڭ ئاخىرى، 11-يىلىنىڭ بېشىدا رەسۇلۇللا ئاسمانلارغا ئەپ چىقىلدى، ھەتتا جەننۇتۇل مەئىۋا قېشىدىكى سىدرەتۇل مۇنتەھاغىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىنمۇ يوقىرىغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن قەلەملەرنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىدى.

پەرۋەردىگارى رەسۇلۇللاغا سۆزلىدى، نىدا قىلدى، رەسۇلۇللاغا ۋە ئۇممىتىگە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى. قايتىپ چۈشتى ۋە شۇ زامانلاردا رەسۇلۇللا مەدىنىدىكى ئەۋس، خەززەج قەبىلىلىرىنىڭ ھەجگە كەلگەن ئادەملىرى بىلەن ئىتتىپاق مەجلىسى ئېچىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان مۆمىنلەرنى ئۆزلىرىنىڭ جان، ماللىرىنى قوغدىغاندەك قوغداشقا ئەھدى ئالدى ۋە ئۇلارغا الله تائالا قېشىدا جەننەت بارلىقىنى خەۋەر قىلدى، بۇ بىرلىك «بىرىنچى داۋان يىغىنى» دەپ ئاتالدى، يەنە بىر يىلى شۇ يەردە يىغىلىپ ئەھدى توختاملار قىلىندى. بۇ «ئىككىنجى داۋان يىغىنى» دېيىلدى.

مەدىنىدە مۇسۇلمانلار كۆپىيىپ ئىسلام راۋاجلانغىلى باشلىغاندا رەسۇلۇللا مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مۇندىن بۇرۇن مەدىنە «يەسرەب» شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەھىرى دەپ ئات قويۇلدى. ئاممىا خەلق «مەدىنە مۇنەۋۋەر» (نۇرلۇق شەھەر) دەپ ئاتىدى. دىن ئىسلام ھۆكۈملىرى، جىنايى ئىشلار قانۇنلىرى مەدىنىدە يولغا قويۇلدى. ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى ئىسلام دۆلىتى مەدىنىدە قۇرۇلدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىدىن ھەق ۋە ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تارقىلىپ، كىشىلەرنى كاپىرلىقنىڭ قاراڭغۇلىقىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا، ئادەم ـ ئادەمگە ئىبادەت قىلىشتىن (چوقۇنۇش، بويسۇنۇشتىن) ھەممە ئىنسانلار ئىگىسى (الله)غا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىشقا باشلىدى ۋە ھۆكۈمرانلار زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىشقا باشلىدى.

رەسۇلۇللانىڭ ئەلچىسى رەبئى ئىبنى ھىراشتىن ئىران پادىشاھى كىسرا گەپ سورىغاندارەبئى شۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدى. رەسۇلۇللانىڭ ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا ئىسلام دىنى پۈتۈن ئومۇملاشتى. ئىسلام قانۇنى تولۇقلاندى. بۇھەقتە الله تائالانىڭ «بۈگۈن دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم. سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» دېگەن سۆزى چۈشتى. (سۈرە مائىدە 3ـ ئايەت)

رەسۇلۇللانىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا ئون ئىككى يىل ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا دۈيشەنبە كۈنلۈكتە رەسۇلۇللا ۋاپات بولدى. ھىجرەت ئىسلام تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولدى. رەسۇلۇللاغا «رەپىقۇل ئەئلا»غا (ئالىي ھەمراھقا) قوشۇلۇشتىن (ۋاپاتىدىن) بۇرۇن ئۈممىتىنى باشلىمىغان بىرمۇ ياخشىلىق قالمىدى. ئاگاھلاندۇرمىغان بىرمۇ يامانلىق قالمىدى، الله تائالا بىزنى رەسۇلۇللانىڭ جامالىنى كۆرسىتىشتىن ۋە شاپائەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بەختكە يەتكۈزگەنگە قەدەر رەسۇلۇللاغا رەھمەت قىلسۇن!

بۇ بايانىمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە قىلىدىغان سۆزىمىز مۇناسىۋىتى بىلەن رەسۇلۇللانىڭ تارىخىغا تەۋەرۈك قىلىش يۈزىدىن ئوتتۇرىغا قويغان بىر نەزەر تاشلاش بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە اللهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىشى ۋە يولىغا ئەگىشىپ مېڭىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى مۇقەررەر قىلىش ئالدىدا تەقدىم قىلغان قىسقىچە تەرجىمىھالى ئورنىدا بولدى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەلەپ قىلغۇچى شارائىتلار

بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرغۇچى ۋە تەلەپ قىلغۇچى شارائىتلار زامان ئامىلى، ئۇلگىلىك ۋە نەسەپ يۇقىرىلىقى دەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى، بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئامىل مۇھەممەد ئەلەيسىسسالامدا بارمۇ ـ يوق؟ قاراپ باقايلى.

زامان ئامىلىدىن باشلاپ ئېيتىمىز. پارس، روما ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى تارىخىنى يازغۇچىلارنىڭ بىرلەشكەن سۆزىگە قارىغاندا، بۇ ئىككى دۆلەت ھەممە تەرەپتىن بۇزۇلغان، دىندىمۇ، ئەخلاقتىمۇ، قانۇن ھۆكۈمدىمۇ بۇزۇلغانلىقتىن، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ھەممىسىگە ئاجىزلىقىش ئورۇن ئالغان.

مەدەنىي دۆلەت بولغان بۇ ئىككى دۆلەتتە ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئەمما باشقا دۆلەتلەردە ئەھۋال تېخىمۇ يامان، ئىشلار تېخىمۇ ناچار، ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرىپىنى تېخىمۇ زۇلمەت قاپلىغان ئىدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بولسا، بۇتلارغا باش ئۇرۇلغان، ھاراقلار ئىچىلگەن، قىزلار تىرىك كۆمۈلگەن، پەيغەمبەر يولى ئورنىغا جىنكەشلەر يولى ئىز باسقان، قەبىلە ئايماقلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى الله تائالانىڭ شەرىئىتى ئورنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بايلار، ئەمەلدارلارغا ھەر تەرەپتىن كىرىم بولۇۋاتقان. نامراتلاردىن ئىقتىسادلىرى تارتىپ ئېلىنىۋاتقان ئەھۋالدا ئىدى. باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەرەپلەر ئەھۋالىدىن ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈنلەردە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى قاراڭغۇ زۇلمەتتە زۇلۇم، بۇرۇقتۇرمىلىق، يامانلىق ئىچىدە ياشايتتى. بۇ ئەھۋال الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق، يۇرتلارنى، ئىنسانلارنى تۈزۈپ، ياخشىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، پۈتۈن خەلق مۇشۇ پەيغەمبەرنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئەرەبىستان قۇرۇقلىقىدا پەيغەمبەر كېلىش شارائىتىنىڭ ئاساسلىرى كۆپ مەلۇم بولماقتا ئىدى. يەھۇدىلار، خرىستىئانلار ئارىسىدا كۆپ خەۋەرلەر تارقالغان ئىدى. ھەر رايوندا مەخپىي ئاۋازلار، ئاسماندىن چۈشىدىغان يېڭى شەرىئەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئاررۇلىرى كۆپەيمەكتە ئىدى. پۈتۈن دەلىللەر بۇ قېتىم پەيغەمبەرلىك ئەرەبلەردە بولۇشقا ئىشارەت قىلاتتى. پەيغەمبەرلىكنىڭ نۇرى پاران (مەككە) تاغلىرى ئارىسىدا چاقنايدۇ. ئەلچىلىكنىڭ قۇياشى خۇرمىلىق، سايىلىق مەدىنىدە تۇغىدۇ. دېگەن ئىشارەتلەر بولۇۋاتاتتى. مەدىنە بولسا كېلىش زامانىسى يېقىنلاشقان پەيغەمبەرنىڭ كۆچۈپ بارىدىغان يېرى بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنماقتا ئىدى. شۇ سەۋەپتىن يەھۇدىلار، خرىستىئانلارنىڭ ياشلىرى بەس - بەستە ئەرەبىستانغا كۆچۈپ كەلمەكتە. مەدىنىگە يەرلەشمەكتە، بەزىلىرىدە خەۋەر كۈچەيمەكتە، ھەتتا ئۇلار ئەرەبلەرگە بىزنىڭ ئارىمىزدىن يېقىندا پەيغەمبەر چىقىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلبە قىلىمىز دەپ قوشنىلىرى بولغان ئەرەبلەرگە تەھتىت سالماقتا ئىدى.

ئەلھاسىل، ئىسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن تارتىپ ئۆتكەن 470 يىل مۇددەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىنىڭ ئالدىنقى ئىشارەت ئاساسلىرى بولغان. كۈتۈپ تۇرۇش زامانىسى، خەۋەرلەر زامانىسى بولغان، شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدا ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئېقىمىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئىنسانلارغا، يۇرتلارغا ئومۇملاشقان بۇزغۇنچىلىقنىڭ دولقۇنىنى توختىتىدىغان بىر پەيغەمبەرلىك كېلىشىگە بەكمۇ ئىنتىزار ئىدى.

مۇشۇنداق پەيغەمبەرلىككە كىم لايىق دەپ ئويلايسىز؟

چوقۇمكى ئۇ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى) ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» (سۈرە بەقەرە 129- ئايەت) دېگىنى دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن الله ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» (سۈرە سەف6- ئايەت) دەپ خۇش خەۋەر بەرگەن پەيغەمبەر شۇ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھتۇر.

«ئى ئىنسانلار! مەن ھەممىڭلارغا اللە تائالانىڭ ئەلچىسىمەن» دەپ ئېلان قىلغان پەيغەمبەردۇر.

شۇ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ دۇنياغا مېھمان بولۇپ كەلگىنىگە مۇبارەك! پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە رەھبەر بولۇپ كەلگىنىگە مۇبارەك! پۈتۈن مەخلۇقلارغا اللە تائالانىڭ رەھمىتى بولۇپ كەلگىنىگە مۇبارەك.

پەيغەمبەر كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان زامان ئامىلىدىن پەيغەمبەر بولۇشىنىڭ بىر ئامىلى بولغان «نەمۇنىلىك»گە ئۆتىمىز. دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانغا رەھبەرلىك قىلىشقا لايىقلاشقان ۋە ئاسماندىن ۋەھيي تاپشۇرۇۋېلىشقا لايىق بولغان، پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە اللەنىڭ ئەلچىسى بولۇشقا لايىق بولغان ئۇلارغا نەمۇنە ئىكەنلىكىگە بىر قاراپ ئۆتىمىز. دېمەك، رەسۇلۇللانىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىدا نەمۇنىلىككە، ئاندىن ئەخلاق تەرەپتىن، روھىي تەرەپتىن ئۈلگىلىكىگە نەزەر سالىمىز.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تارىخ تەرجىمىھالى يازغۇچىلارنىڭ بىرلەشكەن سۆزى شۇكى، ئومۇمىي پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەدەن قۇرۇلۇشىدا ھەممە ئىنساندىن كامىل ئىدى. چىرايى ھەممىدىن چىرايلىق ئىدى. بوي، قەددى گۈزەل ئىدى، راست خەۋەر نەقىل قىلغۇچىلار بىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنى كۆرگەن، تونۇغىنى بويىچە نەقىل قىلىپ بېرىدۇ، قولاق سالايلى، ئىمامى مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىچە بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللانىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئوتتۇرھال (بەك ئېگىز ئەمەس، بەك پاكار ئەمەس) ئىدى، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى كەڭ ئىدى. چېچى قويۇق بولۇپ، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا كېلەتتى. قىزىل تون كىيگەن ئىدى، ئۇنداق چىراي ئادەمنى كۆرمىدىم.»

ئىمامى مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: «رەسۇلۇللا ئاق سۈزۈك ئىدى. بەدىنىدىن تۆكۈلگەن تەرى مەرۋايىتتەك ئىدى. يول ماڭغاندا ئالدىغا بىر ئاز ئىگىلىپ ماڭار ئىدى. رەسۇلۇللانىڭ ئالقىنىدەك يۇمشاق تاۋار ياكى يىپەك تۇتۇپ باقمىدىم، رەسۇلۇللانىڭ پۇرىقىدەك خۇشپۇراق ئىپار ياكى ئەنبەر پۇرىمىدىم.»

ھەزرىتى ئەلى ــ كرم اللە ۋەجھەتەنىڭ ئوغلى ئىمامى ھەسەننىڭ سۆزىگە قولاق سالايلى، ئۇ زات ئېيتىدۇ: «ئەبۇ ھالەنىڭ ئوغلى ھىندىدىن رەسۇلۇلانىڭ زىننىتى توغرىسىدىن سورىدىم. ئۇ كىشى رەسۇلۇللانى ئوبدان چۈشەندۈرەتتى. ماڭىمۇ چۈشەندۈرسە ئېسىمدە چىڭ تۇتىۋالسام دەپ ئۈمىد قىلاتتىم، ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: «رەسۇلۇللانىڭ ئۇستىخانلىرى غوللۇق ئىدى. يۈزى ئايدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئوتتۇرا بويلۇق ئادەمدىن سەل پەل ئېگىزرەك ئىدى. بەك ئېگىز ئادەمدىن پاكارراق ئىدى. بەدىنى چوڭ ئىدى. چېچى بەك بۇدرىمۇ ئەمەس، بەك گىدىمۇ ئەمەس، ئوتتۇرھال ئىدى. چېچىنى بەزىدە ئىككى تەرەپكە ئايرىيتتى، بەزىدە ئايرىمايتتى. ھەر ھالدا قۇلاق يۇمشىقىدىن پەسلەپ كەتمەيتتى. رەڭگى ئاق پېشماق، پېشانىسى كەڭ، قېشى ئەگمە، ئۇزۇن، ئۇلاشما ئەمەس ئىدى. ئاچچىقى كېلىپ قالسا تەرلەيتتى. بۇرنى قاڭشارلىق، نۇر چاقناپ تۇراتتى، ساقىلى قويۇق، كۆزى يوغانراق، قارا كۆز، مەڭزى ئاق قىزىل، ئاغزى چوڭ، چىشلىرى ئىنچىكە پار - پار ئىدى. چىشلىرىنىڭ ئارىسى ئوچۇق ئىدى. مەيدىسىدە ئىنچىكە تۈكى بار ئىدى. گەردىنى ئاق قىزىل، تەن قۇرۇلۇشى ئوتتۇرھال، گۆشلۈك، بەدىنى چىڭ، ئۆچىسى بىلەن قورسىقى باراۋەر، غولى كەڭ، بارماقلىرى توم، تۈكسىز ئىدى. كۆكسى بىلەن كىندىكى ئارىسىدا ئىنچىكە يول تارتقان تۈك بار ئىدى، ئىككى ئەمچىكى سەل چىققان، ئىككى بىلىكى تۈكلۈك، بېلىكى ئۇزۇن، ئالقىنى كەڭ، ئالقىنى تاپىنى سېمىز، بېلىكى توم، ئىزەڭگۈلىكى كاۋاك ئىدى.

پۈتى تەرلەيتتى، يول ماڭسا ئېگىزدىن چۈشكەندەك ماڭاتتى. ئىككى تەرەپكە بىر ئاز ئېغىناپ، سىلىق، تېز ماڭاتتى، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكەلسە، چاققان يۆتكىلەتتى. كىشىلەرگە قارىسا، ھەممە كىشىگە ئوخشاش قارايتتى، يەرگە قاراپراق ماڭاتتى، ئاسمان تەرەپكە قارىشىدىن يەرگە قارىشى كۆپ ئىدى. نەرسىلەرگە كۆپىنچە مۈلاھىزە قىلىش بىلەن قارايتتى. ئەسھابىلىرىدىن مەسلىھەت پىلان سورايتتى، ئۇچرىغان ئادەمگە ئاۋۋال سالام قىلاتتى.» رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەن قۇرۇلۇشىدا يۇقىرىقىدەك بولۇش خاس الله بەرگەن نېمەت، ئىنسانىنىڭ ھەسسىسى يوق، چۈنكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامغا ھېچكىمگە بېرىلمىگەن بەدەن قۇرۇلمىسى بېرىلدى، ھەتتا رەسۇلۇللا چىرايى گۈزەللىكتىمۇ ئۈلگە بولۇپ، تەڭدىشى يوق ئىدى. ئەمدى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى ئۈلگىلىكىنى، كامىللىقىنى بىر - بىرلەپ ئويلاپ كۆرىمىز، ھەر قانچە سۆزلىسەك، يازساقمۇ تولۇق سۆزلەپ، يېزىپ بولالمايمىز، شۇنداق بولسىمۇ سۆزلەيمىز.

## رەسۇلۇللانىڭ ئەقلىنىڭ كۈچلۈكلىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلىنىڭ كامىل ۋە ئۆتكۈرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئونلارچە مىسالدىن، بۇ يەردە تۆتنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئىككىسى پەيغەمبەر قىلىنىشتىن ئاۋۋالقى، ئىككىسى كېيىنكى ئەمەلىي ۋەقەدۇر. بۇرۇنقى ئىككىسىنىڭ بىرىنچىسى: رەسۇلۇللانىڭ «مەككىلىكلەرنىڭ زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىققا ئورتاق قارشى تۇرۇش ئىتتىپاق يىغىنى»غا قاتناشقانلىقى ۋە بۇ يىغىن ھەققىدە: «ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئان ئۆيىدە ئېچىلغان ئىتتىپاق يىغىنىغا قاتناشتىم. ئۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقىمنىڭ ئورنىغا قىزىل تۆگە پايدا تاپقانلىقىمنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن. يەنە قىچقىرىلسام يەنە قاتنىشىمەن» دېگەن. (ئىبنى ھىسام تارىخى1-بۆلۈم 143-بەت) بۇ دوستلۇق يىغىنى ئېزىلگەنلەرگە ياردەم بېرىش. زالىمدىن ھەققىنى ئېلىپ بېرىش قارار قىلىنغان يىغىن ئىدى. رەسۇلۇللانىڭ قاتنىشىشى ھەقنى قوللاش ئىدى. بۇمۇ رەسۇلۇللانىڭ ئەقلى ئۆتكۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجەرۇل ئەسۋەدنى كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى ھۆكۈمىدۇر. ۋەقە مۇنداق: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بەش يىل بۇرۇن يەنە 35 يېشىدا مەككىلىكلەر كەئبىنى چۇۋۇپ، قايتا يېڭىلاپ ياسىماقچى بولۇپ، قايتا ئىشلەپ ھەجەرۇل ئەسۋەد (قارا تاش)نى بېكىتىدىغان يەرگە يەتكەندە قۇرەيش ئايماقلىرى ھەجەرۇل ئەسۋەدنى كەئبىنىڭ بۇرجىكىگە ئورنىتىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئىشنى تالىشىپ ئۆز ئارا قانلىق ۋەقە چىققىلى قويىقاندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پىلان كۆرسىتىپ: «ھەجەرۇل ئەسۋەدنى چوڭ گىلەم ئۈستىگە قويۇپ ھەممە قەبىلە ئادەملىرى تەڭ باراۋەر كۆتۈرۈپ جايىدا قويۇڭلار» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. شۇنداق قىلىنىش بىلەن چوڭ زىياننى تۈگىتىپ، كۆپ قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھېكمەتلىك پىلانى بىر نەرسىگە دەلىل بولار بولسا، چوقۇم ئەقىلنىڭ كۈچلۈكلىكىگە دەلىل بولىدۇ. شەك كەلتۈرۈشكە ئورۇن يوق.

ئەمما رەسۇلۇللانىڭ ئەقلى كامىللىقىنىڭ پەيغەمبەرلىك مەزگىلىدىكى ئىككى مىسالى: بىرىنچىسى: رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكەندە، خەتكە «الرحمان الرحيم» دېگەن سۆز بىلەن «رسۇل الله»دېگەن سۆزنى يېزىشقا مەككىلىكلەر

ۋەكىلى نارازى بولغاندا، رەسۇلۇللا قوبۇل قىلىپ، خەتتىن ئۆچۈرۈپ بەرگەنلىكتۇر. ۋەقە مۇنداق: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر بۆلۈك ساھابىلار بىلەن مەككىگە بېرىپ بەيتۇللاھنى ئۆمرە تاۋاپ قىلىپ كېلىش ئۈچۈن بارغاندا ھۇدەيبىيە دېگەن يەرگە يەتكەندە، مۇشرىكلار رەسۇلۇللانى مەككىگە كىرىشتىن توسقان. ئۇلار بىلەن سوقۇشۇشقا الله تائالا رۇخسەت بەرمىگەن. بۇ ئارىدا مۇشرىكلار رەسۇلۇللاغا 10 يىللىق تىنىچلىق توختامنامە قىلىش تەلىپىنى قويغان. رەسۇلۇللا قوبۇل قىلىپ توختام قىلىشقان ئىشلارنى خەتكە يېزىش ۋاقتىدا، رەسۇلۇللا ھەزرىتى ئەلىگە « بسم الله الرحمن الرحيم» دەپ باشلاشنى بۇيرۇغاندا، مۇشرىكلار ۋەكىلى سۇھەيل ئىبنى ئەمرى ھەزرىتى ئەلىگە «توختاڭ! رەھمان، رەھىم دېگەن سۆزنى تونۇمايمەن، سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن يازىمەن ئى الله! دەپ يېزىڭ» دېدى. رەسۇلۇللا: «ھە ماقۇل شۇنداق يېزىڭ» دەپ ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى خالىدى. ئاندىن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىگە: بۇ توختام «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا بىلەن (اللهنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد بىلەن) مۇشرىكلار ۋەكىلى سۇھەيل ئارىسىدا» دەپ يېزىڭ دېگەندە، سۇھەيل يەنە ئەلىگە: «توختاڭ! مەن سىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭىزنى تونۇغان بولسام سىز بىلەن سوقۇشمايتتىم. سىز بۇ خەت ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەد بىلەن سۇھەيل ئارىسىدىكى توختام» دەپ يېزىڭ، دېدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ قوبۇل قىلىپ مۇرەسسە قىلىشنى خالىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئەلى باشلىق ساھابىلەر نارازى بولۇپ، «دىنىمىز ئىشىدا ئۇلارغا بوزەك بولمىزمۇ» دەپ خەتنى ئۆچۈرگىلى ئۇنۇماي تەستە ئۇنىدى. رەسۇلۇللانىڭ بۇ مۇرەسسەسىنىڭ كېيىنكى ياخشى نەتىجىلىرى باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، رەسۇلۇللانىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، ئەقلىنىڭ كامىل كۈچلۈكلىكىنى كۆرسەتتى. رەسۇلۇللا ئەقلى ئۆتكۈرلىكىدە ئۈلگە ئۆرنەك بولدى.

ئىككىنچىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىك ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، مەككىنى فەتھى قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، مەككە ئادەملىرىنىڭ كەئبە ئەتراپىغا توپلۇشۇپ غالىپ، قەھرىمان رەسۇلۇللانىڭ ئۇلارغا نېمە ھۆكۈم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا: «ئى قۇرەش جامائەسى! مېنى سىلەرگە نېمە مۇئامىلە قىلار دەپ ئويلايسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سىزنى بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز. چۈنكى سىز ئېسىل مەرد قېرىندىشىمىز، ئېسىل قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى» دېيىشتى. رەسۇلۇللا ئۇلارغا: «كېتىڭلار! سىلەر ئازاد!» دېدى.

مانا بۇ رەسۇلۇللانىڭ كاتتا ئادەملەر تارىخىدىكى ئۈلگىلىك ئورنى. رەسۇللۇلاغا بېرىلگەن كامىل ئەقىل، ئۆتكۈر پىكىرلىك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شجائىتى

رەسۇلۇللانىڭ قورقماس يۈرەكلىكى، ئەقلى ئۆتكۈرلىكىدىن كام ئەمەس ئىدى. بۇ توغرىدىمۇ ھەقىقەتەن ئۈلگىلىك ئورۇندا ئىدى. بۇ ئۇلۇغ ئەخلاقنى چۈشەندۈرۈشتە شۇ يېتەرلىك، ئەلى، زۇبەير، خالىد ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئالاھىدە قورقماس يۈرەكلەر مۇنداق دېگەندى: «ئۇرۇش بەك قىزىپ كەتكەندە، خاپىلىق قاتتىق كەلگەندە بىز رەسۇلۇللانىڭ قېشىغا كېلىۋېلىپ، رەسۇلۇللانىڭ ھىمايىسىدە قوغدىناتتۇق.»

ھۇنەين ئۇرۇشىدا ئىسلام قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولغان ئىدى. ئەسھابىلار ئەتراپقا

چېچىلىپ كەتكەندە رەسۇلۇللا جەڭ مەيدانىدا يالغۇز قالغان بولسىمۇ تەۋرەنمەي تۇرغان. ئەسھابىلار بىر ـ بىرلەپ كېلىپ رەسۇلۇللاغا قوشۇلغان. ئۇلار بىلەن قايتا ئۇرۇشۇپ دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. تىرىك قالغانلىرى رەسۇلۇللانىڭ قولىغا چۈشۈپ، ھاكىمىيەتكە بويسۇنغان، مۇنداق شىجائەتنىڭ ئوخشىشى بىر كىمدىن كۆرۈلمىگەن، قۇرئان كەرىمنىڭ رەسۇلۇللانىڭ شىجائىتىگە گۇۋاھلىق بېرىپ: «(ئى مۇھەممەد!) اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن. ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە).» دېگەن بۇيرۇقىنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ يەردە كۆرۈلدى. (سۈرە نىسا 84ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

يالغۇز بىر ئادەم كىملەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلىۋاتىدۇ؟ بۇ ئۇرۇش پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىغا قارشى ئۇرۇشتۇر. ئۇ كۈندە ئاز ساندىكى بىر ئوۋچۇم ئەسھابىلەردىن باشقا پۈتۈن دۇنيا ئادەملىرى كاپىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن يەرشارى خەلقىنىڭ شىجائەتلىكراقى بولغان بىر شەخسكە قارشى ئۇرۇشتۇر.

## رەسۇلۇللانىڭ سىياستى

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياستى، مەيلى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ياكى ئەسكىرىي بولسۇن، تىنىچلىق ئورنىتىش ياكى ئۇرۇش قىلىش سىياستى بولسۇن، ئۈلگىلىك سىياسەتتۇر. سىياسەتتە ھەرقانچە كامىل بولغان كىشى بولسۇن رەسۇلۇللادەك سىياسەت ئىجرا قىلالىشىدىن ئۈمىد قىلالمايدۇ. رەسۇلۇللانىڭ توغرا، زېرەك سىياستىگە ئۈلگە، نەمۇنىلىك سىياسەتلىكىگە بىر قانچە مەشھۇر مىسال قىلىپ كۆرستىمىز:

1ـمىسال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرىغا مۇشرىكلارنىڭ زىيەنكەشلىكى ئېغىرلاشقاندا رەسۇلۇللا ئەسھابىلىرىغا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بەرگەنلىكىدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئەسھابىلىرىنىڭ مۇشرىكلارنى مۇداپىئە قىلالماسلىقىنى ۋە ھەبەشىستاندا ئەسھەمەتون نەجاشى ئىسىملىك بىر ياخشى پادىشاھ بولۇپ، ئەسھابىلارنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالغانلىقى، ياخشى قوغدايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەسھابىلارغا ھىجرەتكە رۇخسەت قىلىش تەقدىرلەشكە لايىق، تەدبىرلىك سىياسەتتۇر.

2ـمىسال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام چاقىرىقىنى مۇشرىكلار قىستىغان كۈنلەردە ئەرقەم ئىسىملىك ساھابىنىڭ ئۆيىنى ئىسلامغا چاقىرىش مەركىزى قىلغانلىقى، شۇ ئۆيدە ئەسھابىلىرىنى ئىلىم ۋە يۈكسەك ئاڭغا ئىگە قىلىپ تەربىلىگەنلىكى، بەك يىراق كەلگۈسىنى ئويلىغان پىلانلىق تەدبىر بولۇپ، رەسۇلۇللانىڭ بەك ھۇشيار سىياسەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

3ـمىسال:مەككىنىڭ ئەقەبە دېگەن يېرىدە مەدىنىلىكلەر بىلەن ئىككى قېتىم ئىتتىپاقلىق توختام قىلىشقانلىقىدۇر. بۇ ئىككى قېتىملىق مەخپىي ئۇرۇشۇشتا رەسۇلۇللا مەدىنىلىكلەردىن مەدىنىگە ھەجرەت قىلغاندا قوغداشقا ۋە ھىجرەت قىلىپ بارغان ئەسھابىلارنى ھىمايە قىلىشقا بەيئەت (ئەھدى توختام) ئالغان. ئاندىن كېيىن ئەسھابىلىرىنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاندىن ئۆزى ھىجرەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مەدىنە ئىسلام يۇرتى، يەر يۈزى بويىچە خەلىپىلىك مەركىزى، فەتىھى، غەلبە مەنبەئى، پۈتۈن ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرستىش مەركىزى بولدى.

4-مىسال: رەسۇلۇللانىڭ مەدىنىدىكى ئۈچ جامائە يەھۇدىلار بىلەن ئەھدى توختام تۈزۈشى ۋە بۇ توختاملارنىڭ ئىسلام چاقىرىقىغا بولغان پايدىلىرى. ئىسلام تەرغىباتى كۈچسىز ۋە پۈتۈن خەلق ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان سەۋەپتىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى ۋە خاتىرجەملىكىگە ئېھتىياجلىق كۈنلەردە بۇ ئەھدى توختامنىڭ ئىسلام چاقىرىقىنى ھىمايە قىلىشىپ بېرىشىدۇر.

5-مىسال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىرلار (مەككىدىن كەلگەنلەر) بىلەن ئەنسارىلار (مەدىنىدىكى يەرلىكلەر) ئارىسىدا مۇستەھكەم دوستلۇق، قېرىنداشلىق ئورنۇتۇپ بىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا قالغان ئەزالار قىزىپ ئۇيقۇسى كەلمەي بىئارام بولغاندەك، بىر-بىرىگە كۆيۈمچان دوست قىلىشتۇر. مۇنداق قېرىنداشلىق يەر يۈزىدە ئىككىنچى بولۇپ باقمىدى. پەقەت الله تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللانىڭ مىسلىسىز دانالىقى ۋە سىياسىي تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

6-مىسال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 25 ياشلىق يىگىت ھالىتىدە 40 ياشلىق خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشىدۇر. ئاندىن كېيىن بىر قانچە تۇل ۋە يېشى چوڭ خوتۇنلارنى نىكاھىغا ئېلىشىدەك ۋە مۆمىلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) سىددىقنى 9 يېشىدا نىكاھلاپ ئېلىشى. بۇلار ھەممىسى (شەھۋانىلىق ئەمەس) بەلكى رەسۇلۇللانىڭ چوڭقۇر سىياسىلىقى، يىراقنى نەزەر سالىدىغانلىقى، ئىشنى ياخشى باشقۇرۇشى، پىلانىنىڭ مۇكەممەللىكى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز پەرۋەردىگارى تاپشۇرغان «خەلقنى ئىسلامغا چاقىرىش» ۋەزىپىسىگە غەلبىلىك كۈچ - قۇۋۋەت، ئىلگىرلەش ۋە كېڭىيىشتەك كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.رەسۇلۇللانىڭ شۇنداق ئاقىلانە سىياستى بولمىغاندا ئۇنداق غەلبە ۋە كېڭىيىشكە يەتكىلى بولمايتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئۈلگىلىكىنىڭ يەنە بىر مىسالى بولسا: رەسۇلۇللانىڭ پارتىزان قوشۇن ۋە كۆپ قوشۇن ئارقىلىق قىلغان جەڭلىرى بولۇپ، بۇ جەڭلەردىكى ئەمەلىيەتتىن رەسۇلۇللانىڭ جەڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ۋە جەڭگە رەھبەرلىك قىلىشىدا نەمۇنىلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا دوستلارمۇ، دۈشمەنلەرمۇ ئوخشاشلا ئىقرار قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 10 يىل ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا دىن ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرغان، ھەممە ئەرەب يۇرتىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقان مۇقەددەس جىھادلىرى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى تولۇقى بىلەن ئىسلامغا بويسۇندۇرغان 10 يىللىق جەڭدە ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن ئادەم سانى 2500 نەپەردىن ئاشمىغانلىقى رەسۇلۇللانىڭ جەڭگە رەھبەرلىك قىلىشتا نەقەدەر ماھىر ۋە ھاكىملىقىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر.

## رەسۇلۇللانىڭ رەھىم - شەپقتى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدىكى رەھىم - شەپقەت ئۈلگىلىك رەھىم - شەپقەتتۇر. مۇنداق مېھرىبانلىق رەسۇلۇللادىن باشقا ھېچقانداق ئادەمدە تېپىلمايدۇ. رەسۇلۇللانىڭ رەھىم - شەپقىتىنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىدىن بەزى مىساللارنى سۆزلىمەكچى بولساقمۇ، اللهتائالانىڭ سۆزلىگىنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى:«(ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار، ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.» (سۈرە تەۋبە128- ئايەت)

بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بەزىسىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1.رەسۇلۇللانىڭ مارىيە قۇتبىيە ئىسىملىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغلى كېسەل بولۇپ جان ئۈزگىلى يېقىنلاشقاندا، رەسۇلۇللا ئۇ بالىسىنى ئالدىدا قويۇپ تۇرۇپ، يىغلىغان ۋە: «كۆز يىغلايدۇ، يۈرەك دەرد تارتىدۇ، ئەمما پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزنىلا سۆزلەيمىز، ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلغىنىمىزغا قايغۇرىمىز» دېگەن.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى قەبرىسىنى زىيارەت قىلغاندا توختاپ تۇرۇپ ئۇزۇن يىغلىغان ۋە قايتىپ كېلىۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمدىن ئانامنىڭ گۇناھىنىڭ مەغفىرەت قىلىنىشىنى تىلىشىم ئۈچۈن رۇخسەت سورىسام، الله رۇخسەت قىلمىدى. ئانامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشىمغا رۇخسەت بەردى» دېگەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەيبەر شەھىرىدىكى قەمۇس ئىسىملىك سېپىلنى فەتھى قىلغاندا ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ئىسىملىك باشلىق يەھۇدىنىڭ قىزى سەفىيە بىلەن يەنە بىر خوتۇننى ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىلارنىڭ قېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. سەفىيە بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىلغان ئايال يەھۇدىلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ يىغلاپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ ئۇرغىلى تۇردى ۋە بېشىغا توپا چاچتى. بۇنى كۆرگەن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بىلالغا «سەن بۇ ئىككى ئايالنى ئۆلۈكلەر قېشىدىن ئۆتكۈزگەندە قەلبىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت تارتىۋېتىلگەنمىدى، ئى بىلال!» دېدى.

رەسۇلۇللانىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ئادەمگە خاس ئەمەس ئىدى. بەلكى ھايۋانلارغىمۇ رەھىم قىلاتتى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق ھۆل جىگەر ئىگىسىگە، يەنى ھەرقانداق جانلىققا رەھىم قىلىشتا ئەجرى بار» دېگەن. يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «بىر خوتۇن بىر مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، يېمەكلىك بەرمەي ياكى قويۇپ بەرمەي، قۇرت ـ قوڭغۇز تېرىپ يېگىلى قويماي، ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرگەن سەۋەپتىن ئازاب قىلىنىدى» دېدى.

يەنە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنىڭ پايدىسىنى بايان قىلىپ: «ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگىلى يېقىنلاشقان بىر ئىت بىر قۇدۇق چۆرىسىدىن سۇ ئىچەلمەي چۆگىلەۋاتاتتى، بەنى ئىسرائىلنىڭ پاھىشە ئاياللىرىدىن بىرى بۇ ئىتنى كۆرۈپ، ئۆتۈكىنى سېلىپ، ئۆتۈككە قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ مەزكۇر ئىتنى سۇغۇرۇپ قويۇۋېدى. بۇ رەھىم ـ شەپقىتى ئۈچۈن ئۇ خوتۇننىڭ گۇناھى مەغفىرەت قىلىنىدى.»

## رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنىڭ كەڭ (سېخى)لىقى

رەسۇلۇللانىڭ گۈزەللىك بىلەن تولغان سېخىلىقىنى سۈپەتلەپ بولغىلى بولمايدۇ. رەسۇلۇللا پۈتۈن ھاياتىدا قولىدا بار نەرسىنى بىر كىم سورىسا «ياق» دېمەيدىغان كىشى تۇرسا، قانداق تەسۋىرلەپ بولغىلى بولسۇن؟ رەسۇلۇللا بىر كۈنى چىرايلىق بىر تون كىيىپ سىرتقا چىققان ئىدى. ئەسھابىلاردىن بىرى شۇ توننى رەسۇلۇللادىن سوراپ ئېلىپ كىيىشنى، يەنى رەسۇلۇللا كىيگەن تونىنىڭ ئۆز بەدىنىگە تېگىشىنى ئارزۇ قىلىپ، رەسۇلۇللاغا: «مۇشۇ توننى ماڭا بەرسىلە» دېدى. رەسۇلۇللا ئۆيىگە كىرىپلا توننى ئۇ كىشىگە بەردى.

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كەلگەنىدى، رەسۇلۇللا ئۇ ئادەمگە ئىككى تاغ

ئارىسىدىكى بىر يايلاق قوينى بەردى. ئۇ ئادەم ئۆز جامائىتى قېشىغا قايتىپ بېرىپ: «ئى جامائىتىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقماي كۆپ بېرىدىكەن» دېدى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپەردە تېپىۋالغان بىر تۆگىنى رەسۇلۇللاغا بىر قانچە يۈز تەڭگىگە ساتتى. رەسۇلۇللادىن تۆگىنىڭ پۇلىنى تاپشۇرىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەندە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام جابىرغا تۆگىنىمۇ بەردى، پۇلىنىمۇ بەردى.(مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ).

«الله اكبر» (الله بۈيۈكتۇر) رەسۇلۇللانىڭ ساخاۋىتىنى قانداق سۆزلەپ بولغىلى بولسۇن؟ رەسۇلۇللا باشقا سۈپەتلەردە ئەڭ ئالىي ئۈلگە بولغاندەك، سېخىلىقتىمۇ ئالىي ئۈلگىدۇر.

## رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىللىقى

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەتتە نەمۇنىلىكى بىر قانچە ئورۇندا رۇشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن رەسۇلۇللادىن باشقا ھېچكىمدىن مەيدانغا كەلمىگەن ئىككى مىسالنىلا سۆزلەيمىز.

1. مەخزۇم قەبىلىسىدىن بىر ئايال ئوغرىلىق قىلىپ پاش بولغاندىن كېيىن، قۇرەيشتىن بىرمۇنچە ئادەملەر ئۇسامە زەيدنى مەزكۇر خوتۇندىن «قول كېسىش جازاسى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن تىلىگىلى رەسۇلۇللا قېشىغا ئەۋەتتى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا: «الله تائالا توختام قىلغان جازادىن بىرنى تىلەپ قالماقچىمۇ سەن، ئى ئۇسامە! الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەغدىردە ئۇنىڭ قولىنى چوقۇم كېسىمەن» دېدى.

2. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بەدرى جېڭى مەيدانىدا قولىغا بىر ياچاق ئوقنى ئېلىپ ئەسكەرنىڭ سېپىنى ئوق بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۈزلەپ كېلىپ، سەۋۋاد ئىبنى غەزيە ئىسىملىك كىشىنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. ئۇ كىشى سەپنىڭ سىرتىغا چىقىپراق تۇرغان ئىدى. رەسۇلۇللا ئۇ كىشىنىڭ قورسىقىغا ئوق بىلەن نوقۇپ: «تۈز تۇرغىن سەۋۋاد!» دېدى. ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللا، قورسۇقىمنى ئاغرىتتىڭ، سېنى اللهتائالا ھەق ۋە ئادىل دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلغان تۇرسا، ئەمدى قىساسىمنى ئالىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللا: «ئۇنداقتا قىساسىڭنى ئېلىۋالغىن» دەپ قورسىقىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ كىشى رەسۇلۇللانىڭ قورسىقىغا سۆيدى ۋە: «قىساس ئالماقچى ئەمەسمەن، پەقەت شەھىد بولۇش ئالدىدا ئاغزىم سېنىڭ مۇبارەك بەدىنىڭگە تېگىۋالسۇن، دەپ ئۈمىد قىلدىم» دېدى.

## رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچانلىقى ۋە ئىغىر ـ بېسىقلىقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ خىسلەتلىرىدىن تولۇقى بىلەن بايان قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شائىر مۇنداق دېدى: «كىشىلەر سېنىڭ سۈپەتلىرىڭنى خەلقلەرگە سۇ يۈلتۇزلارنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، خالاس».

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز رەسۇلۇللانىڭ ھەر تەرەپتىكى كاملىلىقىنىڭ قىسمەن نەمۇنىلىرىنىلا

سۆزلەپ ئۆتىمىز. جۈملىدىن رەسۇلۇللانىڭ ئەپۇ قىلىش ۋە جازالاشقا ئالدىرىماسلىقىدىن ئىبارەت خىسلىتىدىن تۆۋەندىكى مىساللارنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

1. سەھىھۇل ھەدىستە كەلدىكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بىر جەڭدىن قايتىشىدا يولدا ئەسكەرلىرىگە ئىستىراھەت پۇرسىتى بەرگەن ئىدى. ئەسھابىلار دەم ئېلىش ئۈچۈن دەرەخلەرنىڭ سايىلىرىغا تارقىلىپ كەتتى، رەسۇلۇللامۇ بىر دەرەخ سايىسىغا ئورۇن ئېلىپ قىلىچىنى دەرەخكە ئېسىپ ئۇخلاپ قالدى. ئاندىن سەھرالىق بىر مۇشرىك ئەرەب كېلىپ رەسۇلۇللانىڭ قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، رەسۇلۇللاغا «ئى مۇھەممەد ھازىر سېنى مەندىن كىم قوغداپ قالالايدۇ؟» دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللا: «الله تائالا قوغدايدۇ» دېدى. شۇ زامان مەزكۇر مۇشرىكقا قورقۇنچ كىرىپ قولىدىن قىلىچ چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللا قولىغا قىلچىنى ئېلىپ: «سېنى مەندىن كىم قۇتقۇزالايدۇ؟» دېدى. مۇشرىك ئەرەب: «ھېچكىم يوق» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئەپۇ قىلدى. مۇشرىك قايتىپ كەتتى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ) مۇنداق ئەپۇ، ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ قىلغان ئەپۇ بولۇپ، ئەپۇ قىلغۇچى ھۆرمەتكە ۋە تەقدىرلەشكە سازاۋەردۇر.

2.مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەسھابىلىرىغا مال تەقسىم قىلىۋاتاتتى. بىر سەھرالىق ئەرەب كېلىپ، رەسۇلۇللانىڭ رىداسىنىڭ بىر تەرەپتىن تۇتۇپ، رەسۇلۇللانى قاتتىق تارتتى ۋە «بۇ تەقسىمات الله رىزالىقى مەقسەت قىلىنمىغان تەقسىمات بولدى» دېدى. رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا: «الله تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەدلى قىلمىسا، كىم ئەدلى قىلىدۇ؟» دېدى. باشقا بىر ئىش قىلمىدى. ئاندىن رەسۇلۇللا: «الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا رەھىم قىلسۇن، چۈنكى ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن كۆپرەك ئازار قىلىنغانىدى، لېكىن ئۇ سەبرى قىلغان ئىدى» دېدى.

3.سەھرالىق بىر ئەرەب رەسۇلۇللانىڭ مەسجىدىگە كىردى. ئۇنى كىچىك تەرەت قىستىدى. ئۇ ئادەم مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپ سىيگىلى تۇردى. رەسۇلۇللانىڭ ساھابىلىرى ئۇ ئادەمگە كايىپ تۇۋلىشىپ كەتتى. رەسۇلۇللا ئۇلارغا: «ئۇنىڭ سىيدىكىنى توختىتىپ قويماي سىيگىلى قويۇڭلار!» دېدى. ئۇ ئادەم ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللا بىر چېلەك سۇ ئەكىلىپ، سىيدۇك ئۈستىگە قۇيۇۋېتىشنى بۇيرىدى. رەسۇلۇللانىڭ بۇ سەبرىچانلىقى ئۇ ئادەمگە تەسىر قىلىپ: «ئى الله ماڭا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەھىم قىلغىن! بىزدىن باشقا ھېچكىمگە رەھىم قىلمىغىن»، دېدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «الله تائالانىڭ رەھمىتىنى توسۇۋالماقچى بولدۇڭ» دېدى.

يۇقىرىقىلار رەسۇلۇللانىڭ ئۈلگىلىكلىكىدىن بىر قانچە نەمۇنىدۇر. بۇلار رەسۇلۇللانى پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرغان ئۈچ خىسلەتنىڭ بىرى بولۇپ، ئىككىسى باشتا ئۆتكەن. بىرسى قالغان ئىدى. ئۇ بولسا نەسەپنىڭ شەرەپلىكلىكىدۇر. ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ۋە ئېسىل ئەسلىگە (ئاتا ـ بوۋىسىغا) نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى. رەسۇلۇلانىڭ شەرەپلىك نەسەبىگە ئىنساپ بىلەن قارىغان ئادەم چوقۇم بىلىدۇكى، رەسۇلۇللانىڭ نەسەبى مۇتلەق پاك نەسەپتۇر. ئىنسانىيەت تارىخى رەسۇلۇللانىڭ نەسەبىدەك سۈزۈك، ئېنىق، پاكىز نەسەپنى تونۇپ باقمىدى. چۈنكى قۇرەيش قەبىلىسى پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ شەرەپلىكراقى ئىكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ قارشى پىكرى يوق. شۇنىڭدەك ھاشىم ئەۋلادى قۇرەيش ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك. ھەقىقەتەنمۇ پەيغەمبەرلەر ئۆزمىللىتى ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك ئاىماق ۋە ئائىلىدىن پەيغەمبەر قىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتنى رۇمان ئىمپېراتورى ھىرەقلىمۇ ئېيتقان.

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالايلى، رەسۇلۇللا بۇ ھەقتە سۆزلەپ: «الله تائالا ئىسمائىل باللىرىدىن كەنانىنى، كەنانىدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن ھاشىم باللىرىنى،

ھاشىم ئەۋلادىدىن مېنى تاللاپ چىقاردى» دېدى. دېمەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ياخشىنىڭ ياخشىراقىنىڭمۇ ياخشىراقىدۇر.

پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرىدىغان يۇقىرىقى شەرتلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا تولۇق، ھەم چوڭ، ھەم رۇشەن ھاسىل ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر ئەمەس دېمەك، ئەقىلغا توغرا كېلەمدۇ؟ الله گۇۋاھكى، ھەرگىز توغرا كەلمەيدۇ. پەقەت بىلىمسىز، ناھەق، تەرەپباز ياكى بۇزۇق تاماخور، ئەمەلىيەت ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ قارشى تۇرىدىغان ئادەملا ئىنكار قىلىشى مۇمكىن.

شۇنداق بولسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلى ۋە نەقلى دەلىللەرنىڭ بىر بۆلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەسۇلۇللاغا ئىشىنىش ۋە رەسۇلۇللا الله تائالا تەرەپتىن كەلگەن توغرا يول ۋە ياخشىلىقلارغا ئىشىنىش لازىملىقىنى مۇقەررەر قىلىش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئۇ زاتنىڭ دىنىغا ئەگىشىپ، ھەقنى تەلەپ قىلىش ۋە ئازاپتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىش ۋە ئاخىرەت نېمىتىگە يېتىشىپ، پەيغەمبەرلەر، سادىق مۆئمىنلەر، شەھىدلەر، سالىھلار بىلەن بىللە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ ئەگىشىش لازىملىقىنىڭ دەلىللىرىنى بايان قىلىمىز.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىش لازىملىقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تولۇق ھاسىل بولغان ئەقلىي ۋە دىنىي تەرەپتىن پەيغەمبەرلىككە لايىقلاشتۇرغۇچى مەزكۇر شەرتلەر، ئەلۋەتتە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر (اللەنىڭ ئەلچىسى) دەپ ئىشىنىشنىڭ لازىملىقىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەكىتلەش ۋە مۇقەررەر قىلىش، ھەتتا ئىشەنمەي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ھىيلە ـ مىكىر قىلىش ياكى ئوچۇق ئەمەلىي ھەقىقەتكە قەستەن قارشى تۇرۇپ، تىنىش ۋە باش تارتىشتىن باشقا يول بىلەن توسقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ زىيادە دەلىل ھۆججەتلەرنى ئەكىلىشتىن توسالغۇ يوق.

دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

1. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر كىتابلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ دۇنياغا كېلىشى توغرىسىدا ئالدىن خوش خەۋەر بېرىشىدۇر.

يۇھەننا ئىنجىلدا تۆۋەندىكىلەر سۆزلەنگەن:

1) سىلەر مېنى دوست تۇتۇدىغان بولساڭلار ۋەسىيىتىمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار! مەن (ئاتام)دىن تىلەيمەن. سىلەرگە يەنە بىر مۆجىزىنى (فارقۇلت) بېرىدۇ. ئۇ سىلەر بىلەن داۋاملىق تۇرىدۇ» 14-باب.(15-،16-جۈملىلەر). «فارقۇلت» دېگەن سۆز «مۇھەممەد ياكى ئەھمەد» دېمەكتۇر. «ئۇ سىلەر بىلەن دائىم تۇرىدۇ» دېگەن سۆز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن ۋە كىتاب (قۇرئان) ۋە سۈننىتى (ھەدىسلىرى) ھەمىشە تۇرىدۇ، دېمەكتۇر. چۈنكى بۇلار الله تائالانىڭ ساقلىشى بىلەن ساق سالامەت تۇرىدۇ. دۇنيا ھاياتى داۋامىدا دائىم ساقلىنىدۇ... ئىنجىلنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇ.

2) «لېكىن مەن سىلەرگە راستىنى سۆزلەيمەنكى: مېنىڭ دۇنيادىن كەتكىنىم سىلەر ئۈچۈن ياخشى. چۈنكى مەن كەتمىسەم «فارقۇلت» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلمەيدۇ. لېكىن مەن

كەتسەم ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتىمەن» 16ـ باب 7ـ فقرە. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى الله تائالا ئاسمانغا كۆتۈرۈپ كېتىش بىلەن دۇنيادىن كەتمىسە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ دۇنياغا كەلتۈرمەيتتى. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشى دۇنيا پەيغەمبەردىن خالىي زاماندا بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بىزگە (ساۋاب بىلەن) خوش خەۋەر بەرگۈچى، ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېمەسلىكىڭلارئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى (ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» (سۈرە مائىدە 19ـ ئايەت)

3) «فارقۇلت بولسا، مۇقەددەس روھ بولۇپ، ئۇنى ئاتا ئەۋەتىدۇ. مېنىڭ نامىمغا ئەلچى قىلىدۇ. ئۇ سىلەرگە دىن ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىنى ئۈگۈتىدۇ. ئۇ سىلەرگە مەن دېگەن سۆزلەرنى ئەسلىتىدۇ.» (14ـ باب 26ـ ئايەت فقرە.)

مۇقەددەس روھ فارقۇلت بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇركى، ئۇنى الله تائالا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە پەيغەمبەر قىلدى. دۇنيا خەلقى ئىچىدە يەھۇدىلار بىلەن خرىستىئانلارمۇ بار. الله تائالا: « ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق (دىن) ئېلىپ كەلدى، ئىمان ئېيتىڭلاركى، (بۇ) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق، ئەگەر ئىنكار قىلساڭلار (يەنى كۇفرىنى داۋاملاشتۇرساڭلار) (الله سىلەردىن بىھاجەت). چۈنكى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى اللهنىڭدۇر (يەنى اللهنىڭ مەخلۇقاتىدۇر مۈلكىدۇر). الله (بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» (سۈرە نىسا 170ـ ئايەت)

قۇرئاننىڭ بۇ ئايەتتە «الرسول» دەپ ئەلىف لام بىلەن كىلىشى مەلۇم پەيغەمبەر دېمەك بولۇپ، تەۋرات بىلەن ئىنجىلدا ئالدىن خۇش خەۋەر قىلىنغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. باشتىمۇ سۆزلىدۇق. يەنە سۆزلەيمىز. شۇنىڭدەك تۈزۈك نىيەتلىك كىشىلەر، يەھۇدىلار، خرىستىئانلارنىڭ ئىنساپلىق ئالىملىرىمۇ ئىقرار قىلىدۇ.

تەۋراتنىڭ ئىككىنچى تومىدا مۇنداق يېزىلغان: «پەرۋەردىگارىڭ سىنادىن كەلدى، سائىردىن بىزگە نۇر تاشلىدى. فاراندىن ئۆزىنى ئاشكارە قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن مىڭلارچە پاكىز كىشىلەر بىللە بار» (33ـ باب.)

بۇلار تەۋراتنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئەلچىلىكىگە بەرگەن ئوچۇق گۇۋاھلىقىدۇر. چۈنكى تەۋراتتىكى مەزكۇر سۆزنىڭ مەنىسى: الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشتى. ئۇنىڭغا سىنا تېغىدا ۋەھيىنى چۈشۈردى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «سائىر»دا پەيغەمبەر قىلىپ ۋەھيي چۈشۈردى. (سائىر قۇددۇستىكى بىر تاغلىق جاينىڭ ئىسمى) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «لااله الاالله» نى ئېلان قىلغۇچى پەيغەمبەر قىلىپ فاران تاغلىرى ئارىسىدىكى مەككە شەھرىدىن بەلگىلىدى. مەككىنى قورشاپ تۇرغان «ئەبۇ قۇبەيس» ھىرا ۋە باشقا تاغلار فاران تاغلىرى دەپ ئېيتىلىدۇ.

2. يەھۇدىلار، خرىستىئانلار ئالىملىرىنىڭ گۇۋاھلىقى

سۈرە شۇئەرادا اللهتائالا: «(ئابدۇللا ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان ھەمراھلىرىغا ئوخشاش) بەنى ئىسرائىل ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى بىلىشى مۇشرىكلارغا (قۇرئاننىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بولمامدۇ؟››دېدى. (197ـئايەت)

الله تائالا ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامغا ئىشەنمىگەن كاپىرلىرىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

پەيغەمبەرلىكى، اللهنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنىڭ راستلىقىغا ئىسرائىل ئالىملىرىنىڭ ئېتراپ قىلىشى ۋە گۇۋاھلىق بېرىشىدىن ئىبارەت چوڭ دەلىل بار تۇرۇپ ئىشەنمىگەنلىكىگە كايىيدۇ.

سۈرە بەقەرەدە الله تائالا: «بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ. ھەقىقەت الله تەرىپىدىن كەلگەندۇر، ھەرگىز شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.» دېدى.(146-ئايەت)

الله سۇبھانەھۇۋەتەئالا بۇ ئايەتتە تەۋرات، ئىنجىل بېرىلگەنلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئۆز ئەۋلادىنى تونۇغاندەك تونۇيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ھەقىقەتنى تونۇپ تۇرۇپ يوشۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە تونۇپ تۇرۇپ ئىشەنمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە يەھۇدىيلارنىڭ خېلى كۆپ ئالىم ۋە راھىبلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ گۇۋاھلىقىنىلا ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئىمامى بۇخارى «سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىنىڭ ئەنبىياھ قىسمىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىدۇكى: ئابدۇللاھ ئىبنى سالامغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەن خەۋىرى يەتكەندە ئۇ كىشى رەسۇلۇللا قېشىغا كېلىپ: «مەن سىزدىن پەيغەمبەردىن باشقا كىشى بىلمەيدىغان ئۈچ مەسىلە توغرىلىق سۇئال سورايمەن، 1-سۇئال: قىيامەتنىڭ ئاۋۋالقى ئالامىتى نېمە؟ 2-سۇئال: ئەھلى جەننەتنىڭ دەسلەپ يەيدىغان تامىقى نېمە؟ 3-سۇئال: قايسى سەۋەپتىن بالا دادىسىغا ئوشاپ قالىدۇ؟»دېدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «بۇ سۇئالىڭىزنىڭ جاۋابىنى مۇشۇ ھالەتتە جىبرىئىل ماڭا خەۋەر قىلدى» دېدى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇللاھ ئىبنى سالام: «جىبرىئىل بولسا پەرىشتىلەر ئىچىدىن يەھۇدىيلارنىڭ دۈشمىنى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت بولۇشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرىنچىسى بىر ئوت بولۇپ، ئۇ خالايىقنى شەرقتىن غەرپكە سۈرۈپ ماڭىدۇ. ئەمما ئەھلى جەننەتنىڭ دەسلەپتە يەيدىغان تائامى بېلىق جىگىرىنىڭ ئەتراپى بولىدۇ. بالىنىڭ دادىسىغا، يا ئانىسىغا ئوخشاپ قېلىشى بولسا، ئەر - ئايال مۇناسىۋەت قىلغاندا، دادىنىڭ مەنىيسى بۇرۇن تۆكۈلسە، بالا دادىسىغا، ئەگەر ئانىنىڭ ئابى مەنىيسى بۇرۇن تۆكۈلسە، بالا ئانىسىغا ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام: «سېنىڭ چوقۇم اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن» دەپ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللا يەھۇدىيلار بۆھتانچى خەلق، ئەگەر سىز مەن توغرۇلۇق ئۇلاردىن گەپ سۈرۈشتۈرۈشتىن بۇرۇن مېنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىمنى بىلىپ قالسا ماڭا بۆھتان توقۇيدۇ، دەپ تۇرغاندا يەھۇدىيلار رەسۇلۇللا قېشىغا كەلدى. ئاڭغىچە ئىبنى ئابدۇللاھ سالام ئۆيگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇردى. رەسۇلۇللا ئۇلارغا: «ئابدۇللاھ ئىبنى سالام سىلەر ئاراڭلاردا قانداق ئادەم؟ دەپ سورىغان ئىدى. ئۇلار ئابدۇللاھ بىزنىڭ بىلىملىك كىشىمىز ھەم ئالىمىمىزنىڭ ئوغلى. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشىراقىمىز ھەم ياخشىمىزنىڭ ئوغلى دېيىشتى. رەسۇلۇللا: «ئەگەر ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇسۇلمان بولسا نېمە دەيسىلەر؟» دېدى. دەرھال ئابدۇللاھ ئۆيدىن چىقىپ: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللهدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىغۇچى يوق، مۇھەممەد بولسا الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى» دەپ گۇۋاھلىق بەردى. مەزكۇر يەھۇدىيلار ئابدۇللاھ ئىبنى سالام بىزنىڭ ئەڭ يامانراقىمىز، يامان ئادەمنىڭ بالىسى، دېدى ۋە تۈرلۈك بۆھتانلارنى سۆزلىدى. (سەھىھۇل بۇخارى4-پارە 160-بەت).

دېمەك، ئابدۇللاھ ئىبنى سالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بەرگەن

گۇۋاھلىقى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن قالسا ئەڭ چوڭ گۇۋاھلىقلاردىن، شۇڭا ئۇنىڭدىن باشقا يەھۇدىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

ئەمما ناسارا(خىرىستىئانلار) ئۆلىمالىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بەرگەن كىتاب يۇزىگە سىغمىغۇدەك كۆپ گۇۋاھلىقلىرى بار، شۇڭا بىز بۇنىڭدىن قۇرئان مۇقەررەر قىلغان، قۇرئان سەھىپىسىگە يېزىلغان چوڭ بىر گۇۋاھلىقنىلا كۆرسىتىمىز. ئۇ بولسا ياخشى پادىشاھ ئەسھەمە نەجاشىنىڭ گۇۋاھلىقىدۇر. سۈرە مائىدەدە اللهتائالا: «(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بىز ناسارا دېگەن كىشلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن، بۇ ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە (ھەقنى قوبۇل قىلىشتا) تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلار پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ھەقىقەتنى تونۇغانلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار ئېيتىدۇ: «رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن. بىز نېمىشقا اللهغا بىزگە كەلگەن ھەقىقەتكە ئىشەنمەيلى، ھالبۇكى، بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى ياخشى كىشلەر قاتارىدا (جەننەتكە) كىرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.» (82- ئايەتتىن 84- ئايەتكىچە) دېگەن سۆزىدىن ئىسلامغا ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىگە، ئىسلام كىتاۋىغا، ئىسلام ئۈممىتىگە بەرگەن چوڭ گۇۋاھلىقى ھېسابلىنىدۇ.

بىز نەجاشىنىڭ پادىشاھلىق ئوردىسىدا تۇرغاندا رەسۇلۇللادىن كەلگەن خەتكە بەرگەن جاۋابىنى ۋە گۇۋاھلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى. ئۇنىڭ جاۋاب خېتى مۇنداق: «بۇ مەكتۇپ ئەسھەمە ئىبنى ئەبھەر نەجاشىدىن اللهتائالا ئەلچىسى مۇھەممەدكە تەگسۇن، اللهنىڭ سالامى سىزگە ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ۋە اللهنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىزگە بولسۇن! بىر اللهدىن باشقا ئىبادەت قىلىنغۇچى يوق. ئۇ الله مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى. ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئىسا پەيغەمبەر ھەققىدە يازغان مەكتۇبىڭىز ماڭا تەگدى. ئاسمان، زېمىننىڭ ئىگىسى نامىغا قەسەم قىلىمەنكى، ئىسا پەيغەمبەر سىز دېگەندىن زىيادە ئەمەس. سىزنىڭ بىزگە قايسى دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىنغىنىڭىزنى چوقۇم تونىدۇق. تاغىڭىزنىڭ ئوغلى جەئفەرنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆزىمىزگە يېقىن قىلدۇق. سېنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىڭگە ۋە راست سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ساڭا ۋە سېنىڭ تاغاڭنىڭ ئوغلىغا بەيئەت قىلدىم ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن (تەشەببۇسى بىلەن) ھەممە ئالەمنىڭ ئىگىسى الله تائالانىڭ بىرلىكىگە تەسلىم بولدۇق. مۇسۇلمان بولدۇم. سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئوغلۇم ئەرھانى ئەۋەتتىم. ئۆزۈمدىن باشقىسىغا ئىگە بولالمايمەن، ئەگەر ھۇزۇرىڭىزغا بېرىشىمنى خالىسىڭىز باراي، ئى رەسۇلۇللا.»

3.مىليونلارچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇۋاھلىقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە راستى بىلەن ئىشىنىپ گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە رەسۇلۇللا ئېلىپ كەلگەن ھەق دىن ۋە توغرا يولغا ئەگىشىپ، ئۇ يولدا جىھاد قىلغان مىليونلارچە ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسەن بۇلار ئىچىدىكى ئۆلىمالار، پەيلاسوپلار، سالىھلاردىن ئىبارەت سانىنى مۇقىمداش مۇمكىن بولمايدىغان كۆپ كىشلەرنىڭ سانى ئەڭ چوڭ گۇۋاھلىق بولۇپ، بۇ گۇۋاھلىق ئەقىللەرنى قانائەتلەندۈرىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەن مۆئمىنلەرنىڭ يۈرىكىگە راھەت ۋە خاتىرجەملىك بېرىدۇ.

4. ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك اللهنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە اللەتائالا ۋە پەرىشتىلەر بەرگەن گۇۋاھلىق ئەلۋەتتە بارلىق گۇۋاھلىقتىن بىھاجەت قىلىدىغان گۇۋاھلىقتۇر. الله تائالا سۇرە نىسادا: «(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەرمىسە گۇناھى ئۆزىگە) لېكىن الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان ئارقىلىق (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ. الله قۇرئاننى (باشقىلار بىلمەيدىغان ئۆزىگە خاس) ئىلىم بىلەن نازىل قىلدى. پەرىشتىلەرمۇ (الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (باشقىلار گۇۋاھلىق بەرمىگەن تەقدىردىمۇ) اللەنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر.» دېدى. (سۇرە نىسا 166- ئايەت)

نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقى ۋە ھەقىقەتتىن روھىي سىقىلىشى ۋە الله تائالانى لايىقىدا تونۇغىلى قويمايدىغان جاھالەت زۇلمىتىدە قالغانلىقى بولمىغان بولسا، الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بەرگەن گۇۋاھلىقىغا باشقا گۇۋاھلىقنى قوشۇپ سۆزلەپ ئوتتۇرمايتتۇق. لېكىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ باشتىكى گۇۋاھلىقلارنى ئوتتۇرىدا قويدۇق. ئاندىن الله تائالانىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئىبارەت ھېچ بىر ئەقىللىق كىشى رەت قىلالمايدىغان گۇۋاھلىقنى سۆزلىدۇق.

الله تائالانىڭ گۇۋاھلىقى ئىككى قىسىم بولۇپ خەۋەر گۇۋاھلىقى ۋە مۆجىزىلەر گۇۋاھلىقىدىن ئىبارەت. خەۋەر گۇۋاھلىقى بولسا، الله تائالانىڭ ئۆز كىتابىدا (قۇرئاندا) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي چۈشۈرگەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئەلچى بولۇشقا تاللىغانلىقى، ئۆزى تەرەپتىن ئىنسانلار ئاممىسىغا ئەلچى قىلغانلىقى، ياردەم بەرگەنلىكى توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلىرىدۇر.

مۆجىزىلەر گۇۋاھلىقى بولسا: اللەتائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قولى بىلەن ئاشكارا قىلغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردۇر. چۈنكى ھەر بىر ئادەم ئادەتتىن سىرت بولغان ئىشلار ھال تىلى بىلەن الله تائالا تەرەپتىن: «بەندەم ۋە ئەلچەم مۇھەممەد مەن تەرەپتىن بەرگەن ھەر بىر خەۋىرىدە راست سۆزلىدى. مېنىڭ ئۇنى ئۆزۈمگە ئەلچى قىلغانلىقىم راست» دەپ سۆزلەيدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە الله تائالانىڭ خەۋەر بىلەن بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1)اللەتائالا سۇرە فەتىھ 29-ئايەتتە: «محمد رسول الله» (مۇھەممەد الله تائالانىڭ ئەلچىسى) دېگەن سۆزى.

2)سۇرە ئەئرافتا: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن››دېگەن سۆزى. (158- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

3)سۇرە بەقەرە 119- ئايەتتە: « بىز سېنى ھەقىقەتەن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كافىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن ئەھلى دوزاخ (يەنى كافىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار) توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن.»دېگەن سۆزى.

4) سۇرە نىسادا: « (ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغاندەك ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھى قىلدۇق» دېگەن خەۋىرى. (163- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

5) سۇرە ئەھزاب 45- ئايەتتە:«ئى پەيغەمبەر! سېنى بىز ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بىشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، اللەنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇنىڭ (بىرلىكىگە تائەت- ئىبادىتىگە) دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتۇق.» دېگەن خەۋىرى.

6) سۇرە مائىدە 67- ئايەتتە: «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان

ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. اﷲ سېنى كىشلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ، اﷲ ھەقىقەتەن كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» دېگەن خەۋىرى.

7) سۈرە نىسا 170ـ ئايەتتە: «ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق (دىن) ئېلىپ كەلدى» دېگەن خەۋىرىدۇر.

## مۆجىزىلەر گۇۋاھلىقىدىن بىر قىسمى تۆۋەندىكى

1) قۇئان كەرىمنىڭ اﷲ تائالادىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي بولۇپ چۈشكەنلىكى، قۇرئان بولسا ئىنسانىيەت تونۇغان مۆجىزىلەرنىڭ كاتتىراقى، چۈنكى ئادەتتە خەت ئوقۇيالمايدىغان، خەت يازالمايدىغان، ئۇستاز ئالدىدا ئولتۇرۇپ باقمىغان ياكى بىر كىمدىن تەربىيە ئالمىغان، ئىلىم ئۆگەنمىگەن بىر ساۋاتسىز ئادەمنىڭ بىرلا قوپۇپ ئىلىمدىن، مەرىپەتتىن سۆزلىشى، ئىلىم ـ مەرىپەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆز زامانىسىدا ھېچكىم مەيدانغا كەلتۈرەلمىگەن، ھەتتا دۇنيا ھاياتى داۋامىدا دۇنياغا كەلگەن كېيىنكى ئالىم، پەيلاسوپ، دوكتۇرلاردىن ھېچكىم مەيدانغا كەلتۈرەلمىگەن ئىلىم ـ مەرىپەتلەرنى مەيدانغا چىقىرىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. پەقەت پەيغەمبەرنىڭ ۋەھىي بىلەن بىلىشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم بولسا ئەڭ بۈيۈك قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىر بۆلۈك ئىلاھىي ئىلىملەرنى، ئەڭ مۇقەررەر ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەخلۇقلارنىڭ دەسلەپ يارىتىلىشى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان، ئۆتكەن زامانلارنىڭ ئاجايىپ تارىخى ۋەقەلىرىنى بايان قىلغان. نۇرغۇنلىغان غايىب ئەھۋاللاردىن خەۋەر قىلغان ۋە ئۇ خەۋەرلىرى بىر ھەرىپمۇ ئۆزگەرىش بولماي، ئۆز ئەينى رېئال ئەمەلىيەت بولۇپ مەيدانغا كەلگەن بىر كىتاب بولۇپ، ئۇ كىتابنى بىر ساۋاتسىز ئادەم ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ تاقابىل تۇرۇپ قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتابنى ياكى قۇئان سۈرىلىرىدەك ئون سۈرە، ھەتتا بىرلا سۈرىنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن پۈتۈن ئىنسانلار، جىنلاردىن ھېچكىم تاقابىل تۇرالماي ئاجىز كېلىدۇ. بېشىنى ئېگىپ جىم بولۇشۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئەھۋال قۇرئاننىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن چوڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە رەسۇلۇللانىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ مۇشۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن: «ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئىنسانلار ئىشىنىدىغان بىر مۆجىزە بېرىلگەندى. ماڭا اﷲ تائالا ۋەھىيدىن ئىبارەت مۆجىزە بەردى. شۇڭا قىيامەت كۈنى ماڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەر كۆپرەك بولارمىكىن دەپ ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

قۇئان كەرىم سۈرە بەقەرە 23ـ ئايەتتىكى قۇئانغا تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئايەت قىيامەتكىچە قارشى تەرەپنى مەيدانغا چىقىرىدۇ: «بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) اﷲدىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار — ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر— كافىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.» (سۈرە بەقەرە 23ـ، 24ـ ئايەت.)

اﷲ تائالانىڭ «ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر» دېگەن سۆزى: مۇھەممەدتەك ساۋاتسىز ئادەمدىن

قۇرئان سۈرىسىدەك بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرالمايسىلەر، دېمەك بولۇپ، بۇ ھۆكمى مەڭگۈلۈك ھۆكۈم بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ھۆكۈم قىلىنغىلى 1400يىلغا يېقىن بولدى. بۈندىن كېيىنمۇ بىر كىم كېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك خەت ئوقۇش، يېزىش ساۋاتى يوق بىر ئادەمدىن قۇرئان سۈرىسىدەك بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ، قۇرئاننىڭ بۇ ھۆكۈمىنى بىكار قىلىشتىن ئۈمىد قىلغىلى بولمايدۇ. الله تائالا: «ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلالمايسىلەر» دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەنلىكىدىن بىر كىمنىڭ قۇرئانغا تاقابىل بىرەر سۈرىنى سۆزلىيەلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە قەتئىي جەزمى قىلىش كېرەك.

2) ھۇدەيبىيەدە رەسۇلۇللانىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىپ، 1400 كىشلىك قوشۇن قانغۇچە ئىچىپ، سۇ قاچىلىرىغا قاچىلىۋالغانلىقىدۇر. بۇ ۋەقەنى ئىمامى بۇخارى «سەھىھۇل بۇخارى»نىڭ 234- بېتىدە نەقلى قىلىدۇ.

3) مەدىنىدە خەندەك قازغان كۈندە رەسۇلۇللانىڭ دۇئاسى بىلەن ئاز تاماق كۆپىيىپ، ئۈچ كىلو ئارپا ئۇنى بىلەن بىر ئوغلاق گۆشىدە مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر قوشۇنى تويغۇچە غىزالىنىپ يەنە ئېشىپ قالغانلىقىدۇر. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

4) مەدىنىدىكى بىر مەسجىدنىڭ بىر تۈۋرۈكى رەسۇلۇللاغا ئىشتىياق تارتىپ يىغلىغان. رەسۇلۇللا يېقىن بېرىپ سىلىغاندا توختىغان. بۇ يىغىنى يۈزلەرچە ياخشى ئادەم ئاڭلىغان. (سەھىھۇل بۇخارى2-پارە 11-)

5) قاتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزىگە ئوھۇد ئۇرۇشىدا دۈشمەندىن زەربە تېگىپ بىر كۆزى چانىقىدىن چىقىپ مەڭزىگە ساڭگىلاپ قالغاندا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام كۆزىنى سىلاپ ئۆز جايىغا ياندۇرۇشى بىلەن بۇرۇنقىدەك ساقىيىپ قالغان. (ئىبنى ھېشام تارىخى 4- جۈزئى 235-بەت)

6) رەسۇلۇللا ئالدىدا تۇرغان تائامنىڭ الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتقانلىقى، بۇنى كاتتا ساھابىلەردىن بىر قانچە كىشى ئاڭلاپ تۇرغان. (سەھىھۇل بۇخارى4-جۈزئى235-بەت)

7) مەككىدە قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل قىلىش ئۈچۈن ئاينىڭ ئىككىگە يېرىلىپ ئىككى پۇچۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللانىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاي ئىككىگە بۆلۈنگەن. مەككە خەلقىنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ ئەجەپلىنىپ تۇرغان. بۇ ھادىسىنى قۇرئان كەرىم ئىسپاتلاپ «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى» دېدى. (سۈرە قەمەر 1- ئايەت)

8) كۆپ ئادەم كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرغان يەردە ئونلارچە قېتىم رەسۇلۇللاغا دەرەخلەر ۋە تاشلار سالام قىلغان. (سەھىھۇل مۇسلىم ۋەسۈنەنۇ تىرمىزىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردۇر)

9) بىر كېچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ يەردىن يەتتىنچى ئاسمانغىچە، ئاندىن جەننەتۇل مەئۋا قېشىدىكى«سىدرەتۇلمۇنتاھا» غىچە ئېلىپ چىقىلغان. قەلەملەرنىڭ شىتىلدىغان ئاۋازى ئاڭلانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا سۆز قىلغان. رەسۇلۇللاغا ۋە ئۈممىتىگە بەش ۋاقىت ناماز پەرز قىلىنغان. (بۇ مۆجىزىلەر مۇتىۋاتىر دەرىجىلىك خەۋەرلەر بىلەن سابىتتۇر)

10) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن غايىب ئىشلاردىن خەۋەر قىلغان ۋە ئۇ خەۋەرلەر رەسۇلۇللا دېگەندەك ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن. ئۇ خەۋەرلەردىن بىر خەۋەرنى مىسال قىلىپ سۆزلەيمىز. ئۇ بولسا رەسۇلۇللانىڭ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل راست ۋاستىلەر بىلەن نەقىل قىلغان بۇ سۆزىدۇر: «يېقىندا ئۈممىتىم ئىچىدە ئادەملەر تۆگە توقۇمىدەك ئېگەرلەرگە مىنىدۇ. ئۇلاردىن چۈشمەي مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىغا كېلىپ چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى

كۆرۈنىشىدە ئىگىن كىيىكلىك، ماھىيەتتە يالىڭاچ. ئۇ خوتۇنلارنىڭ باشلىرى تۆگىنىڭ لۈككىسىدەك(چېچىنى بۇدرە قىلىپ كالLEكلەشتۇرگەن) ئۇ خوتۇنلارغا لەنەت ئوقۇڭلار! چۈنكى ئۇلار لەنەت قىلىنغۇچىلاردۇر» دېدى.

رەسۇلۇللانىڭ ئۇممەتلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر مىنىدىغان، رەسۇلۇللا ئالدىن خەۋەر قىلغان ئۇلاغلار قانداق ئۇلاغ؟ ئۇلاغنىڭ ئىگەرلىرى ئات، تۆگىنىڭ ئىگەرلىرىدەك، ئەمما ئۆزى ئات ئەمەس، تۆگە ئەمەس نېمە ئۇ؟ ئۇ ئۇلاغ بولسا مىلادى19-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ماشىنا ئىكەنلىكى چوقۇم، ئۇ چاغدىكى ئادەملەر، بىر قانچە سائەتتە بىر قانچە يۈز كىلومېتىر يول ماڭىدىغان ماشىنا ئاپتوموبىل پەيدا بولار، ئۇنىڭغا مېنەرمىز، يۈكلىرىمىزنى يۈكلەرمىز، دەپ چۈشىدىمۇ كۆرگەنمۇ؟ ياق! لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن ۋەھيي، ئۇنى ئاڭلىغۇچىلار چۈشەنگىنىدەك ھالەتتە خەۋەر قىلدى. مۆئمىنلەر بۇ خەۋەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كۈتۈپ تۇردى. 13ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللا بەرگەن خەۋەر مەيدانغا چىقتى. ئادەملەر ئىگەردەك ئورۇنداقلاردا ئولتۇردى.ماشىنا بىلەن مەسجىدنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ چۈشتى. رەسۇلۇللا خەۋەر قىلغان كۈندە دۇنيا خەلقى«ئاپتوبۇس»نى بىلەمتى؟ ئۇ چاغدا بىر ئايال كىشىنىڭ لۈتىسىنى ئېچىپ، كوچىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مېڭىشى، قولىدىن باشقا پۈتۈن ئەزاسى ئوچۇق ھالەتتە يۈرىشى ئەقىلغا سىغامتى؟ 20- ئەسىر كەلگۈچە خوتۇنلار چاچلىرىنى كاللەك قىلىشنى، ئورۇق تۆگىنىڭ لوككىسىدەك بۇدۇر قىلىشنى بىلەمتى؟ مۇسۇلمان خوتۇنلارنىڭ شۇنداق ئىشلارنى قىلىشى ئەقىلغا سىغامتى؟ يالىڭاچ ھېساپتا رەستىلەردە مېڭىشى تەسەۋۋۇر قىلىنامتى؟ ياق! لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 1300 يىل بۇرۇن سۆزلىگەن بۇ غايىب خەۋەر ئەمدى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى، الله تائالا ۋەھيي بىلەن بىلدۈرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئى الله! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئەھلى ئەۋلادىغا، ئەسھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگۈچىلەرگە، يولىدا ماڭغۇچىلارغا ۋە قىيامەتكىچە سېنىڭ توغرا يولۇڭدا (ئىسلام يولىدا) ئۇدۇل ماڭغۇچىلارغا رەھىم قىلغىن!

## پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇش

پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش ھەققىدىكى باياناتىمىزنىڭ ئاخىرىدا مۇھىم ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز:

1. پەيغەمبەرلەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرۇش
2. ئاخىرلاشتۇرغۇچى پەيغەمبەر.

ئەمما بىرىنچى مەسىلە توغرىسىدا ئېيتىمىزكى: الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك بىلەن پۈتۈن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇردى. ھېچكىمنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشتىن تەمە قىلىشقا ئورۇن قالمىدى. ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر كىمنىڭ «پەيغەمبەر بولارمەنمىكىن» دەپ ئۈمىد قىلىشقا ئورۇن قالمىدى. ھەرگىز بۇ ھەقىقەتنى بىلمەي ياكى كىشىلەرنى گوللاپ ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىلمەس بولىۋېلىپ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشى، الله تائالاغا قارىتا يالغان سۆزلىگەن. چوڭ بۆھتان توقۇغان بولىدۇ. ئۇ كىشى ئۆزۈن ئۆتمەي رەسۋا بولىدۇ. خەلقلەر ئارىسىدا لەنەت ئوقۇلىدۇ. بۇرۇنقىلاردىن مۇسەيلىمە كەززابقا، كېيىنكىلەردىن مىرزاغۇلامى

ئەھمەد قادىيانىدەك يالغانچى، دەججاللارغا ئەھۋال شۇنداق بولدى.

چۈنكى اللهتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن پۈتۈن پەيغەمبەرلىكنى تۈگەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ سۈرە ئەھزاب 40- ئايەتتە: «مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن (ئۇ) اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ). الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز- ھەركىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللهغا مەخپىي ئەمەس).» دېدى.

شۇ سەۋەبتىن قىيامەت كۈنىدىكى ئازاپتىن قۇتۇلۇش ۋە شۇ كۈندىكى مۇقىم نېمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەمەل قىلىش لازىم بولۇپ قالدى.

قايسى بىر بەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكىگە (تەلىم بەرگەن شەرىئىتىگە) ئىشەنمىسە ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئەمەل قىلمىسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى چوقۇم زىيان تارتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمەي، الله تائالاغا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنگىنىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇ كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىدىن شۇنداق بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بولسا ئىنسانلار ۋۇجۇدلىرىنى پاكلىغۇچى، روھلىرىنى تازىلىغۇچى يولدۇر. ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدى ۋە روھىي پاكلانمايدۇ. ۋۇجۇدى ۋە روھى پاكلىنىش بىلەنلا ھەركىم ئوتتىن قۇتۇلۇشقا، ياخشىلار ماكانى بولغان جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە اللهتائالا: «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى- فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ.» دېدى (سۈرە شەمس 9-، 10- ئايەت)

2. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى كەسكىن ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. الله تائالا سۈرە ئەھزاف 40- ئايەتتە: « مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس. لېكىن (ئۇ) اللهنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (الله ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ). الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز- ھەركىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللهغا مەخپىي ئەمەس).» دېدى.

ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشى ۋە ئۇ الله تائالا تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن توغرا يول ۋە ھەقكە ئەگىشىشى ۋاجىپ ۋە لازىم. چۈنكى الله تائالا ئىنسانلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىشكە ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەق دىنغا ئەگىشىشكە بۇيرۇپ، سۈرە تەغابۇن 8- ئايەتتە: «اللهغا اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز نازىل قىلغان نۇرغا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار، الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.» دېدى. پەرۋەردىگارىمىز الله تائالا دوزاخ ئوتىدىن ساقلاپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت رەھمىتىنى، اللهتائالاغا ئىشەنگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنگەن كىشىگە خاس قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دېدى: « ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن، ئۇلار ئەلچىگە- ئۈممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى

تەۋرات ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىېلىنغان تاقاق كويىزا. كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» (سۈرە ئەئراف 156-، 157- ئايەت)

الله تائالا ئىنسانىنى كامىل ئىنسانلىقىقا يېتىش يولىغا باشلىشىنى ۋە ھەر شەخسنىڭ دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ ئۇنى بەختتكە لايىقلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى ھاسىل قىلىشىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشكە ۋە ئەگىشىشكە باغلىغانلىقى ئۈچۈن سۈرە ئەئرافنىڭ 158- ئايىتىدە: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى اللهغا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، اللهغا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن پەيغەمبەرلىك تۈگىگەنلىكىگە ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ئىكەنلىكىگە قارىتا ئاڭلانغان دەلىللەرنىڭ بىرسى سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمغا يېزىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «مېنىڭ ئەھۋالىم ۋە مەندىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەھۋالى بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇكى: ئۇ ئۆي ياسىدى، ياخشى چىرايلىق قىلىپ زىننەتلىدى. لېكىن ئۆينىڭ بۇرجىكىدىن بىر خىش قويىدىغان يەرنى چالا قويدى. كىشىلەر ئۆينى ئايلىنىپ ئەجەپلىنىپ نېمىشقا بىر خىش ئورنىنى چالا قويغاندۇ؟ دېيىشتى. مەن دەل شۇ بىر خىش بولىمەن. مەن پەيغەمبەرلەرنى ئاخىرلاشتۇرغۇچىمەن» دېدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن پەيغەمبەرلىك تۈگىگەنلىكىگە دەلىل بولۇشىدا مەزكۇر ھەدىسقا ئوخشاش ئىككى سەھىھۇل كىتابتا بىر ھەدىس، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «يېقىندا مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە 30 يالغانچى مەيدانغا چىقىپ ‹مەن پەيغەمبەر› دەپ دەۋا قىلىدۇ. مەن بولسام ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى. مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق» (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلدى ھەم مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ ھەدىستۇر)

يەنە رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ بىر قانچە ئىسمىم بار. مەن مۇھەممەد، مەن ئەھمەد، مەن ئۆچۈرگۈچى. الله تائالا مەن بىلەن كۇفرىنى ئۆچۈرىدۇ. مەن جۇغلىغۇچىكى، خالايىق مېنىڭ ئەتراپىمغا جۇغلىنىدۇ. مەن ئەڭ يېقىن كەلگۈچى پەيغەمبەرمەنكى مەندىن كېيىن ھېچكىم پەيغەمبەر بولۇپ كەلمەيدۇ.»

الله تائالانىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ھەممە پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنىڭ چوڭ ۋە كۈچلۈك دەلىلىدىن بىرسى شۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن پەيغەمبەر كېلىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلىنغىلى 1400 يىلغا يېقىنلاشتى. شۇنچە ئۇزۇن زامان ئىچىدە راست بىر پەيغەمبەر دۇنياغا كەلمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا ھەر ئەسىردە، ھەر يۇرتتا پەيغەمبەر كېلىپ تۇراتتى .ھەتتا بىر مىللەت ئىچىدىن، بىر شەھەردىن

بىر قانچە كىشى پەيغەمبەر قىلىنغان. بۇ ئەھۋاللار ئىنسانلار تارىخىدىن مەلۇم، خۇسۇسەن دىنىي تەرەپتىن مەلۇمدۇر.

# ئالەمنىڭ يوقۇلىشى (يەنى قىيامەت)

بۇ ئالەمنىڭ يوقۇلىشى مۇمكىنمۇ؟

ھەئە، ئەلۋەت مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئالەم ھەرگىز ئەزەلدىن بار ئەمەس. ئەزەلدىن بار بولمىغان نەرسە يېڭىدىن پەيدا بولغۇچىدۇر. يېڭىدىن پەيدا بولغان نەرسە يوقۇلۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. يېڭىدىن پەيدا بولغان نەرسىلەرگە يوقۇلۇش يۈز بېرىشى بۇ ھەتتا كۆز بىلەن كۆرۈلۈپ كەلگەن ئەمەلىيەتتۇر. دەلىلگە ھاجەت يوق.

بۇ ئالەم يېڭى پەيدا قىلىنغانلىقى ئەقلىي ۋە ماددىي ھۆججەتلەر بىلەن بېكىتىلگەندۇر. ئالەملەردە داۋاملىق يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئالەملەرنىڭ يېڭىدىن پەيدا قىلىنغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ. يېڭىدىن پەيدا بولغانلىقى بولسا يوقىلىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

شۇنىڭدەك توختام قىلىنغان قۇۋۋەت قانۇنى، بۇ بولسا راست بولغان ئىلمىي قاراشتۇر. ئۇ بۇ ئالەمنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەزەلدىن بار بولغان ۋە ھەممە مەۋجۇتنى بار قىلغان اللە تائالانىڭمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئالەمنىڭ كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئالەمنىڭ يوقۇلىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدى. چۈنكى بۇ چوڭ ئىلمىي قانۇننىڭ راست ئەمەلىيىتى شۇكى، قىززىقلىق (ئىنىرگىيە) ھەمىشە قىززىق مەۋجۇتتىن (ئىنىرگىيىسى يۇقىرى جىسىمدىن) قىززىق ئەمەس (ئىنىرگىيىسى تۆۋەن) جىسىمغا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتنىڭ داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە ئاخىرى جىمى مەۋجۇتنىڭ قىززىقلىقى (ئىنىرگىيىسى) باراۋەر بولىدۇ. بۇ چاغدا ھايات ۋە ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدىغان بىرمۇ كۈچ قالمايدۇ. ئۇ چاغدا تەبىئىي ۋە خېمىيىۋى مالىكۇللار تۈگەيدۇ. ئۇ چاغدا ھايات تۈگەيدۇ. بۇ قانۇن بويىچە ئالەمنىڭ ئەزەلدىن بار بولۇشى يالغان. چۈنكى ئالەم ئەزەلدىن بار بولغان بولسا ئۇنىڭ كۈچى تۈگىمىگەن ۋە شۇنداقلا بارچە ھاياتلىق تۈگىمەستىن داۋاملىشىۋەرگەن بولاتتى، بىراق ئەمەلىيەتتە ھەر نەرسىدىكى كۈچنىڭ تاقىتى يوقىلىۋاتىدۇ ۋە ھاياتلىق تۈگەۋاتىدۇ.

ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يوقۇلۇش ۋە ئاجىزلىنىش تەرىپىگە كېتىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ يوقۇلۇش ۋە ئاخىرلىشىشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. چۈنكى قىززىقلىق كۈچىنىڭ (ئىنىرگىيىنىڭ) قىززىقلىقى (ئىنىرگىيىسى) يۇقىرى جىسىملاردىن سوغۇق جىسىملارغا يۆتكىلىشى داۋام قىلماقتا. بىر كۈنى كېلىدۇكى، ھەممە جىسىمنىڭ قىززىقلىقى (ئىنىرگىيىسى) باراۋەر بولىدۇ. ئۇ ھالدا تەبىئىي ۋە خېمىيىۋى ئەمەلىيەتلەر توختاپ قالىدۇ. ھايات تۈگەيدۇ. بۇ ئالەمنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ. يەنە بىر دەلىل شۇكى، ھەر بىر ئالەمنىڭ پارچىلىرى، تارماقلىرى بار. ھەر بىر ئالەم پارچىلىرىنىڭ يوقۇلۇپ تۇرغانلىقىنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرىمىز. دېمەك، ئىنساندىن ئىبارەت ئالەم ۋە ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئالەملىرىنىڭ پارچىلىرى كۆز ئالدىمىزدا يوقۇلۇپ تۇرىدۇ. ئاڭلاپ كۆرۈپ تۇرىمىز. ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر كەسكىن ھالدا بۇ ئالەمنىڭ پارچىلىرىدۇر. شۇنىڭدەك دۇنيادا يەر تەۋرەش بولۇپ شەھەرلەر، يۇرتلارنىڭ بەلگۈلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئالەم پارچىلىرىدىكى مۇشۇ يوقۇلۇش ئەمەلىيىتى پۈتۈن ئالەمنىڭ يوقىلىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. چۈنكى پارچىسىنىڭ يوقۇلىشى

مۇمكىن بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسى يوقۇلىشىمۇ مۇمكىن.
شۇنىڭغا ئاساسەن ئاخىرقى كۈننىڭ كېلىشى مۇمكىن ۋە ئۇنىڭ خەۋەرلىرى كۆتۈپ تۇرۇلغۇچىدۇر. ئۇ كۈن بولسا ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھاياتلىقنىڭ كۈنلىرىدەك بىرەر كۈن كەلمەيدىغان كۈندۇر. ئالەم خاراپ بولغان ۋە يوقالغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھاياتنىڭ كۈنلىرى قايتا كەلمەيدۇ.

## قايتا تىرىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى

قايتا ھاياتقا كېلىش مۇمكىنمۇ؟ نېمىشقا مۇمكىن بولمايدۇ. ھالبۇكى قايتا تىرىلىش ھاياتقا كېلىش مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ئەقىلگە زىت كېلىدىغان ھېچ بىر ئىش يوق. ئەمەلگە ئېشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقىلگە زىت كەلمەيدىغان نەرسىلەر ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن نەرسىلەردۇر.
بۇ دۇنيا ھاياتى يوقالغاندىن كېيىن بۇ ھاياتتىن ئەۋزەلراق يەنە بىر ھاياتلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقىلغا زىت كېلەمدۇ؟ ياق، ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولسا مەخلۇقلارنىڭ ئاۋۋالقى ھاياتىغا يۈز بەرگەن يوقۇلىشىدىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ۋە يوللۇقتۇر.
ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى ماھالمۇ ئەمەس، ۋاجىبمۇ ئەمەس بولسا، يەنى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس نەرسە بولسا، بىر نەرسىنىڭ پەيدا قىلغۇچىسىز ئۆزىچە پەيدا بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئەقىلگە زىت كېلىدىغان نەرسىدۇر. ئۇ ھالدا ئۆلگەنلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى مۇمكىن ۋە جائىزدۇر. يۇقىرىقى ئەقلىي قىياس بىلەن ۋە ئەمەلىي ھۆججەت بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش مۇمكىنلىكى ئىسپاتلاندى.

## قايتا تىرىلىشنىڭ دەلىللىرى

قۇرئان كەرىم ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ راستلىقىنى ۋە ئىككىنچى ھاياتنىڭ دەلىلىرىنى ئىسپاتلاشتا ئەقىلى دەلىل كەلتۈرۈش يولىنى ماڭدى. ئۇ دەلىللەر بەك رۇشەن ئاساستۇر.
1. بىر نەرسە ئەسلىدە بولمىسا، كىيىن بار قىلىنسا ۋە يوقۇتۇلسا، ئۇنى قايتا بار قىلىش دەسلەپتە بار قىلغان ئاندىن يوقاتقان كىشىگە بۇرۇنقىدىنمۇ ئاسان ۋە يەڭگىلدۇر.
2. ئىنسانىنىڭ، ھايۋاننىڭ ئۇخلىشى، ئويغۇنۇشنى دەلىل قىلىش ئۇسۇلى، چۈنكى ئۇيقۇ كىچىك ئۆلۈم ھىسابلىنىدۇ. ئويغۇنۇش ئەمەلىيتى ھاسىل بولغاندەك ئۆلۈش تىرلىش ھاسىل بولىدۇ .بۇ دەلىل الله تائالانىڭ سۈرە ئەنئام 60-ئايەتتىكى : «الله سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزىدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغۇتىدۇ، ئاندىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.» دېگەن سۆزىدۇر.
3. قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن قۇرۇپ كېتىپ ئۆسۈملۈكلەر ھاياتى پۈتۈنلەي يوقالغان ئاندىن يامغۇر يېغىش بىلەن ياكى ئېقىن سۇدا سۇغۇرۇش بىلەن تىرىلىپ گۈللەنگەن زېمىننى دەلىل

قىلىپ  الله تائالا سۈرە فۇسسىلەتتە: «(بۇمۇ) اللهنىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىندۇركى، سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرغان ۋاقتىمىزدا، زېمىن كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كۆپۈشىدۇ، شۈبھىسىزكى، زېمىننى تىرىلدۈرگەن زات ئۆلۈكلەرنى ئەلۋەتتە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» دېدى. (39-ئايەت) يەنە  الله تائالا سۈرە ھەجدە: «بۇ (يەنى اللهتائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يوقىرىقىدەك يارىتىشى) اللهنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىغىنى قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) اللهنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.» دېدى. (6-، 7- ئايەتلەر)

4. الله تائالانىڭ ئادەمنى تۇپراقتىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى ئابى مەنىدىن يارىتىشقا يېتەرلىك بولغان قۇدرىتىنى ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈپ قوپۇرۇشقا يېتىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا دەلىل قىلدى. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە ھەجدە: « ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار) بىز سىلەرگە (اللهنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابىمەنىدىن ئاندىن لەختە قاندىن ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا- ئاستا كۈچ- قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز) سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر بەزىلىرىڭلار (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر (اللهتائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. >>دېدى.(5-ئايەت)

5. الله تائالانىڭ پۈتۈن ئالەمنى يارىتىشقا قۇدرىتى يەتكەنلىكىنى خالايىقلار ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىغا دەلىل قىلىدۇ. الله تائالا سۈرە غافىردا :« ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىش ئەلۋەتتە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن كۆپ قىيىندۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى (بۇنى) ئۇقمايدۇ.» دېدى. (57- ئايەت)

يەنە الله  تائالا سۈرە ياسىندا: «چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دېگۈچىگە رەددىيە قىلىپ: « ئېيتقىنكى 〈ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ ئۇ ھەر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر〉.» دېدى. (79- ئايەت)

بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئىنسانلار ياخشى ـ يامان، تۈززۈك - بۇزۇق، ھەر خىل يولدا مىڭىش بىلەن بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقىنى ۋە بۇ دۇنيادا ئۇ ئىشلىرىغا تولۇق مۇكاپات ياكى جازابىرىلمەي ئۆلۈپ كىتىشىنى يەنە بىر ھاياتلىقنىڭ  بارلىقىغا كىلىشىگە ۋە ئۇ ھاياتتا ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشلىرىغا تىگىشلىك ئەجرى مۇكاپات ياكى جازا بېرلىشى لازىملىقىغا دەلىل قىلدى. الله تائالا سۈرە ئال ئىمراندا :«ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى، دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان

نەرسە بولۇپ ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ).» دېدى. (185- ئايەت)

يەنە الله تائالا سۈرە يۇنۇستا: « (قىيامەت كۈنى) ھەممىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر اللەنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر شۈبھىسىزكى مەخلۇقاتنى دەسلەپتە الله ياراتقان (ئۇلارنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن قىيامەت كۈنى) ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قايتا تىرىلدۈرۈدۇ كافىرلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن (دوزاختىكى) ئىچىملىكى قاتتىق قايناقان سۇ بولىدۇ ھەمدە ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» دېدى. (4-ئايەت)

يەنە الله تائالا سۈرە لەيلىدە: « سىلەرنىڭ ئەمەللىڭلار شەك- شۈبھىسىز خىلمۇ- خىلدۇر. (پۇل- مېلىنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان تەقۋادارلىق قىلغان (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ، (الله نىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. ئۇ (دوزاخقا) تاشلانغان چاغدا ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.» دېدى. (4- ئايەتتىن 11- ئايەتكىچە)

7.دىن ئىسلامدىكى ئىنسانلارغا قويۇلغان شەرئى (قانۇنى) تەكلىپلەرنى يەنە بىر ھاياتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە بۇ ھاياتتا تەكلىپلەرنى ئادا قىماي تاشلىغانلارغا جازا بېرىلىشىگە دەلىل قىلدى. چۈنكى بۇ دۇنيادا تەكلىپلەرگە تولۇق چارە قىلىنمايدۇ. الله تائالا سۈرە مۆئمىنۇندا :« ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك، بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى) ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟» دېدى. (36-ئايەت)

## يەنە باشقا دەلىللەر

1.ھەر بىر ئەسىر ۋە ھەر بىر زاماندىكى ھەر بىر مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتسىز پۈتۈن ئىنسانلار يەنە بىر ھايات بارلىقىنى، ئۇ ھاياتتا ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ، تۈزۈك - بۇزۇق سۆزھەركىتىنىڭ مۇكاپات ياكى جازاسىغا ئۇچرۇشدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. بۇ ئىككىنچى ھاياتنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ ئىككىنچى ھايات ئەمەلىيەتتە بولماس بولسا ئىدى، ئۇنداقتا بۇنداق ھېسسىيات پۈتۈن ئىنسان شەخسلىرىگە ئومۇملىشىپ كېتىشى مۇمكىن بولمايتتى ۋە ئۇ ئەمەلىيەتتە بار بولماتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەسىرى بولمايتتى. بۇ ھېسسىيات خۇددى ئادەمنىڭ تاماققا ھاجىتى بارلىقىنى، سۇغا ھاجىتى بارلىقىنى ھېس قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەگەر تاماق، سۇ ئەمەلىيەتتە بولمىسا ئىدى، ئىنسان ئۇنىڭغا ھاجىتى بارلىقىنى ھىس قىلمايتتى.

2. ئىنسانلارنىڭ بۇگۈنكى كۈندە روھلار بىلەن سۆلەشكەنلىكى، روھلارنى كۆرگىنى بۇ ماددىي ھاياتتىن كېيىن روھانى ۋە جىسمانىي ھايات بارلىقىغا دەلىلدۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي ھاياتى داۋامىدا ھەرخىل چۈشلەرنى كۆرۈپ تۇرىشى. ئادەملەر چۈش كۆرمەيدىغان بىرەر زامان يوقلىقى، ئادەملەر چۈشىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى كۆرۈشى، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشى، سۇئال سورىشى، چۈشىدە كۆرگەن ئۆلۈكلەر غايىب ئىشلاردىن خەۋەر بىرىشى، ئۇ خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە راست چىقىشى، ئىككىنچى

ھاياتىنىڭ بارلىقىغا قەتئىي دەلىلدۇر.

## ئاخىرقى دەلىل

ئۆلگەنلەرنىڭ تىرىلىشى، ياخشى ـ يامان، ئىشلىرىغا چارە قىلىنىشى. ئاخىرقى مەڭگۈ ھاياتنا ياشىشىغا ئەڭ ئاخىرقى چوڭ دەلىل الله تائالانىڭ ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنىڭ خەۋەرلىرىدۇر.

الله تائالاغا، اللهتائالانىڭ پەرىشتىللىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنگەن كىشى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ قوپۇدىغان كۈنگە ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ھېساب ۋە چارىگە گۇمانلىنىشقا ۋە ئۇ توغرىدا تالاش ـ تارتىش قىلىشقا سەۋەب تاپالمايدۇ. چۈنكى الله تائالانىڭ خەۋەرلىرى ھەممىسى ھەق ۋە راستت. سەۋەب: الله تائالا بىر قانچە مىڭ تۈرلۈك ئىشلاردىن خەۋەر قىلدى. ئەمەلىيەت خەۋەر قىلغاندەك چىقتى. شۇنىڭدەك الله تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ بىر قانچە مىڭ خەۋەرنى قىلدى. بىرسىمۇ ئەمەلىيەتكە خىلاپ چىقمىدى. ئۇنداق بولسا الله تائالا ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى ھاياتنىڭ چوقۇم مۇقەررەرلىكى توغرىسىدىن ۋە ئۇ كۈندە بولىدىغان ئۆلۈكلەر تىرىلىشى، ھېساب ئېلىنىش، چارە قىلىنىش توغرىسىدىن يۈزلەرچە قېتىم خەۋەر قىلىنغان تۇرسا، ئۇ خەۋەرنىڭ راست بولماسلىقى، مۇقەررەر بولماسلىقى ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ھەرگىز سىغمايدۇ. الله تائالا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ خەۋەرلىرى راست ۋە ھەقىقەت، ئەمەلىيەت بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ چوقۇم يوقۇلىشى، ئىككىنچى قېتىم كامىل ھايات قايتىپ كېلىشى، ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن ۋە شەرىئەت بۇيرىغان ياخشى ئىشلارنى قىلغان ياخشى بەندىلەرگە نېمەت بېرىلىدىغان، الله تائالانى ئىنكار قىلىشقان ياكى مەخلۇقنى اللهغا شېرىك قىلغان ۋە يامان قىلىقلارنى قىلغان ناچار بەندىلەر ئوت ئازابى بىلەن جازالىنىدىغان ئادىل بىر ھاياتنىڭ كېلىشى بولسا الله تائالا خەۋەر قىلغان كىتابلىرىدا مۇقەررەر قىلغان ۋە ھەممە پەيغەمبەرلىرى تىلى بىلەن كەڭ خەۋەر قىلىنغان ئىشلاردۇر. بۇ خەۋەرگە شەك كەلتۈرۈش ئەقلىي كېسەللىك، شەخسىي چۈشكۈنلۈكتۇر. الله تائالا مۇنداق شەكتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

## ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ ھېكمىتى (سىرى ۋە سەۋەبى)

خالايىقلارنى ئۆلۈپ يوقالغاندىن كېيىن قايتىدىن ئاۋۋالقىدەك تىرىلدۈرۈپ قوپۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككىنچى ھاياتلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى، بەندىچىلىك ۋەزىپىللىرىگە تەكلىپ قىلىنغان ئىنسانلارنى دۇنيادىكى چاغدا ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئىشلىرىغا چارە كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى بۇ دۇنيا ئەمەل قىلىش ئورنى، ئاخىرەت بولسا ئەجرى ساۋاب ئېلىش ياكى جازالىنىش ئورنىدۇر. الله تائالا سۈرە ئال ئىمران 185ـ ئايەتتە : «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى، دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ).» دېدى.

ئىنسانلار بۇ دۇنيا رىزىق، ئەجەل، ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتە، بەختىلىك ۋە بەختسىزلىك جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن چوڭ پەرقلىق ياشايدۇ. دىمەك، ئىنسانلاردىن زالىم، زوراۋان بار. زۇلۇم قىلىنغۇچى، دەپسەندە قىلىنغۇچى بار. تېنى ساق، ئەيىپسىزلىرى بار ، كېسەل ئەيىپلىكلىرى بار. بايلىرى بار، پىقىر جاپاكەشلىرى بار. ھۆرمەتلىك غالىپلىرى بار، خارلىرى بار. ياخشىلىق قىلغانلار بار، ئوساللىق قىلغۇچىلار بار. بۇلاردىن باشقىمۇ پەرىقلەر، ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت.

ئەگەر ئىنسانلار، ئەجىلى توشقاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنچە قايتا تىرىلدۈرۈلمىسە، ھەق بىلەن ناھەق سوراق قىلىنىپ تېگىشلىك چارە قىلىنمىسا، بۇ ئىش ھېكمەتتە (پەلسەپىگە) زىت، ئادالەتكە، رەھىم شەپقەتكە خىلاپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ۋە ھەر كىمگە تېگىشلىك چارە قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى، توختام قىلدى. بۇ ئىككى ئىش چوقۇم بولىشى كېرەك. الله تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئىككى ئىشنىڭ چۇقۇملىقىنى قەسەم بىلەن تەكىتلەپ بايان قىلىشقا بۇيرۇدى. سۈرە تەغابۇن 7ـ ئايەتتە : «كافىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى. ئېيتقىنكى: 〈ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرىسىلەر ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بىرىلىدۇ بۇ اللهغا ئاساندۇر〉.» دىدى.

يەنە الله تائالا سۈرە نەھلىدە: «ئۇلار: 〈الله ئۆلۈكنى تىرىلدۈرمەيدۇ〉دەپ قاتتىق قەسەم ئىچىشتى، ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ)، الله ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (اللهنىڭ قۇدرىتىنى) بىلمەيدۇ (شۇڭلاشقا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ). الله ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ھەق بىلەن ناھەقنى ئۇلارغا ئايرىپ بېرىش ۋە كافىرلارغا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن (ئۇلارنى قايتىدىن تىرىلدۈرىدۇ). بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق ئۇنىڭغا:〈ۋۇجۇتقا كەل〉دەيمىزـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.» دىدى. (38ـ ئايەتتىن 40ـ ئايەتكىچە)

## كېيىنكى كۈنگە ئىشىنىشنىڭ لازىملىقى

كېيىنكى كۈنگە ئىشىنىش بولسا، بۇ ئالەمدە بولىدىغان چوڭ ئۆزگىرىشنى ۋە بۇ ھاياتنىڭ تولۇق يوقۇلىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتىن ئىبارەت يەنە بىر ھايات باشلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرەتتە يۈز بىرىدىغان ئۆلۈكلەرنى تېرىلدۈرۈش، قىيامەت مەيدانىغا توپلاش، ھېساب ئىلىش، چارە قىلىش ئىشلىرىنى چوقۇم راست، دەپ ئەقىدە قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ ئىمان ۋاجىپ بولۇپلا قالماستىن، مۆمىن ئادەمنىڭ ئەقىدىسى بارلىققا كېلىدىغان ئالتە ئاساسنىڭ بىرسىدۇر. مۆمىنگە بۇنىڭسىز ئەقىدىسى پۈتۈنلەنمەيدۇ. بۇنىڭسىز ئەقىدە توغرا بولمايدۇ. الله تائالا سۈرە بەقەرە 177ـ ئايەتتە: «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى اللهغا ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، اللهنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى ـ سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە (اللهنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى

ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقۇرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.» دېدى.

بۇ ئېتىقاداتنىڭ ئادەم ھاياتىغا بەك مۇھىم ۋە ھەر شەخسنىڭ ھەر جەھەتتە تۈز، توغرا ھەركەتلىنىشىگە، ياخشىلىنىشقا چوڭ تەسىرى بولغىنى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم بۇ ئەقىدىگە الله تائالاغا ئىشىنىش ئەقىدىگە بەرگەن ئەھمىيەتتىن كەم بولمايدىغان ئەھمىيەتنى بەردى. الله تائالا بۇ ئاخىرەت كۈنى ئەقىدىسىنى قۇرئاندا ئونلارچە سۈرىدە، يۈزلەرچە ئايەتتە سۆزلىدى. بەزى يەردە قىيامەت كۈنىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلدى. مەسىلەن : الله تائالا سۈرە ھاققەدە مۇنداق دىدى : «بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا، زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ، (بىر- بىرىگە) ئورۇلۇپ، (ئۇۋۇلىپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ، بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ كۈندە سىلەر (اللهغا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر. نامە- ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خوشاللىقتىن): ‹بۇ مېنىڭ نامە- ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بۇلىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم› دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغانمۇ، ئولتۇرغانمۇ، ياتقانمۇ، قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ. (ئۇلارغا) ‹ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) يەخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن خۇشال- خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار› دېيىلىدۇ. نامە- ئەمالى سول قۇلىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى: ‹ماڭا نامە- ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ!. ھىسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم›.دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! مېنىڭ مال- مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى. (الله دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: ‹ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى دوزاخقا تاشلاڭلار ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار›.(ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللهغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇيەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرىۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر . ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كافىرلارلا) يەيدۇ.» دېدى.(13-ئايەتتىن 37-ئايەتكىچە)

يەنە بىر قېتىم الله تائالا قىيامەتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ۋە چوقۇم كېلىشىنى تەكىتلەپ ئېيتىدۇ. مەسىلەن: سۈرە ھەج 6-ئايەتتە: «بۇ (يەنى اللهتائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىقىدەك يارىتىشى) اللهنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا قىيامەتنىڭ شەكسىز بولىدىغانلىغىنى قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەرنىڭ (ئۆلۈك زېمىننى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈش بىلەن تىرىلدۈرگەندەك) اللهنىڭ تىرىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.» دېدى.

يەنە الله تائالا سۈرە تەغابۇن 7- ئايەتتە: «كافىرلار ھەرگىز تىرىلدۈرۈلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى ئېيتقىنكى: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرىسىلەر ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بىرىلىدۇ بۇ اللهغا ئاساندۇر» . » دېدى.

يەنە بىر قېتىمدا الله تائالا ئىنساننىڭ توغرا، تۈزۈك بولىشىنى ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشكە باغلاپ سۈرە ئەھزابتا مۇنداق دېدى: «سىلەرگە ــ اللهنى ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللهنى

كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» (21ـ ئايەت)

يەنە بىر قىتىم الله تائالا ئاخىرەت كۈنىگە چوقۇم ئىشەنگەنلەرنىڭ توغرا يول تاپقانلىقىنى ۋە مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ سۈرە بەقەرە 4ـ ئايەتتە مۇنداق دىگەن :«ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»

ئاخىرەتكە بولغان ئېتىقادنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنى توغرا، گۈزەل ۋە ياخشىلىق بىلەن هايات كەچۈرۈشنىڭ ئۇل ئاساسى قىلىدىغان دەلىللارنىڭ بىرسى ئاخىرەت ئېتىقادنى الله تائالا ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كەلتۈرگەن. الله تائالا سۈرە بەقەردە مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەر يەھۇدىيلار ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە يۈلتۈزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن اللهغا ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ يوقتۇر.» (62ـئايەت). يەنە الله تائالا سۈرە تەلاقتا: «بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ هۆكۈم بىلەن) اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز- نەسىھەت قىلىنىدۇ. كىمكى اللهدىن قورقىدىكەن الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ.»دېدى. (2ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

يەنە الله تائالا سۈرە نىسا 38ـئايەتتە: «ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ ئۇلار اللهغا ئىشەنمەيدۇ ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى هەمراھ قىلىدىكەن (ئۇ شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ)، شەيتان نېمىدېگەن يامان هەمراھ!»دېدى .يەنە الله تائالا: «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ هەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، اللهنىڭ دىنىنىڭ (ئەهكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەهىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا، مۇئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى هازىر بولسۇن.» دېدى (سۈرە نۇر 2ـئايەت)

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىمان ئاساسلىرىدىن بۇ ئىككىگە (اللهغا ۋە قىيامەتكە) ئىشىنىشكە شۇقەدەر ئەهمىيەت بېرىشى شۇنى كۆرسىتىدۇركى، بۇ ئىككى ئەقىدە روهىي هاياتنىڭ مەنبەسىدۇر. ئىنساننىڭ بۇ هاياتتا تۈز ۋە توغرا بولىشى بۇ ئىككى ئەقىدىگە باغلىقتۇر. بۇ ئىككىسى بولمىغان ئىمان ئېتىبارسىز، بۇ ئىككىسى بولمىسا، پۈتۈن ياخشىلىق يوقىلىدۇ. بۇ ئىككىگە ئىمانى بولمىغان ئادەم ئۆزىدىكى ياخشىلىقنىڭ ۋە پەزىلەتنىڭ ماددىلىرىنى يوقىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئوسال ۋە ناچارراقى بولۇپ قالىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش هەممە ئەقىدىنىڭ بېشىدۇر. هەممە ئىماننىڭ ئۇلىدۇر. ئىنساننىڭ توغرا، تۈزۈك بولۇشى ئۇنىڭغا باغلىق. ئىنسان ئەخلاقى ياخشى بولۇشى، روهى پاك بولۇشى بۇ ئەقىدىگە باغلىقتۇر. بۇ ئەقىدىسى بولمىغان ئادەم ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ياخشىلىقى يوق بىر مەخلۇقتۇر. ئۇنىڭ هەممە ئىشى ياماندۇر. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇنمايدۇ. ئۇنىڭ قېشىدا كۆڭۈل خۇش بولمايدۇ. مۇنداق بولۇشى ئۇنىڭدا ياخشىلىقنىڭ ئۈلى، پەزىلەتنىڭ، ئىنسانى كامىللىقنىڭ بۇلىقى بولمىغانلىقىدىندۇر.

## ئالەمنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى ياكى قىيامەتنىڭ شەرتلىرى

ئادەمدەك ياكى ھايۋاندەك جانلىق مەخلۇقلارنىڭمۇ، دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەردەك ئۆسكۈچى نەرسىلەرنىڭمۇ ئەجىلى توشقانلىقى، يوقۇلۇشى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئوچۇق ئالامەتلىرى بولىدۇ. دېمەك، ئادەم قېرىيدۇ، كۈچىدىن قالىدۇ، كېسەل بولىدۇ، ئاجىزلىشىدۇ. بۇلار ئادەمنىڭ ئەجىلى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ، ئۆلۈش ۋاقتى كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ.

ھايۋانمۇ تولا ۋاقتىدا ئادەمدەك ئاجىزلىشىدۇ. كېسەل بولىدۇ، كۈچى قالمايدۇ، بەدىنى بوشايدۇ، ئاخىرى ئۆلىدۇ. زىرائەتلەرمۇ، دەرەخلەرمۇ سارغىيىدۇ قۇرۇيدۇ، چېچىلىپ توزىيدۇ، تۆكۈلىدۇ.

بۇلارمۇ ئالەمنىڭ پارچىلىرى، بۇلار ھالاك بولۇشىدىن بۇرۇن ھالاكەت ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدۈردىغان ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك پۈتۈن ئالەم ئاسمان ۋە زېمىننىڭمۇ خاراب بولۇش، ۋەيران بولۇش، يوقۇلۇش ۋاقتى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ. الله تائالادىن كەلگەن ۋەھى بۇ ئالامەتلەرنى سۆزلىدى. پەيغەمبەرلەرنى ئاگاھلاندۇردى، ئېھتىيات قىلدۇرۇش ۋە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇ ئالامەتلەرگە كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى قاراتتى. قۇرئان كەرىمدە سۈرە مۇھەممەد 18ـ ئايەتتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ شۈبھىسىزكى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى ئۇلارغا قىيامەت كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ ۋەز- نەسىھەت ئالىدۇ (يەنى بۇ چاغدا ۋەز- نەسىھەت ئالغانلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ).»

ۋەھىي كۆرسەتكەن ئالامەتلەرنىڭ بىرسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشىمۇ قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولىشى بىلەن الله تائالا پەيغەمبەر كېلىشىنى تۈگەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، بۇ بولسا ھاياتنىڭ تۈگىشى يېقىنلاشقانلىقىنى، مۇندىن كېيىنكى زامان قىسقا بولغاچقا يەنە باشقا پەيغەمبەرلەر تەيىنلەپ شەرئەتنى يېڭىلاشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشتۇر. سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلايھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن ۋە قىيامەت مۇشۇ ئىككى بارماقتەك يېقىن بولغان ھالدا پەيغەمبەر قىلىندىم» دېدى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشارەت قىلدى.

ئاينىڭ ئىككى پارە بولىشىمۇ قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتىدىندۇر. چۈنكى الله تائالا ئاينىڭ يېرىلىشىنى قىيامەتنى يېقىنلاشقىنىنى خەۋەر قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ سۈرە قەمەردە مۇنداق دېدى: «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ. ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلدى، نەفسى- خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشىلىقتىن يا يامانلىقتىن بولسۇن) ھەر ئىش (شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى جەننەتكە يا دوزاخكە) ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر.» (1ـئايەتتىن 3ـ ئايەتكىچە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئاي ئەمەلىيەتتە يېرىلدى. قۇرەيش كاپىرلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولۇش ئۈچۈن ئاينى ئىككى پارە قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللا اللهغا دۇئا قىلدى. الله ئىجابەت قىلىپ ئەبۇقۇبەيس تاغ ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاي ئىككى پۇچۇق بولۇپ ئايرىلدى. مەككە ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كۆردى. ( مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ ھەدىستۇر)

بۇ ھەقىقەتنى تىخىمۇ رۇشەنلەشتۈرۈپ ئېيتىمىزكى: الله تائالا ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا ۋە

ئاخىرەتتە ئۇلار ئۇچۇن ياراتقان كامىللىققا لايىقلاشتۇرۇش، بۇزۇلغان تەرەپلەرنى تۈزۈش، توغرا يولغا باشلاش ئۇچۇن داۋاملىق پەيغەمبەرلەرنى چىقىرىپ كەلگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىش بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلتۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى (قانۇنى يولى) بىلەن بۇرۇنقى پۈتۈن شەرىئەتنى تولۇقلىدى. رەسۇلۇللانى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بۇ ئىشلار دۇنيانىڭ قېرىپقالغان ئۆمرى قىسقا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى ۋە ئەڭ كېيىنكى ئەلچىلىك دىنىي ئىسلام دۇنيانى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا يولغا باشلاشقا يېتەرلىك بولۇپ، بۇ شەرىئەت بىلەن ئىنسانلار يېڭى ۋەھىگە مۇھتاج بولمايدىغانلىقىنى، باشقا شەرىئەتلەر مۇھتاج بولغاندەك ئىسلام شەرىئىتى ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان يېڭى قانۇن، يېڭى ھۆكۈملەرگە مۇھتاج بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىش قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ۋە دۇنيا ھاياتى تۈگىشى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولدى.

دۇنيادا ئادەتتىن تاشقىرى يۈز بېرىدىغان ۋە قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرسى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشۈپ زېمىندا بىر مەزگىل ئادىل ھاكىم بولۇپ تۇرىشى بولۇپ، بۇ ۋەقە قۇرئاندا كۆرسىتىلدى. الله تائالا سۈرە زۇخرۇفدا: «(قۇرئاندا) مەريەمنىڭ ئوغلى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالام) مىسال كەلتۈرۈلسە، ناگاھان سېنىڭ قەۋمىڭ (خۇشاللىقتىن) سۈرەن سېلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار: 〈بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىز ياخشىمۇ ياكى ئىسامۇ؟〉 دېدى. ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى، بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر. ئۇ (يەنى ئىسا) (ناسارالار گۇمان قىلغاندەك ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى ئەمەس) پەقەت پەيغەمبەرلىك نېئمىتىمىزگە ئېرىشكەن بىر بەندىدۇر، ئۇنى بىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا (اللهنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) بىر دەلىل قىلدۇق. ئەگەر بىز خالىساق، ئەلۋەتتە سىلەرگە زېمىندا ئورۇنباسار بولىدىغان پەرىشتىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەتتۇق. ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار، (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) 〈ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر〉.» (57- ئايەتتىن 61- ئايەتكىچە)

دۇنيادا يۈزبېرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىڭ يەنە بىرى ئاجايىپ بىر جانلىق مەخلۇق پەيدا بولۇپ، خالايىقلارغا سۆزلەيدۇ، خالايىقلار ھەيران قالىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە نەملدە : «ئۇ كاپىرلارغا ئالدىن سۆزلىگەن سۆزىمىز ئەمەلگە ئاشقاندا يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۇرلۇك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى ، ئۇ ھايۋان ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ» (82- ئايەت)

ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلاردىن يەنە بىرى: يەجۇج، مەجۇج سېپىلىنىڭ ئېچىلىشى ۋە شۇ جاھاننى بۇزۇپ ۋەيران قىلىدىغان بىر گورۇھ مەخلۇقنىڭ چىقىشى، خالايىقنى قاتتىق قورقۇتۇشىدۇر. سۈرە ئەنبىيادا الله تائالا :«يەجۇج- مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ. راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كافىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ، (ئۇلار) 〈ۋاي ئىست! بۇنىڭدىن بىز غەپلەتتە قېلىپتۇق، بەلكى بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلىپتۇق〉 (دېيىشىدۇ).» دېدى. ( 96-، 97- ئايەت)

قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ قۇرئاندا كۆرسەتىلگەنلىرى يۇقۇرقىلار، ئەمما ھەدىستە (ھەدىسمۇ الله تائالانىڭ ۋەھيىسىدۇر) ئىمامى مۇسلىم ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيدەل غىفارى (الله تائالا

ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن)دىن نەقىل قىلىدى. ئۇ كىشى مۇنداق دېدى: «بىز ئەسھابىلار پاراڭلىشىپ تۇرغاندا رەسۇلۇللا قىشىمىزغا چىقىپ، نېمە توغرىلىق سۆزلىشىۋاتىسىلەر، دېدى. ئەسھابىلار قىيامەت كۈنىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىمىز» دېدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام سىلەر ئون تۇرلۇك ئالامەتنى كۆرمەي تۇرۇپ قىيامەت بولمايدۇ، دېدى ۋە قىيامەتنىڭ ئالدىدا يۈز بېرىدىغان تۈتۈن، دەججال، ئاجايىپ ھايۋان، قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشى ۋە مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى، يەئجۇج ـ مەجۇج ، ئۈچ قېتىم يەر يۈتۈشى ( شەرقتە بىر، غەربتە بىر، ئەرەب زېمىنىدا بىر قېتىم يەر يۈتۈشى)، ئەڭ ئاخىرىدا يەمەندىن بىر ئوت چىقىپ، خالايىقلارنى بىر مەيدانغا يىغىشىنى سۆزلەپ بەردى.» ( سەھىھۇل مۇسلىم 179ـبەت)

يۇقىرقىلار قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن ئىلگىرى كۆپلىگەن كىچىك ئالامەتلەر بار، بۇ كىچىك ئالامەتلەردىن خەۋەر بېرىلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە خېلى كۆپلىرى مەيدانغا كېلىپ ئۆتتى. ئۇلارنى ئوتتۇرىدا قويۇشتىن بۇرۇن شۇنى خەۋەر قىلىمىزكى، چوڭ ئالامەتلىرى مەيدانغا كەلگىلى باشلىغاندا يىپى ئۈزۈلگەن تەسۋىنىڭ مارجىنىدەك ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ، قىسقا مۇددەتتە ھەممىسى يۈز بېرىدۇ. چوڭ ئالامەتلەرنىڭ ئاۋۋالقىسى كۈنىنىڭ غەربتىن چىقىشىدۇر. ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئاۋۋالقىسى كۈنىنىڭ غەربتىن چىقىشى ۋە ئاجايىپ ھايۋاننىڭ ئاش ۋاقتىدا خالايىقلارغا كۆرۈنىشى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بۇرۇن بولسا، يەنە بىرى ئارقىسىدىنلا بولىدۇ» دېدى.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، چوڭ ئالامەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىغاندا تەۋبىنىڭ دەرۋازىسى تاقىلىدۇ. بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان، بىرەر ئالامەتتىن كېيىن ئېيتقان ئىمان مەقبۇل بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇرۇن ياخشى ئىش قىلمىغان ئادەمدىن ئالامەتنى كۆرگەندىن كېيىن قىلغان ياخشى ئىشى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە ئەنئامدا: «ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە، ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. 〈 (سىلەر ئۆزەڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز〉 دېگىن.» (158ـ ئايەت)

تۆۋەندىكى كىچىك ئالامەتلەرنىڭ تىزىمى بولۇپ، مۇندىن بۇرۇن ئاشكارە بولغانلىرىمۇ بار تېخى ئاشكارە بولمىغانلىرىمۇ بار.

1. راسىت ئىككى ھەدىس كىتابىدا نەقلى قىلىنىدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام «ئىككى چوڭ جامائە بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ، ھالبۇكى ئىككى تەرەپنىڭ دەۋاسى بىر» دېدى. بۇ ئالامەت رەسۇلۇللا دىگەندەك ئاشكارە بولدى. يەنى ئىككى جامائەتتىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ۋە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مەقسەت قىلىنىدۇ. سۇففە دىگەن يەردە چوڭ سوقۇش بولغان.

2. ئىمامى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ھەرەج دېگەن نېمە؟ ئى رەسۇلۇللا» دىگەن ئىدى. رەسۇلۇللا «ئادەم ئۆلتۈرۈش» دېدى. بۇ ئالامەت ئەمەلىيەتتە بولۇپ ئۆتتى. چۈنكى بۇ زامانلاردا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئون، يۈز، مىڭ ئەمەس ھەتتا يۈز مىڭلارچە ھىسابلىنىدۇ. ھالبۇكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام زامانىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ئىلگىرى ئاخىرى ھەممە ئۇرۇشنىڭ ئۆلگەن ئادىمى ئىككى مىڭ بەش يۈزدىن ئاشمايدۇ. بىر قانچە ئىشەنچىلىك تارىخى ھۆججەتلەر بۇنى كۆرسىتىدۇ.

3. بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرىدىن قىلغان رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: «فورات دەرياسىدىن بىر ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ، خالايىقلار ئۇنى تالىشىپ ئۇرۇشمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ.» (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ ) بۇ ئالامەت تېخى ئاشكارە بولمىدى.

4. سەھىھۇل مۇسلىم رىۋايىتىدە پەيغەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دېدى: «ئىراق ئۆزىنىڭ پۇلىنى ۋە ئاشلىقىنى سىلەردىن توسۇپ قويىدۇ، شۇنىڭدەك شام (سۈرىيە)مۇ ئۆزىنىڭ ئاشلىقى ۋە تىللاسىنى سىلەردىن توسىدۇ، مىسىرمۇ ئۆزىنىڭ تىللاسىنى ۋە چوڭ ئاشلىق كەمچىنى سىلەردىن مەنئىي قىلىدۇ. سىلەر ئاۋۋال ماڭغان ئىزىڭلار بىلەن قايتىسىلەر.» (سەھىھۇل مۇسلىم)

بۇ ئالامەتمۇ تولۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. چۈنكى ئىسلام خەلىپىلىك ھۆكۈمى يوقالغىلى خىلى بولدى. ئىراق، شام، مىسىرلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش بىلەن بۇ مەملىكەتلەردىن ئەرەبىستانغا كىلىدىغان كىرىم توختاپ قالدى. ئەرەبىستاننىڭ ئىشى بۇ مەملىكەتلەر فەتھى قىلىنىشىنىڭ ئالدىدىكى ھالەتكە يېنىپ كەلدى. بۇ ھەدىستە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىگە چوڭ دەلىل بار. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئىسلام تېخى ئەرەبىستاننىڭ سىرتىغا كېڭەيمىگەن چاغدا، كەلگۈسىدە ئىراق، سۈرىيە، مىسىرلار مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتىدىغانلىقى ۋە بۇيەرلەردىن ئەرەبىستانغا نۇرغۇن ئىقتىسادىي كىرىملەر كىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن كىيىن بۇ مەملىكەتلەر ئەرەبىستانغا بىر نەرسە بەرمەيدىغان ھالەتكە كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت غايىب ئەھۋالدىن ئالدىن خەۋەر قىلغان ئەمەلىي ئەھۋال يۈزدە ـ يۈز رەسۇلۇللا خەۋەر قىغاندەك بولدى. بۇ خەۋەرنىڭ بىرەر تەرىپىمۇ خىلاپ بولمىدى، راست ۋە ھەققانىي پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا الله تائالا رەھمەتلەر قىلسۇن! ئۇنى ئىنكار قىلغان، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىن شەرىئەتكە ئەگەشمىگەن ئادەمگە نېمە دېگەن چوڭ زىيان!

5. سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: «ئەرەبىستان زېمىنىدىن بىر ئوت چىقىپ ئۇنىڭ شولىسىدا بۇسرا شەھرىنىڭ تۆگەنلىرىنىڭ گەدەنلىرى يورىمىغىچە قىيامەت بولمايدۇ.» بۇ ئالامەت رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغاندەك ئەمەلدە كۆرۈلدى. 654ـ يىلى جامادىيەل ئاخىر ئېيىنىڭ ئۈچۈنچى كۈنى چارشەنبە كېچىسى مەدىنىنىڭ شەرقىدىكى تاشلىق مەھەلىگە ئوت كىتىپ، ئۈزۈن مۇددەت يالقۇنلاپ كۆيگەن. ئۇنىڭ شولىسى بۇسرا شەھىرىگە كۆرۈنگەن .

6. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «دەۋس قەبىلىسىنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ پەللەكلىرى زول خەلەسە بولسا ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھالىيەت دەۋس قەبىلىسى تەبالە دېگەن يەردە ئىبادەت قىلىدىغان بۇت ئىدى» دېدى.

بۇ ئالامەت رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام خەۋىرىگە توپ ـ توغرا مەيدانغا چىققان، دېمەك شەيخى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭ تەۋھىدگە چاقىرىشى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئەرەب زېمىنىگە جاھىلىيەتنىڭ شېرىك ئىشلىرى قايتىپ كەلگەن ئىدى. دەرەخلەرگە، تاشلارغا ئىبادەت قىلىنغان (يەنى ئۇلۇغ دەرەخ، پالانى ۋەلىنىڭ قەدەم جايى، بۇ يەردە تەلەپ ھاسىل بولىدۇ، دەپ دەرەخنى، تاشنى ئۇلۇغلاپ، كېسەلگە شىپا، ھاجەتكە راۋا ئۈمىد قىلىدىغان، الله تائالادىن تىلەيدىغاننى بۇلاردىن ئۈمىد قىلىدىغان شېرىك ئەمەللەر پەيدا بولغان ئىدى. خۇسۇسەن ئاياللاردىن كۆپرەك يۈز بېرەتتى، بۇ شېرىك ئىشلار ئەرەبىستاندىلا ئەمەس، ھەممە ئىسلام يۇرتلىرىدا كېڭەيگەن. دەرەخلەر، تاشلار ئالدىدا مال بوغۇزلىناتتى، چىراغلار ياندۇرىلاتتى. مازارلار، قەبرىلەر، گۈمبەزلەر، سۆمەرلەرگە ئاتاپ نەزىر چىراغ قىلىناتتى. بۇنى شۇنچە كۆپ مۇسۇلمان ئۆلىمالار ئاڭلايتتى، كۆرەتتى.

راست سۆزلىگۈچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ئەمەلىيىتىگە ئۇدۇل چىققان خەۋەردە: «بۇ ئۇممەتتىن شېرىك ئىشلار سادىر بولمايدۇ» دېگەنگە ھۆججەت بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەپتۇ. شەيتان تەۋھىد بايراقلىرى ئەرەب زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدە لەپىلدىگىنىنى ۋە رەسۇلۇللانىڭ تەقۋا ساھابىلىرىنىڭ ئەرەب زېمىنىنىڭ ھەممە ئەتراپىدا «لا اله الا الله، الله اكبر سبحان الله» ئاۋازلىرىنى ياڭراتقىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدى. لېكىن ئەگىشىپ ماڭغان سالىھلار زامانىسىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىنى تېتىپ باقمىغان، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن توغرا يولنى، راستىنى تونۇمىغان ئادەملەرنىڭ زامانىسى كەلگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە ۋە ئىبادەتلىرىگە شېرىك ۋە خاتالىق، ئازغۇنلۇقلار ئارىلاشتى. بۇنىڭ بىلەن شەيتاننىڭ بۇرۇنقى ئۈمىدسىزلىنىشى يوقالدى. ئۈمىدى قايتىپ كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسلىرىدە شېرىك ئەقىدە بارلىقىنى ۋە شېرىك ئىشلار ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھەتتا مۇسۇلمانلاردا تەۋھىدكە نىسبەتەن شېرىك كۆپەيدى. بۇ سۆزىمىزنىڭ ئەمەلدە راستلىقىغا خەلقلەردىكى ئەمەلىيەت دەلىلدۇر ھەم الله تائالا راست ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ تولىسى اللهغا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ.» (سۈرە يۇسۇف106-ئايەت.)

7. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «قەھتان قەبىلىسىدىن بىر ئادەم چىقىپ خالايىقنى تايىقى بىلەن ھەيدىمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.» دېدى. بۇ ئالامەت تېخى ۋۇجۇتقا چىقمىدى.

8. بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بېشىڭلارغا پىتنىلەر (سىياسى ۋەيرانچىلىقلار) كېلىشتىن بۇرۇن ئەمەل قىلىشقا ئالدىراڭلار! پىتنىلەر كەلگەندە ئەتىگەن مۆئمىنلىقتا قوپقان ئادەم كەچتە كاپىر بولىدۇ. كەچتە مۆئمىن ئادەم ئەتىسى ئەتتىگەندە كاپىر بولىدۇ، دىنىنى دۇنيا مەنپەئىتىگە تېگىشىدۇ» دېدى (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

بۇ ئالامەت بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. نۇرغۇن مۇسۇلمانلاردىن بۇ خەۋەرنىڭ مەزمۇنى كۆرۈنگىلى باشلىدى.

## قىيامەت بولۇشقا بەك يېقىن قالغاندا بولىدىغان ئالامەتلەر

تۆۋەندىكىلەر قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان يەنە باشقا ئالامەتلەردۇر. لېكىن بۇلار قىيامەتكە بەك يېقىن، شۇڭا بۇلاردىن ھېچ قايسى تېخى ۋۇجۇتقا چىقمىدى.

1. رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەقنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەشتە داۋام قىلىدۇ. قىيامەتكىچە بۇلار غالىب بولىدۇ.» يەنە مۇنداق دېدى: «ئاندىن مەريەم ئوغلى ئىسا چۈشىدۇ. مەزكۇر ھەق قوشۇنلىرىنىڭ رەھبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا: كېلىپ بىزگە ناماز باشلاپ ئوقۇپ بېرىڭ، دەيدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام: ياق! بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىر بولۇسلەر، بۇ بولسا الله تائالانىڭ بۇ ئۈممەتكە بەرگەن ھۆرمىتى، دەيدۇ» (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

2. بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «بەزى ئادەم سېغىن تۆگىسىنى سېغىپ، سۈتنى ئاغزىغا ئاپىرىپ بولغۇچە ۋە ئىككى ئادەم رەخت سودىسى قىلىشىپ، سودىنى توختام قىلىپ بولغۇچە، بەزى ئادەم كۆلىنىڭ ئىچىنى سېغىزدا سۇۋۇغىلى چۈشۈپ كۆلدىن چىقىپ بولغۇچە قىيامەت بولۇپ كېتىدۇ» دېدى.

3. سەھىھۇل بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللهغا قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام چوقۇم چۈشىدۇ. ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى بولىدۇ، سەلىپنى سىندۇرىدۇ. چوشقىنى ئۆلتۈرىدۇ، جازانىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ياش تۆگىلەرمۇ تاشلىۋېتىلىدۇ. ھېچكىم ئۇنى ئىزدەپ ماڭمايدۇ. ئاداۋەت، ئۆچمەنلەك، ھەسەد قىلىشىشمۇ يوقىلىدۇ. پۇل مال ئېلىڭ دەپ كىشىلەرنى قىچقىرىسىلەر، لېكىن ھېچكىم قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى.

4. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «الله تائالا يەمەن تەرەپتىن يىپەكتىن يۇمشاق بىر شامال ئەۋەتىدۇ. قەلبىدە بىر دانە مىقدارى ئىمانى بار ئادەمنى قويماي جېنىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ» (سەھىھۇل مۇسلىم1-ج 76- ب)

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قىيامەت پەقەت يامان ئوسال ئادەملەر ئۈستىگىلا قايىم بولىدۇ» (سەھىھۇل مۇسلىم ۋە بۇخارى)

## ھەقىقي ئۆزگىرىشنىڭ بېشى

پۈتۈن كائىناتنىڭ پادىشاھى ئۇلۇغ الله تائالا بۇ ئالەمنىڭ يوقۇلىشىنى، بۇ بىرىنچى ھاياتنىڭ تۈگىشىنى ئېلان قىلغاندا ئىسرافىل ئىسىملىك بىر پەرىشتىنى بىر قېتىم سۇر (كاناي) تارتىشقا بۇيرۇيدۇ. سۇرنى بىر تارتىش بىلەن پۈتۈن ئاسمانلار، زېمىنلار قاتتىق تىترەت پارچىلىنىپ، زېمىن، قۇياش، يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئىتتىرىش ۋە تارتىش كۈچىدىن ئىبارەت مۇناسىۋەتلەر بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يەر شارى قورقۇنچلىق قاتتىق تەۋرىگىلى تۇرىدۇ. تاغلار پارچىلىنىپ، پارتىلاپ، ھاۋاغا چېچىلغان توزانغا ئايلىنىدۇ. ئاسمانمۇ چوڭ پارچىلىنىدۇ. ئۆز ـ ئارا تارتىش كۈچى بىكار بولۇپ، يۇلتۇزلار پارچىلىنىپ چېچىلىدۇ. قۇياش تۇتۇق بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ يورۇقلۇقى يوقۇلىدۇ. ھەممىسى ئۆز ۋۇجۇدىنى يوقۇتىدۇ. ئاسمان جىسىملىرى بارلىق سامان يولى سېستىمىلىرى بىلەن ئېرىتىلگەن تۈچەك ئېرىپ كېتىپ، ئالەم ھەممىسى قويۇق گاز بولۇپ الله تائالا بۇلارنى كۆن، ئاي، يۇلتۇز قىلىپ يارىتىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ.

ئاگاھلاندۇرۇش

شۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇمىزكى: ئالەمنىڭ قىيامەت بولۇش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىش خەۋىرى ئالەمگە قارىتا بولغان تەھلىلى كۆز ـ قاراشلار نەتىجىسى ئەمەس، خەلقلەرنىڭ سۆز خەۋەرلىرىدىن نەقىل قىلىنغانمۇ ئەمەس. پەقەت بۇ خەۋەر الله تائالادىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەلبىگە چۈشكەن ۋەھيي بىلەن مۇقىم بولغان جەزمەن راست خەۋەردۇر.

تۆۋەندىكىلەر قىيامەت بولۇش ۋاقتىدىكى ئۆگىرىش ۋە چوڭ ھادىسىلەر ھەققىدە زىكرى قىلىنغان پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ئىگىسى الله تائالانىڭ ئايەتلىرىدۇر.

الله تائالا سۈرە ھەجنىڭ بېشىدا: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەر بىر ھامىلدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئىنسانلارنى مەس كۆرىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەس ئەمەس (دېمەك قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس-ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن)، لېكىن اللهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» دېدى. (1ـ، 2ـ ئايەت)

يەنە الله تائالا سۇرە قارىئەدە: «قىيامەت! قىيامەت نېمىدۇر. قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.» دېدى. (1- ئايەتتىن 5- ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا مەئارىجدا: «بىر تىلىگۈچى (يەنى نەزر ئىبنى هارس) كافىرلارغا چوقۇم بولىدىغان ئازابىنىڭ (چۈشۈشىنى) تىلىدى. ئۇ (ئازاب)نى هېچ ئادەم قايتۇرالمايدۇ. ئۇ (ئازاب) ئاسمان شوتىلىرىنىڭ ئىگىسى الله تەرىپىدىن بولغان. پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) اللهغا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەللىك مىڭ يىل كېلىدۇ. (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ يەتكۈزگەن ئەرزىيەتلىرىگە) چىرايلىقچە سەۋر قىلغىن. ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ. بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز. ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ. تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. (هەر ئادەم ئۆز هالى بىلەن بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن) دوست دوستىدىن كۆرۈپ تۇرۇپ (هال) سورىمايدۇ، گۇناهكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىنداشلىرىنى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم - قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، بۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ياق ئۇ مۇقەررەر دوزاختۇر. (يەنى بۇ گۇناهكار كافىر بۇنداق ئارزۇدىن يانسۇن، پىدا قىلىنىغان هېچقانداق نەرسە ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا دوزاخ يېنىپ تۇرىدۇ). (ئۇ هارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن) باشنىڭ تارىسىنى شىلىۋالىدۇ.››دېدى.(ئالدىنقى 16 ئايەت)

يەنە الله تائالا سۇرە زەلزەلەدە: «زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە، زېمىن (قويىنىدىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر ئوتلار ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا، ئىنسان (يەنى كاپىر) ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): «نېمە بولدى؟» دېگەندە، بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى- يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ.» دېدى. (1- ئايەتتىن 4-ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا: «ئاسمان يېرىلغان چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، دېڭىزلار بىر- بىرىگە قوشۇلغان چاغدا» دېدى. (سۇرە ئىنفىتار ئالدىنقى 3 ئايەت)

يەنە الله تائالا: «كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا، بوغاز تۆگىلەر تاشلىۋېتىلگەن چاغدا، ياۋايى هايۋانلار توپلانغان چاغدا، دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا، جانلار (ئۆز قاياشلىرىغا) قوشۇلغان چاغدا» دېدى. (سۇرە تەكۋىر ئالدىنقى 7 ئايەت)

يەنە الله تائالا: « قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، هېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ. زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ توزاندەك توزۇپ كەتكەن چاغدا، قىيامەت (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ. (بەزىلەرنى دوزاخكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ.» دېدى. (سۇرە ۋاقىئە ئالدىنقى 6 ئايەت)

## بۇ دۇنيا هاياتى تۈگىگەندىن كېيىن ئىككىنچى هاياتنىڭ پەيدا بولۇشى

ئىككىنچى هاياتنى تونۇش، چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە قانداق بارلىققا كېلىشىنى بىلىشكە ئىنسان ئەقلىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. پەقەت ئىنسان ئەقلي ئىككىنچى هاياتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مۇمكىن هېسابلايدۇ. بەلكى بۇ هاياتتىن ئالىيراق بىر هاياتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ ئالەمنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ هاياتنى پەيدا قىلغان، ئۆزى ئىختىيار قىلغىنىنى قىلىدىغان قۇدرەت بۇ ئالەمدىن ئالىيراق، بۇ هاياتتىن ئۈستۈنرەك بىر ئالەم ۋە هاياتنى پەيدا قىلالايدۇ، دەپ تونۇيدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن ئىككىنچى ھاياتنىڭ پەيدا قىلىنىشىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش پەقەت الله تائالا ئۆز كىتابىدا قىلغان خەۋەرگە ۋە الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىزنىڭ ئىككىنچى ھاياتنىڭ قانداق پەيدا قىلىنىشىنى تونۇشىمىزنىڭ يىغىندىسى شۇكى: ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئالەمنىڭ يوقۇلىشىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن سۇر تارتىشى بىلەن بۇ ئالەم ۋەيران بولۇپ يوقالغاندىن كېيىن 40 يىل ئۆتىدۇ. بۇ قىرىق يىلنىڭ ئايلىرى، كۈنلىرى مۇشۇ ھاياتىمىزنىڭ كۈنلىرى، ئايلىرى مىقتارىدىمۇ ياكى قۇياش ئىنتىزامىغا بويسۇنمايدىغان باشقىچە كۈنلەر، ئايلار مىقدارى بىلەنمۇ بىزگە نامەلۇمدۇر. ھەر ھالدا، شۇنچىلىك زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئاسمان تەرەپتىن بىر خىل سۇ چۈشىدۇ. ئاندىن تۇپراق ئاستىدىكى جىسىملار كۆكتات ئۈنگەندەك ئۈنىدۇ. بۇ ئۈنۈش مۇشۇ دۇنيادا ياشىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىنچىكە بېلىدە كىچىك بىر سۆڭەك بار، ئۇ سۆڭەك ئادەم ھاياتىنىڭ ئۇرۇقى ھېسابلىنىدۇ. ئاسماندىن چۈشكەن سۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ يەر ئاستىدا ساقلانغان شۇ ئۇرۇقلۇق سۆڭەك بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن ئادەم بەدىنى قايتىدىن ئۆسۈپ يېتىلىپ تولۇق ئادەم بەدىنى ھالىتىگە كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ھەيكىلى بولغان بەدەنگە ئۆلگەندە چىقىپ كەتكەن جان قايتىپ كىرىدۇ. ئادەم ھەرىكەتلىنىپ قوپۇپ يەردىن چىقىدۇ. ئادەملەر ئۆلگەندە چىقىپ كەتكەن جانلاردىن مۆمىن بولغان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ دۇنيادىن كەتكەن كىشىلەرنىڭ پاك روھلىرى ئۈستۈنكى ئالەمدە ساقلانغان، ئەمما دۇنيادا كاپىر ياكى مۇشرىك كەتكەن، مۇناپىق بولغان، جىنايەت ئىشلەپ ئۆلگەنلەرنىڭ جانلىرى تۆۋەندىكى ئالەمدە ساقلىنىدۇ. مەزكۇر سۇ ئاسماندىن چۈشۈپ ھەر ئادەمنىڭ يەر ئاستىدىكى ئۇرۇقلۇق سۆڭىكى بىلەن ئۇچرىشىش بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ بەدەنلىرى تولۇق ئەسلىگە كەلگەندە، مەزكۇر ئىككى تۈرلۈك جانلار ئەسلىدىكى ئۆز بەدىنىگە قايتىپ كېلىش بىلەن ھەممە ئادەم تىرىلىدۇ. ئاندىن الله تائالا تەرەپتىن بىر چاقىرغۇچى: پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قوپۇپ كېلىڭلار! دەپ ئاۋاز قىلىدۇ. ھەممىسى ئاڭلايدۇ، ھەر ئادەم ئۈستىدىن يەر يېرىلىدۇ. ئۇلار قەبرىدىن چىقىپ قىيامەت مەيدانىغا توپلىنىدۇ. بۇ مەلۇماتلار قۇرئائان ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ راست ھەدىسلىرى سۆزلىگەن مەلۇماتلار بولۇپ، بۇنى ئىنكار قىلىش ياكى شەكلىك قاراشنىڭ ئورنى يوق، بىز بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنى تۆۋەندە كەلتۈرىمىز:

الله تائالا سۇرە ھاققەدە: «بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا, زېمىن ۋە تاغلار (ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ، (بىر- بىرىگە) ئۇرۇلۇپ (ئۇۋۇلىپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش (يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ئەتراپىدا تۇرىدۇ. بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەرشىنى سەككىز پەرىشتە (باشلىرى) ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ كۈندە سىلەر (اللهغا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر. سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر.» دېدى.(13-، 18-ئايەت)

يەنە الله تائالا سۇرە قافتا: «نىدا قىلغۇچى (يەنى ئىسراپىل) يېقىن جايدىن نىدا قىلىدىغان (يەنى ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممىگە ئوخشاش يېتىدىغان) كۈندە (نىداغا) قۇلاق سالغىن. ئۇلار ھەقنى ئېلىپ كېلىدىغان ئاۋازنى (يەنى ئىككىنچى قېتىملىق سۇرنى) ئاڭلىغان كۈن – ئەنە شۇ (كۈن قەبرىلەردىن) چىقىش كۈنىدۇر. بىز ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ۋاپات قىلدۇرىمىز ۋە تىرىلدۇرىمىز، ئاخىر بارىدىغان جاي بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. ئۇ كۈندە يەر يېرىلىپ، ئۇلار (قەبرىلىرىدىن) تېز چىقىپ كېلىدۇ، ئەنە شۇ يىغىش بىزگە ئاساندۇر.» (41-ئايەتتىن 44- ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا سۇرە قەمەردە: «ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن، ئۇ كۈندە چاقىرغۇچى (يەنى ئىسرافىل)

قىيىن ئىشقا (يەنى ھېسابقا) چاقىرىدۇ (يەنى سۇر چالىدۇ). ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان ھالدا، گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگرەيدۇ. كافىرلار: ‹بۇ قىيىن كۈندۇر› دەيدۇ.» دېدى. (6-ئايەتتىن 8- ئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا سۈرە مائارىجدا:«ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ. ئۇلار (اللهدىن ئۈيىلىپ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ. ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ. ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر.» دېدى. (43-، 44- ئايەتلەر)

يەنە الله تائالا سۈرە ئىسرادا: «سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان نەرسە بولۇپ كەتسەڭلەرمۇ (الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ)، ئۇلار: ‹بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟›دەيدۇ، ‹سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان الله تىرىلدۈرىدۇ› دېگىن، ئۇلار ساڭا باشلىرىنى لىڭشىتىپ: ‹ئۇ قاچان بولىدۇ› دېيىشىدۇ، (سەن) ‹ئۈمىدكى ئۇ يېقىندا بولىدۇ› دېگىن. شۇ كۈندە الله سىلەرنى چاقىرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىپ ئىجابەت قىلىسىلەر ۋە (دۇنيادا) پەقەت ئازغىنا تۇرغاندەك ئويلايسىلەر.» دېدى. (51-،52- ئايەت)

ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ئىككى ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام تارتىدىغان ئىككى سۇرىسىنىڭ ئارىسى قىرىق» دېدى. ھەدىس ئاڭلىغۇچىلار ئەبۇ ھۇرەيرىگە 40 كۈنمۇ؟ دېگەنىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «جاۋاب بېرەلمەيمەن» دېدى. ئۇلار: «40ئايمۇ؟» دېگەنىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە جاۋاب بېرەلمەيمەن، دېدى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېدى، رەسۇلۇللا: «ئاندىن كېيىن ئاسماندىن سۇ چۈشىدۇ. ئاندىن قەبرىلەردىكى ئىنسانلار كۆكتات ئۈنگەندەك ئۈنىدۇ. ئىنساننىڭ قۇيرۇق تۈۋىدىكى بىر سۆڭەكتىن باشقا ئۇستىخانلىرى قەبرىدە ئاللىبۇرۇنلا چىرىپ كەتكەن بولىدۇ. قىيامەت كۈنى مەزكۇر سۆڭەكتىن ئادەملەر قايتا يارىتىلىپ قوراشتۇرىلىدۇ» دېدى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇ ھۇرەيرە جاۋاب بەرمىگەن «قىرىق» قىرىق يىل دەپ نەقىل قىلىنىدى.

## قىيامەت مەيدانىدىكى بەك قىيىن بولغان توپلۇشۇپ تۇرۇش

ھەشرى دېمەك: خالايىقلارنى قەبرىدىن تىرىلدۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن ئەرەسات ئىسىملىك بىر مەيدانغا توپلاشتىن ئىبارەت. بۇ توپلاش ئايرىم - ئايرىم ھۆكۈم قىلىش، ھەر كىمگە بۇ دۇنيادىكى ئەقىدە ۋە ئىشلىرىغا چارە قىلىش ئۈچۈن توپلاشتۇر. ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ قوپقاندا يالاڭ ئاياغ يالىڭاچ، خەتنە قىلىنمىغان ھالدا، يەنە دەسلەپتە ياراتقاندەك ھالىتىدە قەبرىدىن چىقىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز.» (سۈرە ئەنبىيا 104- ئايەت)

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئاق ناننىڭ يۈزىدەك ئاق تۈلەڭ، نىشانسىز مەيدانغا توپلىنىدۇ.» (سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە شۇ ئىككى ھەدىس كىتابىدا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار يالاڭ

ئاياغ، يالىڭاچ، خەتمە قىلىنمىسىز ھالدا مەيدانغا توپلىنىدۇ» دېدى. (ئائىشە مۇنداق دېدى) ئى رەسۇلۇللا! خوتۇنلار، ئەرلەر ھەممىسى يالىڭاچ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرامدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ئى ئائىشە! شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال ئادەملەر بىر ـ بىرىگە قاراشتىن ئېغىر، قاتتىق...» دېدى.

قىيامەت كۈنى كاپىرلارنى يۈزى بىلەن (دۈم ياتقۇزۇپ سۆرەلگەن) ھالدا مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. الله تائالا سۈرە ئىسرادا: «كىمكى الله ھىدايەت قىلغان ئىكەن، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر. الله گۇمراھ قىلغان ئادەمگە اللهدىن باشقا (ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچىلەرنى تاپالمايسەن. قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور گاچا گاس ھالدا يىغىمىز. ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ. (جەھەننەمنىڭ) ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا (ئوتنى) تېخىمۇ يالقۇنجىتىمىز. ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ⟨چىرىگەن سۆڭەك ۋە توپىغا ئايلانغىنىمىزدىن كېيىن راستىلا قايتىدىن تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟⟩ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن جازائەنە شۇدۇر.››دېدى.(97ـ، 98ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىلدىكى: «قىيامەت كۈنى كاپىرلارنى قانداقمۇ يۈزى بىلەن جەمئىي قىلىنىدۇ؟» رەسۇلۇللا جاۋاب بېرىپ: «ئىنساننى دۇنيادا ئىككى پۇتى بىلەن ماڭدۇرغان زاتنىڭ، قىيامەت كۈنى يۈزى بىلەن (بېشى ئاستىن پۇتى ئۈستۈن) ماڭدۇرۇشقا كۈچى يەتمەمدۇ؟» دېدى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ)

قىيامەت كۈنى كۈن خالايىقلارنىڭ بېشىغا يېقىن بولىدۇ. شۇڭا مەيدانغا قىزىقچىلىق قاتتىق بولىدۇ. ئادەملەر تەرلەپ كېتىدۇ. ھەتتا تەر 70 گەز يەرگىچە ئاقىدۇ. بۇ سۆزنى سەھىھۇل مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىقتاد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ساھابە)رىۋايەت قىلدى. رەسۇلۇللا مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى قۇياش ئادەملەرگە يېقىن كېلىدۇ. ھەتتا بىر نەيزە بويى يېقىن بولىدۇ. خالايىق ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا چۇشلۇق تەرلەيدۇ. بەزىلىرى تىزغىچە تەرگە چۆكىدۇ. بەزىسى بەلگىچە بولىدۇ. بەزىسى تەرگە چۆكۈپ تاكى تەر ئاغزىغا كىرىپ كېتىدۇ» دېدى. مىقتاد ئېيتتى: «رەسۇلۇللا ئاغزىغا ئىشارەت قىلدى» (سەھىھۇل بۇخارى158ـبەت)

## ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە شاپائەت مەسلىسى

خالايىقلار قىيامەت مەيدانىغا توپلىنىپ، قورقۇنچلىق يامانلىقتىن ھەم ئىسسىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ يامانلىقىدىن ئۇ يەردە توختاپ ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشنىڭ مۇشەققىتىدىن تاقەتسىز بولغانلىقتىن، ئادەملەر الله تائالانىڭ ھۆكۈم قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىنى، ھەركىم روھىنىڭ پاك ياكى پاسكىنىلىقىغا لايىق تەييارلانغان جايىغا ھۆكۈم قىلىنىپ قىيامەت مەيدانىنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ راسلىقىنى ئىسپاتلاپ الله تائالا سۈرە مۇرسالاتتا: «پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلار بىلەن ئۇممەتلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىشقا) ۋاقىت بەلگىلەنگەن چاغدا (ۋەدە قىلىنغان قىيامەت مەيدانىغا كېلىدۇ) . (پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئائىت ئىشلار) قايسى بۈيۈك كۈنگە كېچىكتۈرۈلدى؟ خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈن ئۈچۈن (تەخىر قىلىنىدى). ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈننىڭ نېمىلىكىنى (يەنى ئۇنىڭ دەھشىتىنى) قانداق بىلەلەيسەن؟ بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!» دېدى. (11ـئايەتتىن 15ـ ئايەتكىچە)

شۇنىڭدەك الله تائالا مەزكۇر سۈرىدە: «بۇ كۈندە ئۇلار سۆز قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىغا ئىزنى بېرىلمەيدۇ. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي! بۇ خالايىقنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كۈندۇر، (ئۇ كۈندە) سىلەرنى ۋە ئاۋالقىلارنى (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنى) (ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن) يىغىمىز. ئەگەر (ئازابتىن قۇتۇلۇشقا) بىرەر چارەڭلەر بولسا چارە قىلىپ بېقىڭلار. بۇ كۈندە (ئۇ كۈننى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!» دېدى. (سۈرە مۇرسەلات 35-ئايەتتىن 40-ئايەتكىچە)

قىيامەت مەيدانىغا توپلانغان ئىنسانلار ئۇ يەردە بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىپ، خاپىلىقى ئېغىرلاشقاندا بەزىسى بىزىسىگە: «بۇ ئېغىر ئەھۋالىڭلارغا قارىمامسىلەر؟ سىلەرگە يەتكەن خاپىلىقنى كۆرمەمسىلەر؟» دېيىشىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن الله تائالا ئالدىدا شاپائەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەم ئەلايھىسسالام ئۇلارغا ئۆزرى ئېيتىپ: «پەرۋەردىگارىم بۈگۈن بۇندىن بۇرۇن قىلمىغان غەزەپنى قىلدى. بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق غەزەپلەنمەيدۇ. رەببىم مېنى بىر خىل دەرەخكە يېقىن كېلىشىمدىن توسقان ئىدى. مەن ئاسىيلىق قىلىپ سالغان ئىدىم. ھازىر ئۆز ئەھۋالىم بىلەن قالدىم. باشقىلار قېشىغا بېرىڭلار!» دەيدۇ. بۇ ئادەملەر پەيغەمبەرلەر قېشىغا بىر - بىرلەپ شاپائەت تىلەپ بارىدۇ. يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا، ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام قېشىغا بارىدۇ. ھەممىسى ئۆزرە ئېيتىپ: «ئۆز ئەھۋالىم بىلەن قالدىم» دەيدۇ. ئۇلار ئاخىرىدا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە رەھبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قېشىغا كېلىپ شاپائەت تىلەيدۇ. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «شاپائەتكە مەن لايىق» دەپ كېلىپ ئەرش ئاستىدا سەجدىگە بېشىنى قويۇپ دۇئا قىلىشقا باشلايدۇ. پەرۋەردىگارى الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىر بۆلۈك ھەمدۇ - سانالار ئىلھام قىلىدۇ. ھەمدۇ - سانا ئېيتىپ سەجدىگە داۋام قىلىدۇ. ئاخىرى الله تائالا رەسۇلۇللاغا: «بېشىڭنى سەجدىدىن كۆتۈرگىن، تىلەيدىغىنىڭنى تىلە! بېرىلىسەن، شاپائەت قىلغىن! قوبۇل قىلىنىدۇ» دەيدۇ. رەسۇلۇللا سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ئى تەربىيە قىلغۇچى ئىگەم! ئۈممىتىمگە رەھىم قىلغىن!» دەيدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاغا: «ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭدىن ھېساب سورالماي جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىشىكىدىن كىرگۈزگىن. بۇلار باشقىلار بىلەن بىللە باشقا ئىشىكلەردىمۇ كىرەلەيدۇ» دەيدۇ. ئاندىن ئىنسانلاردىن (دۇنيادىكى چېغىدىكى ئەقىدە، سۆز - ھەرىكەتلەردىن) ھېساب ئېلىپ، ھۆكۈم قىلىش باشلىنىدۇ. ھەممە كىشىگە نامە ــ ئەمەلى (قىلغان ئىشلىرى پۈتۈلگەن خاتىرىسى) بېرىلىدۇ. قىلمىشلىرى ئۆلچەپ كۆرسىتىلىدۇ. ھېساب ئېلىش باشلىنىدۇ.

بۇ ۋەقەلەر سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدا راست ھەدىسلاردا سۆزلەنگەندۇر.

## ھېساب، مىزان

ھەر بىر ئادەمدىن ئېلىنىدىغان ھېساب ھۆكۈم مەيدانىدا ھەر كىمگە بېرىلگەن نامە ــ ئەمەلى (قىلغان ئىشلىرى پۈتۈلگەن خاتىرى)گە يېزىلغان ئىشلار ئاساسىدا بولىدۇ. نامە - ئەمەل دەپتەرنى مەيدانغا توپلانغان ھەممە ئادەم، مەيلى ساۋاتلىق بولسۇن، مەيلى ساۋاتسىز بولسۇن ھەممە ئادەم ئۆزى ئوقۇيدۇ. ئۇلارغا بۇ خەتنى بىرىش ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرىگە ئوڭ تەرەپتىن ۋە ئالدى تەرەپتىن بېرىلىدۇ. بەزىلىرىگە سول ۋە ئارقا تەرەپتىن بېرىلىدۇ. قولىغا تەگكەن خەتنىڭ مەزمۇنىغا قاراش بىلەنلا ھەر كىم ئۆزىنىڭ بارىدىغان يېرىنى بىلىدۇ. بەزىلەر

ئۆزىنىڭ دوزاختىن ساقلىنىپ جەننەتكە كىرىپ مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى ۋە خوشاللىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بەزىلەر ئۈمىدسىزلىكىنى، ئىچ پۇشقىنى ۋە زىيان تارتىشنى ئېلان قىلىدۇ. الله تائالا بۇنى مۇقەررەر بايان قىلىپ سۈرە ئىنشىقاقتا: «نامە- ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ، (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خوشال- خۇرام قايتىدۇ. نامە- ئەمالى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم «ۋاي» دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ) دوزاخقا كىرىدۇ.»دېدى (7-دىن 12-ئايەتكىچە)

يەنە اللهتائالا سۈرە ھاققەدە: «نامە- ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خوشاللىقتىن): 〈بۇ مېنىڭ نامە- ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم〉 دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (ئۆرە تۇرغانمۇ ئولتۇرغانمۇ ياتقانمۇ قولىنى سوزۇپلا ئالالايدىغان دەرىجىدە) يېقىن بولىدۇ. (ئۇلارغا) 〈ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال- خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار〉 دېيىلىدۇ. نامە- ئەمالى سول قولىغا بېرىلگەن ئادەم ئېيتىدۇكى، 〈ماڭا نامە- ئەمالىم بېرىلمىگەن بولسىچۇ!. ھېسابىمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمىسەم ئىدىم، دۇنيادا ئۆلۈمىم ھاياتىمنى (ئاخىرەتتە قايتا تىرىلمەس قىلىپ) ئاخىرلاشتۇرسىچۇ! مېنىڭ مال- مۈلكۈم ماڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. مېنىڭ ھوقۇقۇم قولۇمدىن كەتتى.〉 (الله دوزاخكە مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: 〈ئۇنى تۇتۇڭلار ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى دوزاخكە تاشلاڭلار ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار〉.(ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللهغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇيەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرىۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر . ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كافىرلارلا) يەيدۇ.» دېدى.(19-37-ئايەتكىچە)

ئۇلار شۇنداق تۇرغاندا ئادىل مىزان (ئۆلچەم) قويۇلىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرلەپ ھېساب بېرىشكە كېلىدۇ. ئاسان ھېساب ئېلىنىدىغانلارمۇ بار، ئاسان ھېساب بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا «ھېساب ئېلىنىدىغان كىشى ئازاب قىلىنىدۇ» دېگەندە ئائىشە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن الله تائالا: «يېقىندا ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ» دېدى ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالانىڭ ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ» دېگىنى رەسمىي ھېساب ئېلىش ئەمەس. پەقەت ئۇ بەندىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئالدىغا قويۇپ ئۆتىشىدىنلا ئىبارەت. ئەگەر رەسمىي ھېسابنى قايتىلاپ ئېلىنغان ئادەم ئازاپقا دۇچار بولىدۇ، دېگەن ھېساپتۇر.

ئادەملەردىن قىيىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىرىمۇ بار. «قىلمىشىڭنى سۆزلە» دېيىلىدۇ. چوڭ كىچىك ھەممە ئىشتىن سوئال سورىلىدۇ. راست ۋە توغرا جاۋاپ بەرسە تېخى ياخشى. ئەگەر يالغان سۆزلەش ياكى يوشۇرۇشنى قەست قىلسا ئاغزىنى تاقاپ قويۇلىدۇ. (گەپ قىلالماس بولىدۇ) پۇت - قول ئەزالىرىنى سۆزلىتىدۇ. دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ قولى، پۇتى سۆزلەيدۇ. ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، پۇت، قولىغا مالامەت قىلىدۇ. پۇت، قولى رەددىيە قىلىپ الله تائالا سۈرە فۇسسىلەتتە ئېيتقاندەك: «ھەر نەرسىنى سۆزلەتكەن الله تائالا بىزنىمۇ سۆزلەتتى» دېيىشىدۇ. (21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

الله تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ سۈرە نۇردا: «شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.» دېدى. (24-ئايەت)

يەنە اللە تائالا بۇ توغرىسىدا سۈرە ياسىن 65- ئايەتتە: «شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ).» دېدى. ئىنسانلاردىن مۇنداق سوئالغا جاۋاب تەلەپ قىلىش، سۆزلىتىش قاتتىق بىر قورقۇنچلۇق ئەھۋالدا بولىدۇ، چۈنكى ئۇيەردە گۇۋاھلار تەييار تۇرىدۇ. ھېچكىمگە ئۆزرى، سەۋەپ كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. زالىمنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرى جانلىق ھالدا كۆز ئالدىغا توغرا قىلىنىدۇ. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىۋاستە ئۆزى كۆرىدۇ. نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق!!!

اللە تائالا سۈرە زەلزەلىدە: «بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن، توپ- توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» دېدى. (ئاخىرقى 3 ئايەت)

ئاندىن ناھايىتى ئىنچىكىلەپ ئۆلچىنىدىغان ئۆلچەملەر قويۇلۇپ، ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ سانى مۇقىملىنىدۇ. ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىمىگە قاراپ، بەختلىك بولۇش، بەختسىز بولۇش بىلەن نەتىجە چىقىدۇ. اللە تائالا بۇ ئەمەلىي ھەقىقەتنى بايان قىلىپ سۈرە ئەنبىيادا: «قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرىۋېتىلمەيدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمىلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.» دېدى. (47-ئايەت)

يەنە اللە تائالا سۈرە مۆئمىنۇندا: «تارازىسى ئېغىر كەلگەنلەر (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. تارازىسى يېنىك كەلگەنلەر (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەنلەر) زىيان تارتقۇچىلاردۇر، جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ. (ئۇلارغا) «سىلەرگە (دۇنيادا) مېنىڭ ئايەتلىرىم ئوقۇپ بېرىلگەن، سىلەر ئۇنى (شۇنچە رۇشەن تۇرۇقلۇق) ئىنكار قىلغان ئەمەسمىدىڭلار» دېيىلىدۇ.» دېدى (102-ئايەت)

# سىرات (كۆۋرۈك)

ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنى ئۆلچەشتىن بىكار بولغاندىن كېيىن ۋە بەختلىك (جەننەتى) بىلەن بەختسىز (دوزىخى)لار ئاساسىي جەھەتتىن ئوچۇق بىلىنگەندىن كېيىن، ھەممە كىشى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. بۇ كۆۋرۈك بەك ئىنچىكە بولۇپ، دوزاخ ئۈستىگە تارتىلغان كۆۋرۈكتۇر. بۇ كۆۋرۈك جەننەت تەرەپكە بارىدىغانلار يولىدىكى ئەڭ خەتەرلىك داۋاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆۋرۈك قېشىدا تۇرۇپ: «ئى اللە ئۆتكۈچى ئۈممىتىمنى سالامەت قىلغىن، سالامەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىپ تۇرۇشى كۆۋرۈكنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. خەلقلەرنىڭ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. بەزىلەر چاقماق تېزلىكىدە ئىنتايىن تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بەزىلىرى ئۇنىڭدىن ئاستىراق ئۆتىدۇ. بەزىلىرى يىقىلىپ، بەدبەختىلىك، خارلىق، زىيان ئورنى بولغان دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. الله تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇھەممەد، پەرۋەردىگارىڭ سېنى مەدھىيلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت مەقامىغا) تۇرغۇزىشى مۇھەققەقتۇر.» (سۈرە ئىسرا79-ئايەت) دېگەن سۆزى توغرىسىدا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەندە كۆۋرۈك توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «ھەممە ئادەم مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) قېشىغا (مېنىڭ قېشىمغا) كېلىدۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرىمەن. شاپائەتكە رۇخسەت بېرىلىدۇ. ئىشەنچىگە خائىنلىق قىلغان ياكى تۇغقانلىرىغا سىلە رەھىم قىلمىغانلارغا، بۇلارغا ئېسىلىۋېلىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتكىلى قويمايدۇ. بۇ ئىككىسى كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ،سول ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ. بۇرۇن ئۆتكەنلىرىڭلار چاقماقتەك ئۆتىسىلەر» ھەدىسنى نەقىل قىلغۇچى ساھابە ئېيتىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاغا ئانام، دادام ساڭا پىدا بولسۇنكى قانداق نەرسە چاقماقتەك ئۆتەلەيدۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام «چاقماق (ئال)نىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىپ يەنە قايتىپ كەلگىنىنى كۆردىڭلارمۇ؟ (تېز ئۆتىدىغانلار شۇنداق تېز ئۆتىدۇ)» دېدى. ئاندىن تۆۋەنراقلىرى شامالدەك ئۆتىدۇ. ئاندىن جانىۋار ئۇچقاندەك، ئاندىن ئادەملەر يۈگۈرگەندەك ئۆتىدۇ. ھەركىم ئۆز ئەمەلى، قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا چۈشلۇق ئۆتىدۇ. شۇ ھالەتتە پەيغەمبىرىڭلار كۆۋرۈك بېشىدا تۇرۇپ: «ئى الله! تىنچ ئامان قىل، تىنچ ئامان قىل!» دەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. بەزى بەندىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۇ بەندىسىنى كۆۋرۈكتىن ساق ئۆتكۈزۈشتىن ئاجىز كېلىدۇ. ماڭالماي ئۆمىلەپ قالىدۇ. رەسۇلۇللا ئېيتتى: «كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېسىلغان ئىلمەك قاماقلار بار. كىمنى ئىلىپ تارتىشقا بۇيرۇلسا، شۇنى ئېلىپ دوزاخقا تارتىدۇ. بەدەنلىرىنى قاماق ئىلىپ، تىتىلىپ بولۇپ، قۇتۇلۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار. قاماق ئىلغانچە دوزاخقا يىقىلىپ چۈشىدىغانلارمۇ بار» دېدى. (ئىمامىي مۇسلىم رىۋايەت قىلدى)

## جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا يەنە بىر كۆۋرۈك بار

دوزاخ ئۈستىدىكى سىرات كۆۋرۈكىدىن دوزاخقا چۈشۈپ كەتمەي ساق ئامان ئۆتكەن مۆئمىنلەرنى جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا يەنە بىر كۆۋرۈكتە توختۇتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ دۇنيادا چاغدىكى ئاداۋەت، ئۆچمەنلىكلىرىدىن ۋە بىر - بىرىدىكى ھەققىيات (غەيۋەت،ئازاردەك ھەقلىرىدىن) پاك قىلىنغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇ كۆۋرۈك ھەققىدىكى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى ئۆزىنىڭ«سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىدا نەقىل قىلدى. ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: «دوزاختىن قۇتۇلۇپ ئۆتكەن مۆئمىنلەر جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا بىر كۆۋرۈك بېشىدا تۇختۇتۇلۇپ، دۇنيادا بىر - بىرىگە قىلغان ھەقلىرىدىن قىساس ئېلىنىشىدۇ. پۈتۈن خاتالىقلىرىدىن پاكىز قىلىنغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشكە ئىزنى بېرىلىدۇ. مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان اللهغا قەسەم قىلىمەنكى: جەننەتكە كىرگەنلەر ئۆزىنىڭ تىگىشلىك جايىنى دۇنيادا ئۆز ئۆيىنى تونۇغاندىن بەكراق تونۇپ، ئۆزى ئورۇنلىشىدۇ» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى)

## تېنچ-ئامانلىق يۇرتى(جەننەت)

تېنچ ـ ئامانىق يۇرتى بولغان جەننەت بىلەن ھالاكەت ئورنى بولغان دوزاخنىڭ ئەھۋالىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئوتتۇرىدا قويۇپ، كىشىلەرنى جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقتۇرغان، الله تائالا ۋە رەسۇلۇللاغا ئاسىيلىق قىلىشنى تاشلاپ، شېرىكتىن ساقلىنىش بىلەن دوزاختىن يىراقلىشىشقا سەۋەب بولىدىغان تەرىقىدە جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى رۇشەنلەشتۈرۈش ئۇستىدە توختىلىشىمىز بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشى، ئەقىدە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە قاراپ چارە قىلىنىشىدىن ئىبارەت مۆئمىن ئاساسلىرىدىن بىرىنى تولۇق بايان قىلىش جۈملىسىدىندۇر.

تېنچ ـ ئامانلىق يۇرتى(جەننەت)ھەققىدە سۆزلەش، ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچى مۆئمىنلەرگە يېقىملىق سۆيۈملۈك ئاڭلانغاچقا بۇ ھەقتە سۆزنى قىسقارتىشتىن ئۇزارتىش ياخشىراق. شۇڭا بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلەيمىز. يەنى جەننەتنىڭ كەڭلىكى، ئىشىكلىرى، ئۆستەڭلىرى، خادىملىرى، يېمەكلىرى، ئىچىملىكلىرى، باشقا تۈرلۈك نېمەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەيمىز.

جەننەت ھەققىدىكى مەلۇماتىمىزنىڭ مەنبەئى قۇرئان، ھەدىستۇر. قۇرئان بىلەن ئىشەنچلىك ھەدىستە سۆزلەنگەنلىرىنىلا سۆزلەيمىز. چۈنكى قۇرئان بولسا جەننەتنى، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنى، جەننەتكە كىرىشكە لايىق بەندىلەرنى ياراتقان، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغان، جەننەتكە ئۇلارنى تەييارلىغان، جەننەتنى ئۇلارغا تونۇتقان الله تائالانىڭ كىتابىدۇر. ھەدىس بولسا جەننەتكە كىرىپ كۆرگەن، جەننەت تۆپرىقىغا پۇتى بىلەن دەسسىگەن، جەننەت قېشىدىكى سىدرەتۇلمۇنتەھاغا يەتكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەرلىرىدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە نەجمىدە: « (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟ ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخنىڭ) يېنىدا كۆردى. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر.» دېدى. (سۈرە نەجىم 12ـ ئايەتتىن 15ـ ئايەتكىچە)

## رەھمەت يۇرتىنىڭ كەڭلىكى ۋە خۇشپۇراقلىقى

شېرىك ئەقىدە ۋە جىنايەت ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارنىڭ يۇرتى (جەننەت) نېمە دېگەن كەڭرى نېمە دېگەن خۇشپۇراق؟! جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ كەڭلىكىدەكتۇر. جەننەتنىڭ پۇرىقى يۈز يىللىق يىراقلىقتىن دىماققا كېلىدۇ. الله تائالا سۈرە ئال ئىمراندا: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغفىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار.» دېدى. (سۈرە ئال ئىمران 133ـئايەت)

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: « جەننەتنىڭ پۇرىقى يۈز يىللىق يىراقلىقتىن پۇرايدۇ.»

جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى: «نېمەت يۇرتى بولغان جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى سەككىز بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى رەيھان، بۇ دەرۋازا روزا تۇتقۇچى مۆمىنلەرگە خاس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىدىن سوراق سورالماستىن جەننەتكە كىرىدىغانلارغا مەخسۇس بىر دەرۋازا بار. بۇ ھەقتىكى ھەدىس لۇئلۇئۇل مەرجاننىڭ 19ـبېتىدە.

جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى بەك چوڭ بولۇپ، ھەر دەرۋازىنىڭ ئىككى يان ئارىسى 40 يىللىق يول، شۇنچە كەڭ تۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈچىلەرنى ماس گۇرۇھلار توشۇپ كىرىدۇ، ھەتتا قىستىشىدۇ. دەرۋازىلار ئالتۇن تاختىدىن بولۇپ، ھالقىلىرى قىزىل ياقۇتتىن ئىكەنلىكى ئىشەنچلىك

ھەدىسلەردىن مەلۇم. چۈنكى ئىمامى مۇسلىم ئەڭ راست سۆزلىگۈچى ۋە ئىشەنگۈچى مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللادىن «جەننەت دەرۋازىلىرىنىڭ ئىككى يان ئارىسى 40 يىللىقتۇر. بىر كۈن كېلىدۇ. ئىشىكلەردىن ئادەملەر توشۇپ ۋە قىستىلىپ كىرىدۇ.» دېگەن ھەدىسنى ۋە: «جەننەت دەرۋازىلىرى ئالتۇندىن بولۇپ ھالقىلىرى قىزىل ياقۇتتىن» دېگەن ھەدىسنى نەقىل قىلىدۇ.

## جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدا نېمە بار؟

جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدا چوڭ بىر دەرەخ بار بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋىدىن ئىككى بۇلاق چىقىپ تۇرىدۇ. بىرىنى جەننەتكە كىرگۈچىلەر ئىچسۇن ئۈچۈن يەنە بىرىنى يۇيۇنۇپ، تازلىق قىلسۇن ئۈچۈن چىقىرىلغان. بىرىنچى بۇلاق سۈيىدىن ئىچكەن ھامان ئۇنىڭ چىرايلىرى گۈزەللىشىپ، ۋاللىداپ كېتىدۇ. پەقەت ئىچى پۈشمايدىغان، سەتلەشمەيدىغان بولىدۇ. ئىككىنچىسىدىن يۇيۇنغاندىن باشلاپ چاچلىرى چۇۋۇلمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەت: «ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ ،(ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراپ بىلەن سۇغىرىدۇ.» دېگەن ئايەتتۇر. (سۈرە ئىنسان 21-ئايەت) ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جەننەتنىڭ ئالدىدا بىر دەرەخ بار. ئۇنىڭ تۈۋىدىن ئىككى بۇلاق چىقىدۇ. بىر بۇلاقتىن سۇ ئىچسە ئەھلى جەننەتنىڭ چىرايلىرى گۈزەللىشىپ، ۋاللىداپ تۇرمۇشى راھەتلىك ئادەمدەك پارقىرايدۇ. يەنە بىرىدىن تاھارەت ئالسا، چېچى ئەسلا چۇۋۇلمايدۇ.»

## **ئەھلى جەننەتنىڭ ئىستقبالى**

جەننەتكە كىرىدىغانلا ئارقا - ئارقىدىن كىرىدۇ. بەزى خېلى ئۇزاق ئۈزۈكلىرىمۇ بولىدۇ. چۈنكى «دۇنيادا پېقىرلىقتا ئۆتكەن مۆمىنلەر بايلاردىن بەش يۈز يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن ئىشەنچلىك ھەدىس بار. چۈنكى كەمبەغەل مۆمىنلەرنىڭ ھېساپ ۋە جازا مەيدانىدا بەك ئۇزاق تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشى يوق، ئەمما بايلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ھېساپ بېرىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغاچ جەننەتكە كىرىشى پەقىرلەردىن بەش يۈز يىل كېيىن بولىدۇ، قۇرئان كەرىمدە الله تائالا سۈرە زۇمەردە: «پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغانلار جەننەتكە توپ-توپ بولغان ھالدا ماڭدۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار جەننەتكە يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ بولغان بولىدۇ، جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: 〈سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، سىلەر (گۇناھلارنىڭ كىرلىرىدىن) پاك بولدۇڭلار، جەننەتكە كىرىڭلار (ئۇنىڭدا) مەڭگۈ قېلىڭلار〉 دەيدۇ.» دەيدۇ. ( 73-ئايەت)

ئىمامى بۇخارا ۋە ئىمامى مۇسلىمنىڭ ئىككى ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابىدا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايە قىلىنىدۇكى: «جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغانلار تولۇن ئاي سۈرىتىدە بولۇپ كىرىدۇ. ئارقىسىدىن كىرگەنلەر ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزدەك مۇنەۋۋەر بولۇپ كىرىدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەر چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، مىشقىرمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، تاغاقلىرى ئالتۇندىن، بەدىنىدىن چىققان تەرلىرى ئىپار، بويسۇلغىلىرى سەندەل، ئاياللىرى يوغان ئاق - سۈزۈك بەدەنلىك خانىملاردۇر. ھەممىسىنىڭ ئەخلاقى بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىدەك

بىر خىل ياخشى، ھەممىسى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىكى شەكلىدەك بولىدۇ» دېدى. (سەھىھۇل مۇسلىم)

ئەھلى جەننەتنىڭ جەننەتكە كىرىشىدىكى شەكلى، جامالى، گۈزەللىكىدىكى مۇنداق پەرقلىق بولۇشى دۇنيادىكى ئىمانى ۋە ئەمەلىنىڭ سان، سۈپىتى پەرقلىق بولغانلىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. مۇنداق بولۇشى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس، دۇنيادىمۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ ياخشىلىقنى، ئەخلاقى گۈزەللىكنى ۋە پاراغەتنى دۇنيادا ئىمان ۋە ياخشى ئىشلار ئارقىلىق روھىنى پاكلىغان سەۋەبتىن قولغا كەلتۈرىدۇ.

الله تائالانىڭ مېھمانلىرى بولغان ئەھلى جەننەت جەننەتكە كىرىش ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالىدۇ. ئالدىدا جەننەتلەرگە مەسئۇل پەرىشتىلەر باشلىقى رىزۋان چىقىدۇ. ئارقىدىن باشقىلار چىقىدۇ، الله تائالا بۇ ھەقتە: «چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: 〈الله سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ〉 (دەپ) ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ.» دېدى. (سۈرە ئەنبىيا 103-ئايەت)

يەنە سۈرە رەئىددە: «ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەر بىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) 〈سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمدېگەن ئوبدان!〉دەيدۇ. » دېدى. (23-، 24- ئايەت)

# تىنچلىق يۇرتىنىڭ مەخسۇس ئىمارەتلىرى ۋە بىنالىرىنىڭ پەرقلىرى

جەننەتنىڭ مەخسۇس ئىمارەتلىرى ۋە پەرقلىقلىقى توغرىسىدىكى سۆزۈمدە «ياخشىلار ئورنى جەننەت ۋە ئۇنىڭغا يەتكۈزگۈچى يول» دېگەن رىسالەمدە يازغان ماقالەمنى سۆزلەيمەن. ئۇ رىسالىدە مۇنداق دېگەن ئىدىم: ئەھلى جەننەت الله تائالا ھۆرمەتلىگەن، نېمەت بەرگەن كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئۆي - ئىمارەتلىرى، نېمەتلىرى، خۇرسەنلىكلىرىنى تولۇق چۈشۈندۈرۈشكە كىمنىڭ كۈچى يېتىدۇ؟ ھالبۇكى، الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: «قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نىئمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراپ بىلەن سۇغىرىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى.» دېيىلىدۇ.(سۈرە ئىنسان20- ئايەتتىن 22-ئايەتكىچە)

يەنە شۇنداق دېگەن ئىدىم: بىزگە جەننەتنىڭ مەخسۇس ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى مەڭگۈلۈك نازۇ - نېمەتلەر توغرىسىدىن سۆزلىگۈچى بىرلا كىشى بار، ئۇ بولسا ئۇممى ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللا ئۆزى جەننەتكە قەدەم تەشرىپ قىلغان، دۇنيادىكى چېغىدا جەننەتنى كۆرگەن. ئويغاقلىقىدا بىر قېتىم كۆرگەن. چۈشىدە بىر قانچە قېتىم كۆرگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھىيدۇر، ئەمەلىيەتتۇر. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام سۆزىگە قۇلاق سالايلى، بىزگە جەننەت ئەھۋالىدىن ۋە ئەڭ ئاخىردا جەننەتكە كىرىدىغان كىشى ئەھۋالىدىن سۆزلەپ بېرىدۇ. «جەننەتكە ئەڭ ئاخىردا كىرىدىغان ئادەم ئېيتىدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىمۇ ئەھلى جەننەتكە قوشۇپ قويغىن!» دەپ، ئاندىن يۈگۈرۈپ

جەننەتلەرگە يېقىنلاشقاندا، گۆھەردىن ياسالغان بىر ئىمارەت كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئادەم اللەغا يېقىلىپ سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا «بېشىڭنى كۆتۈر! ساڭا نېمە بولدى؟» دېيىلىدۇ. ئۇ: «رەببىمنى كۆردۈم» دەيدۇ. ئۇنىڭغا: «بېشىڭنى كۆتۈر! بۇ پەرۋەردىگارىڭ ئەمەس. بۇ سىنىڭ مەخسۇس ئۆيلىرىڭدىن بىرسى» دېيىلىدۇ. ئاندىن بۇ كىشى بىر ئادەمگە ئۇچرىشىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ سەجدە قىلغىلى تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭغ : «ئۇنداق قىلما!» دېيىلىدۇ. ئۇ «سېنى پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمىكىن دەپ قارىدىم» دەيدۇ. ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭ خادىملىرىڭنىڭ بىرسىمەن، قۇللىرىڭنىڭ بىرسىمەن» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى ئالدىغا ماڭىدۇ. يەنە بىر ئىمارەت ئېچىلىدۇ. گۆھەردىن ياسالغان ئۆگزىلىرىمۇ، ئىشىكلىرىمۇ، زەنجىر، قۇلۇپلىرىمۇ، ئاچقۇچلىرىمۇ گۆھەردىن ئۇ ئىمارەتنىڭ ئىچىدە يېشىل جاۋاھىرلاردىن ياسالغان شىشىلەر ۋە ھەر خىل رەڭدىكى جاۋاھىر ئۆيلەر ئىچىدە كارۋاتلار، خانىملار ۋە قىز خادىملار باركى، ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنى كۆزى يوغان ھۆرلەردۇر. ئۇستىدە يەتمىش قات زىننەت كىيىملىرى بار، ئۇلارنىڭ پاچىقى ئىچىدىكى يىلىكى سىرتىدىن كۆرۈنىدىغان سۈزۈك بەدەندۇر. خانىملارنىڭ جىگىرى ئەرنىڭ ئەينىكى، ئەرنىڭ جىگىرى خانىملارنىڭ ئەينىكىدۇر. (بىرسى يەنە بىرىدە ئۆز شولىسىنى كۆرىدۇ) ئۆيۈاقىلىرىنى بىردەم كۆرمەي قالسا، ئاندىن قارىسا بۇرۇنقىدىن يەتمىش ھەسسە كەڭرىدەك كۆرىنىدۇ. ئۇ كىشىگە: «ئىگىزگە قاراڭ!» دېيىلىدۇ. ئىگىزگە قارايدۇ، ئۇ كىشىگە: «سېنىڭ ئىگىلىكىڭ يۈز يىللىق يول مىقدارىدۇر. ھەممىنى كۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېيىلىدۇ. (تىبرانى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

ئەھلى جەننەتنىڭ دۇنيادىكى چېغىدا ئىماننىڭ كامىللىقى ۋە ياخشى ئىشلىرىنىڭ كۆپلىكى بويىچە دەرىجىلىرى پەرقلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى راست ھەدىسنى كەلتۈرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەھلى جەننەتلەر ئۆزئارا پەرقلىق بولغانلىقى ئۇچۈن، ئۇستۈن قەۋەتتىكى بۇرادەرلىرىنى شەرقتە ياكى غەربتە پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرگەندەك كۆرىدۇ» دېدى. ئەسھابىلار: «ئى رەسۇلۇللا! بۇ ئېگىز مەرتىۋە باشقىلار يېتەلمەيدىغان پەقەت پەيغەمبەرلەرگە خاس بولغان مەرتىۋىمۇ؟» دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس، اللەغا قەسەمكى، ئۇلار اللە تائالاغا ھەقىقى ئىشەنگەن، پەيغەمبەرلەرنى راست دەپ تونۇغان ئۇممەتلەر» دېدى.

بۇ ھەدىسنىڭ راستلىقىنىڭ قۇرئاندىكى دەلىلى، سۈرە ھەدىدە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى كەڭلىكى ئاسمان زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، ئۇ (جەننەت) اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان بۇ اللەنىڭ پەزلىدۇر، (اللە) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ اللە ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر.» (21-ئايەت)

## جەننەت زېمىنغا بىر قاراش

مۇشۇ ماۋزۇ ئاستىدا، مەزكۇر رىسالەمدە مۇنداق دېگەن ئىدىم: ئى كىتاب ئوقوغۇچى بۇرادىرىم جەننەت زېمىنغا قارىتا نېمىنى ئويلايسەن؟ جەننەت زېمىننى ئاق ياكى قىزىل تۇپراقمىكىن دەمسەن؟ جەننەتنىڭ شىغىللىرى چىرايلىق رەڭلىك تاشتىنمىكىن دەمسەن؟ جەننەت ئىمارەتلىرىنىڭ تاملىرى چىرايلىق قويۇلغان قىشمىكىن دەپ ئويلامسەن؟ قىش ئارىسىغا قويۇلغان لاي سىمۇنتتا ئېتىلگەن لايمىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ ئى بۇرادەر! سېنىڭ

سۇئاللىرىڭغا باشقا بىر كىم ئەمەس، پەقەت جەننەتنى كۆزى بىلەن كۆرگەن، جەننەتتە بىرەر سائەت تۇرۇپ باققان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاۋاب بىرىدۇ. ئەسھابىلارنىڭ بىرسى سورىغاندا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام جاۋاب بىرىپ: «جەننەت ئىمارەتلىرىنىڭ بىر خىل قىشى ئالتۇندىن، بىر خىل قىشى كۈمۈشتىن، قىشلار ئارىسىغا سالىدىغان لاي خۇشپۇراق ئىپاردىن، جەننەتنىڭ شېغىللىرى ياقۇت بىلەن مەرۋايىت. تۇپرىقى زەپەردىن، كىرگەن كىشى راھەتلا كۆرىدۇ. خاپىلىق تارتمايدۇ، داۋاملىق ياشايدۇ، ئۆلمەيدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرى كونىرمايدۇ. ياشلىقى يوقالمايدۇ» دېدى. (تىرمىزى رىۋايىتى)

## جەننەتلەر ئارىسىدىكى ئەدنى جەننىتى

ئەدنى جەننىتىنىڭ باشقا جەننەتلەر ئارىسىدا ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ بولسا: ئەدنى جەننىتىنى الله تائالا ئۆزى بىۋاستە ياراتقانلىقىدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلىپ «ئەدنى جەننەتنى الله تائالا ئۆز قولى بىلەن ياراتقان» دېدى. تىبرانى ۋە ئىبنى ئەبىد دۇنيا ئىسمىلىك ھەدىس ئۆلىمالىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەدنى جەننىتىنى الله تائالا ئۆز قولى بىلەن ياراتتى. ئۇنىڭ بىر قىشى ئاق گۆھەردىن، بىر قىشى قىزىل ياقۇتتىن، يەنە بىر قىشى يېشىل زەبەر جەددىن، لېيى ئىپاردىن، ئوت ـ چۆپلىرى زەپەردىن، شېغىللىرى مەرۋايىتتىن، توپىسى ئەنبەردىندۇر. الله تائالا بۇ جەننەتكە: «سۆزلە!» دېگەندە بۇ جەننەت: «دىن ئىسلامغا ھەقىقىي ئىشەنگۈچىلەر بارلىق مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتتى دەيدۇ» دېدى.

ئاگاھلاندۇرۇش: بىز ھەممە نەرسىنى الله تائالانىڭ ياراتقانلىقىنى، ئاسمان زېمىن ھەممە ئالەمدىكى جەمئىي نەرسىنى يوقتىن بار قىلىپ تەربىلىگۈچى بىر الله تائالانىڭ بارلىقىنى، بىر اللەدىن باشقا ياراتقۇچى يوقلىقىنى، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەئبۇدى، باش ئىگىسى ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئىلاھى بىر الله تائالانىڭ يالغۇزلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز الله تائالانىڭ شەيتانغا: «سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ياراتقان ئىنسانغا سەجدە قىلىشتىن نېمە توسقۇنلۇق قىلدى؟» (سۈرە ساد 75ـ ئايەت) دېگەن سۆزىنى ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالا ئەدنى جەننىتىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى» دېگەن خەۋىرىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، الله تائالانىڭ بۇ يارىتىشى باشقا مەخلۇقلارنى يارىتىشتىكى ئۇسۇلغا ئوخشىمايدۇ. الله تائالا ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، دەپ خەۋەر قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئايرىمچە شەرىپى، ئۇستۇنلىكى بار. بۇ ئۇستۇنلۇك ئۆز قولى بىلەن بىۋاستە يارىتىشتىتا دەپ تونۇيمىز.

بۇ ھەقىقەتنى زېھنىلەرگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىمىزكى: بىر پادىشاھ ياكى بىر ھوقۇقدار ئىمارەت ياساشقا بۇيرۇسا، شۇ ئىمارەت سېلىنسا، گەرچە پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن سالمىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سېلىنغاچقا ۋە قۇرۇلۇشچى ئۇستىلارغا پادىشاھ پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرنى ھازىرلاپ بەرگەچكە، «پادىشاھ قۇرلۇش سالدى» دېيىلىدۇ. ئەگەر پادىشاھ ئىمارەتكە بىرەر تاشنى، يا بىرەر قىشنى ئۆز قولى بىلەن قويسا: «پالانى يەرگە پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن بىر تاش قويدى يا بىر قىش قويۇپ بەردى» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە ئۆز قولى بىلەن قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئېيتىمىزكى: الله تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز قولى بىلەن يارىتىشتۇر. ئەدنى جەننىتىنى يارىتىشىمۇ شۇنداق، دېمەك، قۇرئان كەرىدە، ئىشەنچلىك ھەدىس شەرىپتە الله تائالا پالان نەرسىنى ئۆز قولى بىلەن

ياراتتى دەپ كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيەتتە ئۆز قولى بىلەن ياراتتى. دەپ چۈشىنىمىز. بۇ ھېچقاچان الله تائالانى بىرەر تەرەپتىن مەخلۇققا ئوخشاتقانلىق بولمايدۇ.

## ئامانلىق يۇرتىدىكى بازارلار، چېدىرلار

الله تائالانىڭ خەۋىرى بويىچە جەننەتتە كۆڭۈللەر ھەۋەس قىلىدىغان، كۆزلەر راھەتلىنىدىغان ھەممە نەرسە بار، جەننەتكە كىرگەنلەر نېمە تەلەپ قىلسا ھەممىسى بار، جەننەتتە كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلىمىغان، ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن كاتتا ۋە مۇقىم نېمەتلەر بار. سەھىھۇل بۇخارى ھەمدە سەھىھۇل مۇسلىمدا، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالادىن نەقىل قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن تۆۋەندىكى ھەدىستە، الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئەقىدىسى خالىس، سۆز ـ ھەرىكىتى ياخشى بولغان بەندىلىرىمگە كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقى ئاڭلىمىغان، ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەچمىگەن نېمەتلەرنى تەييارلاپ قويدۇم» (سەھىھۇل بۇخارى143ـبەت)

يەنە الله تائالا قۇرئان كەرىمدە: «(ئۇلارغا) «بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق غەم- قايغۇمۇ يوق» (دېيىلىدۇ). ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. (ئۇلارغا) «سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال- خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار» (دېيىلىدۇ). ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام) ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر. سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر. جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار ئۇنىڭدىن يەيسىلەر.» دېدى. (سۈرە زۇخرۇف68- ئايەتتىن 73ـئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا : «شۈبھىسىزكى، ⟨پەرۋەردىگارىمىز اللهدۇر⟩ دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ⟨قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر⟩ دەيدۇ.» (سۈرە فۇسسىلەت 30- ئايەت)

ئېيتىمەنكى: جەننەتتە روھىي نېمەتلەر ۋە جىسمانىي نېمەتلەر بەخت ـ سائادەتنىڭ ھەممىسى بولغاچقا، جەننەتتە چېدىرلار، بازارلار بولۇشىغىمۇ يىراق سانىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى چېدىرلاردىمۇ مەلۇم مەنپەتلەر بار. بازاردىمۇ كۆڭۈل ئېچىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇردا قويۇش ۋە تەكىتلەش ئۈچۈن «جەننەت ياخشىلار يۇرتىدۇر» دېگەن رىسالەمدىكى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جۈملىنى كەلتۈرۈش ۋە سۆزلەش كۇپايە.

جەننەتتە چېدىرلار چوقۇم بار. قانداقمۇ بولمىسۇن؟ ھالبۇكى جەننەت چېدىرلىرىنى ياراتقۇچى الله تائالا سۈرە ئەرراھماندا: «چېدىرلارنىڭ سىرتىغا چىقمايدىغان ھۆرلەر بار» (72- ئايەت) دەيدۇ. بۇ چېدىرلارنىڭ كۆرۈنىشى قانداق؟ قايسى خىلدا؟ قانداق ماددىدىن تارتىلغان؟ جەننەت ئەھلىگە بېرىدىغان ھوزورى ۋە مەنپەئەتى، گۈزەللىكى قانچىلىك؟ دېگەن سۇئاللار كېلىدۇ. بۇ سۇئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ئېغىزىدىن ئېلىنىدۇ، رەسۇلۇللانىڭ جاۋابى قەتئى راست ۋە ئوچۇق ھۆججەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇ: «مۆمىنگە جەننەتتە ئىچى كاۋاك مەرۋايىتتىن ياسالغان چېدىر بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60

مىل (تەخمىنەن100 كىلومېتىر مىقداردا) كەڭلىكىمۇ 60 مىل بولغان بۇ چېدىردا مۆمىنىنىڭ ئائىللىرى بولىدۇ. ئائىللىرنى چۆرگىلەپ يوقلاپ تۇرىدۇ. بەزىسى بەزىسىنى كۆرمەيدۇ. يەنە دېدىم: سۇبھانەللا! جەننەتتە بازارلارمۇ بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. قانداقمۇ بولمايدۇ؟ ھالبۇكى، الله تائالاغا ئىشەنگەن ۋە دىن يولىدا تۈز ماڭغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەر سۆزىنى نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇ: «﴿بىز سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە دوستۇڭلارمىز. سىلەرگە جەننەتتە كۆڭلۈڭلار تارتقان ۋە تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار﴾ دەيدۇ.» دېدى. مۆمىنلەرنىڭ بولۇپمۇ دۇنيادا بازاردا كۈنۈپ قالغانلارنىڭ جەننىتىمۇ بازارنى كۆڭلى تارتىپ قېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئابدىراخمان ئىبنى ئەۋف (رەزىيەنلاھۇئەنھۇ) ۋە باشقا سودىگەرلەر ئەسھابىلەردەك، راستىلىق ۋە ئىشەنچلىك بىلەن تىجارەت قىلىپ، كۆپ پايدا تاپقانلارنىڭ كۆڭلى بازار سېغىنىشى، بازار تەلەپ قىلىشى مۇمكىن، الله تائالا ئۇلارغا نېئمىتىنى تولۇق بېرىش ئۈچۈن جەننەتتە بازار يارىتىپ بېرىشى يىراق ئەمەس. ھەدىس ئۆلىمالىرىدىن ئىمامى مۇسلىم بىزگە جەننەتتە بازار بارلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇ: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتە بازار بار، ئەھلى جەننەت ئۇ بازارغا بىر ھەپتە مىقداردا بىر كىلىدۇ. ئاندىن شىمال تەرەپتىن شامال چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە، كىيىملىرىگە شامال تېگىش بىلەن ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى تېخىمۇ زىيادىلىشىدۇ. بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەلراق ھالدا خوتۇن بالىلىرى قېشىغا كىلىدۇ. بالا چاقىسى ئۇلارغا: اللەغا قەسەمكى، بىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن گۈزەللىكىڭ زىيادىلىشىپتۇ، دېيىشىدۇ» دېدى. (سەھىھۇل مۇسلىم 145-بەت)

# جەننەتتىكى يېمەك-ئىچمەكلەر

پەيلاسوپلاردىن، ناساراللاردىن بىر بۆلەكلەر جەننەتكە بولغان تونۇشىدا ئازدى. جەننەتنىڭ نېمىتىنى خاس روھانىي بولۇپ، جەننەتتە جىسمانىي نېمەتتىن ھېچ نەرسە يوق، دەپ گۇمان قىلىشتى. بۇ تونۇش قەتئىي خاتا ۋە باتىل بولۇپ بۇنىڭ باتىللىقىغا الله تائالا ۋە پەيغەمبەرلەر تەرەپتىن بىر نەرسە بىلگەن، تونۇغان كىشى شەك قىلمايدۇ.

تۆۋەندىكى ئەقلىي ھۆججەتلەر ۋە ئاڭلىغان دەلىللەر بولۇپ، ئۇنى بۇ جانلىق، شەرەپلىك ئېتقادنىڭ راستىلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن ئوتتۇرىدا قويىمىز، ئېيتىمىزكى:

1. نېئمەت بېرىلمەكچى بولغان روھلارغا راستتىن نېمەتلىنىش، پەقەت شۇ روھلارغا مۇناسىپ بولغان ۋە ئۇنىڭدا رولار ئورنىشىپ دائىم ياشايدىغان جىسىم بەدەن ئىچىدە بولغاندا ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا شەھىدلەرنى ھۆرمەتلىمەكچى، نېمەتلەندۈرمەكچى بولغاندا ئۇلارنىڭ روھلىرىغا مەخسۇس، مۇناسىپ بەدەن جىسىم يارىتىدۇ. روھلار شۇ بەدەنگە كىرىپ تۇرۇپ، شۇ تەييارلانغا نېئمەت بىلەن قىيامەتكە قەدەر نېمەتلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە خەۋەر قىلىپ ئېيتتى: «شەھىدلەرنىڭ روھلىرى يېشىل ئۇچارلىقلارنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ، جانۋارلار جەننەتتە يايرايدۇ، ئەرش ئاستىغا ئېسىلغان بالداق چىراغلارغا قونۇپ ئولتۇرىدۇ. بۇ خەۋەرنى راست دەيدىغان ھۆججەت قۇرئاندا الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: «الله يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى رىزقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ). ئۇلار اللەنىڭ ئۆزلىرىگە

بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ، 170 ـ ئايەتلەر)

2. ئىنساننى بۇگۈن بۇ دۇنيادا يارىتىشقا، رىزق بېرىشكە، ئىنسانغا دۇنيانىڭ پاك يېمەكلىكلىرى، تاتلىق ئىچىملىكلىرى، گۈزەل كىيىملىرى، ئالىي ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، ئېسىل ئات ـ ئۇلاغلىرىنى يارىتىپ بېرىشكە يېتەرلىك بولغان كۈچ ـ قۇدرەت، ئەلۋەتتە، بۇنداق نېمەتلەرنى جەننەتتە تېخىمۇ كامىل، تېخىمۇ ئېسىل يارىتىپ بېرىشكە يېتىدۇ.

3. قىسقا مۇددەتتىن كېيىن يوقۇلۇشى ئاساس قىلىنىپ يارىتىلغان بۇ دۇنيا ھاياتىنى، مەڭگۈ تۇرۇشى ئاساس قىلىپ يارىتىلغان ئاخىرەت ھاياتىدىن ئەۋزەل كۆرۈش، يوقۇلىدىغاننى يوقالمايدىغاندىن ئەلا كۆرۈش ئەقىل ئالدىدا رەت قىلىنىدۇ، شۇڭا بۇ دۇنيا جاپا ـ مۇشەققەت يۇرتى، مۇرادىغا يېتەلمەسلىك ۋە يوقۇلۇش يۇرتى تۇرسا، دۇنيادىكى ھەر نەرسە ۋاقىتلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تۇرسا، ئۇنىڭ نېمىتى ھەم جىسمانىي ھەم روھانىي بولۇشى جىسىم بىلەن روھ ئورتاق بەھرىمان بولۇشى، ئاخىرەت ھاياتى دائىملىق تۇرۇپ ئۇنىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرى خاس روھانىي بولۇشى، جىسمانىي بولماسلىقى ئەقىلغا سىغامدۇ. قەبرىدىكى ھايات بولسا، ئىنسان ئۆلگەندىن باشلاپ قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىپ قوپىدىغان كۈننىڭ ئارىلىقىدىكى بىر مۇددەت بولۇپ، بۇ مۇددەتتە جاننىڭ تەن بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلمەيدۇ. تەن گەرچە چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ، روھنىڭ قەبرى بىلەن كامىل ئالاقىسى بولىدۇ. روھقا نىسبەتەن قەبرى سىمسىز تېلگېراما مەركىزىگە ئوخشاش بولۇپ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا قەبرىدىكى جەسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ. بۇ توغرىدا ئىشەنچلىك ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىيىتنى زىيارەت قىلغىلى بىر كىم كەلسە، مىيت ئۇنى تونۇيدۇ ۋە سالامغا جاۋاب قايتۇرىدۇ» دېدى. (ئىبنى ئابدۇلبەررى رىۋايىتى «كىتابۇ ئەزۋائىل بايان»)

ئاخىرەتتىكى نېمەتلەر ھەم روھانىي ھەم جىسمانىي ئىكەنلىكى يۇقىرىدا كۆرسەتكەن ئەقلىي دەلىللىرىمىز بولسا، الله تائالادىن ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلانغان دىنى، شەرئىي دەلىللەر ئالدىدا ھېچ قانچە ئەمەس. چۈنكى يارىتىلغان شەيئىنىڭ ئەھۋالىنى ياراتقۇچى بىلگەندەك باشقا بىر كىم بىلمەيدۇ. جەننەت ئەھۋالىنى كۆزى بىلەن كۆرگەن رەسۇلۇللادەك بىلىدىغان ئىنسان يوق. الله تائالا ئۆزىنىڭ ئىسلامغا ئىشەنگۈچى ۋە الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغۇچى، دىنغا بويسۇنغۇچى بەندىلىرىگە تەييارلاپ قويغان نېمەتلىرىدىن خەۋەر قىلىپ ئېيتىدۇ: «(ئۇلارغا) ⟨بەندىلىرىم! بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق غەم ـ قايغۇمۇ يوق⟩ (دېيىلىدۇ). ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ۋە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. (ئۇلارغا) ⟨سىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام ھالدا جەننەتكە كىرىڭلار⟩ (دېيىلىدۇ). ئۇلارغا ئالتۇن لېگەنلەردە (تائام) ئالتۇن جاملاردا (شاراب) تۇتۇلىدۇ. جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر. سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەلىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر. جەننەتتە نۇرغۇن (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار ئۇنىڭدىن يەيسىلەر.» (سۈرە زۇخرۇف 68 ـ ئايەتتىن 73 ـ ئايەتكىچە)

رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم جەننەتكە كىرگەنلەرنىڭ جەننەتتىكى نېئمەتلىرىنى ئۆزى كۆرگەن تونۇغىنى بويىچە سۈپەتلەپ ئېيتىدۇ: «ئەھلى جەننەتلەر جەننەتتە يەيدۇ، ئىچىدۇ، تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ»، ئەسھابىلەر: «يېگەن تائاملار نەگە

كېتىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىكىرىك بىلەن، ئىپاردەك تەرلەش بىلەن سىڭىپ يوقۇلىدۇ. ئۇلارغا سۇبھانەللاھۇ، ئەلھەمدۇلىللاھ دېمەك ئىلھام قىلىنىدۇ. تىنىق ئىلھام قىلىنغاندەك» دېدى.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەھلى جەننەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە بولغىنىغا ئون مىڭ خىزمەتچى بېرىلىدۇ. ھەر بىر خادىم قولىدا ئالتۇندىن بىر قاچا، كۈمۈشتىن بىر قاچا بولۇپ، ھەر بىر لېگەندە بىر خىل غىزا بار. بۇرۇن يېگەن، كېيىن يېگەن تاماقلىرى ھەممىسى ئىسسىق، لەززەتلىكتۇر. يېگەن تاماقلار خۇش پۇراق ئىپاردەك كىكىرىك بىلەن سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇلار چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ. بۇرنىنى مىشقىرمايدۇ» دېدى. (تەبرانى رىۋايىتى)

بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىز پەقەت دەلىل ـ ھۆججەت ئۈچۈنلا كۆرسىتىشتۇر. بولمىسا ئەھلى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىنىڭ روھانىي ھەم جىسمانىي ئىكەنلىكىنى، نېمەتلەر يېمەك ئىچمەككىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئالىي كىيىملەر، ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت، كارىۋات، ساپالاردا ئولتۇرۇشلىرى، ئاياللار، نەغمە ناۋادىن مەنپەئەتلىنىشلىرى، ئات مىنىش، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ زىيارەت قىلىشلىرى، دوستانا ئۇچرىشىشلىرىدىن ئىبارەت نېمەتلەر بارلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىدىغان ئونلارچە ئايەتلەر ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەر بار. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرگە قۇلاق سالايلى، ﷲ تائالا ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام بىزگە خەۋەر بېرىدۇ. جەننەتتىكى زىننەتلىك كىيىملەر، ئالتۇن جابدۇقلار ھەققىدە: «ﷲ ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى ۋە مەرۋايىتلارنى زىننەت بويۇملىرى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىمى يىپەكتىن بولىدۇ. ئۇلار ياخشى سۆزگە (يەنى كەلىمە تەۋھىدكە) ھىدايەت قىلىندى، ﷲنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلىندى.» (سۈرە ھەج 23-، 24- ئايەتلەر)

ﷲ تائالا جەننەتتىكى كارۋاتلار توغرىسىدا: «(ئۈچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) قىلغۇچىلار بولۇپ (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار نازۇ- نېئمەتلىك جەننەتلەردە ﷲغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر. بۇلار ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپتۇر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدە ئازدۇر، ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە يۆلەنگەن ھالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.» دېدى (سۈرە ۋاقىئە 10- ئايەتتىن 16- ئايەتكىچە) يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ سەۋر- تاقەتلىرى ئۈچۈن ﷲ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقمۇ، قاتتىق سوغۇقمۇ كۆرمەيدۇ.» (سۈرە ئىنسان 12-، 13- ئايەتلەر)

جەننەتتىكى ئاياللار توغرىسىدا ﷲ تائالا ئېيتتى: «ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىگە كۆز سالمايدىغان، شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ. ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ.» (سۈرە ساففات 48-، 49- ئايەت)

سەھىھۇل بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئەھلى جەننەتنىڭ ئاياللىرىدىن بىر ئايال بۇ زېمىنغا چىقسا ئىدى، پۈتۈن زېمىن خۇشپۇراققا توشۇپ كېتەر ئىدى ۋە پۈتۈن زېمىننى نۇرلاندۇرىۋېتەتتى، ئۇ ئاياللارنىڭ بېشىدىكى لىچەك پۈتۈن دۇنيادىن ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ياخشى» دېدى. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئەھلى جەننەتنىڭ ئاياللىرىدىن بىرسى بۇ دۇنياغا كۆرۈنسە ئىدى، پۈتۈن زېمىن ئىپار پۇرىقىغا توشۇپ كېتەر ئىدى. كۈن بىلەن ئاينىڭ يورۇقى يوقۇلاتتى» دېدى. (تەبرانى رىۋايىتى)

جەننەتتە نەغمە ـ ناۋا، كۆڭۈل ئېچىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتە شەھلا

كۆزلۈك، ئاق ــ سۈزۈك خانىملار يىغىلىشى بولىدۇ. ئۇلار مۇندىن بۇرۇن ئاڭلىمىغان چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئۇنلۇك غەزەل ئوقۇپ: ﴿بىز دائىملىق بارمىز، يوقالمايمىز، بىز ئۇنىڭ، ئۇ بىزنىڭ بولغان ئەرلەرگە مۇبارەك بولسۇن﴾ دېگەن مەزمۇندا شېئىر ئوقۇشىدۇ» دېدى. (تىرمىزى ۋە بەيھەقى رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە: «جەننەتتە جەننەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ بىر ئۆستەڭ بار. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قىزلار بىر ــ بىرىگە قارىشىپ، ئۆرە تۇرۇپ، چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئوقۇيدۇ. ھەممە كىشى ئاڭلايدۇ، ھەتتا جەننەتتە مۇنداق گۈزەللىكنى كۆرمىگەندەك بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «بۇ غەزەللەرنىڭ مەزمۇنى نېمە؟» دەپ سورالغان ئىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە جاۋاب بېرىپ: «ئىنشائاللا ئۇنىڭ مەزمۇنى، الله تائالانى پاك، مۇقەددەس دەپ تونۇش، ھەمدى ــ سانا ئېيتىشتىن ئىبارەت» دېدى. (بەيھەقى رىۋايىتى)

جەننەتتىكى ئاتلار ۋە ئۇنى مىنىش ھەققىدە ھەدىسلەردە ئېيتىلىدۇ، ئابدۇراھمان ئىبنى سائىدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتى: «مەن ئات مىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدىم، مەن دېدىم: «ئى رەسۇلۇللا! جەننەتتە ئارغى ئاتلارمۇ بارمۇ؟»، رەسۇلۇللا: «ئى ئابدۇراھمان، ئەگەر سېنى الله تائالا جەننەتكە كىرگۈزسە، سېنىڭ ياقۇتتىن ئىككى قاناتلىق، نەگە خالىساڭ سېنى ئاپىرىدىغان ئېتىڭ بولىدۇ» دەيدۇ. (تەبرانى رىۋايىتى، ئىشەنچىلىك سەنەدلەر بىلەن) يەنە بىر ھەدىستە: «جەننەتتە بىر دەرەخ بار، ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرەپتىن ئالىي كىيىم ــ كېچەكلەر چىقىدۇ. ئاستىن تەرەپتىن ئالتۇندىن يارىتىلغان ئاتلار چىقىدۇ. ئۇنىڭ يۈگەنلىرى گۆھەردىن، ياقۇتتىن بولىدۇ. ئۇ ئاتلار سىيمەيدۇ. تېزەكلىمەيدۇ، قاناتلىرى بار، كۆز يەتكۈدەك يەرگە بىر قەدەم سالىدۇ. ئەھلى جەننەت ئۇنى مىنگەندە، نەگە بارىمەن دېسە، ئۇچۇپ شۇ يەرگە ئاپىرىدۇ» دېدى. (ئىبنى ئەبى دۇنيا رىۋايىتى)

ئەھلى جەننەتلەرنىڭ بىر ــ بىرىنى يوقلاپ، زىيارەت قىلىشى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتكە تېگىشلىكلەر جەننەتكە كىرگەندە، بەزىسى بەزىسىنى سېغىنىدۇ، ئاندىن بۇنىڭ كارۋىتى ئۇنىڭ تەرىپىگە، ئۇنىڭ كارىۋىتى بۇنىڭ تەرىپىگە ماڭىدۇ. بىر يەرگە كېلىشىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ، بىرسى يەنە بىر ھەمراھىغا: ﴿الله تائالا گۇناھىمىزنى قاچان كەچۈردى، بىلەمسەن؟﴾ دەيدۇ، ھەمراھى: ﴿پالانى كۈنى، مۇنداق ھالەتتە الله تائالاغا دۇئا قىلدۇق، ئاندىن مەغپىرەت قىلدى،﴾ دەيدۇ» دېدى.

## ئەھلى جەننەتتە ھاسىل بولغان ئەڭ چوڭ روھانىي نېئمەت

رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتىكىلەر جەننەتكە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىر پەرىشتە كېلىپ: ﴿الله تائالا سىلەرنى ئۆزىنى زىيارەت قىلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ﴾ دەيدۇ، ئۇلار توپلىشىدۇ. الله تائالا داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى بۇيرۇيدۇ، ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن تەسبىھ تەھلىل ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن ﴿مەڭگۈلۈك داستىخان﴾ دېيىلىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللادىن «مەڭگۈلۈك داستىخان دېگەن نېمە ئۇ؟» دەپ ئەسھابىلەر سورىدى. رەسۇلۇللا: «ئۇ داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىنمۇ كەڭ بولۇپ، ئەھلى جەننەتكە تائام بېرىلىدۇ، ئاندىن كىيىم كەيگۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئۇلار: ﴿پەرۋەردىگارىمىز جامالىنى كۆرۈشتىن باشقا ئارزۇيىمىز قالمىدى﴾»دېيىشىدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇلارغا ئۆزىنى

كۆرسىتىدۇ. ئۇلار سەجدىگە يىقىلىدۇ. ئۇلارغا: 〈سىلەر ئەمەل ئىبادەت جايىدا ئەمەس، ئەمدى ئەجرى مۇكاپات ئورنىدا سىلەر〉 دېيىلىدۇ.» دېدى.(ئەبۇ نەئىم رىۋايىتى)

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئەھلى جەننەت ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغىتىدە بولۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز بىر نۇر چاقنايدۇ. ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنى كۆرىدۇ. پەرۋەردىگار ئۇلارغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. الله تائالا ئۇلارغا: 〈ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئى جەننەت ئەھلى!〉 دەيدۇ. ئۇلار الله تائالاغا قاراپ تۇرغان داۋامىدا، باشقا نېئمەتلەرگە قارىمايدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۆزىنى پەردىگە ئالىدۇ، ئۇلاردا الله تائالا جامالىنىڭ بەركىتى ۋە نۇرى داۋاملىق قېلىپ قالىدۇ.» دېدى.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەھلى جەننەتكە الله تائالا: 〈ئى ئەھلى جەننەت!〉 دەيدۇ. ئۇلار: 〈لەببەيك پەرۋەردىگارىمىز! ھەممە ياخشىلىق سىنىڭ ئىلكىڭدە!〉 دېيىشىدۇ. الله تائالا ئۇلارغا: 〈رازى بولدۇڭلارمۇ؟〉 دەيدۇ. ئۇلار: 〈بىزگە ھېچقانداق مەخلۇقىڭغا بەرمىگەن نېئمەتلەرنى بەرسەڭ يەنە نېمىگە رازى بولمايتتۇق؟〉 دېيىشىدۇ. الله تائالا ئېيتىدۇ: 〈سىلەرگە رازىلىقىمنى چۈشۈرىمەن، مۇندىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىز كايىمايمەن.〉 دەيدۇ» دېدى. (مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ ئىباردىتى(تېكىستى)ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

## ھالاكەت ئورنى ــ دوزاخ

ھالاكەت يۇرتى بولسا دىن ئىسلامغا ئىشەنمىگەن كاپىرلارنىڭ ئورۇنلىشىدىغان يېرى بولغان جەھەننەم ئوتىدۇر. دىن ئىسلامغا ئىشەنگۈچىنىڭ قىيامەت كۈنىگە ياكى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ قوپۇپ ئەقىدە ۋە ئەمەلىي ئىش ـ ھەركىتىگە قارتا چارە قىلىنىش كۈنىگە بولغان ئەقىدە تونۇشىنى تولۇق رۇشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن جەننەت بىلەن دوزاخنى ئايرىم ـ ئايرىم ئوتتۇرىدا قويۇپ، جەننەتكە رىغبەتلەندۈرۈشكە دوزاختىن قورقۇتۇشقا سەۋەب بولارلىق تەرىقىدە ھەر قايسىسىنىڭ راستى ۋە ماھىيىتىنى بايان قىلىپ جەننەتنى ئىمان ۋە تەقۋا بىلەن (دىن ئىسلامغا ھەقىقى ئىشىنىپ، دىنغا خىلاپ سۆز ھەركەتلەردىن ساقلىنىش بىلەن) تەلەپ قىلىش كېرەكلىكىنى، دوزاختىن قۇتۇلۇشنى شېرىكتىن ساقلىنىش بىلەن، گۇناھ بولىدىغان ئىشلارنى تاشلاش (قىلماسلىق) بىلەن تەلەپ قىلىش كېرەكلىكىنى ئوچۇق سۆزلەش لازىم، دېگەن ئىدۇق. تىنىچلىق يۇرتى بولغان جەننەتنى كەڭ تاشا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. الله خالىسا كىتاب ئوقۇغۇچىلار بۇ بايانىمىزنىڭ ئاخىرىغا يەتكەندە جەننەتنى كۆزى بىلەن كۆرگەندەك، جەننەتتە جان، تېنى بىلەن ياشاپ باققاندەك بولىدۇ. ئەمدى ھالاكەت يۇرتى دوزاخنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز. الله بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن! ئۇنىڭ ئازابىدىن يىراق قىلسۇن، جەننەتكە ۋە ئۇنىڭ نېمىتىگە يەتكۈزسۇن! ئامىن! ئېيتىمەنكى دوزاخ توغرىسىدا سۆزلىشىمىز جەننەت توغرىسىدا سۆزلىشىمىزگە ئوخشاش بولمايدۇ. دېمەك جەننەت توغرىسىدا كەڭ كەڭرى سۆزلەش ياخشى بولسا دوزاخ توغرىسىدا قىسقىراق سۆزلەشكە تىگىشلىك. چۈنكى نېمەتنى سۆزلىگەندە تەن كەڭرىيدۇ. ئازاب ئوقۇبەتنى ئاڭلىغاندا يۈرەك سىقىلىدۇ، قورقىدۇ. شۇڭا دوزاخ ھەققىدىكى بايانىمىزنى قىسقارتىپ سۆزلەيمىز.

## قىيامەت مەيدانىدا جەھەننەمنىڭ ئىنسانلارغا يېقىن قىلىنىشى

بۇ ھەقتە اللە تائالا: «ئۇ كۈندە جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ.» دېدى. (سۈرە فەجىر 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە «دوزاخ گۇمراھلارغا ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ.» دېدى. (سۈرە شۇئەرا 91-ئايەت)

قىيامەت بولۇش ۋاقتى كەلگەندە، بۇ ئالەمدە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ زېمىن باشقا زېمىنغا، ئاسمانلار باشقا ئاسمانغا يەڭگۈشلىنىدۇ. قەھرىلىك بىر اللە تائالا بۇ ھەقتە سۈرە ئىبراھىمدا: «ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار (يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يىگانە، قۇدرەتلىك اللەنىڭ دەرگاھىدا (يەنى مەھشەرگاھىدا) ھازىر بولىدۇ.» دېدى. (سۈرە ئىبراھىم 48-ئايەت)

«قىيامەت مەيدانىغا توپلانغان خالايىقلارغا ئاجايىپ بىر ۋەقە كۆرىنىدۇ، ئۇ بولسا دوزاخنىڭ ئۇلارغا ئاشكارە كۆرىنىشى، ئۇلارنىڭ ئۇنى كۆرىشى بولۇپ، دوزاخ پويىزنى سۆرىگەندەك زەنجىر بىلەن سۆرەپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە: «(گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ. (بۇ چاغدا) ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئۇ ئېيتىدۇ: 〈كاشكى مەن (دۇنيادىكى) ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!〉». (سۈرە فەجىر 23-ئايەت)

يەنە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يولدىن ئازغانلارغا دوزاخ ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ. ئۇلارغا: 〈سىلەر ئىلگىرى اللەنى قويۇپ چوقۇنغان نەرسەڭلار قەيەردە؟ ئۇلار سىلەرگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟ يا ئۆزلىرىگە ياردەم بېرەلەمدۇ؟〉 دېيىلىدۇ. بۇتلار گۇمراھلار ۋە ئىبلىسنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دوزاخقا ئۈستى- ئۈستىلەپ تاشلىنىدۇ.» (سۈرە شۇئەرا 91-ئايەتتىن 95-ئايەتكىچە)

سەھەھۇل ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى جەھەننەم 70مىڭ تىزگەن بىلەن كەلتۈرۈلىدۇ، ھەربىر تىزگەننى 70 مىڭ پەرىشتە سۆرەپ ئەكىلىدۇ.» دېدى. (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

## جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى

ھالاكەت ئورنى دوزاخ بولسا بىر نەچچە قەۋەتلىك بەختسىزلىك ماكانىدىن ئىبارەت بولۇپ، قەۋەتلەردىكى ئازاب ئوخشاش بولمايدۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىنىڭ ئازابى يەڭگىلرەك بولىدۇ، بارغانچە ئاستىن قەۋەتنىڭ ئازابى قاتتىق بولىدۇ، ھەر قەۋەتنىڭ ئايرىم ئىسمى بار، ئايرىم دەرۋازىسى بار، اللە تائالا مۇنداق دېدى: «چوقۇمكى، جەھەننەم شەيتان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسگە ۋەدە قىلىنغان جايدۇر. جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن كىرىدىغان مۇئەييەن بىر بۆلۈك ئادەملەر بار.» (سۈرە ھىجىر 43-ئايەت)

يەنە اللە تائالا مۇنداق دېدى: «مۇناپىقلار (سىرتقى كۆرۈنۈشى مۇسۇلمان، قەلبىدە كاپىرلار تەرەپتە بولغانلار) دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىقى تەرىپىدە بولىدۇ.» (سۈرە نىسا 145-ئايەت)

دوزاخنىڭ چوڭقۇر قەۋەتلىرىنىڭ ئىسىملىرى قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنىدى. دوزاخ ھەققىدە سۆزلەنگەن ئايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئونلارچە ئايەتتە كەلدى. تەرتىۋى مۇنداق: 1-جەھەننەم، 2-لەزا، 3-ھۇتەمە، 4-سەئىر، 5-سەقەر، 6-ھەجىم، 7-ھاۋىيەدۇر، مانا بۇ يەتتە قەۋەتتۇر. «ئى اللە بىزنى بۇنىڭدىن قوغداپ قالغىن! دوزاخ ئازابى مەڭگۈلۈك ئازابتۇر. جەھەننەم چوقۇم يامان جايدۇر.» (سۈرە فۇرقان 65- ئايەت)

## دوزىخىلار ئۇنىڭغا قانداق كىرىدۇ؟

دوزاخقا تىگىشلىك ئاسىيلارنى گورۇھ ـ گورۇھ ھالەتتە ئارقا ـ ئارقىدىن ھەيدەپ دوزاخقا ئېلىپ بېرىلىدۇ. الله تائالا سۈرە زۇمەر 71ـ ئايەتتە: «كاپىرلار جەھەننەمگە توپ ـ توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ.» دېدى. كافىر مۇناپىقلارنى دوزاخ يىراقتىن كۆرگەن ھامان ئۇلار دوزاخنىڭ كايىپ قىقىراپ كەتكىنىنى ئاڭلايدۇ. الله بۇ ھەقتە: «دوزاخ ئۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن چاغدا، ئۇلار دوزاخنىڭ غەزەپتىن قاينىغان ۋە (ئېشەكنىڭ) ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.» دېدى. (سۈرە فۇرقان 12ـئايەت)

ئاندىن كېيىن دوزاختىن بويان (گەردەنلەر) چىقىپ مەيداندىكى زالىملار مۇشرىكلاردىن الله تائالا خالىغانلارنى يۇتۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئوچۇق كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «قىيامەت كۈنىدە دوزاخنىڭ كۆرىدىغان ئىككى كۆزى بار، ئاڭلايدىغان ئىككى قۇلىقى بار، سۆزلەيدىغان تىلى بار. بويۇنلاردىن چىقىپ: «مەن ھەق دىندىن باش تارتقان زوراۋانلارنى، الله تائالاغا باشقىلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغانلارنى، سۈرەت ياسىغۇچىلارنى دوزاخقا تارتىپ كىلىشكە مەسئۇل قىلىندىم» دەيدۇ. بۇ گورۇھلار دوزاخقا ھەيدىلىدۇ. ئۇلار دوزاخقا يېتىپ بارغاندا ئىشىكلىرى تاقاغلىق بولىدۇ. ئاندىن ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. ئۇلارنى قاتتىق ئېتتىرىپ تاشلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئۇ كۈندە ئۇلار دوزاخكە قاتتىق ئېتتىرىلىدۇ. (ئۇلارغا) ‹مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر،› دېيىلىدۇ. (ئۇلارغا) ‹(كۆزلىرىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازاب) سېھىرمۇ ياكى سىلەر كۆرمەيۋاتامسىلەر؟ دوزاخكە كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەربىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختە مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر› (دېيىلىدۇ).» (سۈرە تۇر 13ـئايەت)

مانا بۇ دوزاخ ئەھلىنىڭ دوزاخقا كىرگەن ۋاقىتتىكى قىسمەن ئەھۋالى بولۇپ، دوزاخ توغرىسىدا سۆزلەيدىغىنىمىزدىن بىر بۆلۈكىنى بايان قىلىش ئۇچۇن سۆزلىدۇق. ۋەدىمىزدە تۇرۇش ئۇچۇن يەنە قىسقارتىپ سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرىمىز، الله تائالا ياردەم سورالغۇچىدۇر.

## دوزىخىلارنىڭ دوزاختىكى ئازابى ۋە مالامەت قىلىنىشلىرى

بۇ ھالاكەتكە ئۇچرىغان، زىيان تارتقان جامائەلەر جەھەننەمگە تاشلانغان ۋە خار، ھەقىر، بىچارە ھالدا دوزاخقا ئورۇنلاشقان زامان، ئۇلارغا روھى ئازاب يۈزلىنىدۇ. ئۇ بولسا كايىش، دەككە بىرىش ئازابى بولۇپ، ئازابلاشقا مەسئۇل پەرىشتىلەر تەرىپىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» (سۈرە مۇلۇك 8ـئايەت) دەيدۇ. يەنە: «ئاراڭلاردىن سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىڭلارنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟ مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دوزاختۇر.» دەيدۇ. (سۈرە زۇمەر 71ـئايەت ۋە سۈرە تۇر 14ـ ئايەتلەر) يەنە پەرىشتىلەر ئۇلارغا: « دوزاخكە كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەربىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختە مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر.»، «تېتىڭلار! سىلەرگە پەقەت ئازابنىلا زىيادە

قىلىمىز» دەيدۇ. (سۈرە نۇر 16ـ ئايەت، سۈرە نەبە 30ـ ئايەت)

مۇنداق سىلكىشلەش، كايىشلارنىڭ بايانى قۇرئاندا كۆپ بولۇپ، بىز ئاز بىر قىسمىنى سۆزلىدۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تاپا مالامەت قىلىشى ھەققىدىكى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ مالامەتلىرىنى راستلىق، ئىشەنچلىك بىلەن مۇقەررەرلەشتۇرگەنلىرىگە قۇلاق سالايلى، الله تائالانىڭ خەۋىرىنى يۈرىكىمىز بىلەن تىڭشايلى، الله تائالا ئېيتىدۇ: «الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا الله تائالا ئېيتىدۇ: ⟨سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۆتكەن جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان ئۈممەتلەر بىلەن بىللە دوزاخقا كىرىڭلار!⟩ ھەر قاچان بىر ئۈممەت (بىر گورۇھ ئاسىيلار) دوزاخقا كىرسە، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقىلارغا (ئۇلارغا ئەگىشىپ يولدىن ئازغانلىقى ئۈچۈن) لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا كىرىپ جۇغلاشقاندا، كېيىن كىرگەنلەر (ئەگەشكۈچىلەر) بۇرۇن كىرگەنلەرگە يەنى باشلىقلىرىغا قارىتىپ: ⟨ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇلار بىزنى ئازدۇرغان، ئۇلارغا ئىككى ھەسسە ئوت ئازابى بەرگىن⟩ دەيدۇ، الله تائالا: ⟨ھەممىگە قاتمۇ - قات ئازاب بېرىلىدۇ. لېكىن سىلەر ئازابنىڭ ئىغىرلىقىنى بىلمەيۋاتىسىلەر⟩ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارسىدىكى ئىلگىرىكىلەر كېيىنكىلەرگە : ⟨سىلەرنىڭ بىزدىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقىڭلار يوق (يەنى گۇمراھلىقتا ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولۇشتا بىر - بىرىمىزگە ئوخشايمىز) قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار⟩ دەيدۇ. (سۈرە ئەئراف38ـ، 39ـ ئايەتلەر) يەنە الله تائالا ئېيتىدۇ: «كافىرلار: ⟨بۇ قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز⟩ دەيدۇ. ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختۇتۇپ قۇيۇلغان چاغدا، بەزىسى بەزىسى بىلەن جىدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنۇچلۇق ھالنى كۆرەتتىڭ). بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: ⟨ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار، بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق⟩ دەيدۇ. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا: ⟨سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن، بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزەڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار⟩ دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: ⟨ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنىڭ بىزگە) كېچە - كۈندۈز قىلغان ھىيلە - مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى). ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللهنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار⟩ دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (يەنى ھەر ئىككى گورۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كافىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز. ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.» (سۈرە سەبەئ 31ـئايەتتىن 33ـئايەتكىچە)

يەنە الله تائالا ئېيتىدۇ: «ئۇلار بىرـ بىرىگە قاراپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ئەگەشكۈچىلەر ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە: ⟨سىلەر (سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا) قەسەم ئىچىپ، بىزنى ئىماندىن تۇسۇيتتۇڭلار⟩ دەيدۇ. (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئەگەشكۈچىلەرگە) ئېيتىدۇ: ⟨سىلەر (ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن) مۆئمىن بولمىدىڭلار. بىزنىڭ سىلەرنى (بىزگە ئەگىشىشكە) زورلايدىغان كۈچىمىز يوق ئىدى. بەلكى سىلەر (بىزگە ئوخشاش) ئازغان قەۋم ئىدىڭلار. پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزنى (جازالاش) سۆزى بىزگە تېگىشلىك بولدى، بىز ھەقىقەتەن (شۇ سۆز بويىچە ئازابنى) چوقۇم تېتىغۇچىمىز. سىلەرنى بىز ئازدۇردۇق، چۈنكى بىز ھەقىقەتەن ئازغان ئىدۇق⟩ دەيدۇ. ئۇلار (يەنى ئەگەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئەگەشكۈچىلەر) بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئازابتا ئورتاقتۇر.» (سۈرە سافڧات 27ـئايەتتىن 33ـئايەتكىچە)

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كافىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر. ئۇ جەھەننەمدۇر، ئۇلار جەھەننەمگە كىرىدۇ، ئۇ نېمە دېگەن يامان

جاي! بۇ (كۆيدۈرگۈچى) قىزىق سۇدۇر، قان ـ يىرىڭدۇر، ئۇلار بۇنى تېتىسۇن. يەنە (ئۇلارغا) مۇشۇ خىلدىكى باشقا تۈرلۈك ئازابلار بار. (ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن دوزاخقا كىرگەن چاغدا ئەگەشتۈرگۈچىلەرگە ئېيتىلىدۇ) 〈بۇ جامائە سىلەر بىلەن بىرگە كىرگۈچىدۇر〉. (ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئېيتىدۇ) 〈ئۇلار قارشى ئېلىنمايدۇ، ئۇلار چوقۇم (بىزگە ئوخشاش) ئازابنى تېتىغۇچىدۇر〉. ئەگەشكۈچىلەر ئېيتىدۇ: 〈بەلكى سىلەر قارشى ئېلىنمايسىلەر، سىلەر ئازابنى بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار (يەنى بىزنى ئازدۇرۇپ دوزاخقا كىرىشىمىزگە سەۋەبچى بولدۇڭلار)، بۇ نېمە دېگەن يامان جاي!〉 ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر): 〈پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە دوزاخ ئازابىنى ئىككى ھەسسە زىيادە قىلغىن〉 دەيدۇ. ئۇلار (يەنى كافىرلارنىڭ كاتتىباشلىرى) ئېيتىدۇ: 〈بىز (دۇنيادىكى چاغدا) يامانلاردىن ھېسابلايدىغان ئادەملەرنى (يەنى مۇئمىنلەرنى) (دوزاختە) كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلارنى بىز (دۇنيادىكى چاغدا) مەسخىرە قىلاتتۇقمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئېغىپ كەتتىمۇ؟ (يەنى ياكى ئۇلار دوزاختە بىز بىلەن بىللە تۇرسىمۇ كۆرمەيۋاتامدۇق؟)〉 ئەھلى دوزاخنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆزئارا جاڭجاللىشىشى چوقۇمدۇر.» (سۇرە ساد 55ـ ئايەتتىن 64ـ ئايەتكىچە)

## دوزاخ ئىچىدە ئىبلىسنىڭ دوزاخ ئەھلىگە سۆزلىشى

دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەجەپلىنەرلىك بىر ئەھۋال بولسا ئىبلىسنىڭ دوزاختا ئۇلارغا تەسىرلىك تەشۋىق سۆزلىشىدۇر. سۆزلىگۈچى ئىبلىسنى سۆز ئاڭلىغۇچى دوزىخىلارنى الله تائالا خار قىلسۇن: ئىبلىسقا ئوتتىن بىر مۇنبەر قويۇپ بېرىلىدۇ، مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ سۆزلەش بىلەن دوزىخىلارنىڭ دەرد ئەلىمى، ھەسرىتى زىيادە بولىدۇ. غەم قايغۇسى قاتتىق بولىدۇ. چۈنكى ئىبلىسنىڭ سۆزى پۇشايمان، نادامەت ۋە ھەسرەت مەزمۇنىدا بولىدۇ. ئىبلىسنىڭ بۇ سۆزىنى قۇرئان كەرىم مۇقەررەر قىلىدۇ. سۇرە ئىبراھىمدا كەلگەن ئايەتكە قۇلاق سالايلى: «ئىش پۈتكەندە (يەنى ھېساب تۈگەپ جەننەتىلەر بىلەن دەۋزىخىلار ئايرىلىپ بولغاندا) شەيتان: «الله ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ساۋاب جازا دېگەنلەر يوق دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق. مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققىلا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزەڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى اللهغا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» دەيدۇ. (سۇرە ئىبراھىم 22ـ ئايەت)

## جەھەننەمدىكى قىزىقلىقنىڭ دەرىجىسى

جەھەننەم ئوتىنىڭ قىزىقلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە قاتتىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تاشلانغان نەرسە ئېرىپ كېتىدۇ. ھەمدە قىزىقلىق بارغانچە زىيادىلىشىپ تۇرىدۇ. الله تائالا

مۇنداق دېدى: «اللە تائالا ھىدايەت قىلغان كىشى توغرا يول تاپقۇچىدۇر. اللە تائالا ئازدۇرغان ئادەمگە اللەتىن باشقا (ئازاپتىن قۇتۇلدۇرىدىغان) بىرمۇ يارەمچى، يېقىن دوستلارنى تاپالمايسەن، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ سۆرەلگەن، قارىغۇ، گاچا، گاس بولغان ھالدا جۇغلايمىز، ئۇلارنىڭ جايى ئوت بولىدۇ. جەھەننەمنىڭ ئوتى پەسلەپ قالسا، ئۇلارغا ئوتنى تېخىمۇ يالقۇنلىتىمىز، ئۇلارغا بۇ جازا ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ‹چىرىگەن سۆڭەككە ۋە تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكىنىمىزدىن كېيىن قايتىدىن تىرىلىپ، يېڭى ئادەم بولامدۇق؟› دەپ قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ جازاسىدۇر. ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان اللەنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىنسانلارنى يارىتالايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟ اللە ئۇلارنىڭ (ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى ئۈچۈن)شەك- شۈبھىسىز مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى.» (سۈرە بەنى ئىسرائىل97- ئايەتتىن 99- ئايەتكىچە)

شۇنىڭ ئۈچۈن جەھەننەم ئوتىنىڭ قىزىقلىقىنى بۈگۈن دۇنيادا خەلقلەر تونۇيدىغان ھەر قانداق قىزىق ئوت ياكى نەرسىگە ئوخشىتالمايمىز، لېكىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى يەنى: «سىلەر ئادەم بالىلىرى ياققان ئوتتۇڭلار جەھەننەم ئوتى قىزىقلىقىنىڭ يەتمىش بىر پارچىسىغا توغرا كېلىدۇ» دېدى. ئەسھابىلار: دۇنيادىكى ئوتمۇ يېتەرلىك بولاتتى، شۇنداقتىمۇ دوزاخ ئوتى 69 ھەسسە زىيادە قىلىنىپتۇ. ھەر بىر ھەسسىسى دۇنيا ئوتىدەك قىزىق ئىكەن، دەپ قورقۇشۇپ كەتتى» دىگەن ھەدىسنى ئېتىبارىمىزغا ئالساق ۋە دۇنيا ئوتى قىزىقلىقىنى 70 ھەسسىگە كۆپەيتسەك جەھەننەم ئوتىنىڭ قانچىلىك قىززىقلىقىنى بىلەلەيمىز.

## جەھەننەمنىڭ بەك چوڭقۇرلۇقى

ھالاكەت ئورنى دوزاخ قەۋەتلىرىنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى ئۈستۈن قەۋىتى جەھەننەم بولۇپ، ئۇنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلىقىنى اللە تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەنلا تونۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقانچە چوڭ خۇمدىنىغا، تونۇرىغا قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئاتوم، ھىدروگىن تونۇرلىرىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوخشاشمىغانلىقتىن، تەبىئىيكى بىر بىرىدىن ياسىلىشى ئارىسىدا چوڭ پەرق بولغىنى ئۈچۈن ھىچقانداق تەرەپتىن ئوخشىمايدۇ.

جەھەننەمنىڭ چوڭقۇرلىقىنى بىر قەدەر تونۇشىمىز ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلىمىز: «قورام تاش جەھەننەم قىرغىقىدىن تاشلىنىدۇ. يەتمىش يىل پەسكە چۈشۈپمۇ جەھەننەمنىڭ تېگىگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ» دېدى.(تىرمىزى رىۋايىتى) يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تۇرغان ئىدۇق، رەسۇلۇللا بىر تاشنىڭ گومبىدە چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئاندىن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «بىلەمسىلەر؟ بۇ نىمە ئاۋاز؟» دېدى. ئەسھابىلار: «اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ» دىيىشتى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «بۇ بولسا 70 يىل بۇرۇن دوزاخقا تاشلانغان تاش بولۇپ ئەمدى تېگىگە يەتتى» دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە: «دوزاخ ئوتىنى كۆپ ئەسلەڭلار! ئۇنىڭ قىزىقلىقى بەك قاتتىق، تېگى بەك چوڭقۇر، تۆمۈر قاماقلىرى بار.» دېدى. (تىرمىزى رىۋايىتى)

## جەھەننەمدىكى جىلغا، باياۋانلار

ھالاكەت ئورنى دوزاخ بەك چوڭ ئالەم، ئۇنىڭ يىراق چېتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ كەڭ ۋە چوڭلۇقىنى بىلمەكچى بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دوزاخقا كىرگەن ھەر بىر كاپىرنىڭ ھەر بىر دانە چىشى ئۇھۇت تېغىدەك چوڭ بولىدۇ. ئۇھۇت تېغى بولسا ئۇزۇنلۇقى بەش يىلدىن ئۇزۇنراق، ئېگىزلىكى كامىل بىر مىڭ يىل كېلىدىغان تاغ» دېگەن ھەدىستىن بىلەلەيمىز. بەدبەختلىك ئالەمى، ھالاكەت يۇرتى دوزاخ بىر قانچە جىلغا، باياۋانلاردىن تاغلاردىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن يەر. ۋەھىي بۇنى ئۇقتۇردى. قۇرئان كەرىمدىمۇ ھەر تۈرلۈك ئازاب بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارىلەر كەلدى. تەپسىر قىلغۇچى ئالىملار ئۇنى جەھەننەمدىكى ئازاب ئويمانلىرى، دەپ تەپسىر قىلدى. جۈملىدىن غەي بولۇپ الله تائالانىڭ: « ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەفسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشتى. ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» (سۈرە مەريەم 59-ئايەت)

يەنە بىرى ئەسسام بولۇپ الله تائالا: «ھەركىم بۇ جىنايەتنى قىلسا ئەسسامغا ئۇچرايدۇ.» (سۈرە فۇرقان 68-ئايەت) يەنە بىرسى الله تائالا: «ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە ۋەيىل بار.» (سۈرە مۇتەففىفىن 1- ئايەت). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەيلنى جەھەننەمدىكى بىر چوڭقۇر كاتاڭ بولۇپ، كاپىر ئۇنىڭ تېگىگە يەتمەي 40 يىل پەسكە چۈشىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغىنى ئىشەنچلىك ھەدىستە بار. (تىرمىزى رىۋايىتى)

## جەھەننەمدىكى زەنجىرلەر ۋە بويىنغا سالىدىغان دەم كويزىلار

قاتتىق ئازاب بار يەردە ئادەتتە زەنجىرلەردە باغلاش، چىدە، كويزا سېلىشلار بولىدۇ. بويىنغا تۆمۈر ھالقا سېلىنمىغان، چىدە سېلىنمىغان، زەنجىردە باغلانمىغان ئادەمنى قاتتىق ئازابلاندى دېيىلمەيدۇ. شۇڭا جەھەننەمدە زەنجىرلەر، ئوچۇق ئوق ئىشكەنلەر، ھەر خىل ئازاب ئوقۇبەتلەر بولىدۇ. بۇ ئەھۋال الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئاندا بىر قانچە سۈرىدە ئايرىم بايان قىلىندى. الله تائالا مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، بىز كاپىرلارغا (پۇتلىرىغا سېلىنىدىغان) زەنجىرلەرنى، (بويۇنلىرىغا سېلىنىدىغان) تاقاقلارنى ۋە يېنىپ تۇرغان دوزاخنى تەييارلىدۇق.» (سۈرە ئىنسان 4-ئايەت)

الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇلار كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلدى. پەيغەمبەرلىرىمىزگە بىز نازىل قىلغان مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىنكار قىلغانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ. ئۇ چاغدا (يەنى دوزاخكە كىرگەندە) ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدا تاقاقلار ۋە زەنجىرلەر بولىدۇ، ئۇلار قايناقسۇغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ.» (سۈرە غافىر 70-ئايەتتىن 72-ئايەتكىچە) الله تائالا ( دوزاخكە مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە) ئېيتىدۇ: «ئۇنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭغا تاقاق سېلىڭلار، ئاندىن ئۇنى دوزاخكە تاشلاڭلار، ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان زەنجىر بىلەن باغلاڭلار، (ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىنىشى شۇنىڭ ئۈچۈندۈركى) ئۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ اللهغا ئىمان ئېيتمىغان ئىدى، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايتتى.» (سۈرە ھاققە 30-ئايەتتىن 34-ئايەتكىچە)

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئۇلارغا) ئېغىر ئىشكەللەر ۋە (كۆيدۈرگۈچى) دوزاخ بار. (زەققۇم زەرىدىن ئىبارەت) گالدىن ئۆتمەيدىغان تاماق ۋە قاتتىق ئازاب بار.» (سۈرە مۇزەممىل13-ئايەت)
ئىنساد ھەدىس نەقلى قىلغۇچىلار ئەسھابىلەردىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «زەنجىر كاپىرنىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ مەقئىتىدىن چىقىدۇ. زەنجىرگە تەسۋىنىڭ مارجىنىدەك تىزىلىدۇ.»

## جەھەننەمدىكى يىلان،چايانلار

ﷲ تائالا بىزنى ئوتتىن ساقلىسۇن! جەھەننەم ئازاب ئورنى، بەختسىزلىك جايى بولغاچقا ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك ئازاب بار. دۇنيادىمۇ ھەرخىل جاپالار بار ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئاخىرەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئىشىتمىگەن تۈرلۈك ئازابلار، خاپىلىقلار بولغاچقا دوزاختا زەھەرلىك يىلان چايانلارنىڭ بولۇشى، ئۇلارنى ئازاپلاشقا تىگىشلىكلەرنى چىشلەپ چېقىپ قىينىشى چوقۇم بار. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ﷲ تائالانىڭ سۈرە نەھلىدىكى:«كافىر بولغانلارغا ۋە (كىشلەرنى) ﷲنىڭ يولىدىن (يەنى دىنىدىن) توسقانلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئازاب ئۈستىگە ئازاب قوشۇپ زىيادە ئازاب قىلىمىز.» دېگەن سۆزدىكى: «زىيادە قىلىنغان ئازاب بولسا، بۇ دوزاختا يوغان قىچىرلاردەك چايانلارنىڭ چېقىشىدىن ئىبارەت» دەپ تەپسىر قىلىندى. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ تەپسىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان بولۇشى يىراق ئەمەس. ھاكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «دوزاختا چوڭ تۆگىلەردەك يىلانلار بار. بىر چاقسا 70 يىل ئۇنىڭ ئازابىدىن قىزىپ كىتىدۇ. دوزاختا يوغان قىچىرلاردەك چايانلار بار، بىر چاقسا ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمى 40 يىل داۋام قىلىدۇ» دېگەن ئىشەنچىلىك ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى.

## دوزاخ ئەھلىنىڭ يىمەكلىكلىرى

دوزىخىلاردا تائام بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھاياتى يىگىلى، ئىچكىلى ئىمكان بىرەمدۇ؟ ھەئە بىرىدۇ. دوزىخىلارنىڭ يەيدىغان ئىچىدىغان كۆپ نەرسىلىرى بار. چۈنكى ھاياتقا يىمەك - ئىچمەك لازىم. دوزىخىلار دوزاختا ئۆلمەيدۇ. ھەمىشە ھايات تۇرىدۇ. ئۆلسە ئىدى، ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇۋالاتتى. لېكىن ئۆلمەيدۇ. ﷲ تائالا ئېيتتى: «ئەھلى دوزاخنىڭ تىرىلىرى كۆيۈپ پىشىپ قالسا، ئازاب تارتسۇن دەپ باشقا تىرىگە يەڭگۈشلەيمىز.» (سۈرە نىسا 46-ئايەت)
دوزىخىلار ئۆلۈمنى تەلەپ قىلىپ باقىدۇ. لىكىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈم تىلەيدىغانلىقى قۇرئاندا كەلدى. ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ تووۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ. (سۈرە زۇخرۇق 77-ئايەت) ﷲ تائالا دوزىخىلارنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بىرىپ يەنە مۇنداق دېدى: «كافىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز» (سۈرە فاتىر 36- ئايەت) شۇنىڭدەك ﷲ تائالا سۈرە ئەئلادا:«ئۇ چوڭ ئوتقا يەنى دوزاخقا كىرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئوتتا ئۆلمەيدۇ ۋە ئوبدان

ياشىمايدۇ.» (12-، 13- ئايەتلەر) دەپ خەۋەر بەردى.

## دوزىخىلار يېمەكلىكىنىڭ بەزى تۈرلىرى

1. زەققۇم: ئۇ بولسا دوزاخنىڭ تېگىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، تەمى ئىنتايىن ئاچچىق، گالغا تۇرىۋالىدۇ، تازا قىزىغان قايناقسۇ ئىچمىگۈچە گالدىن ئۆتمەيدۇ. قورساقتا كىرگەندىن كېيىن ھاكتەك پارتلاپ كۆيۈپ قاينىغىلى تۇرىدۇ. اللە تائالا بۇنى بايان قىلىپ: «بۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرى) ياخشى زىياپەتمۇ؟ ياكى زەققۇم دەرىخىمۇ؟ زەققۇمنى بىز زالىملار (يەنى گۇمراھلار) ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ئازاب قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ جەھەننەمنىڭ قەھرىدە ئۆسىدىغان دەرەختۇر. ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار شۈبھىسىز شۇ مېۋىلەردىن يەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە (يىرىڭ بىلەن) قايناقسۇنىڭ ئارلاشمىسىنى ئىچىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىدىغان جايى چوقۇم دوزاخ بولىدۇ.» (سۈرە سافات 62-ئايەتتىن 68-ئايەتكىچە). اللە تائالا يەنە مۇنداق دېدى: «زەققۇم دەرىخى ھەقىقەتەن گۇناھكارلارنىڭ تامىقىدۇر. ئۇ ئېرىتىلگەن مىستەك (قىزىق)تۇر، ئۇ قورساقلاردا قايناقسۇدەك قاينايدۇ.» (سۈرە دۇخان 44-، 45- ئايەتلەر)

2. غىسلىن. ئۇ بولسا دوزىخىلارنىڭ بەدىنىدىن ئاققان يىرىڭ، تەردىن ۋە زىناخور خوتۇنلارنىڭ بەدىنىدىن ئاققان يىرىڭ ۋە ھاراق ئىچكۈچىلەرنىڭ شالۇكلىرى، غەيۋەتخورلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاققان، يالغانچىلار، دەللىسىز سۆزلىگۈچىلەر، يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاققان مەينەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

غىسلىننىڭ سۆزى سۈرە ھاققەدە كەلدى، اللە تائالا: «بۈگۈن ئۇنىڭغا بۇيەردە (ئۇنىڭدىن ئازابنى كۆتۈرىۋېتىدىغان) دوست يوقتۇر. ئۇنىڭغا يىرىڭدىن باشقا تاماق يوقتۇر. ئۇنى پەقەت ئازغان ئادەملەرلا (يەنى كافىرلارلا) يەيدۇ» دېدى. (35-ئايەتتىن 37-ئايەتكىچە)

بۇ ئايەتتىكى خاتالاشقۇچىلاردىن مەقسەت، كۆپ گۇناھ قىلغان، گۇناھلىرى ھەممە تەرەپتىن قورشىغان سەۋەبتىن دوزاخقا كىرگەن بولۇپ، بۇ مەزمۇندا سۈرە بەقەرەدە اللە تائالا: «ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختە مەڭگۈ قالىدۇ» دېدى. (82-ئايەت)

3. زەرىئ . بۇ بولسا ناھايىتى ئاچچىق بىر تىكەن بولۇپ، ئۇنى يېگۈچىنىڭ گېلىغا چوقۇۋالىدۇ. يېگۈچى ئۇنى قاتتىق قايناقسۇ بىلەن گېلىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن ئىچى سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنى يېگۈچى سەمرىمەيدۇ. ئاچلىقنى توسالمايدۇ. اللە تائالا سۈرە غاشىيەدە: «ئۇلار ئۈچۈن زەرىئدىن (يەنى بەتبۇي ئاچچىق تىكەندىن) باشقا يېمەكلىك بولمايدۇ. زەرىئ كىشىنى سەمرىتمەيدۇ، ئاچلىقنى پەسەيتمەيدۇ.»دېدى. (6-ئايەتتىن 7-ئايەتكىچە)

## دوزىخىلەرنىڭ بەزى ئىچىملىكلىرى

ھۆل جىگەر ئىگىسىگە (جانلىق مەخلۇققا) ئىچىملىك لازىم. دوزىخىلارمۇ ھۆل جىگەر ئىگىلىرى، شۇڭا ئۇلارغىمۇ يېگىلى تاماق لازىم بولغاندەك، ئىچكىلى ئىچىملىك بولۇشى لازىم. يىمەك - ئىچمەك ھاياتنى ساقلاش ئۈچۈن زۆرۈر. دوزىخىلارنىڭ دوزاختا دائىم ھايات تۇرۇشى

هۆكۈم قىلىنىپ كەتكەچ ئۆلەرمۇ يەيدۇ، ئىچىدۇ. لېكىن يېيىشى ئىچىشى ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇقنى توسۇش ئۈچۈن ئەمەس، جاپاسىنى زىيادە قىلىش، ئۇزۇن ئازاب تارتقۇزۇش ئۈچۈن ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا مۇپتىلا قىلىنىدۇ، يۇقىرىدا ئۇلارنىڭ بەزى يېمەكلىكلىرى بايان قىلىندى، تۆۋەندىكىلەر بەزى ئىچىملىكلىرى:

1. قايناق سۇ. ئۇ بولسا مۆلچەرلىگۈسىز قىزىق، قايناق بۇلاقتىن ئېقىپ چىققان قايناق سۇ بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئىچكۈچىنىڭ قورسىقىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېرىتىش، ئۈچەيلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. اللە تائالا مۇنداق دېدى: «بۇ كۈندە نۇرغۇن ئادەملەر خار بولغۇچىدۇر. ئۇلار دۇنيادا گۇناھ قىلغۇچىلاردۇر، (ئاخىرەتتە) جاپا تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھارارىتى قاتتىق دوزاخقا كىرىدۇ. (سۇلىرى) قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن سۇغىرىلىدۇ.» (سۈرە غاشىيە 2-ئايەتتىن 5-ئايەتكىچە)

اللە تائالا يەنە: «(مۇنداق تەقۋادارلار) دوزاختە مەڭگۈ قالىدىغان قايناقسۇ بىلەن سۇغىرىلىپ (قىزىقلىقىدىن) ئۈچەيلىرى پارە - پارە قىلىنىدىغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟» دېدى. (سۈرە مۇھەممەد 15-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

2. يىرىڭ ئارىلاش سۇ. ئۇ بولسا قويۇق لاي سۇ بولۇپ، كۆپ يىرىڭ ئارلاشقان جەھەتتىن ئىچكۈچىنىڭ گىلىغا تۇرىۋىلىپ ئۆتكىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇنى ئىچكۈچى قاتتىق دەرد - ئەلەم تارتىدۇ. اللە تائالا سۈرە ئىبراھىمدا: «پەيغەمبەرلەر اللەدىن مەدەت تىلىدى، ھەربىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز (يەنى اللەغا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. »دېدى. (سۈرە ئىبراھىم 15-ئايەتتىن 17-ئايەتكىچە)

3.ئېرىتىلگەن مىتالدەك بىر خىل ئىچىملىك. بۇ بولسا ھەددىدىن ئارتۇق قىزىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئېرىتىلگەن مىستەكتۇر. ئۇنى ئىچىش ئۈچۈن ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ بولغۇچە يۈزىنىڭ تېرىسىنى پىشىرىۋېتىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە: «ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش يۈزلەرنى كۆيدۈرۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» (سۈرە كەھف 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

4. غۇتە ئۆستىڭىنىڭ سۈيى بولسا دۇنيادا زىناخورلۇق قىلغان خوتۇنلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ئاققان جۇغلانما سۇ، ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇ، رەسۇلۇللادىن غۇتە سۈيى نىمە دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئۇ بىر ئۆستەڭ بولۇپ، زىناخور خوتۇنلارنىڭ نومۇس جايىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. ئۇ خوتۇنلارنىڭ نومۇس جايىنىڭ سېسىقلىقىدىن پۈتۈن ئەھلى دوزاخ رەنجىيدۇ» دېدى. ئەمدى دوزىخىلارنىڭ يىمەك - ئىچمەكلىرى ھەققىدىكى سۆزىمىزنى ئىمامى تىرمىزىنىڭ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان تەپسىلى ھەدىسنى كەلتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. بۇ ھەدىستە دوزىخىلارنىڭ ئەھۋالى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەدىس مۇنداق: «ئەھلى دوزاخ ئاچلىققا دۇچار قىلىنىدۇ. ئاچلىق باشقا ئازابلارغا باراۋەر كەلگۈدەك ئازاب بولىدۇ. ئۇلار ئاچلىقتىن نالە - پەرياد قىلغىلى تۇرىدۇ. زەرىئ بىرىلىدۇ. سەمىرتمەيدۇ. ئاچلىقنى توسالمايدۇ. يەنە نالە - پەرياد قىلغىلى تۇرىدۇ. گېلىغا تۇرۇپ قالىدىغان تائام بىرىلىدۇ. دۇنيادا تائام گىلىغا تۇرۇۋالسا، سۇ بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئەسلەپ سۇ تىلەپ نالە قىلىشىدۇ. قىزىق تۆمۈر

قاچىلاردا هارارىتى يۇقىرى قايناق سۇ بىرىلىدۇ. سۇ ئۇلارنىڭ يۈزىگە يىقىن كەلسە، يۈزلىرىنىڭ تىرىلىرىنى پۇشۇرىۋىتىدۇ. قورساقلىرىغا كىرگەن زامان ئۈچەي باغرىنى پارچىلىۋىتىدۇ. ئۇلار بىر بىرىگە: ﴿جەھەننەمگە مەسئۇل پەرىشتىلەرنى چاقىرىڭلار!﴾ دىيىشىپ توۋلايدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: ﴿دۇنيادا سىلەرگە پەيغەمبەرلەر دەلىل ئىسپاتلار بىلەن كېلىپ ئاگاھلاندۇرمىغانمۇ؟﴾ دەيدۇ. ئۇلار: ﴿دەلىل بىلەن سۆزلىگەن﴾ دىيىشىدۇ. پەرىشتىلەر: ﴿ئۇنداق بولسا، ناله پەرياد قىلىۋىرىڭلار! كاپىرلارنىڭ دات پەرياد قىلىشى بىكار﴾ دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئېيتتى: ﴿دوزىخىلار بىر ـ بىرىگە مالىكنى چاقىرىڭلار!﴾ دىيىشىپ، ﴿ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم هۆكۈم قىلسۇن﴾ دەپ ئىلتىجا قىلىشىدۇ. مالىك: ﴿سىلەر داۋاملىق ئازاب تارتقۇچىلار سىلەر﴾ دەيدۇ.» هەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى بىلەن ئەئمەش ئېيتىدۇ، خەۋەر بېرىلدىكى، ئۇلارنىڭ مالىكنى چاقىرىپ ئۆلۈم تەلەپ قىلىشى بىلەن مالىكنىڭ مەزكۇر جاۋابى ئارىسىدا مىڭ يىل ئۆتىدۇ. رەسۇلۇللا ئېيتتى: «دوزىخىلار مالىكتىن هېلىقى جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:﴿پەرۋەردىگارىڭلارغا دۇئا قىلىڭلار، پەرۋەردىگاردىن ياخشى كىشى يوق ئىكەن﴾ دىيىشىپ: ﴿ئى ئىگىمىز! بەد ـ بەختلىكىمىز بىزگە غالىب بولغان ئىكەن. يولدىن ئازغانلار بولغان ئىكەنمىز، ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى دوزاختىن چىقارغىن، ئەگەر قايتا جىنايەت قىلساق بىز زالىم بولىمىز﴾ دېگىلى تۇرىدۇ . پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئېيتتى: «الله تائالا ئۇلارغا: ﴿دوزاخ ئىچىگە قايتىشقىن، ماڭا گەپ قىلىشمىغىن!﴾ دەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ هەر قانداق ياخشىلىقتىن ئۈمىدى ئۈزۈلىدۇ. قىقىراپ يىغلىشىپ، هەسرەت چەككىلى تۇرىدۇ.

## دوزىخىلارنىڭ جىسىملىرىنىڭ بەك چوڭىيىپ كېتىشى ۋە چىرايىنىڭ بەك سەت بولۇپ كېتىشى

دوزىخىلارنىڭ جىسىملىرى بەك قوپال چوڭىيىپ، سەتلىشىپ كېتىشى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام الله تائالانىڭ ۋەهيىسى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن رۇشەن سۈرەت بولمىغان بولسا، بۇ ئەهۋالنى كۆڭۈلدە تەسەۋۋۇر قىلىش ياكى خەلىقلەرگە تەسۋىرلەپ چۈشەندۇرۇش مۇمكىن بولارمىدى؟ ياق، ئىمامى بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىمنىڭ بۇ هەقتە رىۋايەت قىلغان هەدىسىگە قۇلاق سالايلى! پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئېيتتى: «هەر بىر كاپىرنىڭ ئىككى دولىسىنىڭ ئارىسى، تېز ئۇلاغلىق ئادەم ئۈچۈن كۈن مېڭىپ ئۆتكۈدەك ئۇزاقلىقتا بولىدۇ» (مۇتەفۇقۇن ئەلەيه ، ئەللۇئلۇئۇ ، ۋەلمەرجان)

ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيهىسسالام: «هەر بىر كاپىرنىڭ بىر ئېزىق چىشى ئۇهۇد تېغىدەك بولىدۇ. تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ كۈنلۈك يولدەك قېلىن بولىدۇ» دىدى.

ئەهمەد ئىبنى هەنبەلنىڭ هەدىس كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «كاپىرنىڭ ئېزىق چىشى ئۇهۇد تېغىدەك بولىدۇ، هەر بىر لۇتىسى بەيزاد تېغىدەك بولىدۇ. كاپىرنىڭ ئولتۇرىدىغان يېرى ئوت ئىچىدە قۇدەيد دېگەن يەر بىلەن مەككە ئارىسىدەك بولىدۇ. بەدەنىنىڭ قېلىنلىقى چوڭ ئادەمنىڭ گېزىدە قىرىق ئىككى گەز بولىدۇ»دىدى. ( ئەهمەت ئىبنى هەنبەل رىۋايىتى)

يەنە ئىمامى ئەھمەد ۋە باشقىلار بىرگە رىۋايەت قىلىدۇكى: رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «كاپىر دوزاختا تىلىنى ئىككى پەرسەخ يەردە ئارقىسىدىن سۆرەپ ماڭىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ تىلىغا دەسسەيدۇ» دېدى.

الله تائالا سۈرە مۆمىنۇندا: «ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئوت كۆيدۈرىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ چىشلىرى ئېچىلىپ (بەتچىراي) بولۇپ قالىدۇ.» (104-ئايەت) دېمىگەن بولسا مۇنداق قەبىھ كۆرۈنۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. مەزكۇر ئايەتنى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تەپسىر قىلىپ: «كاپىرنىڭ ئۈستۈن كالپۇكى تارتىشىپ باشنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىدۇ. ئاستىن كالپۇكى ساڭگىلاپ كىندىكىگە چۈشىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەپسىرىنى ئىمامى ئەھمەد، تىرمىزى ، ھاكىملار رىۋايەت قىلدى. (الله ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن! )

## دوزىخىلارنىڭ ئازابىنىڭ پەرقلىق بولۇشى

دوزىخىلار ئارىسىدا ئازاب ئوخشاش بولماسلىقى كەسكىن ئېنىقتۇر. بۇ ئىشەنچلىك ھەدىسلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان. ئازاب ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى - يامان ئىشلىرىغا قاراپ بولىدۇ. مۇنداق بولۇشى «ھەر كىمگە قىلمىشىغا قاراپ چارە قىلىنىدۇ. ياخشى ئىش قىلسىمۇ پايدىسى ئۆزىگە، يامان ئىش قىلسىمۇ زىيىنى ئۆزىگە» دەپ ھۆكۈم قىلغۇچى الله تائالانىڭ ئادىللىقىنىڭ تەلىپىدۇر.

دوزىخىلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىشلىگەن ئىشلىرىغا قارىتا ئازاب ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق ھەدىسلەر بار. ئىمامى مۇسلىم سەھىھۇل مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دوزىخىلارنىڭ ئازابتا ئەڭ يەڭگىل بولىدىغىنى ئەبۇ تالىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى پاي كېپىش كىيگۈزىلىدۇ. مېڭىسى قاينايدۇ» دېدى. ئەبۇ تالىپنىڭ ئازابى مۇنداق يەڭگىل بولۇشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىسلامغا تەقدىم قىلغان خىزمەتلىرى ئۈچۈندۇر. ئىمامى بۇخارى ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئەھلى دوزاخلارنىڭ ئازابتا يەڭگىلراقى بىر ئادەمكى، ئۇنىڭ ئىككى تاپىنىنىڭ كاۋاك يېرىگە ئىككى دانە چوغ قويۇپ قويۇلىدۇ. بۇ چوغ سەۋەبىدىن مېڭىسى مىس قازاندەك قايناپ كېتىدۇ» دېدى.

شۇنىڭدەك ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتىدە  پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دوزىخىلەر ئىچىدە ھوشۇقىغىچە  ئوتتا تۇرىدىغانلار بار. تىزىغىچە ئوتتا تۇرىدىغانلار بار.  بېلىغىچە ئوتتا تۇرىدىغانلار بار. بوينىغىچە ئوتتا تۇرىدىغانلار بار. بوينى ئاستىدىكى ئەگرى سۆڭەككىچە  ئوتتا تۇرىدىغانلار بار» دېدى. بۇ ھەدىسلەردە دوزىخىلارنىڭ ئازابى ھەر خىل بولىدىغانلىقىغا ئوچۇق بايانلار بار.

## ئوت (دوزاخ) ئەھلىنىڭ ئۇنىلۈك يىغلىشى

قورقۇنچ، دەرت-ئەلەم، خاپىلىق تارتىش بار يەردە يىغلاش ئەلۋەتتە بار، دوزاخ ۋە ئۇنىڭدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار داۋاملىق دەرت-ئەلەم قاتتىق ئازاب تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچى پۇشقىنى داۋاملىق، ئازابى توختىمايدۇ. يەڭگىللەشمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ يىغلىشى، توۋلىشى يات بىر

ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ دوزاختىا زارلىنىشى پەريات قىلىشى، ئۆزىگە ئۆلۈمنى تىلىشى، ھەسرەت چېكىشى، ئۆلۈم ئارقىلىق بۇ ئازابنىڭ ئاخىرلىشىشىنى تىلىشى تۇرغان گەپ.

قۇرئان كەرىم بىزگە دوزىخىلارنىڭ توۋلاپ يىغلاپ ئېيتىدىغان سۆزىنى بايان قىلىدۇ: «ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ تار يېرىگە تاشلانغان چاغدا، بۇ يەردە ئۇلار (ئۆزلىرىنىڭ) ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ.»(سۈرە فۇرقان 13-ئايەت) الله تائالا يەنە ئېيتتى: «ئۇلار دوزاختىا: ⟨پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق⟩ دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ.» (سۈرە فاتىر 37- ئايەت)

الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇلار دوزاختا ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ. (ئازابنىڭ قاتتىقلىقىدىن) ئۇلار دوزاختا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايدۇ.»(سۈرە ئەنبىيا 100 - ئايەت) الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى: «سىلەر تۇيمىغان ھالەتتە سىلەرگە ئازابنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىشىدىن ئىلگىرى سىلەرگە نازىل قىلىنغان ئەڭ گۈزەل قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، ھەرقانداق ئادەم: ⟨اللهنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (اللهنىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم⟩ دەپ قالماسلىق ئۈچۈن، ياكى ⟨الله مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم⟩ دەپ قالماسلىق ئۈچۈن، ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: ⟨كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا اللهغا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىغا بويسۇنسۇن).⟩» (سۈرە زۇمەر 55-ئايەتتىن 58-ئايەتكىچە)

الله تائالا يەنە مۇنداق دېدى:«شۇ كۈنى زالىم (يەنى كافىر) ئىككى قولىنى چىشلەپ ⟨ئىسىت! پەيغەمبەر بىلەن (نىجاتلىق) يولىنى تۇتسامچۇ ئىسىت! پالانىنى دوست تۇتمىغان بولسامچۇ قۇرئان ماڭا يەتكەندىن كېيىن ئۇنى (يەنى پالانى) مېنى قۇرئاندىن شەك-شۈبھىسىزكى ئازدۇردى⟩ دەيدۇ، شەيتان ئىنساننى (ئازدۇرۇپ بولۇپ) تاشلىۋېتىدۇ.» (سۈرە فۇرقان 27-،28-ئايەتلەر )

ئاخىرىدا ھاكىم راست سەنەد بىلەن رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «دوزاخ ئەھلى يىغلايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ياشلىرىدا كىمىلەر ماڭدۇرۇلسا ماڭىدۇ. ياش ئورنىغا قان يىغلايدۇ» دېدى. ئى بۈيۈك ئىگىمىز الله! بىزنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن. بەندىلىرىڭنى قەبرىدىن تىرىلدۈرگەن كۈندە بىزنى ئوتتىن ساقلاپ، ياخشىلار بىلەن جەننەتكە كىرگۈزگىن! ئامىن!

# بەرزەخ (دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئارىسىدىكى ئالەم)

بەرزەخ سۆزى ئەرەب تىلىدىكى ئىككى نەرسە ئارىسىدىكى توسالغۇ، ئىككى دېڭىز ئارىسىدىكى قۇرۇقلۇق، بەزىدە بەرزەخ ئىنسان ماھىيىتى ھايۋان، ماھىيىتىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم، پاسىلە بولىدۇ. مەسىلەن، سۆزلەش، بەزىدە شەك بىلەن چوقۇم ئارىسىدىكى پەرق بەرزەخ دېيىلىدۇ.

دىن ئىستىمالىدا بەرزەخ بولسا: جان تەندىن ئايرىلغان، جىسمانىي نېمەت، ياكى خاپىلىقتىن خالىي بىر ھاياتتۇر. چۈنكى ھايات ئۈچ تۇرلۇكتۇر. بىرىنچىسى، دۇنيا ھاياتى، بۇ ھاياتتا جان تەن بىلەن بىللە تۇرۇپ بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، بەرزەخ (ئارىلىق) ھاياتى. بۇ ھاياتتا جان بۇرۇن ئاۋات قىلغان بەدەندىن

ئايرىلىدۇ. راھەتمۇ، ئازابمۇ جانغا بولىدۇ. جانغا يۇقىرى ئالەمدە ئۆزگە لايىق شەكىل بېرىلىسمۇ، بېرىلمىسىمۇ ئوخشاش. (شەھىدلەرنىڭ جانلىرى يېشىل جانىۋار ئىچىدە بولىدۇ، دېگەن ھەدىستەك.)

ئۈچىنجى ھايات ئاخىرەت ھاياتى بولۇپ، جانلار دۇنيادا ياشىغان بەدەنلىرىگە قايتىپ كىرىدۇ. بىرىنچى بىلەن ئۈچىنچى ھايات ئارىسىدىكى بەرزەخ (ئارىلىقىدىكى ھايات) ئىككىنچى ھاياتتۇر. بۇ ھايات دۇنيا ھاياتى بىلەن ئاخىرەت ھاياتى ئارىسىدا پاسىلەدۇر. بۇ ھايات كۈتۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ھاياتتىن مەقسەت: جانلارنىڭ توپلىنىشى ئاخىرەت ھاياتغا كىرىشكە كامىل تەييار بولۇپ تۇرۇشتۇر. سەۋەب: دۇنيا ھاياتى ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا قىلىش ئاساسىدا بولۇپ، الله تائالا مەخلۇقاتنىڭ جان تىنىقىنى مۇئەييەن تەرىقىدە يارىتىدۇ. ئاندىن بۇ مەخلۇق نىمە ئىش قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا شۇ ئىشنى قىلىپ بىر زامان ياشايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ جىنى بەدىنىدىن ئايرىلىدۇ ـ دە، ئۆلىدۇ. ئۇ ئەگەر ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىش دەرىجىسىگە (بالاغەتكە) يېتىشى بىلەن ئىش قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىلسە، ئەقلى، كۆزى، قۇلىقى ساق ياشىسا، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا چارە قىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى مەخسۇس دەپتەردە ساقلىنىدۇ. دۇنيادىكى يارىتىش بولسا، زاماندىن زامانغا ئۇلۇشۇپ تۇرىدىغان، بۇ ئۆلىدىغان، ئۇ تۇغۇلىدىغان ھايات بولۇپ، الله تائالا دۇنيا يارىتىشنى، پەيدا قىلىشنى مۇقەررەر قىلغان مەخلۇقاتلار يارىتىلىپ تۈگىگەندە ئالەمدە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. دۇنيا ھاياتى تۈگەيدۇ، باشقا بىر ھايات باشلىنىدۇ.

ئېيتىمەنكى: دۇنيادىكى يارىتىش يۇقىرىقى ئۇسۇلدا بولغاچقا، ئىككى ھايات ئارىسىدا ۋاستە بىر ھايات بولۇشى لازىم. بۇ ئارلىقدىكى ھاياتىدا جانلار ئۆزىنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بەدەندىن ئايرىلىپ بىر ـ بىرلەپ توپلىشىدۇ. ھەممىسى توپلىشىپ بولغاندا بۇ جانلارغا الله تائالا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلگەندە ئايرىلغان بەدىنىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاخىرەتتىكى راھەت ياكى ئازابتىن ئىبارەت تېگىشلىك چارىسىگە ئۇچرىشىش ئۈچۈن جانلارنى تەنلىرى بىلەن تىرىلدۈرۈپ چىقىرىدۇ. دۇنيا ھاياتى خاس ئىشلەش ھاياتى، ئاخىرەت بولسا چارە قىلىش (ئازاب، ياكى راھەت كۆرۈش) ھاياتىدۇر. ئىككى ھايات ئارىسىدا بەرزەخ(ئارىلىقىدىكى) ھايات بولسا، كۈتۈپ تۇرۇش ھاياتىدۇر. الله تائالا سۇرە ئال ئىمراندا: « ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ).» دېدى. (185 ـ ئايەت) بۇ يەردە بىر سوئال بار. ئۇ بولسا قەبرى ھاياتىدا جانلار تەنلەردىن ئايرىم تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇق. جانلارغا ئاخىرەتنى كۈتۈپ تۇرغان داۋامىدا راھەتلىنىش ياكى ئازابلىنىش بولامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى: «ھەئە شۇنداق بولىدۇ». بۇ ھەقتە تۆۋەندە تەپسىلي توختىلىمىز.

## بەرزەختە (قەبرى ھاياتىدا) جانغا نىئمەت ياكى ئازاب جارى بولۇش مەزگىللىرى

بىرىنچى باسقۇچ ئۆلۈم ۋاقتىدا ۋە جاننى بەدەندىن تارتىپ ئېلىش ۋاقتىدا بولىدۇ. يەنى رەھمەت پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى ئازاب پەرىشتىلىرى جاننى بەدەندىن تارتىپ ئالغان چېغىدا جانغا نېمەت ھاسىل بولىدۇ، ياكى ئازاب ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك خەۋەرلەر (ئايەتلەر، ھەدىسلەردە) كەلدى. قۇرئان كەرىمدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «پەرىشتىلەر (بەدرى ئۇرۇشىدا) كافىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرگەن بولاتتىڭ). (پەرىشتىلەر ئۇلارغا): ⟨دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!⟩(دەيتتى). بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ قىلمىش جىنايىتىڭلار تۈپەيلىدىندۇر، الله بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.» (سۈرە ئەنفەل50ـ، 51ـئايەت)

يەنە الله تائالا سۈرە ئەنئامدا: «(ئى مۇھەممەد!) زالىملارنى سەكراتتا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرىسەن)، پەرىشتىلەر (يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى) قوللىرىنى سوزۇپ: ⟨سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر الله توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار (يەنى ئىپتىرا قىلغانلىقىڭلار شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار) ۋە اللهنىڭ ئايەتلىرىنى مەنسىتمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن بۈگۈن خورلىغۇچى ئازاب بىلەن جازالىنىسىلەر⟩ دەيدۇ. (الله تائالا ئېيتىدۇ): ⟨بىز دەسلەپتە سىلەرنى قانداق خەلق ئەتكەن بولساق، دەرگاھىمىزغا شۇنداق تەنھا كەلدىڭلار. سىلەرگە بىز ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى ئارقاڭلاردا (يەنى دۇنيادا) قويۇپ كەلدىڭلار، (ئىبادەت قىلىنىشقا تېگىشلىك بولۇشتا) اللهنىڭ شېرىكلىرى دەپ گۇمان قىلغان شاپائەتچىڭلارنى سىلەر بىلەن بىللە كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەت ھەقىقەتەن ئۈزۈلدى، سىلەر (شاپائەت قىلىدۇ) دەپ گۇمان قىلغان بۇتلار بەربات بولدى.⟩»دەيدۇ. (سۈرە ئەنئام93ـ،94ـئايەت)

بۇ ئايەتلەردە الله تائالانىڭ «پەرىشتىلەر زالىملارغا قولىنى سوزىدۇ» دېگەن سۆزى. پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلۈمگە ھازىر بولغان كاپىرنى، ياكى گۇناھكارنى يۈزىگە، دۈمچىسىگە ئۇرۇپ ئازابلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز اللهنىڭ سۈرە ئەنفالدا ئۆتكەن سۆزىنىڭ ئوچۇق مەزمۇنىدۇر. بۇ ئازاب بولسا كاپىرلار، جىنايەتچىلەردىن ئىبارەت پاسكىنا روھ ئىگىلىرىگە جان بېرىدىغان چېغىدا بولىدىغان ئازابتۇر. ئەمما دىن ئىسلامغا راستتىن ئىشەنگۈچى، اللهغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغۇچى پاك روھ ئىگىلىرىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«مۆمىن بەندىنىڭ  دۇنيادىن ئۈزۈلۈشى، ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىش ۋاقتىتا (ئۆلىدىغان چاغدا) ئاسماندىن ئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ. يۈزلىرى قۇياشقا ئوخشايدۇ. جەننەتنىڭ كەپەنلىرىدىن، خۇشپۇراق نەرسىلىرىدىن  ئېلىپ چۈشىدۇ. ئۇلار مۆمىن كۆرگىدەك يەردە ئولتۇرىدۇ. ئۆلۈم پەرىشتىسى(ئەزرائىل  ئەلەيھىسسالام ) مۆمىننىڭ بېشىنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدۇ. ئېيتىدۇ: «ئى پاك جان، الله تائالانىڭ مەغفىرىتى ۋە رازىلىقى تەرەپكە چىققىن» دەپ ئاندىن مۆمىننىڭ جىنى تۇلۇمدىن سۇ ئاققاندەك ئېقىپ چىقىدۇ » دېدى. ئەمما پاسكىنا جان ئىگىسى بولغان كاپىرلار، مۇناپىقلار، (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ئېتراپ قىلغۇچىلار ۋە كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان بولۇپ، دىن دۈشمەنلىرىگە مەخپىي خىزمەت قىلغۇچىلار) ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كاپىر بەندە دۇنيادىن ئۈزۈلۈپ ئاخىرەتكە ئالدىنى قىلىش ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا قارا يۈزلۈك پەرىشتىلەر چۈشىدۇ. ئۇلار كونا لۆڭگە ئېلىپ چۈشىدۇ. كاپىردىن كۆز كۆرگەندەك يىراقتا ئولتۇرىدۇ. ئاندىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ بېشىدا ئولتۇرۇپ: ⟨ئى پاسكىنا جان، الله تائالانىڭ غەزىپى، كايىشلىقى تەرەپكە چىق!⟩ دەيدۇ. جان بەدەنگە تارقىلىدۇ. جاننى ھۆل يۇڭدىن ئىگەك تارتقاندەك تارتىپ ئالىدۇ» دېدى. (ئەھمەت ئىبنى ھەنبەل

رىۋايىتى. )

ئىككىنچى باسقۇچ قەبرىگە كىرگەندىن كېيىن راھەت ياكى ئازاب، قەبرى بولسا، ئىككىنچى ھاياتنىڭ ئاۋۋالقى مەنزىلى، ئاخىرەتنىڭ بوسوۇغىسى قەبرىدە دەسلەپتە راھەت ياكى ئازاب جانغىمۇ، تەنگىمۇ بىللە بولىدۇ. ئاندىن كېيىن راھەتكىمۇ، ئازابقىمۇ جان يالغۇز قالىدۇ. قەبرىدە نېمەتكە ياكى ئازابقا ئۇچرۇشۇش ئەقلىي، قىياسى دەلىل بىلەنمۇ ھەم پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل قىلىنغان شەرئەت دەلىلىي بىلەنمۇ ئىسپاتلانغۇچىدۇر. ئەقلىي دەلىل بولسا ئۇنىڭ مۇمكىنلىكىدۇر. مۇمكىن بولغان نەرسىنىڭ ئەمەلدە بولۇشى جايىز. چۈنكى قەبرىدە ئۆلۈككە نېمەت، ياكى ئازاب بولۇشى ئەقىلگە زىت كەلمەيدۇ. 2- ھەر ئادەم ئادەتتە نۇرغۇنلىغان چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە ئاجايىپ راھەت-پاراغەتكە چىقىپ قالىدۇ. ئويغانغاندا بۇ راھەتتىن ئايرىلغىنىغا ھەسرەت چېكىپ قالىدۇ. ياكى چۈشىدە ئازاب- ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ. بۇ ئازاب ئويغۇنۇش بىلەن تۈگەيدۇ، بۇ ئەھۋالنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، تونۇيدۇ. بەلكى ياخشى كۆرگەن چۈشىنىڭمۇ، يامان كۆرگەن چۈشىنىڭمۇ تەسىرى كۆڭلىدە ئۇزاق ۋاقىت قېلىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال روھقا راھەت، ياكى ئازاب بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دىنىي نەقىل دەلىل بولسا: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئېيتتى: «ئۆلۈم پەرىشتىسى مۆمىن بەندىنىڭ جىنىنى ئالسا، باشقا پەرىشتىلەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭ قولىغا قويماي تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. مەزكۇر جەننەتتىن، ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ھەر قاچان بىر جامائەت پەرىشتىلەر قېشىدىن ئۆتسە، «نېمىدىگەن خۇش پۇراق جان بۇ!؟»دەپ سورايدۇ، ئۇلار بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ روھى دەپ دۇنيادىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئىسمى بىلەن ئاتايدۇ. ھەتتا روھنى بىرىنچى ئاسمانغا ئەپچىقىدۇ. ئىشىك قاقىدۇ، ئىشىك ئېچىلىدۇ. بۇ ئاسماننىڭ مۇقەررەپ پەرىشتىلىرى يەنە بىر ئاسمانغا چىققۇچە بۇ روھقا ئەگىشىپ بىللە چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتىنچى ئاسمانغا يېتىدۇ. الله تائالا پەرىشتىلەرگە بۇ بەندەمنى «جەننەتنىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىگە تىزىملاپ يېزىڭلار! ئاندىن زىمىنغا ئېلىپ چۈشۈپ بەدىنىگە ياندۇرۇڭلار!» دەيدۇ. روھ قەبرىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئىككى پەرىشتە كېلىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاندىن كېيىن: «سېنى ياراتقان ئىگەڭ كىم؟» دەپ سورايدۇ. مۆمىن: «ئىگەم الله تائالادۇر» دەيدۇ. ئىككى پەرىشتە:«دىنىڭ نېمە؟» دەيدۇ. ئۇ كىشى: «دىنىم ئىسلام» دەيدۇ. ئىككى پەرىشتە: «سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا ئەلچى قىلىنغان بۇ ئادەم نېمە ئادەم؟» دەيدۇ. مۆمىن ئۇ كىشى الله تائالانىڭ ئەلچىسى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چوقۇم ئىشىنىمەن» دەيدۇ. ئاسمان تەرەپتىن بىر ئېلان قىلغۇچى: «بەندەم راست سۆزلىدى. ئۇنىڭغا جەننەتتىن ياتاق سېلىپ بېرىڭلار! جەننەتكە بىر ئىشىك ئېچىپ بېرىڭلار! دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ راھەتلىرى، خۇشپۇراقلىرى كېلىدۇ. قەبرىسى كۆز يەتكۈدەك يەرگىچە كەڭرىتىلىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئېيتتى) ئۇ مۆمىن قىشىغا گۈزەل يۈزلۈك، چىرايلىق كىيىم كىيگەن، خۇشپۇراق بىر ئادەم كىرىدۇ ۋە خۇش خەۋەرلىك بولۇڭ! بۇ سىزگە ۋەدە قىلىنغان ياخشى كۈن دەيدۇ. مۆمىن ئۇنىڭغا كىم سىز؟ چىرايىڭىز گۈزەل، ياخشىلىق كېلىپ تۇرىدىغان كىشى ئىكەنسىز» دەيدۇ. ئۇ كىشى مەن سىزنىڭ ياخشى ئىشلىرىڭىز، دەيدۇ. مۆمىن دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! ئەمدى قىيامەتنى قايىم قىلساڭ! بالا چاقىلىرىم، مال مۈلكىمگە قايتسام» دەيدۇ. يەنە شۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئۆلۈم پەرىشتىسى كاپىر بەندىنىڭ جېنىنى ئالسا، باشقا پەرىشتىلەر ئۇنىڭدا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ قويماي تاپشۇرۋېلىپ جاننى ئاغرىتىدىغان يىرىك لاتىغا يۆگەپ يۇقىرى ئېلىپ ماڭىدۇ. بەدەندىن يەر يۈزىدە بولىدىغان ئەڭ سېسىقراق نەرسىدەك بولغان ھالدا چىققان بۇ جاننى ھەر بىر جامائە پەرىشتىلەر قېشىدىن ئۆتكۈزسە،

ئۇلار: « نېمە دېگەن پاسكىنا سېسىق جان بۇ؟» دېيىشىدۇ. ئېلىپ ماڭغان پەرىشتىلەر، پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ جېنى دەپ دۇنيادىكى ئەڭ ناچار ئىسمى بىلەن ئاتايدۇ. ئاسمانغا ئەپچىقىپ ئىشىك قېقىلىدۇ، ئىشىك ئېچىلمايدۇ. «تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشىكىدىن ئۆتكىچە جەننەتكە كىرمەيدۇ (يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. (سۈرە ئەئراف 40-ئايەت) (يەنى كاپىرلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى مۇمكىن ئەمەس دىگەن مەنىدە) ئاندىن الله تائالا مەزكۇر كاپىرنىڭ جىنىنى ئېلىپ چىققان پەرىشتىلەرگە: «بۇنىڭ نامە ئەماللىنى زىمىننىڭ ئاستىدىكى ⟨سىججىن⟩ دېگەن يەرگە تىزىملاڭلار! دەيدۇ. ئاندىن بۇ جان تاشلىۋېتىلىدۇ.» دېدى ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «اللهغا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى اللهغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. (سۈرە ھەج 31-ئايەت) ئاندىن رەسۇلۇللا ئېيتتى:«ئاندىن كېيىن ئۇ كاپىرنىڭ روھى بەدىنىگە ياندۇرۇلىدۇ. ئىككى پەرىشتە كىرىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ: «ياراتقان ئىگەڭ كىم؟»دەيدۇ. ئۇ ھا، ھا، بىلمەيمەن، دەيدۇ. پەرىشتىلەر «دىنىڭ نېمە؟» دەيدۇ، كاپىر: ھا، ھا، بىلمەيمەن، دەيدۇ. ئاسمان تەرەپتىن بىر ئېلان قىلغۇچى: «بۇ يالغان سۆزلىدى، بۇنىڭغا ئوتتىن ياتاق سېلىپ بىرىڭلار! دوزاخ تەرەپتىن ئىشىك ئېچىپ قويۇڭلار!» دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇ زامان كاپىرغا ئوتنىڭ قىزىقلىقى ۋە زەھەرلىك ئىسى كېلىدۇ. قەبرىسى تارلاشتۇرۇلىدۇ. ھەتتا قوۋۇرغىلىرى كىرىشىپ ئالمىشىپ كېتىدۇ. چىرايىمۇ سەت، كىيىملىرىمۇ سەت، سېسىق پۇرايدىغان بىر ئادەم كىرىدۇ. ئۇ ئادەم بۇ كاپىرغا ئېچىڭ پۇشىدىغان بىر ئەھۋالدىن خەۋەرلىك بولغىن. سەن بۇرۇن دۇنيادا ئاگاھلاندۇرۇلغان كۈن مۇشۇ، دەيدۇ. كاپىر ئۇنىڭغا سەن كىم؟ چىرايىڭ سەت، يامانلىق كېلىپ تۇرىدىغان ئادەمكەنسەن، دەيدۇ. ئۇ ئادەم مەن سېنىڭ قىلمىش ئىشلىرىڭ، دەيدۇ. كاپىر شۇ چاغدا، ئى رەببىم! قىيامەت قىلمىغىن، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كاپىرغا قارىغۇ، گاس، گاچا بىر پەرىشتە تۆمۈر توقماق بىلەن كىرگۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ توقماق بىلەن تاغنى بىرلا ئۇرسا تاغ توپا بولۇپ كېتىدۇ. پەرىشتە كاپىرنى ھەر بىر ئۇرسا، كاپىر توپىدەك مىجىلىپ كېتىدۇ. يەنە كاپىرنى الله تائالا بۇرۇنقى ساق ھالىتىگە ياندۇرىدۇ. يەنە ئۇرىدۇ. يەنە شۇنداق بولىدۇ. كاپىرنىڭ ئاللا توۋىسىنى ئىنسان بىلەن جىندىن باشقىسى ئاڭلايدۇ. بەرا ئىبنى ئازىپ رىۋايىتىدە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئاندىن كىيىن ئۇ كاپىرغا دوزاختىن ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئوتتىن ياتاق سېلىپ بىرىلىدۇ» دېدى. يەنە بىر ئىشەنچلىك ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سوراقچى ئىككى پەرىشتىنىڭ بىرسى مۇنكەر، يەنە بىرىنى نەكىر دەيدۇ. بۇ ئىككى پەرىشتىنىڭ يەرنى ئۇرۇپ ماڭىدىغان مەرگەن چىشى، يەرنى كولاپ ماڭىدىغان كالپۇكلىرى بار. ئاۋازلىرى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك، كۆزلىرى ئال - چاقماقتەك ھالدا كىرىدۇ» دېدى. (ئىمامى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايىتى)

ئۈچىنچى باسقۇچ روھقا قەبرىدىن يىراق ۋە تەن ئايرىم تۇرغان، قەبرىگە مۇناسىۋەتىمۇ بولغان ھالەتتىكى راھەتى ياكى ئازابى.

ئۆلگەن ئادەمگە قەبرىدە بولىدىغان سوراقلار، سىناقلار تۈگەپ، پەرىشتىگە بەرگەن جاۋابىدىن ئۇ ئادەمنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشى ئاشكارىلىنىپ بولغاندىن كىيىن، يەنى دۇنيادا ئىمان بىلەن بولغانلارنى الله تائالا قەبرىدىمۇ ئىمانى بىلەن مۇقىم تۇرغۇزغان. زالىملارنى جاۋابىدىن ئازدۇرغاندىن كىيىن ئىنسانىنىڭ جىنى ئىلىيىندىكى رەھمەت ئۇرنىغا ياكى سىججىندىكى ئازاب ئورنىغا تاپشۇرۇلىدۇ. الله تائالا چىرىپ يوقالغان جىسىملارنى كىرىشكە

روٚخسەت بىرىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) جانلار مەزكۇر ئىككى ئورۇننىڭ بىرىدە تۇرىدۇ. لېكىن ياخشىلارنىڭ جانلىرى ساقلىنىدىغان ئىللىييىندىكى جانلارنىڭمۇ ھەر قايسىسىنىڭ قەبرىدە چىرىپ كەتكەن ئۇستىخانلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولىدۇ. خۇددى بۇ كۈندە تېلفۇن بەرگۈچى بىلەن تېلفۇن ئالغۇچىنىڭ سىمسىز تېلفۇن ئارقىلىق بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا قەبرىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن كىشىنى جاننىڭ تونۇپ سالام قايتۇرۇشى ھاسىل بولىدۇ. بەلكى روھنىڭ قەبرىدىكى چىرىگەن جىسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشى سەۋەبىدىن، روھنىڭ قەبرىدە لەززەتلىنىشى ياكى دەرد ئەلەم تارتىشى بولىدۇ. شەھىدلەر روھلىرىدىن باشقىلار بۇ ئەھۋالنىڭ سىرتىدا ئەمەس. چۈنكى قۇرئان، ھەدىس شەھىدلەرنىڭ روھلىرى يېشىل جانىۋارلار ئىچىدە بولۇپ، جەننەتتە يايراپ يۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئەرشكە ئېسىلغان چىراغلارغا قونۇپ ئۆلتۈرۈلىشىنى سۆزلىدى. اللە تائالا سۈرە ئال ئىمراندا: « اللە يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى رىزقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ، (يەنى جەننەتنىڭ نىئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ). ئۇلار اللەنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر.» (169-ئايەت ۋە 170-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتى: «جەزمەن شېھىدلەرنىڭ جانلىرى جەننەتنىڭ ئىچىدە خالىغان يەرگە ئۇچۇپ يۈرىدىغان يېشىل قۇشنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ. ئۇ قۇش ئەرشنىڭ ئاستىدىكى ئېسىپ قويۇلغان پانۇس چىراغلارغا كېلىپ قونىدۇ، جەننەتتىن خالىغان يەرلەردە يايرايدۇ. ئۇلارغا سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ نەزەر تاشلاپ:سىلەر قانداق نەرسە تەلەپ قىلىسىلەر؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «ئي پەرۋەردىگارىمىز! سەن مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدىن ھېچكىمگە بەرمىگەن نەرسىنى بىزگە بەرگەن تۇرساڭ (يەنە) نېمە تەلەپ قىلارمىز، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. (اللە تائالا) بۇ سوئالنى ئۇلارغا قايتا قويىدۇ. ئۇلار (اللە تائالادىن) بىر نەرسە سورىمىسا، (اللە تائالا)نىڭ ئۇلارنى قويىۋەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇلار شېھىدلىقنىڭ ساۋابىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن(اللە تائالادىن) بىزنى دۇنياغا قايتۇرساڭ، بىز سېنىڭ يولۇڭدا (كاپىرلار بىلەن) ئۇرۇش قىلساق، يەنە قايتا ئۆلتۈرۈلسەك دەپ سورايدۇ. ئاندىن اللە تائالا (ئۇلارغا): مەن ئۇلارنىڭ (يەنى شېھىدلارنىڭ) دۇنياغا قايتماسلىقىنى پۈتۈۋەتكەن ئىدىم دەپ بېرىدۇ. » (ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتى)

## مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن ئالتىنچى ئاساس قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش

ئىسلام ئەقىدىسى دۇنيادا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، دۇنيانىڭ ئاساسلىرىنى تەۋرىتىپ، زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ۋاقتىدىن باشلاپ ۋە ئىنسانلار مەۋجۇدىيىتىنى تىترىتىپ، باتىلنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، يامانلىقنىڭ، كاپىرلىقنىڭ، بۇزۇقلىقنىڭ تەختىرۋانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ھەيۋەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغاندىن تارتىپ، يەھۇدىيلار، ناسارالار، مەجۇسلار، اللە تائالاغا ئىتائەت قىلمىغۇچىلاردىن ئىبارەت دۈشمەنلەرنىڭ قاتتىق تەنىسىگە، قوپال، ئاچچىق تەنقىدلىرىگە نىشان قىلىنىپ كەلمەكتە. چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ياخشى مۆمىنلەرنىڭ

تىرىشچانلىقى بىلەن دۇنيادا يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ ئىچكى سەۋەبى پەقەت ئىسلام ئەقىدىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا دۈشمەنلەر ئىسلام ئەقىدىسىگە داۋاملىق شەك شۈبھە پەيدا قىلىشقا، تەنە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئاخىرى بۇ ئىسلام ئەقىدىنى كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە تەۋرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە بۇ ئەقىدىنىڭ دولقۇنلىرىنى توختۇتۇش، نۇرلۇق چىرىغىنىڭ توك سىملىرىنى ئۈزىۋېتىش ئاسان بولدى. ئىنسانلار دۇنياسىنى قايتىدىن قاراڭغۇ ھاڭلارغا، ئىنسانلارنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە ئارقىغا چېكىنىش يۈز بەردى. ئىنسانلارنى چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تاشلىدى.

بۇ ھەقتە مىسال ئۈچۈن شۇنى سۆزلەيمىزكى: قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش گەرچە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ پەقەت بىر پارچىسى بولسىمۇ، بۇ ئەقىدە ئاجايىپ مىسلىسىز تەنىلەرگە، يالغان شەك ـ شۈبھىلەر تاشلاشقا ئۇچرىدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قەدەرگە تىنىش، ئىنسان ھەر ئىشقا مەجبۇر دەيدىغان بۇزۇق تونۇشقا قايىل بولۇش، مۇئتەزىلەر، شىئە مەزھەبلىرىگە يۈرۈش قىلىش ئىشلىرى كۆرۈنگىلى باشلاشتىن بۇرۇن، يەنى رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابلىرىدىن بىر بۆلۈكلىرى دۇنيادا مەۋجۇد بولغان داۋامىدا دۈشمەنلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرلۇق قوياشىنىڭ ئەسەرلىرىنى يوقۇتۇشى مۇمكىن بولمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىغا مەزكۇر بۇزۇق ئەقىدىلەر، ئازغۇن مەزھەبلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن «قەدەر» ھەققىدە بۇزۇق تونۇشلار تارقالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە، يۇرتلىرىغا، بارلىق ۋۇجۇدىغا قاتتىق تىنىچسىزلىقلار يۈز بېرىپ دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسى، ئىنتىقامچىلارنىڭ تەنىلىرى ئاستىغا يىقىلىپ چۈشتى. دۇنيانى نۇرلاندۇرغان ھاياتى يول ۋە ياخشىلىق بىلەن قورشىغان نۇرلۇق يۈلتۇز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، دۈشمەن كاپىرلارنىڭ ئىسلام تەرەپتىن يۈرىكى شىپا تېپىپ جىنايىتى چوڭقۇرلىشىپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى قازا قەدەر ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلۇپ، چوڭ ئاجىزلىششقا دۇچار بولۇشتىن تاشقىرى، چۈشكۈنلىشىش، مەغلۇبىيەتلىرىمۇ شۇ ئەقىدىدىن بولدى، دېيىشتى. دۈشمەنلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈنلەي ئەكسىچە سۆز، ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىدىغان يالغان توقۇلمىدۇر.

ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇپ، شەك ـ شۈبھە قىلىشقا داۋام قىلىۋېرىش بىلەن بەزى مۇسۇلمانلارنى توغرا ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئايرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاجىزلاشتى. ئاندىن كېيىن دۈشمەنلەر تەنە قىلىپ: مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىششى ئىسلام ئەقىدىسىدە داۋام قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بولدى، دېيىشتى. ئىچىنارلىق ئەھۋال شۇكى: كۆپىنچە مۇسۇلمانلار بۇگۈنكى دەۋرگىچە ئۆز كىملىكىنى تونۇمىدى. ئۆزىدىكى بۇرمىلىنىپ كەتكەن خاتا كۆز قاراشنى تۈزەتمىدى. دۈشمەنلەر يامان غەرەز بىلەن كىرگۈزگەن خاتا ئەقىدىلىرىنى تۈزەتمىدى. چۈنكى بىز نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسى بىلەن تىللىرىنى مىدىرلىتىپ بىر قېتىم قازا ۋە قەدەرنى ئۆزىنىڭ ئىسلام يولىدىن چېقىپ كەتكىنىگە سەۋەب قىلغىنىنى، دىنىي ئىشلار مەسئۇلىيىتىدىن قېچىشقا باھانە قىلغىنىنى يەنە بىر قېتىم ئىنساننى ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچى، ھەممە ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچى ئىگىسى الله تائالاغا قارشى جىنايەت ئىشلىگەنلىكىنى، الله تائالانى زالىم ھىسابلاپ ئۇنىڭ ھۆكمى ۋە قەدرىگە قارشى چىققانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ قازا ۋە قەدەر قىسمىنى تەتقىق قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشنى توغرا كۆردۇم. بۇ ئىزاھاتىمىزنى ئوقۇغان، ئىشتىكەنلەر ئىچىدىكى قازا ۋە قەدەر ھەققىدە تونۇشى بۇزۇلغان، دىلى بىر تونۇشقا ئورناشمىغان، ئايىنمىغانلارغا الله مەنپەئەت بېرىپ، كۆڭلىدىكى ئىككىلىنىش

يوقۇلۇپ، ئەندىشىلىك پىكىرلىرى تۈزۈلۈپ، قازا ۋە قەدەرگە توغرا ئىشىنىپ، رازى بولۇپ، الله تائالالاغا، پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇپ، ئازابتىن قۇتۇلۇپ، جەننەت بىلەن بەختلىك بولۇپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۆمىن ئەقىدىسىنىڭ قازا ۋە قەدەر قىسمىنى ئوتتۇرىدا قويۇشتىن بۇرۇن، بۇ ئەقىدىنى چۈشىنىشكە ۋە راستىنى تونۇشقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، تەييارلىق مەزمۇنىدا ئۈچ سۆز تەقدىم قىلىمەن .

1.ئالەم ۋە ئۇنىڭدىكى تەرتىپ تۈزۈمىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى.

ئالەم دېگەن سۆز، زېمىن، ئاسمان ۋە بۇلار ئارىسىدىكى ۋە بۇلار ئىچىدىكى يۇقىرى، تۆۋەن بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئىبارەت. بۇ چوڭ ئالەم سانسىز ۋە ساناقسىز كۆپ شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئالەمدىكى ھەر بىر تۈرلۈك شەيئى ئىنسان ئەقلىنى ھەيران قىلىپ توختۇتۇپ قويىدۇ. چۈنكى بىرىنچى ئاسماندا مىليۇنلىغان چوڭ ـ كىچىك يۇلتۇزلار بولۇپ، بۇلارنىڭ جىسىملىرى ۋە ئىچىدىكى نەرسىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاشمىغاندەك ھەجىملىرى، ئارلىقلارنىڭ يىراقلىقى، ھەركەتلىنىش قانۇنىيەتلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىندا نۇرغۇن ئالەملەر (يەنى شەيئىلەر) بولۇپ، چوڭلۇقتا گۈزەللىكتە ئاسماندىكى ئالەملەردىن ئاز ئەمەس، مەسلەن، ئىنسانلاردىن ئىبارەت ئالەمدىمۇ، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ئالىمىدەك يارىلىشىدا، ساندا، كۆپلۈكتە، خۇسۇسىيەتلىرىدە، تەبىئەتلىرىدە ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋاللار بار . ئاسمانلاردىن ، زېمىندىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئالەم ئۆزىدىكى شەيئىلەرنى الله تائالالا ياراتقان ئىنچكە تەرتىپ ـ تۈزۈملەرگە ھەممىسىنى باغلىغان بولۇپ، پۈتۈن ئالەم بىر ـ بىرىگە كېلىشكەن بىرلەشكەن ھالدا، تېخى يىتىپ بارمىغان مەلۇم نىشان تەرەپكە قاراپ ھەركەتلىنىۋاتىدۇ. نىشانغا يەتكەندە ئالەمنىڭ ھەركەتلىنىش كۈچى تۈگەيدۇ. الله تائالالا سۈرە ئەنئامدا: «الله سىلەرنى (يەنى سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەمنى) لايدىن ياراتتى، ئاندىن ئەجىلىڭلارنى بېكىتتى، (سىلەرنىڭ تىرىلدىغان) ۋاقتىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا مەلۇمدۇر، ئاندىن سىلەر ـ ئى كۇففارلار! (ئۆلگەندىن كېيىن تېرىلىشكە) شەك كەلتۈرىسىلەر» دېدى. (2ـ ئايەت)

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ چوڭ ئالەمدە چوڭ ھادىسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ھادىسىنىڭ سەۋەبلىرى بار، ئامىللىرى بار ۋە شۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىنى تەلەپ قىلغۇچى ئىشلار بار. مەسلەن، پىلانىتلارنىڭ ئايلىنىشى، يۇلتۇزلارنىڭ سەيرى قىلىشى، شامالارنىڭ چىقىشى ۋە ئوخشاشماسلىقى، بۇلۇتلارنىڭ بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىشى، يامغۇر، قارلارنىڭ يېغىشى، زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈشى، ئىنسانلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ تۇغۇلۇپ تۇرۇشى، ئۆلۈش تۇغۇلۇشنىڭ پات ـ پات يۈز بېرىشى ھەممىسى الله تائالالا ئورناتقان قائىدە ـ تۈزۈمگە بويسۇنىدۇ. قانۇن ـ تۈزۈم ئۇلارنى ئالىي ھېكمەتلەر رۇشەن مەقسەتلەرگە يېتەكلەيدۇ. شۇڭا بۇ شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئارىسىدا پەلسەپىسگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر نەرسە يوق. ھاياتنىڭ ھەممە تارماقلىرىنى بىر ــ بىرىگە باغلاشتۇرىدىغان بۇ قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ سىرتىدا يۈز بېرىدىغان بىر نەرسە يوق. ئالەم شەيئىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىجرا بولۇۋاتقان بۇ تەرتىپ تۈزۈم بار تۇرۇپ، ئىلىملىك ئادەملەرنىڭ بۇ ئالەمنى ياراتقان كاتتا قۇدرەتلىك الله تائالالانىڭ ئالەمنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇن، ئۇ شەيئىلەرنى بىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇ شەيئىلەرنى پەيدا قىلماي تۇرۇپ، تەرتىپ تۈزۈملۈك ھەركەتلىنىشىنى ئالدىن بېكىتىلگەنلىكىگە، شەيئىلەرنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن ھەممىسى شۇ تۈزۈمگە باغلانغانلىقىغا، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە شەيئىنىڭ تەرتىپ تۈزۈملۈك ھەركەتلىنىۋاتقانلىقىغا، تۈزۈمدىن چىقىپ

كېتەلمەيدىغان، خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىغا قانداق شەك ـ شۈبھىسى بار؟ بۇ تەرتىپ تۈزۈم دۇنيا ھاياتى داۋام قىلىشى ۋە مەلۇم ۋاقىت چۇۋۇلماي تۇرۇشتىكى سىر سەۋەبىدۇر. مانا بۇ بولسا ھەم الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ ياخشى ۋە يامان ھەرخىل ھالدا جارى بولۇشقا چاقىرغان قازا ۋە قەدەردىن ئىبارەت تۈزۈم ـ تەرتىپتۇر.

2. ئالەم قانداق بارلىققا كەلگەن؟

ئالەم بار، ئۇنى يوق دېمەك مەنىسىز. ئالەمنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىش ھاجەتسىز، پەقەت ئالەم توغرىسىدا كونا يېڭى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ زېھنىنى مەشغۇل قىلىۋاتقان مەسلە بولسا ئالەم ئەزەلدىن بارمىدى ياكى كېيىن پەيدا بولغانمۇ؟ دېگەن مەسلىدۇر. ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى :«ئالەم ئەزەلدە يوق ئىدى. كېيىن پەيدا بولغان» دېگەن قاراشقا كەلگەن. كېيىن پەيدا بولغانلىقىغا ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىشىنى دەلىل قىلىشقان. دېمەك ئالەم ئۆزگەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەزەلدە يوق ئىدى. كېيىن پەيدا بولدى دېيىشكەن. ئالەمنىڭ كېيىن پەيدا بولغانلىقىغا ئالىملارنىڭ دەلىللىرى 19 ـ ئەسىرگىچە، ھەتتا تافەتى مۇتاھە ھارارەت كۈچىنىڭ (ئىنىرگىينىڭ) يۆتكىلىش قانۇنى كەشىپ قىلىنغانغا قەدەر شۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەن. دۇنيا ئالىملىرى بۈگۈن ئېيتقاندەك بۇ قانۇن ئىسپاتلىدىكى ئالەم ھەرگىز ئەزەلدىن بار ئەمەس. پەقەت ئۇ يېڭىدىن يارىتىلغان نەرسە. شۇنىڭدەك ئۇ ھەرگىز ئەبەدىي تۇرمايدۇ. بەلكى ئۇ چوقۇم ئاخىرلاشماي، يوقالماي قالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئالەمدە بېكىتىلگەن قىزىقلىق قۇۋۋەت (ئىنىرگىيە) ھەمىشە قىززىق (ئىنىرگىيسى يۇقىرى) جىسىملاردىن سوغۇق (ئىنىرگىيسى تۆۋەن) جىسىملارغا يۆتكۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇرۇنلا مۇقەررەرلەشتۇرگۈچى بولماي مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەزەلدىن يوق نەرسە نەتىجە بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قۇۋۋەتنى ياراتقۇچى ئەزەلدىن بار بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن خۇداغا ئىشەنمەيدىغان پەيلاسوپلارنىڭ بەزىسى دەۋا قىلغان ۋۇجۇد ئالىمىنىڭ ئەزەلدىن بار بولۇش نەزىرىيىسى يالغان بولۇپ چىقتى. يارىتىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولغان نەرسىنىڭ تۈگىشى، يوقۇلىشىمۇ چۇقۇم بولىدۇ. غەرب ئالىملىرىنىڭ بىرسى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى مۇقەررەر قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «غەرەزسىز ھالدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر بۇ ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ باشلىنىشى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا الله تائالانىڭ بارلىقىنىمۇ ئىسپاتلىدى. چۈنكى بارلىققا كېلىشىنىڭ باشلىمى بولغانلا نەرسىنىڭ ئۆزلىكىدىن بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى دەسلەپ پەيدا قىلغۇچىغا مۇھتاج، ئۇ بولسا پۈتۈن ئالەمنى يوقتىن بار قىلغان الله تائالادۇر». قۇرئان كەرىمدە بۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئايەت بار. الله تائالا سۈرە فۇسسىلەتتە: «ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان ـ زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ.» (53 ـ ئايەت) دېدى. قىززىق (ئىنىرگىيسى يۇقىرى) جىسىملارنىڭ قىززىقلىقى (ئىنىرگىيسى) باشقا جىسىملارغا يۆتكىلىشى ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقان ئەمەلىيەت بولۇپ، بۇ قانۇنىيەت ھۆكۈم قىلىدۇكى، بۇ قۇۋۋەت (ئىنىرگىيە) كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈگەيدۇ. ئۇ چاغدا ھاياتمۇ تۈگەيدۇ. دۇنيا ئالىملىرىمۇ ئاشۇنداق دەيدۇ. بۇ بولسا خاتالىقىدىن خالىي بولغان توغرا قاراشتۇر. لېكىن ئالەمنى ياراتقۇچى الله تائالا بۇ ھاياتنىڭ تۈگىشى ئۆزىنىڭ الله ئورۇنلاشتۇرغان بەلگىلىك قارارى تۈگىگەندە بولىدۇ. قىززىقلىق قۇۋۋىتىنىڭ (ئىنىرگىينىڭ) تۈگىشى بىلەن ئەمەس، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ تەرتىپ تۈزۈمى بۇزۇلۇشى بىلەن بولىدۇ، دەپ

خەۋەر قىلىدۇ. الله تائالالا بۇ ھەقتە سۈرە ۋاقىئەدە: «قىيامەت قايىم بولغان چاغدا، ھېچ ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ. زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەن، تاغلار پارچىلىنىپ تۇزاندەك تۇزۇپ كەتكەن چاغدا، قىيامەت (بەزىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ، (بەزىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزۈش بىلەن دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ.» دېدى. (1-ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە) يەنە الله تائالا: «كۈننىڭ نۇرى ئۆچۈپ يۆگىلىپ قالغاندا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار چاڭ - توزانغا ئايلاندۇرۇلۇپ ماڭدۇرۇلغاندا قىيامەت بولىدۇ» دەيدۇ. (سۈرە تەكۋىر 1-ئايەت ) يەنە: «ئاسمان يېرىلغاندا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەندە،» (قىيامەت بولىدۇ). (سۈرە ئىنفىتار1-ئايەت)

لېكىن بۇ ئالىملارغا ئۆزىنىڭ مەخسۇس دەلىل كۆرسىتىش يولى بىلەن ئالەمنىڭ كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى، مەڭگۈ تۇرمايدىغانلىقىنى، يوقالماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقى يېتەرلىك دەلىلدۇر. بۇنىڭدىن ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى قانداق بولغان؟ ياكى ئۇ ئالەم قانداق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن؟ دېگەن بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ. دۇنيا ئالىملىرى ئالىملاردىن ۋە باشقىلاردىن بولغان ماددىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تىللىرى بۇ سوئالغا توغرا جاۋاپ بېرىشتىن توختۇلۇپ قالدى. جاۋاپ بېرەلمىدى. ئۇلارغا ئەقلى بىلەن ئويلىماستىن تەخمىنەن، خىيال بىلەن، گۇمان بىلەن ياكى يالغاندىن كۆزىنى يۇمۇپلا سۆزلەش بىلەن جاۋاپ بېرىشتىن باشقا توغرا جاۋاب نەدە؟

شۇنداق خىيالى  جاۋابتىن بىرسى ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ: «زېمىن قۇياشتىن ئوت ھالىتىدە ئۈزۈلۈپ چۈشكەن، ئاندىن مىليون يىللاردىن كېيىن ئاستا - ئاستا سوۋۇغان، قاتقان، توپا قاتلىمى پەيدا بولغان. شۇنىڭ بىلەن مەخلۇقلار يارىتىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ياشىشىغا لايىقلاشقان»دېگەن سۆزىدۇر. زېمىندىكى جانلىقلارغا كەلگەندە ئۇلار «زېمىندىكى ھايات نەرسىلەر ئاددى ھۈجەيرە شەكلىدە باشلانغان، ئاندىن كېيىن تەرەققى قىلغان، ئۆزگەرگەن، كۆپەيگەن ۋە ھازىرقى ھالىتىگە يەتكەن.» دەيدۇ. ئەمدى ئۇلاردىن سوئال قىلىپ: «زېمىن قۇياشتىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بولسا، ئۆزۈۋڭلارنىڭ مۆلچەرىڭلاردا مىليونلارچە بولغان يۇلتۇزلار، كۈن، ئايلار نىمىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن؟» دەپ سورالسا، نىمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟

قۇرئاندا سۈرە كەھفدە: «ئۇلار (يەنى شەيتانلار)غا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشىنىمۇ كۆرسەتكىنىم يوق (يەنى مەزكۇرلارنى خەلق ئەتكەن چېغىمدا ئۇلارنى ھازىر قىلغىنىم يوق) (كىشىلەرنى) ئازدۇرغۇچىلارنى ياردەمچى قىلىۋالغىنىممۇ يوق» دېگەن. (51-ئايەت) الله تائالالاغا ھەمدۇ - سانا شۈكرىلەر بولسۇن! چۈنكى الله تائالا ئۆزىنىڭ مۆمىن (ئىسلامغا ئىشەنگۈچى) بەندىلىرىنى مۇنداق يالغان خىيال، ۋەسۋەسە، گۇمان تەخمىنىلاردىن بىھاجەت قىلدى. ياراتقۇچىنىڭ خەۋىرى كۇپايە، ياراتقۇچى ئۆزى بارلىق مەخپى نەرسىلەرنى، ئەھۋاللارنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار تۇرۇپ، ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنى ۋە قانداق ياراتقىنىنى بىلمەي قالامدۇ؟ الله تائالا ئېيتتى: « كافىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر- بىرىگە تۇتاش ئىدى، ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق، ھەممە جانلىق- مەۋجۇداتنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (اللهنىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟ يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق، ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق. ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاسماندىكى (كۈن ئاي يۇلتۇزلارغا ئوخشاش اللهنىڭ بارلىقىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىن غەپلەتتىدۇر. الله كېچىنى ۋە كۈندۈزنى كۈننى ھەم ئاينى ياراتتى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ.» (سۈرە ئەنبىيا 30- ئايەتتىن 33- ئايەتكىچە) يەنە الله تائالا: «(سەن ئۇلارغا) ‹سىلەر زېمىننى ئىككى

كۆنده ياراتقان اللهنى ئىنكار قىلامسىلەر ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرەمسىلەر؟ ئۇ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر〉 دېگىن. ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى، زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى، (زېمىننى يارىتىش بىلەن ئاھالىسىنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشنى كەم- زىيادىسىز) باراۋەر تۆت كۈندە (تاماملىدى). (زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىش مۇددىتىنى) سورىغۇچىلار ئۈچۈن (بۇ جاۋاپتۇر). ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى، ھالبۇكى ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى. ئاسمان بىلەن زېمىنغا: «ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ھالدا كېلىڭلار (يەنى ئەمرىمنى قوبۇل قىلىڭلار)» دېدى. ئىككىلىسى «ئىختىيارىي كەلدۇق» دېدى. «الله يەتتە ئاسماننى ئىككى كۈندە ياراتتى. ھەر ئاسماننىڭ ئىشىنى ئۆزىگە بىلدۈردى (يەنى ھەر ئاسماننىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى). ئەڭ تۆۋەنكى ئاسماننى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىدۇق ۋە قوغدىدۇق، بۇ ئەنە شۇ غالىب ھەممىنى بىلگۈچى اللهنىڭ تەقدىرىدۇر.» دېدى. (سۈرە فۇسسىلەت 9-ئايەتتىن 12-ئايەتكىچە)

مانا بۇلار الله تائالانىڭ ئاسمان، زېمىنلارنى يارىتىش توغرىسىدىن بەرگەن خەۋىرىدۇر. ئەمما الله تائالا ئىنساننى، جىننى، ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى ياراتقانلىقى توغرىسىدىن خەۋەر قىلىپ ئېيتىدۇ: «(الله) ئىنساننى (يەنى ئاتاڭلار ئادەمنى) (چەكسە جاراڭلايدىغان) ساپالدەك قۇرۇق لايدىن ياراتتى. جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى.»(سۈرە رەھمان 14-،15-ئايەت) يەنە الله تائالا: «شەكسىز بىز ئىنساننى(ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) قارا لايدىن ياسالغان، چەكسە ئاۋاز چىقىدىغان قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق. جىننى، شەيتانلارنى ۋە ئۇنىڭ باشلىقى ئىبلىسنى بۇنىدىن بۇرۇن تۈتۈنى يوق ئوت يالقۇنىدىن ياراتقان ئىدۇق» دېدى. (سۈرە ھىجر 26-،27-ئايەت)

يەنە الله تائالا: «الله ھەر بىر جانلارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇتى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدۇ. الله خالىغان مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر» دېدى. (سۈرە نۇر 45- ئايەت) يەنە الله تائالا: «(بۇ كاپىر) ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن. (بىز بۇلۇتتىن) زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق. سىلەرنىڭ ۋە ھايۋانلىرىڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن زېمىندا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى، تۇرلۇك مېۋىلەرنى، ئوت - چۆپلەرنى ئۆستۈردۇق.» (سۈرە ئەبەسە 24 ــ ئايەتتىن 35- ئايەتكىچە)

ئىنساننى ۋە ئاسمان زېمىننى ۋە پۈتۈن كائىناتنى قانداق ياراتقانلىقى توغرىسىدا ئىنساننى خاتالىقتىن ساقلايدىغان، بىلىمسىزلىك كېسىلىگە شىپا بېرىدىغان ئىشەنچىلىك بولغان بۇ سۆزلەر نەدە؟ يۇقىرىقى ئۆزى چاغلاپ تەخمىن قىلىپ سۆزلىگەن پىچەك، قالايمىقان سۆز، بەلكى يالغان ئويدۇرما سۆزلەر نەدە؟ بۇ ئىككى سۆز ئارىسىدا يوق بىلەن بارنىڭ، ساق قۇلاق بىلەن پاڭ قۇلاقنىڭ ئارىسىدىكىدەك پەرق بار. مۇسۇلمانلار نەدە؟ ئۇ ئىنكارچىلار نەدە؟ مۇسۇلمانلار بولسا راستقا ئىشىنىشى سەۋەبىدىن راستنى تونۇشقا ھىدايەت قىلىندى. ئۇلار ھەقنى ئىختىيار قىلدى. قوبۇل قىلدى. كۆڭلى قانائەت قىلدى. ھەقنى تونىدى. ئىنكارچىلار بولسا توغرىلىقتىن ئېزىپ كەتتى. توغرا يولدا مېڭىشتىن قارىغۇلۇقنى ئەلا كۆردى. ئىلىم بىلەن ئىسپاتلانغان ئەمەلىي ھەقىقەتكە گۇمان بىلەن قارشى تۇردى، رېئاللىقنى شەك ۋە يالغان بىلەن رەت قىلدى.

مۆمىنلەرگە بولسا، ھەقنى كۆرسەتكۈچى ۋەھيى ئۇلارغا ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بەردى. ئۇلار ۋەھيىنىڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇقتا قالغانلارنى، پىكىردە ۋە ئازغۇنلۇقتا بېشى ئايلىنىپ يۈرۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىنكارچىلارغا ھاۋايى ھەۋەس چۆلىدىكى پالپىلەك سەراپ سۇدەك كۆرۈندى. ئۇنى پەلسەپە ۋە ئېنىق نەرسە خىيال قىلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈردى، ھېرىپ،

چارچاپ ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇنىڭ قۇرۇق ئۇمىد ۋە يامان ئاقىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ﷲ تائالا ئېيتتى: «كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەرابقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرەلمەيدۇ. (يەنى سۇ كۆرەلمەيدۇ) ئۇ ﷲنىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ﷲ ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، ﷲ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر. ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشى دەپ گۇمان قىلغان) ئەمەللىرى چوڭقۇر دېڭىزدىكى قاراڭغۇلۇققا ئوخشايدۇ، ئۇنى (يەنى دېڭىزنى) قاتمۇ- قات دولقۇنلار ۋە دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ تۇرىدۇ. (مانا بۇ) قاتمۇ - قات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ﷲ نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى ﷲ ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت تاپالمايدۇ).» (سۈرە نۇر 39-، 40-ئايەت)

3. ئاسمانلاردىن ئىبارەت يۇقىرى ئالەم، زېمىندىن ئىبارەت ئاستىن ئالەم بولسۇن پۈتۈن كائىناتنىڭ بەك ئىنچىكە تەرتىپ - تۈزۈمگە باغلانغانلىقى، قۇياشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ چوڭ يۇلتۇزلاردىن تارتىپ، زەرە ھۇجەيرىسىدەك ئەڭ كىچىك نەرسىلەرگە قەدەر ھەممىسى ئاجايىپ قانۇنلارغا باغلانغانلىقى، ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم يوللارغا بويسۇندۇرۇلغانلىقى، ئالەم ئەھۋالىنى بىلگۈچى ئالىملارغا مەلۇملۇق بىر نەرسە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە ﷲ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ﷲنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، ﷲ يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن»دېدى. (سۈرە فاتىر 43-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

ئاستىن ئالەم زېمىنىغا كەلسەك، ئەگەر ھاۋانىڭ 100 دە 21 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان ئوكسىگېن كۆپىيىپ 100 دە 50 پىرسەنت بولۇپ قالسا، ئوتتىن كۆيىدىغانلا نەرسىلەر ھەممىسى كۆيۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئوكسىگېن 100 دە 21 دىن كەم بولۇپ قالسا، ئىنسانلارنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ. ئادەملەر ئۆلىدۇ. بۇ ئەھۋالنى پەقەت ﷲ تائالا بۇ ئالەمدە پەيدا قىلغان ۋە ھاياتنى ئۇنىڭغا باغلىغان ئومۇمىي تەرتىپ تۈزۈملىرىگە مىسالدۇر.

ئەمما ھاياتتىكى ھەر بىر مەخلۇق ئۈچۈن بەلگۈلەنگەن مەخسۇس ئىنتىزام بولسىمۇ ئادەمنى ھەيران قىلارلىق ئىنتىزامدۇر. چۈنكى ھەر بىر مەخلۇق ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، چوڭىيىشى، ھاياتنىڭ ھەر خىل ھالەتكە ئۆزگىرىشى، ئۇنىڭ تۇرمۇش يوللىرى، رىزىق قولغا كەلتۈرۈشى، نەسىللىنىش قانۇنلىرى، ئۆز نەسلىنى ساقلاش يوللىرى، ئۆلىشى، يوقۇلىشى قاتارلىقلاردا ئۆزگە قانۇنىيەتلىرى بار. جانلىقلارغا خاس بولغان يوللارنىڭ تولاراقى ئويلاپ كۆرگەن كىشىلەرگە مەلۇم، بۇ يوللاردىن مىسال ئۈچۈن، ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەسىلىنىشدىكى ئۈچ يولنى سۆزلەيمەن.

ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا، ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە مايىل بولۇپ نەسلى ئەۋلاد ئۈچۈن، دۇنيادا ئادەمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن جىنسى ئالاقە قىلىشى بولسا، ئادەم نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورنىتىلغان ئىلاھى قانۇن بويىچە بولىدۇ. ئەر - ئايال بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكە ھەتتا ھامىلدارلىق ھالىتىدىمۇ مۇھتاج بولىشى، ئەر - ئايال دائىم مۇناسىۋەتلىشىپ بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى ئارقىلىق ئەۋلادىنى ئاسراش ۋە تەربىيلەشكە بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشتۇر.

ئەمما ھايۋانلارنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، چىشى ھايۋان بوغاز بولسا ئەركىكى ئۇنىڭدىن

قاچىدۇ، تاشلىۋېتىدۇ. بۇ بولسا ھايۋاننىڭ ئەركەك چىشى مۇناسىۋىتى خاس تەبىئى شەھۋىتى ئۇچۇنمۇ ئەمەس. باللىرىنى بىللە بېقىشىپ بىرىش ئۇچۇنمۇ ئەمەس. بەلكى نەسىل ئەۋلاد يېتىشتۈرۈشى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ گۆش - ياغ، سۈت ۋە قايماق بىلەن تەمىنلىشى، يۇڭ، تېرىلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىنىڭ بىر قىسمىنى تەمىن قىلىش مەقسەت قىلىنغان. شۇڭا ئۇ نەسىللىنىش پەيتىدىن باشقا چاغدا بىر - بىرىنى ئىزدەشمەيدۇ. جاھاندىكى ھەر بىر مەخلۇقتا ئۆزىگە لايىق تەن قۇرۇلۇش، مىجەز تەبىئەت بىرىپ، يولىنى كۆرسەتكەن الله تائالا ئەڭ بۈيۈكتۇر! چۈنكى ئىنسانلاردىكى ھايۋانلاردىكى بۇ تەرتىپ تۈزۈم ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئەقىلگە بەك مۇۋاپىق ۋە مەقبۇلدۇر.

ئۆسۈملۈككە كەلسەك: ئەنجۈر دەرىخىنى نەسىللىنىشىدىكى ئەمىلىيەت ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چوڭقۇر ئويلىغان كىشىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ، چۈنكى ئەنجۈر دەرىخى ئىچىدە ئەركەك دەپ تونۇلغان بىر خىلى بار. ئەتىياز پەسلىدە ئۇنىڭ ئەركىكىمۇ، چىشىسىمۇ غازاڭ چىقارغاندىن كىيىن ھەر ئىككىسىدىن كىچىك بىر مىۋە چىقىدۇ. ئەركەك ئەنجۈرنىڭ مىۋىسى تىز چۈشىدۇ. الله تائالا ئورناتقان قانۇن بويىچە چىشى ئەنجۈرنىڭ نەسىلىنىش ۋاقتىنىڭ كىلىشى بىلەن تەڭ ئەركەك ئەنجۈرنىڭ مەزكۇر مىۋىسى (دانچىسى) پىشىدۇ. باغۋەن دېھقان ئەركەك ئەنجۈرنىڭ مىۋىسىنى ئېلىپ چىشى ئەنجۈرلەرنىڭ شاخلىرىغا ئېسىپ قويىدۇ. ئېسىلغان كىچىك مىۋىدىن بەك كىچىك چىۋىنلەر پەيدا بولۇپ، بۇ مىۋىدىن ئاق بىر خىل ماددىنى چىشلەپ ئېلىپ ئاپىرىپ، چىشى ئەنجۈرنىڭ مىۋە چىقىرىدىغان قاچىسىغا قويۇپ قايتىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ چىشى ئەنجۈرنىڭ نەسىللىنىشى ھاسىل بولىدۇ. بىر - بىرلەپ ھەمىسىنى نەسىللەندۈرۈپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ چىۋىن ئۆزىنىڭ الله تائالا بەلگىلىگەن ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كىيىن ئۆلىدۇ. مانا بۇ ئاجايىپ مۆرەككەپ بىر ئەمەلىيەتتۇر. مانا بۇ ئەمەلىيەت الله تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە قۇدرىتىگە، ئىلمىگە، تەدبىرىگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەئبۇد (باش ئىگىلىگۈچى) يوقلىقىغا، ئۇنىڭدىن باشقا تەربىيە قىلغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ يوقلىقىغا كۈچلۈك دەلىلدۇر.

ئەنجۈر دىگەن بۇ بەرىكەتلىك دەرەخنىڭ يۇقىرىقىدەك يول بىلەن نەسىللىنىشى، ھەرگىزمۇ دىنسىزلار، تەبىئەتچىلەر ئېيتقاندەك زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ياكى تاسادىپىي ياكى تەبىئەت ھۆكمى بىلەن بولىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ پەقەت ياراتقۇچى ۋە ھەممىنى بىلگۈچى تەدبىرلىك ئىش قىلغۇچى، ئاقىۋەتنى بىلىپ ئىش قىلغۇچى، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقۇچى، ھەممە مەخلۇقنىڭ ئىگىسى ۋە پادىشاھى الله تائاللانىڭ يارىتىشى ۋە يارىتىشتىن بۇرۇن قارارلاشتۇرۇشى بىلەنلا ھاسىل بولغاندۇر. مەن چوقۇم بىلىپ ۋە ئىشىنىپ گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، شېرىكى بولمىغان، تەڭدىشى بولمىغان الله دائىم ئادىل، غالىب ۋە ھېكمەت ئىگىسىدۇر.

ئاسمانلاردىن، زېمىندىن ئىبارەت ئالەمدىكى بۇ تەرتىپ تۈزۈم پەقەت الله تائالانىڭ تەقدىرى (ئالدىن قارارلاشتۇرىشى، تەرتىپكە سېلىشى ۋە ھەممىنى بىلىشىنىڭ) ئەمىلىيىتىدۇر. ئالەمدە بار بولغان نەرسە ئاللانىڭ تەقدىرى بويىچە بولىدۇ. مانا بۇ قازا ۋە قەدەر. بۇنىڭغا ئىشەنمىگۈچى بەندىنىڭ ئىمانى ھاسىل بولمايدۇ. الله تائالا تەۋپىق بەرگۈچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر.

## قازا ۋە قەدەر

قازا ۋە قەدەرنى تونۇشىمىز ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىز باشتا سۆزلىگەن ئۈچ سۆزنى قايتا ئەسكە ئېلىشىمىز ۋە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، ئالەمدىكى مەخلۇقلارنى ئۆزىگە باغلىغان تەرتىپ تۈزۈم ۋە ھەر بىر مەخلۇق ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرىۋاتقان قانۇن يوللىرى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىمىزنى ئەسلىشىمىز ۋە ئالەمدىكى ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە جانسىز نەرسىلەردىكى ئاجايىپ يارىتىش ۋە ئاجايىپ پىلانلاشتىن ئىبارەت بىز ۋاقىپ بولغان ئەھۋالنى ئەسلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بىز قۇياش سىستېمىسىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئاجايىپ ئىنىچكە تۈزۈمدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. چۈنكى مىليۇنلارچە بولغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئۆزىگە خاس ماڭىدىغان يولى ۋە ئايلىنىش ئورنى بار، يارىتىلغاندىن بېرى شۇنداق داۋام قىلىۋاتىدۇ. ھېچ بىر يۇلتۇز ئۆز يولىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ئايلىنىش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق. ئەگەر ئۇنداق بولسىدى، بۇ ئالەم خاراپ بولاتتى.

شۇنىڭدىن الله تائالانىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پەيدا قىلىنىشى ۋە ئۆسۈپ تەرەققى قىلىشى، بىر مەزگىل تۇرىشى، ئاندىن كېيىن يوقۇلىشىدا ئورناتقان تۈزۈم ۋە يوللىرىنى ۋە بۇنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنغا باغلانغانلىقىنى، شۇ قانۇن بىلەن ھەممىنىڭ ھاياتى تەرتىپلىك مېڭىۋاتقانلىقىنى ۋە مەلۇم نىشانغا قاراپ شۇنداق داۋام قىلىدىغانلىقىنى تونۇۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن قەدەرنىڭ تېگىنى ۋە ئىزاھاتىنى بىلۋالدۇق. شۇڭا بىز قازا ۋە قەدەرنى چۈشەندۈرۈشتە قازا ۋە قەدەر بولسا، الله تائالا ئۆزى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلغان ئالەمنى (مەخلۇقلارنى) ھادىسىلەرنى، شەيئىلەرنى بۇرۇنلا بىلەتتى ۋە شۇنداق يارىتىپ، تەرتىپكە سېلىشنى بۇرۇنلا قارارلاشتۇرۇپ، لەۋھۇل مەھپۇزغا يېزىپ بولۇپ، ئاندىن يارىتىشنى باشلىغان. ئالەملەر، مەخلۇقلار، شەيئىلەر، ھادىسىلەرنى ئەمەلدە بارلىققا كەلتۈرۈشتە، ساندا، سۈپەتتە، يارىتىلىش زامانىسى، ئورنى، سەۋەبى، باشلانغۇچ ئىشلىرى، نەتىجىلىرى جەھەتتە بۇرۇن قارارلاشتۇرغان، يازغان بويىچە بارلىققا كەلتۈرگەن. ھېچ بىر مەخلۇق بۇرۇن قارارلاشتۇرغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمىغان. ئالماشمىغان، ئۆزگەرمىگەن، كەم - زىيادە بولمىغان، دەپ چۈشەندۈرسەك توغرا چۈشەندۈرگەن بولىمىز . مۇنداق چۈشەندۈرىشىمىزنىڭ سەۋەبى :

1. بارلىققا كېلىپ بولغان ۋە كېيىن بارلىققا كېلىدىغان ۋە بارلىققا كەلمەيدىغان، ئەگەر بارلىققا كەلسە ئەھۋال باشقىچە بولىدىغان، ھەممە مەخلۇقنى الله تائالانىڭ بىلىشى كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولغىنى ئۈچۈندۇر ۋە قۇدرىتى ھەدسىز بولۇپ، ھېچ نەرسىدىن ئاجىز كېلىپ قالمايدىغانلىقى، الله خالىغان ئىش بولىدىغان، خالىمىغان ئىش بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

2. الله تائالا ھەممە ئالەمنى (ئاسمان - زېمىن ۋە بارلىق مەخلۇقنى) ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان مۇقىم بىر قانۇنغا باغلاپ ياراتقانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئىككىسى قازا ۋە قەدەر بولۇپ، بىلىمسىز ۋە راست ئەمەلىيەتكە قەستەن كۆز يۇمۇدىغان تەكەببۇردىن باشقا ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسى پەلەكتىن نۇر ۋە زۇلمەتكىچە، ئىنساندىن ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈككىچە، ئۆسۈملۈكتىن جانسىزلارغىچە پۈتۈن مەۋجۇدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقىم قانۇن شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىلىملىك ياراتقۇچى، ھېكمەتلىك ياسىغۇچى الله تائالانىڭ ئۆز قۇدرىتى ۋە قازا ۋە قەدەردىكى ھېكمىتى ۋە خالىشى ۋە ھۆكۈم قىلىشى تەرەپتىن بەرگەن خەۋىرىگە قۇلاق سالايلى:

الله تائالا سۈرە ھەدىد 22-ئايەتتە:«يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى،

ﷲغا ئاساندۇر.»دېدى.

يەنە سۇرە ھىجىرىدە :«يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق (ئۇلارنىڭ يېمەك- ئىچمەكلىرىنى سىلەر ئەمەس بىز يارىتىمىز). قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز.» (سۇرە ھىجىر 19-ئايەتتىن 21-ئايەتكىچە) يەنە سۇرە قەمەردە: «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق.» (49-ئايەت) يەنە سۇرە تاھادا: «سەن مەديەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللار تۇردۇڭ، ئاندىن ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن (بۇ يەرگە) كەلدىڭ» دېدى. (40-ئايەت) يەنە سۇرە فۇرقاندا: «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى ﷲغا خاستۇر، ﷲنىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر، ﷲ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى» دېدى.(سۇرە فۇرقان 2-ئايەت) يەنە سۇرە ئەھزابتا: «ﷲ پەيغەمبەرگە ھالال قىلغان ئىشقا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (بۇ) ﷲنىڭ ئۆتكەنكى (پەيغەمبەرلەرگە) تۇتقان يولىدۇر. ﷲنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر.» دېدى. (38-ئايەت) يەنە ﷲ تائالا: «ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى.» دېدى. (سۇرە ئەئلا 1-ئايەتتىن 3-ئايەتكىچە)

ئىنسانلار ﷲ تائاللا ياراتقان مەخلۇقلار تۇرۇپ، قەدەرنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر تۇرۇپ، ئۇ قانۇندىن چىقىۋېلىشقا ھېچقاچان كۈچى يەتمەيدىغان تۇرۇپ نىمىشقا ئىنسانلار قەدەرگە ئىنكار قىلىدۇ؟ بىر ئادەم ئۆي سالماقچى بولسا، ئېخى سالمىغان ئۆيىنىڭ سۈرىتىنى خەرىتىگە بۇرۇن سىزىدۇ، ئاندىن ئۆيىنى خەرىتىدىكى سۈرىتىگە ئۇدۇل كەلتۈرۈپ سالىدۇ. ئۆيىنىڭ ھىچقانداق يېرى خەرىتىگە خىلاپ بولمايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ چەكلىك بولغان بىلىمگە، كۈچ قۇۋۋىتىگە ھىچكىم ئىنكار قىلمايدۇ - يۇ، ئەجەبا ھەممە ئالەمنى ياراتقۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى، كۈچ - قۇدرەت ئىگىسى ﷲ تائالانىڭ ئالەم مەخلۇقلىرىنى يارىتىشتىن بۇرۇن سانلىرى، سۈپەتلىرى، شەكىللىرى، ۋاقىتلىرى، قابىلىيەتلىرى، دۇنيادا تۇرۇش مۇدەتلىرىنى ئالدىن توختام ۋە قارار قىلىۋېتىپ، لەۋھۇل مەھپۇز خەرىتىسىگە يېزىۋېتىپ، كېيىن شۇ بويىچە يارىتىشى ئەقىلگە يات تۇيۇلامدۇ؟ ۋە قەدەرنى ئىنكار قىلغۇچى، ئۇ توغرىدا جېدەللەشكۈچى بولامدۇ؟

بىز بۇ سۇئالغا جاۋاپ بېرىشتىن بۇرۇن ئېيتىمىزكى: قەدەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىر تۈرلىكى ﷲ تائالاغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولىدىغان، ھېچكىم تاكاللاشمايدىغان قەدەر بولۇپ، بۇ بولسا ئالەمنى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەممە مەخلۇقنى يارىتىش، ئالەمدىكى قانۇن، تەرتىپ، تۈزۈم ۋە ئالامدە يۈز بېرىدىغان، ئىنسان ئۇنى تۇسۇۋالالمايدىغان ئىشلار، مەسلەن: ئىنساننىڭ چىرايلىق ياكى سەت تۇغۇلۇشى، ئېگىز ياكى پاكار بولۇشى، مۇنداق ۋاقىتتا تۇغۇلماي ئۇنداق ۋاقىتتا تۇغۇلۇشى، پالانى يۇرتتا تۇغۇلماي پۇستانى يۇرتتا تۇغۇلىشىدەك ھادىسىلەر ۋە ئىنساننىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولىشىغا، رىزىقىغا، ئۆلۈم قارارىغا ﷲ تائالانىڭ ھۆكمى ئىجرا بولىشىدەك ئىشلاردىن ئىبارەت قەدەردۇر. ﷲ تائالانىڭ سۇرە ھەدىدىكى « يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى

يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى، اﷲغا ئاساندۇر.» (22- ئايەت) دېگەن سۆزىدىنمۇ مەقسەت شۇنداق قەدەردۇر. ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئابدۇللا ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئابدۇللا! بىلىپ قويغىن، بىر جامە ئىنسانلار ساڭا مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولسا، اﷲ تائالا سەن ئۈچۈن بۇرۇن يېزىۋاتقاندىن باشقا مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ساڭا زەرەر يەتكۈزمەكچى بولسا، اﷲ يېزىۋاتقاندىن باشقا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلۈپ بولغان، ۋاراقلار قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بولىدىغان ياخشى يامان ھادىسىلەر بۇرۇنلا يېزىلىپ، خاتىمە بېرىلىپ بولغان» دېگەن سۆزىدىنمۇ مەقسەت مەزكۇر قەدەردۇر. بۇ قەدەرگە ئىشىنىش ۋاجىپ بولغاندەك، ئۇنىڭغا رازى بولۇپ اﷲ تائالاغا تەسلىم بولۇش لازىم. چۈنكى ئۇ اﷲ تائالانىڭ رىزىقىغا مۇۋاپىق بولۇپ، اﷲ تائالا خالىغان ۋە بىلگەنلىكىدىن بولغان ۋە اﷲ تائالانىڭ ئۆز مۈلكىنى پىلانلىق يارىتىپ، پىلانلىق باشقۇرۇش ئاساسىدا قارارلاشتۇرۇلغان.

ئالەمدە ھەرقانداق ھادىسە يۈز بەرسە ئۇنىڭدا اﷲ تائالانىڭ مەقسەتلىك ۋە ئالىي ھېكمىتى بولىدۇ. شۇڭا ئىنسانىنىڭ اﷲ تائالا تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئالدىن مۇقەررەر قىلىنغان ھادىسىلەرگە تولۇق رازى بولىشى، تەسلىم بولىشى ياخشى بولىدۇ. ئۇ ھادىسىلەرگە نارازى بولىشى، غەزەبلىنىشى قەبىھ قىلىقتۇر.

## قازاغا رازى بولۇشنىڭ پايدىسى

قازا ۋە قەدەرگە رازى بولۇشنىڭ كىشىلەرنى خۇرسەن قىلارلىق ياخشى نەتىجىلىرى بار. بۇنىڭ بىرسى قازاغا رازى بولغان كىشىگە مۇستەھكەم ئىرادە ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى اﷲ تائالانىڭ قەدىردە ئىنسانغا يېتىدىغان ھادىسىلەر ھامان يەتمەي قالمايدۇ. يەتمەيدىغىنى زادى يەتمەيدۇ. دېگەن تونۇشقا كۆڭلى تىنغان ئادەم بىر ئىشقا ئىككىلىنىش، ھەيران بولۇشتىن خالىي بولىدۇ. ھاياتتا بىئارام بولمايدۇ. بىر ئىشقا قەدەم قويۇشنى توغرا كۆرسە قورقماي ئىككىلەنمەي قەدەم قويىۋېرىدۇ. ئۆتكەن ئىشقا ھەسرەت چەكمەيدۇ. ھازىرقىغا قايغۇرمايدۇ. كەلگۈسىدىن غەم يەپ دەرت تارتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بەختلىك ھالدا ئىشى تۈزۈك، كۆڭلى ئارامىدا بولىدۇ.

يەنە بىرسى قازاغا رازى بولغان ئادەمنىڭ ئەقلى، پىكرى، يۈرىكى ئۆتكۈر، كۈچلۈك، گەپ - سۆزى ئېسىل، روھى ئۇستۇن بولىدۇ. چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئەجىلى توختاملىق، رىزقى مۇئەييەن بولۇپ، ئېھتىيات قىلىش ئۆمرىنى ئۇزارتالمايدىغان، بېخىللىقى رىزقىنى كېمەيتەلمەيدىغانلىقىنى تونۇغان كىشى قەھرىمانلىقىدا باشقىلار بىلەن بەسلىشىدۇ. ئۇلۇغ ئىشلاردا مۇسابىقىلىشىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قازا ۋە قەدەرگە بولغان ئەقىدىسى كۆڭلىدە رۇشەن ۋە كۈچلۈك بولغان زامانلاردا بۇ ئالىي خۇسۇسىيەتلەر ئۇلاردىن ئوچۇق كۆرۈلگەنلىكىدە شەك يوق. ئۇلار ئۇ چاغدا يۈرەكلىكىدە، ئېسىللىكىدە، سەبرى تاقەتتە، ئېغىر بېسىقلىقتا، تونۇشتا، ئىلىم - مەرىپەتتە ھەممە كىشىدىن يۇقرى بولغاچقا ئۇزۇن زامان دۇنياغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا ئىگە بولغان ئىدى.

ئەمدى يۇقرىدا جاۋابى كىچىكتۈرۈلگەن قەدەرنى ئىنكار قىلىدىغان، تاكاللىشىدىغان ئادەملەر قانداق پەيدا بولدى؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىمىز.

بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشىمىزدىن بۇرۇن يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمىزدىن مەلۇم بولدىكى، كىشىلەر ئىنكار قىلغان، جېدەللەشكەن قەدەر بولسا پۈتۈن ئالەمگە ۋە ئىنسانلار قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان، مۇداپىئە قىلالمايدىغان هادىسىلەرگە ئام بولغان قەدەر ئەمەس. چۈنكى بۇ ئومۇمىي قەدەر الله تائالالا ئالەمدە ئورناتقان تەرتىپ تۈزۈم بويىچە ماڭىدىغان قەدەر بولۇپ الله تائالا بۇ هەقتە سۈرە فاتىردا: «الله تائالانىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا هەرگىزمۇ ئۆزگىرىش تاپالمايسەن » (43ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن قەدىردۇر.

ئەمما بەزى ئادەملەر ئىنكار قىلغان قەدەر بولسا ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان ياخشى ـ يامان ئېرىش ۋە ئېرىلىش قىلىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس قەدەر بولۇپ، بۇ قەدەر بەزى گەپ سۆزلەر دەسلەپتە بۇنى ئۇمەييە خەلىپىلىرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز زامانىسىدا هىجرىيى تارىخنىڭ بىرىنچى يۈز يىلى ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ مەخسۇس قەدەرنى ئىنكار قىلىپ خەلىقلەرنى ئۆز پىكرىگە قوشۇلۇشقا چاقىرىپ، دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئادەم دەمەشقلىق غەيلان ئىسىملىك ئادەم بولۇپ، ئۇنى هىشام ئىبنى ئابدۇل مەلىك پادىشاھ ئۆلتۈرگەن. قەدەرنى يوققا چىقىرىش كۆز قارىشى ئەسھابىلارنىڭ ئاخىرقى زامانىسىدا يۈز بەرگەن ئىدى، دېگەن سۆزگە بۇ غەيلان ۋەقەسى زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا كىشىلەر ئىچىدە ئانچە ـ مۇنچە گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغان بولسىمۇ ئەسھابىلاردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئوغلى ئابدۇللا ۋە ئاببا ئوغلى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئۆز ۋاقتىدا رەدىيە بىرىپ تۈگەتكەن. پىتنە ـ پاسات ئوتىنى ئۆچۈرگەن. بۇ مەخسۇس قەدەرنى ئىنكار قىلىش، بۇزۇق پىكىرنىڭ باش كۆتۈرۈپ ئۆلغۈيىشى مەزكۇر غەيلان ئارقىلىق بولغان، بۇ بىر ئوچۇم ئادەملەرنىڭ مەخسۇس قەدەرنى يوققا چىقىرىشىدا ئوتتۇرىغا قويغان سۆزى بولسا: «ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلار ئەزەلدە بۇرۇنلا توختام قىلىنىپ كەتمىگەن. لەۋھۇل مەھپۇز دەپتىرىگىمۇ يېزىلىپ كەتمىگەن، ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرى ئىنسانلاردىن ئەمەلدە سادىر بولۇشتىن بۇرۇن الله تائالا بۇنى بىلمەيتتى» دېگەن كۆز قاراشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بىر ئوچۇم ئادەملەرنىڭ دەلىل هۆججىتى هەرگىز پۈت تىرەپ تۇرالماي ئۆز ۋاقتىدا ئاغدۇرۇلغان ۋە يالغانغا چىققان. ئاخىرىدا دۇنيادىن يوقالغان. چۈنكى قۇرئان ۋە هەدىسلەردە ئام قەدەر ۋە خاس قەدەرنى ئىسپاتلاپ سۆزلىگەن ئىبارەت ۋە دالالەتلەر بەك كۆپ بولۇپ، مۇنداق ئۇچۇق دەلىللەرنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئورۇن يوق.

بىز ئەمدى قەدەر هەققىدىكى ئايەتلەر ۋە هەدىسلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە داغ بولۇپ قالغان شۈبھىلەرنى ئايەت، هەدىس بىلەن سۈپۈرۈپ چىقىپ قەدەر ئەتراپىغا پەيدا بولغان ئازغۇن ئېغىۋالارنى كۆڭۈللەردىن يىراق قىلىشنى باشلايمىز، الله تائالا سۈرە فۇرقاندا: «الله هەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.» دېدى. (2ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) يەنە سۈرە ئەئلادا: «هەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بىجىرىم (يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى.» دېدى. (1ـ ئايەتتىن 3ـ ئايەتكىچە)

يەنە سۈرە هەدىدتا: «يەر يۈزىدىكى بارلىق هادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەهفۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى، اللهغا ئاساندۇر.» دېدى. (22ـ ئايەت)

ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «الله تائالا ئەزەلدىن بار ئىدى، اللهدىن باشقا هېچ نەرسە يوق ئىدى. اللهنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. ئاندىن الله تائالا

ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتتى. يارىتىدىغان ھەر نەرسىنى لەۋھۇلمەھفۇزغا يازدى» دېدى. (سەھىھۇل بۇخارى 152-بەت)

يەنە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « الله تائاللا ھەممىدىن بۇرۇن قەلەمنى ياراتتى. ئاندىن قەلەمگە: ⟨يازغىن!⟩ دېدى. قەلەم: ⟨ئى ئېگەم! نېمىنى يازىمەن؟⟩ دېدى. الله تائالا: ⟨قىيامەتكىچە يارىتىلىدىغان مەخلۇقلار، ھادىسىلەرنىڭ مىقدارىنى يازغىن!⟩» دېدى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئايالىرى رەسۇللانىڭ خادىمى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خىزمىتىدىكى يېتەرسىزلىكى ھەققىدە تاپا - مالامەت قىلغاندا رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «مالامەتنى قويۇڭلار، ئەگەر بۇ ئىش قەدەردە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، يېزىلغاندەك بولاتتى» دېدى.

سەھىھۇل مۇسلىم رىۋايىتىدە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا خەۋەر قىلىنىدۇكى: «بىر بۆلەك ئادەملەر قەدەر يوق، ھەر ئىش تاسادىپىي يېڭى باشتىن بارلىققا كېلىدۇ، دېيىشىدۇ .»

ئۆمەر ئوغلى ئېيتتى: «ئۇنداق ئادەملەرگە ئۇچراشساڭلار، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلار! مەن ئۇلاردىن بىزار. ئۇلار مەندىن بىزار. اللهغا قەسەمكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنى بولۇپ، ئۇنى الله يولىدا خەجلىسىمۇ، ئۇلار قەدەرگە ئىشەنمىسە، الله تائالا ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى.

ئۇ زاماندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرى قەدەرنىڭ سىرتىدا دەيدىغان ئادەملەر پەيدا بولدى. ئۇلار: «ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىش - ھەركىتىنى ئۆزى يارىتىدۇ. الله تائالا بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ قىلىقلىرى تەقدىر قىلىنمىغان (ئەمەلگە چىقىشتىن بۇرۇن يېزىلمىغان) بەندىلەردىن ئىش ھەرىكەت سادىر بولۇشتىن بۇرۇن الله تائالا ئۇنى بىلمەيدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلار يەنە: «الله تائالا ئىنسانلارنى مەنئىي قىلىنغان قەبىھ قىلىقلارنى يەنە ئۆزى تەقدىر قىلامدۇ؟» دەيدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش ئۇلارنىڭ: «بەندىلەرنىڭ ئىش ھەركەتلىرىنى الله ياراتمايدۇ. تەقدىرمۇ قىلمىدى. ئىنسانلار ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ» دېگەندەك قەدەرنى ئىنكار قىلىش ئەقىدىسىنى پەيدا قىلىشتىكى ئاساسىي گۇماندۇر. ئۇلار بۇ گۇمانغا يەنە بىر گۇماننىمۇ قوشتى. ئۇ بولسا الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بۇرۇن تەقدىر قىلىپ بولۇپ يەنە بەندىلەرنى بۇنى قىلدىڭ، ئۇنى قىلدىڭ دەپ جازالامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇلار مۇشۇنداق خاتا تونۇشى سەۋەبىدىن قەدەرىيە (قەدىرنى ئىنكار قىلغۇچىلار ) دەپ تۇنۇلدى.

ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى پەيدا قىلىدىغان بولسا، ئىنساننىڭ ئۆزى خالىغاننى يارىتالايدىغان پەرۋەردىگار بولۇپ قېلىشى لازىم كېلىدۇ. ئۇ ھالدا تەۋھىد (بىر نەرسە يارىتىشتا الله يالغۇز دېگەن ئەقىدە)دىن ئىبارەت ئىسلام دىنىنىڭ ئۇل ئاساسى بىكار بولىدۇ. شۇڭا بۇ تائىپەنىڭ: «ئىنسان ئۆز ئىلمى، ئۆز كۈچى بىلەن ئۆز ئىشىنى ئۆزى يارىتىدۇ. اللهنىڭ ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن بولمايدۇ» دېگەن مەزھىپى بويىچە ياراتقۇچىنىڭ كۆپ بولۇشى لازىم كەلگەنلىكتىن، ئىنسانلارنى الله تائالاغا شېرىك قىلغىنى ئۈچۈن بۇلارنى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن چىققان مەجۇسلار، دىندىن ئايرىلغان كاپىرلار دەپ ئاتالدى.

## جەبەرىيىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ ماھىيتى

يۇقىرىقى قەدەرىيلەرنىڭ ئەكسىچە، مۆئتەزىلەلەر ئىچىدىن «جەبەرىيىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تائىپە ئادەملەر پەيدا بولدى. ھەممىدىن بۇرۇن مەيدانغا چىققىنى جەئدى ئىبنى دەرھەم ئىسىملىك ئادەم بولۇپ، ئۇ جەبەرىيىيە مەزھىبىنى (يەنى ئىنساندا پەقەت ئىختىيار يوق، ھەر ئىشنى مەجبۇرى قىلىدۇ. دەيدىغان ئەقىدىنى) شامنىڭ يەھۇدىلىرىنىڭ بىرىدىن تەلىم ئالغان. جۇھەيمىيىيە تائىپىنىڭ رەئىسى جەھمى ئىبنى سەقۋان دېگەن ئادەم بۇ مەزھەپنى مەزكۇر جەئىدىدىن ئۆگەنگەن.

بۇ يەردە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى قەدەرىييە مەزھىبىمۇ، جەبەرىييە مەزھىبىمۇ يەھۇدىلار تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان مەزھەبلەردۇر.

بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئىبنى ئابدۇل مالىك پادىشاھ تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەن غەيلان ئىسىملىك ئادەمگىمۇ قەدەرگە ئىنكار قىلىش ئەقىدىسىنى يەھۇدىلار تەلىم بەرگەن بولىشى مۇمكىن.

جەبەرىييە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىچە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئۆزى خالاپ قىلالمايدۇ. ئىنسان ھەر ئىش قىلسا ئۇ الله تائالانىڭ قىلغان ئىشى بولۇپ، الله تائالا ئۇ ئىشنى بەندىنىڭ ئىرادە ۋە ئىختىيارىسىز ھالدا بەندىنىڭ قولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىنسان بىر ئىشنى قىلاي ياكى قىلماي دەيدىغان ئىختىيار يوق» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا ئىنسان ئۆز قىلمىشىغا جاۋابكار بولماسلىقى، ھەر قانچە قەبىھ بۇزۇق ئىشلارنى قىلسىمۇ ئەيىبلەنمەسلىكى، مالامەت قىلىنماسلىقى لازىم كېلىدۇ» دەيدۇ .

شۇڭا بۇ مەزھەپ قەدەرىييە مەزھىپىدىنمۇ بۇزۇقراق مەزھەبدۇر. لېكىن بۇ مەزھەپ بەك زەرەرلىك بۇزۇقچىلىق قىلغىنىغا قارىماي، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاشكارا ھالدا كېڭىيىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئىنساننى ئۆزىنىڭ قىلمىش گۇناھلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىدىن قۇتقۇزۇپ، قەدەرنى باھانە سەۋەپ قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ھەتتا بۇ خەتەرلىك ئېتىقادنىڭ پىداكارلىرىدىن بىرى: «مەندىن سادىر بولىشى ئىختىيار قىلىنغان ئىشتىن تەسىرلىنىدىغان بولدۇم. شۇڭا مېنىڭ پۈتۈن قىلمىشىم تائەتتۇر» دېگەن. شۇڭا بۇ بۇزۇق ئېتىقاد مۇسۇلمانلارنى جىددى پايدىلىق ئىشلاردىن توختۇتۇپ قويىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار كۈچ - قۇۋۋىتىدىن ئايرىلدى، خارلاندى. بۇلاڭچى، زالىم، مۇستەبىتلارنىڭ بېسىمىغا دۇچار بولدى. ھەتتا مۇسۇلمانلار ئاجىزلىقتا، ھورۇنلۇقتا، ھەرىكەتتىن، نەتىجىلىك ئىشلاردىن ۋاز كېچىشىدە، ئارقىغا چېكىنىشتە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ قالدى. مۇنداق مۇسۇلمانلار سەۋەبىدىن كاپىر دۈشمەنلەر ئىسلام ئەقىدىسىگە تەنە قىلىشقا ۋە مۇسۇلمانلارغا يەتكەن خارلىقنى ئىسلام دىنىغا ئارتىپ دەلىل قىلىشقا كاۋاك تاپتى. جەبەرىييە ئەقىدىسى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىمۇ، دۇنيالىقىنىمۇ يوقاتقانلىقىدىن مۇسۇلمانلار ئۆزىنى ئۆلۈك دەپ قارايدىغان، باشقىلار ئىشلەۋاتقان ياخشى ئىشلارنى ئىشلىمەي ئولتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت مەنىۋي ئۆلۈمگە تەن بەرمەي ئۆزىنى ئاقلايدىغان بولۇپ قالدى.

جەبەرىييە ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ بىر شائىرى: «قازا ۋە قەدەرنىڭ قەلىمى ئالەمدە بولىدىغانلا ئىشنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋېتىپ بولدى. شۇڭا ھەرىكەت قىلىش بىلەن جىم تۇرۇش باراۋەر، ئوخشاش، قورساقتىكى بالا بالاياتقۇ ئىچىدە تۇرۇپ رىزىقى بېرىلىدىغان تۇرسا، سېنىڭ رىزىقىڭ ئۈچۈن سەئىيى سەۋەپ قىلىشىڭلار ساراڭلىقتۇر» دېگەن مەزمۇندا شېئىر توقۇغان. جەبەرىييە مەزھىپىنىڭ ئىنساننى كىرەكسىز قىلىپ ئۆلۈككە ئايلاندۇرۇدىغان، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتىشقىلا ئېلىپ بارىدىغان بىر مەزھەبكە ئايلانغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك. خالايىقلار بۇ مەزھەبنى تۈتسا ھاياتقا نېمە ھادىسىلەر پەيدا بولىدۇ؟ ۋەيران

قىلغۇچ مەزھەبلەرنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولسا، بۇ ئازدۇرۇشلار كىشىلەرنى نېمە ھالەتكە كەلتۈرەر؟

ئويلاپ كۆرسەك شۇ ئاشكاركى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى ۋەيران قىلغان، پارچىلىغان مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى، ئىنسانىيەت دۈشمىنى بولغان يەھۇدىلارنىڭ ئويدۇرمىسىدۇر.

شۇڭا جەبەرىيىيە مەزھىپىمۇ، قەدەرىيىيە ۋە شىئە مەزھەبلىرى ۋە كۆپۈنچە تەسەۋۋۇرۇپ يوللىرىدەك ئوخشاشلا يەھۇدىلار زاۋۇتىدا تۇقۇلۇپ چىققان ياكى يەھۇدىلار ئاشخانىسىدا پۇشۇرۇلۇپ، زەھەر ئارلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ۋەيران بولسۇن ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان مەزھەبلەر ۋە يوللار ئىكەنلىكىگە شەك قىلمايمەن.

الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەنلا يامانلىقتىن ياخشىلىققا ئۆزگىرىشكە كۈچ تاپالايمىز. ئەمدى قازا ۋە قەدەر ئەقىدىسىنى تەپسىلىراق ئوتتۇرغا قويۇپ، چەك چېگرىسىنى ئوچۇقلىماقچىمىز.

## مەجبۇرلىقمۇ يوق ، قەدەرنى ئىنكار قىلىشمۇ يوق

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشلىگۈچىدۇر. الله تائالا ئىنساننىمۇ، ئىنساننىڭ ئىشلىرىنىمۇ ياراتقۇچىدۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىرادىسى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ. ياخشى ئىشلىرىغا ساۋاب، يامان ئىشلىرىغا ئازاب بىلەن چارە قىلىنىشقا ئۆزىنى تەييارلايدۇ، دېگەن ئەقىدە بىلەن الله تائالا ئىنساننىمۇ، ئۇنىڭ ياخشى يامان ئىشلىرىنىمۇ ياراتقۇچى دېگەن ئەقىدىنى بىرلەشتۈرۈپ تونۇش، الله تائالا ئادىل، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ دەپ تونۇش، الله تائالا توغرا يولغا باشلىغانلاردىن باشقىسىغا قىيىن ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا ئىنسانلار بىر قانچە تۈرلۈك ئەقىدە ۋە كۆز قاراشقا بۆلۈندى. بىر بۆلىكى: «ئىنسان ئۆز ئىشىنى ئۆزى يارىتىدۇ. الله تائالا بۇنىڭغا ئارلاشمايدۇ» دەيدۇ. بۇلارنىڭچە ئىنسانلاردىن سادىر بولغان يامان قەبىھ ئىشلارنى يارىتىشتىن الله تائالا پاك ۋە بىزارمىش، ئۇنى اللهغا يۆلەش توغرا ئەمەسمىش، بۇنىڭغا ئاساسەن ئىنسانلار ئىشلىرىدا قەدەر (ئالدىن يېزىلىش) يوق دېگەن ئەقىدە كېلىدۇ. يەنى ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى الله تائالا بۇرۇن بىلمەيتتى. بۇرۇن مۇقەررەرلەشتۈرۈپ يېزىۋاتمىغان، دېگەن ئەقىدە كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادىغا كۆرە ئالەمدە خالىق ياراتقۇچى بىر الله تائالا بولماستىن، ئىنسانلارمۇ خالىق ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى ياراتقۇچى بولىشى لازىم كېلىدۇ. بۇ بولسا الله تائالانىڭ سۈرە ئەئرافدىكى: «يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا اللهنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر.» (54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىنى ۋە سۈرە ئەنئامدىكى: «ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، اللهدىن بۆلەك ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر.» (102- ئايەت) دېگەن سۆزىنى ئاشكارە رەت قىلغانلىقتۇر. شۇڭا ئۇلار ئالەمدە الله تائاللادىن يەنە باشقا ياراتقۇچىلار بار دەپ شېرىك قىلغىنى ئۈچۈن مەجۇسلار بولدى.

ئىمامى ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەدەرىيىيە مەزھىبىدىكىلەر بۇ ئۇممەتتىن چىققان مەجۇسلار، ئۇلار كېسەل بولسا كۆرمەڭلار، ئۇلار ئۆلسە بارماڭلار!» دېگەن .

يەنە بىر پىرقە يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچىدۇر. ئۇلارغا قارىمۇ - قارىشىدۇر. بۇ پىرقە ئېيتىدۇ: «ئىنساننىڭ ئۆز ئىشىدا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىمۇ، ئىختىيارىمۇ يوق، راستىنى ئېيتقاندا

ئىنسان ھېچ ئىش قىلغۇچى ئەمەس. ئىش قىلغۇچى پەقەت الله تائالانىڭ ئۆزىدۇر» دەيدۇ. يەنە ئۇلار «الله تائالانىڭ سىلەر نىمە ئىش قىلساڭلار الله تائالىلا ئۇنى بىلىدۇ» دېگەن سۆزى ۋە «چوقۇم الله تائالىلا سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىدۇ» دېگەن سۆزىدە ئىش قىلىشنى ئىنسانغا نىسبەت بېرىش مەجاز بولۇپ، ئىنساننىڭ سەۋەب بولغىنىغا كۆرەدۇر. ماھىيەتتە ھەممىنى الله ئۆزى بەندىنىڭ قولى قىلىدۇ. بەندە ئۇنى قىلىشقا مەجبۇر، بۇ ئىشنى قىلاي، قىلماي دەيدىغان ئىختىيارى يوق دەيدۇ. بۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىتا ئىنساننىڭ ھېچ ئىشىدىن ھېساب ئېلىنماسلىقى، جازالانماسلىقى لازىم كېلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشنىڭ، كىتابلار چۈشۈرۈشنىڭ، قانۇن، يول كۆرسىتىشنىڭ ھېچ نىمىگە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ جەبەرىيىە مەزھىپى قەدەرىيىە مەزھىپىدىنمۇ يامان، قەبىھ ۋە بۇزۇق مەزھەبتۇر.

ئۈچىنچى بىر بۆلەك ئادەملەر ئېيتىدۇ، الله تائالا سۈرە نىسا 40-ئايەتتە: «الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ.» دېگەن سۆزىدە ئۆزىنىڭ زۇلۇم قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنداق بولسا، ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئەزەلدە يېزىۋاتقان تۇرسا، ئىنسان ئۇنى قىلماي تۇرالمىسا، ئىنساننى پالانى جىناياتنى ئىشلىدىڭ دەپ جازالىسا، قانداق توغرا بولىدۇ؟ دەيدۇ. بەلكى بۇنىڭدىنمۇ قەبىھراق سۆز قىلىپ: «الله تائالىلا بەندىنىڭ ئاقىۋەتتە بارىدىغان يېرىنى بىلسە، ئۆزى قارارلاشتۇرسا، لەۋھۇل مەھپۇزغا يېزىۋاتقان تۇرسا، ئىنسان ئۇنى خالىسۇن خالىمىسۇن، ياخشى كۆرسۇن يامان كۆرسۇن ھامان ئۇ يەرگە بارماي تۇرالمىسا، بەندىنى ئۇنى قىل، بۇنى قىلما! دېيىشىنىڭ، ئىتائەت قىلىشنى، گۇناھنى تاشلاشنى تەلەپ قىلىشنىڭ مەنىسى نىمە؟ بارىدىغان ئورنى بۇرۇنلا مۇقەررەرلەشتۇرۇلمىگەن بولسا ئىدى، ئاندىن ئىنسان بۇيرۇلغاننى ئادا قىلىپ، توسقاندىن يېنىپ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزى بەلگىلىسە بولاتتى.» دېيىشىدۇ. (بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندە)

## يەنە بىرسى ئىبلىسلىق مەزھىپى

ئۈچىنچى بىر يولدا (ئەقىدىدە) بولغۇچىلارمۇ بار. ئۇلار بولسا قەدەرگە ئىشتىراق قىلىش بىلەن ئىنكار قىلىش ئارىسىدا جەبەرىيىە مەزھىپىگە قايىل بولۇش بىلەن قايىل بولماسلىق ئارىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۈچىنچى خىل ئەقىدە سەۋەبىدىن ئىبلىستىنمۇ يامانراق بولۇپ قالغانلاردۇر. ئۇ يامان تۇنۇش بولسا الله تائالانىڭ ئىشىغا قارشىلىق بىلدۇرىشى، الله تائالانى زالىم دەپ تۇنۇشتۇر. ھالبۇكى الله تائالا زۇلۇم قىلىشتىن پاكتۇر، كەمچىلىكتىن خالىي ۋە مۇنەززەھ بولغان بىرلا مەئبۇدتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىگىمىز يوق.

بۇ گوروھ گەرچە ئىبلىستىنمۇ يامانراق بولسىمۇ، «ئىبلىس گوروھى» دېيىشكە لايىق. الله تائالاغا ئىشەنگەن، دىن ئىسلامنىڭ ھەممە تەرىپىگە روھلار ئىختىلاپ قىلىشقان راست ۋە توغرا يولغا باشلىغاندى. ئازغۇنلارنىڭ «ياراتقۇچى» دېگەن سۈپىتىگەمەخلۇقلارنى شېرىك قىلغان يەنە بىر قىسمى ئەقلىنى ۋە شەرىئەتنى ئىنكار قىلىپ ئىنساندا ھېچ ئىشتا ئىختىيار يوق، ھەر ئىشقا مەجبۇر دىگەن، يەنە بىر قىسمى الله تائالانىڭ ئۆزى خالىغاننى قىلىشقا، ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىشكە، ئەدلى قىلىدىغانلىقىغا، رەھىمدىل ھۆكۈم قىلىشقا ئىنكار قىلىدىغان

ئىبلىسلار بولۇپ، دىن ئىسلامغا ئىشىنىپ، اللە تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغان مۆئمىنلەرنى اللەتائالا مۇنداق ئازغۇنلاردىن ئايرىپ ھەق، راست يولغا باشلىدى. مۆئمىنلەر اللە تائالانىڭ ھۆكمىگە رازى، قەدىرىگە، ئادالىتىگە، رەھىم قىلىشىغا، ئۆزى خالىغىنىنى قىلىشقا ئىشىنىدۇ. اللە ھەر نەرسىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ، ياخشى تەدبىر قىلىدۇ دەپ ئەقىدە قىلىدۇ.

مۆئمىنلەر: اللە تائالانىڭ قازا ۋە قەدىرىگە ئىشەنمىگەن ئىنسانىنىڭ ئىمانى تولۇق بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. قەدەر بولسا ھاياتتىكى تەرتىپ ئىنتىزامىنىڭ سىرى، ئۇ اللە تائالانىڭ ھەممىنى ئەزەلدىن بىلىشى، ھەر نەرسىنى ئۆلچەملىك، پىلانلىق يارىتىشى، كېيىن يارىتىدىغانىنى ئالدىن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىشتىن ئىبارەت دەپ ئەقىدە قىلىدۇ.

لەۋھۇلمەھفۇزنى قۇرئاندا (ئەمەلىي ھەقىقەتنى ئاشكارىلىغۇچى رەھبەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھېچ نەرسە لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغاندىن كەم ـ زىيادە بولمايدۇ، ئالەمدە يۈز بېرىدىغان چوڭ ھادىسىلەر، كىچىك ھادىسىلەرگە ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن ئەرزىلەرمۇ زاتلارغا، جىسىملارغا ئوخشاش ئەزەلدىن اللەغا مەلۇم ۋە بىلىنىپ بولغان. مۇندىن بۇرۇن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەر ۋە مۇندىن كېيىن ئالەم ۋەيران بولغۇچە بارلىققا كەلتۈرۈلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى اللە تائالا ئەزەلدە بىلەتتى ۋە ئۇ نەرسىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ سانى، سۈپىتى، تۈرلىرى، سۈپەت ـ شەكىللىرى ھەممىسى اللەغا مەلۇم ئىدى ۋە توختام، قارار قىلىنىپ بولغان ئىدى. لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلىپ بولغان ئىدى. ئاندىن كېيىن ھەممە نەرسە مەزكۇر بىلىش، مۇقەررەرلەشتۈرۈش ۋە خاتىرلەشكە دەل مۇۋاپىق، ئۇدۇل بارلىققا كەلتۈرۈلدى ۋە كەلتۈرۈلىدۇ. ھەتتا بەزى ئادەملەرنىڭ ئەقلى ئاجىز، بەزىلىرى ئەقىللىق بولۇشىنىمۇ اللە تائالا ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن بىلەتتى ۋە شۇنداق يارىتىشنى مۇقەررەر قىلغان ئىدى ۋە يازغان ئىدى.

اللە تائالا سۈرە ئەھزابتا: «شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى (يەنى پەرزلەرنى ۋە شەرىئەت تەكلىپلىرىنى) ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەڭلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئۇنىڭ (ئېغىرلىقى) دىن قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى، ئىنسان ھەقىقەتەن (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتەن نادانلۇر.» دېدى. (72ـئايەت)

## تېخىمۇ رۇشەنلەشتۈرۈش

بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ رۇشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، كۈن، ئاي، ئۇسۇملۇك، ھايۋانلارغا ئوخشاشلا ئىنساننىمۇ اللە تائالا ياراتقان، اللە تائالا تەربىيلەپ باقىدىغان، باشقۇرىدىغان مەخلۇق، باشقا مەخلۇقلارمۇ اللە تائالا ئورناتقان قانۇن ـ تۈزۈملەرگە باغلىنىپ بويسۇنۇپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندەك، ئىنسانمۇ اللە تائالا ئورناتقان قانۇن ـ تۈزۈمگە بويسۇنۇپ ئىش قىلىدۇ. ئىنسان بىلەن باشقا مەخلۇقلار ئارىسىدا پەرق شۇكى بىر بۆلۈك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش، بىر بۆلۈك ئىشلادىن ساقلىنىش ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ياخشى يامان چارە كۆرۈلۈش مەخسىتى بىلەن ئىنسانغا ئەركىنلىك، ئىختىيار بېرىلگەن، باشقا مەخلۇقلار ئۇنداق ئەمەس. باشقا مەخلۇقلارغا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ـ ئۆتىمەسلىك ئىختىيارى بېرىلمىگەنلىكىدىن، بىر ئىشنى قىلاي ـ قىلماي دەيدىغان ئىختىيارى بولمىغانلىقىدىن ئۆتىگەن ئىشلىرىغا ياخشى ـ يامان چارە قىلىشمۇ، ساۋاب ياكى ئازاپمۇ يوق. ئىككى نىشاننىڭ بىرىگە يېتىشمۇ يوق. شۇڭا يەنى ئىنسان ئىرادە ـ ئىختىيار ئىگىسى بولغاچقا، ئىنسان باشقىلار تەرەپتىن بىر ئىشنى

قىلىشقا مەجبۇر قىلىنسا، ئۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى يوقاتقانلىقتىن ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن ھېساب ئېلىنىشمۇ يوق، ياخشىلىقىغا ساۋاب، يامانلىقىغا ئازاب بېرىشمۇ يوق. دېمەك بەندىگە الله تائالا ئەزەلدە يازغان، ھۆكۈم قىلغان ئىشنى ئۇ ھامان ئىشلەيدۇ. لېكىن ئۆز ئىختىيارى، ئەركىنلىكى بىلەن ئىشلەيدۇ. شۇڭا ياخشى ئىشىغا ساۋاب، يامان ئىشىغا ئازاب بېرىلىدۇ، دەپ توغرا تونۇش مۆئمىنلەردە ھاسىل بولدى.

ئىنسان ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدۇ، ئىنساننى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى الله تائالا ياراتقۇچىدۇر، دېگەن ھەقىقەتنى ئوچۇقلاش ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، ئالەمنىڭ ھەممىسىنى الله تائالا ياراتقان، الله تائالادىن باشقا ياراتقۇچى يوق، الله تائالا سۈرە غافىردا: «ئەنە شۇ الله سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، قانداقمۇ (اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشقا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟» دېدى. (62-ئايەت)

ئىنسانمۇ الله ياراتقان ئالەمنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا ئۇمۇ الله تائالانىڭ مەخلۇقى، الله تائالا ئىنساننىمۇ، باشقا پۈتۈن ئالەمنىمۇ ياراتقان ئىگىدۇر. مەخلۇق بىر نەرسە يارىتالامدۇ؟ ياق، ھەرگىز!!! پەلەكلەر چۆرگىلەيدۇ، يۇلتۇزلار ماڭىدۇ، دەرەخ ئۆسىدۇ. جانلىقلار ھەرىكەت قىلىدۇ، يەنى يەيدۇ، ئىچىدۇ، ئەۋلاد يېتىشتۈرىدۇ. ئالەمدىكى مۇشۇ مەخلۇقلارنى ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ياكى ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى الله تائالا ياراتتىمۇ؟ بىرلا جاۋاب ھەر ئىككىسىنى الله تائالا ياراتتى، دېگەندىن ئىبارەت بولسا ئۇ ھالدا ئىنسان قايسى قائىدە قايسى دەلىلگە ئاساسەن بۇ ئومۇمىي ھۆكۈمنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلەيدۇ؟ ھالبۇكى ئىنسانمۇ ئالەم مەخلۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، پۈتۈن ئالەم باغلانغان تەرتىپ تۈزۈمگە ئىنسانمۇ باغلانغان تۇرسا! ئىنسان ئۆز ئىشلىرىدا ئىختىيارلىق، ئىرادىلىك بولۇپ قېلىش بىلەنلا بۇ ھۆكۈمدىن چىقىپ كېتەلەمدۇ؟ ئىنسانغا باشقىلارغا بېرىلمىگەن ئىختىيار، ئەركىنلىكنىڭ بېرىلىشى پەقەت ئىنساننىڭ ياخشى ئىشىغا ساۋاب، يامان ئىشىغا ئازاب بېرىش ئۈچۈندۇر، خالاس. بۇ ئەركىنلىك ئىنساننى اللهنىڭ بەندىسى، ئىتائەتلىك قۇلىنىڭ تەربىيە قىلغۇچىسى، ياراتقان مەخلۇقى بولۇشتىن سىرتقا چىقىرىۋېتەلمىگەندەك، ئىنساننىڭ ئىشلىرىمۇ اللهنىڭ مەخلۇقى، الله ئۇنى قىلىشقا ئىنسانغا قۇدرەت بەرگەن بولۇشىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

ئاسمانلاردىكى زېمىندىكى مەخلۇقلارنى الله تائالا ئۆزىنىڭ يارىتىش، بار قىلىش يولى ۋە قانۇنى بويىچە يارىتىپ، تۈزۈمگە باغلىغىنىدەك، ئىنساننىمۇ ۋە ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ الله ياراتقان ۋە تۈزۈمگە باغلىغان، الله بەك ئۇلۇغ ياراتقۇچى ۋە بىلگۈچىدۇر.

يۇقىرىقى ئىزاھاتتىن مەلۇمكى، ئىنسان ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلغۇچى، ئەمما ئىشلىرىنى ياراتقۇچى ئەمەس. الله تائالا ئىنساننىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ياراتقۇچىدۇر.

يەنە ئېيتىمىزكى، ئىنسان سۆزلەيدۇ، سۆزنى ئاڭلايدۇ، كۆرىدۇ، ئەقلىنى ئىشقا سالىدۇ. ئىنساننى ئاشۇنداق قىلغان يەنە ھەم الله تائالا ئەمەسمۇ؟ ئىنسان بارىدۇ، كېلىدۇ، ئالىدۇ، بېرىدۇ. ئىنساننى شۇ ئىشلارغا كۈچى يېتىدىغان قىلغان الله تائالا ئەمەسمۇ؟

ئىنسان ياخشى كۆرىدۇ، يامان كۆرىدۇ، ئىرادە قىلىدۇ، ئىختىيار قىلىدۇ، خالايدۇ. ئىنساننى شۇنداق قىلىشقا لايىق قىلغۇچى ھەم الله تائالا ئەمەسمۇ؟

خوش... ئىنساننى الله تائالا ئاشۇنداق قىلغان، الله كۈچ ـ قۇدرەت بەرگەن، الله ھەممە ئىشقا قابىلىيەتلىك قىلغان بولغاندىن كېيىن، ئىنساننى، ئىنساننىڭ ئىشلىرىنى، قىلىقلىرىنىمۇ الله ياراتقۇچى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، ئىختىلاپ يوق. پەقەت ئىنساندىكى ئالاھىدىلىك ئىنسان ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز ئىرادىسى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، خالاس. الله تائالا ئىنساننى سىناش

ئۇچۇن ۋە ياخشىلىقىغا مۇكاپات يامانلىقىغا جازا بېرىش ئۇچۇن ئاشۇندا «ئىختىيار» بەرگەن.
ئەمدى قانائەت هاسىل قىلالماي ھەرخىل بۇزۇق خىيالدا بولغۇچىلارغا ئېيتىمىزكى: ئى اللهنىڭ بەندىسى! توغرا يولغا قايت! ھەددىڭدىن ئاشما! سېنى ياراتقان ئىگەڭگە ھاكاۋۇرلۇق قىلما! الله تائالا سەندىن سوراق ئالىدۇ. سەن ئىگەڭنى سوراق قىلالمايسەن. سېنى ئۇ ياراتتى. سەن ئۇنى ياراتمىدىڭ. ئۇ ئەزەلدە بار ئىدى، سەن ئەزەلدە يوق ئىدىڭ. سېنى ئۇ بار قىلدى، سەن ئۇنى بار قىلمىدىڭ.
مۆئمىنلەر الله تائالانىڭ ئىنسانغا ئۆزى خالىغاننى تەقدىر، توختام قىلىشى، ئۆزى خالىغىنىنى هۆكۈم قىلىشى، ئاندىن ئىنساننى بەزى ئىشلارغا بۇيرۇشى، بەزى ئىشلاردىن مەنئى قىلىشى، بۇيرىغىنىنى قىلغان، قىلمىغانلىقىغا قارىتا چارە (مۇكاپات ياكى جازا) كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:
1. الله تائالا تولۇق ئىلىم ئىگىسى، ھىكمەت ۋە رەھمەت ئىگىسى بولغىنى ئۈچۈن نېمىنى خالىسا قىلىدۇ. ئۆز ئىرادىسى بويىچە هۆكۈم قىلىدۇ. ھەممىگە ئۆزى ئىگە. ھەممە ياخشى سۈپەتلەشكە ئۇ يالغۇز. ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن سوئال قىلىنمايدۇ.
2. الله تائالانىڭ قىلىدىغان ئىشى، تەقدىرى، هۆكمى ھەممىسى ئادالەت، ھەممىسى ياخشىلىق، الله تائالانىڭ ئىشلىرىدا، تەقدىرلەردە، هۆكۈملىرىدە زۇلۇم يوق. يامانلىق يوق. شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئەقىل هۆكۈم قىلىدۇ، نەقىللەرمۇ راستتۇر.
الله تائالا سۈرە نىسادا: «الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ» (40-ئايەت) دېدى. يەنە سۈرە فۇسسىلەتتە: «پەرۋەردىگارىڭ بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر»دېدى. (46-ئايەت)
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ بۇ ھەقىقەتنى مۇقەررەر قىلىپ ئېيتتى: «ئى رەببىم!پۈتۈن ياخشىلىق سېنىڭ ئىلكىڭدە، بىرمۇ يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس.» (ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتى)
زۇلۇم قىلىش، يامانلىق قىلىش ۋە بۇ ئىككىسىنى ئىرادە قىلىش پەقەت مەخلۇقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە بەلگىسى. ئەمما ئۇلۇغ ئەرش ئىگىسى، ئۆزى ئىرادە قىلغاننى قىلغۇچى، بەندىلەردىن بىهاجەتلىك ئىگىسى الله تائالا بولسا زۇلۇمدىن بەك يىراق، يامان قىلىقتىن پاكتۇر. ئۆزى ئىنسانلارنى ئادالەتكە بۇيرۇغان تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ؟ الله تائالا سۈرە نەھلدە: «الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز- ھەركەتلەر) دىن يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ.»دېدى. (90-ئايەت)
الله تائالا ئۆزىنىڭ ھەدىس قۇددۇسىتىكى سۆزىدە: «ئى قۇللىرىم! زۇلۇمنى ئۆزۈمگە هارام قىلدىم. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ زۇلۇمنى هارام قىلدىم. بىر - بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلىشماڭلار!» دەپ زۇلۇمدىن توستى.
الله تائالا سۈرە بەقەرە 197-ئايەتتە: «سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، الله ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ»دېدى. يەنە سۈرە ھەج 77-ئايەتتە: «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، (يەنى تەزەررۇ بىلەن ناماز ئوقۇڭلار)، (يالغۇز) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ،ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش- ئەقرىبالارغا سىلە- رەھىم قىلىش، يېتىم- يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەهەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار» دەپ ياخشى ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۇرگۈچىدۇر.
3. زۇلۇم دېگەن نېمە؟ يامانلىق دېگەن نېمە؟

ئەقىللىق كىشىلەر زۇلۇم دېگەن سۆزنى بىر نەرسىنى ئۆز جايىدا قويماسلىق دەپ چۈشەنمەمدۇ؟ يامانلىقنى پايدىسىز ئىش ياكى پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولغان ئىش دەپ چۈشەنمەمدۇ؟

ئەلۋەتتە شۇنداق چۈشىنىدۇ. ئۇنداق بولسا جىنايەت ئىشلىگۈچىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنىڭ ياراتقان ئىگىسىگە باشتۇڭلۇق قىلغۇچى، يولدىن چىقىپ كەتكۈچىنى، داۋاملىق ئاسىيلىق قىلىشقا ئىرادە باغلىغۇچىنى، زامانلار داۋامىدا جىنايەت قىلىشقا قەتئىي بەل باغلىغۇچىنى، جىنايەتتىن تەۋبە قىلىشنى خالىمىغۇچىنى، اللە تائالا بەرگەن قۇدرەت، ئىختىيارى ئىرادىسى بىلەن جىنايەتتىن قايتىشنى خالىمىغۇچىنى ئازابلاش زۇلۇم قىلغانلىق، يامانلىق قىلغانلىق ھېسابلىنامدۇ؟ ئى ئەقىللىقلار ئېيتىڭلارچۇ؟ ھەرگىز زۇلۇم بولمايدۇ.

4. بەندىلەرنى اللە تائالا ياراتقان، رىزىقلىرىنى بەرگەن، پىلانلىق باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن ھەممە بەندىلەر، مەخلۇقلار اللە تائالانىڭ مۈلكى بولۇپ، ھەر نەرسىنى ئۆز ئىگىسى ئۆزى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش ھەققى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ ھەممىنى ئازابلىسىمۇ ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى بولمايدۇ. ئەگەر ھەممىسىگە رەھىم قىلىمۋەتسە، ئەلۋەتتە اللەنىڭ رەھىم قىلىشى بەندىلەرنىڭ پۈتۈن ياخشى ئىشلىرىدىن ياخشىراق. بۇ مەزمۇندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئىشەنچىلىك ھەدىس بار. ئىمامى ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇت زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئەگەر اللە ئەززەۋەجەللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى مەخلۇقلىرىغا ئازاب قىلاي دېسە، ئازاب قىلىۋېرىدۇ. ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا رەھىم قىلىمۋەتسە، ئەلۋەتتە، اللە تائالانىڭ رەھمىتى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ياخشىراقتۇر. ئەگەر سەن قازا ۋە قەدەرگە ئىشەنمەي ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇننى اللە يولىدا خەجلىسەڭمۇ، اللە تائالا ئۇنى سەندىن قوبۇل قىلمايدۇ. قەدەردە ساڭا يېتىدىغان ھادىسە يەتمەي قالمايدىغانلىقىنى، قەدەردە ساڭا يەتمەيدىغان ھادىسە پەقەت يەتمەيدىغانلىقىنى ئەقىدە قىلمىساڭ، ئەمىلىڭ مەقبۇل بولمايدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا ئەقىدە بىلەن ئۆلسەڭ چوقۇم دوزاخقا كىرىسەن» (سۇنەن ئەبۇ داۋۇد 2-جۇزئى 527-بەت)

5. اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ ئۆمۈرلىرىنى، رىزقلىرىنى، بەختلىك بولۇشىنى، بەختسىز بولۇشىنى تەقدىر قىلغاندا (ئالدىن قارارلاشتۇرغاندا) ھەر قايسىسىنى ئۆزىنىڭ ئامىللىرىغا، سەۋەبلىرىگە باغلاپ تەقدىر قىلغان. ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن ئايرىلمايدۇ. ئالەمنىڭ ئىنسانلاردىن باشقا قىسىملىرىمۇ شۇنداقلا سەۋەبكە باغلانغان. ئالەمدىكى ئىنسان ۋە باشقىلار ھەممە نەرسە اللە تائالا ئورناتقان يوللار ۋە قانۇنلارغا باغلىقتۇر. ئەڭ چوڭ ھەجىملىك مەخلۇقتىن تارتىپ زەررە، ھۈجەيرىگە قەدەر ھەممىسى تەرتىپ، سەۋەب، قانۇنغا باغلانغان. بۇ ھەقىقەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قايسى بىرىڭلار ئەھلى جەننەتنىڭ ئىشىنى بىر مەزگىل ئىشلەيدۇ، جەننەت بىلەن ئۇ كىشى ئارىسى بىر گەزلا قالىدۇ، ئاندىن ئۇ اللە تائالا ئەزەلدە بىلگەن ۋە يازغىنىغا مۇۋاپىق دوزىخىلار ئىشىنى ئىشلەپ ئۆلۈپ دوزاخقا كىرىدۇ ۋە يەنە قايسى بىرىڭلار بىر مەزگىل دوزىخىلار ئىشىنى ئىشلەيدۇ، دوزاخ بىلەن ئۇ كىشى ئارىسى بىر گەزلا قالىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى اللە تائالا ئەزەلدە بىلگەن ۋە يازغىنى بويىچە جەننەتلەر ئىشىنى ئىشلەپ تۇرۇپ ئۆلىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن سۆزى گۇۋاھ، ئىسپاتتۇر. دېمەك جەننەتكە كىرىشىنىڭمۇ سەۋەبلىرى بار، دوزاخقا كىرىشىنىڭمۇ سەۋەبلىرى بار. اللە تائالا ھەربىر ئىنساننى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۇ بەندىنىڭ قايسى ئەقىدە ۋە قايسى سۆز - ھەرىكىتىنى خالايدىغانلىقىنى، ئاخىرقى ھېسابتا قايسى ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆلۈشىنى ئالدىنئالا بىلگەچكە شۇنداق يازغان. ھەر

بەندە بىر مەزگىل باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ ئاخىرىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆلۈشىنى بۇرۇن بىلگىنىگە ئاساسەن تەقدىر قىلغان. ھەر بىر بەندە ئاخىرقى ھېسابتا اللهنىڭ بىلگىنىگە ۋە يازغىنىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇۋاپىق سەۋەپ قىلىدۇ. نەتىجىمۇ سەۋەبكە مۇۋاپىق بولىدۇ. بەندىنى ئاخىرىدا دوزىخىلار ئىشىنى قىلىشقا ياكى جەننەتىلەر ئىشىنى قىلىشقا ھېچكىم ۋە ھېچنەرسە مەجبۇر قىلمايدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى قىلىپ ئۆلۈپ سەۋەبكە مۇۋاپىق چارىگە ئۇچرايدۇ.

ئىززەت، غەلبە ئىگىسى، ئالىي مۇلۇك ئىگىسى، دائىم ھايات تۇرىدىغان، ئۆلمەيدىغان الله تائالا ئەجەب ئۇلۇغدۇر. كەمچىلىكتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر.

ئىمامى مۇسلىم ئەمرى ئىبنى ئاسدىن رىۋايەت قىلدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «الله تائالا مەخلۇقلارنىڭ سانى، سۈپىتى، سۈرىتى، ھالىتى، سۆز - ھەرىكىتى، پائالىيىتىنىڭ ھەممىسىنى ئاسمان، زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن يېزىپ بولغان، اللهنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى.»(سەھىھۇل مۇسلىم 8-جۇزئى)

## الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى

قازا ۋە قەدەر مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرسى الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشى مەسىلىسىدۇر. بۇ چوڭ مەسىلە ھەققىدە بىزنى توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە راستىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۆزگە قۇلاق سالايلى. ئۇ سۆز بولسا ئىككى مەزمۇندا بولۇپ، 1 -مەزمۇن الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشى بارلىقىنى ئەقلىي ۋە نەقلىي ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلاشتۇر. 2- مەزمۇن الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشىنى خاتا چۈشىنىش سەۋەبىدىن كۆپ كىشىلەرنىڭ ئەقىدىدە ئازغانلىقى ۋە ئاشكارا خاتالشقانلىقىنى بايان قىلىشتۇر. الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشىنى ئىسپاتلاشتا الله تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ تەرەپتىن ئاڭلانغان خەۋەر كۆپايە قىلىدۇ. الله تائالا سۈرە بەقەرەدە: «الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.» (185-ئايەت) دېدى.

يەنە سۈرە نەھلدە: «بىز بىرەر شەيئىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا: ⟨ۋۇجۇتقا كەل⟩ دەيمىز ــ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.» (40-ئايەت) دېدى. بۇ ئايەتلەر الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما الله تائالا  ئۆزىنىڭ خالىشى ھەققىدە سۈرە ئەنئامدا: «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلىرىگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (الله ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ).» (112-ئايەت) دېدى.

يەنە سۈرە تەكۋىردە: «پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق)» (29-ئايەت) دېدى.

الله تائالانىڭ خالىشىنى ئىسپاتلاش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ساڭا پايدىلىق نەرسىگە ھېرىس بولغىن! كۈچۈڭ يەتمىسە الله تائالادىن ياردەم تىلىگىن. كەم ھىممەت بولما! ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، كاشكى مۇنداق قىلغان بولسام، مۇنداق بولار ئىكەن دېمە! لېكىن بۇ الله تائالانىڭ قەدرى، الله تائالا نىمىنى خالىسا شۇ بولىدۇ، دېگىن!  كاشكى، دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ» دېدى. (ئىمامى مۇسلىم رىۋايىتى)

بىز باشتا سۆزلىگەن ئايەتلەر، ھەدىسلەر كۆپتىن تاللاپ ئېلىنغان ئاز بىر قىسىم بولسىمۇ، الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە قىلىدۇ. الله تائالادىن ۋە رەسۇلۇللادىن ئاڭلانغان مەزكۇر دەلىللەرگە قوشۇپ بىر بۆلۈك ئەقلىي دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. الله تائالا ھەممە مەخلۇقنى ياراتقان، تەربىيلەپ بېقىۋاتقان، ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان زات ئىكەن، ئەلۋەتتە، الله تائالانىڭ ئۆزى ئىرادە قىلغان.

يەنە بىر تۈركۈم ئادەملەر يەنى ھېچ نەرسىنى پىكىر قىلالمايدىغان باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان بولۇپمۇ غەرب مەدىنىيىتىگە تەقلىد قىلغانلار ئېيتىدۇ: الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى بىز ئىنسانلارنىڭ ھېچ ئىشىمىزغا ئارىلاشمايدۇ. بىز پۈتۈن ئىشىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل ئىرادىمىز ۋە ئىختىيارىمىز بىلەن قىلىمىز. خالىغاننى قىلىمىز، خالىمىغاننى قىلمايمىز، دەيدۇ. شۇڭا ئۇلار «الله خالىسا، ئەتە پالان ئىشنى قىلىمەن» دېگەن ئادەمنى كۆرسە ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، غەزەبلەنگەن ھالدا: «الله خالىسا دېمەڭ! چوقۇم قىلىمەن دەڭ! الله خالىسا دېگەن گەپنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىڭ، چوقۇم قىلىمەن دېسىڭىزلا بولدى» دېيىشىدۇ.

بۇلارنىڭ ئەقىدىدە يولدىن ئازغانلىقىنىڭ ئەمەلىي دەلىللىرىدىن بىرسى شۇكى، بەزىلەر كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار توغرىسىدا ئالدىن خەۋەر قىلىدۇ. بىرەر خەۋەرنىمۇ الله تائالانىڭ خالىشىغا باغلىمايدۇ. الله خالىسا بۇ ئىش مۇنداق بولىدۇ دېمەيدۇ. مەن ئەتە سەپەر قىلىمەن دەيدۇ، پالان نەرسە ئالىمەن ياكى ساتىمەن، ئۆيي سالىمەن، ئۆيي چاقىمەن، ئالىمەن، بېرىمەن دېگەندەك  سۆزلەرنى كېسىپ ھۆكۈم قىلىپ سۆزلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىرادە قىلىشى، خالىشىدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەمدەك مۇتلەق گەپ قىلىدۇ. ئەرەبلەردە ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ  تېلىۋىزىيەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگەندە كەلگۈسىدىن بەرگەن خەۋىرىنىڭ مەزمۇنىغا كېسىپ ھۆكۈم قىلىپ خۇددى ئەمەلىي ئەھۋال شۇلارنىڭ سۆزىگە بويسۇنىدىغاندەك، ئۇنى ئۆزگەرتكۈچى ھېچكىم يوقتىكىدەك سۆزلەيدۇ. مەسىلەن، «ئەتە مۇنچە بال شەرق شامىلى ياكى غەرب شامىلى چىقىدۇ، پالان ئۆلكىدە كۆپ ياكى ئاز يامغۇر ياغىدۇ، ھاۋا ئوچۇق ياكى بولۇتلۇق بولىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى كۈندىلىك ھاۋارايى خەۋەرلىرىدە سۆزلەيدۇ. الله تائالا خالىسا ئەتە مۇنداق ئىش بولىدۇ، دېمەيدۇ. بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ ھەممە ئىش الله تائالانىڭ خالىشى ۋە ئىرادە قىلىشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا، الله خالىغان ئىش بولىدىغان، الله خالىمىغان ئىش بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئارىسىدا ھەر ئىش الله تالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشى بىلەنلا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلار بولسىمۇ، ئەتراپىدىكى دىنسىزلاردىن قورقۇپ ياكى چىقىشىش ئۈچۈن الله خالىسا، دېگەن سۆزنى قوشۇپ سۆزلىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇسۇلمانلارمۇ دىنسىزلارغا شېرىكتە ۋە ئازغۇنلۇقتا ئورتاقلىشىدۇ. مانا بۇ سولچىللارنىڭ ئەھۋالى.

ئوڭچىللارمۇ ئېزىشتا، ئاساسەن ئەقىدىدە سولچىللاردىن كەم ئەمەس، چۈنكى ئوڭچىللار الله تائالا ئىنسانلارغا بەرگەن ئىرادە، ئىختىيارنى يوققا چىقىرىپ، ئىنساننى ئەركىن ئادەملىك سۈپىتىدىن چىقىرىۋاتىدۇ. الله تائالا ئىنساننى ھۆرمەتلەپ، ئىنسانلىقىغا لايىق كۆرسىتىپ بەرگەن تەكلىپلەرنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ياكى ئەمەل قىلماسلىقى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىدىكى ئۆزىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئورنىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىنسانلىق ئىززەت، ھۆرمىتىنى، ئېتىبارىنى يوققا چىقىرىپ ئىنسانلارنى ھايۋانلار ۋە جانسىزلار قاتارىدا قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئىنساندا ئىرادە، ئىختىيار يوق، ئىرادە قىلىش خالاش يالغۇز الله تائالاغا خاس دەيدۇ. ئىنسانلاردىكى جۈزئىي ئىختىيارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. يەنى ئىنساندا ئۆز ئىشلىرىدا ئىرادە قىلىش، خالاش، خالىماسلىق ئەركىنلىكى بارلىقىنى ئىنكار

قىلىدۇ. بۇ بۇزۇق ئېتىقاد ئۇلارنى چەكسىز ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە بۇلار الله تائالاغا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزلاردىن يامانراق ئەھۋالغا دۇچار بولىدۇ. بۇلار ئالدىدا ھەممە ئىشى تەتۈر ۋە ئېلىشاڭغۇ بولۇپ، ياخشى ئىشلار قەبىھ، يامان ئىشلار ياخشى، كاپىرلىق بىلەن مۆمىنلىك ئوخشاش، دىن ئىسلام يولىدىن چىقىش بىلەن دىن ئىسلامغا ئەمەل قىلىش ئوخشاش بولىدۇ. بۇلارنىڭچە الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشمۇ، ئاسىيلىق قىلىشمۇ، ساۋاپلىق ئىش قىلىشمۇ، گۇناھ ئىشلەشمۇ باراۋەر، ئوخشاشلا الله تائالاغا بويسۇنغانلىق بولۇپ ھېچ قانداق گۇناھكار ئۆز گۇناھىدىن مەسئۇل بولمايدۇ. ئەيىبلەنمەيدۇ. گۇناھ دەيدىغان نەرسە يوق، شۇڭا ھېچكىمگەئازابمۇ يوق مۇكاپاتمۇ يوق، ھەر كىم ياخشىمۇ، يامانمۇ قانداقلا ئىش قىلسا الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى ۋە خالىشى بىلەنلا قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىدە چوڭمۇ كىچىكمۇ ھېچقانداق ئىختىيار يوق، دەيدۇ. بۇ گورۇھتىن بىر ئادەم ئۆز ئېتىقادىنى شەرھىيلەپ الله مېنىڭ قىلىشىمنى ئىختىيار قىلغان ئىشنى قىلىۋاتىمەن. مەن ھەر ئىشنى تىلىسەم قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشنى قىلىمەن، شۇڭا مېنىڭ قىلغىنىمنىڭ ھەممىسى ئىتائەت دېگەن مەزمۇندا شېئىر ئوقۇغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى بۇزۇلۇشقا باشلىغان ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇپ پارچىلاش، ئاندىن ئەخلاقىنى بۇزۇپ، پارچىلاش، ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك پىلانى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغاندىن تارتىپ مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ھۆججىتى بولغان قۇرئان ھەدىستىن يىراقلىشىشقا باشلىغان. شۇندىن بېرى مەزكۇر بۇزۇق ئەقىدىلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پەيدا بولغان.

بۇلارنىڭ مەزكۇر سۆزلىرى ئىلمى ئاساسىدا، ئاڭلىق چۈشىنىش ئاساسىدا بولغان توغرا ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان بولسا ئىدى، ئۇلار راستى بىلەن الله تائالانىڭ ئىرادىسىگە ۋە خالىشىغا چىن قەلبىدە بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئاساسىدا بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. بۇلارنىڭ قەلبىنىڭ الله تائالا بىلەن ئالاقىسى يوق. پەقەت قەبىھ قىلمىشلىرىنىڭ جازا ۋە تەنقىدتىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئاغزىنىڭ ئۇچىدا سۆزلەپ قويغان گەپلىرىدۇر. شۇڭا بۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشرىكلار ئەھۋالىغا ئوخشاشتۇركى، الله تائالا ئېيتتى: «مۇشرىكلار: ⟨ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا ـ بوۋلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق⟩ دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر، (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى.» دېدى. (سۈرە ئەنئام 148-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

دېمەك، مۇشرىكلارنى يالغۇز الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا ۋە الله تائالا ھالال قىلغان «بەھىرە سائىبە» دەپ ئاتالغان تۆگىلەرنى ھارام قىلىشنى تاشلاشقا چاقىرىلغاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ الله تائالاغا بۇتلارنىڭ روھلىرىنى شېرىك قىلغىنىنى ۋە الله تائالا نامىدىن يالغان ھۆكۈم ئويدۇرغىنىنى ئاقلاش ئۈچۈن الله تائالانىڭ خالىمىغانلىقىنى ھۆججەت قىلىشتى. يەنى الله بىزنىڭ مۇشرىك بولماسلىقىمىزنى خالىغان بولسا مۇشرىك بولمايتتۇق. ۋە بۇ تۆگىلەرنى ھارام قىلماسلىقىمىزنى خالىغان بولسا ھارام قىلمايتتۇق.» دېيىشتى. بۇ سۆزلەرنى ئۇلار ئۆزىنىڭ باتىل ئازغۇن يولىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن سۆزلىگەن ئىدى. ھەرگىز ئۇلار ئۆزىنىڭ الله تائالانىڭ قازا ۋە قەدرىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى، اللهنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى، اللهنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادە ئارزۇسىنى الله ئىرادىسىگە ۋە خالىشىغا بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سۆزلىگەن توغرا ئېتىقادتىن كېلىپ

چىققان سۆز ئەمەس ئىدى. چۈنكى توغرا تونۇش بىلەن، يەنى ئىنساننىڭ ئىرادە قىلىش خالاش ئەركىنلىكى اللەنىڭ ئىرادە قىلىشى، خالىشى دائىرىسى ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت توغرا تونۇش بىلەن سۆزلىگەن بولسا ئىدى، ئۇلار راستچىل مۆمىنلەر بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىشنى تاشلىشى، الله تائالا نامىدىن يالغان ھۆكۈم توقۇشنى تاشلىشى ئاسان بولاتتى. چۈنكى الله تائالا بۇ ئىشلارنى ھارام قىلدى، توستى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلاتتى، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇتلار ئەرۋاھىنى الله تائالاغا شېرىك قىلىشى ۋە الله نامىدىن توقۇغان سۆزلىرى اللەنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن بولسا ئىدى، ياخشى كۆرگەن بولسا ئىدى، ھەرگىز ئۇلارنى ئۇنىڭدىن توسمايتتى، قۇرئاندا ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام تىلى بىلەن مەنئىي قىلمايتتى.

الله تائالانىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ قالغۇچى ۋە ئوتتۇرا يولدا ماڭغۇچىلاردىن ئىبارەت توغرا يول تاپقان مۆمىنلەر ئوتتۇرىدا قويغان ئۇلۇغ قائىدە شۇكى، اللەنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرىنى گۇناھلارغا ۋە خاتالىقلارغا ھۆججەت قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن مۇسىبەتلەرگە ئۇنى دەلىل قىلىشقا بولىدۇ. دېمەك، گۇناھلار، جىنايەتلەرنى الله تائالا بەندىلىرىگە ھارام قىلغان ئىكەن، بەندىلەردىن ئۇنىڭ سادىر بولۇشىنى يامان كۆرگەن ئىكەن، ئۇ گۇناھلارنى مەنئىي قىلىپ كىتابلار چۈشۈرگەن، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن ئىكەن، ئەلۋەتتە الله تائالانىڭ ئالەمدە يۈز بېرىدىغان ياخشى ـ يامان ئىشلار ھادىسىلەرنى ئەزەلدە بىلىشى ۋە ئالدىن مۇقەررەر قىلىشىدىن ۋە لەۋھۇل مەھپۇزغا يېزىشىدىن ئىبارەت قازا ۋە قەدىرنى گۇناھلارغا ھۆججەت قىلىش توغرا بولمايدۇ. يەنى كۇفرىنى، شېرىكنى، مۇناپىقلىقنى، جىنايەتلەر ئىشلەشنى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا قارىتا بېرىلگەن ئىختىيارى ۋە ئىرادىسى ۋە ئەركىنلىكى بىلەن الله تائالانىڭ ئومۇمى ئىرادىسى دائىرىسى ۋە ئەركىنلىكى ئىچىدە ئۆزى ئىشلەيدۇ. قەدەرگە دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەمما مۇسىبەتلەر بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار مۇسىبەتلەرگە الله تائالاغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش ياكى اللەنىڭ ئالەمدە ئورناتقان قانۇنىغا ياكى شەرىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشتەك سەۋەبلەرنى ئۆزى قىلمايدۇ. ئىنساننىڭ بۇنىڭدا ئىختىيارى يوق. شۇڭا ئىنسانلار مۇسىبەتلەرگە قازا ۋە قەدەرنى ھۆججەت قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز تام يىقىلسا، ياكى يىلان چېقىۋالسا ياكى ماشىنا ئۆرۈلۈپ يىقىلسا، بۇ ئادەم تامنىڭ بېسىۋېلىشىنى، يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىنى، ماشىنىنىڭ دۈم كۆمتۈرۈلۈشىنى بىلمەي قالسا، ئۇ ھالدا بۇ ھادىسىلەرنى قازا ۋە قەدەرگە يۈكلىسە بولىدۇ. ئەمما بۇ ھادىسىلەرگە ئۆزى سەۋەب قىلسا، ئۇ چاغدا ئۇنى قازا ۋە قەدەرگە دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەلكى ئۆزى قىلغان سەۋەبنىڭ ۋە جىنايەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشى، الله تائالا ئالەمدە ئورناتقان تۈزۈم ـ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان سەۋەبىدىن اللەدىن كەلگەن جازانى تارتىشى لازىم. ئۆزىنى ئەيىبلىشى لازىم.

مۇناسىۋەت ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە ئادەم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن زۇكۇنلاشقان (روھلار ئالىمىدە سۆزلەشكەن) سۆزلىرىنى ئوتتۇرىدا قويىمىز.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامغا مالامەت قىلىپ: «ئى ئادەم! سەن بىزنىڭ ئاتىمىز، سەن بىزنى الله تائالانىڭ رەھمەت ئورنىدىن مەھرۇم قىلدىڭ، جەننەتتىن چىقىرىۋەتتىڭ» دېگەن ئىدى، ئادەم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «الله تائالا مېنى يارىتىشتىن 40 يىل بۇرۇن مۇقەررەر قىلىپ يېزىۋەتكەن بۇ ئىشقا ماڭا مالامەت قىلامسەن؟» دەپ ئادەم مۇسانى يېڭىۋالدى. چۈنكى مۇسىبەتلەرگە قازا ۋە قەدەرنى دەلىل قىلىشقا بولىدۇ. (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دېمەكچى بولغىنى «مېنىڭ الله توسقان ئىشنى ئۇنتۇپ قىلىپ اللەغا ئاسىي بولۇشۇمنى الله ئەزەلدە بىلگەچكە، بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشىمنى مۇقەررەر قىلىپ يازغان، مېنىڭ

بۇ خاتالىقىمنى ئىشلىشىم، ھامان الله ئەزەلدە بىلگەنگە ۋە يازغانغا ئۇدۇل كەلمەي قالمايتتى»
دىگەندىن ئىبارەت مەنىدە خاتالىق يوق دىمەكچى.)
بۇ يەردە ئادەم ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زۇكۇنلاشقانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى ئۆز ئىبارىتى بىلەن سۆزلەپ ئۆتۈشكە تىگىشلىك، ھەزرىتى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمامى مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللەھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «ئادەم بىلەن مۇسا زۇكۇنلاشتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى ئادەم سەن بىزنىڭ ئاتىمىز، بىزنى رەھمەت ئورنىدىن مەھرۇم قىلدىڭ، جەننەتتىن چىقاردىڭ» دىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بىرىپ: «سەن مۇسا الله تائالا سېنى ئۆزى بىۋاستە سۆزلىشىشكە تاللىدى. تەۋراتنى ساڭا ئۆزى بىلەن يىزىپ چۈشۈرۈپ بەردى، الله تائالا مىنى يارىتىشتىن 40 يىل بۇرۇن مىنىڭ ئىشلىشىمنى ئالدىن بىلىپ مۇقەررەر قىلىپ يازغان ئاسيىلىقىمغا قارىتا ماڭا مالامەت قىلامسەن؟ دىدى، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «ئادەم مۇسانى زۇكۇندا يىڭىپ كەتتى.»دىدى. (اللهدىنلا ياردەم سورىلىدۇ.)

# كۆپ كىشلەرنى الله تائالانىڭ ئىرادىسىنى خاتا چۈشىنىشى ئۇلارنى ھەيرانلىقتا چۈشۈرۈپ خاتالاشتۇردى

تەجرىبە ۋە مۇلاھىزە بىلەن شۇ ئېنىقكى ئەنگىلىيە، فىرانسىيە ئىشلىگەن «گوڭگورت» ناملىق ئايروپىلان ياكى ئامېرىكىنىڭ بۇلۇت يارغۇچى ئايروپىلاندەك چوڭ بىر جاھازىنىڭ ئىچىدە ئاددى بىر سايمىنى بۇزۇلسا ئايروپىلان بۇزۇلۇپ ھاۋادىن يىقىلىپ ۋەيران بولىدۇ. شۇنىڭدەك قازا ۋە قەدەرگە الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشىغا بولغان ئەقىدە (مۇقىم تونۇش) ئازراق بۇزۇلسا، ئىنسانمۇ چەكسىز خاتالىقتا دۇچار بولىدۇ، توغرا يولدىن ئازىدۇ.
مۇسۇلمانلار ئىچىدىن قازا ۋە قەدەر، اللهنىڭ ئىرادىسى، خالىشى توغرىسىدا پىكرى، قەلبى بىر تونۇشقا مۇقىم ئورناشمىغانلار، قازا ۋە قەدەرنىڭ ئالەم ۋە ھايات ئۇنىڭغا باغلاپ يارىتىلغان تەرتىپ ـ تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالغان ۋە ئۇ تەرتىپ تۈزۈم پۈتۈن ئالەمگە، ھەممە مەخلۇقلارغا ھۆكۈم سۈرىدىغان، ئۇ تەرتىپ ـ تۈزۈم الله تائالا ئورناتقان ۋە يىزىۋاتقان بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغان، ئەگەر بۇ تۈزۈم ئازراق ئۆزگەرسە، ئالەم ۋە ھايات پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر قالغان ئادەملەردۇر.
ھەر بىر بەندىنىڭ الله تائالا بىكىتكەن (بۇگۈنكى كۈندە تەبىئەت قانۇنى دېيىلگەن) قانۇن ۋە تەرتىپ تۈزۈمدىن ئىبارەت قەدەرگە تەسلىم بولۇشى لازىم. ئۇنى ئىنكار قىلىشى، ئۇنداق، مۇنداق قارشىلىق كۆرسىتىشى، قەدەرگە يۆلىنىۋىلىپ، ھەر ئىشقا ئۆزىنىڭ سەۋەبىنى قىلماسلىقى خاتا بولىدۇ. قازا ۋە قەدەرنى مۇشۇنداق چۈشىنىشلەر توغرا، توغرىدىن باشقىسى خاتا.
دېمەك، اللهنىڭ ئىرادىسى، قەدىرى ئىككى تۈرلۈك، بىرىنچىسى پۈتۈن ئالەمنى، ھەممە مەخلۇقنى ئۇنىڭغا باغلاپ ياراتقان تەقدىر، ئىرادە بولۇپ، ئىنسانلارغا قويۇلغان تەكلىپلەر (ۋەزىپىلەر، چەكلىمىلەر) ۋە بويسۇنغانلارغا ساۋاب، مۇكاپات بىرىش، بويسۇنمىغانلارنى جازا ۋە ئازابقا دۇچار قىلىش ئىشلىرى بۇ ئىرادىگە باغلىق ئەمەس. بۇ ئىرادە ئالەمدىكى مۇقىم قانۇن تۈزۈمدۇر. ئۇنىڭغا پۈتۈن مەخلۇق مەجبۇرى بويسۇنىدۇ. ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش،

رازى بولۇشتىن باشقا ھەققى يوق، ئامالى يوق، ئەگەر ئىنسان بۇ خىل ئىرادىگە (ئومۇمى قانۇنغا) بويسۇنمىسا، رازى بولمىسا، الله تائالاغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولىدۇ. ئۇ ئىنسان ئۆزى الله تائالانىڭ مەخلۇقى ۋە ھەممىشە الله تائالاغا مۇھتاج، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەپەس تىنىقلىرىدا، ھاۋالىنىشىدا، شەيئىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن يورۇقلۇققا، ئۇخلاش ئۈچۈن قاراڭغۇغا بولغان ئېھتىياجلىرىدا الله تائالاغا مۇھتاج تۇرۇقلۇق، اللهدىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتقان بولىدۇ.

دىنى شەرئى ئىرادە الله تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئەركىنلىكى ۋە ئىختىيارى بىلەن تونۇشى ۋە ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بىر بۆلۈك ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن ئىرادە بولۇپ، ئىنسانلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىجرا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان. يەنى بۇيرىغان، توسقان ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارغا ساۋاب مۇكاپات، ئىتىراپ قىلمىغان، ئاسىيلىق قىلغانلارغا جازا ئازاب بىرىشنى بۇ ئىرادىگە باغلىغان.

ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىرادىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بويسۇنۇشى، ياراتقان ئىگىسىگە ئىتائەت قىلىش لازىمكى، بۇ ئىرادىگە قارىتا باشتۇڭلۇق قىلىش، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئىنسانلارغا ئىختىيار بىرىش ئاساسىدىكى بۇ ئىرادە، تەقدىرنى تەپسىلي بايان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر تەيىنلەندى. بۇ ئىرادە بولسا الله تائالا بەندىلىرىگە كۆرسىتىپ بەرگەن ئەقىدىلەر، ئىبادەتلەر، ھۆكۈملەر، قائىدە يوسۇنلار، ئەخلاقلار بولۇپ، بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن الله تائالا ئىنسانلارغا يېتەرلىك كۈچ - قۇۋۋەت، قابىلىيەت، ئىختىدار، ئەركىنلىك بەردى. الله تائالا بەندىلەردىن ئىرادە قىلغان ئىبادەت، ئىتائەتلەرنى، ۋەزىپىلەرنى كىملەر توغرا تونۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، كىملەر خاتا تونۇشىنى، ئاسىيلىق قىلىشنى سىناش ئۇسۇلى بىلەن مەجبۇرلۇقسىز يولغا قويغاچقا، بۇ ئىشلاردا ئىنسانلارغا ئىختىيار بەردى. بۇلارنى توغرا تونۇش، خاتا تونۇش، ئەمەل قىلىش، قىلالماسلىقىدا ئىنسانلار ئىختىيارى بولغاچقا، توغرا تونۇغان، ئەمەل قىلغانلار ساۋابقا، خاتا تونۇغان، ئاسىيلىق قىلغانلار جازاغا، ئازاپقا تىگىشلىك بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولغان بۇ ئىشلاردا ئىنسان اللهنى ئىنكار قىلىپ ياكى ئاسىيلىق قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىقىنى قازا ۋە قەدەرگە يۆلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ كاپىر، ئاسىي بولۇشى ياكى مۇسۇلمان، ئىتائەتچان بولۇشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولسىمۇ، اللهنىڭ ئەزەلدە بىلگىنىگە ۋە ئالدىن يېزىپ قويغىنىغا ئۇدۇل كەلگەچكە قەدەر بويىچە بولدى دېيىلىدۇ. ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشلىگەچكە مۇكاپاتقا ياكى جازاغا تىگىشلىك بولىدۇ. الله تائالا سۈرە ئىنساندا: «شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارلاشما مەنى (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىسى)دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا بىز (پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن ياخشى- يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۇئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (اللهنىڭ نېئمىتىگە) شۈكرى قىلغۇچىدۇر، ياكى (فاجىر بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.» (2-، 3- ئايەتلەر) دېدى.

## توغرا يولغا باشلاش ۋە ئازدۇرۇش توغرىسىدا

الله تائالانىڭ ئىراداسى ۋە خالىشىنى چۈشىنىشىدە خاتالاشقاندەك الله تائالانىڭ ھىدايەت قىلىشى ۋە ئازدۇرۇشنى چۈشىنىشىدىمۇ كۆپ كىشىلەر خاتالاشتى. نۇرغۇن كىشىلەر الله تائالانىڭ

سۈرە ئىبراھىمدىكى: «قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلىشەلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش بولۇپ ھىدايەت قىلىش ئىشى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر). ئاللاھ غالىبتۇر ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»(سۈرە ئىبراھىم 4-ئايەت) دېگەن سۆزنى خاتا چۈشەندى.

شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە ئەنئام 108-ئايەتتىكى: «شۇنىڭدەك بىز ھەر ئۈممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ يامانىنى جازالايدۇ) .» دېگەن سۆزنى چۈشىنىشتە خاتالاشتى.

ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە فاتىر 8- ئايەتتىكى: «ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ (خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ).» دېگەن سۆزنى خاتا چۈشەندى. شۇڭا ئۇلار: «ئاللاھ تائالا بەندىنى ئۆزى ئازدۇرۇپ بولۇپ، قانداق ئازابلايدۇ؟ ئۆزى يامان قىلىقلارنى چىرايلىق كۆرسىتىپ بولۇپ قانداق جازالايدۇ؟ مۇنداق قىلسا ئادالەت، رەھىم - شەپقەت نەگە كىتىدۇ؟ دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى سەۋەبىدىن ياراتقان ئىگىسىگە قارشى تۇرغۇچىلار بولىدۇ. بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن ھالاك بولىدۇ. خاتا چۈشۈنىش سەۋەبىدىن بەد بەخىت بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىلىش ۋە توغرا چۈشىنىشكە مۇيەسسەر قىلىنسا ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈمىگە تەسلىم بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىنىڭ ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىشقا قارىتا ئاللاھقا قارشىلىق كۆرسەتمەيتتى. چۈنكى يارىتىش ئاللاھقا خاس بولغاندەك باشقۇرۇش ھوقوقىمۇ ئاللاھقا خاس. ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىدۇ. ئۆز دائىرسى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قىلغان ئىشى توغرىسىدىن سوئال سورالمايدۇ. ئاللاھ غالىپ ۋە ھېكمەتلىكتۇر. ھەممىنىڭ كەلگۈسى ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىدۇر. لېكىن بەزى ئادەملەرگە بۇنى توغرا تونۇتۇش توغرا كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا قارىشىلىق كۆرسىتىشتە ئىبلىس ماڭغان يولدا ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىقتىن ئايرىلدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىشى، خالىغان كىشىنى ئازدۇرۇشىنى تونۇغان ئىدى. ئەگەر ئۇلارغا تەۋپىق بېرىلگەن بولسا ئۆزىنى ئاللاھ تائالا تەرەپكە يۆلەندۇرگەن بولاتتى. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلاتتى. ئازابىدىن قورقار ئىدى. توغرا يولغا باشلىنىشنى تىلەيتتى. ئېزىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئەگەر ئۇلارغا تەۋپىق بېرىلگەن بولسا ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمەت ئىشىكىگە كېلىپ ھاجىتىنى تىلەيتتى، ئاللاھنىڭ پاناھىغا كىرىپ ئۆزىنى قوغدايتتى، چۈنكى ئۇلارغا توغرا يول ئوچۇق ئىدى. ئاللاھ تائالا سۈرە كەھفتە: «كىمكى، ئاللاھ ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ (ھەقىقىي) ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، كىمنىكى (قىلغان يامان ئەمەلى تۈپەيلىدىن) ئاللاھ ئازدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكۈچى دوستنى ھەرگىزمۇ تاپالمايسەن.» دېدى. (17-ئايەت)

بۇلارنىڭ ئەھۋالى نېدىگەن يامان؟ ئاقىۋىتى نېمىدىگەن زىيانلىق!!! ئۇلار ئېزىپ كەتكەن. چۈشەنەلمەي قالغان ھەقىقەت شۇكى ئاللاھ تائالا بىر كىمنى ئازدۇرار بولسىمۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا توغرا يولنى ئوچۇق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ سەۋەب كۆرسىتىشىگە ئورۇن قالدۇرماي، ھەممىنى ئۇقتۇرۇپ، ئەگەر ئۇ توغرا يولداماڭماي دىسە ماڭغۇدەك كۈچ - قۇۋەت ۋە شارائىت بىرىپ، ئۇ بەندە

توغرا يولنى بىلىپ، تونۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى توغرا يولدىن ۋاز كېچىپ، يولدىن ئېزىشنى ئۆزى ئىختىيار قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن خاتا، ئازغۇن يولغا مېڭىشقا يول قويۇدىغانلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ۋە الله تائالانىڭ بۇ ئىشنى زۇلۇم ئەمەس ئادالەت ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمىدى.

دېمەك، كىمكى توغرا يولدا مېڭىشنى ئەلا كۆرۈپ قىزىقسا، ئۇنى ئۆزى تەلەپ قىلسا، توغرا يول تېپىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىشلىسە ئۇ كىشىگە توغرا يول ھاسىل بولىدۇ. ئۇنى ھاسىل قىلىشقا، ئەمەلگە كەلتۈرۈشكە الله تائالا ياردەم قىلىدۇ. الله تائالانىڭ ياردەم قىلىشى بولسا ھىدايەتنى خالىغان بەندىلىرىگە رەھمىتىنى ۋە ئىلتىپاتىدۇر. كىمكى يولدىن ئېزىشنى ئەلا كۆرۈپ، قىزىقىپ تەلەپ قىلىپ، ئېزىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىشلىسە، ئۇ كىشى توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ. الله تائالا ئۇنى بۇ ئازغۇن يولدىن ياندۇرمايدۇ. (توغرا يولنى، ئازغۇن يولنى ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزى يولدىن ئېزىشنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن) الله تائالانىڭ خاتا يولدىن ياندۇرۇپ قويماي تاشلاپ قويۇشى ئادالەتتۇر ۋە ياخشى تەدبىردۇر. بىر بۆلۈك ئادەملەر الله تائالانىڭ بۇ قانۇنى يولىنى بىلمەي، يەنى ھەر كىمگە ئۆزى ئەلا كۆرگەن ئىشنى چىرايلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. قانۇنىيىتىنى بىلمەي، الله تائالانىڭ بۇ ئىشنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە : «الله بەندىگە يامان ئىشنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئارقىدىن يامان ئىش قىلدىڭ دەپ جازالىسا قانداق بولىدۇ؟» دەيدۇ. بۇلار بىلمەيدۇكى مۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىش اللهنىڭ ئۆزگەرمەس يولى. يەنى ئىنسان قايسى ئىشنى ئۆزى ئىختىيار قىلىپ، چىن كۆڭلى بىلەن ئۇ ئىشنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغىلى ئۇنۇماي، ئۇزۇن زامان چاپلىشىۋالسا، ئۇ ئىش ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ياخشى كۆرىلىدىغان بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئىش باشقىلار ئالدىدا يامان، قەبىھ ئىش بولسىمۇ، كۆنۈپ قالغاچقا چىرىلىق كۆرۈنىدۇ. بۇنداق بولۇشتا ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش ئوخشاش، ھەر قايسى ئىش ئۇنى خالاپ قىلغۇچىغا چىرايلىق كۆرسىتىلىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ الله تائالا بەندىلىرىگە رەھىم قىلىپ، چوڭ ئىلتىپات قىلىپ، بەندىلىرگە كىتابلارنى چۈشۈرۈش، پەيغەمبەرلەنى نەسىھەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق يامان ئىش، قەبىھ قىلىقلاردىن ساقلىنىشقا، خۇسۇسەن داۋام قىلدۇرماسلىققا چاقىردى. بۇزۇق ئەقىدە ۋە گۇناھ ئىشلارنى تاشلاشقا، تۆۋبە قىلىشقا ئۈندىدى. يامان ئىش چىرايلىق كۆرۈندىغان، يانالمايدىغان، قەلبىكە داغ بولۇپ ناھايىتى يېتىپ ئۇنى تاشلاش مومكىن بولمايدىغان ھالەتكە يېتىشىپ قىلىشتىن بۇرۇن دەرھال توغرا يولغا قايتىپۋېلىشقا تەكرار چاقىردى.

بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە فاتىردە: « ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى (ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟)» دېدى. (8ـ ئايەت)

يەنە الله تائالا سۈرە ئەنئامدا: «شۇنىڭدەك بىز ھەر ئۈممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق» دېدى. (108ـ ئايەت)

الله تائالانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى قوبۇل قىلغان، يامان، ناچار ئىشلارنى تاشلىغان كىشى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ. ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىماس، بىلمەس بولىۋالغان، ئازغۇن يولدا داۋاملىق مېڭىۋەرگەن كىشى ھالاك بولىدۇ. ئازابتىن قۇتۇلغان كىشى الله تائالانىڭ رەھىم قىلىشى، ئىلتىپات قىلىشى بىلەن قۇتۇلىدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇ كىشىگە قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەييارلاپ بەردى، سەۋەبلەرنى ئىشقا سىلىشقا ياردەم قىلدى.

ئازابقا دۇچار بولۇپ ھالاك بولغان كىشى الله تائالانىڭ ئەدلى بىلەن ھالاك بولىدى. چۈنكى

الله تائالا ئۇنى خاتا يولدىن، يامان قىلىقتىن توستى، ئاگاھلاندۇردى. لېكىن ئۇ ئۆزى توغرا يولغا كىرىشتىن، ئېزىپ كېتىشنى ئەلا كۆردى. الله ئۇنى گۇناھتىن تۆۋبە قىلىشقا چاقىردى. لىكىن ئۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلمىدى. خىلاپلىق قىلىشقا داۋام قىلدى. ئاخىرى ئۇنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسى، يامان قىلىقلىرى ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇڭا الله تائالا ئۇنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئوبدان ئىش قىلدىم دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياخشىلىق ۋە توغرا يولغا چاقىرغان تەكلىپنى قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىنى يوقاتتى. بۇ دەرىجىگە يەتكەن كىشىگە ئۆز قىلمىشىنى چىرايلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت الله تائالانىڭ قانۇنى ئادىتى ئەمەلگە ئاشتى، ئاخىرى يوقالدى. ھالاك بولدى. مۇنداق زالىملارنىڭ باشقىسىغا تاجاۋۇز قىلىش يوق. الله تائالا ئېيتتى: «ئۇلارغا الله تائالا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.» (سۈرە نەھلى 33-ئايەت)

## ساۋاب ۋە ئازابتىن ئىبارەت چارە رەھىم قىلىش ۋە ئەدلى قىلىش ئاساسدا بارلىققا كەلگۈچىدۇر

بەندىلىرىگە دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ يۈرگۈزۈلىدىغان ساۋاب ۋە ئازاب قانداق ئىجرا بولۇشتىن خەۋەرسىز قالغان بەزى مۆمىنلەر نۇرغۇن بىمەنە ئىختىلاپ ۋە جېدەل ماجىراغا دۇچار بولدى. ئادالەت بىلەن زۇلۇم مەسىلىسىدە مۇنداق ئىختىلاپنىڭ ئورنى ۋە سەۋەبى يوق ئىدى. ھەتتا نۇرغۇن كىشلەر ئېزىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېزىشى قازا ۋە قەدەردىن ئىبارەت قانۇنى تەرتىپ، تۈزۈمىنى چۈشەنمەسلىكىدىن كېلىپ چىقتى.

بۇنىڭ بايانى مۇنداق: «الله تائالانىڭ ئىنسانىنىڭ ئۆز ئىرادىسى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئىشلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىدىغان قىلدى. ساۋاب بىرىش ياكى ئازابلاشتىن ئىبارەت چارە ئاشۇ تەسىرگە كۆرە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنتۇپ قېلىپ قىلغان ياكى سەۋەن قىلغان ياكى مەجبۇرى قىلغان ئىشلارنىڭ ۋە سارائىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ قەلبىگە تەسىرى يوق، ئادەمنىڭ قەلبىگە، روھىغا ئۇنداق ئىشلار تەسىر قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ئىشلارغا ساۋابمۇ يوق، جازامۇ يوق.

ئەمما ئىنساندىن ئۆز ئىرادىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن سادىر بولغان ئىشلار ئۇ كىشىنىڭ روھىغا تەسىر قىلماي مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئىنساننىڭ قىلغان ئىشى ياخشى ئىش بولسا، يەنى الله تائالا بەندىلىرىنىڭ روھلىرىنى پاكلاپ، اللهنىڭ رەھمىتىگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يولغا قويۇپ بەرگەن ئىشلار بولسا، ئۇ ئىشلار ئۇ كىشىنىڭ روھىغا ياخشى تەسىر قىلىپ تەبىئى ئادەتكە ئايلىنىپ، ياخشى سۈپەت بولىدۇ. مۇشۇ سۈپەتنى ياخشىلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش، ياخشىخۇي، ياخشى سۈپەتكە سەۋەب بولغانلىقتىن ياخشى ئىشنى ياخشىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر ئىنساننىڭ قىلغان ئىشى يامان، قەبىھ ئىش بولسا، يەنى الله تائالا ئۆزىنىڭ قانۇنى يولى بويىچە، ئىنساننىڭ روھىغا قاراڭغۇلۇق، پاسكىنىلىق ئىزلاشتۇرىدىغان ۋە شۇ ئىش بىلەن ئىنسان دوزاختا شەيتانلارغا يولداش بولىدىغان يامان ئىش بولسا، شۇ ئىشنىڭ ئىنسانغا قىلغان تەسىرى ئۇ كىشىنىڭ روھىغا خۇي، ئادەت ۋە سۈپەت بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئادەتلىنىپ كېتىشى يامانلىق دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە يامان ئىش شۇنداق خۇش، ئادەتلىنىپ كېتىشكە سەۋەب بولغىنى

ئۇچۇن، يامان ئىشنىڭ ئۆزىمۇ يامانلىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا بىر قانچە ئايەتلەر بار.

بىرسى سۈرە شەمسىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ: «روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادقا يېتىدۇ. روھنى (كاپىرلىق، ئاسىيلىق بىلەن) پاسكىنا قىلغان ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. (10-ئايەت)

يەنە ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە ئىنفىتاردىكى: « مۇئمىنلەر شەك- شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ. كاپىرلار شەك- شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ.» دېگەن سۆزىدۇر. (13-، 14-ئايەت)

دېمەك، بىر ئىشنىڭ ئادەمگە خۇي، ئادەتكە ئايلىنىپ قىلىشى، ھۆكۈمگە، چارىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىتائەتچانلىق بىلەن ئاسىيلىق ئىككىسى جەننەت بىلەن دوزاخ ئازابىغا سەۋەب بولىدۇ.

ساۋاب، مۇكاپات بىلەن ياكى ئازاب- ئوقۇبەتكە چارە قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم قىلىشى، ياكى ئەدلى قىلىشى ئاساسىدا بولىدۇ. ناھەقلىق، زۇلۇم دەيدىغان نەرسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا سۈرە نىسا 40-ئايەتتە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ.» دېدى.

## ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھ تائالادىن ياكى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن

ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە نىسا 78-ئايەتتىكى: «قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە ‹بۇ ئاللاھدىن بولدى› دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىرەر زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىسا ‹بۇ سەندىن (يەنى سېنىڭ دىنىڭغا كىرگەنلىكىمىزدىن بولدى)› دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، ‹(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقاندۇر)›. بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ.؟ » دېگەن سۆزىگە ۋە شۇ سۈرە نىسانىڭ 79-ئايىتىدىكى: «(ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر. (ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز (پۈتۈن) ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق (سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) شاھىتلىققا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.» دېگەن سۆزىگە قارىغاندا ياخشىلىق، يامانلىق ھەربىكەت ئىككىسى ئاللاھ تائالادىنمۇ، ياكى ياخشىلىق ئاللاھ تائالادىن، يامانلىق ئادەم نەپسىدىنمۇ؟ دېگەن ھەقتە سۆز قىلىشتىن بۇرۇن، يەنى مۆمىن ئەقىدىسىگە دائىر مەسىلىلەرنىڭ چوڭ بىر قىسمى بولغان، قازا ۋە قەدەر مەسىلىسىگە مۇستەھكەم باغلىنىشى بولغان ۋە ئىنسان مەجبۇرمۇ، ئىختىيارلىقمۇ، ئىرادىسى، خالىشى بارمۇ؟ جازا بېرىش رەھىم قىلىش بىلەن، ئەدلى قىلىش ئاساسىدا بولىدۇ. دېگەن مەزمۇندا بىز باشتا تەپسىلى سۆزلىگەن. ئاللاھ رازى بولىدىغان، ئوتتۇرھال توغرا ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزكۇر سۆزنى تەھسىتقلاشتىن بۇرۇن ئېيتىمەنكى: ياخشىلىق ئىنسان ياخشى كۆرگەن، مىجەزىگە مۇناسىپ كەلگەن، كۆڭلى خوش بولىدىغان ياكى بەدىنى راھەتلىنىدىغان نەرسىدىن ئىبارەت بولغاندا، مۇنداق ياخشىلىق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى ئىماندىن ئىبارەت بولغاندا، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل سەۋەبىدىن كەلگەن ياكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ياخشىلىقتۇر. ئىككىنچىسى ئاللاھ تائالا

بەندىسىنىڭ بەدىنىنى ئاغرىقتىن قۇتقۇزۇشى، كۆڭلىنى غەم قايغۇدىن خالاس قىلىشى، مال ـ مۈلۈك بېرىشى، دۈشمىنىگە قارشى ياردەم بېرىشى، غەلبە قىلىشى، شەرەپكە ئىگە قىلىشىدەك ئىنئام ئېھسانلىرىدىن ئىبارەت ياخشىلىقتۇر.

يامانلىق بولسا ياخشىلىقنىڭ ئەكسىچە، ئىنساننىڭ مىزاجىغا ياقمايدىغان، ئىچىنى پۇشۇرىدىغان، تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان، روھىي ئازابقا دۇچار قىلىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، يامانلىقمۇ، ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

1) ئىبادەتتە، ئىتائەتتە الله تائالاغا مەخلۇقنى شېرىك قىلىش، ياكى اللهغا ئاسىيلىق قىلىش سەۋەبىدىن كەلگەن يامانلىقتۇر. شېرىك بىلەن ئاسىيلىق اللهنىڭ ئومۇمى قانۇنى بويىچە ئىنساننىڭ قەلبىگە قارىلىق، پاسكىنىلىق پەيدا قىلىپ مەنىۋى كېسەل قىلىدىغان، ئاخىر بەختىسىز قىلىدىغان نەرسىدۇر.

2) الله تائالا بەندىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن مەغلۇپ قىلىش، ئىززەت، ئەركىنلىكتىن ئايرىلىشدەك يامانلىقلاردۇر.

ياخشىلىقنىڭ بىرىنچى قىسمى بولغان، الله تائالا بەندىگە مۇۋاپىق شارائىت بېرىپ، الله تائالا يولغا قويغان تەرتىپدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان اللهغا، رەسۇللاغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت ياخشىلىق بولسا: ئۇنى يالغۇز الله تائالاغا نىسبەتەن بېرىلىدۇ. الله تائالا شۇنداق قىلدۇردى، الله ئاسان قىلدى دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ تائەت ئىبادەتنى، ياخشى ئىشلارنى الله تائالا يولغا قويۇپ بەرگەن، الله تائالا پەيغەمبىرى ئارقىلىق تەلىم بەرگەن، ئۇنى ئۆتەشكە بۇيرىغان، ياردەم بەرگەن، ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىپ بېكىتكەن بولغاچقا بۇ ياخشىلىقنى الله تائالادىن باشقىسىغا دۆڭگەشكە بولمايدۇ. ئۇنى اللهدىن باشقىسىغا مۇناسىۋەتلەشتۇرۇش ئېغىر خاتالىق بولىدۇ. ئۇ ئىتراپ قىلىنمايدۇ.

الله تائالا بۇيرىغان، رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلىش. الله تائالا ۋە رەسۇللانىڭ بۇيرىغان، توسقانلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئىبارەت يامانلىقنى، ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلسا، ئىتائەت قىلىشتىن ئاسىيلىقنى ئەلا كۆرسە، الله تائالا بۇيرىغاننى قىلىشتىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشنى ئۈستۈن كۆرسە مۇنداق يامانلىقنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ. (ئىنسان ئۆزى قىلدى، ئۆزىدىن بولدى دېيىلىدۇ) ئۇنى خۇدايىم قىلدۇردى دېيىشكە ياكى قازا ۋە قەدەرگە دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇشرىكلىقنى، مۇناپىقلىقنى، جىنايەتلەرنى الله تائالا يولغا قويۇپ بەرمىدى. الله بۇيرىمىدى، تەرغىب قىلمىدى. بەلكى هارام قىلدى، مەنئى قىلدى. ئاگاھلاندۇردى، بۇ يامانلىقلار ئىنسان ئۆزىگە بېرىلگەن ئەركىنلىك، ئىختىيارى بويىچە ئۆزى پەيدا قىلدى. ئۆزى ئىشلىدى، شۇڭا بۇلارنى الله تائالاغا قازا ۋە قەدەرگە يۈكلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. الله تائالا سۈرە نىسانىڭ 79ـئايىتىدە: «(ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) الله تەرىپىدىندۇر ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزەڭدىندۇر.» دېدى.

ئەمما مال ـ مۈلۈك بېرىش، بالا ـ چاقا، باغ، ئۆي ۋە تۈرالغۇ جاي، تەن سالامەتلىك، خاتىرجەملىك بېرىش، دۈشمىنىگە قارشى مەنىۋى ياردەم بېرىش، غەلبە بېرىش، ئەركىنلىك، ھۆرلىك بېرىش قاتارلىقلار نېمەت ۋە ياخشىلىق بىلەن سىناشتىن ئىبارەت ياخشىلىق الله تائالاغا نىسبەتەن بېرىلىدۇ. (خۇدايىم بەردى دېيىلىدۇ) شۇنىڭدەك مال ـ مۈلۈكتىن ئايرىلىش، ئاتا ـ ئانا بالا ـ چاقا ئۆلۈپ كېتىش، ئۇرۇشتا يېتەرلىك تەييارلىق بار تۇرۇپ مەغلۇپ بولۇش قاتارلىق بالايى ئاپەتلەر، مۇشەققەتلەرمۇ، الله تائالادىندۇر. چۈنكى الله تائالا بەندىنى ياخشىلىق بىلەن سىناپ مەزكۇر نېمەتلەرنى بەرسە، يامانلىق بىلەن سىناپ كېيىنكى خاپىلىقلارنى

بېرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئۆزى پىلانلىق ئىش قىلىدۇ، بەندىنى تەربىيلەيدۇ. الله تائالا ئېيتتى: «سىلەرنى يامانلىق بىلەنمۇ ياخشىلىق بىلەنمۇ سىنايمىز. قىيامەت كۈنى ھەممىڭلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىسىلەر» دېدى. (سۈرە ئەنبىيا 35-ئايەت)

يەنە الله تائالا سۈرە فەجرىدە: «پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نىئمەت بەرسە ئۇ: ⟨پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى⟩ دەيدۇ. پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا ئۇ: ⟨پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى⟩ دەيدۇ.» شۇنىڭ ئۈچۈن مەدىنىدىكى مۇناپىقلار (كۆرۈنۈشى مۇسۇلمان ئىچكى جەھەتتە كاپىرلارغا خىزمەت قىلغۇچىلار) ياخشىلىق كەلسە خۇدايىمدىن كەلدى دېگەن. يامان ھادىسە ئاپەت كەلسە مۇھەممەدنىڭ كاساپىتىدىن كەلدى دېگەن سۆزنى الله تائالا رەت قىلىپ، ئۇلارنى خاتا چۈشەنگۈچىلەر بىلىمسىز ھاماقەتلەر دەپ ئەيىبلىدى. بۇ خىلدىكى ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ھەر ئىككىسى الله تائالا تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى مۇقەررەر قىلدى. الله تائالا سۈرە نىسا 78- ئايەتتە: «(ئى مۇھەممەد! بۇ ئەخمەقلەرگە) ئېيتقىنكى، ⟨(ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ) ھەممىسى الله تەرىپىدىندۇر (يەنى ھەممىسىنى الله ياراتقاندۇر).⟩». بۇ قەۋمگە نېمە بولدىكىن ئۇلار ھېچبىر سۆزنى (يەنى ھەممە شەيئىنىڭ اللهنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى) چۈشەنمەيدۇ.؟» دېدى.

خۇداغا شۈكرىكى كۆپىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدا بېشى چۆرگىلەپ مەزكۇر ئىككى ئايەت مەزمۇنىدا قارمۇ قارشىلىق باردەك گۇمانلاپ توختاپ قالغان مۇشكۇللىكى بۇ ئىزاھاتىمىز بىلەن رۇشەنلەشتى. ئىككى ئايەتنىڭ مەزمۇنى قارمۇ قارشى ئەمەسلىكى ھەر قايسىنىڭ نىشانىسى باشقا ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى. اللهنىڭ كىتابى قارمۇ قارشىلىقتىن پاكتۇر. قۇرئان كەرىمنى الله تائالا ئۆزى سۆزلىگەن، ئۆزى چۈشۈرگەن تۇرسا قانداقمۇ ئۇنىڭدا قارمۇ قارشىلىق بولسۇن!!!

الله تائالا مۇنداق دېدى: «شۈبھىسىزكى، قۇرئان كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغانلار (قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ)، شۈبھىسىزكى قۇرئان غالىب كىتابتۇر. ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.» دېدى. (سۈرە فۇسسىلەت 41-، 42- ئايەت)

بۇ يەردە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر نەرسە شۇكى: الله تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت يامانلىق ئىنساننىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ. ئىنسان ئۆزى قىلدى دېيىلىدۇ. ئۇنى الله تائالاغا قازا ۋە قەدەرگە دۆڭگەپ قويۇشقا بولمايدۇ، دېگەنلىكىمىز ھەرگىزمۇ ئۇنى الله تائالا ئەزەلدە يازمىغان، قەدەردە مۇقەرەر قىلمىنمىغان، ئۇنى ئىنسان يېڭىدىن ئۆزى ئىجاد قىلدى، دېگەنلىكىمىز ئەمەس، ئىنسان پەقەت الله تائالا ئەزەلدە بىلگەن، پالان بەندە بۇنى قىلىدۇ دەپ يازغان ئىشنىلا قىلىدۇ. بەندىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ئاسىيلىقى الله تائالانىڭ ئەزەلدە بىلگەن، يازغىنىغا ئۇدۇل سادىر بولىدۇ.

ئىنسان جىنايەتلەرنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، دېگەن سۆز ھەرگىز ئىنسان ئۆز ئىشىنى ئۆزى يارىتىدۇ، دېگەن بولمايدۇ. بەلكى بەندىنى ئۇ ئۇنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىنى ھەممىنى يالغۇز الله يارىتىدۇ. ئىنسانغا الله ھۆرمەتلەپ ئىرادە ئىختىيار، ئەركىنلىك بەرگەچكە، مەجبۇرسىزلىقتىن ئۆزى ئىشلىگەچكە، مەسئۇللۇق ئىنساننىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ. الله ئىنساننىڭ ھەممە ئىشىنى، ھەممە ئەھۋالىنى ئەزەلدە بىلگەچكە، بىلىپ يازغاچقا، بىلىپ مۇقەررەرلەشتۈرگەچكە ئىنساننىڭ ھەممە ئىشى قەدەر دائىرىسى ئىچىدە، الله تائالا يازغىنىغا ئۇدۇل سادىر بولىدۇ.

الله تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت يامانلىقنى الله تائالاغا دۆڭگەلمەي،

ئاسىيلىق قىلغان ئىنساننىڭ ئۆزىگە دۆڭگىلىشى الله تائالا ئۇنى ھارام قىلغان، مەنئى قىلغان، جىنايەت قىلغۇچىلارنى قورقۇتۇپ ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئۇچۇندۇر.

الله تائالا سۈرە زۇمەردە: «الله بەندىلىرىنىڭ كافىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ ئەگەر سىلەر شۈكرى قىلساڭلار الله سىلەرنىڭ قىلغان شۈكرۈڭلاردىن رازى بولىدۇ» دېدى. (7-ئايەت)

شۇڭا ئىنسانغا ئىرادە، ئىختىيار بەردى، ھەر ئادەم ئۆزىگە بېرىلگەن ئىختىيار ۋە ئەركىنلىكى بىلەن توغرا يولنى يا ئازغۇن يولنى ئۆزى تاللاپ ماڭالايدۇ. ئۆزى خالاپ ماڭغان توغرا ياكى خاتا يول بىلەن الله تائالانىڭ قانۇن، توختىمى بويىچە بەختلىك بولۇش، ياكى ئۆزىنى بەختسىز رەسۋا قىلىشتىن ئىبارەت غايىگە بارىدۇ.

الله تائالا سۈرە فاتىردا: «اللهنىڭ (مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان) يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، الله يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ (يەنى ئازابنىڭ ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار ئۈستىدىن باشقىلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىشىنى) كۆرمەيسەن.» دېدى. (43-ئايەت)

## خالاش توغرىسىدا مۇھىم بىر ئېنىقلاش

بەزى كىشىلەر ئىنسان خالىغان ۋە قولىغا كەلتۈرۈشكە قىزىققان بىر ئارزۇسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە شۇ ئادەمنىڭ خالىشى كۇپايە قىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. بۇ گۇمان قەتئىي خاتا.

1) كۆز بىلەن كۆرۈلگەن ۋە ھېس قىلغان ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ئىنسان كۆپ ئىشلارنىڭ قولغا كېلىشىنى ئىرادە قىلىدۇ، خالايدۇ. قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقىدۇ. قولغا كەلتۈرۈشكە يارايدىغان يېتەرلىك سەۋەب ۋاستىلەرنى ئىشقا سالىدۇ، لېكىن قىلغان سائىي، ھەرىكىتى بىكار بولۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي قالىدۇ.

2) بۇئالەمدە قىيامەتكىچە بارلىققا كېلىدىغان ھەممە نەرسە ھەممە ئىش بۇرۇنلا مۇقەررەر توختام قىلىنىپ بولغان. شۇڭا ئالەمدە ھەر نەرسە، ھەر ھادىسە مۇقىملىنىپ كېلەر بولسا ئەزەلدە يېزىلىپ بولغان ۋە بارلىققا كېلىشى مۇقىملىنىپ بولغان نەرسىلا بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارى ئىرادە قىلغان خالىغان نەرسىنى ئەزەلدە شۇ ئىنساندىن سادىر بولۇشى يېزىلىپ بولغان نەرسە بولىدۇ ۋە ئۆز ۋاقتى كەلگەندە شۇ ئادەمدىن بارلىققا كېلىشى ئەزەلدە ھۆكۈم قىلىنغان نەرسە بولۇپ، ئىنسان شۇنى ئۆزىچە خالاپ ئەمەلگە كەلتۈرىدۇ. باشقىسىنى خالىماي شۇنى خالايدۇ.

دېمەك، ئىنسان بىر مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشىنى خالىسا، شۇ ئىش ئەزەلدە شۇ ئىنساندىن سادىر بولۇشى ۋە ئۆز ۋاقتى كەلگەندە ئەمەلگە ئاشمىقى ئەزەلدە مۇقەررەر قىلىنىپ يېزىلغان نەرسىنى خالايدۇ، مەقسەت قىلىدۇ ۋە ئەمەلدە ئىشلەيدۇ. باشقىسىنى خالىماي شۇنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ ھەقتە الله تائالا سۈرە تەكۋىردە: «پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغىچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق).» دېدى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا: ئىنساننىڭ ئەزەلدە الله تائالا يازغاندىن باشقا بىر نەرسىنى خالىشى، تاللىشى مەۋجۇت ئەمەس.

قازا ۋە قەدەر دەپتىرىگە: «پالان ئىش پالان ئادەم قولى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، دەپ يېزىلغان بولسا، الله تائالا شۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە شۇ ئىشنى خالايدىغان، ئەمەلدە ئىشلەشكە تۈرتكە بولىدىغان بىر ھەۋەس ۋە قىزغىنلىق پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئادەم شۇ ئىشنى قىلماي قويۇشتىن

قىلىش تەربىيىنى ئەلا كۆرىدىغان بىر ئىختىيارىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆز ئىختىيارى، ئۆز پىكرى بىلەن شۇ ئەزەلدە يېزىلغان ئىشنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن چوڭ بىر ھەقىقەت ئاشكارا بولىدۇ، ئۇ بولسا ئالەمنى ياراتقۇچى الله تائالا باشقا. ئۇنىڭ مەخلۇقى بولغان ئىنسان باشقا، ياراتقۇچىنىڭ خالىشى ئىختىيارى چەكسىز، مەخلۇقنىڭ ئىختىيارى، ئەركىنلىكى چەكلىك، ئىنساننىڭ ئىرادىسى الله ئىرادىسىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ الله خالىمىغان نەرسىنى مۇستەقىل ھالدا خالىشى يوق، ھەم ئىنساننىڭ الله تائالادىن «نېمىشقا بۇنى مۇنداق قىلدىڭ؟ نېمىشقا مۇنداق قىلمىدىڭ؟» دەپ سوراش ھەققى يوق.

الله تائالا سۈرە ئەنبىيادا: «اللەنىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال- سوراق قىلىنمايدۇ ئۇلاردىن سوئال- سوراق قىلىنىدۇ.» دېدى. (23- ئايەت) يۇقىرقى ئىزاھاتتىن «ئالەمدە پەقەت ئىختىيار يوق، ھەممە ئىشقا مەجبۇر، ساۋابقىمۇ ياكى ئازابقىمۇ تېگىشلىك ئەمەس» دېگەن مەنا چىقمايدۇ.

ئىنسان اللەنىڭ ئىرادە ئىختىيارى دائىرىسى ئىچىدە بولسىمۇ سۆز ھەركەتتە ئۆز ئىختىيارلىقى بولغاچقا، ياخشىلارغا مۇكاپات، ئاسىيلارغا جازا بېرىش ناھايىتى توغرا بولىدۇ. مەسئۇللۇققا تارتىلىشقا تېگىشلىك بولىدۇ.

## كىتابنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى

ئىماننىڭ ئاساسى بولغان ھەممە تارمىقىغا ئىشىنىش يەنى الله تائالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە، پەرىشتىلەرگە، الله تائالانىڭ كىتابلىرىغا، اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش بىۋاستە مەقسەتتۇر، تۈپ غايىدۇر. الله تائالانىڭ سۈرە نىسا 136-ئايەتتىكى: «ئى مۇئمىنلەر! اللەغا اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى اللەنى اللەنىڭ پەرىشتىلىرىنى كىتابلىرىنى پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئىنكار قىلىدىكەن ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ.» دېگەن سۆزى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغان كىشىگە جاۋاب بېرىپ: ئىمان بولسا الله تائالاغا، پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، كېيىنكى كۈنىگە، قەدەرگە ياخشىلىق ۋە يامانلىق قەدەر بويىچە بولۇشىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت» دېگەن سۆزى شۇنى كۆرسىتىدۇ.

لېكىن الله تائالادىن دوست تۇتۇش، ئۇلۇغ بىلىش، ئەيمىنىپ قورقۇش، پۈتۈن قەلبى بىلەن الله تائالاغا قايتىش، الله تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن الله يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى تاشلاش بىلەن الله تائالاغا بويسۇنۇش، الله تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى دوست تۇتۇشى، ئۇلۇغلاش، ئىتائەت قىلىش، ئەگىشىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشلارنىڭ ئىمانغا ئەگىشىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىدا تۇتقاندا ئىمان ۋاستىدۇر، سەۋەبدۇر. ئاخىرقى غايە ئەمەستۇر.

چۈنكى الله تائالا تەلىم بەرگەن ئىسلام يولىدا ئۇدۇل توغرا مېڭىش بىلەن الله تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ئادەمنى قۇرغۇچى ئامىل پەقەت الله تائالانىڭ خۇش خەۋىرىگە ۋە جازالاش خەۋىرىگە ئىشىنىشتۇر. چۈنكى يۇقارقى ئىشىنىشلار بولمىغاندا ھېچكىمدە الله تائالاغا ۋە رەسۇلۇللاغا ئىتائەت قىلىش ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا ئىماننى قولغان كەلتۈرۈش ۋە ئىمان ئارقىلىق ئىسلام يولىدا ئۇدۇل مېڭىش، بەخت - سائادەتنىڭ ۋاستىسى، ئامىلى دەپ قاراش توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ بايانى مۇنداق:

1. ﷲ تائالاغا ئىشىنىش ﷲ تائالانى ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشنىڭ، ﷲنى دوست تۇتۇش، تازىم قىلىش، ئىتائەت قىلىش، ئەيمىنىپ قورقۇشنىڭ ۋە ﷲ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن، ﷲ تائالا مەنئى قىلغان ئىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن ﷲ تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسى ۋە ئامىلىدۇر. بۇنىڭغا ﷲ تائالانىڭ سۈرە ئەنفال 1ـ ئايىتىدىكى: «سىلەر ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، ﷲ تائالاغا ۋە پەيغەمبىرگە ئىتائەت قىلىڭلار.» دېگەن سۆزى دەلىلدۇر. چۈنكى ﷲ تائالا ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلغان ياخشى ئىتائەتنىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئۇلارنىڭ ئىمانىغا باغلىدى.

2. پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىلىرىگە ئىشىنىش ئۇلارنىڭ ﷲ تائالاغا قىلغان ئىتائىتىدىن ئىبرەت، تەجرىبە، ساۋاق ئېلىشقا ۋاستىدۇر. چۈنكى «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا- چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ﷲنىڭ بۇيرىقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» (سۈرە تەھرىم 6ـئايەت) ھەم مۆمىن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە پەرىشتىلەر بارلىقىنى، ئۇلار ئىنساننىڭ ياخشى يامان ھەممە ئىشلىرىنى يازىدىغانلىقى، ئىنساندىن پەقەت ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پەرىشتىلەردىن ھايا قىلىپ خالىي يەرلەردىمۇ خاتالىق سادىر قىلماسلىققا ۋە پەرىشتىلەر بىلەن غايىبانە ئۈلپەتلىشىپ، كۆنۈشۈپ قېلىشقا ۋاستىدۇر. ھەم پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ﷲ تائالانىڭ ئۇلارنى ياراتقان قۇدرىتىنىڭ قانداق ئۇلۇغلىقىنى تونۇشقا ۋاستىدۇر.

ﷲ تائالا سۈرە نەھلى 50ـئايەتتە: «ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغاننى قىلىدۇ.» دېدى.

3. ﷲ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چۈشۈرگەن كىتابلىرىغا ئىشىنىش ﷲ تائالاغا ئىشىنىشكە ۋە ﷲ تائالانىڭ ئىلمىنى، ئىسىملىرىنى، ۋەدىسىنى، ئاگاھلاندۇرۇشنى تونۇشقا ۋاستىدۇر. ھەم شۇ كىتابلار چۈشۈرۈلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلارنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈشكە، ﷲنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىگە راست دەپ ئىشىنىشكە ۋاستىدۇر. ھەم ﷲ تائالانىڭ دىن ئىسلامدا يولغا قويغان تەكلىپلىرىنى تونۇشقا ۋە ﷲ تائالا ياخشى كۆرىدىغان، رازى بولىدىغان ئەقىدىلەر، سۆزلەر، ئىشلارنى تونۇشقا ۋە ﷲ تائالا يامان كۆرىدىغان، غەزەبلىنىدىغان ئەقىدىلەر، سۆزلەر، ئىشلارنى تونۇشقا ۋە غايىب ئەھۋاللارنى، ئاخىرەت ئەھۋاللىرىنى تونۇشقا ۋاستە ۋە ئامىلدۇر.

4. پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، ﷲ تائالا ئىنسانلارغا يولغا قويۇپ بەرگەن ئىشلارنى ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ، ئىبادەتلەرنى قانداق ئادا قىلىش يوللىرىنى ئۆچۈق تونۇشقا ھەم پەيغەمبەرلەرنى دوست تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارغا بويسۇنۇشقا ۋە ئەگىشىشكە ئۇلار باشلىغان يولغا مۇستەھكەم چاپلىشىشقا ۋاستىدۇر.

5. قىيامەت بولۇشقا ئىشىنىش، ياخشى ئىشلارنى ئىشلەشكە يامان ئىشلارنى تاشلاشقا ۋاستىدۇر. چۈنكى قىيامەتكە ئىشەنگۈچىنىڭ قەلبىدە ﷲ تائالا ئالدىدىكى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ياخشىلىققا قىزىقىش، ﷲ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش باردۇر. شۇڭا ئۇ ﷲ بۇيرىغاننى قىلىدۇ، مەنئى قىلغاندىن ساقلىنىدۇ.

6. قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش بۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ قولدىن كەتكىنىگە ھەسرەت چېكىپ قالماسلىقىغا، دۇنيالىق مەنپەئەت (بايلىق، مەنسەپ) قولغا كەلسە تەكەببۇرلىشىپ، چات كېرىپ خۇدىنى يوقاتماسلىققا سەۋەب بولىدۇ. ھەق يولدا چىداپ چىڭ تۇرۇپ، يامان ھالەتلەر يۈز بەرگەندىمۇ كىشىلەرگە ئىنسان بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش كۆڭلى ئارامىدا ياشاشقا ۋاستە ۋە ئامىل بولىدۇ.

يۈقىرىقى بايانىمىزدىن ئوچۇق مەلۇمكى، دىن ئىسلامغا ئىشەنگۈچىنىڭ ئەقىدىسى، ئىمانى بارلىققا كېلىدىغان مەزكۇر ئالتىگە ئىشىنىشنىڭ ھەر بىرسى مۆمىن بەندىگە ئايرىم ـ ئايرىم نەتىجە بېرىدۇ. دېمەك، الله تائالاغا ئىشىنىش بولسا اللهنى دوست تۇتۇشنى، ئۇلۇغ بىلىشنى ئىتائەت قىلىشنى ۋە قورقۇشنى نەتىجە بېرىدۇ.

پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش ئۇلارنىڭ الله تائالاغا قىلغان ئىتائىتىدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆگىنىشنى ئۇلاردىن ھايا قىلىپ قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىشنى، ئۇلار بىلەن غايىبانە ئالاقە مۇناسىۋەت قىلىشنى نەتىجە بېرىدۇ. كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش، الله تائالاغا ئىشىنىشنىڭ كۈچلىنىشىنى نەتىجە بېرىدۇ. ھەم الله تائالا كۆرسەتكەن يوللارنى، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى قانداق ئادا قىلىشنى ئۆگىنىشنى نەتىجە بېرىدۇ.

قىيامەت بولۇشقا ئىشىنىش ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقىشنى، يامان ئىشلاردىن قېچىش ۋە سەسكىنىشنى نەتىجە بېرىدۇ.

قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش الله تائالانىڭ باشقۇرۇشىغا رازى بولۇپ، كۆڭۈل ئارامىدا تۇرۇشنى، توغرا يول تېپىشنى نەتىجە بېرىدۇ. چۈنكى قەدەرگە ئىشىنىش سەۋەبىدىن بۇ دۇنيا مەنپەئەتىگە بەك خۇش بولۇپ كېتىپ، مەغرۇر بولۇپ، ئۆزىنى چوڭ كۆرىشتىن، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا ھەسرەت نادامەت چېكىپ قېلىشتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

بۇ نەتىجىلەرنى ئويلاپ كۆرگەندە شۇنى بىلىمىزكى ئىمان يۇقىرىقى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئامىل ۋە ۋاستىدۇر. ئىماننىڭ ھەر بىر تارمىقى ئۆزىگە خاس نەتىجىلەرنى بېرىدۇ. ھەم بۇ نەتىجىلەر ئەڭ شەرەپلىك غايىگە يېتىشكە ئامىلدۇر. شەرەپلىك غايە بولسا ئىنساننىڭ روھىي، مەنىۋى تەرەپتىن كامىل بولۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخىت ـ سائادەتكە يېتىشتۇرىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ كامىل بولۇپ بەختكە يېتىشى پەقەت الله تائالاغا ۋە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش بىلەن روھىنى پاكلاش، تىنچ ـ ئامانلىق يۇرتى بولغان جەننەتكە كىرىشكە ئۆزىنى لايىقلاشتۇرۇشقا باغلىقتۇر.

الله تائالا سۈرە شەمسىدە: «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ.» دېدى. (9 ـ، 10 ـ ئايەتلەر)

يەنە سۈرە نىسادا: «كىملەركى، اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللهنىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار)، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار.» دېدى. (69 ـ ئايەت)

الله ھەممىمىزگە ساغلام تونۇش، مۇستەھكەم ئىمان ئاتا قىلسۇن! بەخت ـ سائادەت ماكانى بولغان جەننەتكە كىرىشنى نېسىپ ئەتسۇن، ئامىن!

## ئىلكتاب ياسىغۇچىدىن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك كىتابخان:

ئۇشبۇ كىتاب «مۆمىنلەر ئەقىدىسى» توردا ئىلكىتاب نۇسخىسىنىڭ كەم بولۇش ۋە كىتابنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا ئىنتايىن زۆرۈر بولۇشتىن ئىبارەت سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن، قولىمىزدىكى ئەسلى نۇسخىسى ۋە مەلۇم قېرىندىشىمىزنىڭ سايىلەپ يوللىغان ئىلكىتاب نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇشبۇ ئىلكىتاب نۇسخىسى ياسالدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، قۇرئان كەرىمدىن باشقا كىتابلاردا مەيلى قانچىلىك ئىنچىكە بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەلۇم دەرىجىدە ئىملا خاتالىقى ۋە مەزمۇن خاتالىقىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. شۇڭا كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا كىتابتا بەزى جايلاردا ئىنىق ئىملا خاتالىقى بولغاچقا تۈزۈتۈلدى. لېكىن مەنمۇ يەنە باشقا ئىملا خاتالىقى ئۆتكۈزگەن بولۇشۇم مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تۈزۈتۈپ پايدىلىنىشىنى سورايمەن.

كىتابنى ئۇرۇش جەريانىدا ئاپتۇرنىڭ ياكى تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ روخسىتىنى ئالماستىن، كىتابتىكى قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇھەممەد سالىھ داموللام تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» گە ئاساسەن، مۇنبەر تورى تەمىنلىگەن «كۆپ تىللىق قۇرئان يۇمشاق دىتالى»دىن پايدىلىنىپ ئالماشتۇرۇۋەتتىم، بۇ توغرىسىدا تەرجىمە قىلغۇچىدىن كەچۈرۈم سورايمەن ۋە توغرا چۈشۈنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەسلى كىتابتا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ بەزىسى قايسى سۈرە، قايسى ئايەتتىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەچكە، مەن تولۇق ھالەتتە ئەسكەرتىپ قويدۇم.

يەنە بەزى جايلاردا مەزمۇن خاتالىقى بايقىدىم، لېكىن قانداق تۈزۈتۈشنى بىلمىگەچ ھەم ئەرەبچە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇشقا سەۋىيەم يەتمىگەچ، شۇ پېتى ئالدىم، بولۇپمۇ ھەدىسلەرنى ئاپتۇرنىڭ تەرجىمىسى بويىچە ئالدىم، ئۆزگەرتمىدىم.

يۇقۇرقى ئۆز بىشىمچىلىقىمنى ئاللاھنىڭ كەچۈرىشىنى تىلەيمەن ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتۇردىن ۋە تەرجىمە قىلغۇچىدىن كەچۈرۈم سورايمەن، ئاللاھ ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن! ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىپ ياشاشقا نىسىپ قىلسۇن! ئامىن!!!